بسم الله الرحمن الرحيم

ئىمام ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسىي

## مۇختەسەرۇ

# مىنھاجۇل قاسىدىن

### «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»نىڭ مېغزى

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئىستانبۇل، 2024 / 1445

ئۇشبۇ كىتاب بېيرۇت «ئەلمەكتەبۇل ئىسلامىي» نەشرىياتى ھ.1421 / م. 2000 - يىلى نەشر قىلغان
ئەرەبچە 9 - باسمىسى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

نەشر ئۇچۇرى (CIP)

مۇختەسەرۇ مىنھاجۇل قاسىدىن / مختصر منهاج القاصدين؛ ئىمام ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسىي؛ ئابدۇللاھ ئابدۇلمەجىد تەرجىمىسى؛ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى 1 - نەشرى 1 - بېسىلىشى (ئىستانبۇل)، ھ. 1445 / م. 2024؛ جەمئىي 696 بەت

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك كىتاب نومۇرى: ISBN 978-1-959-397-40-3

I ① مۇختەسەرۇ مىنھاجۇل قاسىدىن II ① ئىمام ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسىي؛ ② ئابدۇللاھ ئابدۇلمەجىد III ئومۇم ئىسلام ئىلىملىرى تۈرى ئۇيغۇرچە IV ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرجىمە ۋە تەئلىف ئەسەرلىرى - (6)

# مۇختەسەرۇ مىنھاجۇل قاسىدىن

ئىمام ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسىي

**مختصر منهاج القاصدين**

للإمام ابن قدامة المقدسي

پىلانلىغۇچى : دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
تەرجىمە قىلغۇچى : ئابدۇللاھ ئابدۇلمەجىد
نەشر قىلغۇچى : ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
مۇھەررىرى : دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ، ئە. توققۇزئوغۇز
كوررېكتورى : ئابدۇۋەلى ئابلىز، مۇھەممەد بارات
لايىھەلىگۈچى : ئا. ئاقھۇن
ئالاقىلىشىش ئادرېسى : saciyeder@gmail.com

ھ. 1445 / م. 2024 - يىلى 1 - نەشرى 1 - قېتىم بېسىلىشى (ئىستانبۇل)

نەشر ھوقۇقى «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»گە تەۋە، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ
خاھلىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ

# مۇندەرىجە


**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن** ........ **21**

**مۇقەددىمە** ........ **27**


بىرىنچى قىسىم

## ئىبادەتلەر


**بىرىنچى بۆلۈم: ئىلىم ھەققىدە** ........ **37**

**ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىمگە دائىر مەسىلىلەر** ........ **37**

[ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى] ........ **37**

[ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى] ........ **39**

ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا ........ **41**

پەسىل ........ **44**

[ئىلىملەرنىڭ لەۋزىدىن ئۆزگەرتىلگەن نەرسىلەر] ........ **45**

[ماقۇل ئىلىملەردىن ماختىلىدىغان مىقدارنىڭ ئىزاھى] ........ **47**

ئىلمى ئۆزىگە مەنپەئەت بەرمىگەن ئالىم ھەققىدە ........ **49**

ئىلىم ئۆگەتكۈچى ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ ئەدەبلىرى ........ **49**

[ئۇستازنىڭ ۋەزىپىلىرى] ........ **51**

ئىلىمنىڭ ئاپەتلىرى، ناچار ئالىملار ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان ئالىملار ........ **52**

**ئىككىنچى بۆلۈم: تاھارەت ۋە ناماز** ........ **57**

تاھارەت ۋە ئۇنىڭ سىرلىرى، ناماز ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئىشلار ........ **57**

نامازنىڭ پەزىلەتلىرى ........ **59**

نامازنىڭ جانلىقلىقىنى تاكامۇللاشتۇرغۇچى يوشۇرۇن مەنالار: ........ **61**

جۈمە نامىزى ۋە جۈمە كۈنىگە مۇناسىۋەتلىك ئەدەبلەر 65
نەپلە نامازلار 69
ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلار 70

**ئۈچىنچى بۆلۈم: زاكات 73**

زاكاتنىڭ سىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەر 73
زاكاتنىڭ يوشۇرۇن ئەدەبلىرى ۋە ئىنچىكە تامانلىرى 74
زاكات ئالغۇچىنىڭ ۋەزىپىلىرى 77
ئىختىيارىي سەدىقىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەت ۋە ئەدەبلىرى 79

**تۆتىنچى بۆلۈم: روزا 83**

روزىنىڭ سىرلىرى، روزا تۇتۇشتىكى مۇھىم ئىشلار ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر 83
روزىنىڭ سۈننەتلىرى 83
روزىنىڭ سىرلىرى ۋە ئەدەبلىرى 84
روزىنىڭ ئەدەبلىرى: 85
نەپلە روزا 85

**بەشىنچى بۆلۈم: ھەج 87**

ھەجنىڭ سىرلىرى، پەزىلەتلىرى، ئەدەبلىرى ۋە شۇ قاتارلىق مەسىلىلەر 87
يوشۇرۇن ئەدەبلەرنىڭ بايانى ۋە ھەجنىڭ سىرلىرىغا ئىشارە 88

**ئالتىنچى بۆلۈم: قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى 93**

قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا 95
قۇرئان ئوقۇغاندا ئاۋازىنى چىرايلىقلاشتۇرۇش توغرىسىدا 97
[قۇرئاننى چۈشىنىش 98

**يەتتىنچى بۆلۈم: زىكىرلەر، دۇئالار ۋە باشقا ئىبادەتلەر 101**

[زىكىر مەجلىسلىرىنىڭ پەزىلىتى 101
زىكىرلەر، پەزىلەتلىرى ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلارغا ئاساسەن بۆلۈنۈشى 103

كېچە ۋە كۈندۈز ۋىردلىرىنىڭ سانى ۋە رەت تەرتىپى 104
كېچە ۋىردلىرىنىڭ باياني 110
ۋىردلەرنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقى ھەققىدە 116
كېچە نامىزى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى، كېچىدە نامازغا تۇرۇش ۋە شۇ قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئاسانلاشتۇرغۇچى سەۋەبلەر 119
كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان سەۋەبلەر 119
كېچىدە تاھارەت ئېلىش ئېغىر كەلگەن كىشى ھەققىدە 122
پەزىلەتلىك كېچىلەر ۋە كۈندۈزلەر 123

## ئىككىنچى قىسىم

## ئادەتلەر

**سەككىزىنچى بۆلۈم: تاماقلىنىش، تاماقنى يىغىلىپ يېيىش، زىياپەت ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنىڭ ئەدەبلىرى 127**

تاماقتىن بۇرۇنقى ئەدەبلەر 127
تاماق ئۈستىدىكى ئەدەبلەر 128
تاماقتىن كېيىنكى مۇستەھەب ئەدەبلەر 129
يىغىلىشىپ ۋە بىرلىكتە تاماق يېگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قوشۇمچە ئەدەبلەر 129
دوستلارغا تائام بېرىش ئەدەبلىرى توغرىسىدا 130
تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كىرمەسلىك توغرىسىدا 131
زىياپەت بېرىش ۋە زىياپەتكە قاتنىشىشنىڭ ئەدەبلىرى 131
تائام سۇنۇشنىڭ ئەدەبلىرى 132

**توققۇزىنچى بۆلۈم: نىكاھ 135**

نىكاھنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر 135
نىكاھنىڭ ئاپەتلىرى ھەققىدە 136
ياخشى ئائىلە قۇرۇش ھەققىدە 137
مۇئامىلىدىكى قائىدە - يوسۇنلار، ئەرنىڭ ئۈستىدىكى ۋە خاتۇنىنىڭ

ئۇستىدىكى مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدە 139

**ئونىنچى بۆلۈم: كەسىپ - كار ۋە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى، پەزىلىتى، توغرا تاپاۋەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئەھكاملار ھەققىدە 145**

كەسىپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش 145

تاپاۋەتنىڭ توغرا بولۇشى ۋە تاپاۋەتنىڭ ئاپەتلىرىنى بىلىش 147

ھالال ۋە ھارامنىڭ بايانى 153

بىرىنچى قىسىم: ھالال رىزىق تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ھارامنىڭ يامانلىقى ۋە ھالال بىلەن ھارامنىڭ دەرىجىلىرى 153

ھالال ۋە ھارامنىڭ دەرىجىلىرى 155

تەقۋادارلىقنىڭ دەرىجىلىرى 155

ئىككىنچى قىسىم: شۈبھىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ۋە شۈبھىلەرنى ھالال ۋە ھارامدىن پەرقلەندۈرۈش 156

ئۈچىنچى قىسىم: ئىزدىنىش، سوراش، ھۇجۇم قىلىش، سەل قاراش ۋە بۇلارنىڭ مۇمكىنچىلىك ئورۇنلىرى 160

تۆتىنچى قىسىم: ھالال ۋە ھارام مەسىلىلىرى ۋە تەۋبە قىلغۇچىنىڭ ھارام ماللاردىن قانداق قۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا 161

بەشىنچى قىسىم: پادىشاھلار بەرگەن ھەدىيەلەر، تارتۇقلار ۋە زالىم سۇلتانلار بىلەن قىلىنغان ئۇلپەتچىلىكتىن ھالال بولغانلىرىنىڭ بايانى 163

ئەمىرلەر، ۋالىيلەر ۋە زالىملار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشنىڭ ھالال ۋە ھارام تامانلىرى 163

سۇلتانلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشنىڭ شەرتلىرى 166

**ئون بىرىنچى بۆلۈم: سۆھبەت، قېرىنداشلىق ۋە كىشىلەر بىلەن ئارىلىششىنىڭ ئەدەبلىرى 169**

[ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش] 169

[ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرگەنلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا] 171

دوستلۇققا تاللىنىدىغان كىشىدە بولۇشى شەرت سۈپەتلەر 172

بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرى 175

خەلق بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى 181

مۇسۇلمانلارنىڭ، تۇغقانلارنىڭ، قوشنىدارچىلىقنىڭ ۋە قۇللارنىڭ ھەقلىرى 182
قوشنىنىڭ ھەقلىرىگە كەلسەك: 187
يېقىن تۇغقانلار ۋە تۇغقانچىلىق ھەقلىرى توغرىسىدا 188
بالىلارنىڭ ھەقلىرى 189
قۇل - دېدەكلەرنىڭ ھەقلىرى 189
يالغۇز ياشاشنىڭ ئەدەبلىرى 190
يالغۇزلۇقنىڭ پايدىلىرى، ئاپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھەقنى ئاشكارا قىلىش 192
يالغۇز ياشاشنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە 197
[يالغۇز ياشاشنىڭ ئەدەبلىرى] 201

**ئون ئىككىنچى بۆلۈم: سەپەرنىڭ ئەدەبلىرى ھەققىدە 205**

مۇباھ سەپەر توغرىسىدا 207
سەپەر قىلغۇچىنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلار 209

**ئون ئۈچىنچى بۆلۈم: ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدا 211**

يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلىش مەرتىۋىلىرى ۋە بۇ ھەقتە كەلگەن بەزى ھەدىسلەر 212
ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئاساسلىرى، شەرتلىرى، دەرىجىلىرى، ئەدەبلىرى ۋەھاكازا مەسىلىلەر 213
[ئاگاھلاندۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان شەرتلەر] 215
ياخشىلىققا بۇيرىغۇچى ۋە يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ سۈپەتلىرى 221
ئادەتلەر ئىچىدىكى ئەنئەنىلىشىپ كەتكەن مۇنكەرلەر ۋە ئەمىرلەر / سۇلتانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش 223
بىرىنچى پەسىل: مۇنكەر ئىشلار 224
مەسجىدلەردە ساقلانغان مۇنكەر ئىشلار 224
بازارلاردىكى مۇنكەر ئىشلار 224
كوچا - كويىلاردىكى مۇنكەر ئىشلار 225
مۇنچا - ھاماملاردىكى مۇنكەر ئىشلار 226

زىياپەتتىكى مۇنكەر ئىشلار 226

ئومۇمىي مۇنكەر ئىشلار 227

ئىككىنچى پەسىل: ئەمىر - ئۇمەرا ۋە سۇلتانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ئۇلارنى مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇش 228

قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش ۋە قەلبىنىڭ تەسىرلىنىشى 247

ياشاش ئەدەبلىرى ۋە پەيغەمبەرلىك ئەخلاقلىرى 250

[رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكى] 253

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇئجىزىلىرى 254

## ئۈچىنچى قىسىم

# ھالاك قىلغۇچى ئىشلار

**ئون تۆتىنچى بۆلۈم: قەلبنىڭ ئاجايىپ ھاللىرى** 259

[شەيتاننىڭ قەلبكە ۋەسۋەسە بىلەن چاپلىشىۋېلىشى] 259

[شەيتاننىڭ قەيەرلەردىن قەلبكە كىرەلەيدىغانلىقىنىڭ بايانى] 260

[قەلبتىن كەچكەن ئوي - خىيالنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقى] 262

[قەلبنىڭ تېز ئۆزگىرىدىغانلىقى] 263

**ئون بەشىنچى بۆلۈم: نەپسنى تەربىيەلەش، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە قەلب كېسەللىكلىرىنى داۋالاش** 265

بىرىنچى باب: گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەردەم - پەزىلىتى ۋە يامان خۇينىڭ ئەيىبلىنىشى توغرىسىدا 265

ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىش، قىلماسلىقىنىڭ بايانى 266

پەسىل: [گۈزەل ئەخلاققا ئۇلاشتۇرغۇچى سەۋەبلەر] 267

ئىككىنچى باب: ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش يولى 268

ئۈچىنچى باب: قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامىتى، قەلبنىڭ ساقىيىشى، ئىنساننىڭ ئۆز ئەيىبلىرىنى تونۇشىنىڭ يولى 270

ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تونۇش يولىنىڭ بايانى 272

پەسىل: قەلب كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنىڭ يولى: شەھۋەتلەرنى تاشلاش 273

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بايانى 274
پەسىل: كىچىك بالىلارنى دەسلەپكى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تەربىيەلەش توغرىسىدا 278
پەسىل: ئىرادىنىڭ شەرتلىرى ۋە نەپسكە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ مۇقەددىمىلىرى ۋە رىيازەت يولىدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەش 281

**ئون ئالتىنچى بۆلۈم: ئىككى شەھۋەتنى (قورساق ۋە جىنسىي شەھۋەتنى) بېسىقتۇرۇش 283**

قورساق شەھۋىتىنى بويسۇندۇرۇش غەيرىتى چېنىقىش يولى 284
شەھۋەتلەرنى كونترول قىلىشتا رىيا ئاپىتىنىڭ بايانى 284
ئەۋرەت شەھۋىتى 285

**ئون يەتتىنچى بۆلۈم: تىلنىڭ ئاپەتلىرى 287**

سۆزلەشنىڭ ئاپەتلىرى توغرىسىدا 288
غەيۋەت قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان سەۋەبلەر ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ بايانى 296
غەيۋەت قىلىشقا ئىزنى بېرىلگەن ئۆزرىلەر ۋە غەيۋەت قىلىشنىڭ كەففارىتى 299
غەيۋەت قىلىشنىڭ كەففارىتى 301

**ئون سەككىزىنچى بۆلۈم: ئاچچىقلىنىش، ئاداۋەت تۇتۇش ۋە ھەسەت قىلىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا 309**

ئاچچىقلىنىشنىڭ ھەقىقىتى 310
غەزەپنى قوزغىغۇچى سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ داۋاسى 312
ئاچچىقنى يۇتۇش توغرىسىدا 316
ھىلم (مۇلايىم، يۇمشاق، ئەپۇچان بولۇش) توغرىسىدا 316
ئەپۇ قىلىش ۋە مۇلايىملىق ھەققىدە 318
ئاداۋەت تۇتۇش ۋە ھەسەت قىلىش توغرىسىدا 319
تەگتۇشلار ۋە قۇرداشلار ئارىسىدا ھەسەت قىلىشنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى 324
ھەسەتنىڭ داۋاسى 326
دۇنيانى ئەيىبلەش توغرىسىدا 328
دۇنيانىڭ ھەقىقىتى، دۇنيانىڭ ئەيىبلىنىدىغان ۋە ماختىلىدىغان تەرەپى 335

بېخىللىق، ھېرىسمەنلىك، تەمەخورلۇقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، مالنىڭ ئەيىبلىنىدىغان ۋە ماختىلىدىغان تەرەپلىرى، قانائەتچان بولۇش، سېخىي بولۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈپەتلەرنىڭ مەدھىيەلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 337
مالنى ماختاش توغرىسىدا ........ 338
ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، قانائەت قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشنىڭ ماختىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 342
ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇقنىڭ شىپاسى ھەمدە قانائەتچانلىق سۈپىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان دورا توغرىسىدا ........ 343
سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتى ........ 345
سېخىيلارنىڭ بەزى قىسسەلىرى ........ 347
بېخىللىق ۋە ئۇنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 350
بېخىللارنىڭ بەزى قىسسەلىرى ........ 351
باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ بايانى ........ 352
پەسىل: سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنىڭ چەك - چېگراسى ۋە ھەقىقىتى ........ 354

**ئون توققۇزىنچى بۆلۈم: يۈز - ئابرۇي بىلەن رىياكارلىقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، ئىككىسىنىڭ داۋاسى ۋە نامى چىقماسلىقنىڭ پەزىلىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدا** ........ 357

شۆھرەت ۋە يۈز - ئابرۇينىڭ، داڭق قازىنىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى ۋە تونۇلماسلىقنىڭ پەزىلىتى ........ 358
يۈز - ئابرۇي ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتى ........ 360
يۈز - ئابرۇينى ياخشى كۆرۈشتە ماختىلىدىغان ۋە ئەيىبلىنىدىغان تەرەپلەر 360
يۈز - ئابرۇي قوغلىشىشنىڭ دورىسى ........ 361
پەسىل: ماختىلىشنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئەيىبلىنىشنى يامان كۆرۈشنى داۋالاش يولىنىڭ بايانى ........ 363
ئەيىبلىنىشنى يامان كۆرۈشنىڭ دورىسى ........ 364
رىيا، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا365
پەسىل: رىيانىڭ دەرىجىلىرى ........ 370

چۈمۈلىنىڭ ماڭغىنىدىنمۇ يوشۇرۇن بولغان رىيانىڭ بايانى 371
ئەمەلنى يوقىتىۋېتىدىغان ۋە يوقىتىۋېتىدىغان رىيا توغرىسىدا 375
رىياكارلىقنىڭ دورىسى ۋە قەلبنى ئۇنىڭدىن داۋالاشنىڭ يولى 376
تائەت - ئىبادەتلەرنى ئاشكارا قىلىشقا ۋە گۇناھلارنى يوشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان تەرەپلەرنىڭ بايانى 379
شۇنداقلا گۇناھنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشى ۋە ئەيىبلىشىنى خاھلىماسلىق توغرىسىدا 379
گۇناھلارنى يوشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان تەرەپلەرنىڭ بايانى 380
گۇناھنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشى ۋە ئەيىبلىشىنى خاھلىماسلىق توغرىسىدا 380
رىيا ۋە باشقا ئاپەتلەردىن قورقۇپ تائەت - ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىشنىڭ بايانى 381
بەندىنىڭ ئەمەلىدىن كىشىلەرنىڭ كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان ئىشلار 382
ئاللاھ رازىلىقىنى ئىرادە قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ۋە ئەمەل قىلىۋاتقاندا نەپسىگە لازىم بولىدىغان سۈپەتلەرنىڭ بايانى 383

**يىگىرمىنچى بۆلۈم: تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى 385**

تەكەببۇرلۇقنىڭ بايانى 385
بىرىنچى پەسىل: تەكەببۇرلۇق قىلىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى 385
تەكەببۇرلۇقنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ ئاپىتى توغرىسىدا 386
ئالىملار ۋە ئابىدلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ئاپىتى ھەققىدىكى دەرىجىلىرى 388
دۇنيا ئىشلىرىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى 388
كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىرى، كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشنىڭ ئاشكارا ئالامەتلىرى 389
تەكەببۇرلۇقنىڭ داۋاسى ۋە كەمتەرلىككە ئېرىشىشنىڭ بايانى 392
كەمتەرلىك ئەخلاقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان مەشىقنىڭ ئۆلچىمى 395
ئىككىنچى پەسىل: ئۆزىگە تەمەننا قويۇش 396
ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ ئاپىتى 396
پەسىل: ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ شىپاسى 397

**يىگىرمە بىرىنچى بۆلۈم: مەغرۇرلىنىش (ئالدىنىش) ۋە ئۇنىڭ قىسىم - دەرىجىلىرى ..... 401**

ئالدانغۇچىلارنىڭ تۈرلىرى ۋە قىسىملىرى ..... 403

ئىبادەتگۈي ۋە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر ھەققىدە ..... 412

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ بايانى ..... 415

باي - زەردارلار ھەققىدە ..... 418

تۆتىنچى قىسىم

## ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئىشلار

**يىگىرمە ئىككىنچى بۆلۈم: تەۋبە قىلىش، ئۇنىڭ شەرتلىرى، رۇكنلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ..... 425**

تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ..... 426

گۇناھلارنىڭ قىسىملىرى توغرىسىدا ..... 427

ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارغا قارىتا ئايرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 432

كىچىك گۇناھلارنى چوڭ گۇناھلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار ھەققىدە ..... 435

تەۋبە قىلىشنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا ..... 438

پەسىل ..... 442

بەندىلەرنىڭ ئۆز تەۋبىسىدە داۋاملىشىش دەرىجىلىرى ..... 443

تەۋبە قىلغۇچىنىڭ ئالدىرىشى كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ بايانى ..... 445

پەسىل: تەۋبە قىلىش دورىسى ۋە داۋاملىق گۇناھ قىلىشنى داۋالاش يولى ..... 446

**يىگىرمە ئۈچىنچى بۆلۈم: سەبر قىلىش ۋە شۈكرى قىلىش ھەققىدە ..... 453**

سەبر، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، قىسىملىرى ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار توغرىسىدا ..... 453

سەبرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ..... 453

سەبر قىلىشنىڭ ھەقىقىتى ۋە مەنىسى ..... 455

پەسىل ..... 455

پەسىل: سەبر قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا ..... 461

پەسىل: سەبر قىلىشنىڭ دورىسى ۋە سەبر قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان
ئىشلار توغرىسىدا ........ 464
ئىككىنچى باب ........ 468
شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭ پەزىلىتى، نېئمەتلەرنىڭ بايانى، قىسىملىرى ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدا ........ 468
پەسىل شۈكۈر قىلىشنىڭ چەك - چېگراسى ۋە ھەقىقىتى توغرىسىدا ........ 469
ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى يامان كۆرىدىغان نەرسىلەردىن
ئايرىش توغرىسىدا ........ 471
پەسىل: نېئمەتلەرنىڭ بايانى، ھەقىقىتى ۋە قىسىملىرى توغرىسىدا ........ 476
پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزئارا باغلىنىشلىق ۋە
بىھېساب ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 477
پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدىكى
ئۆرنەكلەرنىڭ بايانى ........ 479
كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت ئەزالىرىنى يارىتىشتىكى ئاللاھ تائالانىڭ
نېئمەتلىرى توغرىسىدا ........ 481
پەسىل: يېمەكلىكلەر ھاسىل بولىدىغان مەنبەلەردىكى ئاللاھ تائالانىڭ
نېئمەتلىرى توغرىسىدا ........ 483
كىشىلەرنى شۈكۈر قىلىشتىن قايتۇرغۇچى سەۋەبلەر توغرىسىدا ........ 485
رىۋايەت ........ 486
پەسىل: سەبر ۋە شۈكۈرنىڭ بىر يەردە بىرلىششىنىڭ بايانى ........ 491
بالا - مۇسىبەت ئۈستىدىكى نېئمەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 495
پەسىل: سەبر قىلىش بىلەن شۈكۈر قىلىشنىڭ قايسىسى ئەۋزەل
ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 497

**يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈم: ئۈمىد قىلىش ۋە قورقۇش توغرىسىدا** ........ 501

ئۈمىد قىلىشنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى ........ 501
ئۈمىد قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 504
پەسىل: ئۈمىد قىلىشنىڭ دورىسى ۋە ئۈمىد قىلىش ھاسىل بولىدىغان
سەۋەب ھەققىدە ........ 506
ئىككىنچى قىسىم: قورقۇش، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، دەرىجىلىرى ۋە شۇنىڭغا

مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە ........ 510
قورقۇشنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى ........ 510
پەسىل: قورقۇشنىڭ دەرىجىلىرى، ئۇنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 512
قورقۇشنىڭ قىسىملىرى توغرىسىدا ........ 514
پەسىل: قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىككىسىدىن غالىب بولۇشى كېرەك بولغان سۈپەت ھەققىدە ........ 515
قورقۇشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئەۋزەلمۇ ياكى ئۈمىد قىلىشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئەۋزەلمۇ، ۋەياكى ئىككىلىسىنىڭ ئوتتۇراھال بولۇشى ئەۋزەلمۇ؟ دېگەنىنىڭ بايانى توغرىسىدا ........ 516
پەسىل: قورقۇشنى جەلپ قىلىش يولىنىڭ بايانى ........ 518
پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ بايانى ........ 524
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ بايانى ........ 526
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى ........ 527
ساھابەلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى ........ 527
تابىئىنلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ بايانى ........ 529

**يىگىرمە بەشىنچى بۆلۈم: زاھىدلىق ۋە يوقسۇللۇق توغرىسىدا ........ 533**

بىرىنچى باب يوقسۇللۇق توغرىسىدا ........ 533
يوقسۇللۇقنىڭ ھەقىقىتى، يوقسۇل كىشىنىڭ ھال ۋە ئاتاقلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنىڭ بايانى ........ 533
پەسىل: يوقسۇللۇقنىڭ پەزىلىتى ۋە يوقسۇللۇقنىڭ بايلىقتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 535
باي بىلەن يوقسۇلنىڭ قايسىسىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 538
پەسىل: يوقسۇل كىشىنىڭ يوقسۇللۇق ھالىتىدىكى ئەدەبلىرى توغرىسىدا ........ 540
يوقسۇل كىشىنىڭ ھەدىيە قوبۇل قىلىش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى ........ 541
پەسىل: زۆرۈرىيەتسىز تىلەشنىڭ ھاراملىقى ۋە تىلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان يوقسۇل كىشىنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا ........ 542
تىلىگۈچىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى ........ 545
ئىككىنچى باب ........ 547

زاھىدلىقنىڭ ھەقىقىتى، پەزىلىتى، ئۇنىڭ دەرىجىلىرى ۋە قىسىملىرى 547
زاھىدلىقنىڭ ھەقىقىتى 547
زاھىدلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 548
پەسىل: زاھىدلىقنىڭ دەرىجىلىرى ۋە قىسىملىرى ھەققىدە 549
پەسىل: ھاياتنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىدىن زاھىد بولۇشنىڭ تەپسىلىي بايانى 550
پەسىل: زاھىدلىقنىڭ ئالامەتلىرى 556

**يىگىرمە ئالتىنچى بۆلۈم: تەۋھىد ۋە تەۋەككۇل قىلىش ھەققىدە 559**

تەۋەككۇل قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 559
تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئەسلى بولغان تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى 560
تەۋەككۇل قىلىش تەۋھىد ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. تەۋھىد بىرنەچچە دەرىجە بولىدۇ: 560
پەسىل: تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئەھۋالى ۋە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بايانى 561
تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ بەزى ئەمەللىرى توغرىسىدا 563

**يىگىرمە يەتتىنچى بۆلۈم: ياخشى كۆرۈش، شەۋق، ئۈنس-ئۈلپەتچىلىك ۋە رازىمەنلىك ھەققىدە 571**

ياخشى كۆرۈشكە يېگانە ئاللاھنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى 572
پەسىل: ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراشنىڭ ئەڭ چوڭ لەززەت ئىكەنلىكى ۋە بۇ نېئمەتتىن مەھرۇم قالغان كىشىنىڭلا باشقا لەززەتنى ئارتۇق بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا 577
پەسىل: ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنى كۈچلەندۈرىدىغان سەۋەبلەر، ياخشى كۆرۈشتە كىشىلەرنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانى تونۇشتا كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا 582
كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتە پەرقلىق بولۇشىدىكى سەۋەبنىڭ بايانى توغرىسىدا 584
پەسىل: ئاللاھقا ئىنتىزار بولۇشنىڭ مەنىسى 586
پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مەنىسى ۋە بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى

توغرىسىدا 589

پەسىل: ئاللاھ بىلەن ئۇنىس - ئۈلپەت ۋە ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولۇش توغرىسىدا 595

ئۈلپەتلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەملىگە تايىنىۋېلىش ۋە خۇرسەنلىكنىڭ مەنىسى 596

قازايىقەدەرگە رازى بولۇشنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدا 597

پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇشنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ نەپس - خاھىشقا يات ئىشلاردىمۇ مۇمكىنلىكى توغرىسىدا 600

پەسىل: دۇئا قىلىشنىڭ رازى بولۇشقا زىت كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا 606

بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا ياخشى كۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەتلىك سۆزلەر 608

ياخشى كۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە رىۋايەت 608

بىرىنچى پەسىل: نىيەت قىلىش، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا 610

نىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەمەللەرنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا 613

نىيەتنىڭ ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىقىنىڭ بايانى 615

ئىككىنچى پەسىل: ئىخلاس قىلىش، ئۇنىڭ پەزىلىتى، ھەقىقىتى ۋە دەرىجىلىرى توغرىسىدا 617

ئىخلاسنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى 620

ئىخلاسنى بۇزغۇچى ئامىللار 621

پەسىل: ئىخلاسقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئارىلاشقان ئەمەلنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇ ئەمەلگە ساۋاب بېرىلىشنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا 622

ئۈچىنچى پەسىل: راستچىللىق، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 623

**باب: ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش توغرىسىدا** 627

بىرىنچى دەرىجە: نەپسكە شەرت قويۇش 628

ئىككىنچى دەرىجە: ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش 631

ئۈچىنچى دەرىجە: ئەمەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش 633

تۆتىنچى دەرىجە: نەپسنى ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرىگە بىنائەن

جازالاش 635
بەشىنچى دەرىجە: نەپسكە قارشى جىھاد قىلىش 637
ئالتىنچى دەرىجە: نەپسنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭغا كايىش 639
**باب: تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى 642**
تەپەككۇر قىلىش ساھەلىرى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ بايانى 643
پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە قانداق تەپەككۇر قىلىشنىڭ بايانى 645
**باب: ئۆلۈمنى ئەسلەش، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار ۋە ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا 649**
ئۆلۈمنى ئەسلەش ۋە ئۇنى كۆپ ئەسلەپ تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە 649
**باب: ئۆلۈمنى ئەسلەشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا 651**
ئۆلۈمنى ئەسلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ يولى 652
ئۇزۇن ئارزۇ قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئىلاجى توغرىسىدا 654
پەسىل: ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ زىيادە ياكى كەم دەرىجىلىرى 655
ئەمەل قىلىشقا ئالدىراشنىڭ بايانى ۋە ئەمەل قىلىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ئاپىتى توغرىسىدا 657
**باب: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە توغرا يولدا بولغان خەلىپىلەرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا 658**
ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا 662
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا 663
ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا 665
ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى 666
ساھابىلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرگە ئۆلۈم كەلگەندە ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى ۋە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا 667
قەبرە ئەھۋالى ۋە سەلەف سالىھلەرنىڭ قەبرە بېشىدا ئېيتقان سۆزلىرى توغرىسىدا 669
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش، ئۆلگەنلەرگە دۇئا قىلىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا 670
پەسىل: ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتى، مېيىت قىيامەت قايىم بولغۇچە قەبرىدە ئۇچرايدىغان ئىشلار توغرىسىدا 672

قەبرنى ئەسلەش توغرىسىدا ..... 675

پەسىل: مېيىتنىڭ سۇر چېلىنغاندىن باشلاپ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئورۇنلىشىپ بولغۇچە بولغان ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ..... 679

جەھەننەم ھەققىدە ..... 682

پەسىل ..... 685

جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ..... 686

**باب: ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 690**

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

بارچە ماختاش ۋە ئۇلۇغلاشلار ئۇل ئاللاھ تائالاغا بولغايكىم، جىمى مەۋجۇدات پەقەتلا ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيدۇ. تۈگىمەس دۇرۇد ۋە سالاملار ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئەسھاب كىراملىرىغە ۋە ئۇ زاتقا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە بولغاي.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى «مۇختەسەرۇ مىنھاجىل قاسىدىن» ئاتلىق ئۇشبۇ كىتاب ۋەز - نەسىھەت تۈرىدىكى ئەسەر بولۇپ، تۆت مەشھۇر ئالىمنىڭ ئالاھىدە ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ يىغىندىسى ۋە جەۋھىرى بولۇش سۈپىتىدە مەنىۋى ئوزۇق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئەسەردۇر. ئەسەر ئالدى بىلەن ھۆججەتۇل ئىسلام ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئەلغەززالىينىڭ (ھ. 450 - 505 / م. 1058 - 1111) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن (دىن ئىلىملىرىنى ياشارتىش/ إحياء علوم الدين)» ئاتلىق ئەسىرىگە تايانماقتا بولۇپ، ئۇ ئەقىدە، فىقھ، ئەخلاق، ۋەز - نەسىھەت ۋە سۇلۇك قاتارلىق چېتىشلىق ساھەسى كەڭ مەشھۇر يىرىك ئەسەردۇر. ھىجرى 488 - 499 (م. 1096 - 1106) يىللار ئارىسى 11 يىلغا يېقىن مۇددەتتە يېزىپ تاماملانغان بۇ ئەسەر تۆت بۆلەككە، ھەر بۆلەك ئون بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، نۆۋەت بىلەن بىرىنچى بۆلەكتە ئىبادەتلەر، ئىككىنچى بۆلەكتە ئادەتلەر، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بۆلەكلەردە، يەنى كىتابنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، سۇلۇك ۋە ئەخلاق ساھەسىدىكى ئىنسانىي ھالاكەتكە تاشلايدىغان قىلىقلار ۋە ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدىغان ئەمەللەر ھەققىدە سۆزلەنگەن. ئەسەر ئىبادەتلەرنىڭ سىرلىرى، ئۇلارغا يوشۇرۇنغان روھىيەت، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئۇنى ھاياتقا تەتبىقلاش ھەمدە نەپسنى پاكلاش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن ئىسلامنى ھەر تەرەپتىن تونۇش ئۈچۈن مۇھىم بولغىنىدەك، ئىسلام ئىلىملىرىنى قايتا ياشارتىش ۋە ئىلىمنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ بىباھا ئەسەردۇر.

ئىمام غەززالىي مەزكۇر چوڭ ھەجىملىك ئەمگىكىنى بىر تەرەپتە شەيتاننىڭ (ئاللاھنىڭ لەنىتى ئۇنىڭغا بولسۇن) ئازدۇرۇشىغا گىرىپتار ئاۋام خەلق كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتە دىنىنى ئۆزئارا تۈر تالىشىش، ئۆزگىچە سوقۇشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ

خەلقنى تىزگىنلەش قـورالى قىلىۋېلىشـقا ماسلىشـىۋاتقان ئەھلى ئىلىم ئۆلىما زاماندىشلىرىنــى كــۆرۈپ، قەلبلەردە ئىخلاسنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ھەر ئىشتا ئىخلاسنى ئاساس ۋە شوئار قىلىشتەك سەلەف سالىھلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان. جەمئىيەتنى توغرا ئىسلام ئەقىدىسىگە قايتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، بىر ئىدېئولوگىيە چەمبىرى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشقان. دىن ۋە ئەقىدە مەسىلىلىرى بىلەن بىرگە پىسخىكا، جەمئىيەت، ئەخلاق، سىياسەت ۋە تەربىيە تېمىلىرىدا توختىلىپلا قالماي، ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىمۇ بايان قىلغان.

«ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» ئۆز زامانىدىن تارتىپ ھەر دەۋر ئىسلام ئالەمىــدە ئالىــم ـ ئەللامىلــەرنىڭ ئالاھىدە دىققــەت ـ ئېتىبارىنــى جەلــپ قىلغــان بولۇپ، ئەسەرگە ئەللامە مۇرتەزا ئەززەبىيدىي (ھ. 1145 ـ 1205 / م. 1732 ـ 1790) «ئىتھافۇسسادە ئەلمۇتتەقىن (مۇتتەقىي زاتلارغـا ھەدىيـە) / إتحاف السـادة المتقين بشرح إحيـاء علوم الـدين» نامىدا 14 جىلدلىــق بۈيۈك شەرھ يازغان بولسا، مۇھەددىس زەينۇددىن ھافىز ئىراقىي (ھ. 725 ـ 806 / م. 1325 ـ 1403) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» دىكى ھەدىسلەرنىڭ تەخرىجىگە دائىر چوڭ («ئىخبارۇل ئەھيائ») ۋە ئوتتۇرا («ئەلكەشفۇل مۇبىن») ھەجىملىك ئىككى ئەسەر يازغان. ھافىــز ئىراقىــي ساقلاش ۋە سەپەرلەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئەسەرنى بىرلا ئەسەرگە ئىخچاملىغان ۋە ئۇنى «ئەلمۇغنىي (المغني عـن حمـل الأسـفار في الأسـفار، في تخريج مـا في الإحيـاء مـن الأخبـار)» دەپ ئاتىغان. ھافىز ئىراقىينىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس شىھابۇددىن ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي (ھ. 773 ـ 852 / م. 1371 ـ 1449) ئۇستازى كەم قويغان يەرلەرنى «ئەلئىستىدراك / (الاستدراك)» تا تولۇقلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخ قاسىم ئىبنى قۇتلۇبۇغا (ھ. 802 ـ 879 / م. 1399 ـ 1474) ھەدىسلەرنىڭ ھۆكۈملىرىدە كەم قالغان ئورۇنلارنى «ئىتھافۇل ئىھيائ / إتحاف الأحيـاء فيما فـات مـن تخريج أحاديـث الإحيـاء» نى يازغان.

ئىمام غەززالىي مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشتا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇتەسەۋۋىپ، زاھىد، مۇھەددىس شەيخ ئەبۇ تالىب مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەتىييە ئەلمەككىي ئەلھارىسىي (ئۆ. ھ. 386 / م. 996) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ «قـۇتۇل قۇلۇب فى مۇئامەلەتىل مەھبۇب (ئاللاھقـا بولغـان مۇئامىلىــدە قەلبلەر ئــوزۇقى ۋە بەندىنىــڭ تەۋھىد ماقامىغا تۇتقان يولىنىڭ سۈپىتى / قـوت القلـوب في معـاملة المحبـوب ووصـف طريـق المريـد إلى مقـام التوحيد)» دېگەن كىتابىدىن كۆپ پايدىلانغان ۋە نەقىل ئالغان. ئىككى ئەسەرنى سېلىشتۇرۇپ قارىغانلا كىشى بۇنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ.

«ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» نىڭ مۇختەسەرلىرى، يەنى ئىخچاملىنىشىغا كەلسەك، ئىمام

غەززالىينىڭ ئۆزىلا مەزكۇر ئەسەرىدە بايقىغان چۈشىنىكسىز جايلارنى ئىزاھلاپ «ئەلئىملائ ئەلا مۇشكىلىل ئىھيائ/ الإملاء على مشكل الإحياء» ئاتلىق بىر رىسالە يازغان بولۇپ، بۇ رىسالە «ئەلئەجۋىبە ئەلمۇسكىتە / الأجوبة المسكتة، عن الأسئلة المبهتة» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىمام غەززالىينىڭ قېرىندىشى شەيخ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلغەززالىي (ئۆ. ھ. 520 / م. 1126) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»نى تۈنجى قېتىم «لۇبابۇل ئىھيائ / لباب الإحياء» نامىدا يىغىنچاقلىغاندىن كېيىن، مۇختەسەرلەر ئارقىمۇئارقا يېزىلىپ داۋاملاشقان. مەشھۇرراقلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەلئەجۇلۇنىي ئەلبىلالىي (ھ. 750 - 820 / م. 1349 - 1417)، «قۇتۇل ئەھيائ من كىتابىل ئىھيائ / قوت الأحياء من كتاب الإحياء»)، مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئەليەمەنىي (ئۆ. ھ. 595 / م. 1199)، ئەھمەد ئىبنى مۇسا ئەلمۇسۇلىي (ھ. 575 - 622 / م. 1179 - 1225)، ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتىي (ھ. 849 - 911 / م. 1445 - 1505)، ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئۆمەر ئەلبەلخىي (ئۆ. ھ. 830 / م. 1427، «ئىلىم بۇلىقى ۋە ھىلىم زىنىنىتى / عين العلم وزين الحلم») قاتارلىقلار يازغان مۇختەسەرلەر بولۇپ، ئەلبەلخىينىڭ مۇختەسەرىنى موللا ئەلى قارىي (ھ. 930 - 1014/ م. 1524 - 1606، «شرح عين العلم وزين الحلم») شەرھىلىگەن.

يەنە شام دىيارىدىن ئەللامە جامالۇددىن قاسىمىي (ھ. 1283 - 1332/ م. 1866 - 1914) مۇ «مەۋئىزەتۇل مۇئمىنىن مىن ئىھيائى ئۇلۇمىددىن (ئىھيائى ئۇلۇمىددىندىن ئېلىنغان مۇئمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت) / موعظة المؤمنين من إحياء علوم الدين» دەپ ئىخچاملىغان.

ئاشۇ تەرىقىدە ئىخچاملاشلار كۆپ بولغان. ئاتاقلىق مۇھەددىس، تارىخچى، فەقىھ، ئىمام جامالۇددىن ئەبۇلفەرەج ئىبنۇلجەۋزىي (ھ. 510 - 597 / م. 1116 - 1201) كىتابنىڭ زەئىف ۋە توقۇلما ھەدىسلىرىنى، كۆچىنىڭ يېتىشچە، سەھىھ ھەدىسلەرگە ئالماشتۇرۇپ، ئىخچاملاپ ئۇنى «مىنھاجۇل قاسىدىن ۋە مۇفىيدۇسسادىقىين (ئاللاھقا تەلپۈنگۈچىلەرنىڭ يولى ۋە راستچىللارنىڭ مەنپەئەتكارى) / منهاج القاصدين ومفيد الصادقين» دەپ ئاتىغان. مەزكۇر ئەسەرنى قازى، فەقىھ، دىنىنىڭ يۇلتۇزى، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسىي (ھ. 651 - 689 / م. 1253 - 1290) «مۇختەسەرۇ مىنھاجۇل قاسىدىن» نامىدا تېخىمۇ يىغىنچاقلىغان.

كىتابنىڭ ۋەز - نەسىھەت ۋە روھىي تەربىيە جەھەتتىكى قىممىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، 2018 - يىلى «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى» تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر پىلانىغا كىرگۈزگەن ئىدى. بىر مۇددەت مۇناسىپ تەرجىمان ئىزدەپ، تەرجىمە ئىشى ئاخىرى ئابدۇللاھ قارىھاجىمغا تاپشۇرۇلدى. تەرجىمە بىر يىلغا قالماي تاماملىنىپ، بىرنەچچە قېتىم قايتا كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەھرىرلەشتىن ئۆتتى. كىتابنىڭ ھەدىس

تەخرىجلىرى ۋە بەزىبىر كېرەكلىك ئىزاھاتلار باردا ئەرەبچە 5 ـ 6 خىل نەشرىدىن پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، ئەرەبچە نەشرلەردە تەخرىج قىلىنمىغان ۋە مەنبە كۆرسىتىلمىگەن نۇرغۇن ھەدىس ۋە رىۋايەتلەر پېقىر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھنىڭ بىر قوللۇق ئىشلىشى بىلەن تەخرىج قىلىنىپ، مەنبەلەر كۆرسىتىلدى. ئەسەر قايتا ـ قايتا ئىخچاملانغان بولغاچقا دەماللىققا چۈشىنىش تەسرەك بولۇپ قالغان جايلار «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» دىكى ئەسلىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق يورۇتۇلدى ھەمدە تېگىشلىك ئورۇنلارغا مۇھىم ئىزاھلار كىرگۈزۈلۈپ، سىز كۆرۈپ تۇرغان ھالغا كەلتۈرۈلدى.

مەزكۇر تەرجىمىنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ۋە مەنپەئەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى:

1. *تىلىنىڭ ئاممىباب بولۇشىغا ئالاھىدە كۈچەش بىلەن بىرگە بەزى ئەرەبچە دىنىي ئاتالغۇلار ئەسلىگە ئەڭ يېقىن شەكىلدە بېرىلىشكە دىققەت قىلىندى؛*

2. *كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچە ئەسلى بېرىلمەي، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىلا بېرىلدى. ئايەت تەرجىمىلىرىدە ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ تەرجىمىسى ئاساس قىلىنغان ھالدا، كونكرېت نۇقتىلاردا مەزمۇن بىردەكلىكىنى ساقلاش ۋە ئاڭلىتىلغان مەناغا سادىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە تەرجىمىسى بېرىلدى.*

3. *قىسمەن دۇئالار يادلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئەرەبچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەڭ بېرىلدى.*

ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىغىلا سۈرە نامى ۋە ئايەت نومۇرى ئۈستى تىرناق «( )» ئىچىدە بېرىلگەن بولۇپ، تەرجىمىدە ئىزدەش تېخىمۇ قولاي بولسۇن ئۈچۈن، (سۈرە تەرتىپ نومۇرى/«سۈرە ئىسمى»: ئايەت نومۇرى) شەكلىدە بېرىلدى. مەسىلەن: ﴿ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن﴾ 22/«ھەج»: 26. ھەدىس تەخرىجلىرى ۋە باشقا ئىزاھاتلار بولسا ھاشىيەدە بېرىلدى. ھەدىس تەخرىجلىرىدە ئەڭ سەھىھ مەنبە تاللىۋېلىندى ۋە ئەينى كىتابتا تەكرارلانغان بولسا، بىرلا ھەدىسكە ئىشارە قىلىندى. مەسىلەن: بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (71)؛ مۇسلىم (1037). ئەگەر ئەسەر كۆپ توملۇق بولسا، توم سانى/بەت شەكلىدە بېرىلدى. مەسىلەن: ھاكىم (494/1).

4. *كىتابنىڭ ئەرەبچە نەشرلىرىدە بېرىلمىگەن، تەرجىمە جەريانىدا ھاشىيەدە ئىلاۋە قىلىنغان ئىزاھاتلار ئالاقىدار كىتاب، مەنبەلەردىن ئەينەن ئېلىنىپ ياكى قىسقارتىلىپ قوشۇلدى ۋە ئاخىرىغا «ـــ ت.»*

*(تەھرىردىن) ئىشارىتى بېرىلدى.*

5. *يىلنامىلەر ھىجرىيە (ھ.)، مىلادىيە (م.) شەكلىدە قىسقارتىلىپ ئىپادىلەندى.*

ئەلبەتتە، بۇ ناچىزانە تىرىشچانلىقىمىز بەزى قۇسۇرلاردىن خالىي ئەمەستۇر. بۇ خۇسۇستا كەڭ ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ بىزنى توغرا يولدا ماڭغۇچىلاردىن ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلاردىن قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
«ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»
ھ. 1445، 22 - جامادىيەلئەۋۋەل
م. 2023، 6 - دېكابىر.

# مۇقەددىمە

(مۇئەللىپ)

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمىز، پەقەت ئۇ زاتتىنلا مەدەت تىلەيمىز ۋە خاجەمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد - سالاملار يوللايمىز.

دىنىنىڭ يۇلتۇزى، ئىمام ئەبۇلئابباس بولسا شەيخۇلئىسلام، پەرھىزكار زاھىد، ھەقنى تونۇغان، ئىلمىگە ئەمەلچان، ئالىم، شەيخ، دىنىنىڭ ئىززىتى ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەدنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ بولسا دىنىنىڭ قۇياشى، ئالىملار ۋە ھاكىملارنىڭ رەھبىرى، ئىنسانىيەت مۇفتىسى، شەيخۇلئىسلام، ئىبادەتگۇي ئەللامە، ئىلمىگە ئەمەلچان، زاھىد، ئالىم، ئىمام ۋە شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇرراھماننىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ شەيخۇلئىسلام، پەرھىزكار زاھىد، ئىلمىگە ئەمەلچان، ئالىم، ئىمام، شەيخ ئەبۇ ئۆمەر ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسى ئەلھەنبەلىينىڭ (ھ. 541 - 620 / م. 1147 - 1223، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) ئوغلىدۇر.

دىنىنىڭ يۇلتۇزى، تەڭداشسىز ئەللامە، ئىبادەتگۇي زاھىد، ئىلىملىك شەيخ ۋە ئىمام ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئېيتۇر:

جىمى گۈزەل ئۆگدۈ ۋە ماختاشلار رەھمىتى بارلىق بەندىلەرگە ئورتاق، ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغۇچى، تەۋپىق بېرىپ ئۇلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچى ۋە مەقسەتلىرىگە ئېرىشتۈرگۈچى زات ئاللاھقا بولسۇن.

نېئمەتلىرى مول، سېخىيلەر سېخىيسى ئاللاھنى ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن ۋە ئۇل ئاللاھقا سىغىنىپ ھۇزۇرىدىن قوغلىنىش ۋە سۈرگۈن قىلىنىشتىن پاناھ تىلەيمەن ۋە يەنە ناجىزانە گۇۋاھلىق بېرۈرمەنكى، ئاخىرەت كۈنى ئۈچۈن ساقلايدىغان ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر!

يەنە گۇۋاھلىق بېرۈرمەنكى، ھەق يولدىن چەتنىگەن ۋە سەركەشلەرنى، دىنسىز ۋە مۇرتەدلەرنى تىز پۈكتۈرگۈچى، ھىدايەت ۋە توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ زاتقا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بىر - بىرىدىن جەسۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھابىلىرىگە ئارزۇ ۋە مەقسەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزگۈچى رەھمىتى بىلەن مۇئامىلە قىلسۇن.

**مەقسەتكە كەلسەك:** قايسىبىر كۈنى تەڭداشسىز ئالىم، ئىمام، شەيخ جامالۇددىن ئىبنۇلجەۋزىينىڭ ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ــ «مىنھاجۇل قاسىدىن ۋە مۇفىدۇسسادىقىن (ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ يولى ۋە راستچىللارنىڭ مەنپەئەتبەخشى)» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ قالدىم. شۇندا ئۇ كىتابنىڭ پايدىلىرى بەك كۆپ، تولىمۇ مەنپەئەتلىك، مۇھىم كىتابلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇڭىمۇ ئۇ كىتاب قەلبىمدە بەغايەت يۈكسەك ئورۇنغا ئېرىشتى ۋە كىتابنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىش ھەم تەھسىل قىلىشقا قىزىقىپ قالدىم. كىتابنى قايتا ئوقۇغىنىمدا ھېس قىلدىمكى، ئەسلىدە ئۇ كىتاب مەن ئويلىغاندىنمۇ ئېسىل كىتاب ئىكەن. شۇنداقتىمۇ كىتاب سەل كەڭ دائىرىلىكتەك بىلىندى. بولۇپمۇ كىتابنىڭ بېشىدىكى قوشۇمچە، ئەھكامغا دائىر مەسىلىلەر ئەل ئىچىدە مەشھۇر فىقھىي كىتابلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر بولۇپ، ھالبۇكى بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەقسىتى فىقھىي مەسىلىلەر ئەمەس ئىدى. شۇل بائىس، ئۇشبۇ كىتابنى يەنىمۇ ئىخچاملاپ، كىتابنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان شاخچە مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ھەممىگە تونۇش مەسىلىلەرنى قويۇپ، ئەڭ پايدىلىق، ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىنى ۋە ئەسلى مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇختەسەر ــ ئىخچاملىما يېزىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم.

پېقىر ئۇشبۇ مۇختەسەرنى تەييارلاشتا «مىنھاجۇل قاسىدىن ۋە مۇفىدۇسسا - دىقىن»نىڭ ئەسلى تەرتىبى ۋە مەزمۇنلىرىنى سۆزمۇسۆز ئەينەن ئالمىدىم. بەلكى ئەسلى مەقسەتكە يارىشا قىسقا، ئىخچاملىقنى ئاساس قىلىپ، زۆرۈر سۆزلەرنى مەنىسى بىلەن بايان قىلدىم. بەزىدە ئېھتىياجغا يارىشا كىتابتا بولمىغان ھەدىسلەرنى ۋە ئازغىنە مەزمۇنلارنى قوشتۇم. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

مۇئەللىف ئەبۇلفەرەج ئىبنۇلجەۋزىي ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ــ ئېيتۇركى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)، جىمى ھەمدۇسانا غەپلەت ئۇيقۇسىدىكىلەرنى زورمۇزور ئويغاتقۇچى؛ ئاداشقۇچىلارنى ۋائىز ۋە نەسىھەتگۇيلارنىڭ يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن تەۋبە قىلدۇرۇپ، خاتالىقلىرىدىن

پاكلىغۇچى؛ ئارىفلارغا[1] خىلۋەتلەردە ئەڭ شېرىن سۆز ۋە ئەھدلەردە بولغۇچى؛ زاھىدلارغا ئەدەبنى ئەلا بىلدۈرۈپ، ئەڭ ئېسىل ئەمەللىرىدىمۇ كۆز - كۆز قىلىشتىن ئەيمەندۈرگۈچى؛ نەپسكە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلارنى ئورنىدىن بەئەينى ياۋۇز شىرنىڭ ئېتىلىشىدەك دەس تۇرغۇزغۇچى؛ بەندىلەرنى رىئايەت تەلەپ قىلىنغان بەلگىلىملەرگە سۆزسىز رىئايە قىلىشى ۋە «ئىلاھىي بەلگىلىملىرىگە رىئايە قىلغۇچىلارلا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ» دېگەن ھېكمەتكە چىنپۈتكەن ھالدا ئاللاھنىڭ بەلگىلىملىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشى ئۈچۈن ئەدەبلەپ، ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل ھەۋەسلىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ئاللاھ تائالاغا بولسۇن. ھەردائىم ۋە سانسىز ھەمدۇسانالىرىم ئۇل ئاللاھ تائالاغا بولغاي.

ئېلىپ كەلگەن ھەق بىلەن ئۇكاز كۈنلىرى[2] ئاتاقلىق زۇۋاندارلارنى مات قىلغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ھەقىقىي ئىمان، تەقۋا ۋە ئېھتىيات ئەھلى بولمىش ساھابەئى كىراملەرگە دۇرۇد - سالاملار يوللايمەنكى، ئۇشبۇ دۇرۇدۇ سالاملار بىلەن ﴿ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل﴾«تەھرىم»: 6/66 بولغان يالقۇنلۇق جەھەننەمنىڭ ھارارىتىدىن پېقىر ئامان قالغايمەن...

پېقىر بۇ كىتابىمنى «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ يولى ۋە راستچىللارنىڭ مەنپەئەتبەخشى / مىنھاجۇل قاسىدىن ۋە مۇفىدۇسسادىقىن» دەپ ئاتىدىم.

كەرەملىك ئاللاھ تائالادىن تىلىكىمىز ئۇشبۇ كىتابنى بىزگە ھەمدە بۇنى

[1] ئارىف ئارىف (الْعَارِفُ): ئەرەب تىلىدا: «تونۇغۇچى، تونۇپ يەتكۈچى» دېگەن مەنىدە، ئەھلىسۈننەت ئىستىلاھىدا: «ئاللاھنى تونۇغۇچى، ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچى، ئاللاھنىڭ شەرىئەتى بىلەن ئەمەل قىلغۇچى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكۈچى» دېگەنلىكتۇر. ئىمام ئىبنۇلقەييىم رەھىمەھۇللاھ: «ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇ زاتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىدىكى، شەرىئەتىدىكى ۋە يارىتىشىدىكى ھېكمەتنى تونۇپ يەتكۈچى، ئۇ زاتقا ئىبادەت قىلىشتا ۋە ئۇ ئىبادەتتىن ئاللاھنىڭ نېمىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بەسىرەت ئەھلى» دەپ تەرىپلەيدۇ. قاراڭ: ئىبنۇلقەييىم: «مەدارىجۇسسالىكىن»، 97/1؛ مۇھەممەد سالىھ: «ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» 196/2. ـــ ت.

[2] ئۇكاز كۈنلىرى: ئۇكاز بازىرى بولىدىغان كۈنلەر بولۇپ، «ئۇكاز بازىرى (سُوقُ عُكَاظٍ)»: جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ مەشھۇر ئۈچ بازىرىدىن بىرى ئىدى، ھازىرقى تائىف شەھرىنىڭ 40 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان. بۇ بازار مىلادىدىن 501 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان بولۇپ، جاھىلىيەتتە ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەشۋىقات مەركىزى بولغان. ئەرەبلەر ھەر يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا بۇ بازاردا 20 كۈن ئېلىم - سېتىم قىلىپ، مۇشائىرەلىشىپ، زۇلقەئىدەنىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىنى مىجەننە بازىرىغا بېرىپ ئۆتكۈزەتتى. زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى 8 كۈنىنى بولسا زىلمەجاز بازىرىدا ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن مىناغا ھەج ئۈچۈن يۈرۈپ كېتەتتى. بۇ بازار ئىسلامىيەتتىن كېيىن يوقالغان. ـــ ت.

ئوقۇغان، ئاڭلىغان، ھەتتا قارىغان ھەممەيلەنگە مەنپەئەتبەخش قىلغاي؛ مەزكۇر كىتابنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان خالىس ئەمەللەر قاتارىغا تىزغاي؛ بىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان سۆز، نىيەت ۋە ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلغاي؛ ھەرقانداق سەل قاراپ قېلىش، قۇسۇر ۋە كەمچىلىكلىرىمىزنى كەچۈرگەي؛ بىزنى ئۆز نەپسىمىزگە ۋە ھېچبىر فانىي مەخلۇقاتقا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ تاشلاپ قويمىغاي ۋە ئۆمرىمىزنى ياخشىلىق ئۈزرە ئاخىرلاشتۇرغاي. ھەقىقەتەن ئاللاھ بىزگە يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي - ھە!

ئەي ئاللاھ رىزاسىنى ئىزدىگۈچى راستچىل ۋە قەتئىي ئىرادىلىك كىشى! كۆردۈمكى، كىشىلەر بىلەن (زىيادە كۆپ) ئارىلىشىشنىڭ توغرا - خاتانى پەرقلەندۈرەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، قۇسۇرلارنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنىڭ دەل نەپسىنى ھېساب ئېلىشقا سەل قاراش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر كىشى ئۆمرىنىڭ بارىدا ئۆز نۇقسانلىرىنى تۈزەتمىسە پۇرسەتنىڭ كېتىدىغانلىقىنى، ھەربىر تىنىقنىڭ ئاخىرەت يولۇچىسىنى ئۆلۈم مەنزىلىگە يەنىمۇ بىر قەدەم يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلگىنىڭ ئۈچۈن، كۆڭلۈڭدە بۇ ئېزىتقۇ دۇنيانىڭ بىھۇدە نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە بەل باغلاپ، ئاخىرەتكە يۈزلىنىشنى قارار قىلىپسەن. پېقىر سېنىڭ خىلۋەت خانەڭدە تەنھالىقىڭغا قايسى كىتابنى ھەمراھ قىلىپ، جىمجىتلىقىڭنى قايسى كىتابنى ئوقۇش بىلەن مەنىگە ئېرىشتۈرۈشۈڭ ھەققىدە ئويلاندىم. بىلىمەن، سەن «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» دېگەن كىتابنى شۇ ھەقتە يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى ۋە تولىمۇ قىممەتلىك بىردىنبىر كىتاب، دەپ قارايسەن. ئەمما ئۇققىنكى، «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»دا ئاۋام خەلق بىلەلمەيدىغان خەۋپلەر بار. بۇ خەۋپلەرنىڭ ئەڭ يەڭگىلى «مەۋقۇف» ھەدىسلەرنىڭ «مەرفۇئ» شەكلىدە كېلىشى، (ئېغىرراقى) توقۇلما، ھەتتا باتىل ھەدىسلەرنىڭ كىتابتا كەلتۈرۈلۈشىدۇر. ئەلبەتتە ئىمام غەززالىي ئۇ ھەدىسلەرنى ئۆزى توقۇغان ئەمەس، بەلكى كۆرگىنىنى بويىچە نەقىل قىلغان. لېكىن، يالغان ھەدىس بىلەن ئىبادەت قىلىش ۋە ياسالما سۆزلەرگە ئالدىنىپ يۈرۈش دۇرۇست بولمايدۇ.

مەسىلەن، كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھتىن ھېچقانداق ھەدىس كەلمىگەن تۇرۇپمۇ شۇ كىتابتا كەلتۈرۈلگەن كۈندۈز ۋە كېچە نامازلىرىنى ئوقۇشىغا كۆڭۈل قانداقمۇ ئۇنىسۇن؟! بىغۇبار قۇلاقلارنىڭ ئىمام غەززالىي توپلىغان ۋە ئەمەل قىلىشقا چاقىرغان، لېكىن پېقىر «تەلبىسۇ ئىبلىس (ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشى)» ئاتلىق كىتابىمدا[1]

[1] «تەلبىسۇ ئىبلىس (تَلبِيسُ إِبْلِيسَ)» ئىبنۇلجەۋزىي يازغان قىممەتلىك ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئىسمى ۋە مەزمۇنى «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»دىن ئېلىنغان ۋە تەنقىدىي ئۇسلۇبتا بېيىتىلغان. 13 بابلىق ئەسەردە مۇئەللىف شەيتاننىڭ پىتنىلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، شەيتاننىڭ ئويۇنلىرىدىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرغان. — ت.

تەنقىدلىگەن «ئەلفەنائ[1]» ، «ئەلبەقائ[2]» ، «قاتتىق ئاچلىققا چىداش» ، «بىھۇدە

[1] ئەلفەنائ (الْفَنَاءُ): «يوقىماق، پانىي بولماق» دېگەن مەنىدىكى تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرىدىن بولۇپ، ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: 1) قەلبىنىڭ تەۋەككۇل قىلىش، ئىبادەت قىلىش ۋە بۇلارغا ئالاقىدار ئىشلاردا پەرۋەردىگارىدىن باشقىنى كۆزلىمەسلىكى، قەلبىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشتىن يوقىلىشى (الْفَنَاءُ عَنْ عِبَادَةِ السِّوَى) دۇر. بۇ ھەق ۋە توغرا بولۇپ، ساپ تەۋھىد ۋە ئىخلاستىن ئىبارەت؛ 2) قەلبىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن باشقىنى كۆرمەسلىكى (الْفَنَاءُ عَنْ شُهُودِ السِّوَى). بۇ تۈردە كەمچىلىك بار؛ بۇ كۆپلىگەن سالىكلار ئۇچرايدىغان ھالەت بولۇپ، ئەڭ كۆپ مەقسەت قىلىدىغىنىمۇ مۇشۇ تۈردۇر. بۇ تۈر تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئىزاھلىشىچە: «ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ ھەتتا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ كۆرۈشى ۋە ھېس قىلىشىدىن يوقىلىشى»دۇر. بۇ ئەھۋال بىر خىل ئۆزىنى يوقىتىش بولۇپ، «مەستلىك» ، «قومۇرۇش» ، «ئۆچۈرۈش» ۋە «جەملەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەھبۇبىنى كۆرۈش غالىب كەلسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشى، نەتىجىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ، «بىرلەشتىم» ، ھەتتا «مەن ئۇنىڭ ئۆزى شۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئەقلىگە كەلگىنىدە ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، پەرۋەردىگار پەرۋەردىگاردۇر، بەندە بەندەدۇر. خالىق باشقا، مەخلۇقات باشقىدۇر. مەخلۇقاتلاردا خالىقنىڭ زاتىدىن، خالىقنىڭ زاتىدا مەخلۇقاتلاردىن ھېچبىر نەرسە يوقتۇر. لېكىن، فەنائ ۋە مەستلىك ھالىتىدە ھوشىنى يوقىتىپ ئالجوقا جۆيلۈپ سېلىشى ئېھتىماللىق ئىش. مۇبادا ئەقىل - ھوشى جايىدا چاغدا بۇ تۈرلۈك ئالجوقا گەپلەرنى قىلسا، بۇ ئەلبەتتە ئازغۇنلۇق بولاتتى. بۇ ۋەجدىن ھوشىنى يوقىتىش سەۋەبلىك گۇناھ يېزىلمايدۇ. بۇ تۈرلۈك ئۆزىنى يوقىتىش كامالەت ياكى ياخشى سۈپەت ئەمەس، تەرغىبمۇ قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ ئىگىسى ئەقلى جايىدا بولمىغانلىقتىن قەدىم بىلەن ھادىسنى ئايرىيالماسلىقتا ئۆزرىلىك سانىلىدۇ. 3) قەلبىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن باشقىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تونۇشىدىن يوقىلىشى (فَنَاءٌ عَنْ وُجُودِ السِّوَى) بولۇپ، بۇ تۈر تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئىزاھلىشىچە: «مەۋجۇدلۇقنىڭ بىرگەۋدىلىشىش نەزەرىيەسىنى ياقىلىغانلارنىڭ فەنائىسى بولۇپ، ئۇلار مۇتلەق بىرلىكتە يوقىلىشنى نىشان قىلىدىغان، مەۋجۇدىيەتتىن كۆپلۈك ۋە سانىنى نەفيى قىلىدىغان، نەتىجىدە ئۆزگەنى ئەسلا كۆرمەيدىغان، بەلكى بەندىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئۆزى دەپ قارايدىغانلاردۇر». مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پەرۋەردىگار ۋە بەندە يوق بولۇپ، بۇ خىل يوقىلىشتا «تائەت» ياكى «مەئسىيەت» دېگەن نەرسە ھەم بولمايدۇ. چۈنكى، «تائەت ۋە مەئسىيەت» دېگەن ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئىتائەت قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت ئىككىلىكنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ئىككىلىك بولسا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە شىركتۇر. ئەمما، ئىمام ئىبنى تەيمىييەدەك ئالىملارنىڭ نەزەرىدە بولسا، بۇ ئۈچىنچى تۈر ئېغىر دەرىجىدە زىندىقلىق ۋە ئازغۇنلۇق بولۇپ، بۇ: «پۈتۈن مەۋجۇدلۇق پەقەت ئاللاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا مەۋجۇدلۇق يوق» دېگەنلىك بولغاچقا، بۇ تۈر كېيىنكى زامانلاردىكى خالىق بىلەن مەخلۇقنىڭ بىرگەۋدىلىشىش (الْحُلُولُ وَالِاتِّحَادُ) ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلىدىغان زىندىقلارنىڭ قارىشىدۇر. قاراڭ: جۇرجانىي: «ئەتتەئرىفات» ، 217 - بەت؛ ئىبنى تەيمىييە: «پەتۋالار مەجمۇئەسى» ، 313/2 - 222 ، «دارۇلۋەفائ نەشرىياتى» ، مىسىر ، م. 2005؛ دوكتور رەفىق ئەلئەجەم: «مَوْسُوْعَةُ مُصْطَلَحَاتِ التَّصَوُّفِ الْإِسْلَامِيِّ (ئىسلامىي تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى ئېنسىكلوپېدىيەسى)» ، 737، 738 - بەت، «لۇبنان ناشىرۇن نەشرىياتى». بېيرۇت، م. 1999؛ ئىلمىي گۇرۇپپا: «مُعْجَمُ مُصْطَلَحَاتِ الْعُلُوْمِ الشَّرْعِيَّةِ (شەرئىي ئىلىملەر ئاتالغۇلىرى قامۇسى)» ، 1219 - بەت، «پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىلىم ۋە تېخنىكا شەھەرچىسى» ، رىياد ، م. 2017.ـــ ت.

[2] ئەلبەقائ (الْبَقَاءُ): ئەرەب تىلىدا: «دائىملىق، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك بولۇش ۋە باقىمەندە» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا: (پەرۋەردىگارىدىن باشقىنى كۆرمەيدىغان بولغان) ئەلفەنائدىن كېيىن، ئۇنىڭ كامالى قۇدرىتىنىڭ ئەسەرى بولمىش مەخلۇقاتلارنى كۆرۈش ۋە ھېس قىلىشقا قايتىشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىككى زىت نەرسىنىڭ بىرىنى

جاھان كېزىش»، «چۆل - جەزىرىگە ئورۇق - تۇلۇكسىز كىرىش» دېگەندەك سوپىلارنىڭ پۇچەك سۆزلىرىنى ئاڭلىشقا قەلب قانداقمۇ چىداپ تۇرالىغاي؟! شۇڭا، كەمىنە سەن ئۈچۈن شۇنداق بىر كىتاب تۈزۈپ چىقايكى، «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»نىڭ يوشۇرۇن خەۋپلىرى نېرى قىلىنىپ، پايدىلىرىلا ئېلىنغاي، ئەڭ سەھىھ ۋە ئەڭ مۆتىۋەر رىۋايەتلەر، ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ياخشى ھېكمەتلەر كىرگۈزۈلگەي. تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك يەرلەرنى تاشلىۋېتىپ، قوشۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى قوشاي.

ئىنسان بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن نەپسىڭنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە ئۇنى كامىل باشقۇرۇش ئۈچۈن تەركىدىيار بولماق قارارىڭ راست بولىدىغان بولسا، بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا تايىنىدىغان نەرسەڭ ئىلىم بولسۇن. نەپسىڭ ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىڭنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلغىنكى، ئۇنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىپ قالغايسەن.

شۇ ئىككى كىشىنىڭ يولىدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىن:

بىرىنچىسى، فىقھىي مەسىلىلەرگە پىششىق قازى بولۇپ شۇ قازىلىقىنى ياكى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن بولۇپ، شۇ مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا دەبدەبىلىك ۋەز، ھەتتا كۆپتۈرۈلگەن نەسىھەتلەر بىلەن خالايىقنىڭ كۆزىنى خىرەلەشتۈرگەن كىشىنىڭ (يولىدىن ساقلان).

ئىككىنچىسى، ئېتىقادى بۇزۇق، ئىش - ھەرىكىتى باتىل، بىراۋلارغا قولىرى-يۇ پەشلىرىنى سۆيدۈرۈپ، ئۆزىنى مۇبارەك زات سانايدىغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ھەق يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ھاۋايى - ھەۋىسى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان كىشىنىڭ (يولىدىن ساقلان).

بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشى ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئاداشقان، ئەمەللەرنىڭ مېغىزىنى تاشلاپ قويۇپ، شاكاللىرىغا ئېسىلىۋالىدىغان، ئەمەل ئىبادەتكە يېڭى باشلىغان كىشىلەرنى يىلىنجاپ تۇرغان ئېزىتقۇلار بىلەن ئالدايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ يولى سەلەف سالىھلەرنىڭ يولى بولمىش ھەق ۋە ئامانلىق يولىغا زىت، خاتا بىر يولدۇر.

---

كۆرمەسلىك «ئەلفەنائ» بولسا، ھەر ئىككىسىنى بىرلىكتە كۆرۈش «ئەلبەقائ» دۇر. يەنە «ئەلفەنائ» رەزىل ئىللەتلەرنى تاشلاش، «ئەلبەقائ» گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش دەپمۇ ئىزاھلىنىدۇ. قاراڭ: ئىبنى ئەجىبە: «معراج التشوف إلى حقائق التصوف (تەسەۋۋۇف ھەقىقەتلىرىگە نەزەر مىئراجى)»، 59، 60 - بەتلەر.__ ت.

ئاللاھ خالىسا ئۇشبۇ كىتاب ساگا مەزكۇر ئاداشقاقلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان خۇسۇسلاردىن خەۋەر بەرگەي.

كىتابىمىز ئىلىمنىڭ بوسۇغىسىدىكى كىشىنىڭلا ئەمەس، ئىلىمدە پىشقان كىشىنىڭمۇ ئېھتىياجىغا داۋا بولغاي. چۈنكى، بۇ كىتابتا ئىبادەتلەرنىڭ سىرلىرى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى خەۋپ - ئاپەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇشلار بايان قىلىنىدۇ.

كىتابىمىز تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى: ئىبادەتلەر قىسمى؛
ئىككىنچى: ئادەتلەر قىسمى؛
ئۈچىنچى: ھالاك قىلغۇچى ئىشلار قىسمى؛
تۆتىنچى: ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئىشلار قىسمى.

بۇ تۆت قىسىمنىڭ ھەربىرى بۆلۈملەر، بابلار ۋە پەسىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## بەشی پێنجەم

# ئەبادەتلەر

# بىرىنچى بۆلۈم: ئىلىم ھەققىدە

## ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىمگە دائىر مەسىلىلەر

### [ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى]

ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»﴾[39/«زۇمەر»: 9].

ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[58/«مۇجادىلە»: 11] دەيدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ئالىمنىڭ دەرىجىسى مۆئمىننىڭ دەرىجىسىدىن 700 دەرىجە يۇقىرىدۇر، ھەر دەرىجىنىڭ ئارىسى 500 يىللىق مۇساپىدۇر» دېگەن[1].

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[35/«فاتىر»: 28].

«سەھىھەين»دە، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ› [2] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دەيدۇ.

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى تۈرلۈك ئادەم، يەنى ئابىد ۋە ئالىم توغرۇلۇق سورالغاندا: «ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقچىلىقى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەنىڭلاردىن ئارتۇق بولغىنىمغا ئوخشاشتۇر» دەپ، ئاندىن: «ئىنسانلارغا ئىلىم ئۆگەتكۈچىگە ئاللاھ رەھمەت يوللايدۇ، ئۇنىڭغا پەرىشتىلىرىدىن تارتىپ ئاسمان - زېمىندىكى مەخلۇقاتلار، ھەر ئاستىدىكى چۈمۈلىلەر ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلارغىچە ھەممىسى مەغپىرەت تىلەيدۇ» دەپ

[1] ئەبۇ تالىب ئەلمەككىي: «قۇتۇلقۇلۇب»، 241/1؛ غەززالىي: «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 5/1.
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (71)؛ مۇسلىم (1037).

جاۋاب بەرگەن[1].

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقچىلىقى بەئەينى كېچىدىكى تولۇنئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش مىراس قالدۇرمىغان، پەقەت ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. كىمكى ئىلىم ئۆگەنسە، تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ»[2].

سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ (قېتىرقىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان) ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ»[3] دېگەن.

خەتتابىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — «پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۈچ خىل قاراش بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

1) (راستىنلا) پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ؛

2) پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنى ھۆرمەتلەپ، تۆۋەنچىلىك قىلىدۇ؛

3) پەرىشتىلەر ئىلىم مەجلىسلىرىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇچۇپ كەتمەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىپ بىر يولغا چىقسا، ئاللاھ تائالا شۇ سەۋەبلىك ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتكە ئېلىپ بارغۇچى بىر يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەن[4].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلغان ھالدا ئۆلسە، جەننەتتە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا پەقەت بىرلا دەرىجە (ئارىلىق) بولىدۇ»[5]

---

[1] تىرمىزىي (2685): «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد (3641)؛ تىرمىزىي (2682). ئالبانىي: («سەھىھۇ سۇنەنى ئەبى داۋۇد»، 3096) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد (18011)؛ ئىبنى ماجە (226)؛ تىرمىزىي (3535). ئالبانىي: («سەھىھۇ سۇنەنىتتىرمىزىي»، 2801) «ھەسەن» دېگەن.

[4] مۇسلىم (2699).

[5] دارىمىي (354) ھەسەن بەسرىيدىن مۇرسەل كەلتۈرگەن. تەبەرانىي («ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، 9450) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بۇنىڭغا ئوخشاشراق مەرفۇئ بىر رىۋايەت

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن.

بەزى دانالار: «ۋادەرىخا! ئىلىمنى قولدىن بېرىپ قويغان كىشى نېمىگە ئېرىشتى، ئىلىمگە ئېرىشكەن كىشى نېمىنى قولدىن بەردى؟!» دېگەن.

## [ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى]

ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەردىن سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئاللاھ تائالانىڭ سەن سەۋەبلىك بىر كىشىنى ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن نۇرغۇن قىزىل تۆگىلىرىڭ بولغىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەن[1].

يۇقىرىدا ئەبۇ ئۇمامە باھىلىيدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىن باشقا يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچىگە بارلىق جانلىقلار، ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ»[2] دېگەن.

سوئال: نېچۈن بېلىق جىنىدا ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچىگە مەغپىرەت تىلەيدۇ؟

جاۋاب: چۈنكى ئىلىمنىڭ پايدىسى بارلىق نەرسىلەرگە، ھەتتا بېلىق - بېلىقجانلارغىچە ئومۇمىي بولىدۇ. ئالىم ئىلىم ئارقىلىق نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ھەممە نەرسىگە، ھەتتا بوغۇزلىنىدىغان ھايۋانلاردىن[3] بېلىقلارغىچە ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئالىملارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات سۈپىتىدە بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئالىملارغا مەغپىرەت تىلەشكە ئىلھام قىلىدۇ.

«سەھىھەين»دە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مېنى ۋەسىلە قىلىپ ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە شەرىئەت ئىلمى گوياكى زېمىنغا ياغقان مول يامغۇرغا

كەلتۈرگەن. ئالبانىي: («مىشكاتۇلمەسابىھ»، 249) «زەئىف» دېگەن.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2942)؛ مۇسلىم (2406).

[2] دارىمىي (343)، سەنەدى ياخشى، مەۋقۇف.

[3] مۇسلىم (1955). شەدداد ئىبنى ئەۋس رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشتا ياخشىلىقنى ۋە گۈزەللىككە بۇيرۇغان. ئۇنداقتا ئۆلتۈرگەندە چىرايلىق ئۆلتۈرۈڭلار، بوغۇزلىغاندا چىرايلىق بوغۇزلاڭلار...» دېگەن.

ئوخشايدۇ. بەزى يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، يامغۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ۋە ئوت - چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى يەرلەر گىياھ ئۈنمەس، سۇ سىڭمەس تېتىرلىق بولۇپ، سۇ يەر يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن بەندىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. كىشىلەر ئۇ سۇدىن ئىچىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يەنە بىر قىسىم تۈزلەڭ، شور يەرلەر بولۇپ، ئۇستىدە سۇمۇ تۇرمايدۇ، گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ. يۇقىرىقىلار دەل ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، ئاللاھ تائالا مەن بىلەن ئەۋەتكەن تەلىماتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشى بىلەن ئەكسىچە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇ تەلىماتقا باقمىغان ۋە ئاللاھ تائالا مەن بىلەن ئەۋەتكەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر»[1].

ھەيھات، ئەي ئاللاھ رەھمەت قىلغۇر، قارىغىنا، ھەدىستىكى نېمىدېگەن يارقىن ئوخشىتىش - ھە؟! ئىدراك ئىگىلىرى بولمىش فەقىھلەر ھەقىقەتەن بەئەينى سۇ سىڭىشچان، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن زېمىنغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىلىم ئىگىسى، چۈشەنگەن، يەكۈنگە باي ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكۈچىلەردۇر. گەرچە فەقىھلەرچىلىك چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە فىقھ ئىلمىگە ۋاقىپ بولمىسىمۇ، ھەدىسلەرنى توغرا نەقىل قىلىپ بەرگۈچىلەر بەئەينى سۇ ساقلايدىغان تېتىرلىققا ئوخشايدۇ، ئۇلاردىن كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدۇ. لېكىن، تەندۇرۇس تۇرۇپمۇ ئىلىم ئۆگەنمەيدىغان، يادقا ئالمايدىغانلارمۇ بار، ئۇلار نادان قارا خەلقتۇر.

ھەسەن بەسرىي ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ: «ئەگەر ئالىملار بولمىسا ئىدى، كىشىلەرنىڭ ھايۋاندىن پەرقى قالمايتتى» دېگەن.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىلىم ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىش ئاللاھتىن قورققانلىقتۇر؛ ئىلىم تەلەپ قىلىش ئىبادەتتۇر؛ ئىلىمنى ئۆزئارا دەرس قىلىشىش تەسبىھتۇر؛ ئىلىم ھەققىدە ئىزدىنىش جىھادتۇر؛ بىلمەيدىغانلارغا ئىلىم ئۆگىتىش سەدىقە، ئىلىمگە لايىق كىشىگە ئىلىم بېرىش ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەلدۇر. ئىلىم يالغۇزلۇقتا ئۈلپەت، خالىي قالغاندا دوستتۇر»[2] دېگەن.

كەئب ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ ئېيتىدۇ: «ئاللاھ تائالا مۇسا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (79)؛ مۇسلىم (2282).

[2] ئاجۇررىي: «ئەخلاقۇلئۇلەمائ»، (22)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 239/1؛ ئىبنى ئابدۇلبەر: «جامىئۇ بەيانىل ئىلىم»، (202). ئىبنى تەيمىييە («مەجمۇئۇلفەتاۋا»، 109/4): «بۇ مەرفۇئ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى قاتارىدا مەۋقۇف ساقلىنىپ كەلگەندۇر» دېگەن.

ئەلەيھسسالامغا ۋەھيي قىلىپ: ‹ئى مۇسا! ياخشىلىقنى ئۆگەنگىن ۋە ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگەتكىن. مەن ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى ۋە ئۇنى ئۆگەنگۈچىنىڭ قەبرىسىنى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن نۇرلاندۇرۇپ بېرىمەن› دېگەن».

## ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»[1] دېگەن.

مۇئەللىف ئىبنۇلجەۋزىي ئېيتۇر: ئالىملار بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان پەرز ئىلىمنىڭ زادى قايسى ئىلىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلاردا بولدى.

فەقىھلەر: «فىقھ ئىلمى كۆزدە تۇتۇلغاندۇر، چۈنكى ھالال ۋە ھارام مۇشۇ ئىلىم بىلەن ئايدىڭلىشۇر» دېسە؛

مۇفەسسىرلەر ۋە مۇھەددىسلەر: «بۇ قۇرئان ۋە سۈننەت ئىلمىدۇر، چۈنكى بۇ ئىككى ئىلىم بارلىق ئىلىملەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دېيىشتى؛

سوپىلار: «ئىخلاس ۋە نەپس ئاپەتلىرىنى بىلىش ئىلمى كۆزدە تۇتۇلغاندۇر» دېسە؛

كالامچىلار: «بۇ ئىلمى كالامدۇر» دېدى.

بۇ ھەقتە يەنە كىشىنى قايىل قىلمايدىغان نۇرغۇن قاراشلار بار. بىزچە توغرىسى بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان پەرز ئىلىم: بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئارىسىدىكى مۇئامىلىگە دائىر ئىلىمدۇر.

بەندىگە يۈكلەنگەن مۇئامىلە ئۈچ قىسىمدۇر:

1) ئېتىقاد (ئىشىنىپ باغلىنىش)؛

2) ئەمەل (بۇيرۇلغاننى ئورۇنداش)؛

3) تەرك (چەكلەنگەن نەرسىلەرنى تاشلاش).

---

[1] ئەلخەللال: «ئەلمۇنتەخەب مىنەلئىلەل»، (61، 62)؛ ئىبنى ماجە (224). بۇ ھەدىس زەئىف بولسىمۇ كۆپ يولدىن رىۋايەت قىلىنغاچقا، مەزمۇنى سەھىھتۇر. ئىمام مىززىي ۋە ئىمام سۇيۇتىي: («ئەددۇرەرۇل مۇنتەسەرە»، 24 - بەت) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3913، 3914) «سەھىھ» دېگەن.

كىچىك بالا بالاغەتكە قەدەم قويغان ھامان ئالدى بىلەن كەلىمەئى شاھادەتنى ئېيتىش ۋە مەنىسىنى ئۆگىنىشى ۋاجىبتۇر. ئۇ كۆزىتىپ، دەلىللەر بىلەن قانائەت ھاسىل قىلماي تۇرۇپ — دوراپ — شاھادەت ئېيتقان بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نادان ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدە گەرچە دەلىللەرنى چىن مەنادا تونۇپ يەتمىگەن بولسىمۇ، ئېيتقان شاھادەتلىرىنى كۇپايە كۆرگەن ئىدى، چۈنكى ئۇ شۇ چاغدا ئورۇندىلىشى زۆرۈر پەرز ئىدى. ئاندىن كېيىن، (ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئالامەتلىرىنى) كۆرۈش ۋە (ئاللاھ تائالانى) دەلىللەر بىلەن تونۇش ۋاجىبتۇر.

ناماز ئۆتەش ۋاقتى كەلگەندە تاھارەت ئېلىش ۋە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىشى؛ رامازان ئېيىغىچە ياشىسا روزا تۇتۇشى؛ ئەگەر مېلى بولۇپ، بىر يىل يىللىغان بولسا زاكات ئىلمىنى ئۆگىنىشى؛ ئەگەر ھەج ۋاقتى كەلسە - يۇ، قۇربى يەتسە، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىشى ۋاجىبتۇر.

تەرك يەنى تاشلاش بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، قارىغۇ كىشىنىڭ قاراش ھارام نەرسىلەرنى، تىلسىزنىڭ دېيىش ھارام سۆزلەرنى ئۆگىنىشى ۋاجىب ئەمەس. لېكىن، مۇبادا ئۇلار ياشاۋاتقان يۇرتتا ھاراق ئىچىش، ئەرلەر يىپەك كىيىم كىيىشتەك ئادەتلەر بولسا، بۇلارنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋاجىبتۇر.

ئېتىقاد — ئىشىنىشكە كەلسەك: كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىش مۇمكىن خۇسۇسلارغا ماس ئېتىقادىي ئىشلارنى بىلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر كىشىنىڭ قەلبىگە كەلىمەئى شاھادەتنىڭ مەزمۇنىغا دائىر شەك چۈشسە، ئۇنىڭ شۇ شەكلەرنى يوقىتىشقا ئالاقىدار ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى؛ ئەگەر بىدئەت ئىشلار كۆپ بولىدىغان بىر رايوندا بولسا، ئۇنىڭغا ھەق تەلقىن قىلىنىشى ۋاجىبتۇر. مەسىلەن، جازانىخورلۇق تارقالغان بىر شەھەردە ياشايدىغان سودىگەرگە ئۆسۈمدىن ساقلىنىشنى ئۆگىنىش ۋاجىبتۇر.

يەنە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، جەننەت ۋە جەھەننەمگە ئىمان ئېيتىشنى ئۆگىنىش لازىم.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەرز ئەيىن دېگىنىمىز، ھەربىر كىشى ئۆگىنىشى ۋاجىب ئىلىمدۇر.

پەرز كۇپايە بولسا، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ داۋاملىشىپ تۇرۇشىدا بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان بارلىق ئىلىملەردۇر. مەسىلەن، تېبابەت ئىلمى شۇلاردىندۇر. چۈنكى، بەدەن ساقلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. مىراس، ۋەسىيەت ۋە باشقا

تەقسىماتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھېساب ئىلمى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

قايسىبىر يۇرتتا بۇ ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى بولمىسا، پۈتۈن ئاھالە گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى بولسىمۇ بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنسە كۇپايىدۇر ۋە پەرزلىك قالغان كىشىلەردىن ساقىت بولىدۇ.

ئەلبەتتە «تىبابەت ۋە ھېساب ئىلىملىرىلا پەرز كۇپايەمىكىن» دەپ ھەيران بولماڭ. توغرىسى جىمى ئاساسلىق ھۈنەر - كەسىپلەر پەرز كۇپايە قاتارىدىندۇر. دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق ۋە ھاجامات (لوڭقا قويۇپ قان ئېلىش) دېگەندەك. چۈنكى، بىر شەھەردە ھاجاماتچى پەقەتلا بولمىسا، شەھەر ئاھالىسىگە تېزلا ھالاكەت يېتىشى مۇمكىن. كېسەلنى بەرگەن زات دورىنىمۇ بەرگەن ۋە دورىنى قانداق ئىشلىتىشنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن.

ھېساب ۋە تىبابەت ئىلمىنى نازۇك تەرەپلىرىگىچە چوڭقۇرلاپ بىلىش ئەلبەتتە پەزىلەت. لېكىن، ھەردائىم ئۇ دەرىجىدە ھاجەت چۈشۈۋەرمەيدۇ.

بەزى ئىلىملەر مۇباھ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مەزمۇنىدا بولمىغۇرلۇق يوق شېئىر ۋە تارىخ ئىلمىنى ئۆگىنىش شۇ قاتاردىندۇر. بەزى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئەيىبلىنىدۇ: «سېھىر، تىلسىم ۋە كۆز باغلاش» دېگەندەكلەر.

بارچە شەرئىي ئىلىملەر ماختىلىدۇ. ئۇلار: ئۇسۇل (ئاساس ئىلىم)، فۇرۇئ (شاخچە ئىلىم)، مۇقەددىمات (باشلانغۇچ ئىلىم) ۋە مۇتەممىمات (تاماملىغۇچى ئىلىم) قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ.

**ئۇسۇل** (شەرئىي دەلىللەر): ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى، ئۇممەتنىڭ ئىجمائىسى ۋە ساھابىلەردىن كەلگەن بايانلار (ئاسار).

**فۇرۇئ:** يەنى ئەقلىلەر ئاساس ئىلىملەردىن چۈشەنگەن مەنالاردۇر. ھەتتا ئەقلىلەر بۇ مەنالارنى ھەم ئېغىزدىن چىققان لەۋزدىن چىقىرىدۇ، ھەم ئۇدۇل ئېيتىلمىغان يان مەنىلەردىن يەكۈنلىگەن بولىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قازى ئاچچىقى يانماي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلمايدۇ»[1] دېگەن سۆزىدىن قازىنىڭ ئاچ قورساقمۇ ھۆكۈم قىلالمايدىغانلىقى مەنىسى چىقىدۇ.

**مۇقەددىمات:** نەھۇ (گرامماتىكا) ۋە لۇغەتكە ئوخشاش قورال سۈپىتىدىكى ئىلىملەر بولۇپ، ھەربىرى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىشتە زۆرۈر ۋاستىدۇر.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7158)؛ مۇسلىم (1717). ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

مۇتەممىمات: قىرائەت ۋە ھەرپ مەخرەجلىرى (توغرا تەلەپپۇز) ئىلمى، ھەدىس رىجالى[1]، راۋىيلەرنىڭ ئادالىتى ۋە ئەھۋاللىرىغا دائىر ئىلىملەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرئىي ئىلىملەردۇر ۋە ھەممىسلا ماختىلىدۇ.

## پەسل

مۇئامىلە ئىلمى: قورقۇش، ئۈمىد، رازىلىق، راستچىللىق ۋە ئىخلاس قاتارلىق تۈرلۈك قەلب ئەھۋاللىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىم سايىسىدە سۇفيان سەۋرىي، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد ــ ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ــ ۋە باشقا بۈيۈك ئالىملار يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتى ۋە ئەمەلىي تەتبىقلاشلىرى بىلەن مەشھۇر بولدى.

«فۇقاھا ۋە ئەللامە» دەپ تەرىپلەنگەن كىشىلەر ئىلىمنىڭ ھەقىقەتلىرىگە يېتىش ۋە سىرلىرى بىلەن ئەمەل قىلىش ئۈچۈن روھىنى ئالماي پەقەتلا ئىلىمنىڭ زاھىرى بىلەنلا مەشغۇل بولۇشقاچ مەرتىبىلىرى ئۆز ماقامىلىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. بەزىدە شۇنداق فەقىھلەر ئۇچرايدۇكى، «زىھار[2]، ئەر - خوتۇن قەسەم ئىچىپ لەنەتلىشىش، بەسلىشىش ۋە مەرگەنلىك» دېگەندەك تېمىلاردا ئەھكام ئۆگىتىۋاتقان بولىدۇ ياكى نۇرغۇنلىغان شاخچە ئەمما كەمدىن كەم ئېھتىياج چۈشۈپ قالىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ - يۇ، ئەسل ۋەزىپىسى بولغان ئىخلاسنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە رىيادىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئىشى يوق. ھالبۇكى، فەقىھ كىشى ئۈچۈن پەرز ئەين ئەمەل دەل كېيىنكىسىدۇر. چۈنكى، ئىخلاس ۋە رىياغا سەل قاراش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئاۋۋالقىسى بولسا پەرز كۇپايەدۇر. ئەگەر ئۇنداقلاردىن نېمىشقا ئىخلاس ۋە رىيا ھەققىدە سۆزلىمەيدىغانلىقىنى سورىساڭ، جاۋاب بەرمەيدۇ. «قەسەم ئىچىپ لەنەتلىشىش، مەرگەنلىك» دېگەنلەرنىڭ

[1] ھەدىس رىجالى ئىلمى (عِلمُ الرِّجَالِ): ھەدىس ئىلمىدە راۋىيلەر ۋە ئىشەنچلىكلىك دەرىجىلىرىنى بەلگىلەشتە پايدىلىنىلىدىغان ياكى ئىلىملەر ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر ئاتالغۇ. جەرھ ۋە تەئدىل ئىلمى (عِلمُ الجَرْحِ والتَعْدِيْلِ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ـــ ت.

[2] زىھار (الظِّهَارُ): ئەرەبچە «دۈمبە ۋە ئۇچا» دېگەن مەنىدىكى «ئەززاھىر / الظَّهْرُ» كەلىمەسىدىن تۈرلەنگەن ئاتالغۇ بولۇپ، شەرىئەت ئىستىلاھىدا: كىشىنىڭ ئايالىنى ياكى ئايالىنىڭ تېنىنىڭ مەلۇم بىر يېرىنى ئۆزى بىلەن مەڭگۈلۈك نىكاھ چۈشمەيدىغان ئانىسىنىڭ ياكى يېقىن تۇغقىنىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە ئوخشىتىپ، ئايالىنى ئۆزىگە ھارام ھېسابلاپ قەسەم ئىچىشى. جاھىلىيەتتە كىشىلەر ئاياللىرىدىن قاتتىق نارازى بولغاندا: «سىز ماڭا ئانامنىڭ ئۇچىسىدەك (ھارام)» دېيىش ئارقىلىق ئۇ ئايالنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېتىپ ھەم قويۇۋەتمەي، ئېسىپ قوياتتى. ئىسلامىيەت بۇنى ھارام قىلىپ، 58/«مۇجادىلە»: 2 - 4 - ئايەتلەردە بۇنى «يامان، ساختا سۆز» دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئاخىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇ سۆز تالاق ھېسابلانمايدىغان، لېكىن كەففارەت بەرمىگۈچە ئايالىغا يېقىن كېلەلمەيدىغان بولغان. ـــ ت.

ھۆكۈمنى سورىساڭ، ئەلبەتتە پەرز كۇپايە ئىكەنلىكىنى تەن ئالغان بولاتتى. دېمىسىمۇ شۇنداق. ئەجەبا، ئۇ ھېساب ئىلمىنىڭمۇ پەرز كۇپايەلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟! ئۇنداقتا نېمىشقا ھېساب ھەققىدە سۆزلىمەيدۇ؟! ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا شۇ ئەمەلنى دەل نەپسى چىرايلىق كۆرسەتكەن. چۈنكى، نەپس ياخشى كۆرىدىغان رىياكارلىق ۋە داۋراڭ سېلىش ھېساب ئىلمى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۆزمەنلىك، مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

## [ئىلىملەرنىڭ لەۋزىدىن ئۆزگەرتىلگەن نەرسىلەر]

بىلگىنكى، نۇرغۇن ھەق سۆزلەر يا ئۆزگەرتىۋېتىلدى ۋەيا بۇرمىلىۋېتىلدى، ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھلەر چۈشەنگەن مەنىدىن باشقا مەنىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۆزگىرىپ كەتكەن سۆزلەر بىرىنچىسى فىقھ (الفقه):

كۈنىمىزدە بۇ ئىبارە شاخچە مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشكە خاسلىشىپ قالدى. ھالبۇكى، دەسلەپكى دەۋرلەردە ئاخىرەت يولىنى بىلىش، نەپس ئاپەتلىرىنىڭ نازۇك جەھەتلىرى ۋە (خالىسانە) ئەمەللەرگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان سەۋەبلەرنى بىلىش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەسلىكىنى ئوبدان تونۇش، ئاخىرەت نېئمىتىگە قاتتىق ئىنتىلىش ۋە ئاللاھ قورقۇنچىنىڭ قەلبكە ھۆكۈمران بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ھەسەن بەسرىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئېيتۇر: «شەكسىزكى، فەقىھ دېگەن دۇنياغا قىزىقماي ئاخىرەتكە قىزىقىدىغان، دىنىدىن خەۋەردار، پەرۋەردىگارىغا داۋاملىق ئىبادەت قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان پەرھىزكار، مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىغا چېقىلمايدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىدىغان كىشىدۇر»[1].

شۇڭا، ئىلگىرىكىلەر فىقھ ئاتالغۇسىنى كۆپرەك ئاخىرەت ئىلمىگە ئىشلىتەتتى. ھەرگىز نوقۇل پەتۋا بېرىشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىق ۋە مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكى بىلەن پەتۋا ئىلمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

كېيىنكىلەرنىڭ بۇ ئىبارىنى پەقەتلا شاخچە مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشكىلا خاسلاشتۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە كىشىلەر ئوچۇقچە پەتۋا ئىلمى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئاخىرەت ئىلمىگە قىزىقمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

ئىككىنچىسى ئىلىم (العلم): بۇ ئىبارە ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇ زاتنىڭ قۇدرەت

[1] بىر قىسمىنى دارىمي (294) رىۋايەت قىلغان. سەنەدى سەھىھ.

ئالامەتلىرىنى، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ۋە بەندىلىرىگە قارىتا رەھمەتلىرىنى بىلىشكە قوللىنىلاتتى. كېيىنچە بۇ ئىبارىنىڭمۇ مەزمۇنى تارىيىپ كەتتى، ھەتتا كۆپىنچە فىقھىي مەسىلىلەردە مۇنازىرە قىلغۇچى ـ گەرچە ئۇ تەپسىر ۋە ھەدىسلەرنى بىلمىسىمۇ ـ ئىلىم ئىگىسى، دەپ ئاتالدى.

ئۈچىنچىسى تەۋھىد (التوحيد): بۇ ئىبارە بارلىق سەۋەب ۋە ۋاسىتىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغان دەرىجىدە ھەممە ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى تونۇشنى كۆرسىتەتتى. بۇ دەرىجىدىكى تونۇشنىڭ مېۋىسى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئاللاھ تائالادىن رازى بولۇشتۇر. ھالبۇكى، ھازىر ئەقىدە ۋە ئۇسۇلۇلفىقھ ھەققىدە گەپ يورغىلىتىش سەنئىتى تەۋھىد بولۇپ قالدى. بۇ سەلەف سالىھلەرنىڭ نەزەرىدە مۇنكەر ئىشلار قاتارىدىن ئىدى.

تۆرتىنچىسى ئەسلىتىش (التذكير) ۋە ئەسلەش (الذكر):

ئاللاھ ئېيتۇر: ﴿ئەسلەتكىن، چۈنكى ئەسلىتىش مۇئمىنلەرگە پايدا بېرىدۇ﴾ 51/«زارىيات»:55 .

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى:

— جەننەت باغچىلىرىدىن ئۆتسەڭلار خاھلىغانچە يەپ ـ ئىچىڭلار. شۇندا ساھابەلەر:

— جەننەت باغچىلىرى نېمىدۇر، ئى رەسۇلۇللاھ؟ — دېگەنىدى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى:

— زىكىر سورۇنلىرى، — دېدى»[1].

ھالبۇكى، كۈنىمىزدە زىكىر سورۇنلىرى مەدداھلار قىسسەخانلىق قىلىدىغان، شەرىئەتكە مۇخالىپ سۆزلەر ۋە باشقا ئاپەتلەر يامرىغان سورۇنلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ئاۋۋالقىلارنىڭ قىسسەلىرىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلار بىلسۇنكى، ئۇ ھېكايات ۋە قىسسەلەرنىڭ كۆپىنچىسى توقۇلمىدۇر. مەسىلەن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشتان بېغىنى يەشكەنلىكى؛ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى قولىنى چىشلىگەن ھالەتتە كۆرگەنلىكى؛ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرىيانى جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇپ، ئۇرىيانىڭ جىھادتا

[1] تىرمىزىي (3510)؛ ئەبۇ يەئلا (3432). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ تەبەرانىي «ئەلكەبىر»، (11158) دە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. ئالبانىي: («سەھىھۇ سۈنەنىتتىرمىزىي»، 2787) «ھەسەن» دېگەن.

ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش قىسسەلەرنى ئاڭلاش زىيانلىقتۇر.

مۇتەسەۋۋىفلەرنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىدىكى ئىلاھىي سۆيگۈ سىرلىرىنى سۆزلەپ يۈرۈشىدەك باشقىلار چۈشەنمەيدىغان گەپ - سۆزلەر (الشطح) بىلەن شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى تولغاپ ئىزاھلاش (الطامة) قا كەلسەك، بۇ ئاۋام خەلققە قاتتىق سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ سۆزلەر سۆيگۈ - مۇھەببەت داستانى، ۋىسال شەربىتى ۋە پىراق ئەلەملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداق سورۇنىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تومپاي، ئىچى ھېرىسكە تولغان شەكىلۋاز كىشىلەردۇر. شۇڭا، ئۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن ھېرىس - شەھۋەتنىلا قوزغىتىدۇ - دە، نەپسى ئوت ئېلىپ قاتتىق چۇقان سالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پاساتچىلىق خالاس.

بەزىدە مۇتەسەۋۋىفلەرنىڭ بۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلىرى ئاللاھ تائالانى قاتتىق ياخشى كۆرۈش دەۋاسى بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانمۇ بەسى چوڭدۇر. خېلى كۆپ دېھقان كىشىلەر مۇشۇ تۈرلۈك دەۋالار بىلەن دېھقانچىلىقلىرىنى تاشلاپ قەلەندەر بولۇپ كەتتى.

بەشىنچىسى ھېكمەت (الحكمة): يەنى ئىلىم ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش. ئىبنى قۇتەيبە — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئېيتۇر: «بىر ئادەمدە ئىلىم بىلەن ھېكمەت تەڭ تېپىلمىغۇچە، ھەكىم ھېسابلانمايدۇ». ھالبۇكى، ھەكىم كەلىمىسى زامانىمىزدا تېۋىپ ۋە مۇنەججىملەرگە خاس ئىسىم بولۇپ قالدى.

## [ماقۇل ئىلىملەردىن ماختىلىدىغان مىقدارنىڭ ئىزاھى]

بىلىڭكى، ماختىلىدىغان ئىلىملەر ئىككى تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچىسى: يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ماختىلىدىغان ئىلىم. بۇ ئىلىم قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى ۋە ئەۋزەل. يەنى ئاللاھ تائالانى، ئۇ زاتنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئىشلىرىنى ۋە تەرتىپ جەھەتتە ئاخىرەتنى دۇنيانىڭ ئالدىغا قويۇشىدىكى ھېكمەتنى بىلىش شۇ قاتاردىندۇر. بۇ ئەسلىدىلا بىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان، تولىمۇ شېرىن ئىلىم بولۇپ، ئۇ ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ئىلىم بەجايىكى چوڭقۇرلۇقتا تېگى يوق، ھەركىم پەقەت ئۆزىگە قولاي بولغان قىرغاق ۋە ياقىلىرىدىلا ئايلىنالايدىغان دېڭىزنىڭ ئۆزىدۇر.

ئىككىنچىسى: قىسمەن ماختىلىدىغان ئىلىملەر. ئۇلار يۇقىرىدا پەرز كۇپايە ئىلىملەر قاتارىدا بايان قىلىندى. ھەر ئىلىمنىڭ باشلانغۇچ، يېتەرلىك ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىرى بار.

شۇ ئىككى كىشىدىن بىرى بول: يا ئۆز ـ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن مەشغۇل كىشى بول، ياكى ئۆزىدىن ئېشىنالىسا، باشقىلارغىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىدىغان كىشى بول.

ئۆز نەپسىڭنى ئىسلاھ قىلماي تۇرۇپ باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىشتىن ساقلان. تېشىڭنى ئىسلاھ قىلىشتىن بۇرۇن ئىچىڭنى ئىسلاھ قىل: ھەۋەس، ھەسەت، رىيا ۋە كۆرەڭلىك كەبى يامان سۈپەتلەردىن پاكلانغىن. ئاللاھ خاھلىسا، بۇ توغرىدا «ھالاكەتكە تاشلىغۇچى قىلمىشلار» تېمىسىدا توختالغايمىز.

ئەگەر نەپسىڭنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋاقتىڭ يەتمىسە، پەرز كۈپايە ئىلىملەرنى قويۇپ تۇر. چۈنكى، پەرز كۈپايىلەر بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلار يەتكۈچە بار. باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشقا بېرىلىپ ئۆزى ھالاك بولۇش ھاماقەتلىكتۇر. ئۇنداق كىشى بەئەينى ئۆز كىيىمىنىڭ ئىچىگە چايانلار كىرىپ كېتىۋاتسا، باشقىلارنىڭ چىۋىنىنى قورۇيدىغان ھاماقەتكىلا ئوخشايدۇ.

مۇبادا ئۆزۈڭنى ئىسلاھ قىلىش ۋە نەپسىڭنى پاكلاشتىن ئېشىنساڭ — بۇغۇ تولىمۇ تەس ئىش — ئاندىن پەرز كۈپايىلەر بىلەن مەشغۇل بولغىن. ئۇمۇ پەيدىنپەي ۋە ئاستا ـ ئاستا بولغاي.

ئەۋۋەلەن ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ كىتابىنى ئۆگىنىش بىلەن باشلا، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ سۈننىتىنى ئۆگەنگىن. ئاندىن تەپسىر، ناسىخ (ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى) ۋە مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان)، مۇھكەم (قاراتمىلىقى ئوچۇق) ۋە مۇتەشابىھ (تۇتۇق) ئايەتلەرنى ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئانغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگەنگىن.

ھەدىستىمۇ مۇشۇ يولنى تۇت. ئاندىن فىقھ ۋە شاخچە ئىلىملەرنى ئۆگەنگىن. ئاندىن كېيىن ئۆمرۈڭ يەتسە ۋە ۋاقتىڭ يار بەرسە، باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشسەڭ بولىدۇ.

«بىر پەننى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىمەن» دەپ پۈتۈن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزمىگىن. چۈنكى، ئىلىم كۆپ، ئۆمۈر قىسقا. يۇقىرىقى ئىلىملەر باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتە گوياكى كېرەكلىك قورال ـ سايمانلارغا ئوخشايدۇ. باشقا بىر ئىلىمنى ئۆگىنىشتە موھتاج بولىدىغان ۋاستە ئىلىمنى ئۆگەنگەندە، ئەسلى مەقسەتتىكى ئىلىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

## ئىلمى ئۆزىگە مەنپەئەت بەرمىگەن ئالىم ھەققىدە

بىلگىنكى، باشقىلارنى يېڭىۋېلىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەر بەدئەخلاقلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇنداق مۇنازىرىچى ئۆزىگە تەڭ تۇرالمىغانلارنى پەس كۆرگەچكە تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنالمايدۇ، شۇنىڭدەك نۇرغۇن كىشىلەر باركى، تەڭقۇرلىرىدىن ئۆزىنى يۇقىرى تۇتقاچقا چوڭچىلىق ۋە رىيادىن ساقلىنالمايدۇ. كۆنىمىزدىكى كۆپىنچە مۇنازىرىچىلەر ئۆزىنىڭ مۇنازىرىدە غالىب كەلگەنلىكىنى كىشىلەرگە مەقسەتلىك بىلدۈرۈپ، خالايىقنىڭ ئۆزىنى ماختاپ، ئاپىرىن ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆمۈرلىرىنى نادىر مەزمۇنلارنى يادلاش ۋە سۆزمەنلىككە ئوخشاش مۇنازىرىدە پايدىلىق، ئاخىرەتتە پايدىسىز ئىلىملەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. دەرھەقىقەت رەسۇلۇللاھ: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى ئىلمى ئۆزىگە مەنپەئەت بەرمىگەن ئالىمدۇر»[1] دېگەن.

## ئىلىم ئۆگەتكۈچى ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ ئەدەبلىرى

ئىلىم ئۆگىنىش قەلبنىڭ ئىبادىتى، شۇڭا ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئاۋۋال نەپسىنى ناچار خۇي ۋە يىرگىنچ خاھىشلاردىن پاك قىلىشى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە توسقۇنچى ئامىللاردىنمۇ يىراق تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، پىكىر چېچىلسا، ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىش تەسلىشىدۇ.

سەلەف سالىھلەر ئىلىمنى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەل كۆرەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — 40 ياشتىن ئاشقاندا ئۆيلەنگەن؛ ئەبۇبەكرى ئەنبارىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — غا بىر دېدەك ھەدىيە قىلىندى، دېدەك ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئەبۇبەكرى ئەنبارىي بىر تېمىدا ئويلىنىۋاتاتتى، دېدەك نېرىراقتا كۈتۈپ تۇردى. ئەبۇبەكرى ئەنبارىي:

— بۇ دېدەكنى قۇل سودىگىرىگە ئېلىپ چىقىڭلار، — دېدى. دېدەك:

— مەن نېمىنى خاتا قىلغاندىمەن؟ — دېگەندى. ئەبۇبەكرى ئەنبارىي:

— يوقسۇ! مېنىڭ قەلبىم سىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالدى، مەن ھېچقانداق ئامىلنىڭ مېنى ئىلىمدىن توسۇشىغا يول قويالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇسسەغىر»، (507). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 868) «بەك زەئىف» دېگەن.

خۇددى بىمار تېۋىپنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغاندەك، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىمۇ ئۇستازىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىقى، دائىما كەمتەر بولۇشى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇلىغىنى تۇتۇپ بېرەتتى ۋە: «بىز ئالىملارغا مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇق» دەيتتى[1].

ئىلىم ئۆگەنگۈچى قاچانكى، گەرچە ئۆزىدىن ئالىمراق بولمىغان بىر كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلمىي پايدا كېلىدىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپ چوڭچىلىق قىلسا، ئۇ نادانىدۇر. چۈنكى، ھېكمەت مۇئمىننىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسىدۇركى، ئۇنى قەيەردە تاپسا، شۇ يەردىن ئېلىۋالغۇلۇق. ئوقۇغۇچى ئۇستازىنىڭ قارىشىنى ئۆز قارىشىدىن ئۈستۈن تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇستازنىڭ خاتا قارىشىمۇ ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ توغرا قارىشىدىن پايدىلىقراقتۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ئومۇمەن سالام بەرگەندە، ئۇستازىڭغا ئالاھىدە سالام بېرىشىڭ ئۇنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققىدۇر. ئۇستازىڭنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغاندا قول ئىشارىتى قىلما، كۆزلىرىڭنى يۇمۇۋالما، كۆپ سوئال سورىما، ئۇ بىر مەسىلىگە جاۋاب بېرىۋاتقاندا گېپىگە لوقما سالما؛ ئۇستازىڭ چارچاپ قالسىمۇ دەرس سوراپ تۇرۇۋالما، دەرس بەرمىسە قايتا - قايتا دەرس بېرىشىنى تەلەپ قىلما؛ ئورنىدىن تۇرغاندا كىيىمىنى تۇتما، سىرىنى ئاشكارىلىما ۋە ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلما؛ ئۇستازىڭنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدىمە، ئەگەر خاتالاشسا مەئزۇر كۆر؛ ئۇستازىڭغا: ‹پالانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، پوكۇنى سىز دېگەننىڭ ئەكسىنى دېگەن› دېمە؛ ئۇنىڭ قېشىدا بىرەر ئالىمنى سۈپەتلىمە؛ ئۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت ھەمراھ بولساڭمۇ زېرىكمە، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن بويۇن تولغىما ۋە ئۇنىڭ بىرەر ھاجىتى بولسا، باشقىلاردىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا تىرىش. ھەقىقەتەن، ئۇستازىڭ بەجايىكى سەن ‹مېۋىسى قاچان چۈشىدۇ› دەپ كۈتۈپ تۇرىدىغان خورما دەرىخىدۇر»[2].

ئىلىمگە قەدەم قويغۇچى دەسلەپكى مەزگىلدە كىشىلەرئارا ئىختىلاپلارغا قۇلاق سېلىشتىن ساقلانغاي. چۈنكى، زىيادە قىزىقىش ئۇنى گاڭگىرىتىپ، زېھنىنى چارچىتىپ قويىدۇ.

ئۆمۈر بارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە يەتكۈدەك ئۇزۇن ئەمەس. شۇڭا، ئىلىم

[1] تەبەرانىي: («ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، 4613). سەنەدى «سەھىھ». ھەيسەمىي («مەجمەئۇززەۋائىد»، 15851).

[2] قازى ئىياز: «ئەلئىلمائىۇ»، 48 - بەت؛ خەتىب ئەلباغدادىي: «ئەلجامىئۇ لىئەھكامىرراۋىي»، 199/1.

ئۆگەنگۈچى بارلىق ئىلىملەردىن ئەڭ ياخشىسىنى ئېلىشى ۋە پۈتۈن ۋاقتىنى ئەڭ شەرەپلىك ئىلىم بولمىش ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىمگە سەرپ قىلىشى كېرەك. بۇ ئىلىم ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەقىن (قەتئىيلىك) ماقامىغا ئېرىشتۈردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرىگە گۇۋاھلىق بېرىپ: «ئەبۇبەكرى سىلەردىن نامىزى ۋە روزىسى كۆپلۈك بىلەن ئېشىپ كەتمىدى، بەلكى كۆكسىگە ئورناتقان نەرسە (ئىمان - ئىشەنچ) بىلەن ئېشىپ كەتتى» دېگەن[1]. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

## [ئۇستازنىڭ ۋەزىپىلىرى]

ئۇستازنىڭمۇ ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى بار:

شۇلاردىن بىرى: ئوقۇغۇچىلارغا شەپقەتلىك بولۇش، ئۇلارنى ئۆز باللىرى ئورنىدا كۆرۈش؛ ئۇستاز ئىلىم ئۆگەتكەنلىكىگە ھەق ئالمايدۇ، مۇكاپات ۋە تەشەككۇر كۈتمەيدۇ. بەلكى ئىلىمنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈنلا ئۆگىتىدۇ، ئۆزىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېھسان قىلغۇچى دەپ قارىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزى تېرىغان ئىلىم بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئاللاھقا يېقىنلاشقانسېرى بۇنى ئۇلار ئۈچۈن بىر پەزىلەت دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بەئەينى بىر تېرىقچىنىڭ ئېكىنزارىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇستاز ھەققىنى ئاللاھ تائالادىنلا تىلىشى كېرەك. سەلەفلەر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەدىيەسىنى زىنھار قوبۇل قىلمايتتى.

ۋەزىپىلەردىن يەنە بىرى: ئوقۇغۇچىغا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش ۋە ئەيىبلەپ تۇرۇپ ئەمەس، مۇمكىنقەدەر ئىما - ئىشارە ئارقىلىق يامان ئەخلاقلاردىن توسۇش؛ چۈنكى، تەنقىد ھۆرمەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.

ۋەزىپىلەردىن يەنە بىرى: ھەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدراك ۋە ئەقىل سەۋىيەسىگە قاراش، ئوقۇغۇچىغا ئۇ چۈشىنەلمەيدىغان ۋە ئەقلى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تاڭماسلىق. چۈنكى، بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن كىشىلەرگە ئەقىللىرى مىقدارىدا خىتاب قىلىشقا

[1] ھەكىم تىرمىزىي بۇنى («ئەننەۋادىر»، 345 - بەت): «تابىئىنلەردىن بەكر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلمۇزەنىينىڭ سۆزى» دەپ رىۋايەت قىلغان؛ ئىبنى تەيمىييە («مىنھاجۇسسۈننە»، 137/6): «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەيياشنىڭ سۆزى» دەپ بايان قىلغان؛ ئىبنۇلجەزەرىي («غايەتۇننىھايە»، 327/1): «بۇنى ھەدىس ئىلىمنى بىلمەيدىغانلار رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىپ، ‹ھەدىس› دەپ نەقىل قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەيياشنىڭ سۆزىدۇر» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 962) «مەرفۇئ رىۋايەت قىلىنمىغان» دېگەن.

بۇيرۇلدۇم» دېگەن[1].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ — كۆكسىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ —: «بۇ يەردە ئىلىم بار، كاشكى بۇ ئىلىمنى كۆتۈرەلەيدىغانلارنى تاپالىسام!» دېگەن.

ئىمام شافىئىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن[2]:

*چاھارپايلار ئاراسىغا چاچارمەنمۇ گۆھەرنى،*
*قوي باقارغا نەزمە قىلىپ يۇرەرمەنمۇ نەسرنى،*
*نادانغا ئىلىم بەرسە كىشى زايە قىلمىش ئۇلۇر،*
*بەرمىسە گەر لايىقلارغا زۇلۇم ئەتمىش بولۇر.*

ۋەزىپىلەردىن يەنە بىرى: ئىلىمگە ئەمەل قىلىش ۋە سۆز - ھەرىكىتى بىردەك بولۇش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتابنى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[«بەقەرە»: 2/44] دەيدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئۈچۈن ئىككى ئادەم مۇسىبەتتۇر: بىرى، بىھايا ئالىم، يەنە بىرى، ئىبادەتگۈي جاھىل» دېگەن.

## ئىلىمنىڭ ئاپەتلىرى، ناچار ئالىملار ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان ئالىملار

ناچار ئالىملار — دۇنيادا پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلىم ئالغان ئالىملاردۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىلىمنى دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى

[1] دەيلەمىي: «ئەلفىردەۋس»، (1611)؛ سەخاۋىي: («ئەلمەقاسىد»، 180) «سەنەدى بەك زەئىپ» دېگەن. لېكىن، ئىمام بۇخارىي (127 - ھەدىستىن بۇرۇن) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك سۆزلەڭلار، سىلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يالغانغا چىقىرىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟!» دېگەنلىكىنى، ئىمام مۇسلىم («ئەسسەھىھ» مۇقەددىمىسىدە) ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان گەپنى قىلما، ئۇنداق قىلساڭ، بەزىلەرنى پىتنىگە سېلىپ قويىسەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

[2] «دىۋانۇششافىئىي»، 124 - بەت.

پۇرسىيالمايدۇ»[1] دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئىلمى بىلەن ئالىملارغا كىبىرلىنىش ياكى نادانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋەياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلسا، ئۇنداق كىشى دوزىخىيدۇر»[2] دېگەن. بۇ ھەقتە ھەدىسلەر كۆپتۇر.

سەلەفلەردىن بىرى: «سەكراتتىكى چاغدا قاتتىق نادامەت چېكىدىغان كىشى ئۆمرىنى غەپلەت ۋە سەل قاراش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئالىمدۇر» دېگەن.

بىلگىنكى، ئالىمغا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقلاردىن توسۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. «ئالىم زاھىد بولۇپ، ھەممىنى تاشلىسۇن» دېمەيمىز، پەقەت كۆڭلىنىڭ يېتىشىچە دۇنياغا بېرىلمىسۇن. نېمىلا دېگەن بىلەن، ھەممە ئادەمنىڭ رىيازەتكە چىدىيالىشى ناتايىن. كىشىلەر ئوخشىمايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سۇفيان سەۋرىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — تاماقنى ئوبدان يەيتتى ۋە: «ئۇلاغقا ھەلەپ ياخشى بېرىلمىسە ئىشلىمەيدۇ» دەيتتى.

ئىمام ئەھمەد — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئىچىدە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا بەكرەك سەبىر قىلاتتى. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى خىلمۇخىلدۇر.

ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلەيدىغان ئالىملارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى: ئۇلار دۇنيانىڭ ئەرزىمەس، ئاخىرەتنىڭ بىباھا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ئىككىسى دەرۋەقە ئىككى كۈندەشكە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئاخىرەتنى ئەۋزەل بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى گەپ - سۆزلىرىگە زىت كەلمەيدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە مەنپەئەتلىك ئىلىمگە مايىلدۇر. شۇڭا، مەنپەئەتى زىيادە بولغان ئىلىمنى تاللاپ، مەنپەئەتى ئاز ئىلىمدىن يىراق تۇرىدۇ.

شەقىق ئەلبەلخىي ھاتىم ئەلئەسەمدىن — ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن — سورىدى:

— ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىز بىلەن بىرگىسەن، نېمىلەرنى ئۆگەندىڭ؟

ھاتىم جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— سەككىز تۈرلۈك ئىلىم ئۆگەندىم:

---

[1] ئەھمەد (8438)؛ ئەبۇ داۋۇد (3664)؛ ئىبنى ماجە (252). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] تىرمىزىي (2654)؛ ئىبنى ماجە (253). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

1) مەخلۇقاتقا قارىدىم، ھەركىمنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسى بار ئىكەن، كىشى قەبرىگە يەتكەندە، ياخشى كۆرگەن نەرسىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىكەن، شۇڭا مەن قەبرەمدە مەن بىلەن بىللە بولۇشى ئۈچۈن ياخشى ئەمەلنى ئۆزۈمگە يار قىلدىم.

2) مەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتۇر﴾79/«نازىئات»: 40، 41 دېگەن سۆزىگە قارىدىم ۋە نەپسىمنى خاھىشىمغا بېرىلىشتىن توسۇشقا كۈچىدىم، شۇندا نەپسىم ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا مۇستەھكەم تۇردى.

3) كۆردۈمكى، ھەركىمنىڭ قېشىدا ئۆزى ساقلايدىغان قىممەتلىك نەرسىسى بار ئىكەن، مەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەبر قىلغۇچىلارغا، ئەلبەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾16/«نەھل»: 96 دېگەن سۆزىگە قارىدىم ۋە قاچانكى قولۇمغا قىممەتلىك نەرسە چۈشۈپ قالسا، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ماڭا ياخشىلىق ئەپكەلسۇن ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلدىم.

4) كۆردۈمكى، كىشىلەر مال - دۇنيا، كېلىپ چىقىش ۋە شەرەپكە ھېرىسمەنىكەن، ھالبۇكى بۇلار ئەرزىمەس نەرسىلەردۇر. مەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾49/«ھۇجۇرات»: 13 دېگەن سۆزىگە قارىدىم ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ھۆرمەتلىك بولۇش ئۈچۈن تەقۋادار بولۇشقا تىرىشتىم.

5) قارىسام، كىشىلەر ئۆزئارا ھەسەت ئىچىرە ئىكەن، مەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۆزلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق﴾43/«زۇخرۇف»: 32 دېگەن سۆزىگە قارىدىم ۋە ھەسەت قىلىشنى تاشلىدىم.

6) قارىسام، كىشىلەر بىر - بىرىنى دۈشمەن تۇتۇشىدىكەن، مەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار﴾35/«فاتىر»: 6 دېگەن سۆزىگە قارىدىم ۋە كىشىلەرنى دۈشمەن تۇتۇشنى تاشلاپ، شەيتاننى دۈشمەن تۇتتۇم.

7) قارىسام، كىشىلەر رىزىق تەلەپ قىلىپ ئۆزىنى خار قىلىشىدىكەن، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿يەر يۈزىدىكى بارچە ھايۋانلارغا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغاندۇر...﴾11/«ھۇد»: 6 دېگەن سۆزىگە قارىدىم ۋە ئاللاھ

تائالانىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ھەقلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم، ئۆزۈم ئۇچۇن بولغان نەرسىنى ئاللاھقا قويدۇم.

8) مەن كىشىلەرنى تىجارىتىگە، كەسىپ - كارىغا، تەن ساقلىقىغا تەۋەككۈل قىلغان ھالەتتە كۆردۈم، ئاندىن ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۈل قىلدىم.

ئاخىرەت يۈرتىنى كۆزلەيدىغان ئالىملار: ئەمەلدارلار بىلەن ئارىلاشمايدۇ، ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— پىتنىگە چۈشۈپ قالىدىغان يەرلەردىن ساقلىنىڭلار! — دېگەنىدى.

— نېمىنى كۆزدە تۇتتىڭىزكىن؟ — دېيىشتى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئەمىر - ئۆمەرالارنىڭ بوسۇغىسىنى. ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا بارسا (خۇشامەتەن) يالغانلىرىنى تەستىقلاپ، ئۇلارنى ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەپ قويىدىغانلار بار، — دېدى[1].

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن —: «ئەمىر - ئۆمەرالار بىلەن يېقىن بىرەر ئالىمنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇنداق ئالىم ئوغرىدۇر» دېگەن.

بەزى سەلەفلەر: «ئەمىرلەر سېنىڭ دىنىڭدىن ئەۋزەلرەك نەرسىگە ئېرىشمىگۈچە، سەن ئۇلارنىڭ دۇنياسىدىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن» دېگەن[2].

ئاخىرەت يۈرتىنى كۆزلەيدىغان ئالىملار: پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىمايدۇ ۋە توغرىلىقىغا جەزم قىلمىغۇچە پەتىۋا بەرمەيدۇ. سەلەف سالىھلەر بىر مەسىلىگە پەتىۋا بېرىشنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشەتتى، ھەتتا ئۇ مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا بېرىش چۆرگىلەپ بىرىنچى كىشىگە قايتاتتى.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى لەيلا — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئېيتۇر: «مەن مەسجىدى نەبەۋىيدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابەلىرىدىن 120 كىشىنى كۆرگەنمەن. ئۇلارنىڭ قايسىبىرىدىن ھەدىس ياكى پەتىۋا توغرۇلۇق سورالسا، ئۇ چوقۇم قېرىندىشىنىڭ جاۋاب بېرىشنى خالايتتى»[3].

---

[1] ئابدۇررازاق (20643).

[2] بۇ تابىئىنلەردىن ئەلقەمە رەھمەھۇللاھنىڭ سۆزىدۇر. قاراڭ: ئەبۇ مەسئۇد ئەلمەئافىي: «ئەززۇھد»، (45).

[3] دارىمىي (135). ھۇسەين سەلىم ئەسەد: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

مانا ئەمدى ئۆزىنى ئىلىملىك سانىغۇچى بىر تۈركۈم كىشىلەر بىرەر مەسىلە ئوتتۇرىغا تاشلانغان ھامان جاۋابلاش ئۈچۈن دەرھال سەكرەپ چۈشىدىغان بولۇپ كەتتى. «ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۇنۇلسا ئىدى، (چوقۇم) بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابەلەرنى يىغىپ، مەسىلىھەتىنى ئالغان بولاتتى»[1].

ئاخىرەت يۈرتىنى كۆزلەيدىغان ئالىملار: كۆپىنچە «ئەمەللەرنى نىيەتلەر بۇزىدۇ، نىيەتلەر قەلبلەرنى بۇزىدۇ ۋە نىيەتلەر ۋەسۋەسە قوزغايدۇ؟» دېگەن ھەقتە ئىزدىنىشىدۇ. چۈنكى، ئەمەللەر كۆرۈنۈشتە بىر - بىرىگە يېقىن ۋە قولايدەك بولغىنى بىلەن، ساپ ئەمەل بەسى قىييىندۇر. دىنىنىڭ ئاساسى يامانلىقتىن ساقلىنىشتۇر، شۇڭا ساقلىنىدىغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگۈچە، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ئاخىرەت يۈرتىنى كۆزلەيدىغان ئالىملار: شەرئىي ئەمەللەرنىڭ سىرلىرى توغرۇلۇق ئىزدىنىش ۋە ئۇلاردىكى ھېكمەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىش، ئەگەر ئەمەللەرنىڭ بەلگىلىنىش سىرلىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلسە شەرىئەتكە تەسلىم بولۇش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

ئاخىرەت يۈرتىنى كۆزلەيدىغان ئالىملار: ساھابەلەرگە ۋە تابىئىنلەرنىڭ ياخشىلىرىغا ئەگىشىدۇ ۋە شۇنداقلا ھەرقانداق بىدئەتتىن ساقلىنىدۇ.

[1] بۇ ئەبۇ ھەسەن ئەلئەسەدىينىڭ سۆزىدۇر، سەنەدى ھەسەن. ئىبنى بەتتا: «ئىبتالۇل ھىيەل»، 62 - بەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم: تاھارەت ۋە ناماز

### تاھارەت ۋە ئۇنىڭ سىرلىرى، ناماز ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئىشلار

بىلگىنكى، تاھارەت ـ پاكىزلىنىشنىڭ مەرتىۋىسى تۆتتۇر:

1) تاشقى بەدەننى ماددىي، مەنىۋى كىرلەر ۋە ئارتۇقچە نەرسىلەردىن پاكىزلەش؛

2) ھەرقايسى ئەزالارنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن پاكىزلەش؛

3) قەلبنى ناچار خۇيلاردىن ۋە بىزار قىلغۇچى ئەيىبلەردىن پاكىزلەش؛

4) ئىچ دۇنيانى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن پاكىزلەش. مانا بۇ پاكىزلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدۇر. ئەقىل ـ پاراسىتى كۈچلۈك كىشىلا ئۇشبۇ دەرىجىگە يېتىدۇ. پاراسەتسىز كىشى تاھارەت مەرتىۋىلىرىدىن پەقەت بىرىنچى مەرتىۋىنىلا چۈشىنىدۇ. سەن ئۇنداق كىشىنى قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ كۆپىنچىسىنى كامىل ئىستىنجائ ۋە كىيىملىرىنى پەۋقۇلئاددە پاكىزە يۇيۇش بىلەن زايە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇنداقلار ۋەسۋەسىگە گىرىپتار ۋە ئىلمىسىزلىكىدىن تەلەپ قىلىنغان تاھارەتنى پەقەت شۇنىڭدىنلا ئىبارەت دەپ قالىدۇ ۋە پۈتۈن ۋاقتىنى قەلبنى پاكلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن، تاشقى قىياپىتىگە بەك كۆڭۈل بۆلمەيدىغان دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ. دەرۋەقە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر خىرىستىئان ئايالنىڭ ساپال ھىجرىدا تاھارەت ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[1]. ئىلگىرىكىلەر قوللىرىدىكى ياغ ـ ماي يۇقۇندىلىرىنى ئۇنچىۋالا سۈرتۈپ كەتمەيتتى، سېلىنچىسىز داق يەردە ناماز ئوقۇيتتى، يالاڭ ئاياغ ماڭاتتى ۋە تاش ـ چالمىلار بىلەن ئىستىنجائ قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى.

كېيىن ئىش ھاماقەتلىكنى پاكىزلىق دەۋالىدىغان بىر قەۋمنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇلارنى ئىچى كىبىر، تەمەننا، نادانلىق، رىيا ۋە مۇنافىقلىق كەبى رەزىللىك، ئىپلاسلىقلار بىلەن تولۇپ ـ تاشقانلىقىغا قارىماي، كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى تاشقى قىياپىتىنى زىننەتلەشكە سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرىسەن. ئەگەر ئۇلار چالمىدا

---

[1] ئىمام شافىئىي («ئەلئۇم»، 8/1) «سەھىھ» سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

ئىستىنجائ قىلغان، يالاڭ ئاياغ يۈرگەن، داق يەردە ناماز ئوقۇغان ياكى بىر غېرىبنىڭ قاچىسىدا تاھارەت ئالغان بىر كىشىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى، ھەتتا ئۇنداقلارنى «مەينەت»كە چىقىرىپ، ھەمداستىخان بولمايتتى.

قارىماسەن، ئۇلار قانداقلارچە ئىمان جۈملىسىدىن بولمىش بەزازەنى[1] مەينەتلىك، پاكىزلىقنى گالۋاڭلىق، ياخشى ئىشنى يامان ئىشقا ئۆزگەرتىۋەتكەن! لېكىن، كىشى پاكىزلىق ئۈچۈن تېشىنى پاكلىسا، سۇ ئىشلىتىشتە ئىسراپچىلىق قىلمىسا ۋە دىنىدا سۇ ئىشلىتىشنىڭ چېكى يوقلا دېمىسە، ئۇنىڭ بۇ ئىشى مۇنكەر ئىش ئەمەس بەلكى گۈزەل ئىشتۇر. ماددىي ۋە مەنىۋى كىرلەرنى (ئەھكاملىرى بىلەن) بىلىشتە فىقھ كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن. چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ مەقستى ئەدەبلەرنى بايان قىلىشتۇر.

بەدەندىكى ئارتۇق كىرلەر ئىككى تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچى تۈر: بەدەن - باشقا يىغىلىپ قالىدىغان كىر - قاسماقلار. باش - كۆزنى يۇيۇش، چاچنى تاراش، تۈزەش ۋە مايلاش؛ بۇرۇن - قۇلاقلارنى تازىلاش؛ ئېغىزنى مىسۋاكلاش ۋە چايقاش؛ بۇس، تەر ۋە كوچا - كويىنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن يىغىلىپ قالغان ھەرقايسى ئۈگىلەرنىڭ كىرلىرى ۋە جىمى بەدەنىنىڭ قاسماقلىرىنى يۇيۇپ پاكىزلەش مۇستەھەبتۇر.

هامامغا كىرىش ھېچ گۇناھ ئەمەس. چۈنكى، مۇنچىغا چۈشۈش بىلەن كىرلەر تولۇق تازىلىنىدۇ. رەسۇلى ئەكرەمنىڭ ساھابەلىرىدىنمۇ بىر تۈركۈملەر هامامغا كىرگەن ئىدى. لېكىن، هامامغا كىرگۈچى ئەۋرىتىنى ئوبدان يېپىشى ۋە ھېچكىمگە كۆرسەتمەسلىكى لازىم. هامامغا كىرگۈچى هامامنىڭ تەپتىدىن جەھەننەمنىڭ هارارىتىنى ئەسلىگەي. دەرۋەقە، مۇئمىنىنىڭ پىكرى ھەمىشە دۇنيا ئىشلىرىدا پەرۋاز قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا هامامنىڭ تەپتىنى جەھەننەم هارارىتىگە قىياس قىلىش ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ. مۇئمىنگە هامان غالىپ كېلىدىغىنى يەنىلا ئاخىرەتنىڭ غېمىدۇر. دەرۋەقە قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ - دە. قارا، ئەگەر ھەشەمەتلىك بىر قورۇغا رەخت ساتقۇچى، ياغاچچى، بىناكار ۋە توقۇمىچى كىرەر بولسا، رەختچىنىڭ قورۇدىكى كۆرپە - تۆشەكنىڭ قىممىتىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، توقۇمىچىنىڭ رەخت - بۆزلەرنىڭ نەپىسلىكىگە، ياغاچچىنىڭ تورۇس - پېشايۋانغا ۋە بىناكارنىڭ تاملارغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. شۇنىڭدەك مۇئمىن ئەگەر قاراڭغۇلۇقنى كۆرسە قەبرىنىڭ زۇلمىتىنى، قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلىسا

[1] بەزازە (اَلْبَذَاذَةُ): «ئاددىي - سادda كىيىنىش ۋە ھەشەمەتچىلىكتىن ساقلىنىش» دېمەكتۇر. ئەبۇ داۋۇد (4161) ۋە ئىبنى ماجە (4118) لەر ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەزازە ئىماندىندۇر» دېگەن.

سۈرنىڭ چېلىنىشىنى، نىيمەتنى كۆرسە جەننەتنىڭ نىيمەتلىرىنى ۋە ئازابىنى كۆرسە جەھەننەم ئازابىنى ئەسلەيدۇ.

كونا ئولتۇرۇشقا يېقىن ۋە نامازشام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا مۇنچىغا كىرىش ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ شەيتانلارنىڭ تارقىلىش ۋاقتىدۇر.

ئىككىنچى تۈر: پۇت - قولنىڭ تىرناقلىرى، بۇرۇت، قولتۇق ۋە ئەۋرەتلەرنىڭ تۈك - مويلىرى قاتارلىق پات - پات ئېلىنىدىغان، قىرقىپ، چۈشۈرۈلۈشى كېرەك بولغان كىرلەردۇر. (چاچ ۋە ساقالدىكى) ئاق تۈكلەرنى يۇلۇۋېتىش مەكرۇھ، بوياش مۇستەھەبتۇر.

تاھارەتنىڭ قالغان مەرتىۋىلىرى «ھالاكەتكە تاشلىغۇچى قىلمىشلار» بىلەن «ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدىغان ئەمەللەر» بابىدا كەلگۈسى، ئىنشائاللاھ!

## نامازنىڭ پەزىلەتلىرى

ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، تائەت - ئىبادەتلەرنىڭ ئۇلۇغىدۇر. نامازنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن مەشھۇر ھەدىسلەر بار.

نامازنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەدەبلىرىدىن بىرى، نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن ئەيمىنىپ تۇرۇشتۇر.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان پەرز نامازنى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، نامازنىڭ تەرتىپلىرى ۋە رۇكۇ - سەجدىلىرىنى جايىدا ئادا قىلسا، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزمىسىلا، نامىزى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كىچىك گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ. بۇ مېنىڭ زامانىمغىلا خاس ئەمەس، ھەر دەۋر مۇسۇلمانلىرىغا ئومۇمىيدۇر»[1] دېگەنلىكىنى ۋە: «كىمكى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، نامىزىدا كۆڭلىدە ھېچنەرسە خىيال قىلمىسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا تۇرغاندا خۇشۇئ قىلغانلىقتىن ياغاچقا ئوخشاش تۇراتتى، ئۇ سەجدە قىلسا قۇشلار ئۇنىڭ دۈمبىسىنى تام تۈپىسى ئوخشايدۇ، دەپ قېلىپ قونۇشاتتى. ئۇ بىر كۈنى ھەتىمدە[3] ناماز

[1] مۇسلىم (228).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (159)؛ مۇسلىم (226).

[3] ھەتىم / ھىجر (الْحَطِيمُ / الْحِجْرُ): كەئبەنىڭ نورى ئاستىغا توغرا كېلىدىغان، ئىككى ئۇچى كەئبە

ئوقۇۋاتقاندا مانچاناق بىلەن ئېتىلغان بىر تاش كېلىپ، ئۇنىڭ كىيمىنىڭ بىر قىسمىنى يىرتىپ ئېلىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ نامىزىنى بۇزمىغان ئىدى[1].

مەيمۇن ئىبنى مىھران ئېيتىدۇ: «مەن مۇسلىم ئىبنى يەسارنىڭ نامازدا قىمىرلىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر مەسجىدنىڭ بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، بازاردىكىلەر ئالاقىزادە بولۇپ كەتتى، ھالبۇكى ئۇ ئەسنادا مۇسلىم ئىبنى يەسار شۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ بۇ پاتپاراقچىلىققا پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىغان ئىدى»[2].

زەينۇلئابىدىن ئەلى ئىبنى ھۇسەين — ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي — تاھارەت ئالغان چاغدا، رەڭگى سارغىيىپ كېتەتتى، ئۇنىڭغا:

— سەن تاھارەت ئالغاندا كۆرۈلىدىغان بۇ ھال نېمە؟ — دېيىلگەنىدى، ئۇ:

— مېنىڭ كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى ئويلاۋاتقىنىمنى بىلەمسىلەر؟! — دېدى[3].

بىلگىنكى، نامازنىڭ روكنلىرى، ۋاجىبلىرى ۋە سۈننەتلىرى باردۇر. نامازنىڭ روھى بولسا نىيەت، ئىخلاس، ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىش ۋە قەلب ھۇزۇرىدۇر. ناماز زىكىرلەر، مۇناجاتلار ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھۇزۇرى قەلبسىز زىكىر ۋە مۇناجاتلاردىن مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. چۈنكى، سۆز قەلبتىكى نەرسىلەرنى ئىپادىلىمىسە، ئۇ يالغاندۇر؛ شۇنىڭدەك ئىش- ھەرىكەتلەردىن بولغان مەقسەتمۇ ھاسىل بولمايدۇ، چۈنكى قىيامدا تۇرۇشتىن مەقسەت پەرمانبەردارلىق، روكۇ ۋە سەجدىدىن مەقسەت ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش بولغاچ، ھۇزۇرى قەلب بولمىسا ئوخشاشلا مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. چۈنكى، ئىش - ھەرىكەت چىن مەقسەتتىن چەتنىگەن ھامان پۈچەك شەكىلدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھقا

---

تېمىغا تۇتاشمايدىغان قورۇق (پاكار تام) بىلەن چۆرىدەلگەن يېرىم چەمبەر شەكىللىك بوش يەرنىڭ نامى. بۇ يەر كەئبەنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، تاۋاپ قىلغاندا ئۇنىڭ سىرتىدىن ئايلىنىش كېرەك. «ئۇ يەردە گۇناھلار پاچاقلىنىپ كېتىدۇ» دەپ قارىلىپ شۇنداق ئاتالغان. بۇ يەر كەئبەنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىم تۇتۇلغانلىقتىن يەنە ھىجر (الْحِجْرُ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا / فۇئات گۈنەل: «مُعْجَمُ مُصْطَلَحَاتِ العُلُوْمِ الشَّرْعِيَّةِ (شەرئىي ئىلىملەر ئاتالغۇلىرى قامۇسى)»، 694 - بەت، «پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىلىم ۋە تېخنىكا شەھەرچىسى»، رىياد، م. 2017؛ ئىلمىي گۇرۇپپا: «تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، (تۈركچە) 455/17 - 456، ئىستانبۇل، م. 2017. — ت.

[1] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (1102). بۇ ۋەقە ئۇمەۋىي خەلىفەسى يەزىد قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ھ. 64، 26 - مۇھەررەم — 1 - رەبىيۇلئاخىر (683 - يىلى 24.09 - 27.11) غىچە 64 كۈن داۋاملاشقان مەككە قورشاۋى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن. — ت.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (1082).

[3] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (1978).

ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر...﴾ («ھەج»: 22/37) دېگەن ئايەتتىدىنمۇ مەلۇمكى، ئاللاھقا يېتىدىغان نەرسە قەلبكە ھۆكۈمران بولغان سۈپەت بولۇپ، قەلب ئۇشبۇ سۈپەت بىلەنلا تەلەپ قىلىنغان بۇيرۇقلارغا بويسۇنىدۇ. شۇڭا، نامازنى چوقۇم ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئوقۇش لازىم. نامازنىڭ بېشىدىكى قەلب ھۇزۇرى نامازنىڭ قالغان قىسمىدىمۇ ھۆكمىنى داۋام قىلىدۇرىدۇ. شۇڭا ئارىدا ئۇشتۇمتۇت باسقان غەپلەتنى ئاللاھ ئۆز ئىنايەتى بىلەن كەچۈرىدۇ.

## نامازنىڭ جانلىقلىقنى تاكامۇللاشتۇرغۇچى يوشۇرۇن مەنالار

بىرىنچىسى: بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قەلب ھۇزۇرى؛ بۇنىڭ مەنىسى «قەلبنى نامازغا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەردىن پارىغ قىلىش» دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ يولى غەيرەت ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىشتۇر. چۈنكى، سەن بىر ئىشنى مۇھىم دەپ بىلگەن بولساڭ، قەلبىڭنىڭ ئۇ ئىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى زۆرۈردۇر. ئۇنداقتا، قەلبنى ھازىر قىلىشنىڭ چارىسى پۈتۈن غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقنى پەقەت نامازغىلا قارىتىشتۇر. ئاخىرەتكە بولغان ئىماننىڭ ۋە دۇنيانى ئەرزىمەس كۆرۈشنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا قاراپ، غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقمۇ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ. قەلبىڭنىڭ نامازغا ھازىر بولمىغانلىقىنى ھېس قىلساڭ، بىلگىنكى، بۇ ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت. ئۇ ھالدا ئىماننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقىن.

ئىككىنچىسى: نامازنى ھەر كەلىمىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇش؛ بۇ قەلب ھۇزۇرىنىڭ ئارقىسىدىنلا كېلىدۇ. چۈنكى، بەزىدە قەلب ئېغىزدىن چىققان نەرسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىن لەۋز بىلەنلا ھازىر بولىدۇ. ئۇ ھالدا زېھىننى نامازدىن بۇرىغۇچى تۈيغۇلاردىن تازىلاپ، بۇ تۈيغۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئېيتىلغان سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىش كېرەك. چۈنكى، نامازدىن بۇرىغۇچى تۈيغۇلارنىڭ سەۋەبلىرى كېسىلمىگۈچە ئىنسان زېھنى ئۇنى تاشلىمايدۇ.

زېھىننى بۇرىغۇچى سەۋەبلەر بەزىدە ئاشكارا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ كۆز ۋە قۇلاقنى ئۆزىگە تارتقۇچى نەرسىلەردۇر؛ بەزىدە يوشۇرۇنمۇ بولىدۇ، يوشۇرۇن بولغىنى ناھايىتى قاتتىقتۇر. مەسىلەن، زېھنى دۇنيا ۋادىلىرىدا كەزگۈچى بىر كىشى تۈيغۇلىرىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ ۋە كۆزنى ئېتىۋېلىش ئۇنىڭغا ھېچ پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى، قەلبكە چۈشكەن نەرسىلەر ئۇنى مەشغۇل قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

ئەگەر زېھىننى بۇرىغۇچى نەرسىلەر ئاشكارا نەرسىلەر بولسا، ئۇنى ھەل

قىلىشىنىڭ چارىسى: قولاق ۋە كۆزنى جەلپ قىلىدىغان نەرسىنى يوقىتىشتۇر. يەنى قىبلىگە يۈزلىنىش، سەجدىگاھقا قاراش، ناماز ئوقۇغاندا نەقىشلىك ئورۇنلاردىن ساقلىنىش ۋە زېھىننى بۇرايدىغان نەرسىلەرنى نېرى قىلىش. بۇنىڭ دەلىلى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوللۇق بىر قارا توندا ناماز ئوقۇپ، نامىزىدا ئۇ كىيىمنىڭ يوللىرىغا قاراپ قالدى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندا: «بۇ توننى ئەبى جەھمگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئەنبىجانچە سىدام توندىن[1] بىرنى ئەكىلىپ بېرىڭلار، بۇ يوللۇق تون بايا نامازدا دىققىتىمنى چېچىۋەتتى» دېگەنىدى[2].

زېھىننى بۇرىغۇچى يوشۇرۇن نەرسىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى: زېھىننى نامازدا ئوقۇغان ئايەت ۋە زىكىرلەرگە مەجبۇرىي مەركەزلەشتۈرۈش؛ زېھىننى شۇلار بىلەنلا مەشغۇل قىلىپ باشقا خىيالدىن چەكلەش؛ نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن زېھىننى مەشغۇل قىلغۇچى ئىشلارنى ئادا قىلىپ تۈگىتىش ۋە قەلبنى پارىغ قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق تەييارلىق قىلىش شۇنداقلا ئاخىرەتنى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇش تۇيغۇسىنى ۋە سەكرات قورقۇنچىنى قايتا - قايتا ئەسلەشتۇر. ئەگەر تۇيغۇلار بۇنىڭ بىلەنمۇ بېسىقمىسا، بىلگىنكى، ئۇ مۇھىم ۋە ئۆزى ئىشتىياق قىلغان نەرسىلەرنى ئويلىغان بولىدۇ. كىشى شۇ ئىشتىياق قىلغان نەرسىلەرنى تاشلىشى ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈۋشى كېرەك.

شۇنى بىلگىنكى، كېسەل يېپىشقاندا ئۇنىڭغا پەقەت كۈچلۈك دورىلا تاقابىل تۇرالايدۇ. كېسەل كۈچەيسە، نامازخان بىلەن قېرىششقا باشلايدۇ، نامازخانمۇ ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىدۇ، شۇ قېرىشىش نەتىجىسىدە ناماز ئادا بولىدۇ. بۇ خۇددى پىكرىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ، كىشى شۇ نىيەتتە دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرغاندا قۇشقاچلارنىڭ چۇگۇلداشلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى چاچىدۇ، ئۇ قولىغا بىر تال چىۋىق ئېلىپ قۇشقاچلارنى ئۈچۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ پىكرى ئەمدى مۇقىملىشىپ، زېھىننى تولۇق يىغقان چاغدا، قۇشقاچلار يەنە كېلىپ سايرىشىپ ئۇنىڭ زېھىننى يەنە مەشغۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «بۇ ئاۋازلار ئۈزۈلمەيدۇ، ئەگەر ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن

[1] ئەنبىجانچە تون (أَنْبِجَانِيَّةُ): بۈگۈنكى سۇرىيەنىڭ ھەلەب شەھرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، تەخمىنەن بۈگۈنكى «مۇنبىج» تەرەپلەردىن چىقىدىغان بىر تۈرلۈك سىدام يۇڭ ئېگىن. بۇ رايوندا توقۇلغان ئېگىن - لىباسلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىنەتتى. « ‹ئەنبىجان› دېگەن جايدىن كەلتۈرۈلىدىغان يۇڭ تون» دېگەنلەرمۇ بار. قاراڭ: نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 320/2. ئەينىي: «ئۇمدەتۇلقارىي»، 93/4.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (373)؛ مۇسلىم (556). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

بىراقلا قۇتۇلماقچى بولساڭ، دەرەخنى كېسىپ تاشلا» دېيىلىدۇ. دېمەك، شەھۋەت دەرىخىمۇ بەئەينى مۇشۇنداق بولۇپ، ئېگىز ئۆسۈپ، شاخ - شۇمبىلار راسا بىخ - باراقسانلاشقاندا، خۇددى قۇشقاچلار دەرەخلەرگە، چىۋىنلەر نىجاسەتكە ئولاشقىنىدەك، پىكىرلەرمۇ شەھۋەت دەرىخىگە كېلىپ قونىدۇ (يەنى ئىنساننىڭ ئوي - خىيالىنى چۇلغىۋالىدۇ). چىقىپ كەتمەيدىغان بىر نەرسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىممەتلىك ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ پىكىرلەرنى جەلپ قىلغۇچى شەھۋەتنىڭ سەۋەبى دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتۇر.

ئامىر ئىبنى ئابدۇقەيسكە — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — سوراشتىلەر:

— ناماز ئۈستىدە سېنىڭمۇ خىيالىڭنى بىرەر دۇنيا ئىشى چىرمىۋالامدۇ؟ ئۇ:

— تەرەپتىن كەلگەن نەيزىلەرنىڭ ماڭا تىقىلىشى مەن ئۈچۈن نامازدا دۇنيا ئىشلىرىدىن بىرەر ئىشنى خىيال قىلىشتىن سۆيۈملۈكراقتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى[1].

بىلگىنكى، دۇنيا سۆيگۈسىنى قەلبتىن توسۇش تەس، ئۇنى يۇلۇپ تاشلاش بەسى مۈشكۈلدۇر. شۇڭا، مۇمكىنقەدەرىنى يوقىتىشقا تىرىشىش كېرەك. ئۇتۇق ۋە ياردەم ئاللاھتىندۇر.

ئۈچىنچىسى: ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە ئەيمىنىش.

بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈكىنى بىلىش ھەمدە ئۆزىنىڭ خار - زەبۇن ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ھازىر بىر قۇل ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

بۇ ئىككى بىلىشتىن ئىتائەت ۋە ھۆرمەت (خۇشۇئ) كېلىپ چىقىدۇ.

نامازنىڭ جانلىقلىقىنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن يەنە بىرى ئۈمىد / ئۈمىدتۇر. بۇ قورقۇشقا ياندىش بىر تۇيغۇدۇر. نۇرغۇن ھۆكۈمدارلار باركى، كۈچ - قۇدرىتىدىن ھېيقىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ياخشىلىقمۇ كۈتۈپ بولمايدۇ.

ھالبۇكى، نامازخان سەھۋەنلىكى تۈپەيلى جازا ۋە ئازابتىن قورقىنىدەك، ئوقۇغان نامىزى بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلغۇچىدۇر.

نامازخان يەنە نامازنىڭ ھەربىر ئەمەلىدە ھوزۇرى قەلب بىلەن تۇرۇشى كېرەك. يەنى ئەزانىنى ئاڭلىسا، خۇددى مەھشەرگاھقا چاقىرىلغاندەك ئويلىغاي ۋە مۇئەززىنگە

[1] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (1225).

ئىجابەت قىلىشقا تەييارلانغاي. ئىداغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ۋە قايسى بەدەن بىلەن هازىر بولىدىغانلىقىغا قارىغاي. ئەۋرىتىنى ياپسا، مەقسەتنىڭ تاشقى بەدەنىنىڭ ئەيىبىنى مەخلۇقاتتىن يېپىش ئىكەنلىكىنى بىلگەي ۋە ئاللاھتىن باشقا هېچكىم بىلمەيدىغان يوشۇرۇن، ئىچكى ئەيىبلىرىنى ئەسلىگەي. ئۇ ئەيىبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ياپقۇچى يوقتۇر. پۇشايمان، هايا ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئۇ ئەيىبلەرنى يوققا چىقىرىدۇ.

كىشى قىبلىگە يۈزلەنگەندە، يۈزىنى باشقا تەرەپلەردىن ئاللاھنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرىغان بولىدۇ. قەلبىنى ئاللاھ تائالاغا بۇراش بۇنىڭدىنمۇ مۇهىمدۇر. خۇددى بەيتۇللاھ تەرەپكە يۈزىنى باشقا تەرەپلەردىن قايتۇرۇش بىلەنلا يۈزلىنىلگەندەك، قەلبمۇ باشقا هەرقانداق تاماندىن قايتۇرۇش بىلەنلا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىدۇ.

ئەي نامازخان! تەكبىر ئېيتقىنىڭدا، قەلبىڭ تىلىڭنى يالغانچى قىلمىسۇن. چۈنكى، «ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ تۇرۇپ قەلبىڭدە ئاللاھتىنمۇ بۈيۈك بىر نەرسە بولسا، سەن يالغان ئېيتقان بولىسەن. شۇنىڭچۈن، ئۆز هاۋايى - هەۋەسىڭنىڭ ئېخىمۇ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىن. بۇنىڭ ئاساسى ئۆز هاۋايى - هەۋەسلىرىڭنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە ماسلاشتۇرۇشۇڭدۇر!

بىلگىنكى، ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ، شەيتانىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەش ئاللاھ تائالاغا بىر ئىلتىجادۇر. شۇڭا، چىن قەلبىڭ بىلەن ئىلتىجا قىلمىساڭ، ئېيتقان سۆزۈڭ بىهۇدەدۇر. تىلاۋەت ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىن! ﴿ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا مەدھىيەلەر بولسۇن﴾ دېگەن ۋاقتىڭدا قەلبىڭ بىلەن چۈشەنگىن؛ ﴿ئاللاھ شەپقەتلىكتۇر ۋە مېهرىباندۇر﴾ دېگەن ۋاقتىڭدا ئاللاھنىڭ شەپقىتى زېهنىڭگە كەلگەي؛ ﴿ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەن ۋاقتىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقىنى يادىڭغا كەلتۈر. پۈتۈن تىلاۋەتلىرىڭدە بۇنىڭغا رىئايە قىلغىن!

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زۇرارە ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ نامازدا: ﴿سۇر چېلىنغان ۋاقىت — ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر﴾/74«مۇددەسسىر»: 8 دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋېتىپ، ئايەتنىڭ تەسىرىدىن يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ جان بەرگەن[1]. بۇنىڭ سەۋەبى، شۈبهىسىزكى، ئۇنىڭ ئاشۇ سۇر چېلىنغاندىكى هالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قاتتىق سۈر بېسىپ كەتكەنلىكىدىندۇر.

[1] ئىمام ئەهمەد: يۇقىرىقى مەنبە، (1369).

رۇكـۇ ئەسناســدا كەمتەربــن بــول، ســەجدە ئەسناســدا نەقــەدەر تــۆۋەن ۋە ئاجىزلىقىڭنى ھېس قىلغىن! چۈنكى، سەن نەپسنى ئۆز ئورنىغا قويدۇڭ ۋە ئۆزۈڭ يارىتىلغان تۇپراققا سەجدە قىلىش بىلەن سايىنى ئەسلىگە قايتۇردۇڭ. زىكىرلەرنىڭ مەنىسىنى زەۋق بىلەن چۈشەن!

بىلگىنكى، نامازنى ئۇشبۇ يوشۇرۇن شەرتلەر بىلەن ئادا قىلىش قەلبنى كىر-داشقاللاردىن پاكلاشنىڭ، مەئبۇدنىڭ ھەقىقىي بۈيۈكلۈكى نامايان بولغۇسى نۇرلارغا ئېرىششنىڭ ۋە ئول زاتنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولۇشنىڭ بائىسىدۇر. بۇلارنى پەقەت ئىلىم ئىگىلىرىلا چۈشىنەلەيدۇ. ئەمما، نامازنى پەقەت شەكلەن ئادا قىلىپ، چىن مەناسىغا بىئېتىبار بولغان كىشى ئۇشبۇ سىرلارغا يېتەلمەيدۇ، ھەتتا ئىلاھىي سىرلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ.

## جۈمە نامىزى ۋە جۈمە كۈنىگە مۇناسىۋەتلىك ئەدەبلەر

بۇلار ئون بەش تۈرلۈكتۇر:

(1) پەيشەنبە كۈنىدىن ئېتىبارەن ۋە جۈمە (گە ئۆتكەن) كېچىدىن باشلاپ تازىلىق قىلىش، كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇش ۋە جۈمە كۈنىگە لايىق نەرسىلەرنى تەييارلاش بىلەن ھازىرلىنىش؛

2) جۈمە كۈنى غۇسۇل قىلىش؛ بۇ باردا «سەھىھەين» ۋە باشقا كىتابلاردا ھەدىسلەر[1] كەلگەن. جۈمە نامىزىغا بېرىشنىڭ ئالدىدا يۇيۇنۇش ئەۋزەلدۇر.

3) يۇيۇنۇش، ئېغىزنى مىسۋاكلاش، تىرناقلارنى ئېلىش ۋە ۋاقتى كەلگەن شەخسىي تازىلىقلارنى قىلىش بىلەن بىرگە خۇشپۇراق ئىشلىتىش ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىش؛

4) جۈمە نامىزىغا بالدۇر ۋە پىيادە بېرىش؛ مەسجىدكە ماڭغاندا جىم ۋە سالماق قەدەم بىلەن مېڭىش، مەسجىدتىن قايتىپ چىققۇچە ئىبادەت قىلىشنى نىيەت قىلىش كېرەك.

5) (مەسجىدكە بارغاندىن كېيىن) كىشىلەرنى ئاتلاپ ئۆتمەسلىك ۋە ئارىلىرىنى

[1] بۇخارىي (277) ۋە مۇسلىم (844) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايسىبىرىڭلار جۈمەگە بارماقچى بولسا يۇيۇنسۇن» دېگەن ۋە يەنە بۇخارىي (858) ۋە مۇسلىم (846) ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ: «جۈمە كۈنى غۇسۇل قىلىش بالاغەتكە يەتكەنلىكى ئادەمگە ۋاجىبتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇد (341)، نەسائىي (1377) ۋە ئىبنى ماجە (1089) قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشقان رىۋايەتلەرنى كەلتۈرگەن.

يىرماسلىق. سەپ ئارىلىقىدا بوشلۇق كۆرمىگۈچە ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىۋالماسلىق؛

6) ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەسلىك؛

7) بىرىنچى سەپنى كۆزلەش؛ لېكىن، ئالدى سەپتە يارىماس ئەھۋال ياكى سۆزلەرگە تانۇق بولۇش ئېھتىمالى بولسا، كېيىنكى سەپتە تۇرۇش ياخشى.

8) ئىمام خۇتبەگە چىققاندا، نەپلە ناماز ۋە زىكىر ئېيتىشتىن توختاش. ئەزان تۈۋلانسا مۇئەززىنگە ئەگىشىپ تەكرارلاش. خۇتبە باشلانسا جىم ئولتۇرۇش ۋە زەن قويۇپ ئاڭلاش؛

9) جۇمە نامىزىدىن كېيىن خاھلىسا ئىككى رەكئەت، خاھلىسا تۆت ۋەياكى ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇش؛

10) مەسجىدتە ئەسىرگىچە ئولتۇرۇش؛ شامغىچە ئولتۇرۇش تېخىمۇ ئەۋزەل.

11) ھۇزۇرى قەلب ۋە داۋاملىق زىكىر ئېيتىش ئارقىلىق جۇمە كۈنىدىكى دۇئا مۇستەجاب سائەتنى ئىزدەش؛

بۇ سائەت ھەققىدە بەزى ئىختىلاپلار بار. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بۇ ۋاقىتنىڭ «ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرغاندىن باشلاپ ناماز ئادا قىلىنىپ بولغۇچىلىك ئارىلىقتىكى ۋاقىت» ئىكەنلىكى كەلگەن[1].

باشقا بىر ھەدىستە بۇ ۋاقىتنىڭ ئىمام خۇتبىدىن پارىغ بولغاندىن تارتىپ، ناماز ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[2].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، بۇ ۋاقىتنىڭ شام نامىزىدىن بۇرۇنقى بىر چاغ ئىكەنلىكى كەلگەن[3].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بولسا: «ئۇ سائەتنى ئەسىر نامىزى بىلەن قۇياشنىڭ پېتىشى ئارىسىدىكى ۋاقىتتا ئىزدەڭلار» دېيىلگەن[4].

ئەبۇبەكرى ئەسرەم ــــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ــــ ئېيتۇر: «بۇ

[1] مۇسلىم (853)، دارەقۇتنىي قاتارلىقلار: «بۇ ھەدىس مەۋقۇف ۋە مەرفۇئ رىۋايەت قىلىنغان. مەۋقۇف رىۋايەت سەھىھرەك» دېگەن. ئىمام نەۋەۋىي قاتارلىقلار: «مەرفۇئ ۋە سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزىي (490). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد (1048). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[4] تىرمىزىي (489). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ھەدىسلەر ئىككى ھالەتتىن خالىي ئەمەستۇر: يا بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن سەھىھراق ياكى بۇ سائەتمۇ خۇددى قەدىر كېچىسى رامازاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىگە يوشۇرۇنغاندەك ۋاقىتلار ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر».

12) جۈمە كۈنىدە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆپلەپ دۇرۇد ئوقۇش؛ چۈنكى، ئۇ زات سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ماڭا جۈمە كۈنىدە 80 قېتىم دۇرۇد ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ 80 يىللىق گۇناھىنى كەچۈرىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[1].

ئەگەر كىشى خاھلىسا، ئېيتقان دۇرۇدقا دۇئا قوشسۇن. مەسىلەن، مۇنداق دۇئا قىلسا بولىدۇ: «ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ‹ۋەسىيلە› ناملىق مەرتىۋىنى، پەزىلەتنى ۋە يۈكسەك دەرىجىنى ئاتا قىلغىن، ئۇنى سەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان مەدھىيەگە لايىق ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت قىلىش مەرتىۋىسىگە) يەتكۈزگىن!»[2] ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىزنى بىز سەۋەبلىك لايىق بولغان نەرسە بىلەن تارتۇقلىغىن!

دۇرۇتقا ئىستىغپارنى قوشسۇن، چۈنكى بۇ كۈندە ئىستىغپار ئېيتىش

[1] خەتىب ئەلبەغدادىي: «تارىخۇ بەغداد»، 489/13؛ ئىبنۇلجەۋزىي: «ئەلئىلەلۇل مۇتەناھىيە»، (796). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىپ» دېگەن. بۇنىڭ ئورنىدا باشقا سەھىھ ھەدىسلەر بار. مەسىلەن، ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتسە، ئورنىدىن تۇرۇپ: ‹ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىڭلار، بىرىنچى سۇر چېلىنىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ قالدى. ئۇنىڭغا ئىككىنچى سۇر ئەگىشىدۇ، ئۆلۈم دەھشەت بىلەن كېلىدۇ› دەيتتى. مەن:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىگە كۆپ دۇرۇد ئېيتاي دەيمەن، دۇئايىمنىڭ قانچىلىكىنى سىلىگە دۇرۇد ئېيتىشقا قاراتسام بولار؟ — دېگەنىدىم، ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

— ئىختىيارىڭ، — دېدى. مەن:

— تۆتتىن بىرىنى قىلايمۇ؟ — دېسەم، ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

— ئىختىيارىڭ، — دېدى. مەن:

— يېرىمىنى قىلايمۇ؟ — دېسەم، ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

— ئىختىيارىڭ، — دېدى. مەن:

— ئۈچتىن ئىككىسىنى قىلايمۇ؟ — دېسەم، ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

— ئىختىيارىڭ ئۆزۈڭدە، قانچە كۆپ قىلساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن شۇنچە ياخشى، — دېدى. مەن:

— بارلىق دۇئالىرىمنى سىلىگە دۇرۇد ئوقۇشقا قاراتسامچۇ؟ — دېدىم، ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

— ئۇ چاغدا غەم - قايغۇڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە كۇپايە قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ، — دېدى». تىرمىزىي (2457). «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارىي (614).

مۇستەھەبتۇر.

13) «كەھف» سۈرىسىنى ئوقۇش؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇ:

— سىلەرگە بۇيۇكلۇكى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىنى تولدۇرىدىغان بىر سۈرىنى خەۋەر قىلايمۇ؟ ئۇ سۈرىنى يازغۇچىغىمۇ شۇنىڭدەك ساۋاب بولىدۇ. كىمكى ئۇ سۈرىنى جۈمە كۈنىدە ئوقۇسا، شۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىسىدىكى گۇناھلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۈچ كۈنلۈك گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. كىمكى يېتىشتىن بۇرۇن ئۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدىن بەش ئايەت ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كېچىنىڭ بىر قىسمىدا تىلىگىنىنى بېرىدۇ، — دېگەنىدى، ساھابەلەر:

— ماقۇل، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، — دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ «كەھف» سۈرىسىدۇر، — دېدى[1].

باشقا بىر ھەدىستە: «كىمكى ‹كەھف› سۈرىسىنى جۈمە كۈندۈزى ياكى (پەيشەنبىدىن) جۈمە(گە ئۆتكەن) كېچىسى ئوقۇسا پىتنىدىن ساقلىنىدۇ» دېگەن[2].

جۈمە كۈنى قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. مۇمكىن بولسا، جۈمە كۈندۈزى ياكى جۈمە كېچىسى قۇرئاننى تامام قىلىش مۇستەھەبتۇر.

14) قولىدىن كېلىشىچە جۈمە كۈنى سەدىقە قىلىش؛ سەدىقە مەسجىدنىڭ سىرتىدا بېرىلسە ياخشى. جۈمە كۈنىدە تەسبىھ نامىزى[3] ئوقۇشمۇ مۇستەھەبتۇر.

[1] ئىبنى مەردەۋىيە ۋە دەيلەمىي رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2160 ۋە «ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 2482) «بەك زەئىپ» دېگەن.

[2] ئىبنى مەردەۋىيە بىلەن زىيائ («ئەلمۇختارە» كىتابىدا) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. ئابدۇلھەق «ئەھكام» دېگەن كىتابىدا: «سەنەدى مەلۇم ئەمەس» دېگەن. قاراڭ: «شەرھۇل ئىھيائ»، 292/3. لېكىن، بۇ مەزمۇندا باشقا سەھىھ ھەدىسلەر بار. مەسىلەن، مۇسلىم (809) دا ئەبۇددەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى سۈرە ‹كەھف› نىڭ بېشىدىن ئون ئايەت يادلىسا، دەججالدىن ساقلىنىدۇ» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى سۈرە ‹كەھف› نىڭ ئاخىرىدىن ئون ئايەت يادلىسا، دەججالدىن ساقلىنىدۇ» دېيىلگەن. ھاكىم (3392) رىۋايەت قىلغان باشقا بىر سەھىھ ھەدىستە: «كىمكى سۈرە ‹كەھف› نى جۈمە كۈنىدە ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئىككى جۈمە ئارىلىقىدا نۇر يورۇتۇپ بېرىلىدۇ» دېيىلگەن.

[3] تەسبىھ نامىزى (صَلَاةُ التَّسْبِيْحِ): 300 تەسبىھنى ئۆزئىچىگە ئالغان تۆت رەكئەتلىك نەفلە ناماز بولۇپ، ھەربىر رەكئەتتە قىرائەتتىن كېيىن 15 قېتىم، رۇكۇدا تەسبىھتىن كېيىن 10 قېتىم «سۇبھانەللاھ»، «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» ۋە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەسبىھ

15) جۈمە كۈنى ئۆزنى ئاخىرەت ئەمەللىرىگە ئاتاش ۋە بارلىق دۇنيا مەشغۇلاتلىرىنى تەرك ئېتىش مۇستەھەبتۇر.

## نەپلە نامازلار

بىلگىنكى، پەرز نامازلاردىن سىرت قوشۇمچە / نەپلە نامازلار ئۈچ تۈرلۈكتۇر:

سۈننەتلەر، مۇستەھەبلەر ۋە تەتاۋۋۇئلار (ئىختىيارىي ئەمەللەر).

سۈننەت نامازلار: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داۋاملىق ئۆتىگەن نەپلە نامازلار بولۇپ، بۇلار پەرز نامازلاردىن سىرت داۋاملىق ئوقۇلىدىغان تەكىتلەنگەن سۈننەت نامازلار، ۋىتر ۋە چاشگاھ نامىزىغا ئوخشاش نامازلاردۇر.

مۇستەھەب نامازلار: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن پەزىلىتى بىلدۈرۈلگەن، لېكىن داۋاملىق ئۆتىگەنلىكى نەقىل قىلىنمىغان نامازلار بولۇپ، بۇلار ئۆيگە كىرگەندە ۋە ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان نامازغا ئوخشاش نامازلاردۇر.

تەتاۋۋۇئلار: يۇقىرىقىلارنىڭ سىرتىدىكى نامازلار بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق رىۋايەتتە كەلمىگەن، لېكىن بىر بەندە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆتەيدىغان نامازلاردۇر.

بۇ ئۈچ تۈرلۈك ناماز «نەپلە نامازلار» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، «نەفل / نەپلە»: ئارتۇق، زىيادە دېگەنلىك بولۇپ، بۇ نەپلە نامازلار پەرز نامازلارغا قوشۇمچە، يەنى ئارتۇق نامازلاردۇر.

بىلگىنكى، بەدەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى نامازدۇر. نەپلە ئەمەللەرنىڭ قىسىملىرى ۋە پەزىلەتلىرى مەشھۇر بولۇپ، بۇلار فىقھىي ئەسەرلەر ۋە باشقا كىتابلاردا بايان قىلىنغاندۇر. بىز بۇ يەردە «تەسبىھ نامىزى»نىلا بايان قىلغايمىز. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئىكرىمە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (تاغىسى) ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبكە مۇنداق دېدى:

---

ئوقۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىس بولسىمۇ، سەھىھلىكىدە قاراش ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىلەر «بۇنداق ناماز يوق» دەپ قارىغان. ــــ ت.

«ئى تاغا! ئەگەر بەجا كەلتۈرسەڭ ئاللاھ تائالا سېنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، كونا ۋە يېڭى، سەھۋەن ۋە قەستەن، كىچىك ۋە چوڭ، مەخپىي ۋە ئاشكارا گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدىغان بىر ئىشنى ساڭا ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى خاھلامسەن؟ خاھلىساڭ، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن. ھەر رەكئەت نامازدا ‹فاتىھە› گە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇغىن. بىرىنچى رەكئەتنىڭ قىرائىتىدىن كېيىن، ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ئون بەش قېتىم: ‹سۇبھانەللاھ› ، ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› ، ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› ۋە ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› (ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر، پۈتۈن ھەمدۇسانالار ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر) دېگىن، ئاندىن رۇكۇغا بار، رۇكۇدا يەنە ئون قېتىم شۇنداق دېگىن، ئاندىن رۇكۇدىن تۇرۇپ، يەنە ئون قېتىم شۇنداق دېگىن. ئاندىن سەجدە قىل ۋە سەجدىدە يەنە ئون قېتىم دە. سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئون قېتىم دە. ئاندىن سەجدە قىلىپ، يەنە ئون قېتىم دە. سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قىيامغا تۇرۇشتىن بۇرۇن يەنە ئون قېتىم دېگىن. شۇنداق قىلىپ، بىر رەكئەتتە يەتمىش بەش قېتىم دېگىن. قالغان رەكئەتلەرنىمۇ مۇشۇنداق ئوقۇغىن. ئەگەر بۇ نامازنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئوقۇش ئىمكانىيىتىڭ بولسا ئوقۇغىن، ئۇنىڭغا ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ھەر جۈمە كۈنى بىر قېتىم ئوقۇغىن. ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا ئايدا بىر قېتىم ئوقۇغىن. ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغىن. ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا پۈتۈن ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇغىن!»[1]

## ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلار

چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا تەسبىھ نامىزىغا ئوخشاش سەۋەبى يوق تەتاۋۋۇئ نامازلار ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق نامازلار مەلۇم سەۋەبى بولمىغان ئاجىز ئەمەللەردىن بولۇپ، ناماز ئوقۇش تەكىت بىلەن چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا بۇنىڭدەك ئاساسى ئاجىز نامازلار كۈچلۈك چەكلىمە ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەمما، ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى، كۈن / ئاي تۇتۇلۇش نامىزى ۋە سۇ تىلەش نامىزىغا ئوخشاش سەۋەبلىك نامازلارنى ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق ھەققىدە ئىككى خىل رىۋايەت بار.

بىلگىنكى، قۇياش چىقىۋاتقان / تىكلەنگەن / پېتىۋاتقان ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشنىڭ چەكلىنىشىنىڭ ئۈچ سەۋەبى باردۇر:

[1] ئەبۇ داۋۇد (1297)؛ تىرمىزىي (482)؛ ئىبنى ماجە (1386)؛ ھاكىم: (137/1) «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ قوللىغان. يەنە بەزىلەر: «سەھىھ» دېسە، بەزىلەر: «توقۇلما» دەپ قارىغان.

1) قۇياشقا ئىبادەت قىلغانلارغا ئوخشاپ قالماسلىق؛

2) شەيتاننىڭ مۈڭگۈزىگە سەجدە قىلىشتىن ساقلىنىش؛

چۈنكى، شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى قۇياش چىققاندا ئۇنىڭغا ئېسىلىشىپ چىقىدۇ، قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئاجرايدۇ. تىكلەنگەندە يەنە كېلىدۇ، كۈن قايرىلغاندا يەنە كېتىدۇ. كۈن پېتىشقا يېقىن شەيتان يەنە كېلىدۇ ۋە پاتقاندا كېتىدۇ.

3) شەكسىزكى، ئاخىرەت يولۇچىلىرى داۋاملىق ئىبادەت قىلغۇچىلاردۇر. ھالبۇكى، بىرخىل رېتىم بىزارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چەكلىمە ئالدىدا تېتىكلىك باشقىچە ئارتىدۇ. ھەقىقەتەن نەپس چەكلەنگەن نەرسىنى قىلىشقا ھېرىسمەندۇر. ئىنسان يۇقىرىقى ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشتىن چەكلەنگەن، لېكىن ھەرخىل ھالەتلەردە ئىبادەت قىلسۇن ئۈچۈن بۇ ۋاقىتلاردا قىرائەت قىلىش ۋە تەسبىھ ئېيتىشقا ئوخشاش ئىبادەتلەر چەكلەنمىگەن. دەرۋەقە نامازدىمۇ قىيام، رۇكۇ، سەجدە ۋە تەشەھھۇد قاتارلىق تۈرلۈك ھالەتلەر باردۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# ئۈچىنچى بۆلۈم: زاكات

## زاكاتنىڭ سىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەر

زاكات ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا زاكاتنى ناماز بىلەن بىللە تىلغا ئېلىپ دېگەنكى: ﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار...﴾ 2/«بەقەرە»: 43، 83، 110؛ 4/«نىسائ»: 77؛ 24/«نۇر»: 56؛ 73/«مۇززەممىل»: 20

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى، سەۋەبلىرى، تۈرلىرى ۋە مەزمۇنى فىقھ كىتابلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىدە مەشھۇردۇر. بىز بۇ يەردە بەزى شەرت ۋە ئەدەبلەرنىلا بايان قىلىمىز:

زاكاتنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ۋە توغرىسى «بەلگىلەنگەن نەرسىنىڭ قىممىتىنى ئەمەس ئۆزىنى بېرىش» بولۇپ، «قىممىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ» دېگۈچىلەر پەقەت كەمبەغەلنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشنى كۆزدە تۇتقاندۇر. كەمبەغەلنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش زاكاتنىڭ پۈتۈن غايىسى ئەمەس، بەلكى قىسمەن غايىسىدۇر. چۈنكى، شەرئىي ۋاجىب ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت:

1) مەخسۇس ئىبادەت قىسمى بولۇپ، ھەجدە شەيتانغا تاش ئېتىش بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇنىڭدىكى شەرئىي مەقسەت بەندىنى ئۆز قۇللۇقىنى نامايەن قىلىشى ئۈچۈن شۇ ئەمەلنى قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق سىناشتۇر. ئەقىل ئۈچۈن بىر ئوچۇم تاشنىڭ ئۇ يەرگە ئېتىلىشى ھېچ مەنا ئىپادىلىمەيدۇ. ھالبۇكى، ئىنسان تەبىئىتى ئەقىلدىن ئۆتكەن نەرسىدە ئىككىلەنمەيدۇ ۋە ئۇنى قىلىشقا ئۈندەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئەقىلدىن ئۆتكەن نەرسىنى ئورۇنداش قۇلچىلىق ئىخلاسىنىڭ نامايەندىسى ئەمەستۇر. ئەسىل قۇللۇق ئەقىل تېگىگە يېتەلمىسىمۇ ئورۇنداشتۇر.

2) يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە، مەقسەت ئىبادەت ئەمەس، بەلكى مەقسەت قىزىقتۇرۇش ۋە رازىلىقتۇر. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىش، بۇلانغان ياكى شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش دېگەندەك. بۇ ئىشلاردا نىيەت ۋە ھەرىكەت مۇھىم ئەمەس، بەلكى ھەقدارغا ھەققى قانداقلا ھالەتتە يەتسە مەقسەت ھاسىل بولىدۇ ۋە شەرئىي ھۆكۈم ئادا تاپىدۇ. بۇ ئىككى قىسىم بىر -

بىرىگە زىت ئەمەس.

3) شەرىئەت بۇيرۇغان، يۇقىرىقىلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولمىش ئەمەللەردۇر. يەنى بەندىنى شەيتانغا تاش ئېتىشقا بۇيرۇپ سىناش ۋە ھەقلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشتەك ھەر ئىككى خاراكتېردىكى ئەمەللەرنىڭ مۇجەسسەمىدۇر. بۇلاردىن ئەڭ نازۇكىنى، يەنى ئىبادەت — قۇللۇق غايىسىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، ئەڭ مۇھىممۇ شۇ قۇللۇقتۇر. زاكات دەل قۇللۇقنىڭ جۇملىسىدىن بولۇپ، گەرچە نامراتنىڭ نېسىۋىسى بىلەن موھتاجغا ھەمدەملىك مەقسەت قىلىنسىمۇ، نېگىزلىك مەقسەت شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە سۆزسىز بويسۇنۇشتۇر. بۇ نۇقتىدىن زاكات ناماز ۋە ھەج بىلەن بىر قاتاردىدۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## زاكاتنىڭ يوشۇرۇن ئەدەبلىرى ۋە ئىنچىكە تامانلىرى

بىلگىنكى، زاكات بېرىش ئارقىلىق ئاخىرەتنى كۆزلىگۈچىگە تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەر باردۇر:

بىرىنچى ۋەزىپە: چۈشىنىپ تۇرۇپ زاكات بېرىش؛ بۇنى ئۈچ نۇقتىدىن چۈشىنىش: ئاللاھنى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى چىقىرىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق سىنىلىشى، ئىنسانىنى ھالاك قىلغۇچى بېخىللىق خۇيىدىن قۇتۇلۇش ۋە مال نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش.

ئىككىنچى ۋەزىپە: رىيا ۋە ئاڭلىتىشتىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن زاكاتنى يوشۇرۇن چىقىرىش؛ زاكاتنى ئاشكارا بېرىش نامراتقا مالامەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن. كىشى ئەگەر «زاكات بەرمەيدۇ» دېگەن تۆھمەتكە قېلىشتىن قورقسا، زاكاتنى جامائەت ئالدىدىمۇ ئاشكارا زاكات ئېلىشقا بېرىدىغان نامراتلارغا ئوچۇقچە بەرسە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا يوشۇرۇن بېرىدۇ.

ئۈچىنچى ۋەزىپە: زاكاتنى ﴿مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت بېرىش﴾«بەقەرە»: 264/2 بىلەن بۇزۇۋەتمەسلىك؛ كىشى ئۆزىنى نامراتقا ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە مال بېرىپ ئېھسان قىلغۇچى دەپ قارىسا، مىننەت قىلىپ قېلىشى، ھەتتا نامراتقا ئەزىيەت بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر كىشى بەكرەك سىنچىلاپ قارىغىنىدا، نامراتنىڭ زاكات بەرگۈچىنى پاكلايدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، زاكات بەرگۈچى زاكىتىنى چىقىرىپ بېرىشنىڭ مال نېمىتىگە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى زېھنىگە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا، نامرات بىلەن ئۆزى ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت قالمايدۇ، نامراتنى نامراتلىقى

سەۋەبلىك تۈۋەن كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئارتۇقچىلىقنىڭ ئۆلچىمى مال بولمىغىنىدەك، كەمچىلىكنىڭ ئۆلچىمىمۇ يوقسۇللۇق ئەمەستۇر.

تۆتىنچى ۋەزىپە: بەرگەن نەرسىسىنى كىچىك بىلىش؛ چۈنكى، قىلغان ئىشىنى چوڭ بىلىش ئۆزىگە تەمەننا قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. دەپتۇرلەركى، ياخشىلىق شۇ ئۈچ نەرسە بىلەن تاماملانغاي: قىلغان ئىشىنى كىچىك ساناش، قىلىشقا ئالدىراش ۋە يوشۇرۇن قىلىش.

بەشىنچى ۋەزىپە: مېلىنىڭ ئەڭ ھالال، ئەڭ ئېسىل ۋە ئۆزىگە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىنى تاللاپ بېرىش. ئەڭ ھالالى بېرىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پەقەت پاكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ئەڭ ئېسىلى بېرىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا دەيدۇكى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار! بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلەردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر﴾2/«بەقەرە»: 267.

مالنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى بېرىشتە، ئىككى نەرسىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك:

1) ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى كۆزدە تۇتۇش ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش؛ چۈنكى، ئاللاھ تائالا تاللاپ ياخشىسىنى بېرىشكە ئەڭ لايىق زاتتۇر. ئەگەر بىر كىشى مېھمانلىرى ئالدىغا ناچار تاماقلارنى قويسا، ئەلبەتتە مېھماننىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەن بولىدۇ.

2) ئۆزىنىڭ ھەققىنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى، كىشىنىڭ بەرگەن ئۇ نەرسىسى تاڭلا قىيامەتتە ئۆز ئالدىغا قويۇلىدۇ. شۇڭا، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسىنى تاللىشى كېرەك.

ئۆزىگە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىنى بېرىشكە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾3/«ئال ئىمران»: 92.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مېلىدىن ئەڭ ياخشىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن نەپىقە قىلاتتى[1]. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

[1] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىلىيەتۇل ئەۋلىيائ»، 129/4.

ئەنھۇما ئاغرىق ھالەتتە جۇھفە[1] دېگەن جايغا چۈشتى. ئاندىن: «كۆڭلۈم بىلىق تارتىۋاتىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بېلىق ئىزدەپ، پەقەت بىر تاللا بېلىق تاپالىدى. ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئايالى ئۇنى ئېلىپ، پىشۇرۇپ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا قويىدى. شۇ ئەسنادا بىر مىسكىن كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئۆمەر مىسكىنگە: «قېنى بېلىقتىن ئال» دېگەنىدى، رەپىقىسى:

— ئەزىبرايى، مەن ئۇنى بىزگە تەييارلىغانىدىم، ئۇنىڭغا بەرگۈدەك باشقا ئوزۇقىمىز بار ئىدىغۇ؟! — دېدى، ئىبنى ئۆمەر:

— ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (بۇ) قۇلمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، — دېدى[2].

يەنە رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر تىلەمچى رەبىئ ئىبنى خۇسەيمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا توختىدى، رەبىئ ئىبنى خۇسەيم:

— ئۇنىڭغا شېكەر يېگۈزۈڭلار، — دېگەنىدى، كىشىلەر:

— مەنپەئەتلىكرەك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نان يېگۈزەيلى، — دېدى.

— ئىسىت سىلەرگە، ئۇنىڭغا شېكەر يېگۈزۈڭلار! مەن شېكەرنى ياخشى كۆرىمەن[3].

ئالتىنچى ۋەزىپە: زاكات بېرىش ئۈچۈن ساۋابىنى كۆپەيتىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەش. ئۇلار تاللانغان سەككىز تۈرلۈك كىشى ئىچىدىكى خاس كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى:

1) تەقۋادارلار؛ يەنى زاكىتىنى مەخسۇس تەقۋادار كىشىلەرگە بېرىش. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ھىممەت ۋە غەيرەتلىرىنى ئاشۇرىدۇ.

[1] ئەلجۇھفە / مەھيەئە (الْجُحْفَةُ مَهْيَعَةُ): قەدىمدىن «مەھيەئە (مَهْيَعَةُ)» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ھەج ياكى ئۆمرە مەقستى بىلەن مىسىر ياكى سۇرىيە تەرەپتىن كېلىپ مەدىنەگە كىرمەي ئۇدۇل مەككەگە كەلگۈچىلەر ئېھرام باغلايدىغان مىيقات نۇقتىسى بولۇپ، قىزىل دېڭىز قىرغىقىدىن 9 كم يىراقتا، مەككە مۇكەررەمەنىڭ 187 كم شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز زامانىدا مەدىنەدە تارقالغان ۋابا كېسەللىنى جۇھفەگە يۆتكىۋېتىشنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ جايغا ئاياغ بېسىشتىن قاچقان ۋە جۇھفەنىڭ ئورنىغا (ئۇ جايغا ئۇدۇل كېلىدىغان 30 كم يىراقلىقتىكى) مەككەگە 204 كم يىراقلىقتىكى «رابىغ (رَابِغ)» دېگەن جايدىن ئېھرام باغلايدىغان بولغان. ياقۇت ئەلھەمەۋىينىڭ قەيت قىلىشىچە، جۇھفە م. 13 ـ ئەسىردە ئاللىبۇرۇن خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن، تا ھازىرغىچە خاراب ھالدىكى جۇھفەنىڭ كىرىشىدە ئەسىرى سائادەتتىن قالغان «مەسجىدى ئەزۋەر / مَسْجِدُ عَزوَر»، چىقىشىدا «مەسجىدى ئەئىممە (مَسْجِدُ الأَئِمَّةِ)» ساقلىنىپ قالغان.— ت.

[2] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 297/1.

[3] ئەبۇ نۇئەيم: يۇقىرىقى مەنبە، 115/1.

ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئابىد كىشىلەرنى تاللايتتى. ئۇلار سەجدىدە ۋاقىتتا ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئاقچىلار سېلىنغان ھەميان بىلەن كېلىپ، ئۇلار پۇل قويۇلغانلىقىنى سېزىدىغان، ئەمما كىمنىڭ قويغانلىقىنى سەزمەيدىغان شەكىلدە كەشلىرىنىڭ ئىچىگە قويۇپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئۇلارغا بىرەركىم بىلەن ئەۋەتىپ بەرمەيدىغانلىقى سورالغاندا، ئۇ:

— ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ مەن بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى مەن ئەۋەتكەن ئەلچىگە يولۇققاندا يۈزىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنى خاھلىمايمەن، — دېگەنىدى[1].

2) ئىلىم ئىگىلىرى؛ چۈنكى، ئالىمغا بېرىش ئىلىمنى ۋە دىنىنى كېڭەيتىشنى قوللاشتۇر. بۇ شەرىئەتنى كۈچلەندۈرگەنلىكتۇر.

3) نېئمەتنىڭ پەقەتلا ئاللاھتىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈچىلەر؛ ئۇلار سەۋەبلەرنى پەقەت تەشەككۈر مىقدارىدا ماختايدۇ. ئەمما، بىرنەرسە بېرىلسە ماختاش ئادىتى بار كىشى بىرنەرسە بەرمىگەندە سۆكىدۇ.

4) كەمبەغەللىكىنى ياپىدىغان، ھاجىتىنى يوشۇرىدىغان ۋە شىكايەت قىلمايدىغانلار؛ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾«بەقەرە»: 2/273 دېگەن. بۇنداق كىشىلەرنى قاتتىق ئىزدەپ ۋە جاي - جايلاردىكى كىشىلەردىن سوراپ سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىنلا ئاندىن تاپقىلى بولىدۇ.

5) بالىچاقىسى بار، كېسەل ياكى باشقا ۋەجدىن ئىشلىيەلمەيدىغان ۋەياكى قەرزدار كىشىلەر؛ ئۇلارغا سەدىقە بېرىش ئۇلارنى شۇ ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم قىلغانلىقتۇر.

6) ئۇرۇغ - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلار. ئۇلارغا قىلىنغىنى ھەم سەدىقە، ھەم ئېھسان، ھەم سىلە - رەھىمدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ خىسلەتنى جەم قىلغان ھەرقانداق كىشىگە مەزكۇر سۈپەتلىرىگە قارىتا زاكات بېرىش ئەۋزەلدۇر.

## زاكات ئالغۇچىنىڭ ۋەزىپىلىرى

زاكات ئالغۇچى زاكات بېرىلىدىغان سەككىز تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك. زاكات ئالغۇچىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلىرى بار:

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەلئىخۋان»، 210 - بەت.

1) ۋەزىپە: ئاللاھ تائالانىڭ زاكات ئالغۇچىلار قاتارىغا ئۆزىنى تىزىشنى زېھنىنى چۇلغىۋالغان تۇرلۇك پىكىر ۋە غەم ـ ئەندىشىلەردىن ئېرىغداپ، پۈتۈن زېھنىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەشتىن ئىبارەت بىرلا پىكىرگە قارىتىشنى پەرز قىلغانلىقىنى چۈشىنىشى؛

2) ۋەزىپە: زاكات بەرگۈچىگە رەھمەت ئېيتىش، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ۋە ئۇنى ماختاش؛ لېكىن، بۇ پەقەتلا سەۋەبكە تەشەككۈر ئېيتىش مىقداردىلا بولسۇن (يەنى، زاكات بەرگۈچىنىڭ پەقەتلا بىر سەۋەب ۋە ۋاستە ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك)، چۈنكى ھەدىستە كەلگەندەك: «كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتمىغان كىشى ئاللاھقا شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ»[1].

بېرىلگەن نەرسىنى ئاز بولسىمۇ تۆۋەن كۆرمەسلىك، يىرىك سۆز قىلماسلىق ۋە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئەيىبىنى يېپىش تەشەككۈرنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. خۇددى بەرگۈچىنىڭ ۋەزىپىسى بەرگەن نەرسىسىنى كىچىك ساناش بولغىنىدەك، ئالغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئالغان نەرسىنى چوڭ بىلىشتۇر. ئىككىلىسى نېئمەتنى ئاللاھ تائالادىن دەپ بىلىشكە زىت ئەمەس. ئەمما، ۋاستىنى ۋاستە دەپ بىلمىگەن كىشى نادانلۇر، ۋاستىنى ئەسل دەپ بىلگۈچى ئىنكارچىدۇر.

3) ۋەزىپە: بېرىلگەن نەرسىگە ئوبدان قاراش، ئەگەر بېرىلگەن نەرسە ھالالدىن بولمىسا، ئۇنى ئەسلا ئالماسلىق؛ چۈنكى، باشقىلارنىڭ مېلىنى بېرىش زاكات چىقارغانلىق ئەمەس. ئەگەر زاكات ئالغۇچى قىينچىلىقتا بولمىسا، كەلگەن زاكات شۈبھىلىك بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. كىرىمىنىڭ كۆپىنچىسى ھارامدىن تەشكىل تاپقان كىشى زاكات چىقارسا، مالنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكى ئېنىق بولمىسا، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان پەتۋا ئۇ مالنىڭ سەدىقە قىلىنىۋېتىلىشىدۇر. دېمەك، يوقسۇلنىڭ ئەھۋالى قىيىن، پاك مال ئېلىشتىنمۇ ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ بۇ مالدىن ھاجەت مىقدارىدا ئېلىشى دۇرۇستۇر.

4) ۋەزىپە: ئالغان ئۇلۇشىدە شۈبھەدىن ساقلىنىش، ئۆزىگە مۇباھ مىقدارنى ئېلىش ۋە ئېھتىياج مىقداردىن كۆپ ئالماسلىق. يەنى ئەگەر قەرزدار بولسا قەرزىنى تۆلىگۈدەك مىقداردىن ئارتۇق ئالمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ئۈچۈن ئۇرۇشقۇچى غازى بولسا پەقەت ھاجەت مىقدارىنى، كەمبەغەللىك سەۋەبلىك ئالماقچى بولسا، باي بولغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەكنى ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالغۇچىنىڭ ئىجتىھادىغا تاپشۇرۇلىدۇ. شۈبھىلىك نەرسىلەرنى تەرك

[1] ئەبۇ داۋۇد (4811)؛ تىرمىزىي (1954). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئېتىش تەقۋالىقتۇر.

ئالىملار قاي دەرىجە بايلىقنىڭ زاكات ئېلىشقا توسالغۇ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى. بۇ بارىدا توغرا بولغان قاراش كىشىنىڭ يەتكۈدەك داۋاملىق كىرىمى بولۇشىدۇر. يەنى كىشىنىڭ تىجارەت، ھۈنەر، ئۆي - مۈلۈك ئىجارىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەردىن داۋاملىق كىرىم قىلالىشىدۇر. ئەگەر بىر كىشى زۆرۈر مىقدارنىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولسا، كەمىنى تولۇقلىغۇدەك مىقداردا زاكات ئالسا بولىدۇ. ئۇنچىلىكمۇ بولمىسا، يەتكۈدەك مىقدارغىچە ئالسا بولىدۇ.

ئالغان زاكات مىقدارى ئۆزىگە بىر يىلغا يەتكۈدەك بولسا بولىدى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئالمىغاي. چۈنكى، بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر زاكات ۋاقتى كېلىدۇ. ئەگەر يىلدىن ئاشقۇچە ئېلىۋالسا، (باشقا) نامراتلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان بولىدۇ.

## ئىختىيارىي سەدىقىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەت ۋە ئەدەبلىرى

خوش، سەدىقىنىڭ پەزىلەتلىرىگە كەلسەك، بۇ پەزىلەتلەر مەشھۇر ۋە كۆپتۇر:

جۈملىدىن، ئىمام بۇخارىينىڭ — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— قايسىڭلارغا مىراسخورىنىڭ مېلى ئۆز مېلىدىن سۆيۈملۈك؟ — دەپ سورىدى. ساھابەلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ھەرقاندىقىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ مېلى سۆيۈملۈك، — دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ:

— ھەقىقەتەن كىشىنىڭ تىرىكلىكىدە خەير يولىدا سەرپ قىلىپ ئالدىن ماڭدۇرغىنى ئۆز مېلىدۇر، (تىرىكلىكىدە خەير يولىدا سەرپ قىلماي) ئارقىدا قالدۇرۇپ كەتكىنى مىراسخورىنىڭ مېلىدۇر، — دېگەن»[1].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان مېلىدىن خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا — ئەلبەتتە ئاللاھ

[1] بۇخارىي (6442).

تائالانىڭ تەرىپىگە پەقەت ھالاللا ئۆرلەيدۇ ــــ ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن شۇ خورما چاغلىق نەرسىنى خۇددى بىراۋ ئۆز تايچىقىنى ئوبدان بېقىپ ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ، سەدىقە قىلغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابىنى تاغدەك زورايتىپ بېرىدۇ»[1].

يەنە بىر ھەدىستە: «ھەقىقەتەن سەدىقە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ» دېيىلگەن[2] بولسا باشقا بىر ھەدىستە: «سەدىقە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن سەدىقە سىلەرنى دوزاختىن خالاس قىلغۇچىدۇر» دېيىلگەن[3].

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشى ھېچقانداق بىر سەدىقىنى يەتمىش شەيتاننىڭ جاغىنى ئۆزىدىن ئاجراتماي تۇرۇپ بېرەلمەيدۇ»[4] دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر راھىب ئاتمىش يىل بىر ھۇجرىدا ئىبادەت قىلدى، ئاندىن قولىدا بىر تال نان بىلەن پەسكە چۈشتى، دەل شۇ چاغدا ئالدىغا بىر ئايال چىقىپ بەدەنلىرىنى ئاچتى. راھىب ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلدى ۋە ئۇلاپلا ئۆلۈم يېقىنلاشتى، دەل شۇ پەيتتە بىر تىلەمچى كەلدى ۋە راھىب ھېلىقى ناننى ئۇنىڭغا بېرىپ بولۇپ ئۆلدى. ئاندىن ئاتمىش يىللىق ئەمەل كەلتۈرۈلۈپ تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە، گۇناھى كەلتۈرۈلۈپ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلغان ئىدى، گۇناھى ئاتمىش يىللىق ئەمىلىنى بېسىپ كەتتى. ئاخىرىدا نان كەلتۈرۈلۈپ ئەمىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئىدى، گۇناھىنى بېسىپ چۈشتى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەدىقە ئەسلا مالنى كېمەيتمەيدۇ»[5] دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇلار بىر قوي بوغۇزلىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ ئۇ قويدىن نېمە قېلىپ قالدى؟ ــــ دەپ سورىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1410)؛ مۇسلىم (1014).

[2] تىرمىزىي (664). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1908) «سەھىھ» دېگەن.

[3] تەبەرانىي: «ئەلئەۋسەت»، (8060). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2439) «زەئىف» دېگەن.

[4] ئەھمەد (22955)؛ ھاكىم (1521). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 5814) «سەھىھ» دېگەن.

[5] مۇسلىم (2588).

— پەقەت تاغاق سۆڭىكى ئەتراپى قالدى، — دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەمسە تاغاق سۆڭىكى ئەتراپىدىن باشقا ھەممىسى بىزگە قاپتۇ، — دېدى[1].

نەپلە سەدىقىنىڭ ئەدەبلىرىمۇ ئالدىدىراق بايان قىلىنغان زاكات بېرىشنىڭ ئەدەبلىرىگە ئوخشاشتۇر. نامرات كىشىنىڭ زاكات بىلەن نەپلە سەدىقىدىن قايسىبىرىنى ئېلىشىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل كۆزقاراشتا بولدى. بىر قىسىم ئالىملار: «زاكات ئېلىشى ئەۋزەل» دېسە، يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «نەپلە سەدىقە ئالسا ئەۋزەل» دەپ قارىدى.

ئەڭ ئەۋزەل سەدىقىگە كەلسەك، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— قايسى خىلدىكى سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭدۇر؟ — دەپ سورالغانىدى، ئۇ زات:

— سەن كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرغان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، پۇل ـ مالغا ھېرىسمەن ۋە تېنىڭ ساغلام ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭدۇر. سەدىقە بېرىشنى كېچىكتۈرمىگىن، كېچىكتۈرۈپ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا: ‹پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار، پوكۇنىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار› دېگىنىڭ بىلەن، بۇ چاغدا مال باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى»[2].

---

[1] تىرمىزىي (2470). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 2544) «سەھىھ» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1419)؛ مۇسلىم (1032).

# تۆتىنچى بۆلۈم: روزا

## روزىنىڭ سىرلىرى، روزا تۇتۇشتىكى مۇھىم ئىشلار ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر

بىلگىنكى، روزىدا باشقا ئىبادەتلەردە بولمىغان بىر خۇسۇسىيەت باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ روزىنى ئۆزىگە مەخسۇس قىلىشىدۇر. ھەقتائالا ھەدىس قۇدسىيدە: «روزا پەقەت مەن ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ ئەجرىنى مەن بېرىمەن»[1] دېگەن. شەرەپ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بۇ لەۋزى يېتەرلىكتۇر. خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن﴾«ھەج»: 26/22 دېگەن ئايەتتىكى كەرىمدە بەيتۇللاھنى ئۆزىگە خاسلاشتۇرۇپ شەرەپلەندۈرگىنىدەك.

روزا باشقا ئەمەللەردىن ئىككى سەۋەبتىن ئەۋزەلدۇر:

1) روزا يوشۇرۇن ۋە مەخپىي ئەمەلدۇر؛ روزىنى بىراۋ كۆرمەيدۇ ۋە رىيا ئارىلاشمايدۇ.

2) روزا ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى قاقشىتىدۇ. چۈنكى، دۈشمەنىنىڭ قورالى شەھۋەتلەردۇر، يەپ - ئىچىش شەھۋەتنى كۈچەيتىدۇ. شەھۋەت زېمىنى مۇنبەت بولىدىكەن، شەيتانلار كېلىپ يايلاپ تۇرىدۇ. شەھۋەتنى تاشلاش بىلەن شاياتۇنىنىڭ ساھەسى تارىيىدۇ. روزىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ناھايىتى نۇرغۇن ۋە مەشھۇر رىۋايەت، ئەخبارلار باردۇر.

## روزىنىڭ سۈننەتلىرى

سوھۇرلۇق يېيىش، كېچىكتۈرۈپرەك ئىغىز ئېتىش، ئىفتارغا ئالدىراش ۋە خورما بىلەن ئىغىز ئېچىش سۈننەت، رامازان ئېيىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىپ سېخىي بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ۋە كۆپ سەدىقە بېرىش؛ قۇرئاننى دەرس قىلىش، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋە كۆپ ئىبادەت قىلىشقا تىرىشىش قاتارلىقلار مۇستەھەبتۇر. «سەھىھەين»دە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدىكى: «رامازاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە،

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1894)؛ مۇسلىم (1151). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامبىلنى چىڭ باغلايتتى، كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئىھيا قىلاتتى ۋە ئەھلىنى ئويغىتاتتى»[1]. «تامبىلنى چىڭ باغلايتتى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «شد المئزر» تەبىرىنى ئالىملار ئىككى مەنادا بايان قىلغان:

بىرىنچىسى: ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق؛

ئىككىنچىسى: راۋۇرۇس پۇختا تەييارلىق قىلىش ۋە ئەمەل - ئىبادەتتە تىرىشىش.

دەپتۇرلەركى: ئاخىرقى ئون كۈنىدە كۆپ تىرىشىشىنىڭ ۋەجى قەدىر كېچىسىنى ئىزدەشتۇر.

## روزىنىڭ سىرلىرى ۋە ئەدەبلىرى

روزا ئۈچ دەرىجىدۇر: ئاۋامنىڭ روزىسى، ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ روزىسى ۋە ئالاھىدە كىشىلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ روزىسى.

ئاۋامنىڭ روزىسى: قورساق ۋە ئەۋرەتنىڭ شەھۋىتىنى ئادا قىلماسلىقتۇر.

ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ روزىسى: تىل، قول، پۇت، كۆز، قۇلاق ۋە باشقا ئەزالارنى گۇناھلاردىن ساقلاشتۇر.

ئالاھىدە كىشىلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ روزىسى: قەلبنى ناچار خاھىشلاردىن، ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇرىدىغان پىكىرلەردىن قوغداش ۋە زېھىننى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن ئۈزۈش. بۇ روزىنىڭ باشقا تەرەپلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئورنىدا سۆزلەنگۈسى.

كۆزنى ھارامغا قاراشتىن، تىلنى باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان ھارام ياكى مەكرۇھ گەپ ۋە بىھۇدە سۆزلەردىن ساقلاش، شۇنداقلا باشقا ئەزالارنىمۇ گۇناھتىن ساقلاش قاتارلىقلار ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ روزىسىنىڭ ئەدەبلىرىدۇر.

بۇخارىي رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا روزىدار تۇرۇپ يالغان گەپ ۋە ساختىپەزلىكنى تەرك ئەتمەيدىغان كىشىنىڭ يېمەك - ئىچمەكنى تەرك ئېتىشىگە موھتاج ئەمەس» دېگەن[2].

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2024)؛ مۇسلىم (1174).

[2] بۇخارىي (1903)؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

## روزىنىڭ ئەدەبلىرى:

كېچىدە تاماقنى بولۇشىغا يەپ قورساقنى توشقۇزۇۋەتمەي، ئازراق يېيىش كېرەك. چۈنكى، «ئادەم بالىسى تولدۇرغان ئەڭ يامان قاچا قورسىقىدۇر»[1]. كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە (يەنى ئىفتاردا) قورسىقى تويۇپ كەتكەن كىشى كېچىنىڭ قالغىنىدا ئۆزىدىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك سەھەردە قورسىقى تويۇپ كەتسە، پېشىن ۋاقتىغا يېقىنلاشقۇچە ئۆزىدىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. چۈنكى، كۆپ يېيىش ھۇرۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا كۆپ يېگەندە روزا تۇتۇشتىكى مەقسەت بولمىش «ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن نەپسكە يۇگەن سېلىش» ھاسىل بولمايدۇ.

## نەپلە روزا

بىلگىنكى، پەزىلەتلىك كۈنلەردە روزا تۇتۇش مۇستەھەبتۇر. بەزى پەزىلەتلىك كۈنلەر يىلدا بىر قېتىم كېلىدۇ. مەسىلەن، رامازاندىن كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن، ئەرەفات كۈنى، ئاشۇرا كۈنى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى توققۇز كۈنى ۋە مۇھەررەم كۈنى قاتارلىقلار.

بەزىسى ھەر ئايدا تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەر ئاينىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا روزا تۇتۇش دېگەندەك. كىمكى ئاينىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا روزا تۇتسا ياخشى قىلغان بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەر ئاينىڭ ئۈچ تولۇن ئاي كۈنى (13، 14، 15 لىرى) روزا تۇتۇش بەك ئەۋزەلدۇر.

بەزىلىرى ھەر ھەپتە تەكرارلىنىدۇ: يەنى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى.

نەپلە روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. «ئۇ زات بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى»[2]. بۇ روزىغا ئۈچ مەنا جەملەنگەندۇر:

1) روزا تۇتمىغان كۈنى نەپسىنىڭ نېسىۋىسى بېرىلىدۇ، روزىدار كۈنى تولۇق قۇللۇق بىلەن ئىبادەت قىلىنىدۇ. بۇنداق روزىدا نەپسكە قاياش ۋە قارشى تەرەپلەر جەملەنگەن بولىدۇ، مانا بۇ ئادىللىقتۇر.

2) ھەقىقەتەن يېيىش كۈنى شۈكۈر كۈنىدۇر، روزا كۈنى سەبىر كۈنىدۇر. ئىماننىڭ ئىككى يېرىمى: شۈكۈر ۋە سەبىردۇر.

[1] ئەھمەد (17225). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 2265) «سەھىھ» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1977)؛ مۇسلىم (1159). ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

3) بۇنداق روزا نەپسكە قارشى جىھادنىڭ ئەڭ قىيىنىدۇر. چۈنكى، نەپس بىر نەرسىنى ئەمدى ئۈنتاي دەپ تۇرغاندا، ئۇ ھالەتتىن باشقا ھالەتكە يۆتكىلىدۇ.

يىل بويى روزا تۇتۇشقا كەلسەك، ئىمام مۇسلىم ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— يىل بويى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ھالى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ زات (جاۋابەن):

— روزا تۇتقانمۇ، تۇتمىغانمۇ ھېسابلانمايدۇ — ياكى — روزىمۇ تۇتمىغان، ئېغىزمۇ ئاچمىغان بولىدۇ، — دېدى»[1]. بۇ ھەدىستە روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەردىمۇ ئارقىمۇئارقا روزا تۇتۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما، ئىككى ھېيت كۈنى ۋە تەشرىق كۈنلىرى (قۇربان ھېيتنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ كۈنلىرى) روزا تۇتماي، يىلنىڭ قالغان كۈنلىرىدە روزا تۇتسا بولىۋېرىدۇ. ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاتىسى (ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي) ئارقىمۇئارقا روزا تۇتاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئارقىمۇئارقا روزا تۇتاتتى[2].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 40 يىلغىچە ئارقىمۇئارقا روزا تۇتقان ئىدى» دېگەن[3].

بىلگىنكى، ئاقىل كىشى روزىنىڭ غايىسىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ نەپسىنى پەزىلەتلىك نەرسىلەرگە قارىتىپ، بىچارە ھالغا مۇپتىلا بولۇشتىن ساقلايدۇ.

مەسىلەن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەپلە روزىنى ئاز تۇتاتتى ۋە: «مەن روزا تۇتسام نامازغا ماغدۇرۇم قالمايدىكەن، شۇڭا روزىنىڭ ئورنىغا نامازنى تاللىدىم» دەيتتى[4].

بەزىلەر روزا تۇتسا قۇرئان ئوقۇشقا ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا، قۇرئان ئوقۇشقا تاقىتى يەتكۈدەك دەرىجىدە نەپلە روزا تۇتىدۇ.

ھەركىم ئۆز ئەھۋالىنى ۋە ئۆزگە نېمىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

[1] مۇسلىم (1162).

[2] فىريابىي: «ئەسسىيام»، (115). راۋىيلىرى ئىشەنچلىك.

[3] فىريابىي: «ئەسسىيام»، (126). سەنەدى سەھىھ.

[4] ئىمام تاھاۋىي: «شەرھۇ مۇشكىلىل ئاسار»، 14/7.

# بەشىنچى بۆلۈم: ھەج

## ھەجنىڭ سىرلىرى، پەزىلەتلىرى، ئەدەبلىرى ۋە شۇ قاتارلىق مەسىلىلەر

ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلغۇچى ئىشنى ئەۋۋەلا تەۋبە قىلىشتىن باشلىشى، بار بولسا زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشى، قەرزلىرىنى ئادا قىلىشى، ھەجدىن قايتىپ كەلگۈچە نەپىقىسى ئۆزىگە يۈكلەنگەن كىشىلەرنىڭ نەپىقىلىرىنى تەييارلىشى ۋە ئېلىكىدىكى ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشى كېرەك.

بېخىللىق قىلماي، يېنىغا ھەجگە بېرىپ - قايتقۇچە ئۆزى كەڭرى يەپ - ئىچىشكە يەتكۈدەك ۋە يوقسۇللارغا غەمخورلۇق قىلالىغۇدەك ھالال پۇل - مال ئېلىۋېلىشى؛ مىسۋاك، تارغاق، ئەينەك ۋە سۈرمە قۇتىسىغا ئوخشاش لازىمەتلىكلەرنى يېنىغا سېلىۋېلىشى؛ ھەجگە ئاتلىنىشتىن ئالدىن سەدىقە قىلىشى، ئەگەر نەرسىلىرىنى ئارتقىلى بىرەر ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇلاغقا ئارتىدىغان چوڭ - كىچىك، ئېغىر - يېنىك ھەممىنى ئۇلاغ ئىگىسىگە كۆرسىتىشى كېرەك.

بىر كىشى ئىبنى مۇبارەك — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — كە:

— بۇ بىر پارچە تېرىنى پالانىغا ئالغاچ بارسىڭىز! — دېگەندە، ئىبنى مۇبارەك:

— مەن ئۇلاغ ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراپ باقاي، — دېگەنىدى.

يەنە ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغان، ياخشىلىقسۆيەر، ئۇنتۇغاندا ئەسلىتىپ قويىدىغان، ئەسلىسە ياردەم بېرىدىغان، كۆڭۈل غەشلىكتە سەبرگە ئۈندەيدىغان ياخشى ھەمراھ تېپىش كېرەك.

سەپەردە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار تۈپەيلى يۈز بەرگۈسى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشلىق تەيىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. سەپەرداشلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل ۋە ھەمراھلىرىغا كۆيۈمچان كىشىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلغاي. باشلىق بولغۇچى بولسا سەپەرداشلىرىغا يۇمشاق قول بولۇشى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ياقلىشى ۋە ئۆزىنى ئۇلارغا قالقان قىلىشى كېرەك.

سەپەر جەريانىدا يەنە ياخشى سۆزلەرنى قىلىش، ئاش - تائام بېرىش ۋە

گـۈزەل ئەخلاقنـى نامايـان قىلـىش كېـرەك. سـەپەر ئىنسـانـنىڭ تەبىئىتىنـى ئاشـكارىلايدۇ، كىشـىنى هـەر تەرەپلىمـە چارچىتىدىغـان سـەپەر جەريانـىـدا گـۈزەل ئـەخلاق كۆرسـىتەلىگەن كىشـى تۇرغـۇن تۇرمۇشـتىمۇ گـۈزەل ئەخلاقلىقتـۇر. دەپتۇرلەركـى: «ئەگـەر بىـر كىشـىنى تۇرغـۇن تۇرمۇشـتا مۇئامىلـە قىلىـپ باققانلارمـۇ، سەپەرداشـلىرىمۇ ماختىسـا، ئـۇ كىشـىنىڭ ياخشـى كىشـى ئىكەنلىكىگـە شـەك قىلماڭلار».

يولۇچـى سـەپەرگە چىقمايدىغـان دوسـت ۋە قېرىنداشـلىرى بىلـەن خوشلاشـقاي، ئۇلاردىـن دۇئـا تەلـەپ قىلغـاي ۋە سـەپەرگە پەيشـەنبە كۈنـى ئەتىگەنـدە ئاتلانغـاي؛ ئۆيدىـن چىقمـاي تـۇرۇپ ئىككـى رەكئـەت نامـاز ئوقۇغـاي، ئەهـل ـ تەئەللۇقاتىنـى ئـاللاھ تائالاغـا ئامانـەت قويغـاي؛ ئۆيدىـن چىققانـدا، ئۇلاغقـا مىنگەنـدە ۋە ئۇلاغدىـن چۈشـكەندە ئوقۇلىدىغـان زىكىـر ۋە دۇئالارنـى ئوقۇغـاي. بـۇ دۇئـا ۋە زىكىرلـەر هـەج پائالىيەتلـرى بايـان قىلىنغـان كىتابلاردا بـاردۇر؛ شـۇنىڭدەك ئىهرام بـاغلاش، تـاۋاپ قىلـىش، سـەفا ۋە مـەرۋە ئارىسـىدا سـەئيى قىلـىش، ئەرەفـات تېغىـدا تـۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىـن باشـقا هـەج جەريانىـدا ئوقۇلىدىغـان زىكىـر، دۇئـا ۋە ئەدەبلەرنـىڭ هەممىسـگە رىئايـە قىلغـاي. بـۇلار فىقـھ كىتابلىرىـدا تولـۇق تىلغـا ئېلىنغـان بولـۇپ، شۇ كىتابلاردىن ئىزدەلگەي.

## يوشۇرۇن ئەدەبلەرنىڭ بايانى ۋە ھەجنىڭ سىرلىرىغا ئىشارە

بىلگىنكـى، تۇرلـۇك پىكىـر ۋە غەملەردىـن پارىـغ بولمـاي ۋە ئۆزىنى تامامـەن ئاللاھقا ئاتىمـاي تـۇرۇپ، ئاللاھنـىڭ رىزاسـىغا ئېرىشـىپ بولمايـدۇ. پـوپلار ئـاللاھ بىلـەن ئۈنـس ـ ئۇلپـەت بولۇشـنى كۆزلـەپ تـاغلاردا يالغـۇز ئىسـتىقامەت قىلىشـاتتى. هـەج بولسا بۇ ئۇممەتنىڭ ـــ بىر مەنادا ـــ روھانىيىتى قىلىندى.

هەجـدە قەلبنـى مەشـغۇل قىلىۋالىدىغـان، تۇيغـۇ ۋە دىققەتنـى بۆلۈۋېتىدىغـان تىجارىـي پائالىيەتلەردىـن قـول ئـۈزۈش، تاشـقى كۆرۈنـۈش ئـاۋارە بولسـىمۇ، پۈتـۈن ۋۇجۇدى بىلـەن ئاللاھقا بېرىلىش، زىيادە ياسانماسلىق هەجنىڭ ئەدەبلىرىدىندۇر.

يـۇك ئارتىلغـان تۆگىنـىڭ ئۇسـتىدە چىـك ئولتۇرالماسـلىقتەك ئۆزرىسـى بولمىسـا، كاجۇۋالـىق تۆگىگـە مىنىشـتىن سـاقلىنىش كېـرەك. چۈنكـى، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئېگەر توقۇمى كونا بىر ئۇلاغقا مىنىپ هەج قىلغان[1].

جابىـر رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇ رىۋايـەت قىلىدۇكـى، نەبـى سـەللەللاهۇ ئەلەيهـى ۋە

[1] ئىبنى ماجە (2890). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 2617) «سەھىھ» دېگەن.

سەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھاجىلار بىلەن پەخىرلەنگەن ھالدا پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ‹بەندىلىرىمگە قاراڭلار! ئۇلار چېچى چۇۋۇق، توپا - توزان ئىچىدە يىراق يوللارنى بېسىپ ماڭا كەلدى، سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدىم!› »[1].

ئاللاھ تائالا ئۆز ئۆيىنى (بەيتۇللاھنى) شەرەپلىك ۋە ئەزىز قىلدى ۋە بەندىلەرنىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى ئەيلىدى. ئۆز بۇيرۇقى ئۇلۇغلانسۇن ۋە ئۆيىنىڭ شانى يۈكسەلسۇن ئۈچۈن ئەتراپىنى ھەرەم (چەكلەنگەن رايون)، ئەرەفاتنى بولسا ئۇنىڭ سەيناسىدا بىر مەيدان قىلدى.

بىلگىنكى، ھەج ئەمەللىرىنىڭ ھەربىرىدە تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئۈچۈن بېشارەتلەر، ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن دەرسلەر باردۇر.

بۇلاردىن بىرى، ھەج جەريانىدىكى ئەمەللىرى بىلەن ئۆزىگە ئاخىرەت ئوزۇقى تەييارلىغانلىقىنى ئويلىشىدۇر. ئۇنداقتا كىشى بۇ ئەمەللەرنىڭ رىيا ۋە كۆز - كۆز قىلىش بىلەن نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ساقلانسۇن. چۈنكى، بۇنداق ئەمەل بەئەينى سەپەرنىڭ دەسلىپىدىلا بۇزۇلۇپ، ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ئىگىسىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان خام يېمەكلىككە ئوخشاش ھەرگىز يار بولمايدۇ ۋە مەنپەئەت بەرمەيدۇ. يۇرتىدىن ئايرىلىپ چۆل - باياۋانغا كىرگەن ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ۋاقتىدا، ئۆلۈم بىلەن بىرگە دۇنيادىن قىيامەت مەيدانىغا ۋە بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى قورقۇنچلار ئالدىدا ئاشۇ ئوزۇق بىلەن بىر نىجاتلىق بارلىقىنى ئەسلىگەي!

يەنە بىر بېشارەت كىشىنىڭ ئېھرامغا كىرىش ۋاقتى ۋە كىيىملىرىنى سېلىشىدىن ئىبرەت ئېلىشىدۇر. ھاجى ئېھرامغا كىرگەندە بەئەينى ئۆز كېپىنىنى كيگەن، دۇنيا ئەھلىنىڭ كىيىمىدىن پەرقلىق بىر كىيىمدە رەببىگە مۇلاقات بولىدۇ. تەلبىيە ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىجابەت قىلىۋاتقانلىقىنى ياد ئەتسۇن. دەرۋەقە، ھەقتائالا: ﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن﴾22/«ھەج»: 27 دەپ بۇيرۇغان. كىشى بۇ ئىجابىتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىشى، قوبۇل بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرىشى كېرەك. شۇنىڭدەك ھەرەمگە يېتىپ بارغاندا، ئازابتىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىدۋار بولۇش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا يېقىن كىشىلەر قاتارىدىن بولالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىشى، لېكىن ئۈمىدۋارلىق ئۈستۈن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھنىڭ كەرەم ۋە مەرتىلىكى ئومۇمىيدۇر، زىيارەت قىلغۇچىنىڭ ھەققى ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ ۋە پاناھلىق

[1] ئىبنى خۇزەيمە (2840). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1867، 1868) «سەھىھ» دېگەن.

تىلىگۈچىنىڭ ئامانلىقى زايە بولمايدۇ.

يەنە بىرى: بەيتۇللاھنى كۆرگەندە ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى قەلبەن ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ئۇشبۇ مەنزىلگە يەتكۈچىلەردىن قىلغان ئاللاھ تائالاغا تەشەككۈر ئېيتىشى، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئەمەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى كېرەك؛ چۈنكى، تاۋاپ بىر مەنادا نامازدۇر. ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سىلىغان چاغدا ئىشىنىپ تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەي ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتا قاتتىق ئىرادىگە كەلگەي. كەئبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلغاندا ۋە مۇلتەزەم[1]گە يېقىنلاشقاندا گۇناھكار قۇلنىڭ ئۆز خوجىسىنى پاناھ تارتىشنى ۋە ئاشىقنىڭ مەشۇقىگە يېقىنلىشىشنى خىيالىغا كەلتۈرگەي!

بۇ ھەقتە بەزىلەر مۇنداق شېئىر ئوقۇغان ئىدى:

*بىر ئەمىنلىك سايەسىدۇر ئۆيۈڭنىڭ يوپۇقلىرى*
*ئاڭا مەھكەم ئېسىلدىم ساڭا سىغىنىپ يا رەببى،*
*گەر دەۋزەختىن قورققان ھالدا ئېسىلسام ئاڭا،*
*يوق گۇمانىم، ئاندا دەۋزەخكە يولاتمايسەن مېنى،*
*پەرمان قىلدىڭ: «بەيتىمگە قىلىڭلار ھەج» دەپ،*
*لەببەي! مانا پاناھگاھ قىلدىمەن بەيتىڭنى.*

سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلغاندا ئۆزىنى بەجايىكى مىزان تارازىسىنىڭ ئىككى ئۇچى ئارىسىدا بېرىپ - كېلىۋاتقاندەك ۋە مەھشەرگاھتا تارتىلىۋاتقاندەك ياكى خىزمەتتىكى ئىخلاسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مەرھەمىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش، ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈمىدى بىلەن خاقانىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا بېرىپ - كېلىۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك؛

ئەرەفاتتا تۇرغاندا ئۇندا كۆرگەن ئالامىنى، يۇقىرى ئاۋازدا تۇۋلاشلارنى مەھشەرگاھتا تۈرلۈك تىللاردا ۋە بارچە ئۈممەتنىڭ قايىم بولۇشى ۋە شاپائەت تەلەپ قىلىشلىرىغا قىياس قىلغىن!

[1] مۇلتەزەم (اَلْمُلْتَزَمُ): ئەرەب تىلىدا: «چىڭ ئېسىلىپ، چاپلىشىپ دۇئا قىلىنىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەسجىدۇل ھەرەمدە: «ھەجەرۇل ئەسۋەد بىلەن كەئبەنىڭ ئىشىكىنىڭ ئارىلىقىدىكى تۆت گەز كېلىدىغان دۇئاگاھ»تۇر. «دۇئاگاھ (اَلْمُدعَى)»، «پاناھگاھ (اَلْمُتَعَوَّذُ)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ جايغا مەيدىسىنى، يۈزىنى، بىلەكلىرىنى ۋە ئالىقانلىرىنى يېيىپ چاپلاپ دۇئا قىلىش مۇستەھەبتۇر. - ت.

جەمەرات[1]تا شەيتانغا تاش ئاتقىنىڭدا شۇ ئارقىلىق ئىلاھىي بۇيرۇققا بويسۇنغانلىقىڭنى، قۇللۇق ۋە ئىبادىتىڭنى ئىزھار قىلغانلىقىڭنى ۋە پۈتۈن نەپسانىي ھېس - تۇيغۇلىرىڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، پەقەت ۋە پەقەت بىر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇققا بويسۇنغانلىقىڭنى ئويلىغىن!

مەدىنەگە كەلسەڭ، مەدىنەئى مۇنەۋۋەرەنىڭ قارىسىنى كۆرسەڭ، بۇ شەھەرنىڭ ئاللاھ تائالا ئۆز رەسۇلىغا تاللاپ بەرگەن، ئۇنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە قەبرىسىنىڭ شۇ يەردە بولۇشىنى ئىرادە قىلغان شەھەر ئىكەنلىكىنى ئەسلە!

ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنەدە ئۇياق - بۇياقتا قەدەم باسقان يەرلىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر!

ئۇ زاتنىڭ خۇشۇئ ۋە تەمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىل!

ئەگەر ئۇ زاتنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلماق بولساڭ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ھەيۋىتىنى قەلبەن ھېس قىل!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك جامالىنى خىيالىڭدا جانلاندۇر!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئەسلە!

ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەرگىن!

رەسۇلۇللاھنىڭ خۇددى ھەدىستە كەلگەندەك، سېنىڭ ئۇ يەردىلىكىڭنى ۋە سالام بەرگەنلىكىڭنى بىلىدىغانلىقىنى[2] بىل!!!

---

[1] جەمرە (الْجَمْرَةُ): «چوغ پارچىسى، شېغىل تاش» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، فىقھ ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ھاجىلار قۇربان ھېيت ۋە تەشرىق كۈنلىرىدە مىنادا ئاتقان كىچىك تاشلارنىڭ ھەربىرىنى ۋە ئۇ تاشلار ئېتىلىدىغان ئايرىم - ئايرىم ئۈچ يەرنى كۆرسىتىدۇ. ھېيتنىڭ 1 - كۈنى ئەقەبە جەمرىسىگىلا يەتتە تاش، ئۇندىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە ئۈچ جەمرەگە يەتتىدىن تاش ئاتىدۇ. ـــ ت.

[2] ئەبۇ داۋۇد (2041). ئەھمەد (547/2) دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ماڭا سالام يوللايدىكەن، مېنىڭ ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇشۇم ئۈچۈن ئاللاھ روھىمنى ماڭا قايتۇرىدۇ» دېگەن. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

# ئالتىنچى بۆلۈم: قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى

قۇرئاننىڭ ئەڭ بۈيۈك پەزىلىتى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىدۇر. ھەقتائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم»نى ماختىغان: ﴿بۇ بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾«ئەنئام»: 6/ 92. ﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ﴾«ئىسرائ»: 17/ 9. ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾«فۇسسىلەت»: 41/ 42.

ئىمام بۇخارىي ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر»[1] دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەقىقەتەن كىشىلەر ئىچىدە ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ يېقىن كىشىلىرى بار، — دېدى.

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇلار كىملەر؟! — دېيىلگەنىدى، ئۇ زات:

— ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن ۋە خاس كىشىلىرى دەل قۇرئان ئەھلىدۇر، — دېدى[2].

باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا قۇرئاننى چۈشەنگەن ۋە ئەمەل قىلغان قەلبنى ئازابلىمايدۇ»[3] دېگەن.

[1] بۇخارىي (5027).

[2] ئەھمەد (12264)؛ نەسائىي: «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»، (8031)؛ ئىبنى ماجە (215)؛ ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 215) «سەھىھ» دېگەن.

[3] دەيلەمىي: «ئەلفىردەۋس بىمەئسۇرىل خىتاب»، (7798). ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 2865) «زەئىف» دېگەن. دارىمىي (3363). ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ھافىز ئىبنى ھەجەر («فەتھۇلبارىي»، 79/9): «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى قارىيغا: ‹ئوقۇ، ئۆرلە، دۇنيادا تەرتىل قىلىپ ئوقۇغىنىڭدەك تەرتىل بىلەن ئوقۇ! سېنىڭ مەرتىۋەڭ سەن ئوقۇغان ئاخىرقى ئايەت بىلەن بەلگىلىنىدۇ› دېيىلىدۇ» دېگەن[1]. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قۇرئان يادلىغان كىشىنىڭ قەبرىسى يېرىلغاندا، قۇرئان ئۇنىڭغا سولغۇن چىراي بىر ئادەم سىياقىدا كۆرۈنىدۇ، ئاندىن:

— مېنى تونۇمسەن؟ — دەيدۇ، قارىي:

— سېنى تونۇمايمەن، — دەيدۇ.

— مەن سېنى قاتتىق ئىسسىقلاردا ئۇسساتقان، كېچىدە ئۇيقۇسىز قويغان ھەمراھىڭ قۇرئاندۇرمەن، ھەرقانداق سودىگەر ئۆز تىجارىتىدىن پايدىغا ئېرىشىشنى كۆزلەيدۇ، مەن سېنى بۈگۈن بارلىق تىجارەتلەردىن ئېرىشىلگەن پايدىدىنمۇ ئەۋزەلرەك پايدىغا ئېرىشتۈرىمەن، — دەيدۇ.

ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا خاھلىغانچە ئىشلىتىدىغان كۈچ بېرىلىدۇ، سول قولىغا مەڭگۈلۈك بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەمتەرلىك تاجى قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا دۇنيادا باھاسى بېكىتىلمىگۈدەك ئىككى تون كىيگۈزۈلىدۇ. ئۇ ئىككىسى:

— بۇ تون بىزگە نېمە سەۋەبتىن كىيگۈزۈلدى؟ — دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىسىگە جاۋابەن:

— بالاڭلارغا قۇرئاننى يادلاتقانلىقىڭلار ئۈچۈن كىيگۈزۈلدى، — دېيىلىدۇ. ئاندىن: ‹ئوقۇغىن، جەننەتنىڭ پەشتاقلىرى ۋە ھۇجرىلىرىغا ئۆرلىگىن!› دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغان قۇرئانى تېز ياكى ئاستا بولسۇن قۇرئاننى ئوقۇغان مۇددىتىدە جەننەتنىڭ دەرىجىلىرىگە ئۆرلەيدۇ»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قارىي قۇرئان باشقىلار ئۇخلاپ ياتقاندا كېچىسىنى (قەدىرلەشنى)، روزا تۇتمىغاندا كۈندۈزلىرىنى، باشقىلار سۆيۈنۈپ، ياپراپ يۈرگەندە قايغۇرۇشنى، كىشىلەر كۈلۈپ يۈرگەندە يىغلاشنى، ئادەملەر قۇرۇق پاراڭغا چۆككەندە سۈكۈت قىلىشنى، خەق

[1] ئەھمەد (6796)؛ تىرمىزىي (2914) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد (22950)؛ ئىبنى ئەبى شەيبە (30668)؛ بۇسايرىي: («ئىتھافۇل خىيەرە»، 5952) «ھەسەن» دېگەن.

كىبىرلەنگەندە كەمتەر بولۇشنى بىلىشى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرۇشى لازىم. قوپال، غاپىل، ۋارقىرايدىغان ۋە ئاچچىقى يامان بولماسلىقى كېرەك»[1].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «قارىي ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىدۇر. شۇڭا، ئۇ قۇرئان ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئويۇنچىلارنىڭ تاماشاسىغا، غاپىللارنىڭ غەپلىتىگە، بىكار تەلەپلەرنىڭ بىھۇدە پاراڭلىرىغا جور بولماسلىقى كېرەك»[2].

قارىي ھېچ كىشىگە ھاجەتمەن بولماسلىقى، بەلكى باشقىلار ئۇنىڭغا ھاجەتمەن بولۇشقا ئەڭ لايىقتۇر.

ئىمام ئەھمەد — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «مەن ئىززەت ئىگىسى پەرۋەردىگارىمنى چۈشۈمدە كۆردۈم، ئاندىن:

— ئى رەببىم! ساڭا يېقىنلىشىدىغانلار نېمە بىلەن بەك يېقىنلىشىدۇ؟ — دېگەنىدىم، رەببىم:

— ئى ئەھمەد! مېنىڭ كالامىمنى ئوقۇش بىلەن، — دېدى.

— رەببىم! چۈشىنىپ ئوقۇش بىلەنمۇ ياكى چۈشەنمەي ئوقۇش بىلەنمۇ؟

— چۈشىنىپ ئوقۇسۇن ياكى چۈشەنمەي ئوقۇسۇن (شۇنداقتۇر)»[3].

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا

قۇرئان ئوقۇغاندا تاھارەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش، باداشقان قۇرۇپ، يۆلىنىپ، كېرىلىپ ۋە كۆرەڭلەپ ئەمەس، باشنى تۆۋەن تۇتۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش كېرەك.

قۇرئاننى نامازدا قىيامدا تۇرۇپ ئوقۇش، بولۇپمۇ مەسجىدتە شۇنداق ئوقۇش ئەڭ ئەۋزەل قۇرئان ئوقۇش ھالىتىدۇر.

قۇرئاننى قانچىلىك ئوقۇش خۇسۇسىدا سەلەف سالىھلەرنىڭ ئادەتلىرى ھەرخىل ئىدى: بەزىلەر بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر قېتىم خەتمە قۇرئان قىلسا، بەزىلەر بىر قېتىمدىن ئارتۇق خەتمە قىلاتتى؛ بەزىلەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم خەتمە

[1] ئەھمەد «ئەززۇھد»، (885)؛ ئەبۇ ئۇبەيد: «قۇرئان پەزىلەتلىرى»، 113 - بەت؛ نەۋەۋىي: «قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى»، 28 - بەت؛ بەيھەقىي («شۇئەبۇلئىمان»، 1807)، ئىسنادىدا نامەلۇم كىشى بار.

[2] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 92/8.

[3] ئەلخەللال: «ئەلمەجالىسۇل ئەشرە»، (44). سەنەدى زەئىفتۇر.

قىلسا، بەزىلەر ھەپتىدە بىر قېتىم خەتمە قىلغان ۋە يەنە بەزىلەر تەپەككۇر بىلەن ئوقۇپ ياكى ئىلىم تارقىتىش، ئۆگىتىش ياكى قۇرئان ئوقۇشتىن باشقا ئىبادەت تۈرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ۋەياكى دۇنيالىق كەسىپ - تىجارەت بىلەن شوغۇللانغاچ ئايدا بىر قېتىم خەتمە قۇرئان قىلىشار ئىدى.

قۇرئاننى مۇھىم ئىشلارغا پۇتلاشتۇرماي، بەدەنگە ئەزىيەت بەرمەي ۋە تەرتىل بىلەن (دانە - دانە ۋە چۈشىنىشلىك) خەتمە قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەن ئۈچۈن قۇرئاننىڭ تامامىنى تېز - تېز ئوقۇپ تۈگەتكىنىمدىن كۆرە ‹بەقەرە› ۋە ‹ئال ئىمران› سۈرىلىرىنى تەرتىل بىلەن تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن[1].

كىم بولمىسۇن، قاچان پۇرسەت تاپالىسا شۇ ۋاقىتنى قۇرئان ئوقۇش بىلەن غەنىيمەت بىلسۇنكى، كۆپ - كۆپ ساۋابقا ئېرىشكەي! ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى بىر رەكئەت ۋىتىردا ئوقۇيتتى. ئىمام شافىئىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — رامازان ئېيىدا قۇرئاننى 60 قېتىم خەتمە قىلاتتى.

قۇرئاننى داۋاملىق ئوقۇش — بىز ئىشارەت قىلغاندەك — ئىمكان مىقدارىدا بولسا بولىدۇ.

بەزى ئالىملار كۈندۈزنىڭ ئاۋۋىلىنى ياكى ئاخىرىنى قۇرئان خەتمىسى ئارقىلىق قارشى ئېلىش ئۈچۈن قۇرئاننى كۈندۈزدە خەتمە قىلماقچى بولسا، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن خەتمە قىلىشنى، كېچىدە خەتمە قىلماقچى بولسا، ناماز شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن خەتمە قىلىشنى مۇستەھەب دەپ قارىغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىمكى قۇرئان خەتمە قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىجابەت قىلىنىدىغان بىر دۇئاسى بولىدۇ»[2] دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى خەتمە قىلغان چاغدا ئائىلىسىنى يىغىپ دۇئا قىلاتتى[3].

---

[1] نەۋەۋىي («قارىيلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى»، 49 - بەت) ۋە غەززالىي («ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 429/1) بىردەك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان يول بىلەن كەلتۈرگەن.

[2] قاسىم ئىبنى سەللام: «فەزائىلۇل قۇرئان»، (87).

[3] دارىمىي (3517)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (1907). قاسىم ئىبنى سەللام («فەزائىلۇل قۇرئان»، 87) ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

### قۇرئان ئوقۇغاندا ئاۋازنى چىرايلىقلاشتۇرۇش توغرىسىدا

قىرائەتنى گۈزەللەشتۈرۈش مۇستەھەبتۇر. ئەگەر قۇرئان ئوقۇغۇچىنىڭ ئاۋازى گۈزەل بولمىسا، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئاۋازىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

قۇرئاننى لەھن قىلىپ ئوقۇشنى[1] سەلەف سالىھلەر مەكرۇھ دەپ قارىغان.

قۇرئاننى مەخپىي ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. ھەدىستە: «قۇرئاننى مەخپىي ئوقۇشنىڭ ئاشكارا ئوقۇشقا بولغان ئارتۇقچىلىقى مەخپىي سەدىقىنىڭ ئاشكارا سەدىقىگە بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ» دەپ كەلگەن[2]. لېكىن، مەخپىي ئوقۇغاندا ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئوقۇشى كېرەك.

سەھىھ / توغرا / ماقۇل بىر مەقسەت بىلەن قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇشقا بولىدۇ: تېخىمۇ ئاسان ۋە ياخشى يادلاش، نەپسىنى ھۇرۇنلۇق ۋە ئۇيقۇدىن تارتىش ياكى مۆگدەك باسقانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئاشكارا ئوقۇغان بولسا ھېچقىسى يوق.

نامازدا قىرائەت قىلىش ھۆكمى، پەرز نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنىڭ مىقدارى، قىرائەتنى ئاشكارا ۋە مەخپىي ئوقۇش ئورۇنلىرى فىقھ كىتابلىرىدا ھەممىگە مەشھۇردۇر.

ئىلكىدە قۇرئان بار كىشى قۇرئان تاشلاندۇق بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئاز بولسىمۇ قۇرئان ئوقۇشى كېرەك.

قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز كالامىنىڭ مەنىلىرىنى ياراتمىشلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە يەتكۈزۈشتىكى مەرھەمىتىنىڭ قانداقلىقىغا قارىشى، ئۆزى ئوقۇۋاتقان سۆزنىڭ بىرەر ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنى بىلىشى، سۆزلىگۈچى بولغان ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بۈيۈكلۈكىنى زېھنەن بىلىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى تەپەككۇر قىلىشى كېرەك. قۇرئان ئوقۇشتىكى ئەسل مەقسەت ئويلىنىپ - پىكىر يۈرگۈزۈشتۇر.

ئەگەر ئويلىنىپ - پىكىر يۈرگۈزۈش پەقەت بىرەر ئايەتنى تەكرار - تەكرار ئوقۇش ئارقىلىقلا ھاسىل بولسا، ئۇ ئايەتنى تەكرار - تەكرار ئوقۇسۇن.

---

[1] ئايەتنىڭ مەنىسى، سۆزلەرنىڭ ھەرپلىرى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ۋە خاتالىققا مايىل دەرىجىدە ئوقۇش.

[2] بۇ ھەدىس لەۋزى «تىرمىزىي»دا مۇنداق ھالەتتە كەلگەن: «قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغان كىشى ئاشكارا سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ، پەس ئاۋازدا ئوقۇغان كىشى بولسا يوشۇرۇن سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاش». تىرمىزىي (2919)؛ ئەبۇ داۋۇد (1184). ئالبانىي: («ئەلمىشكات» ، 2202) «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر...﴾ «مائىدە»/4: 118 دېگەن ئايەتنى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ بىر كېچە قىيامدا تۇرغان[1].

تەمىم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾ «جاسىيە»/45: 21 دېگەن ئايەتنى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ بىر كېچە قىيامدا تۇرغان[2]. مۇشۇ ئايەتنى ھەم رەبىئ ئىبنى خۇسەيمۇ — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — بىر كېچە تەكرار - تەكرار ئوقۇپ قىيامدا تۇرغان.

## [قۇرئاننى چۈشىنىش]

قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى ھەربىر ئايەتتىن ئۇ ئايەتكە لايىق مەنىلەرنى ئىزدىشى ۋە ئۇ مەنىلەرنى چۈشىنىشى كېرەك، مەسىلەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى﴾ «ئەنئام»/6: 1، ... دېگەن ئايىتىنى ئوقۇسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلسۇن ۋە ئۆزى كۆرگەن ھەربىر نەرسىدىكى قۇدرەتنى ئىلاھىيغا قارىسۇن! ﴿بەچچىدانلارغا تۆكۈلگەن مەنىيدىن خەۋەر قىلىڭلارچۇ؟﴾ «ۋاقىئە»/56:58 دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا، ئاددىي كۆرۈنۈشلۈك مەنىيگە، يەنى ئۇنىڭ قانداق قىلىپ گۆش، سۆڭەك، تومۇر، پەي، باش، قول، پۇت كەبى ھەرخىل شەكىللەرگە ھەمدە قۇلاق، كۆز ھەتتا ئەقىلگە ئوخشاش نەرسىلەرگە ئايلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزسۇن ۋە بۇ ئاجايىباتلار ھەققىدە ئويلانسۇن!

كاززاب (ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچى) لارنىڭ ھالى توغرۇلۇق ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغىنىدا، بۇيرۇقلارغا بويسۇنۇشتىن غاپىل قالسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا قېلىش قورقۇنچىنى ھېس قىلسۇن!

تىلاۋەت قىلغۇچى قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللاردىن قېچىشى، ھەرپىنى ھەققى بىلەن تىلاۋەت قىلالمىغانلىق، تاۋۇشلارنى دەل مەخرىجىدىن چىقارمىغانلىقتەك شەيتانىي ۋەسۋەسىلەرگە پىسەنت قىلماسلىقى كېرەك! بۇلاردىن قۇتۇلمىغۇچە، ئايەتلەرنى توغرا ئوقۇش ئۈچۈن قايتا - قايتا تەكرارلاۋېرىپ، دىققەت ۋە غەيرىتىنى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە

---

[1] ئىبنى ماجە (1350)؛ نەسائىي (966). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك («ئەززۇھد»، 94)؛ نەسائىي (11833). سەنەدى سەھىھ.

مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ.

گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن قاچماسلىق، تەكەببۇر ياكى ھەۋەسكە يېڭىلغاق بولۇشمۇ تىلاۋەت قىلغۇچىنى قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئامىللاردىندۇر. بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن قەلبنىڭ قارىيىشى ۋە داتلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. گۇناھ ئەينەك يۈزىدىكى داغقا ئوخشاش بولۇپ ھەقنىڭ تەجەللىي قىلىشىنى توسىدۇ. دېمەك، قەلب بەئەينى ئەينەككە ئوخشايدۇ، شەھۋەتلەر داغقا ئوخشايدۇ. قۇرئاننىڭ مەنىلىرى خۇددى ئەينەكتە ئەكس ئېتىدىغان سۈرەتلەرگە ئوخشايدۇ ۋە قەلبتىن شەھۋەتلەرنى يىراق قىلىش بىلەن قەلبنى پاكلاش دەل ئەينەكنى پارلاتقانغا ئوخشايدۇ.

تىلاۋەت قىلغۇچى قۇرئاندىكى خىتاب ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

قۇرئاندىكى قىسسەلەرنىڭ قۇرۇق پاراڭ ئەمەس، بەلكى ئىبرەت مەقسىتىدە كەلتۈرۈلگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. شۇندىلا كىشى قۇرئاننى خۇددى خوجايىنى ئۆز مەقسىتىنى يازغان نامەنى ئوقۇغان قۇل كەبى تىلاۋەت قىلالايدۇ. قۇرئاننى ئويلانسۇن ۋە قۇرئاننىڭ تەلىپى بويىچە ئەمەل قىلسۇن. ھەقىقەتەن قۇرئاننى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ تۇرۇپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغۇچى بەئەينى پادىشاھنىڭ پۈتۈكىنى ئوقۇپلا قويۇپ، بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە مەملىكەتنى گۈللەندۈرۈشتىن باش تارتقان، ھەتتا شاھى بۇيرۇققا قارشى ئىش قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ پۈتۈكنى ئوقۇماي تۇرۇپ بۇيرۇققا قارشى ئىش قىلغان بولسا، تاپا ـ تەنە ۋە كايىلىشتىن ئازراق بولسىمۇ يىراق بولغان بولاتتى.

قۇرئان ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشى، ئۆز-ئۆزىگە رازىمەنلىك ۋە ئۆزىنى ئاقلاش نەزەرى بىلەن قارىماسلىقى كېرەك، چۈنكى كىشى ئۆزىنى نۇقسانلىق سۈرەتتە بىلەن كۆرسە، بۇ ئۇنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

# يەتتىنچى بۆلۈم: زىكىرلەر، دۇئالار ۋە باشقا ئىبادەتلەر

بىلگىنكى، قۇرئان تىلاۋىتىدىن قالسا، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانى زىكىر قىلىش ۋە خالىس دۇئالار بىلەن ھاجەتلەرنى تىلەشتىنمۇ ئەۋزەل تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەت يوقتۇر. زىكىرنىڭ پەزىلىتىگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرى دەلىلدۇر: ﴿مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن﴾2/«بەقەرە»: 152، ﴿ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ﴾3/«ئال ئىمران»: 191 ۋە ﴿ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾33/«ئەھزاب»: 35.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: «بەندەم مېنى زىكىر قىلىپلا تۇرسا ۋە ئىككى لىۋى مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ھەرىكەتلىنىپلا تۇرسا، مەن بەندەم بىلەن بىللىمەن»[1].

## [زىكىر مەجلىسلىرىنىڭ پەزىلىتى]

ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھ»ىدە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قايسىبىر جامائەت ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ (زىكىر قىلىپ) ئولتۇرىدىكەن، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئورايدۇ، ئۇلارغا سەكىينە / خاتىرجەملىك چۈشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدىكىلەر (پەرىشتىلەر) ئىچىدە ئۇلارنى تىلغا ئالىدۇ»[2]. بۇ ھەقتە كىتابلاردا «ئەمەللەرنىڭ پەزىلەتلىرى» بابىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايسىبىر جامائەت بىر مەجلىستىن ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلماي

[1] ئەھمەد (10988)؛ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن. ئىبنى ماجە (3792). ئالباني: «سەھىھ» دېگەن.
[2] مۇسلىم (2700)؛ تىرمىزىي (3378). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

تۇرۇپ تارقالسا، بەئەينى ئۆلۈك ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن تارقالغاندەك بولىدۇ ۋە (بۇ مەجلىس قىيامەت كۈنى) ئۇلار ئۈچۈن نادامەت (بائىسى) بولىدۇ»[1] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر جامائەت بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنى ئەسلىمىسە / زىكىر قىلمىسا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا سالاۋات ئېيتمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ سورۇن ئۇلارغا ھەسرەت (مەنبەئى) بولىدۇ»[2].

دۇئانىڭ پەزىلىتى ھەققىدە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۈچۈن دۇئادىنمۇ ئېسىلراق بىرنەرسە يوقتۇر»[3]، «ئىبادەتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى دۇئادۇر»[4] ۋە «ئاللاھتىن سورىمىغانغا ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ» دېگەن[5].

يەنە بىر ھەدىستە: «ئاللاھ تائالادىن پەزل - كەرەمىنى تىلەڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن بىرنەرسە تىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېيىلگەن[6].

دۇئانىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرى، يىل ئىچىدە ئەرەفات كۈنى، ئايلار ئىچىدە رامىزان ئېيى، كۈنلەر ئىچىدە جۈمە كۈنى ۋە بىر كېچە - كۈندۈزنىڭ سۈبھى دەملىرى؛ ئەزان ۋە تەكبىر ئارىسى، نامازنىڭ كەينى، يامغۇر ياغقان، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان، قۇرئان تامام بولغان ۋاقىتلار؛ سەجدە ئەسناسى، ئىپتار ۋاقتى ۋە قەلبكە قورقۇنچ چۈشكەن دەملەرگە ئوخشاش شەرەپلىك ۋاقىتلاردا دۇئا قىلىش.

ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ ۋاقىتلار ئۇلۇغ ھاللار بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. مىسالچۈن، سۈبھى ۋاقتى قەلب ساپ ۋە ئارىغ ۋاقىتتۇر. سەجدە ھالى ئىتائەت ۋە تەسلىمىيەت ھالىدۇر.

دۇئانىڭ ئەدەبلىرىدىن يەنە: قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش، دۇئا قىلغاندا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈش، قولى بىلەن يۈزىنى سىلاش[7] ۋە دۇئادا

[1] ئەھمەد (9040). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4855). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد (9947)؛ ئىبنى ھىببان (591). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[3] تىرمىزىي (3370)؛ ئىبنى ماجە (3829). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

[4] بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (713). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[5] ئەھمەد (9699)؛ تىرمىزىي (3373)؛ ئەبۇ يەئلا (6655). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

[6] تىرمىزىي (3571). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 3278) «زەئىف» دېگەن.

[7] بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى تەيمىييە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى دېگەندەك بىر ياكى ئىككى ئەمەس، يەتتە ساھابەدىن رىۋايەت قىلىنغان زەئىف ھەدىسلەردىن يەتتىسى، يەنە سەلەفلەرنىڭ ئەمەلىي ئىش - ئىزلىرى كەلگەن. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ جۇغلانمىسى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا،

ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىش؛

دۇئانى ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالاۋات كەلتۈرۈش بىلەن باشلاش ۋە دۇئادا قاپىيەلىك دۇئا قىلىش ئۈچۈن زورۇقماسلىق؛

دۇئانىڭ يۇشۇرۇن ئەدەبى — ئىجابەت بولۇشىنىڭ ئاساسى — (چىن دىلدىن) تەۋبە قىلىش ۋە ھەق ئىگىلىرىگە ھەققىنى بېرىش.

## زىكىرلەر، پەزىلەتلىرى ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلارغا ئاساسەن بۆلۈنۈشى

بىلگىنكى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانى تونۇغاندا، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە چىنپۈتكەن ۋە ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقى ئىدراك قىلىنغاندا، بۇ كوتا ئۆمۈردە سۆرەلمىلىك قىلىشنى تاشلاش ۋاجىبتۇر. نەپس بىر تېمىغا مەركەزلىشىپ قالسا ھامان چارچايدۇ ۋە زېرىكىدۇ. شۇڭا، ئۇنى تېمىدىن تېمىغا يۆتكەپ تۇرۇش نەپسنى راھەت تاپقۇزىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئەتىگەن ـ ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭغا كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلغىن). كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت﴾76/«ئىنسان»: 25، 26. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەر كۆرسىتىدۇكى، ئاللاھ تائالاغا يېتىشنىڭ يولى ۋاقىتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە شۇ ۋاقىتلارنى توختىماي ۋىرد[1] / تەسبىھ ئوقۇش بىلەن قەدىرلەشتۇر.

ھەقتائالا يەنە: ﴿ئۆيلىنىپ ئۆگۈت ئالماقچى بولغانلار ياكى (نېئمەتلەرگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگۈچى ئاللاھتۇر﴾25/«فۇرقان»: 62 دېگەن. يەنى بىرىدە قولدىن كېتىپ قالغان ئىبادەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە تولۇقلىنىشىلىشى ئۈچۈن كېچە ۋە كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

---

ئەمەل قىلىشقا يارايدىغان دەرىجىدە كۈچلىنىدۇ دەپ قارالغان. ئىبنى تەيمىيە: «مەجمۇئۇل فەتاۋا»، 519/22.— ت.

[1] ۋىرد (الْوِرْدُ): ئەرەبچە «سۇ بويىغا ياكى بىر جايغا كەلمەك، سۇ ئۈلۈشى» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، شەرىئەت ئىستىلاھىدا: بەندە ئۆزىگە ھەر كۈنى ياكى كېچىسى، ياكى مەلۇم ۋاقىتلاردا ۋەزىپە قىلىۋالغان قۇرئان تىلاۋىتى، زىكىر ۋە نامازغا ئوخشىغان ئەمەلدۇر. بۇ ئەمەل شۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلغانلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ياكى ئوقۇغۇچى ھەر كۈنى شۇ ئەمەلگە كېلىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. «كۈندىلىك تىلاۋەت ۋەزىپىسى» دېگەن مەنىدىكى ھىزب (الحِزْبُ) ئاتالغۇسىمۇ گاھىدا مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. — ت.

## كېچە ۋە كۈندۈز ۋىردلىرىنىڭ سانى ۋە رەت تەرتىپى

كۈندۈزنىڭ ۋىردلىرى يەتتە، كېچىنىڭ ۋىردلىرى بولسا ئالتىدۇر.

ھەربىر ۋىردنىڭ پەزىلىتى، ۋەزىپىسى ۋە ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى يادلىۋېلىش كېرەك:

كۈندۈزنىڭ بىرىنچى ۋىردى: سۈبھى سادىق يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى زىكىرلەر. بۇ ئۇلۇغ بىر ۋاقىت بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ۋاقىت بىلەن قەسەم قىلىپ: ﴿يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾81/«تەكۋىر»: 18 دېگەن.

شۇڭا، ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلىگۈچى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ (جىمى ھەمدۇسانالار بىزنى بەجايىكى ۋاپات تاپقۇزغاندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا بولسۇن، قايتىدىغان جاي ئول ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر)» دېسۇن. ئىمام بۇخارىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق زىكىر ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ[1].

ئىمام مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەچ كىرسە: ‹أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ› قَالَ أُرَاهُ قَالَ فِيهِنَّ ‹لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذِهِ اللَّيْلَةِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هَذِهِ اللَّيْلَةِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهَا رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النَّارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ (كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىقمۇ ئاللاھقا مەنسۇپ ھالدا كەچ قىلدى. جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا بولسۇن، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، پۈتكۈل پادىشاھلىق ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەرنەرسىگە قادىردۇر. پەرۋەردىگارىم! سەندىن بۇ كېچىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەردىكى ياخشىلىقلارنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ بۇ كېچىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇ كېچىدىن كېيىنكى كېچىنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ سورايمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن، جەھەننەم ئازابىدىن، قەبىر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن). سەھەردە ‹كەچ قىلدۇق› دېگەن سۆزنى ئالماشتۇرۇپ: ‹أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّهِ (بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىقمۇ ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى، جىمى

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6312)؛ مۇسلىم (2711).

ھەمدۇسانا ئاللاھقا بولسۇن)...› » دەيتتى[1]. بۇ زىكىرلەر بىر قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

ئۈچ قېتىم: «بِسْمِ اللَّهِ الَّذِي لَا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ (ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ھەرقانداق زىياندا‌شنىڭ زىيىنىدىن قوغدانغىلى بولىدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (قوغدىنىمەن)، ئۇ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە بىلگۈچىدۇر)»[2] ۋە ئۈچ قېتىم: «رَضِينَا بِاللَّهِ رَبًّا وَبِالْإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمَّدٍ رَسُولًا (ئاللاھ تائالانى پەرۋەردىگار، ئىسلامنى دىن ۋە مۇھەممەدنى پەيغەمبەر دەپ رازى بولدۇق)»[3] دەيتتى.

بامدات نامىزىدىن كېيىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، باشقا گەپ قىلماي ئون قېتىم: «لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن پادىشاھلىق ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر، بارلىق ھەمدۇسانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇ ھەممىگە قادىردۇر)»[4] دەيتتى.

يەنە ئىستىغپارنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى ئوقۇيتتى: «اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَأَبُوءُ لَكَ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي فَإِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ (ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن، ساڭا سىغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلىرىمنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن)»[5].

يەنە: «أَصْبَحْنَا عَلَى فِطْرَةِ الإِسْلَامِ، وَكَلِمَةِ الإِخْلَاصِ، وَعَلَى دِينِ نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ، وَعَلَى مِلَّةِ أَبِينَا إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا مُسْلِمًا، وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ (بىز ئىسلام تەبىئىتى بىلەن، ئىخلاس كەلىمىسى بىلەن ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنى بىلەن، ﴿ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان، مۇسۇلمان بولغان ۋە

[1] مۇسلىم (2723)؛ ئەبۇ داۋۇد (5071)؛ تىرمىزىي (3390).

[2] ئەبۇ داۋۇد (5072)؛ تىرمىزىي (3385)؛ ئىبنى ماجە (3869). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد (5074)؛ تىرمىزىي (3389)؛ ئىبنى ماجە (3870)؛ تەبەرانىي: («ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، 17225)؛ ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 2686) «ھەسەن» دېگەن.

[4] تىرمىزىي (3470)؛ ئالبانىي: («تامامۇل مىننە» ، 228 - 229 - بەتلەر) «سەھىھ» دېگەن.

[5] بۇخارىي (6306)، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

مۇشرىكلاردىن بولمىغان﴾3/«ئال ئىمران»: 67 ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى ئۈزرە تاڭ ئاتقۇزدۇق)»[1] دېگەن زىكىرنى ئوقۇيتتى.

شۇنداقلا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللَّهُمَّ أَصْلِحْ لِي دِينِي الَّذِي هُوَ عِصْمَةُ أَمْرِي وَأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ الَّتِي فِيهَا مَعَاشِي وَأَصْلِحْ لِي آخِرَتِي الَّتِي فِيهَا مَعَادِي وَاجْعَلْ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُلِّ خَيْرٍ وَاجْعَلْ الْمَوْتَ رَاحَةً لِي مِنْ كُلِّ شَرٍّ (ئى ئاللاھ! پۈتۈن ئىشلىرىمنىڭ ھىماتچىسى بولمىش دىيانىتىمنى ئىسلاھ قىلغىن، ياشىشىم ئۈچۈن كېرەكلىك دۇنيالىقىمنى تۈزەتكىن، بارار جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشى قىلغىن، ھاياتىمدا ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا مۇۋەپپەق ئەيلىگىن، ئۆلۈم ئارقىلىق مېنى دۇنيانىڭ پۈتكۈل يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم قىلغىن)»[2].

يەنە ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇئاسى بىلەن دۇئا قىلىنىدۇ: «اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلا أَنْتَ عَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ وَأَنْتَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ مَا شَاءَ اللَّهُ كَانَ وَمَا لَمْ يَشَأْ لَمْ يَكُنْ لاَ حَوْلَ وَلا قُوَّةَ إِلا بِاللَّهِ أَعْلَمُ أَنَ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَ اللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي وَمِنْ شَرِّ كُلِّ دَابَّةٍ أَنْتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا إِنَّ رَبِّي عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ (ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ پەرۋەردىگارىمسەن، ﴿سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر﴾21/«ئەنبىيائ»: 78، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، ﴿سەن بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىسەن﴾9/«تەۋبە»: 129، ئاللاھ خاھلىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، خاھلىمىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ئالىي ۋە بۈيۈك ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ ئىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بىلىمەنكى، ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾65/«تالاق»: 12. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدىكى ھەربىر جاندارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ رەببىم توغرا يولدىدۇر﴾11/«ھۇد»: 56)»[3].

بۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغۇچى ئۈچۈن يادلاش زۆرۈر دۇئالاردۇر.

كىشى بامدات نامىزىغا چىقىشتىن ئالدىن سۈننەتنى ئۆيدە ئوقۇغاي، ئاندىن مەسجىدكە يول ئالغاي ۋە مۇنداق دېگەي: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِحَقِّ السَّائِلِينَ عَلَيْكَ وَأَسْأَلُكَ بِحَقِّ مَمْشَايَ هَذَا فَإِنِّي لَمْ أَخْرُجْ أَشَرًا وَلَا بَطَرًا وَلَا رِيَاءً وَلَا سُمْعَةً وَخَرَجْتُ اتِّقَاءَ سُخْطِكَ وَابْتِغَاءَ مَرْضَاتِكَ فَأَسْأَلُكَ أَنْ تُعِيذَنِي مِنْ النَّارِ وَأَنْ تَغْفِرَ لِي ذُنُوبِي إِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ (ئى ئاللاھ! سەندىن تىلىگۈچىلەرنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى سەندىن تىلەيمەن، مۇشۇ قەدەملىرىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى سەندىن تىلەيمەن، مەن تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، رىيا ۋە شۆھرەت ئۈچۈن چىقمىدىم،

[1] ئەھمەد (15397)؛ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم (2720).

[3] تەبەرانىي: «ئەددۇئا»، (343). ئىراقىي ۋە ئالبانىيلەر: «زەئىف» دېگەن.

سىنىڭ غەزىپىڭدىن ساقلىنىش ۋە سىنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەپ چىقتىم، سەندىن مېنى دوزاختىن قۇتقۇزۇشىڭنى سورايمەن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن»[1].

مەسجىدكە كىرگەندە «سەھىھۇ مۇسلىم»دە رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان شۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ: «قايسىبىرىڭلار مەسجىدكە كىرسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەرسۇن، ئاندىن: ‹اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ (ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن)› دېسۇن، مەسجىدتىن چىققاندا: ‹اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ (ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سىنىڭ پەزلىڭدىن سورايمەن)› دېسۇن»[2].

ئاندىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زىكىر ۋە دۇئالار بىلەن دۇئا قىلغان ھالدا، جامائەتنى كۈتۈپ، بىرىنچى سەپنى كۆزلىگەي!

بامدات نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، نامازگاھتا كۈن چىققۇچە ئولتۇرۇش مۇستەھەبتۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، ئاندىن كۈن چىققۇچە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ ئولتۇرسا ۋە كۈن چىققاندىن كېيىن، ئىككى رەكئەت (چاشگاھ) ناماز ئوقۇسا ئۇنىڭغا تولۇق، تولۇق، تولۇق ئۆمرە ۋە ھەج قىلغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ»[3].

بۇ ۋاقىتنىڭ ۋەزىپىسى تۆتتۇر: دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، قۇرئان ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش.

قىلالىغان ئىبادەتلەرنى قىلىش، كۈندىلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا توسقۇنلۇق قىلغۇچى ۋە ياخشىلىقتىن بۇرىغۇچى ئامىللاردىن قانداق ساقلىنىش ھەققىدە ئويلىنىش ھەمدە شۈكۈرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش كېرەك!

كۈندۈزنىڭ ئىككىنچى ۋىردى: بۇ كۈن چىقىپ چاشگاھ ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋىردتۇر. يەنى كۈندۈزدىن ئۈچ سائەتلىك بىر زامان بولۇپ، ئەگەر «كۈندۈز 12 سائەت» دەپ پەرەز قىلىنسا، بۇ ئۇنىڭ تۆتتىن بىر (¼) ىگە تەڭ

[1] ئەھمەد (11172)؛ ئىبنى ماجە (778)؛ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلەر: «زەئىپ» دېگەن.

[2] مۇسلىم (713).

[3] تىرمىزىي (586)؛ ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6346) «سەھىھ» دېگەن.

تولىمۇ ئۇلۇغ بىر ۋاقىتتۇر. بۇ ئۇلۇغ ۋاقىتتا ئىككى ۋەزىپە بار: بىرى، چاشگاھ نامىزى؛ يەنە بىرى، كېسەل يوقلاش، جىنازىغا بېرىش، ئىلىم مەجلىسلىرىگە قاتنىشىش ياكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش دېگەندەك كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىبادەتلىرىدۇر. ئەگەر بۇ ئىبادەتلەردىن بىرەرسىنى قىلالمىسا قۇرئان ئوقۇغاي ۋە زىكىر ئېيتقاي.

كۈندۈزنىڭ ئۈچىنچى ۋىردى: چاشگاھ ۋاقتىدىن باشلاپ، كۈن قايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋىرد بولۇپ، تۆت قىسىم ۋە بۇنىڭغا قوشۇپ يەنە ئىككى ۋەزىپە بار:

بىرى، كەسىپ - كار ۋە تىرىكچىلىك قىلىش، بازارغا بېرىش. يەنى ئەگەر سودىگەر بولسا، راستگۇيلۇق ۋە ئامانەتدارلىق بىلەن تىجارەت قىلىش؛ ئەگەر ھۈنەرۋەن بولسا، سەممىي ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ھۈنەر قىلىش؛ بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق ۋە ئازغا قانائەت قىلىش قاتارلىقلار.

يەنە بىرى، قەيلۇلە (يېنىك چۈشلۈك دەم ئېلىش). سوھۇرلۇق كۈندۈز روزىسىغا ياردەم بەرگىنىدەك، قەيلۇلە كېچە قىيامىغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر كىشى پېشىن ۋاقتى كىرمەستە ئۇخلىغان بولسا، نامازغا تەييارلىق قىلغۇدەك ۋاقتى بولۇشى ئۈچۈن زاۋال ۋاقتىدىن بۇرۇن ئويغىنىشقا تىرىشسۇن!

بىلگىنكى، بىر كېچە - كۈندۈز 24 سائەت بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچتىن بىرىدە، يەنى سەككىز سائەت ئۇخلاش مۇۋاپىقتۇر. بۇنىڭدىن ئاز ئۇخلىغاندا بەدەن تەڭپۇڭسىزلىنىشى مۇمكىن. سەككىز سائەتتىن كۆپ ئۇخلىغان كىشىدە ھورۇنلۇق كۆچىيىدۇ. كېچىدە سەككىز سائەتتىن كۆپ ئۇخلىغان كىشى كۈندۈزدە ئۇخلىماسلىقى كېرەك، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاز ئۇخلىغان بولسا كۈندۈزى كېچىدە كەم قالغان ئۇيقۇنى تولۇقلىۋالسا بولىدۇ.

كۈندۈزنىڭ تۆتىنچى ۋىردى: كۈن تىكلەشكەندىن باشلاپ پېشىننى ئوقۇپ بولغۇچىلىك ئارىلىقتىكى ۋىرد بولۇپ، بۇ كۈندۈز ۋىردىنىڭ ئەڭ قىسقىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشى بۇ ئەسنادا ئەزان چىقسا، مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئەزاننى سۆزمۇسۆز تەكرارلايدۇ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ تۆت رەكئەت نامازنى ئۇزۇنراق ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ[1]. ئاندىن پېشىننىڭ پەرز ۋە

[1] ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئارىلىقتا سالام بەرمەي ئوقۇلغان تۆت رەكئەت ناماز ئۈچۈن ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (1270). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 585) «ھەسەن» دېگەن.

سۈننەتلىرىنى ئوقۇيدۇ، پېشىنىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن تۆت رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇيدۇ[1].

كۈندۈزنىڭ بەشىنچى ۋىردى: پېشىندىن كېيىن ئەسىر ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋىردتۇر. بۇ ۋاقىتتا زىكىر ئېيتىش، ناماز ۋە باشقا تۈرلۈك ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش مۇستەھەبتۇر. بىر نامازنى ئوقۇپ بولۇپ كېيىنكى نامازنى كۈتۈش ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەر قاتارىدىندۇر.

كۈندۈزنىڭ ئالتىنچى ۋىردى: ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىپ قۇياش سارغايغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋىردتۇر. بۇ ۋاقىتتا ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت نامازدىن باشقا ناماز يوق. بۇ تۆت رەكئەت نامازدىن كېيىن ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزى ئوقۇلىدۇ. ئاندىن بىرىنچى ۋىردتە تىلغا ئېلىنغان تۆت تۈر ئىبادەت: دۇئا، زىكىر، قۇرئان ۋە تەپەككۇر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇرئاننى پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋە چۈشىنىپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

كۈندۈزنىڭ يەتتىنچى ۋىردى: قۇياش سارغايغاندىن تارتىپ پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى زىكىرلەر بولۇپ، بۇ شەرەپلىك ۋاقىتتۇر. ھەسەن ئەلبەسرىي ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ: «سەلەف سالىھلەر كېچىنىڭ ئەۋۋىلىنى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدىن بەكرەك ئۇلۇغ ۋاقىت، دەپ قارايتتى» دېگەن. بۇ ۋاقىتتا تەسبىھ ئېيتىش، بولۇپمۇ ئىستىغپار ئېيتىش مۇستەھەبتۇر.

قۇياشنىڭ پېتىشى بىلەن كۈندۈزنىڭ ۋىردلىرى ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا، بەندە ئۆز ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىشى، ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ يولىدا شۇ كۈنلۈك يولۇچىلىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئۆتۈپ كەتكەندۇر. بەندە بىلسۇنكى، ئۆمۈر بىرنەچچە كۈندىنلا ئىبارەت ۋە شۇ كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، ھايات (تېزلا) ئۆز ئىنتىھاسىغا يېتىدۇ.

ھەسەن ئەلبەسرىي ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ: «ئى ئادەم بالىسى! ھاياتىڭ ساناقلىق كۈنلەردىن ئىبارەتتۇر! ئۆمرۈڭدىن بىر كۈن ئۆتسە، جىسمىڭدىن بىر مىقدار ئۆكسىيدۇ» دېگەن.

بەندە ئويلانسۇنكى، بۈگۈنى بىلەن تۈنۈگۈنى ئوخشاش ئۆتتىمۇ؟ ئەگەر

[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىس (تىرمىزىي: 428) تە: «كىمكى پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، كېيىندىن تۆت رەكئەتنى قولدىن بەرمىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىستىكى پېشىندىن كېيىنكى تۆت رەكئەت پېشىنىنىڭ سۈننىتى بولۇپ، ئىككى رەكئەت تەكىتلەنگەن سۈننەت بولسا، تۆت رەكئەت ئوقۇشمۇ مۇستەھەبتۇر. ـــ ت.

كۈندۈزى مول ياخشىلىق بىلەن ئۆتكەن بولسا، بۇ باردا ئۆزىگە ئۇتۇق بەرگەن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا شۈكۈر قىلسۇن! ئەكسى ھالدا تەۋبە قىلسۇن ۋە كۈندۈز قولدىن بېرىپ قويغانلىرىنى كېچىدە تولۇقلاشقا تىرىشسۇن! چۈنكى، ھەقىقەتەن ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى دەفئى قىلىدۇ؛ بەندە تەن ساقلىقى ۋە كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت مىقدارى ئۆمۈر بەرگەن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلسۇن! سەلەفلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كۈنىنى سەدىقە بېرىش بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئىمكانىقەدەر بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىشقا تىرىشاتتى.

## كېچە ۋىردلىرىنىڭ بايانى

بىرىنچىسى: قۇياش پاتقاندىن باشلاپ خۇپتەن ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋىرد. يەنى قۇياش پاتقاندا بەندە شام نامىزىنى ئوقۇيدۇ ۋە شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: «﴿ئۇلارنىڭ بىقىنلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)﴾«سەجدە»: 16/32 دېگەن ئايەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابەلىرى ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا ناماز ئوقۇيتتى»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ناماز شامدىن كېيىن ئالتە رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇسا ۋە ئوتتۇرىلىقىدا يامان سۆز سۆزلىمىسە، ئۇ كىشىگە 12 يىللىق ئىبادەتنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ» دېگەن[2].

ئىككىنچىسى: شەپەق قىزىللىقى غايىب بولۇپ، يەنى خۇپتەننىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدىن ئۇيقۇ ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋىرد بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ئەزان بىلەن قامەت ئارىسىدا مۇمكىنقەدەر كۆپ ناماز ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. بۇ ئەسنادا «سەجدە» ۋە «مۇلك» سۈرىلىرى ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇماي ئۇخلىمايتتى[3].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە

[1] ئەبۇ داۋۇد (1326). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
[2] تىرمىزىي (435)؛ ئىبنى ماجە (1374). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 5661) «بەك زەئىف» دېگەن.
[3] ئەھمەد (14700)؛ تىرمىزىي (2892). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4873) «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ھەر كېچە سۈرە ‹ۋاقىئە› نى ئوقۇسا كەمبەغەللىك يۈزى كۆرمەيدۇ»[1] دېگەن.

ئۈچىنچىسى: كېچە قىيامدا تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن بولسا، ئۇخلاشتىن ئالدىن ۋىتىر نامىزى ئوقۇش. ئەگەر كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ۋىتىر نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى ئەۋزەلدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىرنى كېچىنىڭ ھەر ۋاقتىدا، يەنى دەسلىپىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئاخىرىسىدىمۇ ئوقۇغان، ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە سەھەر ۋاقتىدىلا ئوقۇغان» دېگەن[2]. ۋىتىردىن كېيىن ئۈچ قېتىم: «سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدُّوسِ (بارلىق ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك، ھەقىقىي پادىشاھ بولغان ئاللاھ پاكتۇر)» دېيىلىدۇ[3].

تۆتىنچى ۋىرد: ئۇيقۇدۇر. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇخلاشمۇ بىر ۋىردتۇر. چۈنكى، ئەدەبىگە رىئايە قىلىپ ۋە كۆڭۈلگە ئېزگۈ نىيەتنى پۈكۈپ ئۇخلىغان ئۇيقۇدىنمۇ ئىبادەت ساۋابى كۈتۈلىدۇ. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن تۇرغان قىيامىمدىن ساۋاب كۈتكىنىمدەك، ئۇيقۇمدىنمۇ ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن[4].

ئۇيقۇنىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرى: تاھارەت بىلەن ئۇخلاش؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇب[5] ھالدا ئۇخلىماقچى بولسا، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى»[6].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتىدۇ: «روھلار ھەقىقەتەن ئۇيقۇدىكى ھالىتىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئەرشنىڭ قېشىدا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇ چاغدا تاھارەتلىك بولغان روھ ئەرشنىڭ قېشىغا سەجدە قىلىدۇ، تاھارەتسىز بولغان روھ ئەرشتىن يىراق ھالدا سەجدە قىلىدۇ»[7].

ئۇيقۇنىڭ ئەدەبلىرىدىن يەنە: ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا تەۋبە قىلىش؛ چۈنكى،

---

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (2268). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 5773) «زەئىف» دېگەن.
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (996)؛ مۇسلىم (745).
[3] نەسائىي (1699). ئالبانىي: («سەھىھۇ سۈنەنىننەسائىي»، 1604) «سەھىھ» دېگەن.
[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4341)؛ مۇسلىم (1733).
[5] جۇنۇب (الْجُنُبُ): ئەرەبچىدە «ساقلانغۇچى، يىراق تۇرغۇچى» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، فىقھ ئىستىلاھىدا: «(ئۇيقۇدا ياكى ئويغاق) ئېھتىلام بولغان ياكى جىما قىلغان كىشى»نى كۆرسىتىدۇ. جۇنۇب كىشى ناماز ئوقۇش، مەسجىدكە كىرىش ۋە قۇرئاننى تۇتۇشتەك ئىبادەتلەردىن چەكلەنگەن بولۇپ، غۇسۇل تاھارەت ۋاجىب بۇ ھالغا «جەنابەت (الْجَنَابَةُ)» دېيىلىدۇ. ـــ ت.
[6] مۇسلىم (305).
[7] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (2527)؛ ھەكىم تىرمىزىي: «نەۋادىرۇل ئۇسۇل»، 116/3. سەنەدى زەئىف.

تېشىنى پاكلىغان كىشى ئىچىنىمۇ پاكلىشى كېرەك، بەلكىم كىشى ئۇيقۇ ھالىدا ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

قەلبىدىن بىر مۇسۇلمانغا بولغان ئۆچمەنلىكنى يوقىتىش، مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلىشنى ئويلىماسلىق ۋە ئويغانغان چاغدا گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىككە نىيەت قىلىش؛

ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلىرى بولسا، ئۇخلاشتىن ئالدىن ۋەسىيەتنى يېزىپ، قېشىدا قويۇپ ئۇخلاش؛ «سەھىھەين»دە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ۋەسىيەت قىلغۇدەك نەرسىسى بار تۇرۇپ، ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزگەن بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى دەرھال ۋەسىيىتىنى يېزىپ يېنىدا ساقلاشتۇر»[1] دېگەن.

راھەت ۋە يۇمشاق كۆرپە ـ تۆشەكلەردە ياتماسلىق كېرەك. چۈنكى، بۇ ئۇيقۇنى ئاشۇرىدۇ. دەرۋەقە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى قات كۆرپە سېلىپ بېرىلگەندە، ئۇ زات: «بۇنداق تۆشەكتە يېتىش مېنى كېچە نامازدىن توسۇپ قويدى» دېگەنىكەن[2].

ئېغىر ئۇيقۇ تۇتمىغۇچە ئۇخلىماسلىقمۇ ئۇيقۇنىڭ ئەدەبلىرىدىندۇر. چۈنكى، سەلەفلەر ئۇيقۇ باسمىغۇچە ئۇخلىمايتتى.

قىبلىگە يۈزلىنىپ يېتىش ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن دۇئالارنى ئوقۇپ، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ئۇخلاش ئۇيقۇنىڭ ئەدەبلىرىدىندۇر. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەردىن بىرىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايسىبىرىڭلار كۆرپىسىگە كەلسە، ئىزارىنىڭ[3] ئىچ تەرىپى بىلەن كۆرپىسىنى تۇتۇپ قېقىۋەتسۇن. چۈنكى، ئۆزى (تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن) كۆرپىسىگە نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاندىن ياتقاندا: ‹بِاسْمِكَ رَبِّ وَضَعْتُ جَنْبِي وَبِكَ أَرْفَعُهُ إِنْ أَمْسَكْتَ نَفْسِي فَارْحَمْهَا وَإِنْ أَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ الصَّالِحِينَ (ئى پەرۋەردىگارا! سېنىڭ نامىڭ بىلەن ياتتىم، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا قوپالايمەن، ئەگەر جېنىمنى تۇتۇپ قالساڭ، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغايسەن، ئەگەر ئۇنى قويۇۋەتسەڭ، ئۇنى سالىھ بەندىلىرىڭنى ساقلىغاندەك ساقلىغايسەن)› دېسۇن» دېگەن[4].

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2738)؛ مۇسلىم (1627).

[2] تىرمىزىي: «ئەششەمائىل»، 188 ـ بەت. ئەبۇششەيخ: «ئەخلاقۇننەبىي»، 137 ـ بەت. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 4223) «زەئىف» دېگەن.

[3] ئىزار: بەلنىڭ ئاستىنى پۈتقىچە تولۇق يۆگەيدىغان يوپكىدەك رەخت. كۈنىمىزدە يەمەن ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە ئەر ۋە ئاياللارغا ئورتاق كىيىم. ـــ ت.

[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6320)؛ مۇسلىم (2714).

شۇنداقلا «سەھىھەين»دە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچە يېتىشتىن ئالدىن، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ: ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ﴾، ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ﴾ ۋە ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ﴾ سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئىچىگە سۈفلەيتتى، ئاندىن ئالقانلىرى بىلەن بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ سىلاپ، بەدىنىنى قولى يەتكەن يەرلىرىگىچە سىلايتتى. بۇنى ئۈچ قېتىم قىلاتتى»[1].

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ياتار بولساڭ، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ ياتقىن، ئاندىن: ‹اللَّهُمَّ أَسْلَمْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ وَفَوَّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ لاَ مَلْجَأَ ، وَلاَ مَنْجَا مِنْكَ إِلاَّ إِلَيْكَ اللَّهُمَّ آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ وَبِنَبِيِّكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ (ئى ئاللاھ! نەپسىمنى ساڭا بويسۇندۇردۇم، ساڭا يۈزلەندىم، ئىشىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىڭدىن قورقۇپ ساڭا يۆلەندىم، سېنىڭ ئازابىڭدىن پاناھلىنىدىغان جاي ۋە نىجاتلىق مەنزىلى پەقەت سەن تەرەپتىدۇر، چۈشۈرگەن كىتابىڭغا ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان ئېيتتىم)› دېگىن، ئەگەر سەن شۇ كېچىدە ئۆلۈپ كەتسەڭ ئىسلام ئۈزرە ئۆلگەن بولىسەن، ئەگەر تاڭ ئاتقۇزساڭ ياخشىلىققا ئېرىشىسەن»[2].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىككىسىگە: «ئىككىڭلار يېتىشقا تەمشىلگىنىڭلاردا، ئاللاھقا 33 قېتىم تەسبىھ ئېيتىڭلار، 33 قېتىم ھەمد ئېيتىڭلار ۋە 34 قېتىم تەكبىر ئېيتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن بىر خىزمەتچىدىنمۇ ياخشىدۇر» دېگەن[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان رامازاندا زاكات ساقلاش ھەققىدىكى مەشھۇر ھەدىستە، شەيتان ئۇنىڭغا: «سەن يېتىشتىن بۇرۇن ئايەتۇلكۇرسىينى ئوقۇغىنكى، سېنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن دائىما بىر قوغدىغۇچىڭ بولىدۇ، ساڭا شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ» دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇ زات: «بىلگىنكى، ئۇ بەك يالغانچى تۇرۇپمۇ ساڭا راست سۆزلەپتۇ، ئۇ شەيتاندۇر» دېدى[4].

---

[1] بۇخارىي (5017).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (247)؛ مۇسلىم (2710).

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3113)؛ مۇسلىم (2727).

[4] بۇخارىي (5010).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىگە كەلگەندە مۇنداق دەيتتى: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَكَفَانَا وَآوَانَا فَكَمْ مِمَّنْ لاَ كَافِيَ لَهُ وَلاَ مُئْوِيَ (بىزگە تائام بەرگەن، بىزنى سۇغارغان، بىزگە كۇپايە قىلغان ۋە ئورۇن بەرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. كۇپايە قىلغۇچىسى ۋە ئورۇن بەرگۈچىسى يوق كىشىلەرمۇ كۆپتۇر)»[1].

تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئويغانغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقۇغان دۇئانى ئوقۇسۇن: «اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ قَيِّمُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ ، وَمَنْ فِيهِنَّ وَلَكَ الْحَمْدُ لَكَ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ ، وَمَنْ فِيهِنَّ وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ الْحَقُّ وَوَعْدُكَ الْحَقُّ وَلِقَاؤُكَ حَقٌّ وَقَوْلُكَ حَقٌّ وَالْجَنَّةُ حَقٌّ وَالنَّارُ حَقٌّ وَالنَّبِيُّونَ حَقٌّ وَمُحَمَّدٌ صلى الله عليه وسلم حَقٌّ وَالسَّاعَةُ حَقٌّ اللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ وَبِكَ آمَنْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ وَبِكَ خَاصَمْتُ وَإِلَيْكَ حَاكَمْتُ فَاغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ (ئى رەببىمىز ئاللاھ! ھەمدۇسانالار ساڭىلا خاستۇر. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىسەن، ساڭا ھەمدۇسانالار بولسۇن، سەن ھەقسەن! سېنىڭ ۋەدەڭ ھەقتۇر، ساڭا ئۇچرىشىش ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر، پەيغەمبەرلەر ھەقتۇر، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقتۇر، قىيامەت ھەقتۇر، ئى ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، سەن تەرەپكە تەۋبە قىلىپ قايتتىم، سەن ئۈچۈن جېدەللەشتىم، سېنىڭ ھۆكمىڭگە چاقىردىم، مېنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن، مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن)». يەنە بىر رىۋايەتتە: «وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّى أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ (سەن مەندىنمۇ بەكرەك بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، سەن ئىلگىرى قىلغۇچىسەن ۋە كېچىكتۈرگۈچىسەن، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر» دەيتتى[2].

بەندە ئۇيقۇ ئالدىدىكى ئاخىرقى سۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ زىكرى بولۇشىغا تىرىشسۇن! ئويغانغان چاغدا ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن تىلنى قىمىرلىسۇن! بۇلار بولسا ئىماننىڭ ئىككى ئالامىتىدۇر.

بەشىنچىسى: كېچىنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمى ئۆتۈپ كېچىنىڭ ئالتىدىن بىرى قالغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋىردتۇر. بۇ ئۇلۇغ ۋاقىتتۇر. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ كېچە نامىزىنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئاللاھ رەسۇلى:

---

[1] مۇسلىم (2715).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1120)؛ مۇسلىم (771).

ــ يېرىم كېچىدە ئوقۇغان نامازدۇر، ئۇنى ئوقۇيدىغانلار ئاز، ــ دېدى»[1].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «داۋۇد ئەلەيھىسسالام:

ــ پەرۋەردىگارىم! سەن ئۈچۈن قايسى سائەتتە قىيامدا تۇرىمەن؟ ــ دېگەنىدى، ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ:

ــ ئى داۋۇد! كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ياكى ئاخىرىدا قىيامدا تۇرما. بەلكى تەڭ كېچىدە قىيامدا تۇرغىن ۋە ئىككىمىز ئۆزئارا خالىي قالغان چاغ بولسۇنكى، ماڭا ھاجەتلىرىڭنى دېگىن، ــ دېدى».

تەھەججۇد نامىزىغا ئويغانغاندا، سۈرە «ئال ئىمران»نىڭ ئاخىرقى ئون ئايىتى ئوقۇلىدۇ. بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بولۇپ، ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان[2].

كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كېچە قىيامدا ئوقۇيدىغان دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلسۇن، ئاندىن كېچە نامىزىنى ئىككى رەكئەت يەڭگىل ناماز بىلەن باشلىسۇن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايسىبىرىڭلار كېچىدە ناماز ئوقۇغىلى ئورنىدىن تۇرسا، يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز بىلەن باشلىسۇن»[3] دېگەن.

ئاندىن نامازلار ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ. كۆپىنچە رىۋايەتلەردە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە ۋىتىر نامىزى بىلەن قوشقاندا، ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، كېچە نامىزى كەمىدە يەتتە رەكئەتتۇر[4].

ئالتىنچىسى: كېچىنىڭ ئاخىرقى ئالتىدىن بىرىدىكى زىكىرلەردۇر. يەنى سۈبھى ۋاقتىدۇر. ھەقتائالا دەيدۇكى: ﴿ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى﴾51/«رازىيات»: 18 .

ھەدىستە: «كېچە ئاخىرىنىڭ قىرائىتىگە پەرىشتىلەر قاتنىشىدۇ» دېيىلگەن[5].

---

[1] ئەھمەد (21595). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن. بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (2828). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1022) «زەئىف» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (992)؛ مۇسلىم (763). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[3] مۇسلىم (768).

[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1140)؛ مۇسلىم (738).

[5] مۇسلىم (746).

تاۋۇس ئىبنى كەيسان — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — سۈبھى ۋاقتىدا بىر كىشىنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭغا:

— ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېيىلدى، شۇنىڭ بىلەن تاۋۇس — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن —:

— مەن سۈبھى ۋاقتىدا ئۇخلىغان بىرەركىمنى كۆرمىگەن ئىدىم، — دېدى.

ئاللاھ رىزاسىنى ئىرادە قىلغۇچى سۈبھى نامازىدىن كېيىن، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەدىن مەغپىرەت تىلىسۇن. رىۋايەت قىلىنۇركى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شۇنداق قىلاتتى.

## ۋىردلەرنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقى ھەققىدە

بىلگىنكى، ئاخىرەت يولۇچىسى شۇ ئالتە ھالنىڭ بىرىدىن خالىي بولمايدۇ: يا ئابىد، يا ئالىم، يا ئىلىم ئۆگەنگۈچى، يا باشقۇرغۇچى، يا كاسىپ ۋەيا ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە غەرق بولۇپ، پەقەتلا ئاللاھ بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ئاللاھ ئاشىقى بولىدۇ.

1) ئابىد: ھەممىنى تاشلاپ، ئۆزىنى پەقەتلا ئىبادەتكە ئاتىغان كىشىدۇر. بۇنداق كىشى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋىردلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئابىدلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەرخىل بولىدۇ. سەلەفلەردىن ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىغانلارمۇ تۈرلۈك ھالدا ئىدىلەر: بەزىلەر كۆپ قۇرئان ئوقۇيتتى، كۈندە بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ھەتتا ئۈچ قېتىم خەتمە قۇرئان قىلىدىغانلار بار ئىدى؛ بەزىلەر كۆپ تەسبىھ ئېيتاتتى؛ بەزىسى نامازنى كۆپ ئوقۇيتتى، بەزىسى بەيتۇللاھنى كۆپ تاۋاپ قىلاتتى.

سوئال: يۇقىرىقى ئىبادەتلەرنىڭ قايسىسىغا كۆپرەك ۋاقىت ئايرىغان ياخشى؟

جاۋاب: نامازدا تەپەككۇر بىلەن قۇرئان ئوقۇش يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، بۇمۇ داۋاملىق بولالماسلىقى مۇمكىن. شۇ ۋەجدىن ئەۋزەل ئىبادەت ھەركىمنىڭ شۇ دەمكى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ۋىردلەر ۋە ئىبادەتلەردىن مەقسەت قەلبنى پاكلاش ۋە تازىلاشتۇر. شۇڭا، ئاللاھ رىزاسىنى ئىزدىگۈچى قەلبىگە ئەڭ تەسىر قىلىدىغان ئىبادەتكە قارىسۇن ۋە شۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرسۇن. زېرىككۈدەك بولسا باشقا ئىبادەتكە يۆتكەلسۇن!

ئەبۇ سۇلايمان ئەددارانىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئېيتۇر: «قىيامدا قەلبىڭنىڭ راھەتلەنگەنلىكىنى سەزسەڭ، رۇكۇ قىلما! رۇكۇدا قەلبىڭنىڭ

راھەتلەنگەنلىكىنى سەزسەڭ، رۇكۇددىن بېشىڭنى كۆتۈرمە!»

2) ئالىم: پەتۋالىرى، دەرسلىرى، كىتابلىرى ياكى ئۈگۈت - نەسىھەتلىرى قاتارلىق ئىلمى بىلەن خالايىققا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى كىشىدۇر. ئالىم كىشىنىڭ ۋىرد تەرتىپى ئابىدنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئالىم دېگەن كىتاب كۆرۈشى، ئەسەر يېزىشى ۋە مۆرىتى كەلگەندە ئاڭلىتىشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىشلار ئالىمنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ئېلىۋالسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىنلا بۇ ئىشلارنى قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. لېكىن، بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئەۋزەل ئىلىم ئاخىرەتكە قىزىقتۇرىدىغان ۋە ئاخىرەت يولىدا مېڭىشقا ياردىمى بولىدىغان ئىلىمدۇر.

ئالىم كىشىنىڭ ۋاقتىنى بۆلۈۋالغىنى ياخشى. چۈنكى، نەپس پۈتۈن ۋاقتىنى ئىلىم بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تاقەت قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئالىم سۈبھى سادىقتىن قۇياش چىقىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋىردلەرگە ئايرىشى كېرەك. ئاندىن قۇياش چىققاندىن تارتىپ، چاشگاھ ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئىلىم ئۆگىتىش ۋە باشقىلارنى مەنپەئەتلەندۈرۈشكە ئايرىشى كېرەك. ئەگەر قېشىدا تالىپلىرى بولمىسا، بۇ ۋاقتىنى ئىلمي تەپەككۇرغا سەرپ قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، زىكىرنى تاماملىغان ۋە دۇنيا تەشۋىشلىرىگە چۈشمىگەن ساپ قەلب ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. چاشگاھ قۇياشى كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ ئەسىر ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقنى كىتاب يېزىش ۋە كىتاب كۆرۈشكە ئايرىسا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەقەت تاماق يېيىش، تاھارەت ئېلىش، پەرز ناماز ئوقۇش ياكى چۈشلۈك ئارامغا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈنلا يېزىش ۋە ئوقۇشنى تاشلاپ قويسا بولىدۇ. ئەسىردىن قۇياش سارغايغۇچە بولغان ۋاقىتنى ئۆزى ساۋاق بەرگەن تەپسىر، ھەدىس ۋەياكى پايدىلىق ئىلىمنى تىڭشاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. قۇياش سارغايغاندىن باشلاپ پېتىپ بولغۇچە بولغان ۋاقىتنى ئىستىغپار ۋە تەسبىھ ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ۋىردلىرى دەسلەپكىسى تىل ئەمىلى، ئىككىنچىسى تەپەككۇردىن ئىبارەت قەلب ئەمىلى، ئۈچىنچىسى كىتاب كۆرۈش ياكى تۈزۈشتىن ئىبارەت كۆز ۋە قول ئەمىلى، ئەسىردىن كېيىنكى تۆتىنچىسى بولسا كۆز ۋە قولنى ئارام تاپقۇزىدىغان قۇلاق ئەمىلىنى ئورۇنداش بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئەسىردىن كېيىن كىتاب كۆرۈش ياكى ئەسەر تۈزۈش كۆزگە بەك زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن.

كېچىگە كەلسەك: كېچىنىڭ ۋاقىتلىرىنى بۆلۈشتىكى ئەڭ ياخشى ئۆرنەك ئىمام شافىئىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — نىڭ بۆلۈشىدۇر. ئىمام شافىئىي كېچىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن ئىدى: ئاۋۋالقى ئۈچتىن بىرىنى ئىلىمنى يېزىش،

ئىككىنچى قىسمىنى ناماز ئوقۇش، ئۈچىنچى قىسمىنى بولسا ئۇخلاشقا بۆلگەن ئىدى. ياز ۋاقتىدا ئالىم كۈندۈزدە كۆپرەك ئۇخلىمىسا، بۇ خىل بۆلۈشنى كۆتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن.

3) ئىلىم ئۆگەنگۈچى: ئىلىم ئۆگىنىش زىكىر ۋە نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئەۋزەلدۇر. ۋىرد تەرتىپىدە ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ ھۆكمى ئالىمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. لېكىن، ئالىم باشقىلارغا ئىلمى بىلەن مەنپەئەت بەرسە، تالىپ باشقىلارنىڭ ئىلمىدىن مەنپەئەت ئېلىش بىلەن؛ ئالىم كىتاب يازسا تالىپ شەرھلەش ۋە نۇسخىلاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئاۋامدىن بىر كىشىنىڭ ئىلىم، زىكىر ۋە ۋەز - نەسىھەت سورۇنلىرىغا داخىل بولۇشى ئۇنىڭ نەپلە ۋىردلەرنى ئورۇنداش بىلەن مەشغۇل بولغىنىدىن ئەۋزەلدۇر.

4) ۋالىي، قازى ياكى ئاقساقال قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشىلەر: بۇنداق كىشىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھەرخىل تەلەپ، ھاجەت ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ۋىردلەرنى ئورۇندىغىنىدىن ياخشى. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغىنى باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىشىلەر كۈندۈزلىرى پەقەت پەرز ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىشى، قالغان ۋاقتىنى ئاما خىزمىتىگە ئايرىشى، كېچىنىڭ ۋىردى بىلەن قانائەت قىلىشى كېرەك.

5) كاسىپ: ئۇ ئۆزى ۋە بالىچاقىلىرى ئۈچۈن كەسىپ قىلىشقا موھتاجدۇر. ئۇ بارلىق ۋاقتىنى ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزسە بولمايدۇ، بەلكى زىكرىنى داۋاملاشتۇرغاچ كەسىپىدە تىرىشچانلىق قىلىدۇ. ئۆزىنى قامدىغۇدەك بىرنەرسە تاپسا، قايتىپ ۋىردلەرگە بېرىلسە بولىدۇ.

6) ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە غەرق بولغۇچى: بۇنداق كىشىنىڭ پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ۋىردى ئاللاھ تائالانى ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئەسلەشتۇر. ھۇزۇرى قەلب ئۇنى ئۆزى خاھلىغان زىكىرلەرنى قىلىشقا يۆنەلدۈرىدۇ.

ۋىردلەرنى داۋاملاشتۇرۇش مۇھىمدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل ئاز بولسىمۇ داۋاملىق قىلىنغان ئەمەلدۇر»[1] دېگەن. ئۇ زات سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەملى داۋاملىشىدىغان ئەمەل ئىدى[2].

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6464)؛ مۇسلىم (216).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1987)؛ مۇسلىم (783).

## كېچە نامىزى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى، كېچىدە نامازغا تۇرۇش ۋە شۇ قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئاسانلاشتۇرغۇچى سەۋەبلەر

ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)﴾[«سەجدە»: 16/32] دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تەھەججۇدنى قولدىن بەرمەڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەردىن بۇرۇنقى سالىھلەرنىڭ ئادىتى ئىدى، ھەقىقەتەن تەھەججۇد رەببىڭلارغا يېقىنلاشتۇرغۇچىدۇر، گۇناھتىن چەكلىگۈچىدۇر، يامان قىلمىشلارنى ئۆچۈرگۈچىدۇر»[1] دېگەن. كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ھەدىسلەر ھەقىقەتەن كۆپتۇر.

ھەسەن ئەلبەسرىي: «ئىبادەتلەر ئىچىدە كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە قىيامدا تۇرۇشتىنمۇ قىيىنراق بىر ئىبادەتنى كۆرمىدىم» دېگەن. ئۇنىڭغا:

— تەھەججۇد ئوقۇيدىغانلارنىڭ يۈزلىرى نېمانچە نۇرلۇقتۇر؟! — دېيىشكەندە، ئۇ:

— چۈنكى، ئۇلارنى كېچىلىك سىردىشى ئاللاھ نۇرلاندۇرغاندۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

### كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان سەۋەبلەر

بىلگىنكى، كېچىدە قىيامدا تۇرۇش تولىمۇ قىيىن، لېكىن بۇنى ئاسانلاشتۇرۇشنى بىلگەن كىشى ئۈچۈن تولىمۇ يەڭگىل.

كېچىدە نامازغا تۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سەۋەبلەر بار.

ئاشكارا سەۋەبلەر:

* كۆپ تاماق يېمەسلىك؛ بەزى ئالىملار: «ئى ئاللاھ رىزاسىنى ئىزدىگۈچىلەر جامائەسى! كۆپ تاماق يېمەڭلار، كۆپ تاماق يېسەڭلار كۆپ سۇ ئىچىسىلەر، كۆپ سۇ ئىچسەڭلار كۆپ ئۇخلايسىلەر، شۇنىڭ بىلەن كۆپ زىيان تارتىسىلەر» دەيتتى.

* كۈندۈزدە جاپالىق ئىشلار بىلەن ئۆزىنى چارچاتماسلىق؛

* چۈشتە ئارام ئېلىش؛ چۈنكى، قەيلۇلە كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا ياردەم

[1] تىرمىزىي (3549). ئالبانىي: («سەھىھۇ سۇنەنىتتىرمىزىي»، 2814) «ھەسەن» دېگەن.

بېرىدۇ.

* گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ساقلىنىش؛ سۇفيان سەۋرىي ئېيتۇر: «مەن قىلىپ سالغان بىر گۇناھىم سەۋەبلىك بەش ئاي قىيامدا تۇرۇشتىن مەھرۇم قالدىم».

يوشۇرۇن سەۋەبلەر:

* قەلبىنى مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشتىن يىراق، بىدئەتلەردىن خالىي قىلىش ۋە دۇنيانىڭ كېرەكسىز نەرسىلىرىدىن يۈز ئۆرگۈزۈش؛

* ئارزۇنى قىسقا قىلىش بىلەن داۋاملىق ئاللاھتىن قورقۇش؛

* كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتىنى بىلىش؛

* ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ سەۋەبلەردىندۇر. شۇنداقلا كېچىدە قىيامدا تۇرسا پەرۋەردىگارى بىلەن پاراڭلىشىدىغانلىقىغا، رەببىنىڭ دەل يېنىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىمانى كىشىنىڭ ئۇزۇن كېچىلەر پەرۋەردىگارى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەبۇ سۇلايمان ئەددارانىي ئېيتۇر: «كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگۈچىلەر تاماشا بىلەن ئۆتكۈزگۈچىلەردىنمۇ بەكرەك لەززەت ئالىدۇ، ئەگەر كېچە بولمىغان بولسا، مەن دۇنيا ھاياتىنى ئىستىمىگەن بولار ئىدىم».

«سەھىھۇ مۇسلىم»دىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن كېچىدە بىر سائەت بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىقنى سورىغان ھالەتتە شۇ سائەتكە مۇۋەپپەق بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىدۇ. بۇ سائەت ھەممە كېچىدە باردۇر»[1].

كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئاۋاتلاشتۇرۇشنىڭ بىرنەچچە دەرىجىسى بار:

بىرىنچى دەرىجە: پۈتۈن كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئىھيا قىلىش. بەزى سەلەف سالىھلەردىن شۇنداق ئادەت رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە: كېچىنىڭ يېرىمىدا قىيامدا تۇرۇش، بۇمۇ بەزى سەلەفلەردىن ئۇدۇم. بۇنىڭدا كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچتىن بىرى بىلەن ئاخىرقى ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلاش ياخشى.

ئۈچىنچى دەرىجە: كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە قىيامدا تۇرۇش. بۇنىڭدا كېچىنىڭ

[1] مۇسلىم (757).

ئاۋۋالقى يېرىمىدا ۋە ئاخىرقى ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلاش كېرەك. بۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامىدۇر. «سەھىھەين»دىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئەڭ ياقتۇرىدىغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر، داۋۇد ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ يېرىمىدا ئۇخلايتتى، (ئاندىن) كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە قىيامدا تۇراتتى ۋە كېچىنىڭ (قالغان) ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلايتتى»[1]. كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۇخلاش ياخشى. چۈنكى، بۇ ئۇيقۇ ئەتىگەنلىك مۈگىدەكنى يوقىتىدۇ ۋە يۈزدىكى سېرىقلىقنى ئازايتىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە: كېچىنىڭ ئالتىدىن بىرى ياكى بەشتىن بىرىدە قىيامدا تۇرۇش. بۇنىڭدا كېيىنكى يېرىم كېچە ئەۋزەل. كېچىنىڭ ئاخىرقى ئالتىدىن بىرىدە قىيامدا تۇرۇشنى ئەۋزەل سانايدىغانلارمۇ بار.

بەشىنچى دەرىجە: قىيامدا تۇرۇش ۋاقتىنى چەك مۇقىمدىۋالماسلىق. چۈنكى، ۋاقتنى مۆلچەرلەپ قويۇپ، رىئايە قىلىش قىيىندۇر.

ۋاقتنى مۇقىمدىماي قىيامدا تۇرۇشنىڭ ئىككى تۈرلۈك يولى بار:

بىرى: كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇيقۇ كەلگەنگە قەدەر ناماز ئوقۇش، ئاندىن ئۇخلاش، ئاندىن ئەگەر ئويغانسا يەنە ناماز ئوقۇش، ئاندىن ئۇيقۇ تۇتسا يەنە ئۇخلاش، بۇ چوڭ بىر مۇشەققەتنى كۆتۈرگەنلىك، شۇنداقلا سەلەف سالىھلەردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئادىتى ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر كېچىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى نامازخان ھالەتتە كۆرۈشنى خاھلىساق، ئۇ زاتنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرەتتۇق. ئەگەر ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرۈشنى خاھلىساق، ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق»[2] دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىدە ئاللاھ خاھلىغىنىچە ناماز ئوقۇيتتى، ھەتتا كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمى كەلگەندە، ئەھلىنى ئويغىتاتتى ۋە: «ناماز ئوقۇڭلار! ناماز ئوقۇڭلار!» دەيتتى[3].

زەھھاك ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ: «مەن شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچراتتىمكى، ئۇلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۇزۇن ئۇخلاشتىن ئاللاھ تائالادىن ھايا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1131)؛ مۇسلىم (1159).

[2] بۇخارىي (1141).

[3] مالىك (259).

قىلالتتى» دېگەن.

يەنە بىرى: كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇخلاپ ئۇيقۇ نېسىۋىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئويغىنىپ، كېچىنىڭ قالغان قىسمىدا قىيامدا تۇرۇش.

سۇفيان سەۋرىي: «بىرىنچى ئۇيقۇمنى ئۇخلاپ ئويغانسام، قايتا ئۇخلىمايمەن» دېگەن.

ئالتىنچى دەرىجە: تۆت رەكئەت ياكى ئىككى رەكئەت مىقدارىدا قىيامدا تۇرۇش. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كېچىدە ناماز ئوقۇڭلار، تۆت رەكئەت بولسىمۇ، ئىككى رەكئەت بولسىمۇ ئوقۇڭلار...» دېگەن[1].

«سۇنەنى ئەبى داۋۇد»دىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى كېچىدە ئويغانسا ۋە ئايالىنى ئويغاتسا، ئاندىن ھەر ئىككىسى بىرلىكتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئىككىسى شۇ كېچىدە ﴿ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەن ئەرلەر ۋە ئاياللار﴾(«ئەھزاب»: 33/35) قاتارىدىن يېزىلىدۇ»[2] دېگەن.

تەلھە ئىبنى مۇسەررىف — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئەھلىنى كېچىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى ۋە: «ئىككى رەكئەت بولسىمۇ ناماز ئوقۇڭلار. چۈنكى، كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئوقۇغان ناماز گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدۇ» دەيتتى.

يەتتىنچى دەرىجە: كېچىنى تەقسىملەش يوللىرى. ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلىگۈچى ئۆزىگە ئاسان يولنى تاللىسۇن! ئەگەر كىشى ئۈچۈن كېچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قىيامدا تۇرۇش قىيىن كەلسە، كىشى شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدىكى ۋاقىتنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسۇن ۋە سەھەر زىكىرلىرىنى داۋاملاشتۇرسۇن. شۇندىلا، ئۇ ئاخشام ۋە سەھەردىن ئىبارەت ئىككى ۋاقىتتا قىيامدا تۇرغان بولىدۇ.

## كېچىدە تاھارەت ئېلىش ئېغىر كەلگەن كىشى ھەققىدە

كېچىدە تاھارەت ئېلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئېغىر كەلگەن كىشى قىبلىگە يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلسۇن ۋە كۆڭلىنىڭ يېتىشىچە دۇئا قىلسۇن. ئەگەر ئولتۇرالمىسا يېتىپ دۇئا قىلسۇن. كېچە زىكىرلىرىنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان، ئەمما قاتتىق ئۇيقۇ تۇتۇپ زىكىرلىرىنى ئوقۇيالمىغان كىشى ئۇنى

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (2945). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئۇسسەغىر»، 3488) «مۇرسەل» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد (1451)؛ نەسائىي (1309). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6030) «سەھىھ» دېگەن.

ھەدىسكە بىنائەن[1] چاشگاھ نامىزىدىن كېيىن ئوقۇسۇن.

كېچىدە قىيامدا تۇرۇش ئادىتى بار كىشى ئادىتىنى تاشلىمىسۇن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «سەن پالانىغا ئوخشاش بولمىغىن، ئۇ كېچىدە قىيامدا تۇراتتى، كېيىن ئۇ ئادىتىنى تاشلىدى» دېگەن[2].

## پەزىلەتلىك كېچىلەر ۋە كۈندۈزلەر

ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلىگۈچىلەر ئۈچۈن تولىمۇ غەنىيمەت، خۇددى قابىل سودىگەرنىڭ تازا تاپاۋەت قىلىدىغان پەسىلگە ئوخشايدىغان، پەزىلىتى تولىمۇ مول، ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش بەكمۇ ياخشى ئون بەش كېچە بار. بۇ كېچىلەرنىڭ ئالتىسى مۇبارەك رامازان ئېيىغا جەملەنگەن بولۇپ، ئۇلار: رامازاننىڭ 17 ـ كېچىسى ۋە ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى قەدر كېچىسى ئىزدىلىدىغان بەش تاق كېچىدۇر. قالغان توققۇز كېچە يىلنىڭ بېشىدىن مۇھەررەمنىڭ 1 ـ ۋە 10 ـ كېچىسى (ئاشۇرا)؛ رەجەبنىڭ 1 ـ (رەغايىب)، 15 ـ ۋە 27 ـ كېچىسى (مىئراج)؛ شەئبانىنىڭ 15 ـ كېچىسى (بارات)؛ شەۋۋالنىڭ 1 ـ كېچىسى (روزا ھېيت)؛ زۇلھەججەنىڭ 9 ـ (ئەرەفات) ۋە 10 ـ (قۇربان ھېيت) كېچىسى قاتارلىقلار. بۇ كېچىلەرنىڭ بەزىسىدە ناماز ئوقۇش توغرۇلۇق ھەدىسلەر كەلگەن، لېكىن بۇ كېچىلەرگە خاس ناماز توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىس يوق.

پەزىلەتلىك كۈندۈزلەر: كېچىسىمۇ مۇبارەك بولغان ئاشۇرا كۈنى؛ جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كۈن مىئراج كۈنى؛ بەدر غازىتى زەپەر بىلەن تاماملانغان رامازاننىڭ 17 ـ كۈنى؛ بارات كۈنى؛ جۈمە، ئىككى ھېيت كۈنى؛ قۇرئاندا ﴿مەلۇم كۈنلەر﴾[22/«ھەج»: 28] دەپ تىلغا ئېلىنغان ئەرەفاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زۇلھەججەنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنى ھەمدە قۇرئاندا ﴿ساناقلىق كۈنلەر﴾[2/«بەقەرە»: 203] دەپ زىكىر قىلىنغان، تەشرىق كۈنلىرى — قۇربان ھېيتنىڭ 2 ـ، 3 ـ ۋە 4 ـ كۈنلىرى قاتارلىق جەمئىي 19 كۈندۇر.

ھەپتە ئىچىدە: دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ۋە ئايدا بىر كېلىدىغان تولۇن ئايلىق كۈنلەر (ھىجرىي ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى) ئۇدۇل كەلگەن

[1] مۇسلىم (747): «كىمكى كېچىلىك ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئادا قىلالماي، ئۇنى ئەتىسى بامدات بىلەن پېشىننىڭ ئارىلىقىدا ئادا قىلىۋالسا، خۇددى ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغاندەك بولىدۇ».

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1152)؛ مۇسلىم (1159).

ھەپتە كۈنلىرى پەزىلەتلىك كۈنلەردۇر. بۇ كۈنلەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە «روزا» بابىدا بايان قىلىندى.

خوش، ۋىردلەر بابى مۇشۇ يەردە تاماملاندى ۋە ئىبادەتلەر قىسمى ئاخىرلاشتى.

تەۋپىق ئاللاھتىندۇر.

ئێکێکنچی قسم

# ئادەتلەر

# سەككىزىنچى بۆلۈم: تاماقلىنىش، تاماقنى يىغىلىپ يېيىش، زىياپەت ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنىڭ ئەدەبلىرى

تاماق يېيىشنىڭ ئەدەبلىرى: تاماقتىن بۇرۇنقى، تاماق ئۈستىدىكى ۋە تاماقتىن كېيىنكى ئەدەب قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

## تاماقتىن بۇرۇنقى ئەدەبلەر

1) ھەدىستە كەلگەندەك[1] تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ئىككى قولنى يۇيۇش؛ چۈنكى، قول دېگەن كىردىن خالىي بولالمايدۇ.

2) تاماقنى يەرگە سېلىنغان داستىخانغا قويۇش؛ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماقنى يەر داستىخىندا يەيتتى. شۇنداقلا بۇ ھەرىكەت كەمتەرلىككە دالالەتتۇر.

3) داستىخاندا ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، سول پۇتىغا تايىنىپ ئولتۇرۇش ۋە شۇ تاماقنى ھۇزۇر بىلەن يەۋېلىشنى ئەمەس، يەپ كۈچلىنىپ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى نىيەت قىلىش؛ بۇ نىيەتنىڭ توغرا ئالامىتى: قورساق لىق تويغۇدەك ئەمەس، ھاجەتنى قامدىغۇدەك يېيىشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئادەم بالىسى تولدۇرىدىغان قاچىلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئۆز قورسىقىدۇر. ئادەم بالىسىغا ھاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك يەپ - ئىچىش كۇپايە. ئەگەر كۆپرەك يېيىش زۆرۈر بولسا، قورسىقىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تائام يېسۇن، ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن، ئۈچتىن بىرىنى (راھەت) نەپەسلىنىش ئۈچۈن بوش قويسۇن»[2] دېگەن.

توغرا نىيەتنىڭ يەنە بىر زۆرۈر ئالامىتى پەقەت قورسىقى ئاچقاندىلا تاماقلىنىش

[1] ئەبۇ داۋۇد (3761): «تاماقنىڭ بەرىكىتى تاماقتىن بۇرۇن ۋە تاماقتىن كېيىن قولنى يۇيۇش» دەپ كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ ۋە بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنىڭ سەنەدى زەئىپتۇر. (ئالبانىي: «ئەسسىلسىلەتۇلئەھادىيسىززەئىيفە»، 168) ئەمما، جۇنۇب ھالەتتە تاماق يېمەكچى بولسا، قولنى يۇيۇش سەھىھ ھەدىسلەرگە بىنائەن سۈننەتتۇر.

[2] ئەھمەد (17225)؛ تىرمىزىي (2380). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 2265) «سەھىھ» دېگەن.

ۋە قورساق تويۇپ كېتىشتىن بۇرۇن قولنى تائامدىن تارتىشتۇر. كىشى شۇندىلا ئەمچىگە موھتاج بولمايدۇ.

4) بارىغا رازى بولۇش ۋە ئاز بولسىمۇ رىزىقنى كەمستمەسلىك، شۇنداقلا بالىچاقىلىرىنى چاقىرىپ بولسىمۇ مۇمكىنقەدەر تاماققا كۆپ قول بىرلىكتە تېگىشكە تىرىشىش.

## تاماق ئۈستىدىكى ئەدەبلەر

1) تاماقنى بىسمىللاھ بىلەن باشلاش، يەپ بولۇپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش؛

2) لوقمىنى ئوڭ قولدا ۋە كىچىك ـ كىچىك، ياخشى چايناپ يېيىش، باشتىكى لوقمىنى يۇتۇپ بولماي تۇرۇپ، ئىككىنچى لوقمىغا قول سوزماسلىق ۋە يېمەكلىكنى ئەيىبلىمەسلىك؛

3) تاماقنى ئالدىدىن يېيىش؛ لېكىن مېۋىگە ئوخشاش تۈرى كۆپ يېمەكلىك بولسا تاللاپ يېسە بولىدۇ. ئۈچ بارمىقى بىلەن يېيىش ۋە داستىخانغا لوقما چۈشۈپ كەتسە ئۈنى ئېلىش.

4) قىزىق تاماقنى پۈۋلىمەسلىك، خورما بىلەن ئۈرۈقنى بىر تەخسىگە قويماسلىق[1] ياكى ئۈرۈقنى ئالىقانغا يىغىۋالماسلىق، بەلكى ئېغىزىدىن چىقىرىپ سىقىملاپ ئېلىپ تاشلىۋېتىش؛ ئۈرۈقى ۋە شۆپىكى بار ھەرقانداق مېۋىنى مۇشۇ بويىچە يېيىش. تاماق ئۈستىدە سۇ ئىچمەسلىك لازىم. بۇ تېببىي جەھەتتىن تولىمۇ پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ.

سۇ ئىچىشكە كەلسەك: قاچىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇش، ئوتلاشتىن بۇرۇن قاچا ئىچىگە قارىۋېتىش. قاچىنى كۆتۈرگەن پېتى بىر تىنىقتا ئىچىۋەتمەسلىك، بەلكى سۈمۈرۈپ ئىچىش ئەدەب جۈملىسىدىندۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۇنى سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ ئىچىڭلار، بىر تىنىقتا ئىچمەڭلار، چۈنكى سۇنى بىر كۆتۈرگەنچە تىنماي ئىچىۋېتىش جىگەر كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ»[2].

---

[1] مۇسلىم (2042).

[2] دەيلەمىي: «ئەلفىردەۋس بىمەئسۇرىلختاب»، (1070). يەنە ھەزرىتى ئەنەس ۋە بەزى تابىئىنلەردىن مۇرسەل رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 1428) مەرفۇئلۇقىنى «زەئىف»، مۇرسەللىكىنى «سەھىھ» دېگەن. ئىمام ئىبنۇلقەييىم: «تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، سۇنىڭ بىراقلا جىگەرگە ھۇجۇم قىلىشى جىگەرنى ئاغرىتىدۇ ۋە ھارارىتىنى ئاجىزلىتىدۇ. تەدرىجىي كەلسە ئۇنداق زىيانلىق بولمايدۇ» دېگەن. «زادۇلمەئاد» 205/4.

شۇنداقلا ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچمەسلىك ۋە سۇ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم تىنىۋېلىش كېرەك. «سەھىھەين»دىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاچىدىن سۇ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم تىنىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1]. تىنىش دېگەندە قاچىدىن سۇ ئىچكەندە قاچىنىڭ ئىچىگە تىنماي، قاچىنى ئېغىزىدىن يىراق قىلىپ تىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

## تاماقتىن كېيىنكى مۇستەھەب ئەدەبلەر

قورساق تويۇشتىن بۇرۇن تاماقتىن توختاش، بارماقلارنى يالىۋېتىش، قاچىنى چايقاپ ئىچىۋېتىش ۋە تائاملاندۇرغان ئاللاھقا ھەمد ئېيتىش. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تاماق يەپ، ئاندىن يېگەن تاماق ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقان، ئىچىملىك ئىچىپ، ئىچكەن ئىچىملىكى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقان بەندىدىن رازى بولىدۇ»[2].

يەنە غىزادىن كېيىن، ياغ يۇقۇندى قوللارنى يۇيۇۋېتىشمۇ شۇ ئەدەبلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## يىغىلىش ۋە بىرلىكتە تاماق يېگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قوشۇمچە ئەدەبلەر

1) ياشتا چوڭ ياكى پەزىلەتتە ئۈستۈن كىشى بار يەردە تائامغا ئۆزى باشتا باشلىماسلىق؛ لېكىن، سورۇننىڭ كاتتىسى ئۆزى بولسا، جامائەتنى ساقلاتماسلىق ئۈچۈن باشلاپ بەرسە بولىدۇ.

2) تاماق يېگەندە گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالماسلىق، بەلكى ياخشى ئىشلار ۋە سالىھلەرنىڭ تاماق ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى سۆزلىشىش؛

3) سورۇندا مۇمكىنقەدەر تاماقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ھەمداستىخانلارنى «يەڭ، ئىچىڭ» دېيىشكە مەجبۇر قىلماسلىق، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش ۋە ياسالما سىپايىلىق قىلىپ سورۇنداشلارنى ئوڭايسىزلاندۇرماسلىق؛

4) ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دوستلار تاماق يەۋاتقاندا قاراپ تۇرماسلىق؛

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5631)؛ مۇسلىم (2028). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.
[2] مۇسلىم (2734).

5) باشقىلار ئەيىب سانايدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش. مەسىلەن: قولنى قاچىغا سىلكىمەسلىك، لوقمىنى ئېغىزغا سېلىشتا ئېڭىشىپ باشنى قاچىغا يېقىن ئەكەلمەسلىك، ئاغزىدىن بىرنەرسە چىقارسا يۈزىنى تاماقتىن بۇراپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى سول قولى بىلەن ئېلىش، مايلىق لوقمىنى سىركىگە مېنىش ياكى سىركىنى مايلىق لوقمىغا قويۇشتىن ساقلىنىش، چۈنكى باشقىلار بۇنى يامان كۆرۈشى مۇمكىن. ئۆزى چىشلەپ قويغان لوقمىنى ئورتاق ئىچىدىغان شورپىغا يولاتماسلىقمۇ شۇ ئەدەبلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

## دوستلارغا تائام بېرىش ئەدەبلىرى توغرىسىدا

دوست ـ يارەنلەرگە تائام تارتىش مۇستەھەبتۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «دوستلىرۇمنى بىر سائ[1] تائامغا جەم قىلىش مەن ئۈچۈن بىر قۇل ئازاد قىلغاندىن سۆيۈملۈكرەكتۇر» دېگەنىكەن.

خەيسەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان ھالۋا ۋە ياخشى تاماقلارنى پىشۇرۇپ ئىبراھىم ئەننەخەئىي ۋە سۇلايمان ئىبنى مىھران ئەلئەئمەشلەرنى ــــ ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ــــ چاقىراتتى ۋە: «يەڭلار! بۇنى سىلەرگە تەييارلىدىم» دەيتتى.

ساھىبخان تەكەللۇپ قىلماي، بار نەرسىنى مېھمانغا تارتىدۇ. نېمە كەلتۈرۈش ھەققىدە مېھماندىن رۇخسەت سورىمايدۇ. تەئەللۇقاتىدا بار ھەممىنى كەلتۈرۈش بىھۇدە زورۇقۇشتۇر.

مېھماننىڭ ئەدەبلىرى: ساھىبخاندىن مەلۇم بىر تاماقنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق. ئەگەر ئىككى خىل تاماقتىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارىغا قويۇلسا ئاسانراقىنى تاللاش. ئەگەر ئۆزى قويىدىغان تەكلىپتىن ساھىبخاننىڭ سۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلسە، قولىدىن كېلىشىچە سۆيۈندۈرۈشكە تىرىشقاي. ئىمام شافىئىي ــــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ــــ زەئفەرانىيغا[2] مېھمان بولدى، زەئفەرانىي ھەركۈنى بىر ۋاراققا پىشۇرۇلىدىغان تاماقلارنىڭ تىزىملىكىنى يازاتتى ۋە

[1] سائ (الصَّاعُ): قەدىمكى زامانلاردىكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئاھالىسى ئىشلىتىدىغان 4 مۇد (ئوچۇم) مىقدار سىغىدىغان كەمچەن بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملار: «ھىجاز سائىغا ئىراق رىتلى بويىچە بەش پۈتۈن ئۈچتىن بىر ($5\frac{1}{3}$) رىتل (5.33×382.5=2039 gr) سىغىدۇ» دەپ قارىسا، ھەنەفىي مەزھەب ئۆلىمالىرى: «سەككىز ئىراق رىتلى (8×406.25=3250gr) سىغىدۇ» دەپ قارايدۇ.ــــ ت.

[2] ئەبۇ ئەلى ئەلھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ساباھ ئەلباغدادىي ئەززەئفەرانىي (ھ. 180 ــ 260 / م. 796 ــ 874) ئىمام شافىئىينىڭ ئەڭ مەشھۇر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، «قەۋلى قەدىم»نى يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىدۇر.

ۋاراقچىنى خىزمەتچى قىزغا بېرەتتى. (بىر كۈنى) ئىمام شافىئىي ۋاراقچىنى خىزمەتچى قىزدىن ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن تىزىملىككە باشقا بىر تاماقنى قوشۇپ قويدى، زەئفىرانىي بۇنى بىلگەندە قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتى.

## تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كىرمەسلىك توغرىسىدا

كىشى بىراۋلارنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرمىگەي. ئەگەر تۇيۇقسىز ئۇدۇل كېلىپ قالسا ۋە ئۇلارمۇ كىشىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلسا ئەھۋالغا قارىغاي: ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈزىدىن تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى سەزسە، تاماققا ئولتۇرمىغاي. ئەگەر چىن دىلدىن سۆيۈنۈپ قىلىنغانلىقىنى سەزسە، بىللە تاماق يېيىشى دۇرۇستۇر.

بىر كىشى دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى تاپالمىسا، ئۇ كىشى دوستىغا ئىشىنىدىغان بولسا ۋە دوستىنىڭ تامىقىدىن يېسە ئۇنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلسە، دوستى ئۆيدە يوق تۇرۇپمۇ تاماق يېيىشى دۇرۇستۇر.

## زىياپەت بېرىش ۋە زىياپەتكە قاتنىششنىڭ ئەدەبلىرى

ساھىبخان زىياپەتكە پاسىق ۋە گۇناھكارلارنى ئەمەس، تەقۋادار كىشىلەرنى چاقىرغاي. بەزى سەلەفلەر: «پەقەت تەقۋا كىشىنىڭ تامىقىنى يېگىن، سېنىڭ تامىقىڭنىمۇ پەقەت تەقۋا كىشىلا يېسۇن»[1] دېگەن.

بايلارنى ئەمەس، نامراتلارنى تويغۇزۇشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا زىياپەت بېرىشكىمۇ سەل قارىماسلىق لازىم. چۈنكى، ئۇرۇق - تۇغقانغا سەل قاراش يالغۇزلۇققا ئىتتىرىدۇ ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دوست ۋە تونۇشلارنى چاقىرىشتا تەرتىپكە رىئايە قىلىش كېرەك. زىياپەتكە چاقىرىش ئارقىلىق كىبىر ۋە ماختىنىشنى ئەمەس، بەلكى سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنى، دوستلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ۋە مۆئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىنى قۇۋاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. زىياپەتكە چاقىرسا كېلىشكە قىينىلىدىغان كىشىلەرنى ياكى كەلسىمۇ بەزى سەۋەبلەر بىلەن باشقا قاتناشقۇچىلارغا / قاتناشقۇچىلاردىن مالامەت بولىدىغان كىشىنى زىياپەتكە چاقىرماسلىق كېرەك.

زىياپەتكە ئىجابەت قىلىش ئەدەبلىرىگە كەلسەك، ئەگەر زىياپەت توي زىياپىتى

[1] بۇ بەزى سەلەف سالىھلەرنىڭ سۆزى بولۇپ، بىر ھەدىستە: «مۆئمىندىن باشقىسى بىلەن دوست بولما، تامىقىڭنى تەقۋادارىدىن باشقىسى يېمىسۇن!» دەپ كەلگەن. ئەبۇ داۋۇد (4832). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

بولۇپ، بىر مۇسۇلمان بىر كىشىنى (توي زىياپىتى بىرقانچە كۈن داۋاملىشىدىغان جايلاردا) بىرىنچى كۈندىكى توي زىياپىتىگە چاقىرغان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىش ۋاجىب. ئەگەر بىرىنچى كۈندىن كېيىنگە چاقىرغان بولسا، بېرىش - بارماسلىق ئىختىيارىيدۇر. چاقىرىلغۇچى چاقىرغۇچىنى باي - كەمبەغەل دېمەي چاقىرىققا ئىجابەت قىلىشى ۋە روزىدار بولسا روزىسى سەۋەبلىك دەۋەتكە ئىجابەت قىلىشتىن باش تارتماسلىقى، بەلكى روزىدار ھالىتىدىمۇ دەۋەتكە ئىجابەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر روزىدارنىڭ روزىسى نەپلە روزا بولسا ۋە ئېغىز ئېچىۋەتسە قېرىندىشىنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلسە، روزىسىنى بۇزۇۋەتسۇن!

ئەگەر تاماق ھارام مال سەرپ قىلىنىپ ئېتىلگەن تاماق بولسا؛ زىياپەت سورۇنىدا ئىشلىتىش چەكلەنگەن تۈرىدىن كۆرپە - گىلەم، قاچا - قۇچا، ياكى نەغمە - ناۋا، قالايمىقان سۈرەت - رەسىملەر بولسا؛ شۇنىڭدەك زىياپەتكە چاقىرغۇچى زالىم ياكى پاسىق، بىدئەتچى ياكى زىياپىتى بىلەن ماختىنىدىغان كىشى بولسا، ئىجابەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتسۇن!

زىياپەتكە يەپ - ئىچىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋە مۇئمىن قېرىندىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىجابەت قىلىش، شۇنداقلا گۇمانخورلارنىڭ ئۆزىنى كىبىرلىك ئادەم دەپ يامان ئاتلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ بېرىش كېرەك.

سورۇنغا يېتىپ بارغاندا كەمتەر بولۇش ۋە تۆرگە چىقىۋالماسلىق كېرەك. ئەگەر ساھىبخان بىر ئورۇننى بەلگىلەپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنغا ئۆتمەسلىك ۋە تاماق كېلىدىغان تەرەپكە كۆپ قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى، تاماق كېلىدىغان تەرەپكە قاراۋېرىش ئاچكۆزلۈكنىڭ ئالامىتىدۇر.

## تائام سۇنۇشنىڭ ئەدەبلىرى

تائام سۇنۇشنىڭ ئەدەبلىرى بەشتۇر:

1) تاماقنى تېزراق ئەكىلىش؛ بۇ مېھماننى ئىززەت قىلغانلىق جۈملىسىدىندۇر.

2) تاماقتىن بۇرۇن مېۋە - چېۋە كەلتۈرۈش؛ چۈنكى تاماقتىن بۇرۇن مېۋە - چېۋە يېيىش تېببىي جەھەتتىن پايدىلىقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ﴾56/«ۋاقىئە»: 20 - 21 دېگەن.

مېۋە - چېۋىدىن كېيىن كەلتۈرۈلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل نەرسە گۆشتۇر، بولۇپمۇ

كاۋاپ قىلىنغان گۆش. گۆشتىن كېيىنكى ئەۋزەل تاماق نان چىلانغان شورپا، ئاندىن ھالۋىدۇر. بۇ ياخشى تاماقلارنىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ ئىچىش زىياپەتنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. قول چايقىغاندا ئىلمان سۇ قويۇش ئەدەبنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتۇر.

3) ھازىرلىغان بارلىق تاماقلارنى ئېلىپ كېلىش؛

4) تاماقلارنى ئېلىپ كېتىشكە ئالدىرىماسلىق، بەلكى مېھمانلار قوللىرىنى تاماقتىن تارتقۇچە تاماقنى داستىخاندا قالدۇرۇش؛

5) تاماقنى يەتكۈدەك ئېلىپ كېلىش؛ چۈنكى، تاماقنى ئاز ئېلىپ كېلىش ئادىمىگەرچىلىكتە ئەيىب سانىلىدۇ.

تائامنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تارتىشتىن بۇرۇن بالا - چاقىلارنىڭ نېسۋىسى ئايرىپ قويۇلىدۇ. مېھمان قايتماقچى بولسا، ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغىچە بىللە چىقىش ھەم سۈننەت، ھەم مېھماننى ئىززەتلەشتۇر. مېھمانغا خۇشچىراي بولۇش، مېھمان ئۆيگە كىرگەندە، داستىخان ئۈستىدە ۋە ئۆيدىن چىققاندا ياخشى گەپلەرنى قىلىش مۇكەممەل ساھىبخانىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

مېھمانمۇ ساھىبخاندىن كەمچىلىك ئۆتۈلگەن تەقدىردىمۇ، رازىمەنلىك بىلەن قايتقاي. چۈنكى، بۇ گۈزەل ئەخلاق ۋە كەمتەرلىك جۈملىسىدىندۇر.

مېھمان بارغان ئۆيدە قانچىلىك تۇرۇشتا ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى ئايىشى، قايتماقچى بولسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ رازىلىقى ۋە ئىزنى بىلەن چىقىشى كېرەك.

# توققۇزىنچى بۆلۈم: نىكاھ

## نىكاھنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئالىملار ئۆيلىنىشنىڭ مۇستەھەب، قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغان ۋە پەزىلەتلىرى كۆپ ئىش ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئۆيلىنىشنىڭ پايدىلىرى كۆپتۇر. شۇ جۈملىدىن:

1) باللىق بولۇش؛ نىكاھ ئەۋلاد قالدۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى، ئىنسان نەسلىنىڭ كاپالىتى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ سۆيگۈسىگە ھەمدە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەخىرلىنىدىغان كىشىلەرنى كۆپەيتىپ، ئۇ زاتنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىلىدۇ. ياخشى پەرزەنتنىڭ دۇئاسى بەرىكەتتۇر، سەبىيلىكتە ئۆلگەن بالا شاپائەت سەۋەبىدۇر.

2) شەھۋەتنىڭ زىيىنىدىن قۇتۇلۇپ، شەيتاندىن ساقلىنىش؛ نىكاھتا ھەم نەپسنى راھەتلەندۈرۈش، ھەم جۈرىسى بىلەن بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، نەپسنى خۇشال قىلىش باردۇر.

3) كۆڭۈلنىڭ ئۆي ئىشى غېمىدىن خالاس بولۇش؛ نىكاھ كىشىنى تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش، ئورۇن سېلىش، قاچا - قۇچا يۇيۇش ۋە باشقا ئېھتىياجلارنى قامداش قاتارلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، قەلبىنى يېنىكلىتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلارنى بىر كىشى يالغۇز قىلىپ بولۇش تەس. ھەم كۆپ ۋاقىتنى ئالىدۇ، ھەم ئىلىم ئېلىش، ئىشلەشكە مەخسۇس ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. شۇڭا، سالىھە ئايال بۇ جەھەتتە ئېرىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ يولىغا چۈشمەسلىكى زېھنىنى مەشغۇل قىلىدۇ.

4) نەپسكە قارشى جىھاد قىلىش، بالىچاقىلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئىگە بولۇش بىلەن نەپسنى چېنىقتۇرۇش. بالىچاقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇلارنىڭ يامان خۇيى ۋە جەبىر - جاپالىرىغا سەبىر قىلىش، ئۇلارنى ياخشىلاشقا تىرىشىش، ئۇلارغا دىن يولىنى كۆرسىتىش، ئۇلار ئۈچۈن ھالال كەسىپ قىلىشقا تىرىشىش ۋە تەربىيەلەش قاتارلىق پايدىلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستۈن پەزىلەتلىك ئەمەللەر بولۇپ، بۇلار كۆڭۈل بۆلۈش ۋە باشقۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. ئادىل باشقۇرۇش ھەقىقەتەن كاتتا پەزىلەت، ئۇنىڭدىن قاچقۇچىلار پەقەت مەجبۇرىيىتىنى تولۇق

ئـادا قىلالماسـلىقتىن قورقـۇپ قاچقـانلاردۇر. بالىچاقىسـىنىڭ جاپاسـىنى تارتىـش / سەبر قىلىش ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن باراۋەردۇر.

«سـەھىھۇ مۇسـلىم»دە كېلىشـىچە پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «(ئەگـەر) بىـر تىللانـى ئـاللاھ يولىـدا سـەرپ قىلسـاڭ، يەنـە بىـر تىللانـى قـۇل ئـازاد قىلىشـقا سـەرپ قىلسـاڭ، يەنـە بىـر تىللانـى مىسـكىنگە سـەدىقە قىلسـاڭ ۋە يەنـە بىـر تىللانـى ئەھلىڭگـە خەجلىسـەڭ، بۇلاردىـن ئەھلىڭگـە نەپىقـە قىلغىنىڭنىڭ ساۋابى ھەممىدىن كاتتىدۇر»[1].

## نىكاھنىڭ ئاپەتلىرى ھەققىدە

ئۆيلىنىشنىڭ ئۈزىگە تۇشلۇق ئاپەتلىرىمۇ بار:

1) ئـەڭ بۈيـۈك ئاپـەت ھـالال رىزىـق تېپىشـتىن ئاجىـز كېلىـش؛ چۈنكـى، ھالالدىـن رىزىـق تېپىـش تـەس. ئۆيلەنگەنلەرنىـڭ بەزىسـى ئۆزىنىـڭ بولمىغـان نەرسـىگە قـول سوزۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

2) ئاياللارنىـڭ ھەقلىرىنـى ئـادا قىلالماسـلىق ۋە ئۇلارنىـڭ مىجـەز - خۇيلىرىغـا سـەبر قىلالماسـلىق؛ بـۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكـى، ئەركىشـى پادىچىغا ئوخشـايدۇ ۋە ئـۆز پادىلىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ.

3) ئەھلـى ۋە بالىلىرىنىـڭ كىشـىنى ئـاللاھ ئـەززە ۋەجەللەنىـڭ زىكرىدىـن مەشـغۇل قىلىـپ قويۇشـى. بۇنـداق كىشـى كېچـە - كۈندۈزىنـى بالىچاقىسـى بىلـەنلا ئۆتكۈزىـدۇ. نەتىجىـدە ئۇنىـڭ قەلبـى ئاخىرەتنـى ئـويلاش ۋە ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئەمـەل قىلىشـقا قادىـر بولالمايدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلار نىكاھنىڭ ئاپەت ۋە پايدىلىرىدۇر.

بىـراۋ ئۈچـۈن ئۆيلەنگىنـى ئەۋزەلمـۇ ياكـى بويتـاق يۈرگىنىمـۇ؟ دېگـەن ھەقتـە ھۆكـۈم چىقىرىـش ئۈچـۈن، يۇقىرىقىلارنىـڭ ھەممىسـىگە قـاراپ چىقىشـقا توغـرا كېلىدۇ. ئەلبەتتـە، ئۆيلىنىشـنى نىيـەت قىلغۇچـى ئۆزىنـى بـۇ ئەھۋاللارغـا سـېلىپ دەڭسـەپ بېقىشـى كېـرەك. ئەگـەر نىكاھنىـڭ پايـدا كەلتـۈرۈش ئالامىتـى بولسـا، يەنـى كىشـى ھـالال مـال ۋە گـۈزەل ئـەخلاق ئىگىسـى بولسـا ۋە شـۇنداقلا شـەھۋىتىنى بېسـىقتۇرۇش ۋە تۇرمۇشـىنى رەتلەشـكە ئېھتىياجـى بـار يالغـۇز يـاش بولسـا، شـەك - شۈبھىسـىزكى، بۇنـداق كىشـىنىڭ ئۆيلەنگىنـى ئـەۋزەل؛ ئەگـەر بۇنىـڭ ئەكسـىچە نىـكاھ ئاپـەت كەلتۈرگـۈدەك بولسـا، بويتاقلىقى ئەۋزەلـدۇر. بـۇ ئۆيلىنىشـكە ئېھتىياجـى يـوق كىشـى

[1] مۇسلىم (995).

ھەققىدىكى ھۆكۈمدۇر، ئەگەر كىشى ئۆيلىنىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، جەزمەن ئۆيلىنىشى ۋاجىبتۇر.

## ياخشى ئائىلە قۇرۇش ھەققىدە

ياخشى بىر ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن ئايال كىشىدە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى كېرەك:

1) دىن؛ بۇ تۈپكى ئالاھىدىلىكتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دىندار ئايالنى تاللىغىن، قوللىرىڭ تارچىلىق كۆرمىسۇن»[1] دېگەن. دېمەك، ئايال كىشىنىڭ دىنى بولمىسا ئېرىنىڭ دىنىنى بۇزىدۇ ۋە قەدىر - قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى كۈنلەمچى بولسا، ئەر كىشى دائىم بالايىئاپەت ۋە رەنج - مۇشەققەت ئىچىدە قالىدۇ.

2) گۈزەل ئەخلاق؛ ھەقىقەتەن، خۇلقى يامان بىر ئايالنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپتۇر.

3) ھۆسن - جامال؛ بۇمۇ ئايال كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەردىندۇر. چۈنكى، ئايالى گۈزەل ئەر ھارامدىن يىراق بولىدۇ، شۇڭا ئۆيلىنىدىغان ئايالغا قاراشقا بۇيرۇلغان[2]. بەزىلەر گۈزەللىكنى مۇھىم بىلمەيتتى ۋە ھۆسن - جامالدىن زەۋق ئېلىشقا ئىنتىلمەيتتى. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ تېخىمۇ گۈزەل سىڭلىسىنى قويۇپ، كۆزى ئاجىز ياكى بىر كۆزى قارىغۇ بىر خانىمنى تاللىغانىكەن. لېكىن، بۇ كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر. ئىنسان تەبىئىتى بۇنىڭ ئەكسىنى تاللايدۇ.

4) تويلۇق (مەھر ھەققى) يەڭگىل بولۇش؛ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ بىر قىزىنى ئىككى تەڭگە تويلۇققا ياتلىق قىلغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاياللارنىڭ تويلۇقلىرىنى قىممەت قىلىۋەتمەڭلار!»

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5090)؛ مۇسلىم (1466).

[2] مۇسلىم (1424): ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ يېنىدا ئىدىم، بىر كىشى كېلىپ، ئەنسارلاردىن بىر ئايالغا ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇ زات:

ـــ سەن ئۇ ئايالنىڭ چىرايىنى كۆردۈڭمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـــ ياق، ـــ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ماڭ، بېرىپ كۆرۈپ كەل! چۈنكى ئۇلار(ئەنسارلار)نىڭ كۆزلىرى بىرقانداق كېلىدۇ، ـــ دېدى.

دېگەن[1].

ئايال كىشىنىڭ تويلۇقنى قىممەت قىلىۋېتىشى يامان كۆرۈلگەنىدەك، ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىنىڭ قانچىلىك مېلى بارلىقىنى سورىشىمۇ يامان كۆرۈلىدۇ. سۇفيان سەۋرىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن —: «ئەر كىشى بىر ئايال بىلەن توي قىلسا ۋە: ‹ئايال كىشىنىڭ نېمىلىرى بار› دەپ سورىسا، بىلگىنكى: ئۇ ئەر ئوغرىدۇر» دېگەن.

5) قىز بولۇش؛ چۈنكى، شەرىئەتنىڭ بەرپاچىسى (رەسۇلۇللاھ) قىز ئېلىشقا قىزىقتۇرغان[2]. قىز تەگكەن ئايال ئېرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئېرىگە چوكاندىن بەكرەك كۆنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى تۇنجى كۆنگەن ئادەم بىلەن ئۈنس - ئۈلپەت بولىدىغان قىلىپ يارىتىلغان. قىز تەگكەن ئايال ئېرىنىڭ قاتتىق سۆيۈشىگە نائىل بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى باشقىلار قول تەگكۈزمىگەن ئايالنى ئىستەيدۇ.

6) تۇغۇمچان بولۇش؛

7) نەسەبلىك بولۇش؛ يەنى دىيندار ۋە ياخشى ئائىلىنىڭ قىزى بولسا ئەۋزەل.

8) ياتلاردىن بولۇش. ئەر كىشىنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغان ئايالنى كۆرۈپ، سۈرۈشتۈرۈپ ئېلىشى كېرەك بولغىنىدەك، ئايالنىڭ ۋەلىيسىنىڭمۇ بولغۇسى كۈيئوغۇلنىڭ دىنى، ئەخلاقى ۋە ھال - ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى، نىكاھ بىر مەنادا ئايالنىڭ ئەرگە قۇللۇقىدۇر. قىزىنى پاسىق ياكى بىدئەتچىگە نىكاھلاپ قويۇش ھەم قىزىغا، ھەم ئۆزىگە زىيانكەشلىكتۇر. بىر كىشى ھەسەن ئەلبەسرىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — گە:

— قىزىمنى قانداق كىشىگە نىكاھلاپ قويااي؟ — دېگەنىدە، ئۇ مۇنداق دېگەن:

— ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىگە نىكاھلاپ قويغىن، چۈنكى ئۇ ئەگەر قىزىڭنى ياخشى كۆرسە ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، مۇبادا يامان كۆرۈپ قالسىمۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ.

[1] ئىبنى ماجە (1887). ئالبانىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5247)؛ مۇسلىم (715). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «قىز ئالساڭچۇ؟! ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇمۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى» دېگەن.

## مۇئامىلىدىكى قائىدە - يوسۇنلار، ئەرنىڭ ئۈستىدىكى ۋە خاتۇننىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدە

ئەر كىشى ئۇن ئىككى تۈرلۈك ئىشتا مۆتىدىل ۋە ئەدەب - قائىدىگە ئۇيغۇن ئىش تۇتۇشى كېرەك:

1) توي تامىقى بېرىش؛ ئەر تەرەپنىڭ توي زىياپىتى بېرىشى مۇستەھەب ئەمەلدۇر.

2) ئايالى / ئاياللىرى بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ (كۆپرەك ھېسسىياتچان ئىش تۇتۇشى تۈپەيلى) ئەقلى كوتىلىقى بائىس سالغان ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈش؛ سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشىڭلار. ھەقىقەتەن ئاياللار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ ئەگرى يېرى ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىدۇر. ئەگەر ئۇنى رۇسلىيمەن دېسەڭ سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئۇنى ئۆز پېتى قويساڭ، ھەمىشە ئەگرى تۇرىدۇ. شۇڭا (نەسىھىتىمنى قوبۇل قىلىپ،) ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار»[1] دېگەن.

بىلگىنكى، ئايالى بىلەن ياخشى ئۆتۈش دېمەك پەقەتلا ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمەسلىك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئايالغا ئەزىيەت بېرىشتىن توختاش بىلەن بىرگە ئايالنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈش، تەنتەكلىك ۋە قېيداشلىرىغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىپ سەبر قىلىش دېمەكتۇر. «سەھىھەين»دە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ئۇ زاتقا گەپ ياندۇراتتى[2]، ھەتتا بەزىلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇ زاتقا ماي تارتاتتى».

3) ئايالى بىلەن ئوينىشىش ۋە چاقچاقلىشىش؛ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرى بىلەن ئوينىشاتتى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن مۇسابىقىلەشكەن ئىدى[3]. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جابىر

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5186)؛ مۇسلىم (1468). يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلى يارىتىلىشىدا ئەگرىلىك، ئەۋرىشىملىك بار، تۈزلەش ئەگرىلىكنىڭ مەنبەسى بولغان ئەڭ ئۈستى تەرىپىدىكى كاللىسى ۋە تىلىدا تېخىمۇ قىيىن. ئۇنى رۇسلىيمەن دېسەڭ تالاق قىلىۋېتىسەن، شۇڭا سەبر قىلىپ، ئۇلارغا ئېھسان قىلغىن ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتكىن. — ت.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2468)؛ مۇسلىم (1479). بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىمۇ كۈندەشلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى تاكاللىشىش ۋە ئېچىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلەتتى.

[3] ئەبۇ داۋۇد (2578)؛ ئىبنى ماجە (1979). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 131) «سەھىھ» دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «قىز ئالساڭچۇ؟! ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇمۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى»[1] دېگەن.

4) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك؛ ئويۇنىش ۋە چاقچاقلىشىشتا ئايال كىشىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكۈدەك ئاشۇرۇۋەتمەي، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش لازىم. رىۋايەت قىلىنۇركى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ۋالىيلىرىدىن بىرىنى ئەيىبلىدى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئايالى ئەيىبلەنگۈچىنى تىلىۋېلىش ئۈچۈن:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! نە ۋەجىدىن ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىدىلا؟ — دېگەنىدى، ئۆمەر:

— ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! سەن قايسى سالاھىيەت بىلەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىسەن؟ ئاتىكارچىلىق قىلماي يېپىڭنى ئېگىرا! — دېدى[2].

5) ئايالنى كۆڭلەشتە نورمال بولۇش؛ يەنى بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەل قارىماسلىق ۋە زىيادە گۇمانخور بولماسلىق كېرەك. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىققانلارنى (قايتىپ كەلگەندە) ئۆيگە كېچىسى تۇيۇقسىز كىرىشتىن توسقان[3].

6) نەپىقىنى مۆتىدىل تۇتۇش، ئىسراپمۇ قىلماي، بېخىللىقمۇ قىلماي ئوتتۇراھال بولۇش؛ بىر كىشىنىڭ ياخشى تاماقنى ئائىلىسىگە يىدۈرمەي، پەقەت ئۆزىلا يېيىشى ناتوغرىدۇر. بۇنداق قىلىش قەلبتە غەزەپ پەيدا قىلىدۇ.

7) يىگىتنىڭ ھەيزدار ئايالغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگۈدەك دەرىجىدە ھەيز ۋە ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشى، ئايالغا توغرا بولغان ئېتىقادنى ئۆگىتىشى، ئەگەر ئايالدا بىدئەت بولسا ئۇنىڭ قەلبىدىن بارلىق بىدئەتنى يوقىتىشى ۋە ئايالغا ناماز، ھەيز ۋە ئىستىھازە[4] ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشى كېرەك؛ يەنە ئايالنىڭ

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5247)؛ مۇسلىم (715).

[2] بۇ يەردىكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى كىتابتا كەلگەندىن باشقا رىۋايەتلەرگە ئاساسەن تەھرىرلەندى.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1801)؛ مۇسلىم (715). قايتىش ۋاقتى نامەلۇم ئۇزۇن سەپەردىن تۇيۇقسىز كېلىپ كۈندۈزى ياكى كېچىسى ئىشىك قېقىش ئەھلى ئائىلىسىگە يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، ئېرىنى كۈتۈۋېلىشقا ياسىنىش پۇرسىتى بەرمىگەنلىكتىن كۆڭلىنىڭ سوۋۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇشى، كەلگۈچىنىمۇ بەزى ئۇقۇشماسلىقلارغا دۇچ كەلتۈرۈشى ياكى گۇمانخورلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى جەھەتتىن ئۆيگە ئالدىن خەۋەر بېرىلمىگەن ئەھۋالدا كىرىش، بولۇپمۇ يېرىم كېچىدە كىرىش مەكرۇھتۇر.

[4] ئىستىھازە (الْاسْتِحَاضَةُ): ئەرەبچە «ھەيز (الْحَيْضُ)» كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن ئىسىم بولۇپ، «ئايال كىشىنىڭ ئادەت (ھەيز) ياكى نىپاس كۈنلىرىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قانسىراپ تۇرۇشى»نى كۆرسىتىدۇ. فىقھ ئىستىلاھىدا بولسا: «ئاياللاردا ئادەت ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا كېسەللىكتىن ياكى (بالىياتقۇ ئاستىدىكى) مەلۇم تومۇر يېرىلغانلىقتىن قان (خۇن) كېلىش»تۇر.

ھەيز قېنى شام نامىزىدىن بۇرۇن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇغىدەك ۋاقىت ئالدىدا توختىغان بولسا، پېشىن ۋە ئەسىرنىڭ؛ ئەگەر بامدات نامىزىدىن بۇرۇن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇغىدەك ۋاقىت ئالدىدا ئۈزۈلگەن بولسا، ئاۋۋالقى ئاخشامقى شام ۋە خۇپتەننىڭ قازاسىنى ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى[1] ئايالىغا ئۆگىتىدۇ. بۇ ئاياللار بەك رىئايە قىلمايدىغان مەسىلىدۇر.

8) ئەگەر كىشىنىڭ بىرنەچچە خوتۇنى بولسا، ئۇلارغا ئادىلانە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؛ ئادىللىق ئاياللىرىنىڭ يېنىدا قونۇش ۋە خەرج - خىراجەت خۇسۇسىدا تەڭ مۇئامىلە قىلىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ بەندە قادىر بولالمايدىغان سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە جىنسىي تۇرمۇشتا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ئەمەس. كىشى ئەگەر سەپەرگە چىقماقچى بولسا ۋە ئاياللىرىدىن بىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ چىقماقچى بولسا، ئۇلار ئارىسىدا چەك تاشلىغاي، چەك قايسىسىغا چىقسا، شۇ ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىققاي.

9) چىقىشماسلىق. ئەگەر خاتۇن كىشى چىقىشماسچىلىق قىلسا، ئۇنى ئەدەبلەش ۋە مەجبۇرىي ئىتائەتكە كۆندۈرۈش كېرەك. لېكىن، ئايالنى ئەدەبلەشتە ئالدى بىلەن نەسىھەت قىلىش ۋە قورقۇتۇش ئارقىلىق تەدرىجىي ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش كېرەك. ئەگەر بۇ ئۇسۇل كار قىلمىسا بىرگە ياتمىسۇن، يەنى خاتۇنغا كەينىنى قىلىپ ياكى ئايرىم كۆرپە سېلىپ ياتسۇن. ئۈچ كۈنگىچە گەپ قىلمىسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلار كار قىلمىسا، ئۇنى يارىلاندۇرمىغۇدەك، قان چىقمىغۇدەك ھالدا يۈزىدىن باشقا يەرلەرگە يەڭگىل ئۇرسا بولىدۇ.

10) جىمانىڭ ئەدەبلىرى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاش، قىبلىدىن باشقا ياققا بۇرۇلۇش، ئەر - خاتۇن بىر پارچە رەخت بولسىمۇ يېپىنىۋېلىش، قىپيالىڭاچ بولۇۋالماسلىق، جىمانى ئايالى بىلەن ئوينىشىش، قۇچاقلاش ۋە سۆيۈش بىلەن باشلاش. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا جۈمە كۈنى جىما قىلىش مۇستەھەبتۇر.

---

بۇ ھالەتتىكى ئايالغا «ئىستىھازىدار (اَلْمُسْتَحَاضَةُ)» دېيىلىدۇ. ئىستىھازە خۇنى ھەيز خۇنىدىن پۇراقسىزلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھەيز خۇنى ئايال كىشى ساق - سالامەت تۇرۇپ كەلسە، ئىستىھازە خۇنى كېسەللىك ياكى بىرەر تەڭپۇڭسىزلىقتىن كېلىدۇ. ئىستىھازە خۇنىنىڭ ھۆكمى توختىماي بۇرۇن قاناش ياكى سۈيدۈك توختىماسلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولۇپ، شەرئىي ئەھكامدا ئىستىھازىدارلار ساغلام ئاياللاردىنمۇ، ھەيزدارلاردىنمۇ پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئىستىھازە ناماز، روزا، تاۋاپ، «قۇرئان» تىلاۋىتى ۋە جىماغا توسالغۇ بولمايدۇ. لېكىن، ھەربىر نامازغا ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن يېڭىدىن تاھارەت ئالىدۇ. - ت.

[1] بۇ كۆپچىلىكنىڭ قارىشى بولۇپ، ھەنەفىي مەزھەب قارىشىدا بۇ ئەھۋالدا ئاخىرقى بىر نامازنىلا ئوقۇشى كېرەك، چۈنكى ئالدىنقى نامازنىڭ ۋاقتى ئۆزرىلىك چاغدا چىقىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشى كېرەك ئەمەس. قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا: «كۇۋەيت فىقھىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 72/13. — ت.

ئەر ئۆز شەھۋىتىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئايالىنىڭمۇ شەھۋىتىنى قاندۇرۇۋېلىشىنى كۈتسۇن. چۈنكى، ئايالنىڭ لەززەت بىلەن ئېھتىلام بولۇشى كېچىكىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەر ھەيزدار ئايالى بىلەن ئويناشماقچى بولسا، ئايالنىڭ بەلدىن تىزىغىچە كالتا ئىشتان بولسىمۇ كىيىۋېلىشى؛ ھەيزدار ئايال بىلەن نورمال جىما ياكى ئارقىسىغا (مەقئەتىگە) يېقىنلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى؛ ھەيزسىز ئايالى بىلەن ئىككىنچى قېتىم جىما قىلماقچى بولغان ئەرنىڭ تاناسىل ئەزاسىنى يۇيۇشى ۋە تاھارەت ئېلىپ ئاندىن كېلىشى؛ جۇنۇپ ھالدا چاچ چۈشۈرمەسلىك، تىرناق ئالماسلىق ۋە قان ئالماسلىق قاتارلىقلارمۇ ئەدەبنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەزل قىلىش[1] مەكرۇھ ئەمما رۇخسەت بېرىلگەن ئىشتۇر.

11) تۇغۇتقا ئالاقىدار ئەدەبلەر ئالتە تۈرلۈكتۇر:

ئا) ئوغۇل تۇغۇلسا بەك خۇشال بولۇپ، قىز تۇغۇلسا قايغۇرماسلىق؛ چۈنكى، كىشى خەيرنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئە) يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇش؛

ب) چىرايلىق ئىسىم قويۇش؛ «سەھىھۇ مۇسلىم»دا كەلگەن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەگە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىسىملار ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرراھماندۇر»[2] دېگەن. بىر كىشىنىڭ ئىسمى يامان كۆرۈلىدىغان ئىسىم بولسا، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىش مۇستەھەبتۇر، رەسۇلۇللاھ بىر قىسىم ساھابەلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. جۈملىدىن: ئەفلەھ (أفلح / بەختكە ئېرىشتى)، نافىئ (نافع /نەپ بەرگۈچى )، يەسار (يسار /سولخەي، سولچى)، رەباھ (رباح / پايدا)، بەرەكەت (بركة) قاتارلىق ئىسىملارنى قويۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، مەسىلەن، «بەرىكەت بارمۇ؟» دېيىلسە: «ياق / يوق» دېيىلىپ قالىدۇ[3].

پ) ئوغۇل بالىغا ئىككى، قىز بالىغا بىر قوي[4] ئۆلتۈرۈپ ئەقىقىسىنى قىلىش؛

ت) خورما ياكى تاتلىق يېمەك بىلەن بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش؛

ج) خەتنە قىلىش.

[1] ئايالنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ قېلىشىنى ئىستىمىگەن ئەرنىڭ جىنسى ئالاقىدە مەنىينى سىرتقا تۆكۈۋېتىشى. —— ت.

[2] مۇسلىم (2132).

[3] مۇسلىم (2136 - 2138).

[4] تىرمىزىي (1516). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

12) تـالاق: بـۇ ئـاللاھ تائـالا ئـەڭ يامان كۆرىدىغـان مۇباھتـۇر. شـۇڭا، بىـر ئەرنىڭ بىگۇنـاھ ئايالىنـى ئۇشـتۇمتۇت تـالاق قىلىشـى مەكرۇھتـۇر. ئايـال كىشـىنىڭمۇ ئەرنـى تـالاق قىلىشقا قىستىشـى دۇرۇس ئەمـەس. ئايالىنـى تـالاق قىلماقچى بولغـان ئـەر شـۇ تۆت ئىشقا رىئايە قىلسۇن:

ئـا) ئىـددەت ۋاقتـى ئـۇزۇن بولـۇپ قالماسـلىقى ئۈچـۈن ئايالـى سـاق چاغـدا / ئادەت كۆرۈپ ساقايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ تالاق قىلىش؛

ئـە) پۇشـايمان قىلىـپ قالسـا ئايالىغـا قايتىۋالالىشـى ئۈچـۈن پەقـەت بىـرلا تـالاق قىلىش؛

ب) بـۇ ئازابنـى يېنىكلىتىـش ئۈچـۈن تـالاق قىلغـان ئايالىغـا پايدىلىنالىغـۇدەك بىرنەرسە بېرىـپ سـىلىق مۇئامىلە قىلىش بىلـەن ئۇنىـڭ كۆڭلىنـى ياسـاش؛ رىۋايـەت قىلىنىدۇكـى، ھەسـەن ئىبنـى ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىـر ئايالىنـى تـالاق قىلـدى ۋە ئۇنىڭغـا 10 مىــڭ دەرھــەم ئەۋەتتـى. بۇنـى تاپشـۇرۇپ ئالغـان ئايـال: «ئايرىلىـپ كەتكەن قەدىردانىدىن كەلگەن ئازغىنە مال» دېدى.

پ) ئايالىنىــڭ سـىرىنى ئاشكارىلىماسـلىق. ئىمـام مۇسـلىم رىۋايـەت قىلغـان بىـر سـەھىھ ھەدىسـتە، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «شۈبھىسـىزكى، قىيامـەت كۈنـى ئـاللاھ تائالانىـڭ ھۇزۇرىـدا جايـى ئـەڭ يامـان كىشـىلەردىن بىـرى ئايالىغـا يېقىنچىلىـق قىلىـپ، ئاندىـن ئايالىنىـڭ سـىرىنى يايىدىغان كىشىدۇر»[1].

سالىھلەردىن بىر زات ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭغا:

— ئايالىڭدىـن شـۈبھىلەندۈرگەن ئامىـل نېمـە؟ — دېيىلگەنـدى، ئـۇ جـاۋاب بېرىپ:

— ئاقىل كىشى دېگەن ئايالىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ، — دېدى.

ئۇ ئايالىنى تالاق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يەنە سوراشتى:

— ئايالىڭنى نېمشقا تالاق قىلدىڭ؟ — ئۇ زات مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ خەقنىڭ ئايالى بىلەن نېمە ئىشىم؟

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەرنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىدۇر.

**ئىككىنچى قىسىم: ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرى**

ئەبـۇ ئۇمامـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ دېگەنكـى: مـەن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى

[1] مۇسلىم (1437).

ۋەسەللەمنىڭ: «ناۋادا بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام ئىدىم، ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم»[1] دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بۇ قىسىمدا ئەرنىڭ ئايالنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى تەكىتلەيدىغان كۆپ ھەدىسلەر بار، خېلى كۆپ بولغان بۇ ھەقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككىسى تۆۋەندىكىدەكتۇر:

1) ئىپپەتلىك بولۇش ۋە نومۇسنى ساقلاش؛

2) قانائەتچان بولۇش. سەلەف سالىھلەر زامانىدا ئاياللار قانائەتچان ئىدى. بىر كىشى ئۆيىدىن چىقسا، ئايالى ئۇنىڭغا: «ھارام كەسىپ قىلىشتىن ساقلىنىڭ! بىز ئاچلىققا ۋە نامراتلىققا سەبر قىلىمىز، ئەمما، جەھەننەم ئوتىغا سەبر قىلالمايمىز» دەيتتى.

خاتۇن كىشى ئېرىنىڭ مېلىنى ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر خاتۇن كىشى ئېرىنىڭ رازىلىقى بىلەن باشقىلارغا تاماق بەرسە، ئېرىگە بولغان ساۋاب ئوخشاشلا ئايالغىمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئېرىنىڭ رازىلىقىسىز باشقىلارغا تاماق بەرسە، ئېرىگە ساۋاب، ئايالغا گۇناھ بولىدۇ.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنى كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن قىزىغا كېرەكلىك ئەدەب-قائىدە، نازاكەت يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىشى لازىم. خاتۇن كىشى ئۆيدە ئولتۇرۇشى، يىپ ئېگىرىشى، قوشنىلىرىغا ئاز گەپ قىلىشى، ئېرى يوق ھالەتتە كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشى، ئېرى بار يەردە ياكى يوق يەردە بىردەك ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى، ھەر ۋاقىت ئېرىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆزلىشى، ئۆز نەپسى ۋە ئېرىنىڭ مېلى جەھەتتە ئەرگە خىيانەت قىلماسلىقى، ئېرىنىڭ كۆرپىسىگە ئېرى يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنى دەسسەتمەسلىكى ۋە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنى ئۆيىگە كىرگۈزمەسلىكى كېرەك. ئايال كىشىنىڭ ھىممىتى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھويلىدىكى ئىشلارنى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە قىلىپ ئۆيىنى ياخشى سەرەنجاملاشتۇرۇشتا بولسۇن! ئېرىنىڭ ھەققىنى ئۆزى ۋە بارلىق يېقىنلىرىنىڭ ھەققىنىڭ ئۈستىدە قويسۇن!

نىكاھ بۆلۈمى ئاخىرلاشتى.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد (2140)؛ تىرمىزىي (1159)؛ ئىبنى ماجە (1852). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 5294) «سەھىھ» دېگەن.

# ئونىنچى بۆلۈم: كەسىپ - كار ۋە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى، پەزىلىتى، توغرا تاپاۋەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئەھكاملار ھەققىدە

بىلگىنكى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئىلاھىي ھېكمەت مەرھەمىتى بىلەن ئۇشبۇ دۇنيانى گاھ ئۆتكۈنچى ھاياتىنىڭ لازىمەتلىرى ئۈچۈن ئىشلەش، گاھ ئاخىرەت ھاياتىنىڭ تەقەززاسى ئۈچۈن تىرىشىش يۇرتى قىلدى. بىز بۇ يەردە تۈرلۈك تىجارەت ۋە ھۈنەر - سەنئەتلەرنىڭ ئەدەبلىرىنى، تاپاۋەتنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە يوللىرىنى بايان قىلىمىز ۋە چۈشەندۈرىمىز.

## كەسىپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق﴾ «نەبەئ»: 78/11 دېيىش ئارقىلىق بەندىلىرىگە قىلغان ئىنئاملىرى قاتارىدا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىقنى ئەسلەتتى. ئۇ زات يەنە: ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنى زېمىندا يەرلەشتۈردۇق، زېمىندا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق، (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن مۇشۇنداق نېئمەتلىرى بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا) ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴾ «ئەئراف»: 7/10 دېدى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى نېئمەت سۈپىتىدە سۈندى ھەمدە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ يەنە: ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ «بەقەرە»: 2/198 دېدى.

ھەدىسلەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش جىھادتۇر»[1]، «ئاللاھ تائالا ھۈنەرۋەن بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن[2]. ئىمام بۇخارىيلا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئىسلاھۇل مال»، (193)؛ قۇزائىي: «مۇسنەدۇششىھاب»، (80)؛ دەيلەمىي: «ئەلفىردەۋس بىمەئسۇرىل خىتاب»، (3919). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، ئەبۇ نۇئەيم («ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 126/7) ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ھالال پۇل تېپىش پەرزدىن كېيىنكى پەرزدۇر» دەپ رىۋايەت قىلغان. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 3619؛ «ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 1301) «زەئىف» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئىسلاھۇل مال»، (193)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (1181)؛

ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ھېچكىم ئۆز قولىدا ئىشلەپ يېگەندىنمۇ ياخشىراق بىر يېگۈلۈك يېگەن ئەمەس. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز قولى بىلەن تېپىپ يەيتتى» دېگەن [1].

يەنە بىر ھەدىستە: «زەكەرىيا (ئەلەيھىسسالام) ياغاچچى ئىدى» دېيىلگەن[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام قوشچى (دېھقان)، نۇھ ئەلەيھىسسالام ياغاچچى، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تىككۈچى، ئىبراھىم ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملار تېرىقچى، سالىھ ئەلەيھىسسالام سودىگەر، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ساۋۇت ياسايتتى (يەنى تۆمۈرچى) ۋە مۇسا، شۇئەيب ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ پادىچى ئىدى ـ ئاللاھنىڭ سالامى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بولسۇن»[3].

بۇ ھەقتە كەلگەن مەشھۇر رىۋايەتلەر:

❊ لوقمان ھەكىم ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: «ئەي ئوغلۇم! كەمبەغەللىكتىن ھالال كەسىپ بىلەن ساقلان، چۈنكى كەمبەغەل بولۇپ قالغان ئادەمگە ئۈچ ئىللەت يېتىدۇ: دىنى سۇسلىشىدۇ، ئەقلى ئاجىزلايدۇ ۋە ئادەمگەرچىلىكنى يوقىتىدۇ. بۇلاردىنمۇ ئېغىرراقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشىدۇر».

❊ ئىمام ئەھمەدتىن سورالدى:

ــ سىزچە ئۆيىدە ياكى مەسجىدتە ئولتۇرۇۋالغان (يەنى، رىزقىم ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ دەپ ئىشلىمەيدىغان) كىشى قانداق كىشى؟

ئىمام ئەھمەد جاۋاب بەردىكى:

ــ ئۇ ئىلىمسىز نادان كىشىدۇر، ئەجەبا ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى›[4]، ‹قۇش سەھەردە قورساقى ئاچ ھالدا چىقىپ كېتىدۇ، كەچتە توق قايتىدۇ›[5] دېگەن

---

تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (8934). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1704؛ «سىلسىلەتۇلئەھادىيسىززەئىفە»، 1301) «زەئىف» دېگەن.

[1] بۇخارىي (2072). مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان. داۋۇد ئەلەيھىسسالام كاتتا پادىشاھ تۇرۇقلۇق ساۋۇت ياساپ ساتاتتى. بۇ موھتاجلىقتىن ئەمەس، پەقەتلا ئۆز ئەمگىكىدىن يېيىشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن ئىدى.

[2] مۇسلىم (2379). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] ھاكىم (4165). ئىبنى ھەجەر: («فەتھۇلبارىي»، 306/4) «سەنەدى بەكلا زەئىف» دېگەن.

[4] ئەھمەد (5114)؛ بۇخارىي 2914 ـ ھەدىستىن بۇرۇن مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان؛ ئىراقىي ۋە ئالبانىيلار: «سەھىھ» دېگەن.

[5] ئەھمەد (205)؛ تىرمىزىي (2344)؛ ئىبنى ماجە (4164). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ھەدىسلىرىنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسھابلىرى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا تىجارەت قىلاتتى، خورما باغلىرىدا ئىشلەيتتى، ئەنە شۇلار بىزنىڭ ئۈلگىمىزدۇر.

* ئەبۇ سۇلايمان ئەددارانىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ نەزەرىمىزدە، بىراۋ سەن ئۇچۇن ئىشلەپ چارچىسا - يۇ، سەن مەسجىدتە جامائەت بىلەن سەپ تۇتساڭ ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ، سەن ئاۋۋال ئىشلەپ ئىككى نانغا ئېرىشكىن، ئاندىن ئىبادەت قىلغىن».

سوئال: ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن ھەم تىجارەت بىلەن، ھەم ئىبادەت بىلەن تەڭ مەشغۇل بولۇشقا تىرىشتىم، لېكىن ئىككىسى چىقىشالمىدى، شۇڭا ئىبادەتنى تاللىدىم» دېگەن سۆزىگە نېمە دەيسەن؟

جاۋاب: «تىجارەتتىن مەقسەت تىجارەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى خەققە موھتاج بولماسلىق، ئائىلىۋى ئېھتىياجنى قامداش ۋە دوستلارغا ياردەم بېرىشتۇر. ئەگەر مەقسەت مال - دۇنيا، بايلىق توپلاش، تەكەببۇرلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار بولسا بۇنىسى ناتوغرا».

## تاپاۋەتنىڭ توغرا بولۇشى ۋە تاپاۋەتنىڭ ئاپەتلىرىنى بىلىش

تاپاۋەت كۆزلەنگەن تىجارەت توختامى: ساغلام، ئادىل، ئېھسانچىل ۋە دىننى سەزگۈرلۈك قاتارلىق تۆت سۈپەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولسۇن.

بىرىنچى سۈپەت: ساغلام بولۇش؛ ئەگەر توختام بىر ئېلىم - بېرىم سودا توختىمى بولسا، ئۈچ ئاساستىن تەشكىل تاپىدۇ:

1) توختاملاشقۇچى تەرەپلەر؛ 2) توختام تېمىسى؛ 3) لەۋز.

بىرىنچى ئاساس: ئەقلى جايىدا ئەمەس كىشى بىلەن سودا - سېتىق مۇئامىلىسى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ساراڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرى يۈكلەنگەن كىشى ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ سودىسى ئىناۋەتسىز؛ خوجايىنى تەرەپتىن ئىزنى بېرىلگەنلىكى نائېنىق قول بىلەن سودا مۇئامىلىسى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك كىچىك بالىغا دادىسى ياكى ۋەسىيسى (ۋەسىيەتنامىنى ئىجرا قىلغۇچى) رۇخسەت بەرمىگۈچە، كىچىك بالا بىلەن سودا - سېتىق مۇئامىلىسى قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، كىچىك بالا ھۆكۈمدە خوجايىنىنىڭ ئىزنىگە قاراشلىق قۇلغا ئوخشايدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا كىچىك بالىنىڭ قىلغان سودا توختامى ئىناۋەتسىز؛ بىزنىڭ قارىشىمىزدا قارىغۇ كىشىنىڭ مۇئامىلىسى كۆچكە ئىگە، ئالدى - بەردىسى

ئىناۋەتلىك. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا ئىناۋەتسىز[1].

زالىملارنىڭ ۋە كۆپىنچە مېلى ھارام مال بولغان كىشىلەرنىڭ پەقەت ھالالدىن تاپقانلىقى بىلىنگەن نەرسىسىنىلا سېتىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى ئاساس: ھەققىدە توختام تۈزۈلگەن، يەنى توختام ئارقىلىق باشقا كىشىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغان (سېتىلغان / سېتىۋېلىنغان) مال؛ ئىت سېتىش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئىت نىجىستۇر. قېچىر ۋە ئېشەكنى — نىجىس دەيلى ياكى پاك دەيلى — سېتىش دۇرۇس. ھاشارەتلەرنى سېتىش جائىز ئەمەس. شۇنداقلا ئۇد، قالۇن، نەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاب، لاي ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان سۈرەت / ھەيكەللەرنى سېتىش دۇرۇس ئەمەس. ماددىي ۋە شەرئىي جەھەتتىن تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى سېتىشمۇ نادۇرۇستۇر. مەسىلەن، ھاۋادىكى قۇش، قاچقاق قۇل ۋە دېڭىزدىكى بېلىق دېگەندەكلەرنى بەندىنىڭ تاپشۇرۇشقا كۈچى يېتىشى ناتايىن.

گۆرۈ قويۇلغان نەرسىنىمۇ شەرئەن تاپشۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان نەرسە قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئانا - بالا قۇل بولسا، بىر - بىرىدىن ئايرىپ سېتىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى شەرئىي جەھەتتىن بۇلارنىڭ تاپشۇرۇلۇشى چەكلىنىدۇ.

ئۈچىنچى ئاساس: لەۋزى. يەنى ئىجاب ۋە قوبۇل[2] لەۋزىلىرىدۇر. قوبۇل ئىجابتىن بۇرۇن دېيىلسە، (ھەنبەلىي فىقھىدا) بىر قاراشتا «سودا توغرا بولمايدۇ» دەپ قارالسا؛ يەنە بىر قاراشتا، قوبۇل لەۋزى «ساتتىم، سېتىۋالدىم» دېگەندەك ئۆتكەن زامان لەۋزى بىلەن بولسۇن، ياكى «ساتقىن، سېتىۋالغىن» دېگەندەك

[1] كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا، قارىغۇ كىشىنىڭ تاۋارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قىلغان ئالدى - بەردىسى مۇئامىلىسى كۈچكە ئىگە. شافىئىي مەزھەب قارىشىدا «ئېلىم - سېتىم، رەنە ۋە ئىجارىگە ئوخشىغان كۆرۈش شەرت قىلىنىدىغان مۇئامىلىسى كۈچكە ئىگە ئەمەس، سەلەمگە ئوخشىغان تاۋارنى كۆرۈش شەرت قىلىنمايدىغان مۇئامىلىسى كۈچكە ئىگە، ئۆزى بىۋاستە قىلالمايدىغان مۇئامىلىلەردە باشقىلارنى ۋەكىل قىلىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا: «كۇۋەيت فىقھىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 297/30، 298. — ت.

[2] ئىجاب ۋە قوبۇل (الْإِيجَابُ وَالْقَبُولُ): ئىجاب ساتقۇچى ياكى توختاملاشقۇچىنىڭ سېتىش/ توختاملىشىشقا بولغان رازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان «ماڭا بۇ مېلىڭنى مۇنچىلىك پۇلغا ساتقىن» ياكى «سەن بىلەن مۇنداق توختاملىشىمەن» دېيىشتەك تەكلىپ لەۋزى ياكى ئىش - ھەرىكىتى. قوبۇل: سېتىۋالغۇچىنىڭ ياكى توختاملاشقۇچىنىڭ سېتىش/ توختاملىشىشقا بولغان رازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان «ئالدىم» ياكى «سەن بىلەن توختاملاشتىم» دېيىشتەك قوبۇل لەۋزى ياكى ئىش - ھەرىكىتى. بۇ ھەنەفىي مەزھەب قارىشى بولۇپ، باشقا مەزھەبلەردە: دەسلەپ ياكى ئىككىنچى بولۇپ دېيىلسۇن ساتقۇچىنىڭ ياكى مال ئىگىسىنىڭ سۆزى ئىجاب، سېتىۋالغۇچىنىڭ سۆزى قوبۇل بولىدۇ. — ت.

تەلەپ / بۇيرۇق لەۋزى بىلەن بولسۇن، باشتا دېيىلگەنلا بولسا «سودا توغرا بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى مۇئاتات[1] ھالەتتە سودا قىلىشقان بولسا، ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشىدا بۇ خىل سودا توغرىدۇر.

قازى ئەبۇ يەئلا — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «مۇئاتات سودىسى كىشىلەرنىڭ ئادىتىدە بولۇۋاتقان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك نەرسىلەردە ئەمەس، پەقەت قىممەتسىز نەرسىلەردە قىلىنسا جائىز». مانا بۇ ئەڭ ياخشى قاراشتۇر. ئىختىلاپ ئېھتىمالىنى چىقىش قىلىپ، ئىجاب ۋە قوبۇل لەۋزىگە رىئايە قىلىش تەقۋالىقتۇر.

ئۆسۈمگە كەلسەك: ئاللاھ تائالا ئۆسۈم ھەققىدە ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، شۇڭا بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئىككى تۈر ئۆسۈم / جازانە بار: بىرى، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز جازانىسى، يەنە بىرى، كېچىكىش جازانىسى. شۇڭا، مۇسۇلمان ئۆسۈمنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۆسۈم تۇغۇلىدىغان خەۋپلەرنى بىلىشى كېرەك. شۇنداقلا زاكالەت (السلم)، ئىجارە، مۇزارەبە[2] ۋە شېرىكچىلىكنىڭ شەرتلىرىنى بىلىشكىمۇ ئېھتىياجلىقتۇر. چۈنكى، تاپاۋەت يوللىرى مەزكۇر توختاملاردىن ئايرىلمايدۇ.

* * * *

ئىككىنچى سۈپەت: تىجارەتتە ئادىل بولۇش ۋە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىش؛ زۇلۇم «باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش» دېمەك بولۇپ، ئۇ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1) زىيىنى ئومۇمىي بولىدىغان زۇلۇم. مەسىلەن، ئاشلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك قىسچىلىقى كۆرۈلگەندە، يۇقىرى باھادا ھايىنىغا سېتىش ئۈچۈن يىغىپ ساقلاپ مونوپول قىلىۋېلىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئەل ئىچىدە ئوزۇق - تۈلۈك قىسچىلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك قىممەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى: مەھسۇلاتلارنى باھا ئۆرلەشكە باشلىغاندا كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، باھانىڭ يەنىمۇ ئۆرلىشىنى كۈتۈش. لېكىن، بىر كىشى ئۆز ئېتىزىدىن مەھسۇلاتلىرىنى ئەكىرىپ ئۇنى ساقلىغان بولسا ياكى مەھسۇلاتنى جەمئىيەتتە قىسچىلىق تۇغدۇرمايدىغان، كەڭرىچىلىك، مولچىلىق زاماندا سېتىۋالغان بولسا مونوپولچىلىق

[1] مۇئاتات (الْمُعَاطَاةُ): ساتقۇچى مالنى، سېتىۋالغۇچى پۇلنى ئىجاب ۋە قوبۇلنى ئىپادىلەيدىغان لەۋزىسىز تاپشۇرۇش/ تاپشۇرۇۋېلىشتەك ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەت. — ت.

[2] مۇزارەبە / پۇل - كۈچ شېرىكچىلىكى (الْمُضَارَبَةُ): بۇ پۇلى بار كىشى بىلەن كۈچى بار كىشىنىڭ پايدىنى مەلۇم پىرسەنت بويىچە بۆلۈشۈش مەقسىتىدە، پۇل ئىگىسى چىقارغان پۇلنى كۈچ ئىگىسى چىقارغان كۈچ بىلەن ئايلاندۇرۇشقا كېلىشىشىدىن ئىبارەتتۇر. — ت.

ھېسابلانمايدۇ. قىسقىسى، خالايىقنىڭ ھايات ئاساسى بولمىش ئوزۇق - تۈلۈكنى يىغىپ ساقلاپ تىجارەت قىلىش مەكرۇھتۇر.

2) زىيىنى خاس بولىدىغان زۇلۇم. مەسىلەن، مېلىنى يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختاش ياكى مېلىنىڭ بەزى ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇش سېتىۋالغۇچىغا زىيانكەشلىكتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[1] دېگەن.

بىلگىنكى، سودا ۋە ھۈنەر - كەسىپتە ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلىش ھارامدۇر.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھتىن رەختنىڭ يىرتىقى ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، رەختنى ئىنچىكىلەپ تورلاپ يامىۋېتىش توغرۇلۇق سورالغاندا، ئىمام بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «رەخت ساتقۇچىنىڭ ئۇ يەرنى يوشۇرۇپ سېتىشى دۇرۇس ئەمەس» دېگەنىدى.

سودىگەر تارازىدا كەم بەرمەسلىكى كېرەك. سودىگەر بەرگەندە ئارتۇقراق تارتىپ، ئالغاندا كەمرەك ئالمىغۇچە ھەقتىن تولۇق قۇتۇلالمايدۇ. يەم ساتقۇچى يەمگە تۇپراق ئارىلاشتۇرسا، ئاندىن تارتىپ بەرسە؛ شۇنىڭدەك قاسساپ سۆڭەكنى گۆشكە ھەددىدىن زىيادە ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە، تارازىدا كەم بەرگۈچى ھېسابلىنىدۇ.

يالغاندىن سېتىۋالغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ مال باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتىشتەك ساختا خېرىدارلىق قىلىش ۋە تەسرىيە[2] مەنئى قىلىنىدۇ.

* * * *

ئۈچىنچى سۈپەت: تىجارەتتە ئېھسانچىل بولۇش: ﴿ئاللاھ ئادىل بولۇشقا ۋە ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾«نەھل»: 90/16، تىجارەتتە كەڭ قورساق بولۇش ۋە ئادەتتە پايدا ئېلىنمايدىغان نەرسىگە پايدا قويۇپ، سېتىۋالغۇچىنى ئالدىماسلىق ئېھسان جۈملىسىدىندۇر.

ھەقىقەتەن پايدا رۇخسەت قىلىنغان نەرسە. چۈنكى، تىجارەتنىڭ مەقسىتىمۇ

[1] مۇسلىم (102). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] قوي، كالا قاتارلىق سۈت بېرىدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتىنى ساغماي ياكى بالىسىنى ئېمىتكۈزمەي، يېلىنى تولغان ھالدا ساتقىلى ئېلىپ چىقىش، بىلمىگەن كىشىدە «بۇ ھەرۋاقىت مۇشۇنداق سۈتلۈك ھايۋان ئوخشايدۇ» دەپ قېلىپ قىممەت سېتىۋېلىشى مۇمكىن، بۇ كۆز بويامچىلىق. — ت.

پايدا ئېلىشتۇر. لېكىن، چىقمىغا ئەڭ يېقىن ھالەتتە پايدا ئېلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بىر مالغا قاتتىق ئېھتىياجلىق ياكى بەك ئامراقلىقىدىن خېرىدار بولغۇچى نورمال نەرختىن يۇقىرى باھادا سېتىۋالماقچى بولسا، ساتقۇچىنىڭ ئارتۇق پايدىنى قوبۇل قىلماسلىقى ئېھسانچىللىقتىندۇر.

بەرگەن قەرزنى ياكى ساتقان مالنىڭ پۇلىنى ئالماقچى بولغاندا، بەزىدە كەڭ قورساقلىق قىلىش، بەزىدە بىر قىسمىنى كەچۈرۈۋېتىش، بەزىدە مۆھلەت بېرىش، بەزىدە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش ۋە بەزىدە ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ ياخشىسىنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىش بىلەنمۇ ئېھسان قىلىنىدۇ.

سودىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ سودىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بېرىشمۇ ئېھسان جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، پەقەت سودىدا زىيانغا ئۇچرىغۇچىلا سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەدىسلەر تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىشلارنىڭ پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكىگە، بۇ ئىشلارنى قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان ئەجىر ۋە ساۋابقا شاھىدلىق قىلىدۇ.

* * * *

تۆتىنچى سۈپەت: سودىگەرنىڭ ئۆزى ۋە ئاخىرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەردە دىنىغا رىئايە قىلىشى. سودىگەرنىڭ تىرىكچىلىكى ئۇنى ئاخىرەتتىن مەشغۇل قىلماسلىقى، بەلكى ئۇ ئۆز دىنىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. دىنغا كۆڭۈل بۆلۈش ئالتە نەرسىگە رىئايە قىلىش بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ:

1) تىجارەتتە ئېزگۈ نىيەتلىك بولۇش؛ سودىگەر تىجارەت قىلىش ئارقىلىق تىلەمچىلىك ۋە تەمەخورلۇقتىن قۇتۇلۇش ھەمدە خاتۇن - بالىلىرىغا يەتكۈدەك بىرنەرسە تېپىشنى نىيەت قىلسا، مۇجاھىدلار قاتارىدا بولىدۇ. سودىگەر مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇشنى نىيەت قىلسۇن.

2) ھۈنەر ياكى تىجارەتتە پەرز كۇپايىلەردىن بىرنى ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلىش؛ چۈنكى، ھۈنەر - كەسىپ ياكى تىجارەت توختىغان ساھە زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ - دە، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى تارىيىدۇ. ئەمما، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ مۇھىملىرىمۇ، كۆركەم ۋە پاراغەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىششتەك زۆرۈر بولمىغانلىرىمۇ بار. شۇڭا، مۇسۇلمانلارغا مۇھىم بولغان بىر ئىشنى قىلغان بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىم ھۈنەرنى تاللاش كېرەككىم، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرى قامدالغاي. زەرگەرلىك، گەجخاچىلىق، نەققاشلىق ۋە شۇ قاتارى بېزەكچىلىك

ھۈنەرلەردىن يىراق تۇرۇلغاي. چۈنكى، بۇ ئىشلار مەكرۇھتۇر[1].

بىر تىككۈچىنىڭ ئەرلەر ئۈچۈن يىپەك كىيىم تىكىپ بېرىشى گۇناھتۇر. قاسساپلىقمۇ مەكرۇھتۇر، چۈنكى ئۇ قەلبىنىڭ قېتىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا ھاجامەتچى (لوڭقا قويۇپ قان ئېلىش)، تېرە ئاشلىغۇچى ياكى تازىلىقچى بولۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ھەممىسىلا مەينەتچىلىك بىلەن ئۇچرىشىدۇ[2].

قۇرئان ئۆگەتكەنگە، پەرز كۇپايەلەر ۋە ئىبادەتلەرنى ئۆگەتكەنگە ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس[3].

3) دۇنيا بازارلىرى سودىگەرنى ئاخىرەت بازىرىدىن توسۇپ قويماسلىقى كېرەك؛ ئاخىرەت بازىرى دەل مەسجىدتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سودىگەر كۈندۈزدە ئەتىگەندىن تەرەپتىن بازارغا كىرىپ بولغۇچە بولغان ۋاقتىنى ئاخىرەتكە ئاتىشى ۋە ۋىردلەرنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. سەلەفلەردىن سودىگەرچىلىك قىلىدىغانلار كۈننىڭ ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنىنى ئاخىرەت ئەمەللىرىگە، ئوتتۇرىسىنى تىجارەتكە ئاتايتتى. سودىگەر پېشىن ۋە ئەسىرنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلىسا، پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىكچىلىكنى تاشلىشى كېرەك.

4) بازاردا دائىم ئاللاھنى زىكىر قىلىش، تەسبىھ ۋە تەھلىل بىلەن مەشغۇل بولۇش؛

[1] چەكتىن ئاشۇرۇپ بېزەش ۋە ھەشەمەتچىلىك كۆزدە تۇتۇلغان. بولمىسا بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسى ھالال. — ت.

[2] بۇ بەزى ئالىملار قارىشى بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچبىر نەقلىي ۋە ئەقلىي دەلىلى يوق. كۆپچىلىك ئالىملار: «ھارام بولمىغان ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى مۇباھ» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، مۇباھ ھۈنەر - كەسىپ ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىگە موھتاج بولغاچقا، ھەممىسى پەرز كۇپايەدۇر. — ت.

[3] بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە دەسلەپكى ھەنەفىي ئالىملارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۆلىمالار ئارىسىدا بۇ مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇد. ھەسەن بەسرىي، شەئبىي، ئىبنى سىرىن ۋە نەۋەۋىي قاتارلىقلار: «ھەق بېرىشنى شەرت قىلمىغان بولسا دۇرۇس» دەپ قارىغان. ئەتائ، مالىك، شافىئىي ۋە باشقىلار: «ئۆگىتىشكە توختاملىشىپ ھەق بېرىشكە ئېنىق شەرتلەشسە دۇرۇس» دەپ قارىغان. كېيىنكى ھەنەفىي ئالىملار: «قۇرئان ۋە شەرئىي ئىلىملەرنى ئۆگەتكەنگە ھەق ئېلىش جائىز» دەپ پەتۋا بەرگەن. «ئەلھىدايە»، 1281/3؛ ئىمام سۇيۇتىي رەھىمەھۇللاھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندىينىڭ «بوستان» ناملىق كىتابىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «تەلىم - تەربىيە ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ھەق ئالماي ساۋاب ئۈچۈن ئۆگىتىش؛ ئىككىنچىسى، ھەق بېرىشكە دېيىشىپ ئۆگىتىش؛ ئۈچىنچىسى، ھەق بېرىشنى شەرت قىلماي، سوۋغات بەرسە قوبۇل قىلىش. بىرىنچى كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەر يولىدۇر. ئىككىنچىسىنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار، ‹دۇرۇس› دېگەن قاراش كۈچلۈك. ئۈچىنچىسىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئىجمائ قىلىنغان. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە تەلىم بېرەتتى ۋە سوۋغات قوبۇل قىلاتتى». «ئەلئىتقان»، 1/ 323. — ت.

5) بازارغا ۋە تىجارەتكە قاتتىق ھېرىسمەن بولماسلىق، بازارغا ئەڭ ئاۋۋال كىرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان كىشى بولماسلىق كېرەك؛

6) ھارامدىن ساقلىنىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىك، بەلكى شەك - شۈبھەلەردىنمۇ قېچىش ۋە باشقىلار بەرگەن پەتۋالارغا قاراپ قالماسلىق، قەلبىنى تىڭشاش، گەرچە جائىزلىقىغا پەتۋا بېرىلگەن بولسىمۇ، قەلبىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك.

## ھالال ۋە ھارامنىڭ بايانى

بىلگىنكى، ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. نۇرغۇن جاھىللار «ھالال قالمىدى» دەپ بىلجىرلاشتى. ئۇلارچە: ھالال نەرسىلەردىن پەقەت پاكىز سۇ، ھۆل - قۇرۇق ئوت - چۆپلەرلا قالغان، باشقا نەرسىلەرنى بۇزۇق مۇئامىلىلەر بۇلغاپ بولغان ئىمىش. ئۇلار باشتا مۇشۇ چۈشەنچىگە كېلىۋېلىپ، قارىسا يېمەك - ئىچمەكسىز ھايات داۋاملاشمايدىغانلىقىنى بىلگەندە، شۈبھىلىك ۋە ھارام نەرسىلەردە بەك كەڭرى يول تۇتتى. مانا بۇ نادانلىق ۋە ئىلىمسىزلىكتۇر. دەرۋەقە، «سەھىھەين»دە نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالالمۇ ئېنىق، ھاراممۇ ئېنىق. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇمانلىق نەرسىلەر بار» دېگەن[1].

بۇ نادانلارنىڭ دەۋالىرى ھەم خەلققە، ھەم دىنغا زىيانلىق بىدئەتلەر بولغاچ، ھالال، ھارام ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى ئېنىق ئايرىپ، بۇ بۇزۇق دەۋا ئۈستىدىكى پەردىلەرنى ئېچىپ تاشلاش زۆرۈر بولدى. بىز بۇلارنى بىرنەچچە قىسىمدا چۈشەندۈرىمىز:

### بىرىنچى قىسىم: ھالال رىزىق تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ھارامنىڭ يامانلىقى ۋە ھالال بىلەن ھارامنىڭ دەرىجىلىرى

ئاللاھ تائالا: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾23/«مۇئمىنۇن»: 51 دېيىش ئارقىلىق ياخشى ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن ھالال نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرۇدى. شۇنداقلا ھارامنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىپ: ﴿بىر - بىرىڭلارنىڭ

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (52)؛ مۇسلىم (1599).

ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار...﴾ 2/«بەقەرە»: 188 دېدى. بۇ ھەقتە باشقا ئايەتلەرمۇ بار[1].

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى خالايىق! ئاللاھ پاكتۇر، پاكتىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾23/«مۇئمىنۇن»: 51 دەپ بۇيرۇغان نەرسىنى مۇئمىنلەرگىمۇ بۇيرۇپ: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان نەرسىلەرنىڭ پاكلىرىدىن يەڭلار﴾2/«بەقەرە»: 172 دېگەن» دېدى، ئاندىن: «بىر كىشى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن (ھەق يولىدا) ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدۇ، ۋە چاچلىرى چۇۋۇق، چاڭ - توزان باسقان ھالدا قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى ئىگەم! ئى پەرۋەردىگارىم!› دەپ يالۋۇرىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، كىيگىنى ھارام، (قىسقىسى) پۈتكەن - تۇرغىنى ھارام تۇرسا، بۇنداق كىشىنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولغاي!»[2] دېدى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرمۇ بار.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىغانىدى، ئۇ زات: «تامىقىڭنى پاكلىغىنكى، دۇئايىڭ ئىجابەت بولغاي» دېدى[3].

سەلەفلەر تاپاۋىتىنىڭ ھالالدىن بولۇشىغا بەك دىققەت قىلاتتى ۋە تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۈبھىلىك بىرنەرسىنى يەپ سېلىپ ئۇنى قۇسۇۋەتكەن.

[1] جازانە، قىمار، پارا، تىجارەت ماركىلىرى ۋە ئەسەر نەشر ھوقۇقىغا دەخل قىلىش... قاتارلىقلارمۇ ھاراملارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق ئايەتلەر بار: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾4/«نىسائ»: 29، ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار (90) شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانماسسىلەر؟﴾5/«مائىدە»: 90، 91. — ت.

[2] مۇسلىم (1015).

[3] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (6495). ئىراقىي، ھەيسەمىي («مەجمەئۇززەۋائىد»، 18101) ۋە ئالبانىيلار: «زەئىپ» دېگەن.

## ھالال ۋە ھارامنىڭ دەرىجىلىرى

بىلگىنكى، ھالالنىڭ ھەممىسى پاك، لېكىن بەزىسى بەزىسىدىن بەكرەك پاكتۇر. ھارامنىڭ ھەممىسى يامان، لېكىن ھارامنىڭمۇ بەزىسى بەزىسىدىن بەكرەك يامانىدۇر. مەسىلەن: تېۋىپلەر ھەرقانداق تاتلىق نەرسىنى «تەبىئىتى ئىسسىق» دەۋېرىدۇ. ھالبۇكى، تېبابەتتە «ئىسسىق» تۆرت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

ھارامغا كەلسەك: ناتوغرا سودا توختىمى بىلەن ئېلىۋېلىنغان مال ھارام. لېكىن، ئۇ مەجبۇرىي بولاپ ئېلىۋېلىنغان مالنىڭ دەرىجىسىدە ھارام ئەمەس، مەجبۇرىي بولاپ ئېلىۋېلىنغان مال بەكرەك ھارام. چۈنكى، جەبرەن بولاپ ئېلىۋېلىش باشقىلارغا ئەزىيەت بەرگەنلىك ۋە مالغا ئېرىشىشتە شەرىئەت يولىنى تەرك ئەتكەنلىكتۇر. لېكىن، ناتوغرا سودا توختامى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش پەقەت ئىبادەت يولىنى تەرك ئەتكەنلىكتۇر. شۇڭا، بۇلاڭچىلىق بىلەن ئېلىۋېلىنغان مالنىڭ ھارام‌لىق دەرىجىسى ناتوغرا سودا توختىمى بىلەن ئېلىۋېلىنغان ھارام مالدىن يۇقىرىراقتۇر.

شۇنىڭدەك نامراتتىن، سالىھ كىشىدىن ياكى يېتىمدىن زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋېلىنغان مال كۈچلۈكتىن، بايدىن ياكى پاسىقتىن زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىنغان مالغا قارىغاندا بەكرەك ھارام.

## تەقۋادارلىقنىڭ دەرىجىلىرى

تۆرت دەرىجە تەقۋادارلىق باردۇر:

1 ـ دەرىجە: پەتۋا بىلەن مۇقىمدالغان بارلىق ھاراملاردىن يۈز ئۆرۈش؛ بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈش ھاجەتسىز.

2 ـ دەرىجە: ساقلىنىش ۋاجىب بولمىغان ھەرقانداق شۈبھىدىن يىراق تۇرۇش مۇستەھەب؛ دەرۋەقە رەسۇلۇللاھ: «سېنى دەرگۇمان قىلغان ئىشنى قويۇپ، بىگۇمان ئىشنى قىلغىن»[1] دېگەن. بۇ ھەقتە «شۈبھىلەر» قىسمىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

3 ـ دەرىجە: ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ بەزى ھالاللاردىن ۋاز كېچىش؛

4 ـ دەرىجە: ئاللاھ ئۈچۈن بولمىغان ھەرقانداق نەرسىدىن نېرى تۇرۇش. بۇ سىددىقلارنىڭ تەقۋاسىدۇر. بۇنىڭ مىسالى مۇنۇ رىۋايەتتە كەلگەن:

[1] تىرمىزىي (2518)، ئەھمەد (1727)، سەنەدى سەھىھ. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

يەھيا ئىبنى يەھيا نىشاپۇري — ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا بولسۇن — دورا ئىچتى، ئاياللى ئۇنىڭغا:

— ھويلىدا ئازراق مېڭىپ بەرگەن بولسىڭىز دورا تېزرەك تەسىر قىلاتتى، — دېدى، ئۇ:

— مەن بۇنداق مېڭىش ھەققىدە (سۈننەت بارلىقىنى) بىلمەيدىكەنمەن، ھالبۇكى مەن ئوتتۇز يىلدىن بېرى نەپسىمدىن ھېساب ئېلىۋاتىمەن، — دېدى.

دېمەك، نىشاپۇري رەھىمەھۇللاھ ھەرقانداق بىر دىنىي مۇددىئاسىز ھويلىدا مېڭىپ يۈرۈشنى خاھلىمىدى. مانا بۇ تەقۋالىقنىڭ نازۇك تەرەپلىرىدىندۇر.

ئەمەلىيەتتە تەقۋادارلىقنىڭ تۆۋەن ۋە يۇقىرى چەكلىرى بار بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئېھتىيات دەرىجىلىرى بار. ئىنسان نەپسىگە قانچە قاتتىق مۇئامىلە قىلسا، يۇكى شۇنچە يەڭگىل بولىدۇ ۋە سىرات كۆۋرۈكىدىن شۇنچە تېز ئۆتىدۇ. كىشىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھ ۋە ھارام قىلمىشلىرىغا يارىشا جەھەننەمدىكى دەرىجىسى ئۆزگەرگەنىدەك تەقۋالىق دەرىجىسىگە يارىشا جەننەتتىكى ماقامىمۇ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، خاھلىساڭ قاتتىق ئېھتىيات قىل، خاھلىساڭ سەل قارا. ئېھتىياتچانلىقىڭ ئۆز پايداڭغا، سەل قارىشىڭ زىيىنىڭغا.

## ئىككىنچى قىسىم: شۈبھىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ۋە شۈبھىلەرنى ھالال ۋە ھارامدىن پەرقلەندۈرۈش

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىس[1] ھالال، ھارام ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شۈبھىلىك ئىشلار قاتارلىق ئۈچ تۈرنى ئوچۇق بەلگىلىدى. بۇلاردىن ئەڭ قىيىنى دەل كۆپىنچە كىشىلەر بىلمەيدىغان ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۈبھىلىك شەيئىلەردۇر. ئېنىق قىلىپ ئېيتساق:

مۇتلەق ھالال: ئۆزى ۋە مەنبەسى ھارام ياكى مەكرۇھتىن تامامەن خالىي نەرسىدۇر. مەسىلەن: ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ تەۋەلىكىگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئېلىۋېلىنغان يامغۇر سۈيى مۇتلەق ھالالدۇر؛

مۇتلەق ھارام: خۇددى ھاراق، سۈيدۈك قاتارلىق تەركىبىدە ھارام بار نەرسىلەر ياكى زۇلۇم ۋە جازانىگە ئوخشاش چەكلەنگەن بىر سەۋەب / ئۇسلۇب بىلەن ئېرىشىلگەن نەرسىلەردۇر.

---

[1] «سەھىھەين»دىكى: «ھالالمۇ ئېنىق، ھاراممۇ ئېنىق. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇمانلىق نەرسىلەر بار» دېگەن ھەدىس. — ت.

مانا بۇلار — ھالاللىقى ۋە ھاراملىقى — ئوچۇق ئىككى تەرەپتۇر. ھۆكمى ئېنىق، ئەمما ئۆزگىرىش ئېھتىماللىقى بار تۇرۇپمۇ بۇ ئېھتىماللىقنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە دالالەت قىلىدىغان ئوچۇق بىر سەۋەب تېپىلمىغان نەرسىلەرمۇ ئىككىسىدىن بىرىگە تەۋەدۇر. مەسىلەن: قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئوۋلىرى ھالالدۇر. لېكىن، بىر كىشى ئوۋلىغان بىر كېيىك ياكى بېلىقنى بۇرۇن باشقا بىر ئوۋچى ئوۋلاپ، ئۇنىڭ قولىدىن قاچقان بولۇشى مۇمكىن. ھاۋادىن ئېلىۋېلىنغان يامغۇر سۈيى ئۇچۇن بۇ خىل ئېھتىماللىق يوق. ئوۋچىلىقتا داۋاملىق بۇ ئېھتىماللىقنى ئويلاش ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئوۋچىلىقتىن ۋاز كېچىش پەقەت ۋەسۋەسە سەۋەبلىك ئارتۇقچە سەزگۈرلىشىپ كېتىشتۇر. چۈنكى، ئۇ ئاساسسىز پەرەزدىنلا ئىبارەتتۇر. لېكىن، كېيىكنىڭ تېنىدە ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئوۋى ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىدىغان يارا چاغلىق بىر ئالامەت بار بولسا ھۆكۈم ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، كىشى بىر كېيىكنى تۇتقاندىن كېيىن تېنىدە بىرەر جاراھەت ئىزىنى تاپسا، بۇنىڭ باشقىلارنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقى بار. دېمەك، مانا مۇشۇ نۇقتا تەقۋالىقنىڭ ئورنىدۇر.

شۈبھىنىڭ چېكى دېگىنىمىز ئوخشىمىغان ئىككى قانائەتنى تەقەززا قىلىدىغان ئىككى نەرسىدىن چىققان ئىككى قاراش (ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىدە) قارىمۇقارشى كېلىپ قالغان نۇقتىدۇر.

شۈبھىنىڭ مەنبەلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئەڭ مۇھىملىرى مۇنۇ ئىككى مىسالدا:

بىرىنچى مىسال: ھالال ياكى ھارام قىلغۇچى ئامىل ھەققىدە شۈبھىگە چۈشۈش. بۇ تۆرت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1 - تۈر: ئەسلى ئېنىق ھالال، ئەمما دەمال شەك پەيدا بولۇش. بۇ تۈرلۈك شۈبھىدە ساقلىنىش ۋاجىب، تەۋەككۈل قىلىش ھارامدۇر. مەسىلەن: كىشى بىر ئوۋنى كۆرۈپ، ئۇنى يارىلاندۇرسا، ئاندىن ئۇ ھايۋان قېچىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، ئوۋچى ئۇنى ئۆلۈك ھالەتتە تاپسا، ئوۋچى ئۇنى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدىمۇ ياكى ئوق يارىسى سەۋەبىدىن ئۆلدىمۇ بىلەلمىسە، بۇ ھايۋاننى يېيىش ھارام. چۈنكى، بۇنىڭدا ئەسلى قائىدە ھايۋاننىڭ ھارام بولىدىغانلىقىدۇر.

2 - تۈر: ھالال ئىكەنلىكى بىلىنگەن، ھارام بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىدىن شەك قىلىش. بۇ مەسىلىدە ئەسلى قائىدە بويىچە ئۇ نەرسە ھالال. مەسىلەن: بىر ئۇچارقانات ئۇچسا، ئاندىن بىر ئادەم: «ئەگەر بۇ قۇش قاغا بولۇپ قالسا، ئايالىم تالاق» دېگەن بولسا ۋە باشقا بىر ئادەم: «ئەگەر ئۇ ئۇچارلىق قارغا بولمىسا، ئايالىم تالاق» دېسە، ئاندىن بۇ ئۇچار - قانات (قارغىمۇ، يا ئەمەسمۇ) ئوچۇق بولمىسا، بىرچە ئىككىلىسىگە «ھارام» دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. لېكىن،

ھەر ئىككىسىنىڭ ئايالىدىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئاياللىرىنىڭ تالاق قىلىنىشى تەقۋالىقتۇر.

3 ـ تۈر: ئەسلىدە ھارام، لېكىن كۈچلۈك بولغان بىر گۇمان سەۋەبلىك ھالاللىقنى ۋاجىب قىلىدىغان بىر سەۋەب كېيىن ئوتتۇرىغا چىققاچ شەك ـ شۈبھە تۇغۇلۇش. بۇنىڭدا ھالاللىق ئېھتىمالى ئۈستۈندۇر. مەسىلەن، بىراۋ بىر ئوۋنى ئېتىپ تەگكۈزىدۇ ـ يۇ، ئۇنى تۇتۇۋالماي تۇرۇپ يوقىتىپ قويىدۇ. كېيىن ئۇ كىشى ئوۋنى ئۆلۈك ۋە ئۆزى ئاتقان ئوقتىن باشقا يارا ئىزى يوق ھالدا تاپىدۇ، كۈچلۈك قاراشتا ئۇ ھايۋان ھالال. چۈنكى، ئۇنىڭ باشقا ئامىل بىلەن ئۆلگەنلىك ئېھتىماللىقى دەلىلگە تايانمىسا، بۇ شۈبھە پەقەت ۋەسۋەسىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئوۋنىڭ ئۈستىدە باشقا سوقۇلۇش ياكى جاراھەت ئىزى بولسا بىرىنچى تۈرگە كىرىدۇ (يەنى ئۇ ھايۋاننى يېيىش ھارامدۇر).

4 ـ تۈر: ھالاللىقى باشتىن ئېنىق، لېكىن كېيىنچە شەرئىي جەھەتتە ئېتىبارلىق، كۈچلۈك بىر گۇمان بىلەن ھارامغا جورۇلۇپ قېلىش. مەسىلەن: گۇمان قوزغايدىغان مۇئەييەن بىر ئالامەتكە تايىنىپ تۇرۇپ ئىككى قاچىنىڭ بىرىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىگە ــ ئىجتىھاد بىلەن ــ ھۆكۈم قىلىنىشى. بۇ ھۆكۈم ئۇ قاچىدىكى سۇدا تاھارەت ئېلىشنى ھارام قىلغاندەك، ئۇنىڭدىكى سۇنى ئىچىشنىمۇ ھارام قىلىدۇ.

ئىككىنچى مىسال: ھارامنىڭ ھالال بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشى ۋە ئۇنى ئېنىق ئايرىشتا ئاجىز كېلىش. بۇ بىرنەچچە تۈرلۈكتۇر:

1) ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ بىسمىللاھ ئېيتىپ بوغۇزلانغان بىر ياكى ئون ۋەياكى مەلۇم ساندىكى ھايۋاننىڭ گۆشى بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشى؛ ئېمىلداش قىز قېرىنداشىنىڭ يات ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشىمۇ شۇ قاتاردىن. بۇ خىل شۈبھىدىن يىراق تۇرۇش ۋاجىبتۇر (يەنى ئۇنداق گۆشىمۇ يېيىلمەيدۇ، ئۇنداق قىزغىمۇ ئۆيلىنىلمەيدۇ).

2) سانى ئېنىق ھارامنىڭ سانى ئېنىقسىز ھالال بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشى؛ مەسىلەن، كىشىنىڭ بىر ياكى ئون ئېمىلداش قىز قېرىندىشى چوڭ بىر شەھەردىكى ئاياللارغا ئارىلىشىپ قالسا، بۇ شەھەردىكى ھېچقانداق ئايال بىلەن توي قىلماسلىق كېرەك ئەمەس، بەلكى ئۇ شەھەردىكى خاھلىغان ئايال بىلەن توي قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، بۇنى ھارام قىلىش چوڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. شۇنىڭدەك دۇنيا مېلىغا ھارام ئارىلاشقانلىقىنى بىلگەن كىشى ئېلىم ـ سېتىم ياكى يەپ ـ ئىچىشتىن توختىشى كېرەك ئەمەس. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش

قولايسىزلىق ۋە قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلەر جەمئىيەتتە ئۆسۈمخور كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى[1]، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار تەڭگىلەرنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر قالقان ئوغۇرلاندى[2]، شۇنداق تۇرۇقلۇق زامانىسىدا قالقان سېتىۋېلىش توختاپ قالمىدى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش شەيتان ۋەسۋەسىسى سەۋەبلىك ساقلىنىش خالاس.

3) ساناقسىز ھارامنىڭ ساناقسىز ھالالغا ئارىلىشىپ قېلىشى. زامانىمىزدىكى ئەھۋال دەل مۇشۇنداق. بۇ ئارىلىشىپ قېلىش سەۋەبلىك مۇئەييەن بىرنەرسىنى ئېلىپ يېيىش ھارام ئەمەس، لېكىن مۇئەييەن بىر نەرسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىدىغان، مەسىلەن زالىم پادىشاھنىڭ قولىدىن ئېلىنغان نەرسە دېگەندەك، بىرەر ئالامەت تېپىلسا ئۇنى ئېلىش ھارامدۇر. ئەگەر بىرنەرسىدە ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان ئالامەت بولمىسا، ئۇنى ئالماسلىق تەقۋادارلىق، ئېلىشمۇ ھارام ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇ زاتتىن كېيىنكى راشىد خەلىپىلەر زامانىدا ھاراق پۇللىرى، ئۆسۈم پۇللىرى ۋە خىيانەت قىلىنغان غەنىيمەتلەر باشقا ماللارغا ئارىلىشىپ قالاتتى؛ ساھابىلەر مەدىنەنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىشى ۋە زالىملارنىڭ قىلىقلىرىغا تانۇق بولغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار سودا - سېتىقنى توسمىدى. ئەگەر توسۇلغاندا ئىدى، تىجارەتنىڭ بارچە ئىشىكلىرى ئېتىلگەن بولاتتى. چۈنكى، بەندىچىلىكتە گۇناھتىن خالىي بولالماسلىق، دىققەتسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ماللار ئەسلىدە ھالالدۇر. لېكىن، ئەسىل بىلەن كۈچلۈك گۇمان بىر - بىرىگە زىت كەلسە، كۈچلۈك گۇماندا توغرىلىق ئالامىتى بولمىسا، خۇددى كوچا - كويىنىڭ لاي - پاتقىقى ۋە مۇشرىكلەرنىڭ قاچىلىرى توغرىسىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەسلىگە ئاساسەن (ھالال) ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ناسارا ئايالنىڭ ساپال قاچىسىدىن سۇ ئېلىپ تاھارەت ئالغان. ھالبۇكى، ناسارالار شاراب ئىچەتتى، چوشقا گۆشى يەيتتى ۋە نىجاسەتتىن ساقلانمايتتى. شۇنداقلا ئەسھابمۇ ئاشلانغان تېرە ۋە بويالغان كىيىملەرنى كىيەتتى.

تېرە ئاشلىغۇچى ۋە بوياقچىلارنى كۆزەتكەن كىشى ئۇلارنىڭ ئادەتتە مەينەتچىلىكتىن قېچىپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دېمەك، ساھابىلەر ئۈستىدە نىجاسەتنى ياكى نىجاسەت ئالامىتىنى ئېنىق كۆرمىگۈچە ئۇنداق نەرسىلەرنى كىيىۋەرگەن. مۇئەييەن ئەھۋال ۋە شارائىت ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۇششاق غەم

[1] مەسىلەن، سەھىھ بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ جازانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىناۋەتسىز» دېگەن. تىرمىزىي (3087).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6798)؛ مۇسلىم (1686).

ۋە پەرەزلەر بىلەن ئىشى بولمىغان.

سوئال: «ساھابەلەر تاھارەت ئىشىدا شۇنچە كەڭ يول تۇتقان تۇرۇپ، ھازىرلىقى شۈبھەلىك نەرسىلەردىن ساقلىناتتى، بۇنىڭدىكى پەرق نېمە؟» دېيىلسە، بىز دەيمىزكى:

جاۋاب: «ئەگەر ‹تاھارەت ئىشىدا كەڭ يول تۇتاتتى› دېگىنىڭ ئۇلارنىڭ نىجاسەت بىلەن نامازغا ئوقۇۋېرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولساڭ، بۇ باتىل، ناتوغرا سۆزدۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ساقلىنىش ۋاجىب بولغان بارلىق نىجاسەتلەردىن ساقلىنىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولساڭ، بۇ سۆزۈڭ ھەق، توغرىدۇر. شۈبھەلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىدىغانلىقلىرىغا كەلسەك، بۇ كىشىنىڭ چاتاق بار نەرسىگە يۇقۇشۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۆز نەپسىنى چاتاق يوق نەرسىدىنمۇ تارتىشىدۇر. ئىنسان نەپسى مال ـ دۇنياغا مايىل ۋە ھېرىس كېلىدۇ، تاھارەتكە كەلگەندە بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇنداقتا قانداقمۇ بۇ ئىككىسىنى ئۆزئارا قىياس قىلىپ بولسۇن؟! دەرۋەقە ئەسھاب كىراملەر قەلبلىرىنى ئاللاھدىن مەشغۇل قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن يىراق تۇرغان. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».

## ئۈچىنچى قىسىم: ئىزدىنىش، سوراش، ھۇجۇم قىلىش، سەل قاراش ۋە بۇلارنىڭ مۇمكىنچىلىك ئورۇنلىرى

بىلگىنكى، ساڭا بىرەر تائام سۇنۇلسا ياكى بىرنەرسە ھەدىيە قىلىنسا ۋەياكى بىراۋدىن بىرنەرسە سېتىۋالماقچى بولساڭ، «بۇ مەن ھالاللىقىدىن ئەسلا خاتىرجەم نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئۇنى تەكشۈرىمەن» دەپ يۈرمىگىن، شۇنداقلا تامامەن تەكشۈرمەيمۇ قويمىغىن. بەلكى سوراش بەزىدە ۋاجىب، بەزىدە ھارام، بەزىدە مۇستەھەب، بەزىدە بولسا مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتىكى ئەڭ ئۇيغۇن سۆز: سۈرۈشتۈرۈش ئېھتىمالى بار يەرلەر شۈبھىلىك يەرلەردۇر، بۇ شۈبھە يا مال ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ياكى مالغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

مال ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك شۈبھە: مەسىلەن، ئۇنىڭ بىلىنمىگەن بىر كىشى بولۇشى. يەنى، تاشقى تۇرۇق ـ قىياپىتىدىن نە زالىمنىڭ ئۆزى ياكى زالىمغا يانتاياق كىشىگە دالالەت قىلىدىغان، نە ئىلىم ئەھلى، زاھىد كۆرۈنۈشلۈك، ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەت يوق كىشى دېمەكتۇر. بۇنداق كىشىدىن سوراش بىھاجەت. چۈنكى، بىھۇدە سوراش مۇسۇلمانغا ئەزىيەت، ھەتتا بوھتانغا ئاپىرىدۇ. بۇنداق ئادەم «گۇمانلىق ئادەم»مۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭدا گۇمان قوزغىغۇدەك ئەقەللىي بىرەر ئالامەت — زوراۋانلىق ياكى قاراقچىلىق

بىلەن داڭىق چىقارغان بىرەر تائىپە ياكى سەھرالىقلارچە تەبىئەت ــــ يوق تۇرۇپ «گۇمانلىق» ئاتاپ بولمايدۇ. ئەھۋالى بىلىنمىگەن كىشى بىلەن سودا مۇئامىلىسى قىلىش جائىز، چۈنكى مالنىڭ ئۇنىڭ قولىدا بولغىنى مال ئىگىسىنىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكىگە ــــ گەرچە ئاجىز بولسىمۇ ــــ دالالەتتۇر. لېكىن بۇنداق كىشى بىلەن سودا قىلماسلىق تەقۋالىقتۇر.

مالغا مۇناسىۋەتلىك شۈبھە: ھارام بىلەن ھالالنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى دېگەندەك. ئالايلۇق، بىر بازارغا زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن بۇلاپ ئېلىۋېلىنغان ئاشلىقلار دۆۋىلەنگەن بولسا ۋە ئۇنى بازار ئەھلى سېتىۋالغان بولسا، شۇ يۇرت بازىرىدىن نەرسە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ سېتىۋالغان نەرسىلىرى توغرۇلۇق ــــ ھالال ماللاردىنمۇ ياكى ھارام ماللاردىنمۇ ئىكەنلىكىنى ــــ سۈرۈشتە قىلىشى ۋاجىب ئەمەس. لېكىن، ھېلىقى ماللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى جەزملەشسە، ئۇ چاغدا سوراش ۋاجىب؛ ئەگەر كۆپىنچىسى ھارام بولمىسا، تەكشۈرۈش تەقۋالىق، لېكىن ۋاجىب ئەمەس.

ھەم توغرا رەۋىشتە سودا - سېتىق مۇئامىلىسى قىلىدىغان، ھەم ئۆسۈم بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدەك ھالال مېلىغا ھارام ئارىلاشقان كىشى ھەققىدىكى قارىشىمىزمۇ مۇشۇنداق. يەنى بىر سودىگەرنىڭ مېلىنىڭ كۆپى ھارامدىن بولسا، ئۇنىڭ زىياپىتىگە قاتنىشىش ۋە ھەدىيە بەرگەن بولسا قوبۇل قىلىش ياخشى سۈرۈشتۈرۈپ، تەكشۈرگەندىن كېيىن جائىزدۇر. ئەگەر بېرىلگەن نەرسىنىڭ ھالال يولدىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولسا ئېلىش دۇرۇس، ئۇنداق بولمىسا ئالماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ مېلىدا ھارام ئازراق بولسا، ئۇنىڭدىن بىرنەرسە ئېلىش شۈبھىلىك، ئالماسلىق تەقۋالىقتۇر.

بىلگىنكى، سۈرۈشتۈرۈش شۈبھە سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سۈرۈشتۈرۈلگۈچى كىشىنىڭ ئەيىبلىنىش زۆرۈرىيىتى يوق بىرى بولغىنىدەك، ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان شۈبھىنىڭ يوقلىشى بىلەن سۈرۈشتۈرۈش توختىتىلىدۇ. ئەكسىچە ئەيىبلىنىدىغان بىرى بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭ چاقىرغان زىياپىتى ياكى بەرگەن سوۋغىتىدا بىرەر غەرەز سەزسەڭ، گەپ - سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتمە، باشقىلاردىنمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كۆر. تاكى شەك - شۈبھە ئېنىق جايىنى تاپقاندا توختا.

## تۆتىنچى قىسىم: ھالال ۋە ھارام مەسىلىلىرى ۋە تەۋبە قىلغۇچىنىڭ ھارام ماللاردىن قانداق قۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

بىلگىنكى، ئىلكىدە ھالال ۋە ھارام ئارىلاشقان مېلى بار ھالدا تەۋبە قىلغان

كىشى ھارام مالنى ھالالماللىرىدىن ئايرىپ چىقىرىشى كېرەك. ئەگەر مال تۈرلىرى بويىچە ئېنىق بولسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاسان. ئەگەر ئارىلاش، ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدىغان مال بولسا، خۇددى ئاشلىق، پۇل ـ پۈچەك ۋە ياغ دېگەندەك ئوخشىشى بار ماللاردىن بولۇپ، مىقدارى مەلۇم بولسا، ھارام مىقدارنى ئۇنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ھارامنىڭ مىقدارىدا شۈبھىلەنسە، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئىككى يولى بار:

بىرى: كۈچلۈك گۇمان بويىچە ئايرىش.

يەنە بىرى: ئەڭ يېقىنلاشقانلىقىغا قانائەت قىلغان مىقدارنى ئايرىش، بۇ تەقۋالىقتۇر.

ھارام مالنى ئايرىپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ مالنىڭ مۇئەييەن بىر ئىگىسى بولسا، شۇ ئىگىسىگە ياكى ئۇنىڭ مىراسخورىغا بېرىش، ئەگەر ئۇ مالنىڭ ئارتۇقچىسى ۋە پايدا كىرىمى بار بولسا، ھەممىسىنى يىغىپ تاپشۇرۇش ۋاجىبتۇر. ئەگەر مالنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ چىقىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلسە ياكى مال ئىگىسى ئۆلۈپ مىراسخورى قالغان ياكى قالمىغانلىقى بىلىنمىسە، ئۇ مال سەدىقە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇلجىدىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يىغىلغان مالدىن ئېلىنغان بولسا، ئۇ كۆۋرۈك ياساش، مەسجىد سېلىش، مەككە يولىنى ياخشىلاش ۋە شۇ يولدىن ئۆتكەن مۇسۇلمانلارغا پايدا كەلتۈرۈدىغان خۇسۇسلاردا سەرپ قىلىنىدۇ.

ئۈلگە: ئەگەر بىر كىشىنىڭ قولىدا ھالال ۋە شۈبھىلىك مال بولسا، ھالال مالنى ئۆزىگە سەرپ قىلسۇن. كىشىنىڭ بۇ ھالال مالنى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىگە سەرپ قىلىشى ئۇنى لوڭقا قويۇپ قان ئالغۇچىنىڭ (ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ) ئىش ھەققىگە، تونۇر ئوتۇنى، چىراغ مېيى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارغا سەرپ قىلغىنىدىن «ياخشى» دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لوڭقا قويۇپ قان ئالغۇچىنىڭ كىرىمى ھەققىدە: «ئۇنىڭغا تۆگەڭگە يەم ـ خەشەك ئالغىن!» دېگەن[1].

---

[1] ئەھمەد (14329)؛ تىرمىزىي (1277). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («سەھىھ سۈنەنىتتىرمىزىي»، 1027) «سەھىھ» دېگەن. مۇھەييىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجاماتچى ساھابەگە ئىش ھەققى ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزى يېمەي، تۆگىسىگە ۋە مالىيغا خەجلەشكە بۇيرۇغان. بۇ ئىش ھەققىنىڭ ئۆزىنىڭ ھارام ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ھارام بولسىدى، ئۇنى تۆگىسى ياكى مالىيغا يېگۈزۈشمۇ ھارام بولاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ داۋالىنىش ئۈچۈن لوڭقا قويۇپ قان ئالدۇرغانلىقى ۋە ئىش ھەققى بەرگەنلىكى سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن. مۇبادا ئىش ھەققى ھارام بولسىدى، ئۇنى بەرمىگەن بولاتتى. شۇڭا، قان ئالغۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى ناچار كىرىم دەپ سۈپەتلىگەن ھەدىسلەرنى تەنزىھىي

ئەگەر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىلكىدە ھارام يولدىن تاپقان مال بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئۇ شۈبھىلىك مال بولسا، ئاتا ـ ئانىغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن تاماق يېمەسلىكىنى قوبۇل قىلالمىسا، ئازراق يېسە بولىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىشر ئەلھافىي ئانىسى بەرگەن بىر تال خورمىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەيدۇ، ئاندىن ھۇجرىدىن چىقىپ ئۇنى قۇسۇۋېتىدۇ.

## بەشىنچى قىسىم: پادىشاھلار بەرگەن ھەدىيەلەر، تارتۇقلار ۋە زالىم سۇلتانلار بىلەن قىلىنغان ئۇلپەتچىلىكتىن ھالال بولغانلىرىنىڭ بايانى

بىلگىنكى، پادىشاھتىن مال ئالغان كىشى ئۇ مالنىڭ پادىشاھقا قەيەردىن كەلگەنلىكىگە، ئۇ مالنى ئۆزىنىڭ قايسى سۈپەتكە ئالغانلىقىغا، ئۇنىڭ مىقدارىغا، يەنى ئۆزىنىڭ ئۇ مىقدارغا لايىق ياكى ئەمەسلىكىگە قارىشى لازىم.

بىر قىسىم ئىلىم ئىگىلىرى بۇنىڭدىن ساقلاندى، بىر قىسىملار ئۇنى ئېلىپ سەدىقە قىلدى. بۇ زاماندا ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ قانداق كەلگەنلىكى ئايدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باش ئېگىش، سوراش ۋە مۇنكەرگە سۈكۈت قىلىش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئېرىشىلمەكتە.

سەلەفلەردىن بەزىلەر بولسا ئۇنداق مالنى ئېلىشقا لايىق تۇرۇپمۇ ئالمىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئالمىغان. بۇ ئەسلىدە ئورۇنلۇق باھانە ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئۆز ھەققىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ ئالغان ئىش ھەققى پۈتۈن ھەق ئىگىلىرىنىڭ ئورتاق مۈلكى ئەمەس. بۇ ئەھۋالدا ھەققىنى ئالالمىغانلار زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار قاتارىدا بولىدۇ.

## ئەمىرلەر، ۋالىيلەر ۋە زالىملار بىلەن ئولتۇرۇپ-قوپۇشنىڭ ھالال ۋە ھارام تامانلىرى

بىلگىنكى، زالىم ئەمىر ۋە ۋالىيلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ مۇنۇ ئۈچ ئەھۋالدا بولۇر:

بىرىنچى ئەھۋال: سېنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىشىڭ، بۇ ئەڭ يامىنىدۇر.

دەرۋەقە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

مەكرۇھلۇقنى بىلدۈرىدۇ دەپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا دەلىللەر پەرقلىق، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ قاراشلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغاچقا، مۇئەللىفمۇ بۇ خىل ئىش ھەققىنى شۈبھىلىك كىرىم دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

رىۋايـەت قىلىنـىدۇ: «سـۇلتانلارنىڭ ئىشـكلىرىگە بارغـان كىشـى پىتنىگـە قالـىدۇ»[1]، «بەنـدە (زالـىم) سـۇلتانغا يېقىنلىشـىش ئارقىلىـق ئـاللاھ تائالادىـن يىراقلىشـىتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ»[2].

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پىتنىگە چۈشۈپ قالىدىغان يەرلەردىن ساقلىنىڭلار! ــ دېگەنىدى.

ــ نېمىنى كۆزدە تۇتتىڭىزكىن؟ ــ دېيىشتى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەمىر ـ ئۆمەرالارنىـڭ بوسۇغىسـىنى. ئۇلارنىـڭ ھۇزۇرىغـا بارسـا (خۇشـامەتەن) يالغانلىرىنـى تەسـتىقلاپ، ئۇلارنـى ئۆزىـدە يـوق سـۈپەتلەر بىلـەن تەرىپلـەپ قويىدىغانلار بار، ــ دېدى[3].

بىر ئەمىر زاھىد بىر كىشىگە:

ــ يېنىمىزغا كەلمەمسەن؟ ــ دېگەنىدى، زاھىد جاۋاب بېرىپ:

ــ مېنـى ئۆزۈڭگـە يېقىـن تۇتقـان چېغىڭـدا پىتنىگـە چۈشـۈپ قېلىشـىمدىن، مېنـى ئۆزۈڭدىـن يىراقلاشـتۇرغىنىڭدا مەھـرۇم قويۇشـۇڭدىن قورقىمـەن. مـەن ئېرىشـمەكچى بولغـان نەرسـە سـېنىڭ قولۇڭـدا ئەمـەس، مەنمۇ سـەن قورقىدىغـان نەرسـىگە ئىگـە ئەمـەس. سـېنىڭ يېنىڭغـا سـەن بىلـەن كۆپايىلىنىـپ، سـەندىن باشقىسـىغا ئېھتىياجـى چۈشـمەيدىغان كىشـىلەر كېلىـدۇ، مېنـى سـاڭا موھتـاج قىلمىغـان رەببىـم مـاڭا يېتەرلىك، ــ دېدى.

بـۇ رىۋايەتلـەر سـۇلتانلار بىلـەن بېرىـش ـ كېلىـش قىلىشـنىڭ مەكرۇھلۇقىنـى كۆرسىتىدۇ.

سـۇلتاننىڭ يېنىغـا كىرگۈچـى يـا ئىـش ـ ھەرىكىتـى بىلـەن ياكـى سـۆزى بىلـەن ۋەياكى سۈكۈتى بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا دۇچار ۋە مەجبۇر بولىدۇ.

سـۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغـا كىرگۈچـى ئىـش ـ ھەرىكىتـى بىلـەن ئاللاھقـا ئاسـىيلىق قىلىشـقا يېقىنـدۇر، چۈنكـى سـۇلتانلارنىڭ ھۇزۇرىغـا كۆپىنچـە زورلـۇق بىلـەن ئېلىۋېلىنغـان جـايلاردا كىرىلىـدۇ. ئەگـەر سـۇلتاننى زورلـۇق بىلـەن تارتىۋېلىنمىغان

[1] تىرمىزىي (2257)؛ ئەبۇ داۋۇد (2859)؛ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مەرفۇئ شەكىلدە ۋە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «چۆلدە ئولتۇرىدىغان كىشى(نىڭ خۇيى) قاتتىقلىشىدۇ. ئوۋنىڭ كەينىدىن يۈرگەن ئادەم غاپىللىشىدۇ. (پاسىق) سۇلتان(لارنىڭ ئىشىكىگە) بارغان كىشى پىتنىگە گىرىپتار بولىدۇ». ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد (2860)؛ ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (8965).

بىر جايدا دەپ پەرەز قىلىنسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ھارام مالدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن سايىۋەن، چېدىر دېگەندەكلەرنىڭ دالدىسىدا ياكى سېلىنچىلار ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلاردىن پايدىلىنىش ھارامدۇر. ئەگەر ئۇلارمۇ ھالال بولغان تەقدىردىمۇ سۇلتانغا بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ سالام قىلىش، ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇش، خىزمىتىنى قىلىش ۋە زۇلۇم ۋاستىسى بولمىش سەلتەنىتى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كىچىك تۇتۇش قاتارلىق شەرىئەتتە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

زالىم ئالدىدا كەمتەرلىك قىلىش گۇناھ. ھەتتا بىر باي ئالدىدا باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن ئەمەس پەقەت باي بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى كىچىك تۇتقان كىشىنىڭ دىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى كېتىدۇ. ئۇنداقتا زالىم ئالدىدا كەمتەرىن بولغان كىشىنىڭ ھالى نېچۈك بولۇر؟!

سۇلتاننىڭ قولىنى سۆيۈشمۇ مەئسىيەتتۇر. لېكىن، قورقۇپ (مەجبۇر) سۆيسە بولىدۇ، شۇنداقلا ئادىل خەلىپە ياكى قولىنى سۆيۈشكە لايىق ئالىم كىشى بولسا، قولىنى سۆيۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا كىشىلەرگە پەقەت سالام قىلىشقىلا رۇخسەت.

ھۇزۇرغا كىرگۈچى سۆز - ئىشارىلىرى ئارقىلىق ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا يېقىنىدۇر. مەسىلەن، زالىمغا (ئېزگۈ) دۇئا قىلىش، ئۇنى مەدھىيەلەش، ئۇنىڭ باتىل سۆزلىرىنى ئاغزاكى ياكى باش لىڭشىتىش، كۆلۈمسىرەش بىلەن تەستىقلاش ۋەياكى زالىمغا بولغان مۇھەببىتىنى، دوستلۇقىنى، كۆرۈشكە خۇشتارلىقىنى ئىپادىلەش، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە سەلتەنەت تىلەش ۋەھاكازا. چۈنكى، زالىمنىڭ يېنىغا كىرگەن كىشى كۆپىنچە ئۇنىڭغا سالام بېرىش بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدۇ ۋە پاراڭ ئارىسىدا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ.

بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «زالىمغا باقىيلىق تىلەپ دۇئا قىلغان كىشى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىدۇر»[1].

زالىمغا «ئاللاھ سېنى ئىسلاھ قىلسۇن»، «ئاللاھ ساڭا تەۋپىق بەرسۇن» ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان دۇئالاردىن باشقىسى دۇرۇس ئەمەستۇر.

سۈكۈتى بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا كەلسەك: سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنىڭ سورۇنلىرىغا داخىل بولغۇچى شۇ سورۇندا يىپەك سېلىنچىلار، كۈمۈش قاچىلار،

[1] بۇ ھەسەن بەسرىينىڭ سۆزىدۇر. ئىبنى ئەبىددۇنيا («ئەسسامت (الصمت)»، 230) سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان.

غالچا - غۇلاملارغا كىيدۈرۈلگەن يىپەكتىن تىكىلگەن ھارام كىيىملەر كەبى نەرسىلەرنى كۆرىدۇ - يۇ، سۈكۈت قىلىپ قالىدۇ. كىمكى بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، سۈكۈت قىلىدىكەن، گۇناھتا ئۇلارغا ھەمشېرىكتۇر. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ بىھايا ھەزىل - كۈلكە، يالغان - ياۋىداق لاپ، غەيبەت، تۆھمەت - ھاقارەت ۋە رەنجىتكۈچى گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپمۇ جىم تۇرۇشىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ھەقىقەتتە بۇلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ ۋە يامانلىقلاردىن توسۇش ۋەزىپىسى باردۇر.

ئەگەر دېسەڭكى: ئۇ ئۆزىگە زىيان يېتىشتىن قورققان، شۇڭا سۈكۈت قىلىشتا ئۆزرىلىكتۇر.

بىز دەيمىزكى: توغرا ئېيتىسەن. بىراق ئۇنىڭ مەجبۇر بولۇپ قالمىغۇچە ئۆزىنى مۇباھ بولمىغان ئىشنى قىلىشقا دۇچار قىلىشى ئورۇنسىز. چۈنكى، زالىمنىڭ يېنىغا كىرمىگەن بولسا ۋە بۇ ھاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش ياكى يامانلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيىتى بولمايتتى. بىر يەردە مۇنكەر بارلىقىنى / بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ۋە ئۇ يەرگە داخىل بولغان ۋاقتتا ئۇ مۇنكەرنى توسۇشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشى جائىز ئەمەس.

### سۇلتانلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشنىڭ شەرتلىرى

سۇلتانلار ۋە ئەمىرلەر بىلەن ئولتۇرۇپ - قوپىدىغان كىشى يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان ئىشلاردىن تامامەن ساقلانسىمۇ — ساقلىنىشقۇ ناتايىن — ئۆز قەلبىگە كىرگۈسى يامان تۇيغۇ ۋە پىكىرلەردىن ساقلىنالمايدۇ. چۈنكى، كىشى سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنىڭ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرگەندە، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە بەرگەن نېئمەتنى تۆۋەن كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنداقلا زالىم سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنىڭ يېنىغا كىرىشتە باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىششى مۇمكىن، نەتىجىدە ئۇ زالىملارنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى كۆپەيتكەن بولىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئۇمەۋىي خەلىفەسى ئابدۇلمەلىكنىڭ (ھ. 26 - 86 / م. 646 - 705) ئوغۇللىرى ۋەلىد (ھ. 46 - 96 / م. 668 - 715) ۋە سۇلايمانغا (ھ. 54 - 99 / م. 674 - 717) بەيئەت قىلىشقا چاقىرىلغانىدى، ئۇ:

— كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، مەن ئۇ ئىككىسىگە بەيئەت قىلمايمەن، — دېدى. ئۇنىڭغا:

— (ھېچ بولمىسا) بىرىقى ئىشىكتىن كىرىپ، نېرىقى ئىشىكتىن چىقىپ كەتكىن، — دېيىلگەنىدى. ئۇ جاۋابەن:

— ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىمنىڭ ماڭا ئەگىشىپ قېلىشىنى خاھلىمايمەن! — دېدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ، پوپلارنىڭكىدەك قارا يەكتەك كىيگۈزۈلگەن ئىدى[1].

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزغا بىنائەن زالىم ئەمىرلەرنىڭ يېنىغا پەقەت ئىككى خىل ئۆزرە بىلەن كىرىش دۇرۇستۇر:

1) ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىشقا مەجبۇر بولۇش ۋە بارمىسا ئەزىيەتكە ئۇچراشتىن قورقۇش؛

2) بىر مۇسۇلماننى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كىرىش. دېمەك، يالغان ئېيتماسلىق، ئۆگمەسلىك ۋە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن نەسىھەتنى قىلىش شەرتى بىلەن زالىمنىڭ يېنىغا كىرىشكە بولىدۇ. مانا بۇ زالىم سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنىڭ يېنىغا كىرىشنىڭ ھۆكمىدۇر.

ئىككىنچى ئەھۋال: زالىم سۇلتاننىڭ زىيارەتكە كېلىشى. بۇ ئەھۋالدا سالامغا جاۋاب بېرىش كېرەك. ئورنىدىن تۇرۇش ۋە ئىززەت - ئىكرام قىلىش پادىشاھنىڭ ئىززەت - ئىكرامىغا جاۋاب قايتۇرۇش بولۇپ، ھارام ئەمەس. چۈنكى، سۇلتان زۇلمى سەۋەبلىك ئەيىبلىنىشكە لايىق بولغاندەك، دىن ۋە ئىلىمنى ھۆرمەتلىگەنلىكى سەۋەبتىن ماختىلىشقا لايىقتۇر. ئەگەر سۇلتان يالغۇز زىيارەتكە كەلگەن بولسا، كىشى دىننى ئەزىز قىلىش مەقسىتىدە ئورنىدىن تۇرۇشنى خاھلىسا، ئورنىدىن تۇرسا بولىدۇ. ئەگەر سۇلتان بىر جامائە بىلەن كىرسە، «ھۆكۈمدارلارنىڭ رەئىييەت ئالدىدىكى يۈز - ئابرۇيىغا رىئايە قىلىش ئەۋزەل» دەپ قاراپ ئورنىدىن تۇرسا ھېچقىسى يوق. ئەگەر ئورنىدىن تۇرماسلىقى ئاۋام ئىچىدە پاساتچىلىق تۇغدۇرمايدىغانلىقىغا، سۇلتاننىڭ غەزىپىنى قوزغىمايدىغانلىقىغا ۋە بىرەر ئەزىيەت تارتمايدىغانلىقىغا ئىشەنسە، ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتاننى ئەزىزلەشكە تىرىشمىسىمۇ بولىدۇ.

سۇلتان ۋە ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىش ۋە بەزىبىر قىلىش ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ۋاجىبتۇر. ئەمما، (ھەممە بىلىدىغان) زۇلۇم قىلىش ۋە ھاراق ئىچىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنىڭ پايدىسى يوق. شۇ بىلەن بىرگە كىشى «ئەگەر قورقۇتۇش سۇلتاننىڭ

[1] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 170/2.

قەلبىگە تەسىر قىلىدۇ» دەپ قانائەت كەلتۈرسە، ئۇنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى قىلىشتىن قورقۇتۇشى ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىشى كېرەك. زالىمنى ئۆز مەقسىتىگە گۇناھ ـ مەئسىيەتسىزمۇ يەتكۈزىدىغان شەرئەتەن توغرا يولنى بىلىدىغان كىشى ئۇنىڭغا شۇ يولنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق زالىمنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن گۇناھلارغا بىپەرۋا، ئۆز بېشىمچە ئىش قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

ئۈچىنچى ئەھۋال: سۇلتان بىلەن ھۆزۈرىغا چىققۇچىلارنى يۈزمۇيۈز كۆرۈشمەيدىغان شەكىلدە تۇتۇش. بۇ ئەڭ بىخەتەردۇر. زالىملارنى زۇلمى سەۋەبلىك يامان كۆرۈش، ئۇلارغا يولۇقۇشتىن قېچىش، ئۇلارنى ماختىماسلىق، ھال ـ ئەھۋالىنى سورىماسلىق، ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بارلارغىمۇ يېقىن يولىماسلىق ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىق سەۋەبىدىن قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىغا پۇشايمان قىلماسلىق كېرەك. بىر كىشى مۇنداق دېگەنىكەن: پادىشاھلار بىلەن مېنىڭ ئارامدا پەقەت بىر كۈنلا پەرق بار. تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن كۈننىڭ ھەشەمەت ـ لەززىتىنى قايتا تاپالمايدۇ، ئەتىدىن ئۇلارمۇ، مەنمۇ قورقۇپ غەم يەيمىز. ئۇنداقتا ئارىمىزدا پەقەتلا بۈگۈننىڭ پەرقى بار. بۈگۈندىنمۇ نېمىنى كۈتكۈلۈك دەيسىز؟!

مىسال: سۇلتان ساڭا نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن مال ئەۋەتسە، ئۇ مالنىڭ ئىگىسى ئېنىق بولسا، سېنىڭ ئۇ مالنى قوبۇل قىلىشىڭ ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئىگىسى ئېنىق بولمىسا — ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك — ئۇ مالنىڭ ھۆكمى سەدىقە قىلىۋېتىشتۇر. ئۇنى نامراتلارغا سەدىقە قىلىشنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئالساڭ بولىدۇ.

ئالىملار ئىچىدە بۇنداق مالنى ئېلىشتىن باش تارتقانلار بار. ئەگەر ماللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھارام مال بولسا، ئۇنداق زالىملار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھارامدۇر. زالىملار سالدۇرغان كۆۋرۈك، مەسجىد ۋە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىگە قاراش كېرەك: ئەگەر ئۇلار سېلىنغاندا ئىشلىتىلگەن نەرسىلەر ئېنىق بىر كىشىدىن يولسىزلارچە ئېلىنغان بولسا، زۆرۈرىيەت بولمىسا ئۇنداق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش، ئۇنداق مەسجىدتە ناماز ئوقۇش ۋە ئۇنداق توسمىلاردىن سۇ ئىچىش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر ئىگىسى ئېنىق بولمىسا، پايدىلىنىش دۇرۇس. ئەمما، ساقلىنىش تەقۋالىقتۇر.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# ئون بىرىنچى بۆلۈم: سۆھبەت، قېرىنداشلىق ۋە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ئەدەبلىرى

بىلگىنكى، دوستلۇق گۈزەل ئەخلاقنىڭ مېۋىسى، ياتلىشىش يامان خۇلقنىڭ كۆلپىتىدۇر. چۈنكى، گۈزەل ئەخلاق بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈش ۋە ماسلىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ، يامان خۇلق ئۆزئارا نەپرەت ۋە دۈشمەنلىكنى تۇغدۇرىدۇ. گۈزەل ئەخلاقنىڭ پەزىلىتى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس. ھەدىسلەردە كۆپ دالالەت قىلىنغان.

ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ بەكرەك ئېغىر باسىدىغان نەرسە يوق»[1] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغىنىڭلاردۇر. قىيامەت كۈنى مەندىن ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار خۇلقى ئەڭ يامان بولغىنىڭلادۇر»[2]. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «كىشىلەرنى ئەڭ كۆپ جەننەتكە كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەردى[3].

## [ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش]

ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكە كەلسەك، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا يەتتە تۈرلۈك كىشىگە ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان

[1] ئەبۇ داۋۇد (4799)؛ تىرمىزىي (2002)؛ ئالبانىي: («سەھىھۇ سۈنەنى ئەبى داۋۇد»، 4014) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد (17710)؛ تىرمىزىي (2018)، ئەبۇ سەئلەبە ئەلخۇشەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1535) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد (9694)؛ تىرمىزىي (2004)، ئالبانىي: («سەھىھۇ سۈنەنىتتىرمىزىي»، 1630) «ھەسەن» دېگەن.

كۈنــدە ســايە بېرىــدۇ» دەپ ئــۇلار ئىچىــدە ئــاللاھ تائــالا ئۈچــۈن بىــر - بىرىنــى سۆيگەن، ئــاللاھ تائــالا ئۈچــۈن بىــر يەرگــە كەلگــەن ۋە ئــاللاھ تائــالا ئۈچــۈن ئايرىلغان ئىككى كىشىنى تىلغا ئالدى[1]. يەنــە بىــر ھەدىــس قۇدســيدا، ئــاللاھ تائــالا مۇنــداق دېگــەن: «مېنىــڭ رازىلىقىــم ئۈچــۈن ئۆزئــارا ياخشــى كۆرۈشــكەن، مېنىــڭ رازىلىقىــم ئۈچــۈن ئۆزئــارا ئېلىــپ - بېرىشــكەن ۋە مېنىــڭ رازىلىقىــم ئۈچــۈن بىــر - بىرىنــى زىيارەت قىلىشقانلارنى مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم ھەقتۇر»[2].

يەنــە بىــر ھەدىســتە پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «ئىمــان تۇتقۇلىرىنىــڭ مۇســتەھكەمراقى ئــاللاھ رازىلىقــى ئۈچــۈن دوســت تۇتــۇش ۋە ئــاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دۈشمەن تۇتۇشتۇر» دېگەن[3]. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر كۆپتۇر.

بىلگىنكــى، ئــاللاھ تائــالا ئۈچــۈن ياخشــى كۆرگــەن كىشــى ئــاللاھ تائــالا ئۈچــۈن يامــان كۆرەلەيــدۇ. يەنــى كىشــى بىــر كىشــىنى ئــاللاھ تائالاغــا ئىتائەتمەنلىكــى ئۈچــۈن ياخشــى كۆرســە - يــۇ، ئــۇ كىشــى ئــاللاھ تائالاغــا ئاســىيلىق قىلىــپ قالغــان ھامــان ئــاللاھ تائــالا ئۈچــۈن ئۇنــى يامــان كۆرىــدۇ. چۈنكــى، كىشــى بىر ســەۋەبتىن باشــقىلارنى ياخشــى كۆرســە، دەل شــۇ ســەۋەبنىڭ ئەكســى ئۈچۈنمۇ ئۇلارنــى يامــان كۆرەلەيــدۇ. بىر كىشــىدە ياخشــى ۋە يامــان خىســلەتلەر تــەڭ تېپىلســا، كىشــى ئۇنــى ياخشــى خىســلىتى ئۈچــۈن ياخشــى كۆرىــدۇ، يامــان خىســلىتى ئۈچــۈن يامــان كۆرىــدۇ. شــۇڭا، مۇســۇلماننى ئۇنىــڭ دىنــى ئۈچــۈن ياخشــى كۆرۈشــۈڭ، گۇناھلىــرى ئۈچــۈن يامــان كۆرۈشــۈڭ كېرەك. شــۇنىڭغا بىنائەن ئۇنىــڭ بىلــەن يېقىــن ياكــى يىــراق تەرەپلىرىڭنــى دەڭســەپ تۇرۇپ ئوتتۇراھال مۇئامىلىدە بولىسەن.

تۆۋەنــداكى خاتالىــق ئۆتكــۈزۈپ قويــۇپ، شــۇ ئىشــقا پۇشــايمان قىلغــان مۇســۇلماننىڭ قۇســۇرىنى كۆرمەســكە ســېلىش ۋە ئۇنــى يېپىش لازىم. ئەگــەر ئۇ گۇناھىدا ئەزۋەيلىســە، ئۇنىڭدىــن يــۈز ئــۆرۈش، يىراقلىشــىش ۋە قىلغــان گۇناھىنىــڭ ئېغىــر - يەڭگىللىكىگــە قــاراپ، قاتتىــق گــەپ قىلىــش بىلــەن بىئاراملىقىنــى ئوچــۇق - ئاشــكارا ئىپادىلــەش كېرەك.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (660)؛ مۇسلىم (1031).

[2] ئەھمــەد (22055)؛ تەبەرانــي: «ئەلمۇئجەمــۇل كەبىــر»، (16579). ئۇبــادە ئىبنــى ســامىت رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىۋايىتــى. شــۇئەيب ئەلئەرنائــۇت ۋە ئالبانــي: («ســەھىھۇلجامىئ»، 4321) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد (18547)؛ تەبەراني: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (10203). ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس ۋە بــەرائ ئىبنــى ئازىــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇلار رىۋايىتــى. شــۇئەيب ئەلئەرنائــۇت: «ھەســەن»، ئالباني: («سەھىھۇلجامىئ»، 2539) «سەھىھ» دېگەن.

## [ئاللاھ ئۇچۇن يامان كۆرگەنلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا]

بىلگىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ئۈچ قىسىمدۇر:

1) كافىرلار؛ ئەگەر ئۇ (مۇسۇلمانلار بىلەن) ئۇرۇشۇۋاتقان كافىر بولسا، ئۇ ئۆلۈمگە ياكى قۇل قىلىشقا لايىقتۇر. ئۇلارغا بۇ ئىككىسىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر خارلىق يوق. ئەگەر ئۇ زىممىي (ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمانلارغا باج تاپشۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئامانلىقىدا ياشايدىغان كافىر) تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا يۈز قارىماي، تەكەللۇپ قىلماي، يولنىڭ تار يېرىگە قىستاپ ئاپىرىپ، سالامنى باشتا قىلماي ۋە سالام قىلسا «ۋەئەلەيكە» دېيىش بىلەن جاۋاب بېرىپ كەمسىتىش[1] ئارقىلىق ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتىن باشقا ئازار بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ.

تۈزۈكراقى ئۇنىداق زىممىي بىلەن ئارىلاشماسلىق، تىجارىي مۇئامىلە قىلماسلىق ۋە بىرگە تاماق يېمەسلىك كېرەك. دوستلارغا قىلغانىدەك، ئۇلار بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇش ۋە يېقىن ئۆتۈش مەكرۇھتۇر.

2) بىدئەتچىلەر؛

ئەگەر كىشى بىدئەتكە چاقىرغۇچى كىشى بولسا ۋە ئۇ چاقىرغان بىدئەت كۇفۇرغا ئېلىپ بارىدىغان بىدئەت بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى زىممىينىڭكىدىن يامانىدۇر. چۈنكى، بۇ ئادەمدىن جىزيە ئېلىنمايدۇ، ئامانلىق توختىمى بىلەن كەڭ قورساقلىقمۇ قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىدئەتى كۇفۇرغا ئېلىپ بارمايدىغان بىدئەت بولسا، شەكسىزكى ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى ئەھۋالى كافىرنىڭكىدىن يەڭگىلراق، لېكىن ئۇنى رەت قىلىش كافىرنى رەت قىلىشتىن بەكرەك زۆرۈردۇر. چۈنكى، كافىرنىڭ يامانلىقى باشقىلارغا ئۆتمەيدۇ، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ھالبۇكى ئۆز بىدئەتىگە چاقىرىدىغان بىدئەتچى پەرقلىق. چۈنكى، ئۇ ئۆزى چاقىرىۋاتقان بىدئەتنى ھەق بىلىپ دەۋا قىلىدۇ - دە، ئىنسانلارنىڭ ئېزىشىغا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ يامانلىقى ئۆزى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئاشكارا يامان كۆرۈش، ئۇنىڭدىن ئالاقىنى ئۈزۈش،

[1] بۇ بەزى مەزھەبلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، توغرىسى، كۆپلىگەن ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەنىدەك ئۇرۇش ياكى دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە بولمىغان كافىرلارغا سالام بەرسە ۋە ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالسا بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿سىلەر بىلەن دىن سەۋەبىدىن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن ئاللاھ سىلەرنى توسمايدۇ، چۈنكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئادىل بولغۇچىلارنى سۆيىدۇ﴾60/«مۇمتەھىنە»: 8.

ئۇنى دۈشمەن تۇتۇش، تەۋۋەن كۆرۈش، بىدئەتنى ئەيىبلەش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن تەزدۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم ۋە كېرەكلىكتۇر.

ئەمما، بىدئەتكە چاقىرمايدىغان / چاقىرالمايدىغان، بىراۋنىڭ ئەگىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش بىھاجەت بىدئەتچىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئىشى ئاسان. ئۇنىڭغا يۇمشاق نەسىھەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئاۋام خەلقنىڭ قەلبى تېز ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر نەسىھەت كار قىلمىسا ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ئارقىلىق بىدئەت ئەمەلىنى كۆزىگە سەت كۆرسەتكىلى بولسا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش تەكىتلەنگەن مۇستەھەبتۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ قېتىپ، ئېتىقادى قەلبىگە مۇستەھكەم ئورۇنىشىپ كەتكەچكە نەسىھەت كار قىلمايدىغانلىقى بىلىنسە، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ۋاجىبتۇر. چۈنكى، بىدئەت تولۇق يامانلانمىسا، كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىدۇ ۋە زىيىنى ھەممىگە يېتىدۇ.

3) ئۆز ئەقىدىسى بىلەن ئەمەس، ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار؛

ئەگەر بۇنداق كىشى زۇلۇم قىلىش، غەزەپلىنىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، غەيۋەتخورلۇق، چېقىمچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن باشقىلارغا ئەزىيەت بەرسە، ئۇنىڭدىن ئۆزنى چەتكە ئېلىش، ئارىلاشماسلىق ۋە ئالاقىنى ئۈزۈش كېرەك. ئەر - ئاياللارنى بىر يەرگە يىغىپ سورۇن قۇرۇپ بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە مەي ئىچىش ئىمكانى يارىتىپ بەرگۈچىگە ئوخشاش پاساتچىلىققا چاقىرىدىغان كىشىنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاسىي كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. بۇنداق كىشىنى پەس كۆرۈش، ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋە ئۆزنى چەتكە ئېلىش كېرەك.

ھاراق ئىچىش، زىنا ياكى ئوغرىلىق قىلىش ۋەياكى ۋاجىب بىر ئىشنى تەرك ئېتىش بىلەن ئۆزىگە پاسىق (يەنى پاسىقلىقى ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدىغان) كىشىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئىشى يەڭگىلراقتۇر. لېكىن، ئۇ گۇناھ قىلىۋاتقان ھالىتىدە ئۇچراپ قالسا، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇنى شۇ گۇناھتىن توسۇش ۋاجىب. ئەگەر نەسىھەت ئۇنى گۇناھتىن قايتۇرىدىغان بولسا ۋە تېخىمۇ پايدىلىق بولسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىنىدۇ. نەسىھەت كار قىلمىسا قاتتىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

## دوستلۇققا تاللىنىدىغان كىشىدە بولۇشى شەرت سۈپەتلەر

بىزگە رىۋايەت قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىنسان ئۆز دوستىنىڭ دىنىدىدۇر، شۇڭا كىشى دوستلاشقان كىشىسىگە قارىسۇن»

دېگەن[1].

بىلگىنكى، ھەممىلا ئادەم دوستلۇققا ياراۋەرمەيدۇ. دوست بولۇنغۇسى كىشى دوستلۇققا قىزىقتۇرىدىغان سۈپەت ۋە خىسلەتلەر بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى لازىم. سۈپەت ۋە خىسلەتلەر دوست بولۇشتىن كۆزلەنگەن پايدىلارغا قاراپ شەرت قىلىنىدۇ. دوستلۇقتىن كۆزلەنگەن پايدىلار دېگىنىمىز يا دۇنيا ۋە ئابرۇي تېپىش ياكى كۆرۈشۈش-ۋۇيلىش، پاراڭلىشىش بىلەن دىلى ياپراشتەك دۇنيالىق مەنپەئەتلەردۇر، بىزنىڭ تېمىمىز بۇ ئەمەس. يا بولمىسا دىنىي پايدا كۆزلەنگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ تۈرلۈك مەقسەتلەر جەملەنگەن بولىدۇ. جۈملىدىن: ئىلىم ۋە ئەمەلىدىن پايدىلىنىش، دوستىنىڭ مەرتىۋىسى ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشتىن توسىدىغان ۋە قەلبنى بىئارام قىلىدىغان ئەزىيەتتىن ساقلىنىش، دوستى بېرىدىغان مال بىلەن كۈپايىلىنىپ ۋاقتىنى ئۇزۇق تەلەپ قىلىش بىلەن زايە قىلماسلىق ۋە مۇھىم خۇسۇسلاردا ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلىش قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بۇ دوستلۇق ئۆزى ئۈچۈن مۇسىبەتلەردە ياردەمچى ۋە ھەرخىل ئەھۋاللاردا كۈچ بولىدۇ. ئاخىرەتتە شاپائەت قىلىشمۇ شۇ پايدىلار قاتارىدىندۇر. دەرۋەقە بەزى سەلەفلەر مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشلارنى كۆپەيتىڭلار، چۈنكى ھەربىر مۇئمىننىڭ شاپائەت قىلىشى ھەقتۇر». بۇ پايدىلارنىڭ ھەربىرى پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا ھاسىل بولىدىغان شەرتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، دوستلۇققا تاللىغان كىشىدە شۇ بەش خىسلەت بولسۇن:

ئەقىللىق ۋە ئەخلاقى گۈزەل بولسۇن، پاسىق، بىدئەتچى ۋە دۇنياغا ھېرىسمەن بولمىسۇن.

ئەقىل بىر بايلىقتۇر. ئەخمەق بىلەن يولداشلىقتا ياخشىلىق يوقتۇر. چۈنكى، ئەخمەق ساڭا «مەنپەئەت بېرىمەن» دەپ زىيان سالىدۇ. ئەقىللىق كىشى دېگىنىمىز ئىشلارنى ئۆز ھەقىقىتىدە ئۆزى چۈشىنىدىغان ياكى چۈشەندۈرۈلسە چۈشىنىدىغان كىشىدۇر.

گۈزەل ئەخلاق چوقۇم بولۇشى كېرەك. چۈنكى، نۇرغۇن ئاقىللار باركى، ئاچچىقى ياكى شەھۋىتىگە يېڭىلىپ ھاۋايى - ھەۋەسىگە بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئەخلاقسىز كىشىنىڭ يولداشلىقىدا ياخشىلىق يوقتۇر.

پاسىق كىشى ئاللاھتىن قورقمايدۇ. ئاللاھتىن قورقمايدىغان كىشىگە ئىشىنىپ بولمايدۇ، سەۋەب بولغۇسى پالاكەتلەردىن ئەمىن بولغىلىمۇ بولمايدۇ.

[1] ئەبۇ داۋۇد (4833)؛ تىرمىزىي (2378)؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3545) «ھەسەن» دېگەن.

بىدئەتچى بىلەن يولداشلىقتا ئۇنىڭ بىدئەتىنىڭ يۇقۇشىدىن قورقۇلىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭگە راستچىل دوستلار تۇتقىن، شۇندىلا ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە ياشايسەن، چۈنكى راستچىل دوستلار كەڭرىچىلىكتە زىننەت، بالا - مۇسىبەتتە تەييارلىقتۇر. ئۆزىدىن نەپرەتلەندۈرىدىغان بىر ئىشنى قىلمىغۇچە، دوستۇڭنىڭ ئىشنى ئەڭ گۈزەل ئورۇنغا قوي (ياخشى مەنادا ئويلا). دۈشمىنىڭدىن يىراق تۇرغىن! ئىشەنچلىك بولمىسا، دوستۇڭ بولسىمۇ ئېھتىيات قىلغىن. ئاللاھتىن قورقمىسا ئىشەنچلىك ھېسابلانمايدۇ. ھەرگىز پاسىققا يولداش بولما! ئۇنىڭ يولداشلىقىدا پىسقى - پۇجۇرلىرىنى ئۆگىنىسەن. ئۇنىڭغا سىرلىرىڭنى بىلدۈرمە، ئىشىڭدا ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەرگە مەسلىھەت سالغىن»[1].

يەھيا ئىبنى مۇئاز — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «سەن ‹دۇئايىڭدا مېنى ياد ئەتكىن› دېيىشكە موھتاج بولىدىغان، سەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ ياشايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا موھتاج بولىدىغان دوست نېمىدېگەن يامان دوست - ھە!»

ھەسەن ئەلبەسرىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىغا بىر تۈركۈم كىشىلەر كىردى ۋە بەزىلىرى ئۆيدىكى مېۋە - چېۋىلەردىن يېيىشكە باشلىدى، ھەسەن ئەلبەسرىي: «ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مانا بۇ ھەقىقىي دوستلارنىڭ ئىشىدۇر» دېدى[2].

ئەبۇ جەئفەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئۆز ھەمراھلىرىغا:

— بىرەرسىڭلار قېرىندىشىنىڭ يېڭىغا (يانچۇقىغا) قولىنى تىقىپ خاھلىغان نەرسىنى ئالالامدۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ياق، — دېدى. ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر:

— ئۇنداقتا سىلەر دەۋا قىلغاندەك دوست ئەمەسكەنسىلەر، — دېدى.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، فەتھ ئەلمۇسۇلىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئىيسا تەممار ئاتلىق بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئۇ يوق چاغدا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيسانىڭ دېدەكىگە: «ماڭا دوستۇمنىڭ ھەميانىنى ئېلىپ چىقىڭ» دېدى. دېدەك قىز ھەميانىنى ئەچىقىپ بەرگەنىدى، فەتھ موسۇلىي ئۇنىڭدىن ئىككى تەڭگە ئالدى. كېيىن ئىيسا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، دېدەك

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (7992).
[2] 24/«نۇر» سۈرىسى 61 - ئايەتكە ئىشارە.

قىز ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئېيتىپ بەرگەندى، ئىيسا: «ئەگەر ئېيتقىنىڭ راست بولسا، سېنى ئازاد قىلدىم» دېدى ۋە ھەميانغا قارىغانىدى ھەقىقەتەن دېدەكنىڭ راست ئېيتقانلىقى ئايان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئازاد بولدى.

## بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

بىرىنچى ھەق: مۇسۇلمان قېرىندىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئېھتىياجلىرىنى راۋا قىلىش؛ بۇنىڭ ئۈچ دەرىجىسى بار:

ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى: مۇسۇلمان قېرىندىشى بىرنەرسە سورىسا، دەرھال كۆڭلىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىش. ئادا قىلغاندا خۇشاللىق بىلەن ۋە خۇشچىراي ئادا قىلىش.

ئوتتۇرا دەرىجىسى: قېرىندىشى سورىمىسىمۇ ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىش.

ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى: مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى ئۆز ھاجىتىنىڭ ئالدىغا قويۇش. بەزى سەلەفلەر ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ بالىچاقىلىرىنى 40 يىل يوقلىغان ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلغانىدى.

ئىككىنچى ھەق: مۆرىتى كەلسە سۈكۈت قىلىپ، مۆرىتى كەلسە سۆزلەش؛

سۈكۈت قىلىش: قېرىندىشى بار يەردە بولسۇن، يوق يەردە بولسۇن ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى تىلغا ئالماسلىق، قارشى گەپ قىلماسلىق، دەتالاش قىلماسلىق ۋە ئاشكارىلىنىشىنى خاھلىمايدىغان ئىشلار توغرۇلۇق سورىماسلىقتۇر. «ئەگەر دېگۈسى يوق بولسا تەڭلىك قىلماي» دېسە، ئۇچرىشىپ قالسا «قەيەرگە ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىماسلىق، دوستلىرى ۋە ئائىلىسى ئالدىدا تەنقىدلىمەسلىك ھەمدە باشقىلارنىڭ قېرىندىشى ھەققىدىكى تەنقىدلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزمەسلىك، ھەتتا تاشلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قېرىندىشىنىڭ سىرىنى ساقلاش كېرەك.

ئۈچىنچى ھەق: قېرىندىشى يامان كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى تىلغا ئالماسلىق؛ لېكىن، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بارىدا سۆزلەش ۋاجىب بولۇپ قېلىپ، سۈكۈت قىلىشقا شەرئىي رۇخسەت تېپىلمىسا، سۆزلەش كېرەك. چۈنكى، بۇنى قېرىندىشىنىڭ يۈزىگە ئېيتىش بىر مەنادا ئۇنىڭغا قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

ئۇبدان بىلىۋالغىنكى، ئەگەر سەن ھەرقانداق ئەيىب - نۇقساندىن پاك كىشىنى ئىزدىسەڭ، ھەرگىز تاپالمايسەن. نىشان ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىدىن كۆپ كىشىدۇر.

ئىبنى مۇبارەك — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن —: «مۇئمىن (قېرىنداشىغا) ئۆزرە ئىزدەيدۇ، مۇناپىق بولسا قۇسۇر ئىزدەيدۇ» دېگەن.

فۇزەيل ئىبنى ئىياز — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن —: «دوستلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش ھەقىقىي يىگىتلىكتۇر» دېگەنىكەن.

مۇسۇلمان قېرىنداشىڭغا گۇمان بىلەن قارىما، ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئىمكانقەدەر ياخشىلىققا جورۇغىن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەرگىز يامان گۇمان قىلىپ قالماڭلار، چۈنكى يامان گۇمان سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر» دېگەن[1].

بىلگىنكى، گۇمانخورلۇق شەرىئەت چەكلىگەن ئىش — قۇسۇر ئىزدەشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەيىبنى يېپىش ۋە بىلمىگەن بولۇۋېلىش دىندار كىشىنىڭ خۇيىدۇر.

بىلگىنكى، كىشى ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمانى مۇكەممەل بولمايدۇ. مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدىغان شەكىلدە مۇئامىلە قىلىش قېرىنداشلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر. شۈبھىسىزكى، سەن قېرىندىشىڭنىڭ ئەيىبىڭنى يېپىشىنى، خاتالىقلىرىڭنى سۆزلىمەسلىكنى ئارزۇ قىلىسەن، ئەگەر قېرىندىشىڭ ئارزۇيۇڭنىڭ ئەكسىنى قىلسا، ساڭا بەك قاتتىق ئەلەم بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭ قېرىندىشىڭغا راۋا كۆرمىگەننى قېرىندىشىڭدىن قانداقمۇ ئارزۇ قىلالايسەن؟! ئۆزۈڭ كەڭ قورساقلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ، باشقىلاردىن ئىنساپ تەلەپ قىلساڭ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە چۈشۈپ قالىسەن: ﴿ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ﴾83/«مۇتەففىفىن»: 2، 3. ئەيىبلەرنى يېپىشتا يېتەرسىز كېلىشنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇلارنى ئېچىشقا قىزىقتۇرغۇچى ئامىل ئاداۋەت ۋە ھەسەتتۇر.

قېرىنداشلار ئارىسىدا ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىكنى قوزغايدىغان ئەڭ ئېغىر سەۋەب جېدەللىشىش ۋە تالاش - تارتىش قىلىشتۇر. ئارتۇقچىلىقى ۋە زىيادە زېرەكلىكى سەۋەبلىك باشقىلاردىن ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش ۋە رەددىيە بېرىلگۈچىنى تۆۋەن كۆرۈش تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولىدۇ. قېرىندىشى بىلەن تالاش - تارتىش قىلغان كىشى قېرىندىشىنى بىلىمسىزلىك ۋە ئەخمەقلىق ياكى غاپىل ۋە ئەقلى كوتىلىق بىلەن چۈشۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەن كۆرۈشتۇر. بۇ ئىشلار كۆڭۈلنى ئۆچمەنلىك بىلەن تولدۇرىدۇ ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەب

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6064)؛ مۇسلىم (2563). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

بولىدۇ. بۇ ھەم قېرىنداشلىققا زىتتۇر.

تۆتىنچى ھەق: ئاغزاكى ھەق؛ دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق قېرىندىشى يامان كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى تىلغا ئالماسلىقنى تەقەززا قىلغاندەك، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەشنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ، ھەتتا تېخىمۇ كېرەكلىك. چۈنكى سۈكۈت بىلەن كۇپايىلەنگەن كىشى قەبرە ئەھلىگە ھەمراھ بولغانغا ئوخشايدۇ. دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقتىن مۇراد ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن پايدىلىنىشتۇر. سۈكۈت قىلىشنىڭ مەنىسى ئەزىيەتتىن ساقلىنىشتۇر. ئۇنداقتا تىلى بىلەن بولسىمۇ قېرىندىشىغا دوستلۇق ئىزھار قىلىش، ھال - ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى سوراش، دەردىگە ھەمدەردلىك ۋە خۇشاللىقىغا ھەمخۇشاللىق ئىزھار قىلىش كېرەك.

تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايسىبىرىڭلار قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن» دېگەن[1].

شۇنداقلا قېرىندىشىنى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسمى بىلەن چاقىرىشمۇ ئاغزاكى ھەقلەردىندۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مۇنۇ ئۈچ خىسلەت قېرىندىشىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىڭلارنى ساپلاشتۇرىدۇ، ئۇلار: ① قېرىندىشىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ئاۋۋال سالام بېرىشىڭ؛ ② ئولتۇرىدىغان ئورۇننى كەڭرى قىلىپ بېرىشىڭ؛ ③ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىشىڭدۇر»[2].

شۇنداقلا قېرىنداشلىق ھەقلىرىدىن يەنە: بىر كىشىنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان قېرىندىشى ماختىلىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزى بىلىدىغان گۈزەل خۇلقلىرى بىلەن ئۇ قېرىندىشىنى ماختاش؛ شۇنىڭدەك قېرىندىشىنىڭ بالىۋاقىسىنى، پېئىل - ئەتىۋارىنى ھەمدە ئەخلاقى، ئەقلى، تۇرقى، نىشانى، قەلىمى، ئەسەرلىرى، قىسقىسى ئۇنى خۇشال قىلىدىغان بارلىق جەھەتلەرنى ئاشۇرۇۋەتمەي، يالغان قوشماي ماختاش؛ ھەتتا ئۇنى بىراۋ ماختىغان بولسا شۇنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇ ماختاشتىن سۆيۈنگەنلىكىنى ئىزھار قىلغان ھالدا قېرىندىشىغا يەتكۈزۈش. چۈنكى، بۇنى قېرىندىشىغا يەتكۈزمەسلىك ئىچى تارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

[1] ئەھمەد (17210)؛ تىرمىزىي (2395). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 279) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد» ؛ (352). بەيھەقىي: «ئەلئاداب» ، (191).

ئۇ ھەقلەردىن يەنە بىرى قېرىندىشىڭنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىشىڭدۇر. ئۇ يوق يەردە ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق مەقسەت قىلىنسا، ئۇنى قوغدىشىڭ كېرەك. چۈنكى، قېرىنداشلىقنىڭ ھەققى ھىمايە قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يەڭلەرنى تۈرۈشتۇر.

باشقا بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى دۈشمىنىگە تاشلاپ قويمايدۇ» دېگەن[1].

بىر مۇسۇلماننىڭ باشقا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قوغداشتا بىپەرۋالىق قىلىشى ئۇنى دۈشمىنىگە تاشلاپ قويغىنىدۇر. بۇ ھەقتە سەن ئۈچۈن ئىككى ئۆلچەم بار:

1) ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتىلغانلارنى ئويلاپ كۆرۈشۈڭ. يەنى، شۇ گەپلەر ئۇ قېرىندىشىڭ بار يەردە سېنىڭ ھەققىڭدە ئېيتىلغان بولسا ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتكەن بولاتتىڭ؟

2) قېرىندىشىڭنى خۇددى تامنىڭ كەينىدە سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭنى تىڭشاپ تۇرغاندەك پەرەز قىلىشىڭ! يەنى، سېنىڭ قەلبىڭدە قېرىندىشىڭ بار يەردە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قايسى تۇيغۇلار ھەرىكەتلەنگەن بولسا، شۇ تۇيغۇلار ئۇ يوق يەردىمۇ ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك. قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇقتا سەمىمىي بولمىغان كىشى مۇناپىقتۇر.

ئۇ ھەقلەردىن يەنە بىرى ئىلىم ئۆگىتىش ۋە نەسىھەت قىلىشتۇر. چۈنكى، قېرىندىشىڭنىڭ ئىلىمگە بولغان ھاجىتى سېنىڭ مالغا بولغان ھاجىتىڭدىن ئاز ئەمەس. شۇڭا سەن ئىلىم جەھەتتە باي بولغان ھامان بۇ ئىلىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشىشىڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق ھەرقانداق تېمىدا ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ تۇرغىن.

قېرىندىشىڭغا نەسىھەت قىلساڭ، مەخپىي قىلغىن. ئەيىبلەش بىلەن نەسىھەت ئارىسىدىكى پەرق بىرىنىڭ ئاشكارا، يەنە بىرىنىڭ مەخپىي قىلىنىشىدۇر. دەرۋەقە مادارا بىلەن خۇشامەت ئارىسىدىكى پەرق كۆرمەسكە سېلىشقا ئېلىپ بارغان سەۋەبكە باغلىقتۇر. يەنى ئەگەر سەن مەلۇم بىر ئىشقا دىنىڭنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن كۆز يۇمساڭ ۋە بۇنى قېرىندىشىڭنىڭ پايدىسىغا دەپ قارىساڭ، ماداراچى بولىسەن. ئەگەر نەپسىڭنى تويغۇزۇش، ھاۋايى - ھەۋەسلىرىڭنى قاندۇرۇش ۋە

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2442)؛ مۇسلىم (2580). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

يۈز - ئابرۇيىغنى / مەۋجۇد ئورنىغنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆز يۇمغان بولساڭ، سەن بىر خۇشامەتگۇي بولىسەن.

خاتالىقلارنى كەچۈرۈۋېتىشمۇ بۇ ھەقلەر قاتارىدىندۇر. ئەگەر قېرىندىشىڭ دىنىي جەھەتتىن خاتالاشقان بولسا، ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىلىق نەسىھەت قىلغىن. خاتالىقىدىن توسۇش ۋە ۋەز - نەسىھەتنى توختىتىپ قويمىغىن. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقەنى ئۈزگىن[1].

بەشىنچى ھەق: قېرىندىشى ھايات ۋاقتىدىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزى ئۈچۈن قانداق دۇئا قىلغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق دۇئا قىلىش؛

«سەھىھۇ مۇسلىم»دە ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز دىن قېرىندىشىنىڭ غىيابىدا قىلغان دۇئاسى مۇستەجاب دۇئادۇر. ئۇنىڭ بېشى ئەتراپىدا دۇئاغا مۇئەككەل بىر پەرىشتە بار. مۇسۇلمان ئۆز دىن قېرىندىشىغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسا، مۇئەككەل پەرىشتە: ‹ئامىن، ساڭىمۇ ئوخشىشى بولسۇن!› دەيدۇ»[2].

ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرغۇن دوستلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — سەھەر ۋاقتىدا ئالتە كىشىگە دۇئا قىلاتتى.

مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا كەلسەك، ئەمر ئىبنى ھۇرەيس[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بەندە ئۆلۈپ كەتكەن دىن قېرىندىشىغا دۇئا قىلسا، ئۇ دۇئانى بىر پەرىشتە ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئېلىپ كېلىپ: ‹ئى قەبرىنىڭ غېرىب ئىگىسى! بۇ بولسا شەپقەتلىك بىر دوستتىن ساڭا ھەدىيەدۇر› دەيدۇ».

ئالتىنچى ھەق: ۋاپا ۋە ئىخلاس؛

ۋاپا: تا ئۆلگۈچە دىن قېرىندىشىنى ئىزچىل ياخشى كۆرۈش، قېرىندىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بالا - چاقا ۋە دوستلىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈش.

[1] بۇ بەزى ساھابەلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، يەنە بەزى ساھابەلەر: «ئۇنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى ئۇ بىر خاتالىشىپ، بىر تۈزىلىپ قالىدۇ» دەپ قارىغان. قاراڭ: غەززالىي: «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 76/3.

[2] مۇسلىم (2732).

[3] باشقا مەنبەلەردە «ئەمر ئىبنى جەرىر» دېيىلگەن. قاراڭ: ئىمام ئىبنۇلقەييىم: «ئەررۇھ»، 90- بەت. سۇيۇتىي: «شەرھۇسسۇدۇر»، 297 - بەت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ياشانغان ئايالنى ئىززەتلەيتتى ۋە: «خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ھايات ۋاقتىدا ئۇ ئايال بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كېتەتتى، گۈزەل ۋاپا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەندى[1].

ئورۇن / مەرتىۋىسى ھەرقانچە يۇقىرىلاپ، ئىگىلىك / تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ ۋە يۈز - ئابرۇيى كۆتۈرۈلۈپ كەتسىمۇ، دوستىنىغا قارىتا ئىزچىل كەمتەر بولۇش ۋاپانىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىلگىنىكى، دىنىغا زىت ئىشلاردا قېرىنداشنى قوللاش ئەسلا ۋاپانىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. ئىمام شافىئىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەكەم بىلەن قېرىنداش ئىدى، ئۇنى ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزاتتى ۋە ئۇنىڭغا مايىل ئىدى. ئىمام شافىئىيدا ئۆلۈم ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە، ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! سىز ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، كىمنىڭ مەجلىسىگە بارايلى؟» دەپ سورالدى، شۇندا ئىمام شافىئىينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەكەم ئىمام ئۆزىنى ئىشارەت قىلىپ قالارمىكىن دېگەن مەقسەتتە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئىمام شافىئىي جاۋاب بېرىپ: «ئەبۇ يەئقۇب بۇۋەيتىينىڭ يېنىغا بېرىڭلار» دېدى، بۇ گەپتىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەكەم بىئارام بولدى، چۈنكى ئۇ ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىبىنى ياخشى ئۆگەنگەن كىشى ئىدى، لېكىن ئەبۇ يەئقۇب بۇۋەيتىي زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىققا يېقىن كىشى ئىدى، شۇڭا ئىمام شافىئىي مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولدى ۋە تەخسكەشلىكتىن قاچتى. كېيىن مۇھەممەد ئىبنى ھەكەم ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىبىدىن قايتىپ، مالىكىيلەردىن بولۇپ كەتكەن ئىدى.

كىشىلەرنىڭ دوستى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلىرىگە قۇلاق سالماسلىق ۋە دوستىنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوست بولماسلىق ۋاپانىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**يەتتىنچى ھەق:** قېرىندىشىغا ئېغىرچىلىق سالماسلىق / يەڭگىللەشتۈرۈش، (ياسالما تەكەللۇپ) ۋە مۇشەققەت سېلىشنى تاشلاش. يەنى، قېرىندىشىغا تەس كېلىدىغان ئىشنى يۈكلىمەسلىك، ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇھىم قىيىنچىلىق ۋە ھاجەتلىرىنى يوشۇرۇش، ئۇنى بىئارام قىلماسلىق، ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيى ۋە مېلىدىن پايدىلانماسلىق، ئۇنى ئۆزىنى يوقلاپ تۇرۇشقا ۋە ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا، شۇنداقلا ئۆزىگە كەمتەر بولۇشقا قىستىماسلىق. ئەكسىچە مەقسەت دىن قېرىندىشىنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن بەرىكەتلىنىش،

[1] تەبەرانىي («ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، 18557) ۋە ھاكىم (40): «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. ئالبانىيمۇ: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 3113) «سەھىھ» دېگەن.

ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆلپەتلىشىش، دىنىدا ياردەم سوراش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنى كۆزلەش بولۇشى كېرەك. چىن مەنادا يەڭگىللەشتۈرۈش دېگەن ئۆزى بىمالال قىلالايدىغان نەرسىلەرنى قېرىندىشىنىڭمۇ خىجىل بولماي قىلالىشى ئۈچۈن، خىجالەت پەردىسىنى كۆتۈرۈش بىلەن بولىدۇ.

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «دوستلىرىمدىن ماڭا ئەڭ مالال كېلىدىغىنى مەن ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت چەككەن ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆزىدىن تارتىنىدىغان دوستلىرىمدۇر. قەلبىمگە ئەڭ يەڭگىل كېلىدىغىنى بولسا مەن بىرگە دەرقەمتە بولغاندا، ئۆزۈم يالغۇزدەك ھېس قىلىدىغان دوستلىرىمدۇر».

ھېكمەت ئەھلىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: «كەمتەر كىشىنىڭ دوستلۇقى داۋاملىشىدۇ، ئۆزۈڭنى دوستلىرىڭدىن پەزىلەتلىك ئەمەس، بەلكى دوستلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن پەزىلەتلىك كۆرۈش بۇ ئىشنى تاماملايدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار بىلەن بىللە بولغىنىڭدا ئۆزۈڭنى خىزمەتچىدەك كۆرگىن».

## خەلق بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى

بۇ بابنىڭ ئاخىرىدا خەلق بىلەن ئالاقە قىلىش ئەدەبلىرىنى بايان قىلىمىز. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەدەبلەردىن بەزىلەر تۆۋەندىكىچە:

مۇتەكەببىر ئەمەس كەمتەر بولۇش، بىشەم ئەمەس كىچىك پېئىل بولۇش، دوست ياكى دۈشمەن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بوزەك بولماي ۋە ھۇدۇقماي خۇشچىراي كۈتۈۋېلىش، سورۇندا ئولتۇرغاندا بارماقلارنى گىرەلەشتۈرۈش، بۇرۇننى كولاش، كۆپ تۈكۈرۈش ۋە ئەسنەشتىن ساقلىنىش (ۋە باشقىلار).

بىراۋ سۆزلەۋاتقاندا قۇلاق سال، سۆزىنى قايتىلاپ سورىما؛ ئۆزۈڭ، بالىچاقاڭ ۋە خىزمەتكارلىرىڭ بىلەن ماختىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمە؛ ئايال كىشىدەك ياسانما، قۇلدەك ئاۋارە كىيىنمە؛ ئەھلى ئائىلەڭنى قوپاللىق قىلماي قورقۇت، ئاجىز كۆرۈنمەي يۇمشاق بول؛ دېدەك ۋە قۇللىرىڭ بىلەن چاقچاقلاشمىغىنىڭ، سىر - ھەيۋەڭ يوقىمىسۇن. كەينىڭگىمۇ تولا قارىما.

شاھ / سۇلتان بىلەن بىرگە ئولتۇرما، ئەگەر ئولتۇرۇپ قالساڭ گۇناھلاردىن ۋە غەيۋەتتىن ساقلان؛ ئۇنىڭ سىرىنى ساقلا؛ ئۇنىڭ قېشىدا چاقچاقلاشما، كېكىرمە ۋە چىشىڭنى كولىما؛ سۇلتان سېنى يېنىغا چاقىرسا / ئۆزگە يېقىن تۇتسا، قاتتىق

ئېھتىياتچان بول؛ ئەگەر سەن بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقاچان ئۆزگەرمەسلىكىدىن خاتىرجەم بولما؛ سۇلتاننىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان سۆزلەرنى قىل، كىچىك بالىغا قانداق مۇلايىم بولساڭ، سۇلتانغىمۇ شۇنداق مۇلايىم بول؛ سۇلتان بىلەن ئائىلىسى ۋە خىزمەتچىلىرى ئارىسىغا كىرمە؛ ياخشى كۆڭۈل دوستىدىن قاچ. مېلىڭنى ئار - نومۇسۇڭدىن قىممەتلىك كۆرمە؛ بىر سورۇنغا كىرسەڭ، كەمتەر بولۇپ ئەڭ يېقىن ئورۇندا ئولتۇر؛ يول ياقىسىدا ئولتۇرما، ئەگەر ئولتۇرۇپ قالساڭ، كۆزۈڭنى ھارامدىن ساقلا؛ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بەر؛ يولدا ئېزىپ قالغان كىشىگە يولنى كۆرسىتىپ قوي؛ قىبلە تەرەپكە ۋە ئوڭ تەرىپىڭگە تۈكۈرمە، سول تەرىپىڭگە ياكى سول پۇتۇڭنىڭ ئاستىغا تۈكۈر؛ ئاۋام خەلق بىلەن ئولتۇرۇشتىن ساقلان، ئەگەر ئولتۇرۇپ قالساڭ، ئۇلارنىڭ ناچار خۇيلىرى سەۋەبلىك يۈز بەرگەن يامان قىلىقلىرىنى بىلمەسكە سال، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا كىرىپ كەتمە؛ كۆپ ھەزل - چاقچاقتىن ساقلان، چۈنكى چاقچىقىڭ سەۋەبلىك ئاقىل ساڭا ئاداۋەت تۇتىدۇ، نادان بولسا چاقچىقىڭ سەۋەبلىك سەندىن ئەيمەنمەيدۇ.

## مۇسۇلمانلارنىڭ، تۇغقانلارنىڭ، قوشنىدارچىلىقنىڭ ۋە قۇللارنىڭ ھەقلىرى

مۇسۇلماننىڭ ھەقلىرىدىن بەزىلەر تۆۋەندىكىچە:

ئۇچراشقاندا سالام بېرىش؛ چىللىسا ئىجابەت قىلىش؛ چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ (ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن) دېسە، يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېيىش؛ كېسەل بولسا يوقلاش؛ ئۆلسە جىنازىسىغا قاتنىشىش؛ ئىچكەن قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش؛ نەسىھەت تەلەپ قىلسا، نەسىھەت قىلىش؛ يوق يېرىدە ھەققىنى قوغداش؛ ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ راۋا كۆرۈش ۋە ئۆزىگە يامان كۆرگەننى ئۇنىڭغىمۇ يامان كۆرۈش. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەدىسلەردە نەقىل قىلىنغان[1].

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1240)؛ مۇسلىم (2162) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى بەشتۇر: ①سالامنى قايتۇرۇش، ② كېسەلنى يوقلاش، ③ جىنازىلەرگە ئەگىشىش، ④ چاقىرغان يەرگە بېرىش ۋە ⑤ چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاب قايتۇرۇش (يەنى چۈشكۈرۈپ ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› دېسە، ‹يەرھەمۇكەللاھ› دېيىش)» دېگەن. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى ئالتىدۇر... ⑥ سەندىن سەممىي مەسلىھەت سورىسا، سەممىي مەسلىھەت بېرىشىڭ» دەپ زىيادە كەلگەن. يەنە بىر (تىرمىزىي: 2736) ھەدىستە: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى ئالتىدۇر... ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر (ئەھمەد»، 22183) ھەدىستە: «... ئۆزۈڭگە ياخشى كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرۈشۈڭ ۋە ئۆزۈڭگە يامان كۆرگەننى

* ھېچبىر مۇسۇلمانغا سۆز ياكى ھەرىكەت بىلەن ئەزىيەت بەرمەسلىك، مۇسۇلمانلارغا كەمتەر بولۇش، چوڭچىلىق قىلماسلىق، بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى كىشىلەر ھەققىدە قىلغان سۆز - چۆچەكلىرىگە قۇلاق سالماسلىق ۋە بەزىلەردىن ئاڭلىغاننى بەزىلەرگە توشۇماسلىق؛

تونۇش كىشىگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتماسلىق؛ بۇ توغرىدا مەشھۇر ھەدىس بار[1]. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىننىڭ باشقا بىر مۇئمىننى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ تاشلىۋېتىشى ھالال ئەمەس، ئۈچ كۈن ئۆتسە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسۇن، ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن. ناۋادا سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ جاۋاب قايتۇرسا، ئەجرىنى ھەر ئىككىلەن تەڭ ئالىدۇ. سالامغا جاۋاب قايتۇرمىسا، گۇناھ ئۆزىگە بولىدۇ، سالام قىلغۇچى تاشلىۋېتىشنى ئاياغلاشتۇرغان ھېسابلىنىدۇ»[2].

بىلگىنكى، ئۈچلا كۈنلۈك ئاداۋەت دۇنيا ئىشلىرىدا بولىدۇ. دىنغا ئالاقىدار ئىشلاردا بىدئەتچى، ھاۋايى - ھەۋەسگە ئەگەشكۈچى ۋە مەئسىيەتكۇيلارغا قارىتا، ئەرگەر تەۋبە قىلغانلىقى ۋە ھەقكە قايتقانلىقى ئاشكارا بولمىسا، ئاداۋەت تۇتۇش داۋاملىشىۋېرىدۇ.

* مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلغان ھەرقانداق كىشىگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ھېچكىمنىڭ يېنىغا رۇخسەتسىز كىرمەسلىك، ئۈچ قېتىم رۇخسەت سوراش ۋە ئەگەر رۇخسەت قىلمىسا قايتىپ كېتىش؛

* كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش؛ يەنى ھەركىمگە ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى، جاھىلغا ئىلىم بىلەن، بىپەرۋاغا فىقىھ بىلەن، دۆت ۋە نادانغا پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەم ئۆزىگە، ھەم ئۆزگىگە ئەزىيەتتۇر.

---

باشقىلارغىمۇ يامان كۆرۈشۈڭدۇر» دېيىلگەن. يەنە بىر بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىستە (بۇخارىي: 1239؛ مۇسلىم: 2066): «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى ... زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىش، قەسەمنى بۇزدۇرماسلىق» دېگەن.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6064)؛ مۇسلىم (2563). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئۆزئارا ئۆچەكەشمەڭلار! ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار! ئۆزئارا تەتۈر قاراشماڭلار! ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار! مۇسۇلمان ئۈچۈن قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ».

[2] ئەبۇ داۋۇد (4912). نەۋەۋىي: («ياخشىلارنىڭ باغچىسى»، 1605) ۋە ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 2757) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي كېيىن: («غايەتۇل مەرام»، 405) «زەئىف» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

* چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش؛ ھەممە كىشىگە خۇشچىراي ۋە ئەدەبلىك بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىشنى ياخشى كۆرسە، باشقىلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىش.

ھەسەن ئەلبەسرىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۆرت سۆزنى ۋەھيى قىلدى ۋە دېدىكى: ھەممە نەرسە مۇشۇ تۆرت سۆزگە جەملەنگەندۇر. ئۇلاردا ساڭا ۋە بالىلىرىڭغا پايدىلىق ئىشلار بار، ئۇلاردىن بىرى ماڭا خاس، يەنە بىرى ساڭا خاس، ئۈچىنچىسى مەن بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا ئورتاق، تۆتىنچىسى سەن بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقتۇر. ماڭا خاس بولغىنى: ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك قوشماسلىقىڭدۇر؛ ساڭا خاس بولغىنى: سېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭ بولۇپ، سەن ئەڭ موھتاج بولغان كۈندە ساڭا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىمەن؛ مەن بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا بولغىنى: سېنىڭ ماڭا دۇئا قىلىشىڭ، مېنىڭمۇ ئۇنى ئىجابەت قىلىشىمدۇر؛ سەن بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاق بولغىنى: ئۇلارنىڭ ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياخشى كۆرسەڭ، سېنىڭمۇ ئۇلارغا شۇ شەكىلدە مۇئامىلە قىلىشىڭدۇر»[1].

* يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەتلەش؛

* كىشىلەرنى ئۆزئارا ياراشتۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىش؛

بىلگىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيادا گۇناھلارنى يېپىشى ھەققىدە ئويلانغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مېھرىبانلىقىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زىنا گۇناھىنىڭ ئىسپاتىدا تۆرت ئادالەتلىك گۇۋاھچىنىڭ شۇ گۇناھنى خۇددى پەلكۈچ سۈرمىدانغا كىرگەندەك كىرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، بۇ بىرلىككە كېلىش قىيىن ئىش. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيادىكى شەپقەت ۋە مەرھەمىتىنىڭ مىسالىدۇر. ئاخىرەتتىمۇ مۇشۇنداق بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

* كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى گۇماندىن، تىللىرىنى غەيۋەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۆھمەتكە ئېھتىمال قالدۇرىدىغان ئورۇنلاردىن ساقلىنىش؛

* گېپى ئۆتىدىغان، مەرتىۋىلىك مۇسۇلمانلار سايىسىدە ھەر ھاجەتمەن مۇسۇلمانغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشقا تىرىشىش؛

ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە گەپ قىلىشتىن بۇرۇن سالام قىلىش؛ قول

[1] خەرائىتىي: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، (397).

ئېلىشىپ كۆرۈشۈش سۈننەتتۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشسا - يۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ قولىنى تۇتسا، ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا ھازىر بولۇش ۋە ئىككىسىنىڭ قوللىرىنى ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتمىگۈچە ئايرىۋەتمەسلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىگە بىر ھەقتۇر»[1].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن مۇئمىن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، ئىككىسىگە يۈز رەھمەت چۈشىدۇ، توقسان توققۇزى ئىككىسىدىن ئەڭ خۇشچىراي ۋە ئەخلاقى ئەڭ گۈزىلىگە بولىدۇ»[2].

ئۆلىمالارنى چوڭ كۆرۈپ قولىنى سۆيسە ۋە قۇچاقلاپ كۆرۈشسە ھېچقىسى يوق؛ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇلاغقا مىنىشتە ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ بېرىشى ئالىملارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك ئۈلگىسىدۇر. پەزىلەت ئەھلىگە ھۆرمەت يۈزىدىن ئورنىدىن تۇرۇش گۈزەل[3]. ئەمما، ئۇلارغا ئېگىلىش چەكلىنىدۇ.

* مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى، نەپسىنى ۋە مېلىنى باشقىلارنىڭ زۇلمىدىن قوغداش، قېرىندىشى ئۈچۈن كۈرىشىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش؛

يامانلىق قىلىدىغان كىشى بىلەن سىنالسا، ئۇنىڭغا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش؛ بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىر ھەدىس كەلگەن[4].

[1] ئەھمەد (12474)؛ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى، سەنەدى ھەسەن» دېگەن. ئالبانىيمۇ: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 525) «جىمى يوللىرىنى جەملىگەندە سەھىھ، ھېچ بولمىسا ھەسەن» دېگەن.

[2] بەززار (2003)؛ خەرائىتىي (909)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (8052)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (671)، «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (7672). ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئىراقىي، ھەيسەمىي ۋە ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە (2385): «زەئىپ، مۇنكەر» دېگەن.

[3] بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (946)؛ تىرمىزىي (2755). ئەنەس رەزىيەللاھىي ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: «ئۇلار (ئەسھابى كىرام) ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنى كۆرۈشتىنمۇ سۆيۈملۈك ئىش يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ زاتنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇ زاتنى كۆرگەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشمايتتى».

[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6032)؛ مۇسلىم (2591). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، «بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە ئىجازەت ئالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرگەن چېغىدا: ‹بۇ قەبىلىنىڭ ماۋۇ ئادىمى نېمىدېگەن ئوسال! بۇ قەبىلىنىڭ ماۋۇ ئوغلى نېمىدېگەن ئوسال!› دېدى. ئۇ ئادەم كىرىپ ئولتۇرغان چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئوچۇق چىراي كۆتۈۋېلىپ قىزغىن

مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىييە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىر چىقىش يولى ئاتا قىلمىغۇچە، مەجبۇرەن ئارىلىشىپ ئۆتۈلىدىغان بىر يامان كىشى بىلەن ياخشىلىقچە ئارىلىشىپ ئۆتمىگەن كىشى ئاقىل ھېسابلانمايدۇ»[1].

* بالىلار بىلەن ئارىلىشىشتىن ساقلىنىش، مىسكىنلەر بىلەن ئارىلىشىش ۋە يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىش؛

* كېسەللەرنى يوقلاش؛

كېسەل يوقلىغۇچىنىڭ ئەدەبلىرى بولسا قولىنى كېسەلگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ «كېسىلىڭىز قانداقراق؟» دەپ سوراش، كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرماسلىق، ئەدەبلىك / يۇمشاق بولۇش، كېسەلنىڭ ساقىيىشىغا دۇئا قىلىش ۋە ئەۋرەت جايلارغا قارىماسلىق.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىش كېسەل كىشى ئۈچۈن مۇستەھەبتۇر: ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ ئۆز تېنىدە ھېس قىلىدىغان بىر ئاغرىقنى شىكايەت قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «قولۇڭنى ئاغرىيدىغان يېرىڭگە قويغىن ۋە ئۈچ قېتىم ‹بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن)› دېگىن! يەتتە قېتىم ‹أَعُوذُ بِاللَّهِ وَقُدْرَتِهِ مِنْ شَرِّ مَا أَجِدُ وَأُحَاذِرُ / ئاللاھنىڭ غالىبلىقى ۋە قۇدرىتىگە سىغىنىپ مەن دەردىنى تارتىۋاتقان ۋە ئەنسىرەۋاتقان كېسەللىكنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ سورايمەن› دېگىن» دېدى[2].

* كېسەل كىشىنىڭ ئەدەبلىرى بولسا: چىرايلىق رەۋىشتە سەبىر قىلىش، پەرياد ۋە نالە - زارنى ئاز، دۇئانى كۆپ قىلىش ۋە ئۆزىنى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا تاپشۇرۇش قاتارلىقلاردۇر.

---

كۆرۈشتى. ئۇ ئادەم كەتكەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— يا رەسۇلەللاھ! ئۇ ئادەمنى كۆرگەن چاغلىرىدا مۇنداق، مۇنداق دېۋىدىلە، كېيىن ئۇنى ئوچۇق چىراي كۆتۈۋېلىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتىلىغۇ؟! — دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ:

— ئى ئائىشە! مېنى قاچان بەدئەخلاق كۆرۈپ باققان ئىدىڭىز؟ قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يامان ھالغا قالىدىغان ئادەم ئۇسال ئىشلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىشىلەر نېرى تۇرغان ئادەمدۇر، — دېدى».

[1] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىلىيەتۇل ئەۋلىيائ»، 175/3.
[2] مۇسلىم (2202).

* ئۆلسە جىنازىلىرىنى ئۇزىتىش ۋە قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش. جىنازىلارنى ئۇزىتىشتىن مەقسەت: مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىشتۇر.

ئەئمەش — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — مۇنداق دېگەن: «بىز جىنازىلارغا قاتنىشاتتۇق ۋە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قايغۇغا چۆككەنلىكتىن قايسىبىرىنىڭ جىنازە ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تېپىپ تەسەللى بېرىش قىيىن بولاتتى».

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن مەقسەت: دۇئا قىلىش، ئىبرەت ئېلىش ۋە قەلبنى يۇمشىتىشتۇر.

جىنازىنى ئۇزىتىش ئەدەبلىرى بولسا: ياياق مېڭىش، دائىما خۇشۇئ ئىچىدە بولۇش، جىم مېڭىش، مېيىت ھەققىدە ئويلىنىش، ئۆلۈمنى ئەسلەش ۋە ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش قاتارلىقلار.

### قوشنىنىڭ ھەقلىرى

بىلگىنكى، قوشنىدارچىلىقنىڭ ئىسلامىي قېرىنداشلىقتىن ئارتۇق يەنە بىر ھەققى بولىدۇ. شۇڭا، قوشنا ھەرقانداق بىر مۇسۇلماندىن زىيادىرەك ھەققە ئىگىدۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈچ تۈرلۈك قوشنا بار: بىرىنچى تۈرلۈك قوشنىنىڭ بىر ھەققى، ئىككىنچى تۈرلۈك قوشنىنىڭ ئىككى ھەققى، ئۈچىنچى تۈرلۈك قوشنىنىڭ ئۈچ ھەققى باردۇر.

ئۈچ ھەققى بار قوشنا: ھەم تۇغقان، ھەم مۇسۇلمان قوشنا بولۇپ، ئۇنىڭ دىنداشلىق ۋە تۇغقانچىلىق ھەققىدىن باشقا قوشنىدارچىلىق ھەققى بولىدۇ؛

ئىككى ھەققى بار قوشنا بولسا، مۇسۇلمان قوشنا بولۇپ، ئۇنىڭ دىنداشلىق ھەققى بىلەن بىرگە قوشنىدارچىلىق ھەققى بولىدۇ؛

بىرلا ھەققى بار قوشنا بولسا مۇشرىك قوشنىدۇر»[1].

بىلگىنكى، قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى پەقەت قوشنىسىغا ئەزىيەت بېرىشتىن توختاشلا ئەمەس، بەلكى قوشنىنىڭ ئەزىيەتلىرىنى كۆتۈرۈش، مۇلايىم بولۇش ۋە ياخشىلىقنى باشتا قىلىشتۇر. قوشنىسىغا باشتا سالام قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن بەك ئۇزۇن پاراڭلاشماسلىق، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، مۇسىبەتكە ئۇچرىسا تەسەللى بېرىش، خۇشاللىق يەتسە تەبرىكلەش، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش،

[1] خەرائىتىي (227)؛ بەيھەقىي (9113). ئىراقىي ۋە ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 3493): «زەئىپ» دېگەن.

ھويلىسىغا قارىماسلىق، بادرا - ياغاچلارنى تېمىغا ئارتماسلىق، قوشنىنىڭ نوسىغا سۇ تۆكۈپ، ھويلىسىغا توپا تاشلاپ بىئارام قىلماسلىق، ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغان نەرسىلەرگە تەكرار قارىماسلىق، ئېچىلىپ قالغان ئەيىب - قۇسۇرلىرىنى يېپىش، قوشنىنىڭ ئۆيىدە قىلغان پارىڭىغا قۇلاق سالماسلىق، قىز / ئايالىغا قارىماسلىق ۋە سەپەرگە چىقىپ كەتسە، ئەھلىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش قاتارلىقلار قوشنىدارچىلىقنىڭ ئەدەبلىرىدۇر.

## يېقىن تۇغقانلار ۋە تۇغقانچىلىق ھەقلىرى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇكى: «رەھىم (تۇغقانچىلىق) رىشتى ئەرشكە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ: › مېنى ئۇلىغاننى ئاللاھ ئۇلىغاي، مېنى ئۈزۈۋەتكەننى ئاللاھ ئۈزۈۋەتكەي ‹ دەيدۇ»[1].

ئىمام بۇخارىيلا كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تەڭگەتەڭ يوقلاپ تۇرغۇچى تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرغان ھېسابلانمايدۇ. تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى دېگەن باشقىلار تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن رىشتىنى ئۇلىغان ئادەمدۇر»[2].

ئىمام مۇسلىملا كەلتۈرگەن باشقا بىر ھەدىستە: «بىر كىشى:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىم بار، مەن ئۇلارغا سىلە - رەھىم قىلسام، ئۇلار مەن بىلەن ئالاقىنى ئۈزىدۇ؛ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلسام، ئۇلار ماڭا قوپاللىق قىلىدۇ، — دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ:

— ئەگەر ھەقىقەتەن راستچىل بولساڭ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قىزىق كۈل ئاتقان (ئۇلارنى قاتتىق ئوسال قىلىپ، يۈزىنى قىزارتقان) بولىسەن. سەن بۇلارنى داۋاملاشتۇرۇدىغانلا بولساڭ، ئاللاھ تەرىپىدىن بىر قوغدىغۇچى سەن بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇپ سېنى ئۇلاردىن قوغدايدۇ، — دېدى»[3]. دېمەك، ئۇنداق تۇغقانغا قارشى ئاللاھ ياردەم بېرىدۇ، خۇددى يۈزىگە قىزىق كۈل چېچىلغان كىشى گەپتىن توختىغاندەك، ئۇلارنىڭ تۇغقانچىلىق يۈزىدىن قىلغان - ئەتكەنلىرى رەت قىلىنىدۇ.

[1] مۇسلىم (2555). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.
[2] بۇخارىي (5991). ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.
[3] مۇسلىم (2558). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

سىلە - رەھىم، ئاتا - ئانىنىڭ ھەقلىرى ۋە (بولۇپمۇ) ئانىنىڭ ھەققىنىڭ تەكىتلىنىدىغانلىقى توغرىلىق كۆپلىگەن مەشھۇر ھەدىسلەر بار.

## بالىلارنىڭ ھەقلىرى

بىلگىنكى، ئىنسان تەبىئىتى بالىغا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش توغرۇلۇق كۆچەپ تەۋسىيەدە بولۇش بىھاجەت. لېكىن، بەزىدە ئاتىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتى غالىب كېلىپ، بالىغا ئىلىم ۋە ئەدەب ئۆگىتىشكە سەل قاراپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[66/«تەھرىم»: 6].

مۇفەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ﴿ئۆزۈڭلارنى، بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار!﴾ دېگەن بۆلەكنى: «ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار ۋە ئەدەب ئۆگىتىڭلار» دەپ تەفسىر قىلغان. دادا بالىسىغا چىرايلىق ئىسىم قويۇشى، ئەقىقىسىنى[1] قىلىشى، يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇشى، خەتنە قىلىشى ۋە بالاغەتكە يەتسە توينى قىلىپ قويۇشى كېرەك.

## قۇل - دېدەكلەرنىڭ ھەقلىرى

قۇلغا تاماق بېرىش، كىيىم كىيدۈرۈش، تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا سالماسلىق، پەس كۆرمەسلىك، خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىش. قۇل بىرەر خاتانى سادىر قىلغاندا ئۆز خاتالىرىنى ئەسلەپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا قۇلنى ئەپۇ قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

[1] ئەقىقە (الْعَقِيْقَةُ): ئائىلە ئىگىسى پەرزەنت يۈزى كۆرگەندە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن قىلىدىغان سۈننەت قۇربانلىقتىن ئىبارەت. بۇ قۇربانلىقنى بوۋاققا ئىسىم قويۇش، چېچىنى چۈشۈرۈش ۋە سەدىقە بېرىشنى بىرلەن بىرگە يەتتىنچى كۈنى قىلىش مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يېڭى تۇغۇلغان ھەرقانداق ئوغۇل بالا (قىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش) ئۆز ئەقىقەسى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتتىنچى كۈنى مال سويۇلۇپ، چېچى چۈشۈرۈلۈپ، ئىسمى قويۇلىدۇ»«ئىبنى ماجە»، 3165. قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا: «مُعْجَمُ مُصْطَلَحَاتِ الْعُلُومِ الشَّرِعِيَّةِ (شەرئىي ئىلىملەر ئاتالغۇلىرى قامۇسى)»، 1130 - بەت، «پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىلىم ۋە تېخنىكا شەھەرچىسى»، رىياد، م. 2017.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!

## يالغۇز ياشاشنىڭ ئەدەبلىرى

ئالىملار: «كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ئەۋزەلمۇ ياكى يالغۇز ياشاشمۇ؟» دېگەن تېمىدا بىرلىككە كېلەلىگەن ئەمەس. دەرۋەقە ئىككىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا پايدا ۋە زىيانلىرى باردۇر. كۆپىنچە زاھىدلار يالغۇز ياشاشنى ئەۋزەل بىلگەن. سۇفيان سەۋرىي، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، داۋۇد ئەتتائىي، فۇزەيل، بىشر ئەلھافىي قاتارلىق ئالىملار يالغۇز ياشاشنى ئەۋزەل، دەپ قارىغانلاردىندۇر.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، شۇرەيھ، شەئبىي ۋە ئىبنى مۇبارەكلەر كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى مۇستەھەب، دەپ قارىغانلاردۇر. ھەر ئىككى گۇرۇھ ئالىملارنىڭ ئۆز قاراشلىرىغا دەلىللىرى بار. شۇ دەلىللەرگە ئىشارە قىلىدىغان بولساق: يالغۇز ياشاش ئەۋزەل دېگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى: «سەھىھەين»دىكى مۇنۇ ھەدىستۇر:

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەرنىڭ ياخشىسى كىمدۇر؟ — دېيىلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى ۋە بىر تاغدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغان، كىشىلەرگە يامانلىقى يەتمەيدىغان كىشىدۇر، — دېدى[1].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«مەن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نىجاتلىق نېمىدۇر؟ — دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— تىلىڭغا ئىگە بولغىن، ئۆيۈڭدىرەك بولغىن ۋە خاتالىقىڭغا يىغلىغىن (مانا بۇ نىجاتلىق)، — دېدى»[2].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «خالايىقتىن يىراقلىشىپ يالغۇزلۇقتىن

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6494)؛ مۇسلىم (1888). ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (22289)؛ تىرمىزىي (2406). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 1392) «سەھىھ» دېگەن.

نېسۋەڭلارنى ئېلىڭلار» دېگەن[1].

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ‹تاكى ئاللاھ تائالاغا ئۇچراشقىنىمغا قەدەر، ئۆزۈم بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تۆمۈردىن بىر ئىشىك بولسا، مەن ئۇلارغا سۆزلىمىسەم، ئۇلارمۇ ماڭا سۆزلىمىسە› دېگەننى ئارزۇ قىلىپ قالدىم» دېگەن[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: «ئاسمان ئەھلىگە تونۇلغان ۋە زېمىن ئەھلىگە بىلىنمىگەن ئىلىمنىڭ بۇلاقلىرى، كېچىنىڭ چىراغلىرى، ئۆيلەرنىڭ بىساتلىرى (ئۆيدە ئولتۇرىدىغان)، قەلبلەرنىڭ يېڭىلىرى (ئىبادەت قىلىشتا چارچىمايدىغان) ۋە كىيىملەرنىڭ كونىلىرى (باشقىلار پەرۋا قىلمايدىغان كىشىلەر) بولۇڭلار»[3].

ئەبۇددەرداگ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۆزىنىڭ ئۆيى بولۇشى نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ئۇ ئۆيدە تىلىنى، ئەۋرىتىنى، كۆزىنى ھارامدىن ساقلايدۇ. بازار - رەستىلەردىكى ئورۇندۇقلاردىن ساقلىنىڭلار، ئۇ ئورۇندۇقلار ئىنسانىنى گاھ مەشغۇل قىلىدۇ، گاھ بىكارچى قىلىدۇ»[4].

داۋۇد ئەتتائىي رەھىمەھۇللاھ: «كىشىلەردىن شىردىن قاچقانىدەك قاچقىن» دېگەن[5].

ئەبۇ مۇھەلھىل مۇنداق دېگەن: «سۇفيان سەۋري مېنى قولۇمدىن تۇتۇپ بىر مازارغا ئېلىپ باردى، ئاندىن بىز بىر تەرەپكە قايرىلدۇق، سۇفيان سەۋري يىغلىدى ۋە: ‹ئى ئەبۇ مۇھەلھىل! قولۇڭدىن كەلسە، زامانداشلىرىڭدىن ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئۆتكىن، سېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىڭ ئۆزۈڭنى تۈزەش بولسۇن› دېدى»[6].

«كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ياشاش ئەۋزەل» دېگەن قاراشنى تاللىغانلارنىڭ دەلىلى بولسا: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۆزىدۇر: «كىشىلەرگە ئارىلىشىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەبىر قىلىدىغان مۇئمىن

---

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (11)؛ ئىبنى ئەبى ئاسىم: «ئەززۇھد»، (84). سەنەدى زەئىپ.
[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەلئۇزلە»، (57).
[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (137).
[4] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (25).
[5] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (38).
[6] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (31).

كىشىلەرگە ئازابلاشمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەبىر قىلمايدىغان مۇئمىندىن ياخشىدۇر»[1].

ئۇلار بۇنىڭغا قاملاشمىغان تەرىقىدە دەلىللەرنى كەلتۈرۈپمۇ باققان. شۇ دەلىللەردىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى: ﴿روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾«ئال ئىمران»: 3/105.

ئۇ قاراشقا بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىشمۇ ئورۇنسىز. چۈنكى، بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى: شەرىئەتنىڭ ئاساسىدا مەزھەب ۋە ھەرخىل قاراشلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشتۇر. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ»[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ ۋە خالايىقتىن ئايرىلىپ يەككە - يالغۇز بولۇۋېلىش «پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ دەلىل ھەم زەئىپتۇر. چۈنكى، بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغىنى: مۇسۇلمان قېرىندىشىغا گەپ قىلماسلىق، سالام قىلماسلىق ۋە ئادەتلىنىپ كەلگەن ئارىلىشىشنى تەرك ئېتىشتۇر.

## يالغۇزلۇقنىڭ پايدىلىرى، ئاپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھەقنى ئاشكارا قىلىش

بىلگىنكى، كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىختىلاپى تويي قىلىش ياكى بويتاق يۈرۈشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ئىختىلاپىغا ئوخشايدۇ. بىز تويي قىلىش ياكى بويتاق ياشاشنىڭ كىشىگە ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق. بىزنىڭچە كىشىلەردىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاش ياكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەۋۋەلا يالغۇز ياشاشنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە توختىلايلى. بۇنىڭ ئالتە پايدىسى باردۇر:

بىرىنچى پايدا: ئىبادەتكە مەركەزلىشىش، ئاللاھ تائالاغا تىۋىنىش بىلەن يېقىنلىشىش. چۈنكى، بۇ ئىشلار بوش ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسا، بوش ۋاقىت چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، يالغۇزلۇق ئەڭ باشتا بوش ۋاقىتنى زىيادە قىلىدۇ.

---

[1] ئەھمەد، (5022)؛ تىرمىزىي (2507)؛ ئىبنى ماجە (4032). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6651) «سەھىھ» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6064)؛ مۇسلىم (2563) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

بەزى ھۆكۈمالارغا: «زاھىدلىق ۋە خىلۋەت جاي كىشىلەرنى نېمىگە ئېلىپ بارىدۇ؟» دېيىلگەندى، ئۇلار: «ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششقا» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇۋەيس ئەلقەرنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەرۋەردىگارىنى تونۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن باشقىغا يېقىنلاشقان كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم» دېگەن.

بىلگىنكى، بىر كىشى ئاللاھنى داۋاملىق زىكىر قىلىش بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە داۋاملىق تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانى تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇيەسسەر بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش بىلەن مەشغۇل بولغىنىدىن ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئاللاھنى تونۇشقا بېرىلىشى ئەۋزەلدۇر.

ئىككىنچى پايدا: تولا چاغدا خالايىققا ئارىلىشىش سەۋەبلىك ئۇچرايدىغان گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن يالغۇز ياشاش ئارقىلىق قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئۇ گۇناھ - مەئسىيەتلەر تۆتتۇر:

1) غەيۋەت؛ كىشىلەر ئادەتتە باشقىلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ئويۇن - چاقچاق ۋە قىزىق پاراڭ ئوبيېكتى قىلىۋالىدۇ. ئەگەر بىر كىشى كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئۇلارنىڭ غەيۋەت قىلىشلىرىغا قوشۇلسا، گۇناھكار بولىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر غەيۋەتكە قوشۇلماي سۈكۈت قىلسىمۇ گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، غەيۋەتكە قۇلاق سالغۇچىمۇ غەيۋەت قىلغۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ قىلغان غەيۋىتىنى ئىنكار قىلساڭ، ئۇلار سېنى يامان كۆرىدۇ ۋە سېنىڭمۇ غەيۋىتىڭنى قىلىپ غەيۋەت ئۈستىگە غەيۋەت بولىدۇ. بەزىدە تىللاشقا چۈشىدۇ.

2) ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش؛ خالايىققا ئارىلاشقان كىشى مۇنكەر ئىشلارنى كۆرۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇنكەر ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىنكار قىلماي سۈكۈت قىلسا، ئاللاھقا ئاسىي بولىدۇ. ئەگەر مۇنكەر ئىشلارنى ئىنكار قىلسا، تۈرلۈك زىيانلارغا ئۇچرايدۇ. دېمەك، كىشىلەرگە ئارىلاشماي تەنھا ياشىغۇچى بۇ گۇناھلاردىن سالامەت قالىدۇ.

3) رىيا؛ رىياخورلۇق بولسا ساقلىنىش تەس ۋە داۋالاش قىيىن بىر كېسەلدۇر. كىشىلەرگە ئارىلاشقاندا تۇنجى بولۇپ ئۇلارغا سېغىنىش ئىزھار قىلىنىدۇ. ئۇ سېغىنىشنى ئەسلى پېتىچە سۆزلىسۇن ياكى كۆپتۈرۈپ سۆزلىسۇن، يالغانچىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. سەلەف سالىھلەر «قانداق تاڭ ئاتقۇزدۇڭ؟ قانداق كەچ قىلدىڭ؟» دەپ سورىغۇچىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىشتىن (يالغانچىلىق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ) قورقاتتى. ئۇلاردىن بىرىگە:

— قانداق تاڭ ئاتقۇزدىڭىز؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دېيىلگەندى، ئۇ جاۋاب

بېرىپ:

— ئاجىز ۋە گۇناھكار ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇق، رىزقىمىزنى يەيمىز ۋە ئەجىلىمىزنى كۈتۈۋاتىمىز، — دېدى.

بىلگىنكى، ئەھۋال سورىغۇچىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن: «تىج قوپاپسىلەمۇ؟» دەپ سورىشى ئۇنىڭغا مېھىر - شەپقىتى ۋە ياخشى كۆرۈشىدىن بولمىسا، بۇنداق سوراش ياسالمىلىق ۋە رىيا بولىدۇ. قەلبىدە يوقالماس ئۆچمەنلىك تۇرۇپ، «ئەھۋالى يامان بولسىكەن» دېگەن نىيەتتە ئەھۋال سورىشىمۇ مۇمكىن. يالغۇز ياشاشتا بۇ ئىشلاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بىر كىشى خەلق بىلەن ئۇچراشسا ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا، خەلق ئۇنى يامان كۆرىدۇ، ئۇنى يۈك ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ دىنى كېتىدۇ. غەيۋەت قىلىنغۇچىمۇ ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش يولىدا دىنى ۋە دۇنيالىقىدىن ئايرىلىدۇ.

4) ئىنسان تەبىئىتىنىڭ باشقىلارنىڭ ناچار ئەخلاقلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇشى. بۇ بولسا غەپلەتتە قالغانلارلا ئەمەس، بەلكى ئەقىللىق كىشىلەرمۇ دىققەت قىلىپ بولالمايدىغان يوشۇرۇن كېسەلدۇر. بىر كىشى پاسىق بىلەن بىر مۇددەت — ئۇنى كۆڭلىدە ئىنكار قىلسىمۇ — بىرگە ئولتۇرسا ۋە شۇ ھالىتىنى پاسىق بىلەن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسا، بۇزۇقچىلىقتىن نەپرەتلىنىشتە پەرق ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، بۇزۇقچىلىققا كۆپ ئۇچرىشىش بىلەن بۇزۇقچىلىق ئىنسان تەبىئىتىگە يەڭگىل تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇزۇقچىلىقنى چوڭ گۇناھ ساناش ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى ئېغىر گۇناھ ھېس قىلىش يوقاپ كېتىدۇ. بىر كىشىنىڭ باشقىلاردىن سادىر بولغان چوڭ گۇناھلارنى ئۇزۇن مۇددەت كۆرۈشى ئۆزىدىكى كىچىك گۇناھلارنى كىچىك ساناشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭدەك بىر كىشى سەلەف سالىھلەرنىڭ زاھىدلىقى ۋە ئىبادەت قىلىش ھاللىرىنى ئويلانسا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدۇ، قىلغان ئىبادەتلىرىنى كىچىك ھېسابلايدۇ ۋە بۇ ھالەت ئىبادەت قىلىشتا تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ نازۇك بايان: «سالىھلار تىلغا ئېلىنغاندا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ سىرىنى نامايان قىلغۇسى. بىر ئىش تەكرارلانغانسېرى ياكى كۆرۈلۈۋەرسە نورماللىشىپ قالىدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر رامازان ئېيىدا روزا تۇتمىغان بىر مۇسۇلماننى كۆرسە، بۇنى ناھايىتى چوڭ گۇناھ ھېسابلايدۇ. ھەتتا ئۇ مۇسۇلماننىڭ كافىرلىقىغا جەزم قىلغىلى تاس قالىدۇ. لېكىن، نامازنى قازا قىلىدىغان كىشىنى كۆرسە — بىر ۋاخ نامازنى تەرك ئېتىش ئىنساننى كۇپرىغا چىقىرىدىغان تۇرۇپ — ئۇنداق كىشىدىن روزىسىنى قازا قىلغان كىشىدىن نەپرەتلەنگەندەك نەپرەتلەنمەيدۇ.

بۇنىڭ پەقەت بىر سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ ناماز ھەركىتىنى تەكرارلىنىدۇ، شۇڭا نامازغا كۆپرەك سەل قاراپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر بىر پەقىر بىرەر يىپەك لىباس كىيسە ياكى ئالتۇن ئۈزۈك تاقسا، كىشىلەر ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىشىدۇ ـ يۇ، بىرەر پەقىر ئالىمنى غەيۋەت قىلغان ھالدا كۆرسىمۇ بۇنى چوڭ گۇناھ بىلىپ كەتمەيدۇ. ھالبۇكى غەيۋەتخورلۇق يىپەك كىيىم كىيىشتىن قاتتىقراق گۇناھتۇر. لېكىن، غەيۋەتنى كۆپ ئاڭلاش ۋە غەيۋەتخورلارنى تولا كۆرۈش سەۋەبلىك بۇ گۇناھنىڭ تەسىرى قەلبتىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. سەن بۇ نازۇك مەسىلىلەرنى چۈشەنگىن ۋە كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتىن ئېھتىيات قىلغىن. چۈنكى، كۆرىدىغىنىڭ دۇنياغا ھېرىسمەنلىك ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قېلىشنى ئاشۇرىدىغان نەرسىلەرلا بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە گۇناھ ئۆتكۈزۈشۈڭ ئاسانلىشىپ، تائەت ـ ئىبادەت رىغبىتىڭ ئاجىزلايدۇ. ئەگەر سەن ئاللاھ زىكرى قىلىنىدىغان بىر جاينى تاپساڭ، ئۇ جايدىن ئايرىلمىغىن، چۈنكى ئۇ جاي مۇئمىن ئۈچۈن غەنىيمەتتۇر.

ئۈچىنچى پايدا: پىتنە ۋە دۈشمەنلىشىشلەردىن قۇتۇلۇش، دىنىنى ئادەۋەتخورلۇق ۋە پاساتچىلىقتا چۈشۈشتىن ساقلاش. چۈنكى، ھېچبىر شەھەرنىڭ ئاھالىسى تەرەپبازلىق ۋە دۈشمەنلىشىشلەردىن خالىي بولالمايدۇ. يالغۇز ياشىغۇچى بۇ ئىشلاردىن نېرى قالىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىتنىلەرنى تىلغا ئالدى ۋە ئۇنى سۈپەتلەپ: «كىشىلەرنى ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلمىغان، ئامانەتلەرنى قايتۇرۇشتا ئاجىزلاشقان، ئۇلارنى مۇشۇنداق (ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان) ھالەتتە كۆرسەڭ» دەپ بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈردى. رىۋايەت قىلغۇچى (ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) ئېيتىدۇ: «مەن:

— شۇ زاماندا مېنى نېمىگە بۇيرۇيدىلا؟ — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن، تىلىڭغا ئىگە بولغىن، توغرا دەپ بىلگىنىڭگە ئەمەل قىلغىن، خاتا دەپ بىلگىنىڭنى تەرك ئەتكىن، ئۆز ئىشىڭغا بېرىلگىن ۋە ئومۇمنىڭ ئىشىدىن يىراقلاشقىن، — دېدى»[1]. بۇنىڭغا مەنىداش باشقا ھەدىسلەرمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

تۆتىنچى پايدا: كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇش. چۈنكى، كىشىلەر بەزىدە غەيۋەت، بەزىدە چېقىمچىلىق بىلەن، بەزىدە گۇمانخورلۇق، بەزىدە قۇرۇق تۆھمەت

[1] ئەھمەد (6987)؛ ئەبۇ داۋۇد (4343)؛ ئىبنى ماجە (3957). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 564) «سەھىھ» دېگەن.

ۋە بەزىدە يالغان خۇشامەت بىلەن باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىدۇ. كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئۆتكەن كىشى ھەسەت، دۈشمەنلىك، ھەتتا ئۆز تونۇشلىرىدىن كېلىدىغان تۈرلۈك يامانلىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. يالغۇز ياشاش بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شائىر مۇنداق دېگەن:

*دۈشمەننىڭ چىقۇر دوستلار ئىچىدىن،*
*ئاگاھ بول، بولمىغاي دوستۇڭ زىيادە.*
*چۈنكى سەن يولۇققان كېسەلنىڭ كۆپى،*
*باغلىقتۇر يېگەن ئىچكەن نەرسەڭگە.*

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقان: «كىشىلەردىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاش يامان ھەمراھلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ»[1]. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم رەھىمەھۇللاھ ئېيتقان: «تونۇمايدىغان كىشىنى تونۇشقا تىرىشما، تونۇيدىغان كىشىنى تونۇماس بولغىن».

بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىنداشىغا:

ــ ساڭا ھەجدە ھەمراھ بولايمۇ؟ ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ ياق، بىز ئالالاھنىڭ پەردىسى ئىچىدە ياشايلى، چۈنكى بىز بىر - بىرىمىزدىن ئۆزئارا يامان كۆرۈشكە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورقىمىز، ــ دېدى.

يالغۇز ياشاشنىڭ باشقا بىر پايدىسى: دىن، ئادەمگەرچىلىك ۋە باشقا تەرەپلەر - دىكى ئەيىبلەر يوشۇرۇن قالىدۇ.

بەشىنچى پايدا: كىشىلەرنىڭ سەندىن ۋە سېنىڭ كىشىلەردىن تەمەدە بولۇشۇڭنى ئۈزۈپ تاشلاش.

كىشىلەر دائىما مەمنۇن بولۇشنى خاھلايدۇ. ھالبۇكى، ھەممىنى رازى قىلىش يېتىپ بولماس بىر غايىدۇر. يالغۇز ياشاش ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈن ۋە بەزمە - باراۋەتلىرىگە قاتنىششىنى كۈتۈش ۋە باشقا ئارزۇلىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

دەپتۇرلەركى: «ھەممە خالايىقنى بىردەك مەھرۇم قالدۇرغان / ھېچكىمگە ئۈمىد بەرمىگەن كىشىدىن ھەممە رازى بولىدۇ».

سېنىڭ باشقىلاردىن تەمەيىڭگە كەلسەك: دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە قارىغان

[1] ئىبنى ئەبى ئاسىم: «ئەززۇھد»، (85).

كىشىنىڭ قىزىقىشى قوزغىلىدۇ، قىزىقىش كۈچى تەمە / ئىستەكنى قوزغايدۇ ۋە ئۇ كىشى كۆپىنچە تەمە قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى كۆرگەندە ئەزىيەت چېكىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېئمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ فانىي نېئمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر﴾«تاھا»: 131/20. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(پۇل مال ۋە يارىتىلىش جەھەتتە) ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەن كىشىلەرگە قاراڭلار، ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارىماڭلار، بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكىڭلارغا پايدىلىق»[1] دېگەن.

ئالتىنچى پايدا: ئەقىلسىز، ئەخمەق كىشىلەرنى كۆرۈشتىن ۋە ئۇلارنىڭ يامان خۇلقلىرىغا ئۇچراشتىن قۇتۇلۇش. ئىنسان ئەقىلسىز كىشىدىن ئەزىيەت چەكسە، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ. نادانىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە ئۇچرىغۇچى، ئەينى ئەزىيەت بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ، ئاقىۋەت ئىش دىنىنىڭ بۇزۇلۇشىغا بارىدۇ. تەركى دۇنيالىقتا بولسا، بۇنىڭدىن پارىغ بولغىلى بولىدۇ.

## يالغۇز ياشاشنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە

بىلگىنكى، دىنىي ۋە دۇنياۋى مەقسەتلەرنىڭ بەزىسىگە باشقىلاردىن ياردەم سوراش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ بولسا كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ.

ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە مەنپەئەتكە ئېرىشىش، تەربىيە بېرىش ۋە تەربىيە ئېلىش، دوست بولۇش ۋە دوستلۇقنى ھېس قىلدۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن ساۋابقا ئېرىشىش، كەمتەرلىككە ئادەتلىنىش، بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تەجرىبىلەردىن پايدا ئېلىش ۋە ئىبرەت ئېلىش قاتارلىقلار كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشنىڭ پايدىلىرىدىن بولۇپ، تۆۋەندە بۇلارنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى پايدا: ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىش؛ بۇنىڭ پەزىلىتىنى ئىلىمنىڭ بۆلۈمىدە بايان قىلدۇق. ئۆزىگە پەرز بولغان ئىلىمنى ئۆگەنگەن كىشى «باشقا ئىلىملەرگە مەركەزلىشىشىم ئاسان ئەمەس، ئىبادەتكە مەركەزلىشەي» دەپ

[1] مۇسلىم (2963). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. بۇخارىي رىۋايىتى (6490) مۇ مۇشۇ مەزمۇندىدۇر.

قارىسا، ئىبادەت قىلىشقا بېرىلسۇن. ئەگەر شەرىئەت ئىلىملىرىدە ۋايىغا يېتىش قابىلىيىتى بار كىشى ئىلىم ئۆگىنىشتىن بۇرۇن كىشىلەردىن ئايرىلىۋېلىپ يالغۇز ياشىسا، بۇ ئاپەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەبىيئ ئىبنى خۇسەيم رەھىمەھۇللاھ: «دىنىي ئىلىملەرنى ئىگىلىگىن! ئاندىن كىشىلەردىن ئايرىلغىن»[1] دېگەن. ئىلىم بولسا دىنىنىڭ ئاساسىدۇر، ئاۋام خەلقتىن ئايرىلىپ ياشاشتا (ئىلىم خۇسۇسىدا) ياخشىلىق يوقتۇر.

بىر ئالىم زاتتىن: «بىلىمسىز كىشىنىڭ كىشىلەرنى تاشلاپ يالغۇز بولۇۋېلىشىغا نېمە دەيسىز؟» دەپ سورالغانىدى، ئالىم جاۋابەن: «ئاپەت ۋە پالاكەتتۇر» دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئالىمنىڭكىچۇ؟» دېيىلگەنىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «يوقاپ كەتكەن تۆگە بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ؟ ئۇ تۆگىنىڭ سۇ قاچىسى ۋە تۇيىقى ئۆزى بىلەن بىللە تۇرسا، ئىگىسى ئۇنى تېپىۋالغۇچە سۇ بار يەرگە كېلىپ دەل-دەرەخلەردىن يەپ يۈرمەمدۇ؟» دېدى[2].

ئىلىم ئۆگىنىشكە كەلسەك: نىيەت توغرا بولسا، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ساۋابى بۈيۈكتۇر. قاچانكى، ئىلىم ئۆگىنىشتىن مەقسەت يۈز - ئابرۇي تىكلەش ۋە ئەگەشكۈچىلەرنى كۆپەيتىش بولسا، ئۇنداق ئىلىم ئۆگىنىش دىنىنىڭ ھالاكىتىدۇر. بۇ ھەقتە ئىلىم بۆلۈمىدە سۆزلەندى. زامانىمىزدا كۆپىنچە ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ مەقسىتى يامان بولۇپ قالدى. دىنىنىڭ مەقسىتى ئىلىم ئۆگەنگۈچىنى ناچار كىشىلەردىن ئايرىشتۇر. ئەگەر ئىلىم ئۆگەتكۈچى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان ۋە ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەيدىغان تالىبۇل ئىلىمگە يولۇقسا، ئۇنىڭ تەنھا ياشىشى دۇرۇس ئەمەس ۋە ئىلىمنى يوشۇرۇش ھارامدۇر.

«ئىلىمنى ئاللاھ رىزاسىدىن باشقا نەرسە ئۈچۈن ئۆگەنگەنىدۇق، لېكىن ئىلىم پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈنلا بولۇشقا ئۇنىدى» دېگەن كىشىنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، بۇنى دېگۈچى ئەسلىدە قۇرئان ئىلمى،

[1] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (433)؛ ئىمام خەتتابىي: «ئەلئۇزلە»، (42).
[2] بۇ يەردە «ئالىمنىڭ كىشىلەردىن ئايرىلىۋېلىشى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرگۈچى ئالىم «سەھىھۇلبۇخارىي» 2372 - ھەدىستە كەلگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «تۆگىنىڭ يوقاپ كەتكىنىچۇ؟» دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابى بىلەن جاۋاب بەرگەن. يەنى: ئالىمنىڭ يالغۇز ياشىشىنى سۇ قاچىسى ۋە تۇيىقى ئۆزى بىلەن بىللە بولغان بىر تۆگىگە ئوخشاتتى. يەنى ئۇ تۆگە ئۆزى ماڭالايدۇ، زېمىندا كېزەلەيدۇ، چاڭقىسا سۇ ئىچكىلى كېلەلەيدۇ، دەرەخ غازاڭلىرىدىن يەپ، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ. تۆگە پۇتى ساق ۋە سۇ تۇلۇمى يېنىدا بار ھالەتتە سەپەر قىلغان بىر كىشىگە ئوخشىتىلدى. شۇنىڭدەك ئالىم كىشى كىشىلەردىن ئايرىلىپ يالغۇز تۇرسا، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ۋە يامانلىققا بۇيرۇيدىغان نەپسىدىن ئەمىن بولالايدۇ.

ھەدىس ئىلمى، پەيغەمبەر ۋە ساھابەلەرنى تونۇش ئىلمىگە ئىشارەت قىلدى، بۇ ئىلىملەر قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم يەنە ئاللاھ قورقۇسىنى قوزغاشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئىلىملەر دەرھال تەسىر قىلمىسىمۇ كېيىنچە تەسىر قىلىدۇ. ئەمما، كالام ئىلمى ۋە ئىختىلاپ ئىلمىگە كەلسەك، ئۇ ئىلىملەر دۇنياغا قىزىققۇچىنى ئاللاھ تائالا تەرەپكە قايتۇرالمايدۇ. بەلكى كالام ۋە ئىختىلاپ ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەنلەر ئۆمرىنى دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىك بىلەن تاماملايدۇ.

ئىككىنچى پايدا: مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە مەنپەئەت ئېلىش؛ باشقىلاردىن مەنپەئەت ئېلىش كەسىپ قىلىش ۋە مۇئامىلە قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىشقا موھتاج بولغۇچى يالغۇز ياشاشنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇردۇر. ئەمما، يېنىدا موھتاج قىلمىغۇدەك نەرسىسى بار كىشىنىڭ يالغۇز ياشىشى ئەۋزەلدۇر. لېكىن، كىشى ساخاۋەت ئۈچۈن كەسىپ قىلماقچى بولسا، بۇ ئۇنىڭ تەنھا ياشىشىدىن ئەۋزەلدۇر. بىراق، كىشىنىڭ تەنھا ياشىشى ئاللاھ تائالانى تونۇشىغا، قۇدرىتىنى قۇرۇق پەرەز ۋە بىمەنە خىياللار بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆرۈش ۋە بايقاش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىشىغا پايدىلىق بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يالغۇز ياشىشى كەسىپ قىلىشىدىن ئەۋزەلدۇر.

باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش بولسا مېلى ياكى بەدىنى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىپ، ئۇلارغا پايدا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. كىشى ئەگەر يالغۇز ياشىسا نەپلە نامازلار ۋە بەدەنىي ئەمەللەر بىلەنلا ئۈتىدىغان كىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شەرىئەت بەلگىلىملىرىنى چەيلىمىگەن ھالدا ئۆزگىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قادىر بولالايدىغان كىشى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھاجەتلەرنى راۋا قىلىپ ئۆزگىلەرگە پايدا يەتكۈزگىنى يالغۇز بولۇۋالغىنىدىن ئەۋزەلدۇر. ئەگەر كىشى قەلبەن داۋاملىق ئەسلەش ياكى داۋاملىق تەپەككۇر قىلىشتەك ئەمەل يولى ئېچىلغان كىشى بولسا، بۇ ئەمەلگە ئەلبەتتە ھېچ ئىش تەڭ بولمايدۇ.

ئۈچىنچى پايدا: تەربىيە قىلىش ۋە تەربىيە ئېلىش؛ بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ جاپاسىغا كۆنۈش، ئەزىيەتلەرنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىش، نەپسىنى تىزگىنلەش ۋە شەھۋەتنى بويسۇندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەخلاقى تۈزەلمىگەن كىشى ئۈچۈن يالغۇز ئۆتۈشتىن ئەۋزەلدۇر.

بەئەينى ياۋا بىر ھايۋاننى كۆندۈرۈشتىن مەقسەت پەقەتلا كۆندۈرۈپ قويۇش بولمىغىنىدەك، نەپسنى كىشىلەرنىڭ جاپاسىنى كۆتۈرۈشكە كۆندۈرۈشتىن مەقسەتمۇ پەقەت كۆندۈرۈشلا ئەمەسلىكى چۈشىنىلىشى كېرەك. بەلكى مەقسەت: نەپسنى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئۇلاغ قىلىپ تۇتۇشتۇر. بەدەن بولسا ئاخىرەت

يولىنىڭ مىنەك ئۇلىغىدۇر. بۇ ئۇلاغنىڭ شەھۋەتلىرى بار بولۇپ، ئەگەر ئۇ شەھۋەتلەر يوقىتىلمىسا، ئۇ مىنگۈچىگە يولدا بويسۇنمايدۇ. بىر كىشى ئۇزۇن ۋاقىت مەشىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇزۇن ۋاقىت ھايۋاننى كۆندۈرۈپ ئۇنىڭغا مىنمىگەن كىشىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت ھايۋاننىڭ چىشلەش ۋە تېپىشىدىن قۇتۇلۇشلا بولىدۇ. ئۇمۇ بىر پايدا، لېكىن ھەقىقىي مەقسەت ئەمەس. بىر ناسارا راھىبقا: «ئى راھىب!» دېيىلگەنىدى، ئۇ: «مەن راھىب ئەمەسمەن، پەقەت چىشلىگەك ئىتمەن، مەن كىشىلەرنى چىشلىمەي دەپ ئۆزۈمنى تىزگىنلىگەن كىشىمەن» دېدى. بۇ چىشلىگەك كىشى ئۈچۈن ياخشى، لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىك كېرەك.

ئەمما، تەربىيە بېرىشكە كەلسەك، ئۇ باشقىلارنى تەربىيەلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغاندەك، ئىلىمنى تارقاتقاندا كېلىدىغان نازۇك ئاپەتلەر باشقىلارغا تەربىيە بەرگەندىمۇ كېلىدۇ.

تۆتىنچى پايدا: كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا دوستلىشىش ۋە دوستلۇقنى ھېس قىلدۇرۇش؛ بۇ خۇددى تەقۋا كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقانغا ئوخشاش مۇستەھەبتۇر. بەزىدە قەلبنى يالغۇزلۇقنىڭ غەم - قايغۇلىرىدىن راھەتلىتىش ئۈچۈنمۇ دوستلىشىش بولىدۇ. شۇڭا، يالغۇز ياشىغۇچى ۋاقتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى باشقا ۋاقتىنى زايە قىلىۋەتمەيدىغان كىشى بىلەن دوستلۇق قۇرۇش ۋە پاراڭ ئارقىلىق بېيىتسە ياخشى. لېكىن، دوست بىلەن ئۇچراشقاندا مۇمكىنقەدەر دىنىي تېمىدا پاراڭلىشىش كېرەك.

بەشىنچى پايدا: ساۋابقا ئېرىشىش ۋە ساۋابقا ئېرىشتۈرۈش؛ جىنازىغا قاتنىشىش، كېسەل يوقلاش، نىكاھ ۋە باشقا چىللاقلارغا ئىجابەت قىلىش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىششكە بولىدۇ. بۇ ئىشلاردا مۇئمىننى سۆيۈندۈرۈش يۈزىدىن ساۋاب بولىدۇ.

ساۋابقا ئېرىشتۈرۈشكە كەلسەك، تەسەللى بېرىشى ياكى تەبرىكلىشى ۋەياكى يوقلىشى ئۈچۈن كىشىلەرگە ئىشىكىنى ئېچىش ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر كىشى ئالىم بولسا ۋە كىشىلەرگە ئۆزىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسا، كىشىلەر ساۋابقا ئېرىشىدۇ. لېكىن، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ ساۋاب - زىيانلىرىنى دەڭسەپ بېقىش، ئاندىن يالغۇز ياشاش ياكى ئارىلىشىپ ياشاشتىن قايسىسى ئەۋزەل بولسا شۇنى تاللىۋېلىشى كېرەك. سەلەف سالىھلەر يالغۇز ياشاشنى تاللايتتى.

ئالتىنچى پايدا: تەۋازۇچان بولۇشتۇر؛ يالغۇز ياشىغۇچى ئاسانلىقچە كەمتەرلىككە

قادىر بولالمايدۇ. بەزىدە تەكەببۇرلۇق يالغۇز ھاياتنى تاللاشقا سەۋەب بولىدۇ، يىغىلىشلاردا ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە سورۇندا دىگەندەك كۆزگە كۆرۈنەلمەسلىك كىشىنى خالايىق بىلەن ئارىلىشىشتىن توسىدۇ. بەزىدە كىشى ئۆز نەزەرىدە ئۆزىنى ئۈستۈن ئورۇندا كۆرگەچكە، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشتىن كىبىر قىلىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ ئالامىتى: باشقىلارنىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىشىنى ياخشى كۆرۈش، لېكىن ئۆزى باشقىلارنى زىيارەت قىلىشنى ياخشى كۆرمەسلىك، دۆلەت ئەركانى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزىگە مۇشتاقلىقى، ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇشى ۋە قول - ئېتەكلىرىنى سۆيۈشىدىن خۇشال بولۇشتۇر. بۇ ۋەجدىن تەنھا ياشاش نادانلىقتۇر. چۈنكى، كەمتەرلىك بۈيۈك كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەيدۇ.

دېمەك، يالغۇز ياشاشنىڭ پايدا ۋە زىيانلىرىنى بىلگىنىڭدە، شۇنى جەزمەن كۆرۈپ يېتىسەنكى، مۇتلەق ھالدا «يالغۇز ياشاش تېخىمۇ ئەۋزەل» ياكى «خالايىق بىلەن ياشاش تېخىمۇ ئەۋزەل» دەپ ھۆكۈم قىلىش خاتادۇر. بەلكى بۇنىڭدا شەخسكە ۋە شەخسنىڭ ھالىغا، ئارىلاشقان ئادىمىگە ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا، كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە تۈرتكە بولغان سەۋەبكە ۋە ئارىلىشىپ ئۆتۈش سەۋەبلىك قولدىن كېتىدىغان پايدىلارغا قاراش ۋە ئارىلىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسە بىلەن قولدىن كەتكەن نەرسە ئارىسىنى دەڭسەپ بېقىش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ھەقىقەت ئايان بولىدۇ ۋە قايسىسىنىڭ ئەۋزەللىكى روشەنلىشىدۇ.

ئىمام شافىئىي — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئېيتقانكەن: «كىشىلەرنى يۈتۈنلەي تەرك قىلىش دۈشمەنلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بىلەن بەك يېقىن ئۆتۈشمۇ يامانلىقنى باشلاپ كېلىدۇ. شۇڭا، تەكەللۇپ بىلەن سەممىيلىك ئارىسىدا بولغىن!»[1] كىمكى بۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلسا، ئۇ كەم ئەقىل كىشىدۇر.

بۇ ھەركىمنىڭ ئۆز ئەھۋالىدىن دېرەك بېرىدىغان بىر ئۆلچەمدۇر. بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكۈمنى ئەكسىچە ئەھۋالدىكى كىشىگە بېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

## [يالغۇز ياشاشنىڭ ئەدەبلىرى]

ئەگەر «يالغۇز ياشاشنىڭ ئەدەبلىرى نېمە؟» دېيىلسە، دەيمىزكى: كىشىلەردىن ئايرىلغۇچى بۇ ئارقىلىق ئەۋۋەلا ئۆزىدىن كىشىلەرگە يەتكۈسى يامانلىقنى توختىتىشنى، ئاندىن يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئامان قېلىشنى، ئاندىن

[1] زەھەبىي: «سىيەرۇ ئەئلامىن نۇبەلائ»، 70/19.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈشتىن قۇتۇلۇشنى ۋە ئاندىن كېيىن بارچە ئىتائەت ۋە غەيرىتى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقىلا نىيەت قىلىشى كېرەك. بۇ ئاشكارا ئەدەبلەردۇر.

ئاندىن يالغۇز قالغىنىدا ئىلىم، ئەمەل، زىكىر ۋە تەپەككۇرنى داۋاملاشتۇرغايكىم، تەنھا ياشاشنىڭ مېۋىسىنى ئالالىغاي. ساپ / ھۇزۇرلۇق ۋاقىت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ يېنىغا پات - پات كېلىشى ۋە زىيارەت قىلىشىنى توسقاي! باشقىلارنىڭ ھالىنى سورىمىغاي، شەھەردىكى تۈرلۈك پاراڭلارغا ۋە كىشىلەر مەشغۇل بولۇۋاتقان نەرسىلەرگە قۇلاق سالمىغاي. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەلبكە مۇستەھكەم ئورنايدۇ، ھەتتا ناماز ئەسناسىدىمۇ دىققەتنى چاچىدۇ. دېمەك، خەۋەرلەرنىڭ قۇلاققا كىرىشى زېمىنغا ئۇرۇقنىڭ چۈشكىنىگە ئوخشايدۇ. ئازغىنە مەئىشەت / كىرىمگە قانائەت قىلغاي. ئەكسىچە بەكرەك كەڭرىچىلىكتە ئۆتمەكچى بولسا، بۇ ئۇنى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

كىشىلەردىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەبرچان بولغاي، تەنھا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن كەلگەن ماختاشلارغا ياكى كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمىغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلەشلەرگە قۇلاق سالمىغاي. چۈنكى، بۇلار قەلبكە تەسىر قىلىدۇ ۋە كىشىنى ئاخىرەت يولىدا مەڭدىتىپ قويىدۇ.

داۋاملىق تەنھا ئىبادەت قىلىش مۇشەققەتنى يېڭىكلىتىپ، بىرەر دەم ھال - مۇڭ قىلىپ بىللە ئارام ئالغۇدەك سالىھ دوستى بولغاي. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر سائەت يالغۇزلۇقتا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگۈسى قالغان سائەتلەردە ياردەم بېرىدۇ. دۇنيا تەمەسىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىلا، كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇشتىكى سەبر مۇكەممەللىشىدۇ. تەمەگەرلىك ئارزۇنى ئاددىي قىلىش بىلەنلا ئۈزۈلىدۇ. شۇڭا، كىشى تاڭ ئاتقۇزسا كەچ قىلالمايدىغانلىقىنى، كەچ قىلسا تاڭ ئاتقۇزالمايدىغانلىقىنى ئويلىسۇن، شۇندىلا كۈن بويى سەبر قىلىشى ئاسان بولىدۇ.

يالغۇزلۇقتىن قەلبى سىقىلسا، ئۆلۈمنى ۋە قەبرىدىكى يالغۇزلۇقنى كۆپ ياد ئەتكەي! شۇنى جەزملەشتۈرۈۋالغايكى، ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش ۋە ئۇ زاتنى تونۇشتىن قەلبىدە بىر ئۇنس - ئۈلپەت ھاسىل قىلالمىغان كىشى ئۆلۈمدىن كېيىنكى يالغۇزلۇقنىڭ سىۈر - قورقۇنچىغا تاقەت قىلالمايدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش ۋە ئۇ زاتنى تونۇش بىلەن ئۇنسىيەت تاپسا، بۇ ئۇنسىيەتنى ئۆلۈم يوق قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ئۇنسىيەت ۋە تونۇش ماقامىنى بىتچىت قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا شەھىدلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن -

ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىدۇ)﴾«ئال ئىمران»: 3/169 .

ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا بىرىلگەن كىشى شەھىدتۇر. شۇڭىدەك بەزى ساھابەلەرنىڭ: «بىز كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتتۇق» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى[1].

[1] بەيھەقىي: «ئەززۇھد ئەلكەبىر» ، (384). ھافىز ئىراقىي («تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھيائ» ، 2/3): «بۇ ھەدىسنى بەيھەقىي جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ، سەنەدى زەئىف» دېگەن. بۇ سۆز ھەدىس سۈپىتىدە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ھەدىس ئەمەس. بەلكى ھافىز ئىبنى ھەجەر («تەسدىدۇل قەۋس»تا) مۇئەييەنلەشتۈرگەندەك ، تابىئىنلەردىن ئىبراھىم ئىبنى ئەيلەنىڭ سۆزىدۇر. ئىمام ئىبنى تەيمىييەمۇ («مەجمۇئۇل فەتاۋا» ، 11/197): «ئاساسى يوق» دېگەن. بۇنى جىھادنىڭ شەنىنى چۈشۈرۈش ، ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلىشتەك خاتا تەشۋىقاتلاردا نەقىل كەلتۈرۈۋالىدىغانلار غەرەزلىكلەردۇر. چۈنكى ، جىھادمۇ نەپسى - خاھىشى ۋە شەيتان بىلەن مۇجاھەدە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم جىھادنىڭ پەزىلىتى ۋە شەنىنى كۆتۈرىدىغان ئايەت - ھەدىسلەر كۆپتۇر. ئەمما ، بىر ئۆمۈر داۋاملىشىدىغانلىقى جەھەتتىن جىھادنىڭ بىر تۈرى بولمىش نەپسى خاھىشى ۋە شەيتان بىلەن مۇجاھەدە قىلىشنى «چوڭ جىھاد» ، دۈشمەن بىلەن قوراللىق جىھاد قىلىش ۋاقىتلىق بولغاچقا ، ئۇنى «كىچىك جىھاد» دەپ ئاتاش خاتا ئەمەس.

# ئون ئىككىنچى بۆلۈم: سەپەرنىڭ ئەدەبلىرى ھەققىدە

سەپەر قېچىشقا تېگىشلىك نەرسىدىن قۇتۇلۇش ياكى ئارزۇ قىلىنغان نەرسىگە ئېرىشىش ۋاستىسىدۇر.

سەپەر ئىككى تۈرلۈكتۇر:

بىرى، زاھىرىي بەدەن بىلەن يۇرتىدىن سەپەر قىلىش. يەنە بىرى، قەلب سەيرى بىلەن ئەسفەلى سافىلىن[1]دىن ئەرشى ئەلانىڭ بۈيۈك مۈلكىگىچە قىلىنىدىغان سەپەردۇر. ئەڭ شەرەپلىك سەپەر ئىككىنچىسىدۇر. چۈنكى، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتتىن ئايرىلمىغان، ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئۆگەنگەن نەرسىلەر بىلەنلا توختاپ قالغان ئىنسان نۇقسانلىق، ھالىغا قانائەت قىلغان، كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىنچە كېلىدىغان كەڭ جەننەتكە زىندان قاراڭغۇلۇقىنى ۋە ھەپس تارلىقىنى تېگىشكەن كىشىدۇر.

*كۆرمىدىم كىشىلەر ئىچرە قەبىھ ئەيىبنى،*
*قادىر تۇرۇپ كەمتۈك قىلغانلارنىڭكىدەك[2].*

ئەمما، بۇ سەپەرگە تەييارلىقسىز ئاتلانغۇچى ناھايىتى چوڭ خەتەر ئىچىدە بولىدىغان بولغاچقا، (قوغدىغۇچى ۋە يولباشچىغا موھتاج بولىدۇ، نەتىجىدە يولنىڭ نائېنىقلىقى، قوغدىغۇچى ياكى يولباشچىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۆزىنىڭ غەيرەتسىزلىكى سەۋەبلىك) يولنى يىتتۈرۈپ، ئېزىپ كېتىدۇ.

بەدەنىي سەپەر بولسا بىرنەچچە قىسىمدۇر. بەدەنىي سەپەرنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرى بولۇپلا قالماي بۈيۈك ئاپەتلىرىمۇ باردۇر. بۇ سەپەرنىڭ ھۆكمى يالغۇز

[1] ئەسفەلى سافىلىن (أَسْفَلَ سَافِلِينَ): «ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى؛ ئەڭ رەزىللەرنىڭ ئەڭ رەزىلى؛ ئەڭ پەسلەرنىڭ ئەڭ پېسى» دېگەن مەنىدە. قاراڭ: مۇرتەزا ئەززەبىيدىي: «تاجۇلئەرۇس» ، 204/29. ـــ ت.

[2] شائىر ئەبۇ تاييىپ ئەھمەد ئەلمۇتەنەببىينىڭ بىر بېيتى. ۋاھىدىي: «شەرھۇ دىۋانىل مۇتەنەببىي» ، 336 - بەت.

ياشاش ياكى كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. يۇقىرىدا ئۇنىڭ يولىنى بايان قىلىپ بولدۇق.

بەدەنني سەپەر قىلىشقا تەشۋىق قىلغۇچى پايدىلار يا بىر نەرسىدىن قېچىش ياكى بىر نەرسىنى تەلەپ / ئارزۇ قىلىشقا چېتىلىدۇ. بىر شەھەردە كۆرۈلگەن تائۇن (ۋابا)، پىتنە ۋە خۇسۇمەتتىن قورقۇش ياكى زىيادە قىممەتچىلىككە ئوخشاش دۇنيالىق ئىشلاردا پاراكەندە بولۇش قېچىشقا سەۋەبلىك بولىدۇ.

يا بولمىسا كىشى دىنىي تاماندىن ئۆزىگە زىيانلىق بىر ئامىلدىن قاچىدۇ. مەسىلەن، كىشىنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى مەرتىۋە، ئابرۇي، مال - دۇنيا ۋە ناھايىتى ياخشى شارائىتى بۇ ئىمكانلىرى كىشىنى ئاللاھقا تولۇق تەسلىم بولۇشتىن توسقۇدەك بولسا، ياقا يۇرتقا چىقىشنى ۋە شان - شۆھرىتىنى ئۆچۈرۈشنى تاللايدۇ، باياشات شارائىتىدىن، مەرتىۋە ۋە ماقامىدىن يىراقلىشىدۇ. بىر بىدئەتكە چاقىرىلغان ياكى قىلىنىشى ھالال بولمىغان بىر ئىشقا تەيىنلەنگۈسى كىشى بۇلاردىن قاچىدۇ.

سەپەردىن كۆزلەنگەن ۋە تەلەپ قىلىنغان نەرسىگە كەلسەك، يا مال - مۈلك، يۈز - ئابرۇيغا ئوخشاش دۇنيالىق بىر ئىستەك، ياكى ئىلىمگە ئوخشاش دىنىي بىر تەلەپ ئۇمۇنچتۇر. ئىلىم بولسا يا دىنىي تېمىلارغا ئالاقىدار، ياكى ئۆز دىيانىتىگە ئالاقىدار ۋەياكى ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى قۇدرەت ئالامەتلىرىگە ئالاقىدار بولىدۇ. ئىلىم بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە ساھابە كىراملەر زامانىدىن بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە ئىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئىلىمنى پەقەت سەپەر قىلىش بىلەن تەھسىل قىلغان ۋە ئىلىم ئۈچۈن سەپەر قىلغان ئىدى.

بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز پېئىل - ئەتىۋارىنى بىلىشىمۇ ھەم بەك مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئاخىرەت يولىدا پەقەت ئۆز ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە تۈزىتىش بىلەنلا ماڭغىلى بولىدۇ. سەپەر — ئاچماق ۋە ئاشكارىلىماق دېگەن مەنىسىگە بىنائەن — «سەپەر» دەپ ئاتالغان. چۈنكى بۇ ئىلىم ئەخلاقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا: يۇرتىدىن ئايرىلمىغان تۇرغۇن كىشى ئۆز تەبىئىتىگە مۇۋاپىق، كۆنگەن ۋە تونۇش مۇھىتتا ئۆتىدىغان بولغاچقا، پەس خۇيلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ. قاچانكى، سەپەر قىيىنچىلىقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندە، ئۆزى كۆنگەن راھەت مۇھىتتىن ئايرىلغان ۋە مۇساپىرلىقنىڭ رەنج - مۇشەققەتلىرى بىلەن سىنالغان چاغدا، ئىنسان نەپسىنىڭ بارلىق ناچار تەرەپلىرى ئاشكارا بولىدۇ ۋە كىشى ئەيىب- نۇقسانلىرىنى تونۇپ يېتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى قۇدرەت ئالامەتلىرىگە قاراپ دىققەت بىلەن كۆزەتكۈچىگە (بەسىرەت ئىگىسىگە) نۇرغۇن پايدىلار باردۇر:

جۈملىدىن، ﴿يەر يۈزىدە بىر - بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر﴾13/«رەئد»: 4، تاغلار، چۆللەر، دېڭىزلار، تۈرلۈك ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر بار. ھەرقانداق بىر مەۋجۇد نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە شاھىدتۇر ۋە ﴿(پەقەت ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبىگە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) ھۇزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم﴾50/«قاف»: 37 لا بىلەلەيدىغان ئۆتكۈر تىل بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتقۇچىدۇر.

بۇ يەردىكى قۇلاق سېلىش دېگىنىمىز — تاشقى جەھەتتىن قۇلاقنى دىڭ تۇتۇش ئەمەس — ئىچ - ئىچىدىن قۇلاق سېلىش بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ھال تىلىنىڭ نەق مېغىزىنى چاققىلى بولىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەربىر زەررىدە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بىرلىكىگە تۈرلۈك شاھىدلار باردۇر.

بىز سەپەرنىڭ پايدىلىرى قاتارىدا دۇنيالىق بىر ۋەزىپىدىن، يۈز - ئابرۇي ۋە ھەددىدىن زىيادە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن قېچىشنى بايان قىلدۇق. چۈنكى، دىن (بويسۇنۇش) ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن پارىغ بولغان قەلب بىلەنلا مۇكەممەل بولىدۇ. بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادىن، دۇنيالىق مۇھىم شەيئىلەردىن ۋە زۆرۈر ھاجەتلەردىن تامامەن قول ئۈزۈش تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. لېكىن، يەڭگىللەشتۈرۈش ۋە ئازايتىشنى تەسەۋۋۇر قىلماق مۇمكىن. قەلبىدە ۋە كۆڭلىدە دۇنيا يۈكىنى يەڭگىل / ئاز قىلغۇچىلار نىجات تاپىدۇ، يۈكى ئېغىرلار ھالاك بولىدۇ. ئەڭ چوڭ غايىسى دۇنيا بولمىغان كىشى قەلبىدىكى دۇنيا يۈكى يەڭگىل كىشىدۇر.

## مۇباھ سەپەر توغرىسىدا

كەيپىياتنى تەڭشەش، كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋە سەير - تاماشا قاتارلىق نىيەتلەردە قىلىنغان بەزىبىر سەپەرلەر مۇباھ سەپەرلەردۇر. زېمىندا ھېچقانداق مەقسەت ۋە نىشانسىز كېزىش چەكلەنگەندۇر.

ئىشىتتۇقكى، تاۋۇس — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىسلامدا تەركىدۇنيا، رەددى نىكاھ ۋە جاھانكەزدىلىك بىلەن ئىبادەت قىلىش يوقتۇر»[1] دېگەن.

[1] بۇ ھەدىسنى دارىمىي (2175) سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاستىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئاياللاردىن يىراقلىشىپ، ئايرىم بولۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: ‹ئەي

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن —: «جاھانكەزدىلىك بىلەن ئىبادەت قىلىش ئىسلامدا ئەسلا يوقتۇر، شۇنداقلا پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىنمۇ ئەمەس» دېگەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەر دىققەتنى چاچىدۇ، شۇڭا ئاخىرەتنى كۆزلىگۈچى (مۇرىد[1]) پەقەت ئىلىم تەلەپ قىلىش ياكى ئۆزىگە ئۆرنەك ئالغان بىرەر پىرنى كۆرۈش ئۈچۈنلا سەپەر قىلىشى لازىم.

سەپەرنىڭ ھەج پائالىيەتلىرى ۋە باشقا بابلاردا تىلغا ئېلىنغان مەشھۇر ئەدەبلىرى باردۇر:

شۇ قاتارىدىن: زۇلۇم قىلىپ باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇش، قەرزنى ئادا قىلىش، نەپىقىسى ئۆز زىممىسىدىكى كىشىلەرنىڭ نەپىقىسىنى تەييار قىلىش ۋە ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن سەپەرنى باشلاش؛

يەنە: سالىھ ھەمراھ تاللاش، ئائىلە ئەزالىرى ۋە دوستلىرى بىلەن خوشلىشىش؛

يەنە: ئىستىخارە نامىزى ئوقۇش ۋە سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن چىقىش؛

يەنە: يالغۇز سەپەرگە چىقماسلىق، كۈپىنچە كېچىدە يول يۈرۈش، بىرەر مەنزىلگە يېتىپ كەلسە، ئېگىز جايغا چىقسا ياكى تاغ جىلغىسىغا كىرسە زىكىر ۋە دۇئالارنى ئوقۇشقا بىپەرۋالىق قىلماسلىق؛

ۋە يەنە: يېنىدا مىسۋاك، تارغاق، ئەينەك، سۈرمە كەبى پايدىلىق نەرسىلەرنى

ئوسمان! شۈبھىسىزكى، مەن رۇھبانچە بىر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بۇيرۇلمىدىم...› » بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى كۈچلۈكتۇر. ئىمام ئەھمەد (226/6) بۇ ھەدىسنى ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا باغلاپ رىۋايەت قىلغان. ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: «ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئايالى ئۈستى بېشى ئاۋارە بىر ھالدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹نېمە بولدى› دەپ سورىدى. ئۇ ئايال جاۋابەن: ‹ئېرىم كېچىلەرنى ئىبادەت بىلەن، كۈندۈزلەرنى روزا بىلەن ئۆتكۈزمەكتە› دېدى. بۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ قالدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەھۋالنى يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسماننى كۆرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ‹ئەي ئوسمان! رۇھبانلىق بىزگە پەرز قىلىنمىدى. مەندە سەن ئۈچۈن بىر ئۈلگىلىك ئەھۋال يوقمۇ؟› » بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىمۇ ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر. يەنە ئابدۇررازاق (15860)، ئىمام مۇناۋىي («فەيزۇلقەدىر»، 9880) «مۇرسەل» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 1782) «مۇرسەل سەھىھ» دېگەن. لېكىن، مەزكۇر ھەدىستىكى مەزمۇنلار ئايەت - ھەدىسلەردە كەلگەن توغرا مەزمۇنلاردۇر.

[1] مۇرىد: تەسەۋۋۇف ئاتالغۇلىرىدىن بولۇپ، ھەقنى تونۇشنى ئىرادە قىلغان ۋە تەسەۋۋۇف يولىدا مېڭىشنى قارار قىلىپ، ئۆزىنى تەرىقەت پىرىنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرغان كىشىدۇر.

ئېلىشىلىش قاتارلىقلار[1].

## سەپەر قىلغۇچىنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلار

سەپەرگە چىققۇچى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن يېنىدا ئوزۇق ئېلىۋېلىشى كېرەك. يېگۈلۈك، ئىچكۈلۈك ۋە ئېھتىياج چۈشكۈسى لازىم - كېرەكلەر دۇنيا ئوزۇقىدىندۇر.

«مەن سەپەرگە ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ چىقىمەن، ئوزۇق - تۈلۈك بىھاجەت» دېمەسلىك كېرەك. بۇنداق دېيىش جاھىللىقتۇر. چۈنكى، ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋېلىش ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشقا زىت ئەمەستۇر.

ئاخىرەت ئوزۇقى بولسا تاھارەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئېھتىياج چۈشىدىغان ئىلىمدۇر. شۇنداقلا سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش، جەملەش، روزا تۇتماسلىق، مەسىھ ۋە تەيەممۇمنىڭ مۇددىتى، ھەرىكەت ھالىدا نەپلە ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش سەپەردە رۇخسەت قىلىنىدىغان ئىشلارنى بىلىشمۇ شۇ جۈملىدىندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى فىقھ كىتابلىرىدا شەرتلىرى بىلەن بايان قىلىنغان.

مۇساپىر سەپەر جەريانىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى، يەنى قىبلە ۋە ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى، بۇلارنى بىلىش مۇقىم تۇرغانغا قارىغاندا سەپەردە بەكرەك تەكىتلىنىدۇ.

قىبلىنى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار(نىڭ ئورنى)، شامالار، سۇلار، تاغلار ۋە سامانيولى[2] (نىڭ يۆنىلىشىگە) قاراپ بەلگىلەش مۇمكىن. (چوڭ) تاغلارنىڭ قىبلە تامان يۈزلىنىشىگە قاراپمۇ بىلگىلى بولىدۇ[3]. بۇلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا بايان قىلىنىدۇ.

سامانيولى بولسا كېچىنىڭ ئاۋۋىلىدا (شامدا) ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ سول مۈرىسى

[1] بۇ ئېھتىياجلار ۋاقىت ۋە سەپەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى، ھەربىر سەپەرنىڭ ئېھتىياجلىق بۇيۇملىرى بولىدۇ.

[2] سامانيولى (أم النجوم مَجَرَّةٌ درب التبانة): بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇياش سىستېمىسى جايلاشقان يۇلتۇز تۈركۈمى بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق ۋە بولۇپمۇ قاتتىق ئايدىڭ ئەمەس كېچىلەردە كۆك يۈزدە پەيدا بولىدىغان، كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن بولغان، ئەمما تەپسىلىي ۋە ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن بولمىغان يۇلتۇزلاردىن تەشكىل تاپقان تۇمانلىق بىر بەلۋاغ ـــ ت.

[3] قىبلىنى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار بىلەن بېكىتىش ھەققىدە (16/«نەھل»: 16؛ 6/«ئەنئام»: 97 ۋە يۇنۇس: 5) ئايەتلەر كەلگەن بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئىجمائ بار. ئۇنىدىن باشقا شامال يۆنىلىشى، چوڭ دەريالارنىڭ ئېقىن يۆنىلىشى ۋە چوڭ تاغ تىزمىلىرىنىڭ يۈزلىرى يەنى يامىشىپ چىققىلى بولىدىغان تەرىپى ئارقىلىق بىلىشمۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ نەزەرىدە جائىز.

ئۈستىدە قىبلە تەرەپكە سوزۇلغان بولىدۇ. ئاندىن باش تەرىپى ئېگىلىپ، كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە توغرا كېلىدۇ. سامانيولى يەنە «ئاسماننىڭ چىراغلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ[1].

ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلىش بەك مۇھىمدۇر. پېشىننىڭ ۋاقتى كۈن قايرىلىش بىلەن كىرىدۇ. مۇساپىر ـــ كۈن تىكلەنگەن مەھەلدە ـــ تۈز بىر تاياقنى تىكىدۇ ـ دە، تاياق سايىسىنىڭ ئۇچىغا ئىشارەت قويىدۇ ۋە قارايدۇ: ئەگەر سايە ئۆزگەرمىگەن بولسا، پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرمىگەن بولىدۇ. ئەگەر سايە قايغان / ئۇزارغان بولسا، كۈن قايرىلىپ، پېشىننىڭ ۋاقتى كىرگەن بولىدۇ. بۇ دەل پېشىن نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدۇر. پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى ھەرنەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىگە تەڭلەشكەنگە قەدەردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسىر نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتى كىرىدۇ[2]. ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى ھەرنەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ بولغانغا قەدەردۇر[3].

ئىمام ئەھمەدتىن ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـــ رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئەسىر نامىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى كۈن سارغايغۇچە؛ كۈن سارغايغاندا (ئەسىرنىڭ) ئەۋزەل ۋاقتى كېتىدۇ، (لېكىن) كۈن پېتىشتىن ئالدىنقى ۋاقىت ئوقۇۋېلىش دۇرۇس ۋاقىتتۇر. قالغان نامازلارنىڭ ۋاقتى ئېنىقتۇر.

[1] بۇلار تامامەن شام ۋە ئەتراپىدىكى دىيارلار ئۈچۈندۇر. يەمەن، مىسىر ۋە شەرقتىكى كىشىلەرگە سامانيولى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغاندىن باشقىچە كۆرۈنىدۇ.

[2] پېشىن نامىزىنىڭ كىرىدىغان ۋاقتى ھەققىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق، ئەمما چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتى توغرىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى ھەنەفىي مەزھەب ئىماملىرىدىن ئىمام ئەبۇ يۈسۈف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. ئەمما، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى ھەرنەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدىن ئىككى ھەسسىسىگە يەتكۈچە بولۇپ، ئىككى ھەسسىگە يەتكەندە پېشىن ۋاقتى چىقىپ، ئەسىر ۋاقتى كىرىدۇ.

[3] ئەمما ھەنەفىي مەزھەبتە ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى كۈن توقچى تولۇق پاتقانغا قەدەردۇر. بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كۈن پاتقانغا قەدەر ئەسىرنى قولدىن بېرىپ قويغان كىشى خۇددى بالا ـ چاقىلىرى ۋە پۇل ـ ماللىرىدىن ئايرىۋېتىلىپ يالغۇز قالدۇرۇلغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېگەن ھەدىسىدۇر. بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (552)؛ مۇسلىم (626).

# ئون ئۈچىنچى بۆلۈم: ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدا

بىلگىنكى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش (ئەمر بىلمەئرۇف ۋە نەھيى ئەنىلمۇنكەر) دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان مۇھىم ئىشتۇر. ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش تەرك ئېتىلسە، دىن ئاستا - ئاستا يوقىلىدۇ ۋە بۇزۇقچىلىق يېيىلىپ، ئەل - يۇرتلار خاراب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن! ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾(«ئال ئىمران»: 104/3) دەيدۇ. مەزكۇر ئايەت بۇنىڭ پەرز ئەين ئەمەس، بەلكى پەرز كۇپايە ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا. چۈنكى، ﴿ئاراڭلاردا ... بولسۇن﴾ دېيىلدى، «ھەممىڭلار ياخشىلىققا بۇيرىغۇچى بولۇڭلار» دېيىلمىدى. شۇڭا، يېتەرلىك ساندىكى كىشىلەر بۇ ئەمەلنى ئورۇندىسا، قالغانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا نىجاتلىقنى مانا شۇ ئەمەلنى قىلغۇچىلارغا خاس قىلدى. ئۇلۇغ قۇرئاندا ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشقا دائىر كۆپ ئايەتلەر بار.

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچى بىلەن خىلاپلىق قىلغۇچى گوياكى، بىر كېمىدىكى كىشىلەرگە ئوخشايدۇ: ئۇلار (ئۆزئارا) چەك تاشلاپ، بىر تۈركۈمى كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە، يەنە بىر تۈركۈمى كېمىنىڭ ئاستىنقى ۋە تولىمۇ ناچار قەۋىتىگە ئورۇنلاشتى. ئاستىدىكىلەر سۇ ئىشلەتمەكچى بولسا، ئۈستىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى ۋە ئۇلارنى ئاۋارە قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار: ‹ئەگەر بىز مۇشۇ جايىمىزدىنلا بىر تۆشۈك ئېچىۋېلىپ، سۇنى مەشەدىلا ئالساق ۋە ئۈستىدىكىلەرنى ئاۋارە قىلمىغان بولساق ياخشى بولاتتى› دېيىشتى. ئەگەر ئۈستىدىكىلەر ئۇلارنى شۇ نىيىتىدىن توسمىسا، ھەممىيلەن ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى قولىدىن تۇتۇپ توسۇۋالسا، ھەممە بىردەك قۇتۇلۇپ قالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم»[1].

---

[1] بۇخارىي (2493، 2686)؛ تىرمىزىي (2174)؛ ئەھمەد (268/4، 269، 270، 273).

## يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلىش مەرتىۋىلىرى ۋە بۇ ھەقتە كەلگەن بەزى ھەدىسلەر

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مەشھۇر بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قايسىبىرىڭلار يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن؛ ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن توسسۇن؛ ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، قەلبىدە نارازى بولسۇن! بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر»[1].

باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: «جىھادنىڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق گەپنى قىلىشتۇر»[2].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: «ئۈممىتىمنى زالىمغا ‹سەن زالىم!› دېيىشتىن قورققان ھالەتتە كۆرسەڭ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ئۈمىد ئۈزگىن»[3].

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇغاندىن كېيىن: «ئى خالايىق! ھەقىقەتەن سىلەر: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾4/«مائىدە»: 105 دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇيسىلەر. ھالبۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹ئەگەر كىشىلەر يامان ئىشنى كۆرۈپ، ئۇنى توسمىسا، پات ئارىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئازابلايدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق»[4] دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «يا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇيسىلەر ياكى بولمىسا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يامانلىرىڭلارنى ياخشىلىرىڭلارغا ھۆكۈمران قىلىدۇ ـ دە، سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار دۇئا قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ»[5].

[1] مۇسلىم (49).

[2] ئەھمەد (11159)؛ ئەبۇ داۋۇد (4344)؛ ئىبنى ماجە (3241، 4011، 4012). ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 491) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد (6521)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (7140). ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 1264) «زەئىپ» دېگەن.

[4] ئەھمەد (1، 30، 53)؛ ئەبۇ داۋۇد (4338)؛ تىرمىزىي (2168)؛ ئىبنى ماجە (4005)؛ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1564) «سەھىھ» دېگەن.

[5] بەززار (188)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (397)؛ «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (1379). ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇل جامىئۇسسەغىر ۋە زىيادەتۇھۇ»، 4650) «زەئىپ» دېگەن.

## ياخشىلىقتا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئاساسلىرى، شەرتلىرى، دەرىجىلىرى، ئەدەبلىرى ۋەھاكازا مەسىلىلەر

بىلگىنكى، ياخشىلىقتا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ تۆرت ئاساسى باردۇر:

**بىرىنچى ئاساس:** يامانلىقتىن توسقۇچى شەرىئەت ئەھكاملىرى زىممىسىگە يۈكلەنگەن، مۇسۇلمان ۋە شۇ ئىشنى ئورۇندىيالىغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە كىشى بولۇشى.

بۇ، يامانلىقتىن توسۇش ۋاجىب بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر. ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ياشمۇ يامانلىقتىن توسۇپ ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭغا ۋاجىب ئەمەس.

بىر قىسىم كىشىلەر مۇنكەر ئىشنى توسقۇچى ئۈچۈن ئادالەتلىك، سالىھ كىشى بولۇشنى شەرت قوشۇپ، «پاسىق كىشىنىڭ مۇنكەردىن توسۇشى ناتوغرا» دەپ قارىدى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿سىلەر باشقىلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟﴾[2/«بەقەرە»: 44] دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلدى. بۇ ئايەتتە تايىنىدىغان دەلىل يوقتۇر.

يەنە بىر قىسىملار «يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ ھۆكۈمدار ياكى ئىدارىي ماقاملار تەرەپتىن رۇخسەت بېرىلگەن ئادەم بولۇشى كېرەك» دېگەن شەرتنى قويۇش بىلەن بىرگە ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزلۈكىدىن يامانلىقتىن توسۇشىنى دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارىدى. بۇ ئىناۋەتسىز گەپ. چۈنكى، ئايەتلەر ئومۇمىيدۇر، مۇنكەر ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى توسماي سۈكۈت قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاسىي ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. شۇڭا، مۇنكەرنى توسۇشنى ھۆكۈمدارنىڭ رۇخسىتىگە باغلاپ قويۇش ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر.

رافىزىيلەرنىڭ ئېخمىقى ھەددىن ئېشىپ پاك ئىمام چىقمىغۇچە، ياخشىلىقتا بۇيرۇش دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشى تېخمۇ ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئۇلار ئېغىز ئۇپرىتىشقا ئەرزىمەيدىغان كىشىلەردۇر. لېكىن، ئۇلار ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەلگۈدەك بولسا، ئۇلارغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى: «سىلەرگە ياردەم بېرىش ياخشىلىققا بۇيرۇغانلىق ۋە سىلەرگە زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنىڭ قولىدىن ھەققىڭلارنى ئېلىپ بېرىش يامانلىقتىن توسقانلىق بولىدۇ. لېكىن، تېخى بۇنىڭ ۋاقتى ئەمەس، چۈنكى بىغۇبار ئىمام تېخى چىقمىدى».

**ئېتىراز:** ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇشتا ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىدىن ئۈستۈن ۋە باشقۇرۇش سالاھىيىتىنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇڭا

— ياخشىلىققا بۇيرۇش ھەق بولۇشىغا قارىماي — بىر كافىرنىڭ بىر مۇسۇلمانغا ئەمرىمەئرۇف قىلىشى ماقۇل كۆرۈلمىگەن. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، ھۆكۈمدار ياكى ئىدارىي ماقاملار تەرىپىدىن تەيىنلەنمىگۈچە پۇقرالار شەخس سۈپىتىدە ئەمرىمەرۇپ ۋە نەھيىمۇنكەر قىلمايدۇ.

**جاۋاب:** بىر كافىرنىڭ بىر مۇسۇلماننى ئاگاھلاندۇرۇش ھەققى يوق. چۈنكى، ئاگاھلاندۇرۇشتا ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ھوقۇقىي ئۈستۈنلۈكى ۋە ئىززىتى بولۇشى كېرەك. ئەمما، مۇسۇلمانلار دىنى ۋە ئىلمى بائىس شەخس سۈپىتىدە ئايرىم - ئايرىم بۇ ئىززەتكە ئىگە».

بىلگىنكى، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ بەش مەرتىۋىسى باردۇر:

1) چۈشەندۈرۈش؛

2) يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىش؛

3) ئېغىر گەپ قىلىش ۋە قاتتىق تېگىش؛ ئېغىر گەپ دېگىنىمىز تىل - ھاقارەت قىلىش ئەمەس، بەلكى: «ئى نادان! ئى ئەخمەق! ئاللاھتىن قورقماسەن؟!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش.

4) كۈچ بىلەن چەكلەش؛ يەنى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاش ۋە ھارىقنى تۆكۈۋېتىش ۋەھاكازا.

5) قورقۇتۇش، ئۇرۇش بىلەن تەھدىت سېلىش ياكى قىلىۋاتقان مۇنكەر ئىشنى تاشلىشى ئۈچۈن راست ئۇرۇش؛ يۇقىرىقىلاردىن پەقەت مۇشۇلا ئىدارىي رۇخسەتكە باغلىقتۇر. چۈنكى، بۇنىڭدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىش پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

سەلەف سالىھلەرنىڭ باشقۇرغۇچىلارنى دائىما ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋېلىشى بۇ ھەقتە تەيىنلىنىش ۋە رۇخسەت بېرىلىش بىھاجەت ئىكەنلىككە ئىجماڭ قىلىنغانلىقىنىڭ كەسكىن ئىسپاتىدۇر.

**سوئال:** بالا ئاتىسىنى، قۇل خوجايىنىنى، ئايال ئېرىنى ۋە پۇقرا ۋالىينى ئاگاھلاندۇرسا بولامدۇ؟

**جاۋاب:** ھەربىر كىشىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. يۇقىرىدا ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ بەش مەرتىۋىسىنى بايان قىلغىنىمىزدەك، بالىنىڭ بۇ ھەقتە ئاتىسىغا چۈشەندۈرۈش، ئاندىن ئۈگۈت بېرىش ۋە سىپايىلىك بىلەن نەسىھەت قىلىش ۋەزىپىسى بار.

بەشىنچى مەرتىۋىگە بىنائەن، بالا (ئاتىسىنىڭ) چالغۇسىنى سۇندۇرۇپ ۋە ھارىقىنى تۆكۈپ تۇرۇپ توسقۇنلۇق قىلىش ھەققىگە ئىگە. قول خوجايىنىنى، ئايال ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇشتىمۇ بۇ تەرتىپ ئاساس ئېلىنىدۇ.

يۇقىرانىڭ ھۆكۈمدارنى ئاگاھلاندۇرۇشىدا ئەھۋال بالىغا قارىغاندا قاتتىقراقتۇر. يۇقىرا ھۆكۈمدارغا قارىتا پەقەت چۈشەندۈرۈپ، نەسىھەتلا قىلالايدۇ. مۇنكەرنى ئىنكار قىلىشتا كىشىنىڭ شۇنىڭغا كۈچى يېتىدىغان بولۇشى شەرتتۇر. كۈچى يەتمەيدىغان كىشى مۇنكەرنى پەقەت قەلبى بىلەن ئىنكار قىلىدۇ. ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ۋاجىبلىقى ھېسسىي ئاجىزلىق بائىس ساقىت بولمايدۇ. بەلكى ھېسسىي ئاجىزلىققا ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن بىرەر يامانلىق يېتىشىدىن قورقۇش قوشۇلسا، مانا بۇ ئاجىز كەلگۈچىدۇر.

## [ئاگاھلاندۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان شەرتلەر]

مانا شۇنىڭدەك، كىشى يامانلىقنى چەكلىسە / ئاگاھلاندۇرسا، بەربىر بىھۇدىلىكنى بىلگەن ۋاقىتتا تۆۋەندىكى تۆت ھالەتتىن بىرى بىلەن يۈزلىشىدۇ:

**1- ھالەت:** مۇنكەرنى ئىنكار قىلغۇچى ئۆزىگە ھېچبىر زىيان - زەخمەت يەتمەي، سۆزى ياكى ھەرىكىتى بىلەن مۇنكەرنى يوق قىلالايدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ ھالدا مۇنكەرنى ئىنكار قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىبتۇر.

**2- ھالەت:** سۆزلىسىمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى ۋە قىلغان گېپى ئۈچۈن تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلسە، مۇنكەرنى ئىنكار قىلىش ۋاجىبىسى گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ.

**3- ھالەت:** كىشى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلسە، شۇنداقلا شۇ ئىشى سەۋەبلىك يولۇققۇسى ھەرقانداق پېشكەللىكتىن قورقمىسىمۇ يەنىلا ئىنكار قىلىشنىڭ پايدىسى بولمىسا، بۇ ھالدا بىھۇدە زورۇققۇشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغان ئىش ۋاجىب بولمايدۇ، لېكىن دىنىنىڭ ئوچۇق ئەھكاملىرىنى تەكىتلەش ۋە دىنىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشى مۇستەھەبتۇر.

**4- ھالەت:** مۇنكەرنى ئىنكار قىلغۇچى ئۆزىگە بىر پېشكەللىك يېتىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىر مۇنكەرنى ھەرىكىتى بىلەن يوق قىلالايدىغان بولسا، مەسىلەن ئۇدنى سۇندۇرغان ياكى ھاراقنى تۆكۈۋەتكەن سەۋەبلىك دۇمبالىنىدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ ئەھۋالدا مۇنكەرنى ئىنكار قىلىش ۋاجىبلىقتىن قېلىپ، مۇستەھەب دەرىجىسىگە ئۆتىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ: «جىھادنىڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھنىڭ

ئالدىدا ھەق گەپنى قىلىشتۇر» دېگەن[1].

بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كافىرلار سەپلىرىگە يالغۇز ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئۇرۇشۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىدە ھېچ ئىختىلاپ يوقتۇر. لېكىن، ئۇ خۇددى كافىرلار سېپىگە ئۆزىنى ئاتقان ئەماغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ كافىرلارغا ھېچقانداق زەربە بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ھارامدۇر. شۇنىڭدەك كىشى بىر پاسىقنى بىر قولىدا قەدەھ، يەنە بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا كۆرسە ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرغۇدەك بولسا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھېچ قايسى تەرەپتىن دىنغا پايدا كەلتۈرمەيدۇ. پەقەتلا يامانلىقنى توسۇپ يوق قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان ۋە ھەرىكىتى ئۇنىۋم بېرىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ھەرىكەتكە ئۆتۈش مۇستەھەبتۇر. خۇددى كافىرلار سېپىگە ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلغىنىدەك...

ئەگەر كىشى مۇنكەرنى تەنقىد قىلسا، ئۆزى بىلەن بىرگە ئاداش ۋە ھەمراھلىرىدىن بىرەر كىمنىڭمۇ تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ تەنقىد قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ باشقا بىر يامانلىققا يول ئاچماي تۇرۇپ بىر يامانلىقنى يوقىتىشقا قادىر بولالماسلىق ھالىدۇر. بۇ ئەھۋال مۇنكەرنى تەنقىد قىلىشقا قۇدرىتى يېتىش جۈملىسىدىن ئەمەستۇر.

بۇ ياڭلىغ ھالەتلەردە «بىلسە» دەپ پەقەت كۈچى يېتىدىغانلىقنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەگەر ئاگاھلاندۇرۇشتا بولسا ئۆزىگە — ياكى يېقىنلىرىغا — بىر پېشكەللىك يېتىشىگە كۆزى يەتكەن كىشى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ۋاجىب بولمايدۇ. ئەگەر ئۆزىگە — ياكى يېقىنلىرىغا — بىرەر پېشكەلچىلىك خەۋپى يوقلۇقىغا راۋۇرۇس كۆزى يەتسە، شۇ چاغدا ئاگاھلاندۇرۇش ئۇنىڭغا ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭدا قورقۇنچاقلار، ئاددىي كاللا ۋە تەلۋە شىجائەتلىكلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بەلكى مۆتىدىل تەبىئەت ۋە ساغلام مىزاج ئىگىلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بىز دەۋاتقان «پېشكەلچىلىك» دۇمباللىنىش ياكى ئۆلتۈرۈلۈشنى كۆرسىتىدۇ. مېلىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىشى ۋە يۈزىگە قارا سۈرۈلۈپ خەلق ئىچرە سازايى قىلىنىش قاتارلىقلارمۇ پېشكەلچىلىك جۈملىسىدىندۇر. مۇنكەرنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ قاتتىق كايىلىشى ۋە تىللىنىشى مۇنكەرنى ئەيىبلىمەي سۈكۈت قىلىشقا ئۆزرە بولالمايدۇ. چۈنكى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ئاقىۋەتتە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولمايدۇ.

[1] ئەھمەد (11159)؛ ئەبۇ داۋۇد (4344)؛ ئىبنى ماجە (3241، 4011، 4012). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 491) «سەھىھ» دېگەن.

**ئىككىنچى ئاساس:** ئاگاھلاندۇرۇلغۇسى مۇنكەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئوچۇق - ئاشكارا ھالەتتە مەۋجۇد بولغان يامان ئىش بولغاي.

مۇنكەر / يامانلىق: «شەرئەن قىلىش چەكلەنگەن ئىش» دېگەنلىكتۇر. مۇنكەر مەئسىيەتكە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇمدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، بىر سەبىينىڭ ياكى ساراڭنىڭ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشى ئۇ ھاراقنى تۆكىۋېتىشى ۋە ئۇلارنى ھاراق ئىچىشتىن توسۇشى لازىم (ھالبۇكى، بۇ قىلىق ئۇلار ئۈچۈن بىر مەئسىيەت ئەمەستۇر). شۇنىڭدەك بىر ساراڭنىڭ بىر ساراڭ بىلەن ياكى بىر ھايۋان بىلەن زىنا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىنىڭمۇ ئۇنى بۇنىڭدىن توسۇشى ۋاجىبتۇر.

«شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇد بولغان يامان ئىش بولغاي» دېگەن سۆزىمىز ھاراق ئىچىشتىن ئاللىقاچان توختاپ بولغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان قىلىنىپ بولغان ئىشلارنى بۇ دائىرىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى، قىلىنىپ بولغان جىنايەتلەرگە قارىتا چارە - تەدبىر كۆرۈش ۋە جازالاش شەخسلەرنىڭ قولىدىكى ئىش ئەمەس. يەنە كېلەچەكتە مەۋجۇد بولىدىغان ئىشمۇ بۇنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ، بۇ خۇددى تەقى - تۇرقى ۋە گەپ - سۆزىدىن كەچقۇرۇن ھاراق ئىچىش نىيىتى بارلىقى بىلىنگەن كىشىگە ئوخشاشتۇر. بۇنداق ئادەمگە پەقەت ۋەز- نەسىھەت قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلىنسا بولىدۇ.

«ئوچۇق - ئاشكارا ھالەتتە» دېگەن سۆزىمىزگە بىنائەن، دەرۋازىسىنى تاقاپ، ھويلىسىدا مەخپىي گۇناھ قىلغان كىشى بۇنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى پايلاپ يۈرۈش جائىز ئەمەس. لېكىن، نەي ۋە ئۇدلارنىڭ ئاۋازلىرىغا ئوخشاش ھويلىنىڭ سىرتىدىكىلەرگە ئەھۋالى ئاشكارىلىنىپ قالغان بولسا، ھويلىغا كىرسە ۋە چالغۇ ئەسۋاپلارنى سۇندۇرۇۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر ھاراق ھىدى تاشقىرىغىچە تارىغان بولسا، ئەڭ تونۇلغان قاراشتا، بۇنى تەنقىد قىلسا بولىدۇ.

ئەيىبلەنگۈسى مۇنكەرنىڭ، ئىجتىھاد قىلىنمىسىمۇ، مۇنكەرلىكى ئېنىق بولۇشى شەرتتۇر. ئىجتىھاد بىلەن بېكىتىلگەن مۇنكەرلەردە ئاگاھلاندۇرۇش قىلىنمايدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ھەنەفىي مەزھىبىدىكى بىر كىشىنىڭ بىر شافىئىينىڭ ئاللاھنىڭ ئىسمى ئاتالماي سويۇلغان ھايۋاننى يېيىشىنى ئەيىبلىمەسلىكى، ئوخشاشلا شافىئىي مەزھىبىدىكى بىر كىشىنىڭ بىر ھەنەفىينىڭ بىر نەبىز (ھۆل ئۈزۈم ۋە خورمىدىن ياسالغان شەربەت) نى مەست قىلمايدىغان

دەرىجىدە ئازراق ئىچىشنى[1] تەنقىد قىلماسلىقى كېرەك.

**ئۈچىنچى ئاساس:** ئاگاھلاندۇرۇلغۇچى كىشىدە شۇ ئىللەت تېپىلغاي.

كىشى ئىنسانلىق سۈپىتىگە ئىگە بولسا بولىدى، مۇكەللەف بولۇشى شەرت ئەمەس. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، سەبىي ۋە ساراڭ بولغان تەقدىردىمۇ مۇنكەردىن قايتۇرۇش كېرەك.

**تۆتىنچىسى ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساس:** بۇنىڭمۇ دەرىجە ۋە ئەدەبلىرى باردۇر:

**بىرىنچى دەرىجە:** قىلىنغان مۇنكەر / يامان ئىشنى بىلىش. يەنى چالغۇ ئەسۋاب ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭتىڭلىماسلىق، ھاراق پۇرىقىنى پۇراش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرمەسلىك، چالغۇنىڭ شەكلىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يوپۇقلارنى سىلاپ باقماسلىق ۋە خەقنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قوشنا - قولۇملىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەسلىك كېرەك. ئەكسىچە، ئەگەر ئەۋۋەلا ئىككى ھەققانىي ئادەم كېلىپ «پالانى ھاراق ئىچىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلسا، شۇندىلا مۇنكەرنى قىلغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرسە ۋە تەنقىدلىسە بولىدۇ.

**ئىككىنچى دەرىجە:** چۈشەندۈرۈش. چۈنكى، نادان كىشى بەزىدە مۇنكەرلىكىنى بىلمەي بىر ئىشنى قىلىپ سالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مۇنكەر ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىدۇ. شۇڭا، نادانغا يۇمشاقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش ۋاجىبتۇر. نادانغا مۇنداق سۆزلەر دېيىلىدۇ: «ئىنسان ئالىم بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، بىزمۇ شەرىئەت ئىشلىرىنى تاكى بىرىگە ئالىملار ئۆگەتمىگۈچە بىلمەيتتۇق، بەلكىم سىزنىڭ يۇرت - مەھەللىڭىزدە ئالىم كەم بولسا كېرەك». ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمەي چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق يۇمشاق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بىر مۇنكەرگە سۈكۈت قىلىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىققۇسى بىر گۇناھتىن قېچىپ، ساقلىنىشقا قادىر تۇرۇپ، بىكاردىن بىكار بىر مۇسۇلمانغا ئەزىيەت بېرىدىغان بىر ھالەتكە گىرىپتار بولغۇچى قاننى سۈيدۈك بىلەن يۇيغان بولىدۇ.

**ئۈچىنچى دەرىجە:** ۋەز - نەسىھەت ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇتۇش بىلەن مۇنكەردىن توسۇش. مۇنكەر ئىشنى قىلغۇچىغا قاتتىق تەھدىت بىلەن كەلگەن

[1] ھەنەفىي مەزھىبىدىكى كېيىنچە ئاساس قىلىنغان قاراش ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشى بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭكىگە ئوخشاش. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئەبۇ يۇسۇف: «ئۇ شارابلارنى كەيپ ئۈچۈن ئەمەس، غىزالىنىش ئۈچۈن مەست قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىچسە، ھارام ئەمەس» دەپ قارايدۇ. «كۇۋەيت فىقھ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 2647 - ، 2654 - بەتلەر. — ت.

ئاگاھلاندۇرۇشلار ئاڭلىتىلىدۇ ۋە سەلەفى سالىھلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى سۆزلەپ بېرىلىدۇ. بۇ ئەسنادا قوپاللىق قىلماي، ئاچچىقلانماي، يۇمشاقلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ساقلىنىش كېرەك بولغان ناھايىتى چوڭ بىر ئاپەت باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئالىمنىڭ مۇنكەرنى چۈشەندۈرگەندە، ئۆزىنى ئىلمى سەۋىيىلىك ئۈستۈن، قارشى تەرەپنى بىلىمسىزلىكى تۈپەيلى تۆۋەن كۆرۈشىدۇر.

بۇنداق كىشى بەئەينى باشقىلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا ئاتقان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۈچىغا چىققان نادانلىق ۋە دۆتلۈك بولۇپ، ئۇ شەيتاننىڭ قىلتىقىغا چۈشكۈچىدۇر. بۇنىڭ بىر ئۆلچىمى باردۇركى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى شۇ ئۆلچەم بىلەن ئۆزىنى تارتىپ بېقىشى كېرەك. ئۇ ئۆلچەم بولسا مۇنكەر ئىشنى قىلغۇچىنىڭ ئۆزلۈكىدىن قول ئۈزۈشى ياكى بىراۋنىڭ نەسىھىتى بىلەن توختىشى مۇنكەرنى توسقۇچى ئۈچۈن ئۆزى توسقانلىقى سەۋەبلىك توختىغىنىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى كېرەك. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش كىشىگە قىيىن ۋە نەپسىگە ئېغىر كەلسىمۇ، شۇنداقلا ئېچىدە بۇنى باشقىلارنىڭ قىلىشىنى ياخشى كۆرسىمۇ، يەنىلا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسۇن! چۈنكى، ئۇنى قوزغىغۇچى ئامىل دىنىدۇر. ئەگەر دەل ئەكسىچە بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىگە ئەگەشكەن بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇنكەرنى ئىنكار قىلىشىنى يۈز - ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قىلغان بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئاللاھتىن قورقسۇن، ئەۋۋەلا ئۆزىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسۇن.

داۋۇد ئەتتائىي رەھىمەھۇللاھقا:

— ئەمىرلەرنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇغان ۋە مۇنكەر ئىشلاردىن توسقان كىشىگە قانداق قارايسەن؟ — دېيىلگەندى، ئۇ:

— ئۇ كىشىنىڭ قامچىلىنىشىدىن قورقىمەن، — دېدى.

— كىشى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىسىچۇ؟

— ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇلىشىدىن قورقىمەن.

— ئۇ كىشى ئۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بېرەلىسىچۇ؟

— ئۇنىڭ يوشۇرۇن بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىدىن قورقىمەن، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش - ھاكاۋۇرلۇقتۇر.

تۆرتىنچى دەرىجە: قاتتىق كايىش ۋە تۇك، يىرىك سۆزلەر بىلەن قوپاللىق قىلىش. يۇمشاقلىق بىلەن توسۇشتىن ئاجىز كەلگەن ۋە توسۇلغان كىشىنىڭ

مۇنكەر ئىشنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ۋە ۋەز - نەسىھەتنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئاشكارا بولغان چاغدا ئاندىن بۇ دەرىجىگە يۆتكىلىنىدۇ. قاتتىق كايىش دېگىنىمىز مۇنكەر ئىشنى قىلغۇچىغا ئىزا - ئاھانەت ۋە قورۇق تاپا قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا: «ھەي پاسىق! ھەي ئەخمەق! ھەي جاھىل! ئاللاھتىن قورقامسەن؟!» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرگە ۋە ئاللاھنى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟﴾21/«ئەنبىيائ»: 67

بەشىنچى دەرىجە: ھەرىكەت بىلەن ئۆزگەرتىش. يەنى چالغۇ ئەسۋابلارنى سۇندۇرۇش، ھاراق - شارابنى تۆكۈش، زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىنغان ئۆيدىن زومىگەرنى چىقىرىۋېتىش دېگەندەكلەر. بۇ دەرىجىدە ئىككى ئەدەب باردۇر:

1) ئىنكار قىلغۇچى مۇنكەر ئىشنى قىلغۇچىنى بىرەر بۇيرۇق بىلەن ۋاز كەچۈرگۈزەلىگۇدەك كۈچكە ئىگە بولسا، ئاتايىن ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىكى كېرەك. يەنى ئىنكار قىلغۇچى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋېلىنغان زېمىندىن ئىگەللىۋالغۇچىنى بىر بۇيرۇق بىلەن چىقىرىۋېتەلىگەن تەقدىردە، يەنە قول سېلىپ قارشى تەرەپنى سۆرەپ، ئىتتىرىشكە بولمايدۇ.

2) چالغۇ ئەسۋابلارنى قايتا چالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە سۇندۇرۇپ تاشلاش، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، مەي - شارابلارنى تۆككەندە ئىمكانقەدەر كۈپلەرنى سۇندۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر ھاراق كۈپنى تاش ۋە شۇ قاتارى نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ چاقماي ھاراقنى تۆككىلى بولمىسا سۇندۇرسا بولىدۇ، كۈپ ياكى قىممىتى تۆلەنمەيدۇ. ئەگەر تۆكۈلگۈسى ھاراقنى بىراۋ قولى بىلەن يېپىۋالغان بولسا، تۆكۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى قولىغا ئۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ھاراق شېشىسىنىڭ ئاغزى كىچىك، تۆكۈش قولايسىز، ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان ۋە تۆكۈپ بولغۇچە پاسىقلار كىشىنى تېپىۋېلىش خەۋپى بولسا شېشىنى سۇندۇرۇۋەتسە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۆزرىدۇر. شۇنىڭدەك ئەگەر شېشە تۈپەيلى ھاراق تۆكۈش كۆپ ۋاقىت ئالىدىغان ۋە كىشىنى ئىشلىرىدىن توسۇپ قويىدىغان بولسا، پاسىقتىن ئېھتىيات قىلمىغان تەقدىردىمۇ، شېشىنى چېقىۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر «تەھدىت سېلىپ تۇرۇپ ھاراق شېشىسىنى سۇندۇرۇش، شۇنىڭدەك زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋالغان زېمىندىن ئىگەللىۋالغۇچىنى چىقىرىشتا ھەيۋە قىلىپ تۇرۇپ سۆرەپ چىقىرىش دۇرۇس بولامدۇ؟» دېيىلسە، جاۋابىمىز: بۇنداق قىلىش ۋالىيلارغا دۇرۇستۇر. ئۇنىڭدا ئىجتىھاد يولى مەخپىي بولغانلىقى ئۈچۈن يەككە پۇقرانىڭ ئۇنداق قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

ئالتىنچى دەرىجە: «بۇ ئىشىڭنى تاشلا! بولمىسا مۇنداق، مۇنداق قىلىمەن»

دېيىش تەھدىت سېلىش ۋە قورقۇتۇشتۇر. مۇمكىن بولسا، بۇنى ئۇرۇشماي تۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى بولسا، قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلار بىلەن تەھدىت سالماسلىق، مەسىلەن «ئۆيۋاقاڭنى قۇرۇقداپ قويىمەن، ئاياللىڭنى چۈرە قىلىمەن» دېگەندەك. چۈنكى، مۇنكەرنى ئىنكار قىلغۇچى بۇنداق گەپنى مەقسەتلىك دېگەن بولسا، بۇ هارامدۇر، ئەگەر مەقسەتسىز دېگەن بولسا يالغانچىلىقتۇر.

يەتتىنچى دەرىجە: مۇنكەر ئىشنى قىلغۇچىنى قورال تەڭلەش دەرىجىسىگە بارماي، قول ياكى پۇتلىرى بىلەن ئۇرۇش - تېپىش. بۇمۇ زۆرۈرىيەت ۋە هاجەت مىقدارى كۇپايىلىنىش شەرتى بىلەن ئاۋام خەلققە رۇخسەتتۇر. مۇنكەر ئىشتىن يالتايغاندا، توختاش لازىم.

سەككىزىنچى دەرىجە: ئۆزى يالغۇز مۇنكەرگە قارشى چىقىشقا قادىر بولالمىسا، سۇر - هەيۋە قىلىدىغان ياردەمچىلەرنى چاقىرىش. دەرۋەقە بەزىدە پاسىقمۇ ياردەمچىلىرىنى چاقىرىپ، ئىش توپلىشىپ ئۇرۇشۇشقا ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. «بۇ ئەهۋالدا رەسمىي ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش كېرەك» دېگەن قاراش توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ هالەتتە رۇخسەتسىز ئىش قىلىش پىتنە ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ قوزغىلىشىغا باهانە بولىدۇ. بەزىلەر: «بۇنىڭدا رەسمىي رۇخسەت شەرت ئەمەس» دەپمۇ قارايدۇ.

## ياخشىلىققا بۇيرىغۇچى ۋە يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ سۈپەتلىرى

يۇقىرىدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ ئەدەبلىرىنى تەپسىلى بايان قىلدۇق. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ئۈچتۇر:

1) شەرئىي دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئورۇن ۋە چەك - چېگرالىرىنى بىلىش؛

2) پەرھىزكار بولۇش؛ چۈنكى، كىشى بەزىدە بىرنەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ، مەلۇم مەقسەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىقى مۇمكىن.

3) گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولۇش. هەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاق ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەشتىكى مۇهىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. كىشىنىڭ تەبىئىتىدە گۈزەل ئەخلاق بولمىسا، غەزەپ قوزغالغاندا ئۆزىنى بېسىۋېلىشتا پەرھىزكارلىق ۋە ئىلىم كۇپايە قىلمايدۇ. سەلەف سالىهلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «ئۆزى بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردا يۇمشاق سۆز قىلىدىغان، سەبرچان ۋە فەقىھ كىشىلا ياخشىلىققا

بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدۇ».

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرى: كىشىلەر بىلەن ئاز ئالاقە قىلىش ۋە خۇشامەتگۇيلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن، تەمەخورلۇقنى تاشلاش.

ھېكايە قىلىنىدۇكى، سەلەف سالىھلەردىن بىرىنىڭ بىر مۈشۈكى بولۇپ، ئۇ مۈشۈكى ئۈچۈن قاسساپ قوشنىسىدىن ھەركۈنى بەز ئالىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قاسساپنىڭ بىر بولمىغۇر قىلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال ئۆيىگە كىرىپ مۈشۈكىنى ئۆيىدىن قوغلىۋېتىپتۇ، ئاندىن قاسساپنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھېلىقى قىلىقىنى ئەيىبلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاسساپ:

— بۇندىن كېيىن مۈشۈكۈڭگە ھېچنەرسە بەرمەيمەن، — دېگەنىكەن، ئۇ كىشى:

— مەن ئەۋۋەلا سەندىن بىرنەرسە كۈتۈشنى تاشلاش ئۈچۈن بېرىپ مۈشۈكۈمنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئاندىن كېلىپ سېنى تەنقىد قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

مانا بۇ توغرا بىر ھەرىكەتتۇر. چۈنكى، مۇنكەرنى ئەيىبلىگۈچى باشقىلاردىن مۇنۇ ئىككى تۈرلۈك تەمە ئېھتىمالىنى كېسىپ تاشلىمىغۇچە، خەقنى مۇنكەردىن قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ:

1) باشقىلاردىن ياخشىلىق تەمە قىلىشنى تاشلاش؛

2) باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن رازى بولۇپلا قالماي ماختىشىنىمۇ تەمە قىلىشنى تاشلاش.

ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتا يۇمشاق سۆز قىلىش پەرزدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنى فىرئەۋنگە يۇمشاق سۆز قىلىشقا ئەمر قىلغان: ﴿ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن﴾20/«تاھا»: 44.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇددەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇ بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى تىللاۋاتاتتى. ئەبۇددەردائ:

— ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر بۇ ئادەمنى بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىدە كۆرسەڭلار، ئۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋالامتىڭلار؟! — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئەلبەتتە، چىقىرىۋالاتتۇق، — دېدى.

— ئۇنداقتا قېرىندىشىڭلارنى ئىللىماڭلار، سىلەرنى گۇناھتىن ساقلىغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار!

— ئۇنىڭغا غەزەپلەنمەمسەن؟

— پەقەت ئۇنىڭ ئەمىلىگە غەزەپلىنىمەن، ئۇ قىلغان گۇناھ ئەمىلىنى تاشلىسا، ئۇ يەنىلا مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر.

بىر يىگىت تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىيىمى بىلەن يەر سۈپۈرۈپ ماڭدى، سىلە ئىبنى ئەشيەمنىڭ يارەنلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ ئاھانەت قىلماقچى بولۇشقاندى، سىلە ئىبنى ئەشيەم: «ئۇنى ماڭا قويۇڭلار! ئۇنىڭ قىلغان ئۇ ئىشىغا ئۆزۈم كۇپايە قىلىمەن» دېدى. ئاندىن:

— ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مېنىڭ سەندىن بىر تەلىپىم بار ئىدى، — دېدى. يىگىت:

— نېمە تەلەپ؟ — دېدى.

— تامبىلىڭنى يۇقىرىغا تارتقان بولساڭ سۆيۈنگەن بولاتتىم.

— ماقۇل، ئاللاھ سىنىڭ كۆزۈڭنى سۆيۈندۈرسۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ يىگىت تامبىلىنى يۇقىرىغا تارتىۋالدى. ئاندىن سىلە يارەنلىرىگە: «بۇ سىلەر قىلماقچى بولغان تىل - ئاھانەتتىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، سىلەر ئۇنى تىللىغان ۋە ئەزىيەت بەرگەن بولساڭلار، ئۇمۇ ئەلبەتتە سىلەرنى تىللىغان بولاتتى» دېدى.

ھەسەن رەھىمەھۇللاھ بىر تويغا چاقىرىلدى، تويدا ئۇنىڭ ئالدىغا كۈمۈش قاچىدا ھالۋا كەلتۈرۈلدى، ھەسەن قاچىنى قولىغا ئېلىپ ھالۋىنى نان ئۈستىگە تۆكتى ۋە يېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم: «مانا بۇ ئۇن - تىنسىز يامانلىقتىن توسۇش بولدى» دېدى.

**ئادەتلەر ئىچىدىكى ئەنئەنىلىشىپ كەتكەن مۇنكەرلەر ۋە ئەمىرلەر / سۇلتانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش**

بۇ باردا ئىككى پەسىل بايان قىلغايمىز:

## بىرىنچى پەسىل: مۇنكەر ئىشلار

بىلگىنكى، ئادەتلەر ئىچىدىكى ئەنئەنىلىشىپ كەتكەن مۇنكەرلەرنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، بىز تۆۋەندە ئوخشاشلىرىغا دالالەت سۈپىتىدە بىر قىسىم مۇنكەرلەرگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز.

بۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### مەسجىدلەردە ساقلانغان مۇنكەر ئىشلار

مەسجىدلەردە تولا ئۇچرايدىغان خاتالىقلاردىن بىرى نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە ئارام ئېلىشنى تەرك قىلىپ، نامازنى ئەستايىدىل ئوقۇماسلىقتۇر. نامازخانىنىڭ كىيىمگە يۇقۇشقان مەينەت نەرسىنى كۆرمەي قېلىشى، كۆزى كۆرمەسلىك ياكى قاراڭغۇلۇق سەۋەبلىك قىبلىنى ئاداشتۇرۇپ قويۇشقا ئوخشاش نامازنىڭ دۇرۇسلۇقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارمۇ شۇ قاتاردىندۇر.

قىرائەتنى لەھىن (خاتالىق) بىلەن ئوقۇش. مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىنىڭ بۇ مۇنكەرلەرنى تۈزىتىشكە تىرىشىشى ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى بېرىلىپ نەپلە ناماز ئوقۇغىنىدىن ئەۋزەلدۇر.

مۇئەززىنلەرنىڭ ئەزاننى ئۇزارتىۋېتىشى، كەلىمىلەرنىڭ مەدلىرىنى بەك سوزۇۋېتىشى.

خۇتبە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستىدە يىپەك كىيىم ياكى قولىدا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قىلىچ بولۇشى.

مەسجىدلەردە سۆزلەنگەن قىسسەلەرگە يالغان - ياۋىداقلارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى ۋە پىتنىگە سەۋەب بولغۇسى چەكلەنگەن تېمىلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى.

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى، بۇنى توسۇش كېرەك.

جۈمە كۈنلىرى مەسجىدلەردە دورا - دەرمەك، يېمەكلىك، تۇمار سېتىش، تىلەمچىلىك قىلىش ۋە شېئىرلارنى ئوقۇش ئۈچۈن ھەلقە بولۇۋېلىش ۋە بۇلارغا ئوخشاش ئىشلار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھارام، بىر قىسمى مەكرۇھتۇر.

### بازارلاردىكى مۇنكەر ئىشلار

- بۇ مۇنكەرلەردىن بىرى، ئېلىم - سېتىمدا يالغان ئېيتىش ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇشتۇر. مەسىلەن، بىر كىشى «مەن بۇ مالنى ئون

تەڭگىگە ئالدىم، بىر تەڭگە پايدا بەرگىن» دېسە ۋە يالغان ئىپتقان بولسا، گۇناھكار بولىدۇ. بۇنى بىلگەن كىشىنىڭ خېرىدارغا ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى ۋاجىبتۇر. كىشى ساتقۇچىنىڭ يالغان ئىپتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ خېرىدار ئالدىدا سۈكۈت قىلغان بولسا، خىيانەتتە ساتقۇچى بىلەن شېرىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك مالنىڭ ئەيىبىنى بىلسە، سېتىۋالغۇچىغا بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك تارازا ۋە ئۆلچەكتە چاتاق بارلىقىنى بىلگەن ھەركىمنىڭ يا ئۇنى ئۆزى ئوڭشىشى ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىپ قويۇشى كېرەك.

- ناتوغرا شەرتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆسۈم ئارىلاشقان سودا - سېتىق، چالغۇ ئەسۋاب، ھەيكەل ۋە سۈرەتلەرنى سېتىش قاتارلىقلار.

## كوچا - كويلاردىكى مۇنكەر ئىشلار

- كوچا ۋە رەستىلەردە سادىر بولىدىغان مۇنكەرلەردىن بىرى شەخسىي مۈلۈك بولغان بىنالارغا تۇتاشتۇرۇپ دۇكان سېلىش، يولنى تارايتىدىغان ۋە ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە مالامەت تۇغدۇرىدىغان دەرىجىدە ئىشىك - دېرىزىلەر قويۇش ۋە دەل - دەرەخ تىكىشتۇر. ئۆيگە توشۇپ كېتىلىدىغان ئاشلىق ۋە ئوتۇنلارنى يولغا قويۇپ قويۇش جائىزدۇر. چۈنكى، بۇنىڭغا ھەممەيلەننىڭ ئېھتىياجى بار.
- بۇ مۇنكەر ئىشلاردىن يەنە بىرى يولنى تارايتىدىغان ۋە كىشىلەرگە ئەزىيەت بولىدىغان دەرىجىدە يولغا ھايۋانلارنى باغلاپ قويۇش. بۇنىداق قىلىشتىن توسۇش ۋاجىبتۇر. لېكىن، يولدا ئۇلاغدىن چۈشۈش ۋە مىنىشكە ئوخشاش ھاجەت مىقدارىدا ئۇلاغنى توختىتىش ۋە باغلاش جائىزدۇر[1].
- ھايۋانلارغا كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يۈك ئارتىش.
- يولغا ئەخلەت تاشلاش، تاۋۇز شاپاقلىرىنى چېچىش ياكى تېيىلىپ كېتىشتىن قورققۇدەك دەرىجىدە سۇ چېچىش قاتارلىقلارمۇ مۇنكەرلەر جۈملىسىدىندۇر. مۇئەييەن بىر نودىن تۆكۈلۈپ يىغىلىپ قالغان مەينەت سۇنى نونىڭ ئىگىسى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك،

[1] دەۋرىمىزدە بولسا ماشىنا ۋە باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىنى كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان دەرىجىدە قالايمىقان توختاتماسلىق لازىم.

ئەگەر يىغىندى سۇ يامغۇر سۈيى بولسا، ئۇنى ھەل قىلىش مەمۇرلارنىڭ بۇرچىدۇر. ئاۋام - خەلقنىڭ بولسا پەقەت نەسىھەت قىلىپ قويۇشلا يېتەرلىكتۇر.

## مۇنچا - ھاماملاردىكى مۇنكەر ئىشلار

- ئاممىۋى مۇنچىلاردىكى مۇنكەر ئىشلاردىن بىرى، مۇنچا ئىشىكىدە ياكى ئىچكىرىدە ھايۋانات سۈرەتلىرىنىڭ بولۇشىدۇر. (جان - جانىۋار تەسۋىرلەنگەن) سۈرەتلەرنىڭ يۈز قىسمىنى تونۇغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاش كۇپايە. سۈرەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى يوقىتىشقا / بۇزۇپ تاشلاشقا قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ ئۇ مۇنچىغا زۆرۈرىيەت بولمىسا كىرىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بەلكى باشقا مۇنكەر يوق مۇنچىغا بارىدۇ.

ئەۋرەتلەرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى، باشقىلارنىڭ ئەۋرەتكە قاراش، تەللاك — بەدەن يۇيغۇچى / ئۇۋۇلغۇچىنىڭ ئۇۋۇلاپ قويۇشقا بۇيرىغۇچىنىڭ كىرىنى تازىلاش ياكى ئەۋرەتنى تۇتۇش ئۈچۈن كىندىك بىلەن يوتا ئارىسىنى ئېچىشمۇ مۇنكەرلەردىندۇر.

- قولنى ۋە نىجىس قاچىلارنى ئاز مىقداردىكى سۇغا تىقىشمۇ شۇ جۈملىدىندۇر. مالىكىي مەزھەبىدىكى كىشى تاھارەت ئالغاندا قولنى ئاز مىقداردىكى سۇغا تىقسا، ئەيىب ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ قىلىپ: «تاھارەت ئېلىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش بىلەن ماڭا ئەزىيەت بەرمىسىڭىز بولامدۇ؟» دېيىش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنچىدىكى مۇنكەرلەردىندۇر.

## زىياپەتتىكى مۇنكەر ئىشلار

- ئەرلەرگە يىپەك كۆرپىلەرنى سېلىپ بېرىش، ئالتۇن ياكى كۈمۈش چوغدانغا چوغ قويۇپ خۇش پۇراق سېلىش، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا يەپ - ئىچىش، ئالتۇن ياكى كۈمۈش قۇتىلاردىكى گۈل سۈيىنى ئىشلىتىش، سۈرەت بار پەردىلەرنى ئېسىش، غەزەلخان ئاياللارنىڭ ناخشىلىرىغا، چالغۇلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش ۋە ئاياللارنىڭ زىيادە جەلپكار ياش يىگىتلەرگە قارىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زىياپەت سورۇنىدا بولىدىغان ۋە توسۇش ۋاجىب

بولىدىغان مۇنكەر ئىشلار بولۇپ، بۇلارنى توسۇشتىن ئاجىز كەلگەن كىشى زىياپەتتىن چىقىپ كېتىشى لازىم.

- ياستۇق ۋە گىلەملەرگە چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەرگە كەلسەك، بۇ مۇنكەر ئىش ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك ئاياللارغا سېلىنغان يىپەك كۆرپىلەر ۋە ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرگە رۇخسەتتۇر. نارەسىدە قىزنىڭ قۇلىقىغا ئالتۇن ھالقا سېلىش ئۈچۈن، قۇلىقىنى تېشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەلەم سالىدىغان جاراھەتلەندۈرۈش بولۇپ، دۇرۇس ئەمەستۇر. نارەسىدە قىزلار مارجان ۋە بىلەيزۈكلەرنى تاقىسا شۇ كۇپايە. ھەق بېرىپ قۇلىقىنى تەشتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، بۇ ئىش ئۈچۈن ئېلىنغان ھەق ھارامدۇر[1].

- ئۆزىنىڭ بىدئەت قىلمىشلىرىنى سۆزلەيدىغان بىدئەتچى بىلەن ھەمزىياپەت بولۇشمۇ بۇ مۇنكەرلەر جۈملىسىدىندۇر. بۇنداق زىياپەتكە پەقەت ئۇ بىدئەتچىگە رەددىيە بېرەلەيدىغان كىشىنىڭلا قاتنىشىشى دۇرۇستۇر. ئەگەر بىدئەتچى تەشۋىق قىلمىسا، بىدئەتچىنىڭ يۈزىگە قارىمىغان ۋە ئۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ھالدا زىياپەتكە قاتنىششقا رۇخسەتتۇر. ئەگەر زىياپەتتە تېتىقسىز گەپ ۋە شەيتانلىقلار بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرىدىغان ھەزىلكەش بولسا، ئۇ زىياپەتكە قاتنىشىش دۇرۇس ئەمەس، قاتناشقۇچىلارنىڭ بۇنى تەنقىدلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر يالغان - ياۋىداقسىز ۋە ھاياكار چاقچاق بولسا، مۇمكىنقەدەر ئاز بولغىنى ئەۋزەل. ھەزىلكەشلىكنى ئادەت ۋە كەسىپ قىلىۋېلىش چەكلىنىدۇ.

## ئومۇمىي مۇنكەر ئىشلار

بازاردا بىر مۇنكەر ئىشنىڭ داۋاملىق ياكى مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن كىشىنىڭ ئەگەر ئۇ مۇنكەرنى توسۇشقا قادىر تۇرۇپمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ مۇنكەرنى توسۇش ۋەجىبەسىدىن باش تارتىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بەلكى كىشى شۇ مۇنكەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۆيىدىن مۇنكەرنى توسۇش ئۈچۈن چىقىشى كېرەك.

[1] بۇ ئىمام غەززالىي ۋە ئىبنۇلجەۋزىيىدەك بىر قىسىم شافىئىي ۋە ھەنبەلىي فەقىھلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملار قۇلاق تەشتۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭغا ھەق ئېلىشنى جائىز دەپ قارايدۇ.

ھەرقانداق مۇسۇلمان ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشنى ئەۋۋەلا ئۆزىدىن باشلىشى كېرەك. يەنى كىشى پەرزلەرنى داۋاملىق قىلىش ۋە ھارام ئىشلارنى تاشلاش بىلەن ئۆز نەپسىنى ئىسلاھ قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلىقنى ئەھلىگە ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا، ئاندىن قوشنىلىرىغا ۋە مەھەللىسىدىكى كىشىلەرگە ئۆگىتىشى، ئاندىن شەھەر ئەھلىگە، ئاندىن دۇنيانىڭ ئەڭ چەت تەرىپىدىكى كىشىلەرگىچە يېيىشى كېرەك. ئەگەر بۇ مەسئۇلىيەتنى يېقىندىكى كىشىلەر ئورۇندىيالىسا، يىراقتىكىلەردىن ساقىت بولىدۇ. ئەگەر يېقىندىكىلەر بۇنى ئورۇندىمىسا، بۇنى قىلالايدىغان ھەرقانداق كىشى مەسئۇلىيەت ئىگىسىدۇر.

## ئىككىنچى پەسىل: ئەمىر - ئۇمەرا ۋە سۇلتانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ئۇلارنى مۇنكەر ئىشلاردىن توسۇش

يۇقىرىدا ياخشىلىققا بۇيرۇش دەرىجىلىرىنى بايان قىلغانىدۇق. سۇلتانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇماقچى بولسا شۇ دەرىجىلەردىن چۈشەندۈرۈش ۋە ۋەز - نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاۋۋالقى ئىككى دەرىجە بويىچە ئىش قىلىش مۇۋاپىقتۇر. سۇلتانغا «ھەي زالىم! ئى ئاللاھتىن قورقمايدىغان ئىنسان!» دېگەندەك قوپال سۆز قىلىشقا كەلسەك، ئەگەر بۇنداق قىلىش پىتنە قوزغاپ، ئاپەتنى باشقىلارغىمۇ يېتىدىغان بولسا، بۇ توغرا ئەمەس. بەلكى شۇ سۆزنى قىلغۇچىدىن باشقىلارغا خەۋپ يەتمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىسە — كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا — جائىزدۇر. مەن بولسام ھۆكۈمدارلارغا قوپال سۆز سۆزلىمەسلىك تەرەپدارىمەن. چۈنكى، ئەسلى مەقسەت يامان ئىشنى يوقىتىشتۇر، يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن سۇلتانغا قاتتىق تېگىش يوقىتىش مەقسەت قىلىنغان يامانلىقتىن چوڭراق يامانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۇلتانلارغا يېقىنلىشىش ئۇلارنى ھۆرمەتلەش بىلەن بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاددىي بىر پۇقرادىن «ھەي زالىم! ھەي پاسىق!» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىسا، بۇنى ئىزا - ئاھانەت بىلىپ، سەبىر - تاقەت قىلالمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ: «سۇلتانغا ئېتىراز بىلدۈرمە، چۈنكى ئۇنىڭ شەمشىرى قىنىدىن سۇغۇرۇۇقلۇقتۇر» دېگەن.

سەلەفلەر ئەمىرلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈشەتتى. چۈنكى، ئەمىرلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئالىملار ئۇلارغا ئەركىن - ئازادە سۆز قىلسا، كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇنى كۆتۈرەتتى.

سەلەف سالىھلەرنىڭ ئەمىر - ئۇمەرا ۋە خەلىپىلەرگە قىلغان نەسىھەتلىرىنى

«ئەلمسباھۇل مۇزيئۇ» (السبحة المضيئة) دېگەن كىتابتا توپلىدىم. تۆۋەندە شۇ كىتابتىن بىر نەچچە ھېكايىنى تاللاپ بايان قىلىمەن.

سەئىد ئىبنى ئامىر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خىتابەن: «مەن ساڭا ئىسلامنىڭ جەۋھىرى ۋە ئالامەتلىرىدىن بولمىش بەزى سۆزلەرنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن: كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشتا ئاللاھتىن قورققىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشۋاتقىنىڭدا كىشىلەردىن قورقمىغىن؛ سۆزۈڭ بىلەن ھەرىكىتىڭ زىت بولمىسۇن، چۈنكى سۆزنىڭ ياخشىسى ئەمەل بىلەن قۇۋۋەتلەنگەن سۆزدۇر؛ ئۆزۈڭ ۋە ئائىلەڭگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يىراق - يېقىن مۇسۇلمانلارغىمۇ ياخشى كۆرگىن؛ ھەق بىلگەن يولۇڭدا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەرقارار ماڭغىن ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمىغىن» دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى ئەبۇ سەئىد! بۇنىڭغا كىم قادىر بولالايدۇ؟ — دېگەنىدى، ئەبۇ سەئىد:

— بويىنىغا خۇددى سېنىڭ بويۇنۇڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپىگە ئوخشاش ۋەزىپە يۈكلەنگەن كىشى، — دەپ جاۋاب بەردى[1].

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جارۇد بىلەن بىرگە مەسجىدتىن چىقتى، شۇ ئەسنادا يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىر ئايالغا دۇچ كېلىشتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا سالام قىلدى، ئۇ ئايال سالامغا جاۋاب قايتۇردى ياكى ئۇ ئايال ئۆمەرگە سالام قىلدى، ئۆمەر ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردى. ئاندىن ئۇ ئايال: ‹ئى ئۆمەر! مەن سېنى ئۇكاز بازىرىدا كىچىك باللار بىلەن چېلىشىۋاتقان، "ئۆمەرچاق" دەپ چاقىرىلىدىغان ۋاقتىڭدىلا تونۇيتتۇم، ئۇزۇن ئۆتمەي سەن "ئۆمەر" دەپ ئاتالدىڭ، ئاندىن يەنە كۈنلەر ئۆتۈپ "مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى" دەپ ئاتالدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەئىيەتنىڭ ئىشلىرىدا ئاللاھتىن قورققىن! بىلگىنكى، ئۆلۈمدىن قورققان كىشى پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىشىدىن قورقىدۇ› دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كەتتى. جارۇد: ‹ھەيھات! سىز مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە سۆزلەشكە جۈرئەت قىلدىڭىز ۋە ئۇنى يىغلىتىۋەتتىڭىز› دېدى.

ئۆمەر: ‹قوي! بۇ ئايالنى تونۇمامسەن؟ ئۇ ئايال، ﴿ئاللاھ تائالا (ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدە) سۆزىنى ئاڭلىغان﴾[2] خەۋلە بىنتى ھەكىمدۇر. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن

[1] فاكىھىي: «ئەخبارۇ مەككە»، ( 2165).

[2] «مۇجادىلە»: 1 - ئايەت كۆزدە تۇتۇلغان.

قەسەمكى! ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا بەك لايىقتۇر» دېدى[1].

ئەزد قەبىلىسىدىن بىر مويسىپىت مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، مۇنداق نەسىھەت قىلدى: «ئى مۇئاۋىيە! ئاللاھتىن قورققىن! بىلگىنكى، كېلىپ - كېتىۋاتقان ھەر كېچە - كۈندۈز سېنى دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئاخىرەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. سەن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىرسى ئىزىڭدىن تاپ بېسىپ كەلمەكتە. ئالدىڭغا سەن ئۆتەلمەيدىغان بىر تاغ تىكلەنگەن، سېنىڭ تاغقا يېتىپ بېرىشىڭ نېمىدېگەن تېز - ھە! سېنى قوغلىغۇچى ساڭا ناھايىتى تېز يېتىشىۋالىدۇ. بىز، سەن ۋە باشقا بارچە نەرسىلەر ھامان يوقىلىمىز. بىز دەرگاھىغا بارىدىغان زات مەڭگۈ قالغۇچىدۇر. ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلغان بولساق، ياخشىلىق بىلەن، يامان ئەمەل قىلغان بولساق، يامانلىق بىلەن جازالىنغايمىز»[2].

* * * *

سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىر قېتىم شەھەرگە كىرىپ، ئۈچ كۈن تۇردى. ئاندىن:

— بۇ يەردە بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بەرگۈدەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى كۆرگەن بىرەر ئادەم يوقمۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇنىڭغا:

— ئەبۇ ھازىم دەپ بىر كىشى بار، — دېدىلەر.

شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئۇنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتكەنىدى، ئەبۇ ھازىم كەلدى. سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك:

— ئى ئەبۇ ھازىم! بۇ نېمە ئەدەبسىزلىك؟ - دېگەنىدى، ئەبۇ ھازىم:

— مەندىن قايسى ئەدەبسىزلىك كۆرۈلدىكىن؟ - دېدى.

— شەھەرنىڭ بارلىق كاتتىلىرى يېنىمغا كەلدى، لېكىن سەن كەلمىدىڭ؟! — دېدى.

— ئارىمىزدا مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارغۇدەك تونۇشۇش جەريانى بولمىدى.

— ئاقساقال راست ئېيتتى، ئى ئەبۇ ھازىم! بىز نېمىشقا ئۆلۈمنى يامان

[1] ئۆمەر ئىبنى شەببە ئەننۇمەيرىي: «ئەخبارۇلمەدىنە»، (760). سەنەدى زەئىپ. ھافىز ئىبنى ئابدۇلبەررنىڭ بايان قىلىشىچە، ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدە سۆزىنى ئاڭلىغىنى خەۋلە بىنتى سەئلەبەدۇر. خەۋلە بىنتى ھەكىم دېگەن بۇ رىۋايەت خاتادۇر. قاراڭ: «ئەلئىستىئاب»، 91/2.

[2] غەززالىي: «فەزائىھۇل باتىنىيە»، 219/1.

كۆرىمىز؟

— چۈنكى، سىلەر دۇنيايىڭلارنى ئاۋات قىلدىڭلار، ئاخىرىتىڭلارنى خاراب قىلدىڭلار. شۇڭا، سىلەر ئاۋات يەردىن خاراب يەرگە يۆتكىلىشنى يامان كۆرىسىلەر.

— راست ئېيتتىڭ، ئى ئەبۇ هازىم! ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا قانداق بارىمىز؟— دەپ سورىدى.

— ياخشى ئىش قىلغۇچى، خۇددى سەپەر قىلغۇچى ئائىلىسىگە خۇشال - خۇرام هالدا كەلگەندەك، ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىغا خۇشال - خۇرام بارىدۇ. يامان ئىش قىلغۇچى بولسا خۇددى قاچقۇن قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ يېنىغا قورقۇپ، قايغۇلۇق هالەتتە كەلگىنىدەك بارىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە:

— ئى ئەبۇ هازىم! كاشكى، مەن ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىدا بىزگە نېمىلەر بېرىلىدىغانلىقىنى بىلسەمچۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئەبۇ هازىم:

— ئۆزۈڭنى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا ئاتىغىن، شۇندىلا ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىدا ساڭا نېمىلەر بارلىقىنى بىلىسەن، — دېدى.

— ئى ئەبۇ هازىم! شۇ بىلىمگە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنىڭ قەيېرىدىن ئېرىشىمەن؟

— ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿مۆئمىنلەر شەك - شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ، كافىرلار شەك - شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ﴾82/«ئىنفىتار»: 13، 14 دېگەن سۆزىدىن.

— ئاللاھنىڭ رەھمىتى قەيەردە؟

— ﴿شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾7/«ئەئراف»: 56.

— كىم ئەڭ ئەقىللىق؟ — سورىدى سۇلايمان.

— هېكمەتنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەن كىشى.

— كىم ئەڭ ئەخمەق؟

— قېرىندىشى زالىم بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۆزىنى چۈشۈرگەن، باشقىلارنىڭ دۇنيالىقىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئاخىرىتىنى ساتقان كىشى ئەڭ ئەخمەق كىشىدۇر.

— قايسى دۇئا بەك ئىجابەتتۇر؟

— ئىتائەتمەنلەرنىڭ دۇئاسى.

— قايسى سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ كۆپ؟

— مېلى ئاز بولۇشىغا قارىماي كۈچىنىڭ يېتىشىچە قىلىنغان سەدىقىنىڭ ساۋابى.

— ئى ئەبۇ هازىم! بىزنىڭ بۇ ماقامىمىزغا نېمە دەيسەن؟

— مەندىن بۇنى سورىمىغىن.

— بىر نەسىهەت سۆپىتىدە سۆزلىگىن.

— بەزىلەر بۇ ماقامنى مۇسۇلمانلارغا مەسلىهەتمۇ سالماستىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىسىز جەبىر قىلىپ ئالدى. ئاندىن دۇنيالىق هوقۇق ئۈچۈن ناهەق قانلار تۆكتى ۋە شۇ قانلار بىلەن دۇنيادىن كەتتى[1]. كاشكى، ئۇلار ئاللاهنىڭ دەرگاهىدا نېمە دەپ ئۆزلىرىنى ئاقلىدى؟ ئۇلارغا نېمىلەر دېيىلدى بىر بىلسەمچۇ؟

ئاندىن سۇلايمان بىلەن ئولتۇرغانلاردىن بىرى:

— ئى شەيخ! بۇ نېمىدېگەن يامان سۆزلەر! — دېگەندى، ئەبۇ هازىم:

— يوقسۇ تەقسىر! ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاه تائالا ئالىملاردىن كىتابنى (يەنى قۇرئاندىكى ئاللاهنىڭ ئەهكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەهدە ئالغاندۇر، — دېدى.

سۇلايمان:

— ئى ئەبۇ هازىم! بىز بىلەن دوست بولامسەن؟ بىز سەندىن پايدىغا ئېرىشسەك، سەنمۇ بىزدىن پايدىغا ئېرىشسەڭ قانداق؟ — دېگەندى، ئەبۇ هازىم:

— ئاللاه تائالا ئۆز پاناهىدا ساقلىغاي، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

---

[1] بۇ يەردە ئەبۇ هازىم 7. ئۇمەۋىي خەلىفەسى سۇلايماننىڭ (م. 715 - 717 ئارىسى) ئاتىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننى كۆزدە تۇتسا كېرەك. چۈنكى، خەلىفە ئابدۇلمەلىكنىڭ مىلادى 685 - 705 - يىللار ئارىسى خەلىفەلىكىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە 683 - يىلىدىن بېرى مەككەدە ئۆزىنى خەلىفە ئېلان قىلغان ئابدۇللاه ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاهۇ ئەنهۇغا قارشى هەججاج ئىبنى يۇسۇف قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بىلەن 692 - يىلى 11 - ئايدا ئابدۇللاه ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقانغا قەدەر مەككەنى ئۇزۇن يىللار قورشاپ نۇرغۇن قانلار بەدىلىگە ئۇمەۋىي خىلافىتىنى مۇستەهكەملىگەن. — ت.

— مەن سىلەرگە مايىل بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن، ئەگەر مايىل بولۇپ قالسام، ئاللاھ تائالا ماڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاب بېرىدۇ.

— ماڭا نەسىھەت قىلغىن! — دېدى خەلىفە سۇلايمان.

— ئاللاھ تائالانىڭ سېنى توسقان يەردە كۆرۈپ قېلىشىدىن ياكى سېنى بۇيرۇغان يەردە كۆرمەي قېلىشىدىن قورققىن، — دېدى. سۇلايمان:

— ئى ئەبۇ ھازىم! بىزگە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغىن!

— ئى ئاللاھ! ئەگەر سۇلايمان سېنىڭ دوست بەندەڭ بولسا، ئۇنى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلغىن؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ ياخشىلىق يولىغا كەلتۈرگىن.

شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان: «غۇلام! 100 تىللا ئېلىپ كەلگىن» دېدى. غۇلام پۇلنى ئېلىپ كەلگەندە، سۇلايمان:

— ئى ئەبۇ ھازىم! بۇنى ئال، — دېگەندى، ئەبۇ ھازىم:

— مەن بۇ سورۇندىكى ئادەملەرگە ئوخشاش بىر ئادەممەن. بۇ تارتۇقنى ھەممەيلەن باراۋەر ئالغاندىلا ئالالايمەن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا مېنىڭ ئېھتىياجىم يوق. مەن بۇ تارتۇقنى قىلغان سۆز - نەسىھەتلىرىم ئۈچۈن بەرگەن بولۇشىڭدىن قورقىمەن، - دېدى. سۇلايمان ئەبۇ ھازىمنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى.

ئاندىن زۇھرىي:

— ئەبۇ ھازىم 30 يىلدىن بۇيان مېنىڭ قوشنام بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا پەقەت گەپ قىلىپ باقمىدىم، — دېگەندى، ئەبۇ ھازىم:

— سەن ئاللاھنى ئۇنۇتتۇڭ، شۇڭا مېنى ئۇنۇتتۇڭ، — دېدى. زۇھرىي:

— سەن ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى.

سۇلايمان:

— بەلكى سەن ئۆزۈڭگە ھاقارەت قىلىۋاتىسەن، سەن قوشنىنىڭ قوشنا ئۈستىدە ھەققى بارلىقىنى بىلمەمسەن؟! — دېدى.

ئەبۇ ھازىم:

— بەنى ئىسرائىل توغرا يولدىكى ۋاقتىدا ئەمىرلەر ئالىملارغا موھتاج ئىدى. ئالىملار دىنى بىلەن ئۇلاردىن قاچاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋالنى بىر قىسىم

ناچار كىشىلەر كۆرگەندىن كېيىن ئاشۇ ئىلمنى ئۆگەندى ۋە ئۇ ئىلىم بىلەن ئەمىرلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئۈستىدە بىرلەشتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار نەزەردىن چۈشتى ۋە بۇزۇلدى. ئەگەر ئالىملار دىنىنى ۋە ئىلمنى ساقلىغان بولسا ئىدى، ئەمىرلەر ھەمىشە ئۇلاردىن ئەيمىنەتتى، — دېدى.

زۇھرىي:

ـــ سەن بۇ گەپ بىلەن مېنى كۆزدە تۇتتۇۋاتقاندەك ۋە مېنى نىشان قىلىۋاتقاندەك قىلىسەن، — دېگەندى، ئەبۇ ھازىم:

— دەيدىغىنىم مۇشۇنچىلىك، — دېدى[1].

* * * *

ھېكايە قىلىنىدۇكى: بىر ئەئرابىي سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — نىڭ يېنىغا كىردى، ئاندىن:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار، گەپلىرىم ئېغىر كەلمىسۇن، ئەگەر گەپلىرىم ياقمىسىمۇ، قوبۇل قىلساڭ، ئۇنىڭ كەينىدە سەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر بار، ـ دېگەندى، سۇلايمان:

— ئېيتقىن! — دېدى.

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سېنىڭ ئەتراپىڭنى شۇنداق ئادەملەر قورشىدىكى، ئۇلار ساڭا دىنىنى بېرىپ تۇرۇپ دۇنيايىڭنى، پەرۋەردىگارىنى غەزەپلەندۈرۈپ تۇرۇپ سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئالدى. سەندىن قورقتى ـ يۇ، ئاللاھتىن قورقمىدى. ئۇلار ئاخىرەتنى خاراب قىلىپ، دۇنياسىنى ئاباد قىلدى، شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتتىن قېچىپ دۇنياغا تەسلىم بولدى. ئاللاھ ساڭا ئامانەت قويغان نەرسىلەردە ئۇلارغا ئىشەنچ قىلمىغىن! چۈنكى، ئۇلار ئامانەتنى زايە قىلىشتا، ئۈممەتنى يىقىتىشتا كۈچىنى ئايىمايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن سورىلىسەن، لېكىن ئۇلار سېنىڭكىلەردىن سورالمايدۇ. شۇڭا، ئاخىرىتىڭنى بۇزۇش بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنياسىنى ياخشىلىمىغىن، ئۆزىنىڭ ئاخىرىتىنى ئۆزگىلەرنىڭ دۇنياسى ئېۋەزىگە ساتقۇچى كىشىلەر ئىچرە ئەڭ زىيان تارتقۇچى كىشىدۇر.

— پاھ! سەن تىلىڭنى ئاستا سۇغۇرۇپ چىقاردىڭ، ھالبۇكى تىلىڭ قىلىچىڭدىن بەكرەك ئۆتتىك ئىكەن!

[1] دەينۇرىي: «ئەلمۇجالەسە ۋەجەۋاھىرۇلئىلىم»، (3456).

— شۇنداق، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈندۇر، ئەسلا زىيىنىڭ ئۈچۈن ئەمەس.

— بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟

— ئومۇم ئۈچۈن بولمىسا، ئۆزۈمگە خاس ھاجىتىم يوقتۇر. ئۇ شۇنداق دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان:

— ماشائاللاھ، بۇ كىشىنىڭ تېگى - تېگىدىن ئېسىللىق بالقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى نېمىدېگەن سەگەك! تىلى نېمىدېگەن ئۆتكۈر! نىيىتى نېمىدېگەن خالىس! ئۆزى نېمىدېگەن پەرھىزكار - ھە! ئەقىل ۋە شەرەپ مۇشۇنداق بولسۇن، — دېدى[1].

* * * *

دەپتۇرلەركى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ ھازىمغا:

— ماڭا نەسىھەت قىلغىن، — دەيدۇ، ئەبۇ ھازىم:

— (ياتقىنىڭدا) يېنىڭنى بېسىپ ياتقىن! ئاندىن ئۆلۈمنى باش ئۈچىڭدا بىلگىن! ئاندىن شۇ سائەتتە كۆڭلۈڭنىڭ قايسى سۈپەت، پەزىلەتلەرگە خۇشتارلىقىغا قارىغىن ۋە شۇ سۈپەت، پەزىلەتلەرنى دەرھال ئالغىن! ئەينى دەمدە يەنە قەلبىڭ يامان كۆرىدىغان خۇلق - سۈپەتلەرگە قارىغىن ۋە ئۇنى دەرھال تاشلىغىن، — دېدى[2].

* * * *

مۇھەممەد ئىبنى كەئب رەھىمەھۇللاھ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھقا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! شۈبھىسىزكى، دۇنيا بىر بازاردۇر، خالايىق ئۇندىن ئۆزىگە پايدىلىق ۋە زىيانلىق نەرسىلەر بىلەن چىقىدۇ. كۆپ كىشىلەر باركى، ئۇلار دۇنيادا بىز ئېچىدە تۇرۇۋاتقان ھالەتكە ئوخشاش ھالەتكە ئالدانىدى، ھەتتا ئۇلارغا ئۆلۈم كېلىپ، ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك بولىدىغان، يامان كۆرگەن دوزاختا قالقان بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلالماستىن مالامەتكە ئۇچرىغىنىچە دۇنيادىن كەتتى. ئۇلار توپلىغان ماللار ئۇلارنى بىرەر قېتىممۇ ماختاپ باقمىغان كىشىلەرگە تەقسىم قىلىندى. ئۇلار بولسا

[1] دەينۇرى: «ئەلمۇجالەسە ۋەجەۋاھىرۇلئىلم»، (613).

[2] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 317/5.

ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان زاتىنىڭ يېنىغا قايتىشتى. ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ كىشىنى قاتتىق قىزىقتۇرغۇچى ياخشى ئەمەللىرىگە قاراشقا، ئاندىن دۇنيادا شۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۇلارغا ئورۇنباسار بولۇشقا؛ شۇنداقلا كىشىنى قورقىدىغان يامان ئەمەللىرىگە قاراپ، شۇ يامان ئەمەللەردىن توختاشقا بەكمۇ لايىقمىز. ئاللاھتىن قورققىن! ئىشىكلەرنى ئاچقىن! رەئىييەتنىڭ دەردىنى ئاڭلاشنى قولايلاشتۇرغىن! مەزلۇمغا ياردەم قىلغىن! زۇلۇم بىلەن ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرغىن! قانداقبىر كىشىدە ئۈچ خىسلەت تېپىلسا، ئۇ كىشى ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەگە بولغان ئىمانىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن بولىدۇ، ئۇلار بولسا: بىر ئىشتىن رازى بولغاندا، بۇ رازىلىق كىشىنى باتىل ئىش قىلىشقا ئېلىپ بارمىسا؛ بىر ئىشقا غەزەپلەنسە، شۇ غەزەپ كىشىنى ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرمىسا؛ كۈچى يېتىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغاننى ئېلىۋالمىسا» دېدى[1].

* * * *

ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ ھىشامنىڭ يېنىغا كىردى، ھىشام ئۇنى قارشى ئالدى ۋە:

— ئى ئەبۇ مۇھەممەد! نېمە ھاجىتىڭ باركىن؟ — دېدى. ھىشامنىڭ قېشىدا مۆتىۋەر كىشىلەر پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىم بولدى. ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ ھىشامغا ئىككى ھەرەم ئەھلىگە تەمىناتىنى ۋە مائاشلىرىنى بېرىشنى ئەسلىتىۋىدى، ھىشام:

— بولىدۇ. (— دېدى ۋە بۇيرۇق قىلىپ، —) ئى خىزمەتچى! مەككە ۋە مەدىنە ئەھلىگە ئۇلارغا بېرىلىدىغان تەمىناتلارنى يازغىن! — دېدى. ئاندىن ھىشام:

— ئى ئەبۇ مۇھەممەد! بۇنىڭدىن باشقا ھاجەتلىرىڭمۇ بارمۇ؟ — دېگەنىدى، ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ ھىشامغا:

— ھەئە بار، ھىجاز ئەھلىگە، نەجد ئەھلىگە، چېگرا ساقلاۋاتقانلارغىمۇ تەمىنات بەرسەڭ، — دەپ يادىغا سالدى، ھىشام ئۇ دېگەندەك قىلدى. ھەتتا ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ زىممىيلەرنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئۇلار تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى يۈكلىمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى. ھىشام ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ھىشام ئاخىرىدا:

— بۇنىڭدىن باشقىچۇ؟ — دېگەنىدى، ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ:

[1] دەينۇرىي: «ئەلمۇجالەسە ۋەجەۋاھىرۇلئىلىم»، (615).

— بار، ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۆزۈڭ ھەققىدە ئاللاھتىن قورققىن، سەن يالغۇز يارىتىلدىڭ، يالغۇز ئۆلىسەن، يالغۇز تىرىلىسەن ۋە يالغۇز ھالەتتە ھېساب بېرىسەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سەن كۆرۈۋاتقان كىشىلەردىن ھېچبىرى سەن بىلەن بىللە بولمايدۇ، — دېدى. ھىشام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ يىغلىدى. ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھەميان كۆتۈرۈۋالغان بىر كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، ھەميانغا كۈمۈش تەڭگە سېلىنغانمۇ ياكى ئالتۇن ئاقچىمۇ بىلمەيتتۇق. ئۇ كىشى ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھقا:

— مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بۇنى ساڭا بۇيرۇپ بەردى، — دېگەندى، ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ:

— ﴿تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن﴾«شۇئەرائ»: 127، 26/ — دېدى ۋە چىقىپ كەتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ھەقىقەتەن ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر يۇتۇم سۇ چاغلىق نەرسە ئىچمىگەن ئىدى[1].

* * * *

مۇھەممەد ئىبنى ئەلى رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرنىڭ سورۇنىدا ئىدىم، سورۇندا ئىبنى ئەبى زىئبمۇ بار ئىدى. (ئۇ چاغدا) شەھەرنىڭ ۋالىيسى ھەسەن ئىبنى زەيد ئىدى. غىفار قەبىلىسىدىكىلەر كېلىپ، مەنسۇرغا ھەسەن ئىبنى زەيدنىڭ مەلۇم بىر ئىشىنى شىكايەت قىلغانىدى، ھەسەن (بۇنى ئاڭلاپ):

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ قانداق ئادەملەر؟ بۇلار توغرۇلۇق ئىبنى ئەبى زىئبتىن سورىغىن! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ئۇلار توغرۇلۇق ئىبنى ئەبى زىئبتىن سورىغانىدى، ئۇ:

— گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇلار كىشىلەرنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكىدىغان كىشىلەردۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. غىفار قەبىلىسىدىن كەلگەنلەر:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇنىڭدىن ھەسەن ئىبنى زەيد قانداق كىشى شۇنى سورىغىن! — دېگەنىدى، مەنسۇر ئۇنىڭدىن:

— ھەسەن ئىبنى زەيد قانداق كىشى؟ — دەپ سورىدى. ئىبنى ئەبى زىئب:

---

[1] ئىبنى ئەساكىر: «تارىيخۇ مەدىنەتى دىمەشق»، 368/40.

—گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەسەن ئىبنى زەيد ناھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشىدۇر، — دېدى. مەنسۇر:

— ئاڭلىدىڭغۇ، ئى ھەسەن! — دېدى. ئاندىن ھەسەن ئىبنى زەيد:

— ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭ ھەققىدە سورىغىنچۇ! — دېگەنىدى، مەنسۇر:

— مېنىڭ ھەققىمدە نېمە دەيسەن؟ — دېدى. ئىبنى ئەبى زىئب:

— ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشىمنى تەلەپ قىلمىساڭچۇ؟! — دېدى. مەنسۇر:

— ئەزبىرايى! مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ماڭا ئېيتقىن! — دېگەنىدى، ئىبنى ئەبى زىئب:

— گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەن بۇ ھوقۇقنى ناھەق ئالدىڭ ۋە ئۇنى ئۆز ئەھلىگە بەرمىدىڭ، — دېدى. مەنسۇر قولىنى ئىبنى ئەبى زىئبنىڭ گەدىنىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا:

— بىلگىنكى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن بولمىغان بولسام، پارسلار، رۇملۇقلار، دەيلەمىيلەر ۋە تۈركلەر سېنى بۇ ماكانىڭدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولاتتى، — دېگەنىدى، ئىبنى ئەبى زىئب:

— ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەقنى ئالدى، ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلدى ۋە پارسلار، رۇملۇقلارنىڭ ياقىلىرىنى تۇتتى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ئىبنى ئەبى زىئبنى قويۇۋەتتى ۋە:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن سېنىڭ راست سۆزلىگەنلىكىڭنى بىلمىگەن بولسام، سېنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، — دېدى. ئىبنى ئەبى زىئب:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن ساڭا ئوغلۇڭ مەھدىيدىنمۇ بەكرەك سەمىمىمەن، — دېدى»[1].

* * * *

ئەۋزائىي رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ساھىلدا تۇرۇۋاتسام مەنسۇر مېنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلغىنىمدا مېنى ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن:

[1] ھۇمەيدىي: «جەزۋەتۇل مۇقتەبىس»، 108/1.

— ئى ئەۋزائىي! ئۆزلىرىنى نېمە كىچىكتۇرۇپ قويدىڭىز؟ — دېگەندى، مەن:

— ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! نېمىنى خالايسەن؟ — دېدىم.

— ئۆزلىرىدىن ئىلىم ئېلىشنى خالايمەن.

— ئى ئەمىرۇلمۆئمىنىن! قارا! سەن بىرنەرسە ئاڭلايسەنۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايسەن، — دېدىم. شۇندا ماڭا رەبىئ ۋارقىرىدى ۋە قولى بىلەن قىلىچقا ئىشارەت قىلغانىدى، مەنسۇر ئۇنىڭغا كايىدى ۋە:

— بۇ دېگەن ساۋاب ئېلىش ئورنى، جازا ئورنى ئەمەس، — دېدى. بۇ گەپتىن كۆڭلۈم مەمنۇن بولدى ۋە ئۇنىڭغا كەڭ - كۇشادە سۆزلەشكە باشلىدىم ۋە دېدىمكى:

— ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەكھۇل ماڭا ئەتىييە ئىبنى بۇسىرىدىن رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹قايسى بىر ۋالىي پۇقرالىرىنى ئالدىغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ› [1] دېگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! خاھ قىزىل تەنلىك بولسۇن، خاھ قارا تەنلىك بولسۇن، مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كافىر بولسۇن، سەن ئۆزۈڭ ھۆكۈمدار بولغان بۇ رەئىييەتنىڭ ئىشلىرىنى قويۇپ، شەخسىي ئىشلىرىڭ بىلەن مەشغۇل بولدۇڭ. ھەركىشىنىڭ ئادىللىقتىن نېسىۋىسى باردۇر. رەئىييەتنىڭ كۆپى قوزغىلىپ، سەن كەلتۈرگەن بالا - مۇسىبەت ۋەياكى سالغان زۇلۇم - مۇشەققەتلىرىڭگە ئىسيان قىلسا، سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق بولار؟!

ئى ئەمىرۇلمۆئمىنىن! مەكھۇل ماڭا ھەبىب ئىبنى سەلەمەدىن زىياد ئىبنى ھارىسە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەئرابىينى — ئۆزى قەستەن قىلمىغان ئازراق يارىلاندۇرۇشتىن — ئۆزىدىن قىساس ئېلىۋېلىشقا چاقىرىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: ‹ئى مۇھەممەد! ھەقىقەتەن ئاللاھ سېنى زالىم، مۇتەكەببىر پەيغەمبەر قىلىپ

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (7411)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ئەلھىلىيە»، 136/6. بۇ ھەدىس زەئىف بولسىمۇ، بۇ مەزمۇندا ھەزرىتى مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ بىرەر خەلققە ھۆكۈمدار قىلغان كىشى قول ئاستىدىكىلەرنى ئالدىغان ھالدا ۋاپات بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ». بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7150، 7151)؛ مۇسلىم (142).

ئەۋەتمىدى» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەئرابىينى چاقىرىپ:

— مەندىن قىساسىڭنى ئالغىن، — دېگەنىدى، ئەئرابىي:

— ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سەندىن رازى بولدۇم، سەن جېنىمغا زىيان كەلتۈرسەڭمۇ مەن رازىمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ياخشى دۇئالارنى قىلدى[1].

ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! نەپسىڭنى نەپسىڭنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەزگىن ۋە نەپسىڭ ئۈچۈن رەببىڭدىن ئامانلىق تىلىگىن!

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئەگەر پادىشاھلىق ئىلگىرىكىلەرگە باقىي قالغان بولسىدى، ساڭا ھەرگىزمۇ پادىشاھلىق يەتمىگەن بولاتتى. پادىشاھلىق بىراۋغا باقىي قالمىغاندەك ساڭىمۇ باقىي قالمايدۇ.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار: «ۋاي ھالىمىزغا! بۇ نامە - ئەمالغا چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە - ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾/«كەھف»18: 49 دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرى ھەققىدە بوۋاڭنىڭ[2]: «كىچىك ئىش بولسا تەبەسسۇم قىلىشتۇر، چوڭ ئىش بولسا كۈلۈشتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دېمەك، تەبەسسۇم قىلىش ۋە كۈلۈشتەك ئىشلار نامە - ئەمالغا يېزىلغان يەردە قولنىڭ قىلمىشى، تىلنىڭ دېمىشى قانداقمۇ يېزىلمىسۇن!

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! كەمىنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئەگەر بىر قوزا دەريا قىرغىقىدا زايە بولۇپ ئۆلۈپ كەتسە، شۇ قوزا توغرۇلۇق سوئال قىلىنىشىمدىن قورقىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. ئەجەبا، سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدا تۇرۇپ ئادالىتىڭدىن مەھرۇم قالغان كىشى ھەققىدە سەن سورالماي قالارسەنمۇ؟!

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ رازى بولغۇر بوۋاڭ: ﴿ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾/«ساد»38: 26 دېگەن ئايەتنى

[1] ھاكىم (7943)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (7024). ھاكىم بىلەن زەھەبىي: «زەئىف» دېگەن.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى دېمەكچى.

مۇنداق تەپسىر قىلغانىكەن: «ئىككى دەۋاگەر ئالدىڭدا ئولتۇرسا، ئىككىسىنىڭ بىرىنى ياخشى كۆرسەڭ، كۆڭلۈڭدە ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ ھەقلىق چىقىشىنى ۋە نېرىقىنىڭ زىيىنىغا ئۇنىڭ مېلىنى ئېلىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلما، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، سېنى پەيغەمبەرلىكتىن ئۆچۈرۈپ تاشلايمەن. ئاندىن مېنىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپەم بولالمايسەن. ئى داۋۇد! مەن پەيغەمبەرلىرىمنى بەندىلىرىمگە بەئەينى تۆگە باقار چوپانلارغا ئوخشاش پەرۋىشكار قىلدىم. چۈنكى، چوپانلار بېقىشنى بىلىدۇ، يۇمشاقلىق بىلەن باشقۇرىدۇ، سۇنۇقلارنى تاڭىدۇ، ئورۇق مالنى ئوت - چۆپ ۋە سۇغا باشلايدۇ».

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن شۇنداق بىر ئىش بىلەن سىنالدىڭكى، ئەگەر ئۇ ئىش ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلەنسە، ئۇنى كۆتۈرۈشتىن باش تارتاتتى ۋە ئۇنى ئادا قىلالماسلىقتىن قورققان بولاتتى.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! يەزىد ئىبنى جابىر ماڭا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى ئۇمەيرە ئەنسارىينىڭ: «ھەقىقەتەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارلاردىن بىر كىشىنى سەدىقە يىغىشقا ئىشلەتتى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىنى سەدىقە يىغىشقا چىقماي ئۆيىدە ئولتۇرغان ھالەتتە كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:

— نېچۈك سەدىقە يىغىشقا چىقمىدىڭ؟ بۇ ئىشتا ساڭا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى بولىدىغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېگەندى، ئۇ كىشى:

— ياق، - دېدى. ئۆمەر:

— ئۇ قانداق بولغىنى؟ - دېدى. ئۇ كىشى:

— ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: "ئامىمنىڭ بىر ئىشىنى ئۈستىگە ئالغۇچى قىيامەت كۈنى ئىككى قولى بويىنىغا باغلانغان ھالەتتە كېلىدۇ، جەھەننەمنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە توختىتىلىدۇ، كۆۋرۈك ئۇ كىشى بىلەن قاتتىق بىر تەۋرەيدۇ، بۇ تەۋرەش ئۇ كىشىنىڭ ھەربىر ئەزايىنى ئۆز ئورنىدىن ئاجرىتىۋېتىدۇ، ئاندىن قايتا ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈلۈپ، ھېساب ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئاللاھنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ ئىبادەت قىلغان كىشى بولسا، شۇ ئىبادىتى سەۋەبلىك نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ؛ ئەگەر يامان ئىش قىلغۇچى كىشى بولسا، شۇ كۆۋرۈك تېشىلىپ، ئۇ كىشى 70 يىل جەھەننەمگە غۇلايدۇ"» [1] دېگەنلىكى يەتتى.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (13900)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (6998). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 2269) «زەئىف» دېگەن.

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى ئۆمەر. ئۇ كىشى:

— ئەبۇ زەر ۋە سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئاڭلىدىم، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇ ئىككىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ئىككىسى ئەلچىگە: ‹ھەئە، بىز ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان ئىدۇق› دېدى. شۇندا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ۋاي بىچارە ئۆمەر! بۇ باشلىقلىققا شۇنچە خەتەرگە قارىماي كىممۇ ئىگە بولار؟ — دېگەنىدى، ئەبۇ زەر:

— ئاللاھ پېشانىسىنى شور قىلىۋەتكەن ۋە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەتكەن كىشى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، — دېدى. بۇ سۆزلەردىن كېيىن مەنسۇر قول ياغلىقنى ئېلىپ يۈزىگە قويۇپ، ئۆكسۈپ يىغلىدى ۋە مېنىمۇ يىغلىتىۋەتتى.

ئاندىن مەن مۇنداق دېدىم:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! تاغاڭ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىنى مەككىگە يا تائىفقا ۋەيا يەمەنگە ۋالىي قىلىشنى سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ‹ئى تاغا! سەن قۇتقۇزىدىغان بىر جان سەن ھېسابىنى بېرىپ بولالمايدىغان ۋالىيلىقتىن ياخشىدۇر› دېدى[1]. بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسىغا نەسىھەت قىلىپ ۋە شەپقەت قىلىپ دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ﴿يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن!﴾26/«شۇئەرائ»: 214 دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسىغا ئۆزىنىڭ تاغىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچنەرسىنى دەفئى قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئى ئابباس! ئى سەفىييە! ئى فاتىمە! مەن سىلەردىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچنەرسىنى دەفئى قىلالمايمەن، مېنىڭ ئەمىلىم ئۆزۈم ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن› دېگەنىدى[2].

ھەقىقەتەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ‹كىشىلەرنىڭ دىن ئىشىنى ئەقلى ئۆتكۈر ۋە ئاللاھ بارىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان كىشىلا بەرپا قىلالايدۇ› . ئەۋزائىي ئۇنىڭغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (7024). ھاكىم بىلەن زەھەبىي: «زەئىف» دېگەن.

[2] باش قىسمى بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2753)؛ مۇسلىم (206). ئاخىرقى: «مېنىڭ ئەمىلىم ئۆزۈم ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن» دېگەن قىسمىنى بەيھەقىي («شۇئەبۇلئىمان»، 7024) رىۋايەت قىلغان.

ئەنھۇنىڭ سۆزىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى، ئاندىن كېيىن: ‹ئۇ سۆزلەر نەسىھەتتۇر، ساڭا تىنچلىق يار بولسۇن› دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرغانىدى، مەنسۇر:

— قەيەرگە؟ — دېدى. ئەۋزائىي:

— مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ رۇخستى بىلەن ۋەتەنگە.

— رۇخسەت قىلدىم، نەسىھەتىڭگە رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىمەن، ئاللاھ ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر، ياخشى ئىشلاردا ياردەم بەرگۈچىدۇر، ئاللاھتىن ياردەم سورايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمەن، ئاللاھ ماڭا يېتەرلىك، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي ـ ھە! ماڭا مۇشۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلىپ تۇرغىن، سەن سۆزى مەقبۇل، نەسىھەتىدە كايىيدىغان كىشى ئەمەسسەن.

ئەۋزائىي:

— مەن شۇنداق قىلىمەن، ئىنشائاللاھ! — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ئۇنىڭغا شەھەردىن چىقىپ كېتىشىگە ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن مال بۇيرۇپ بەرگەنىدى، لېكىن ئەۋزائىي ئۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە:

— مەن ئۇ مالدىن بىھاجەتمەن، مەن نەسىھەتىمنى دۇنيانىڭ بارلىق ماللىرىغىمۇ ساتمايمەن، — دېدى. مەنسۇر ئۇنىڭ پەيلىنى بىلدى ۋە ئۇنىڭغا قايتۇرغۇدەك سۆز تاپالمىدى»[1].

* * * *

ھارۇن رەشىد ھەج قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭغا:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! شەيبانمۇ ھەجدە، — دېدىلەر. ھارۇن رەشىد:

— ئۇنى يېنىمغا چاقىرىپ كېلىڭلار، — دېگەنىدى، چاقىرىپ كېلىشتى. ئاندىن ھارۇن رەشىد شەيبانغا:

— ئى شەيبان! ماڭا نەسىھەت قىلغىن، — دېدى. شەيبان:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پېقىر تىلى كەمتۈك ئادەممەن، ئەرەبچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيمەن. نەسىھەت قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا سۆزۈمنى چۈشىنىدىغان بىر كىشىنى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

ھارۇن رەشىد ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىدىغان بىر كىشىنى ئەكەلدۈردى. ئاندىن

[1] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىلىيەتۇل ئەۋلىيائ»، 137/6.

شەيبان تىلماچقا نەبات تىلىدا سۆزلەپ:

— دېگىنكى: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ساڭا خاتىرجەملىك مەنزىلىگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى سېنى قورقۇتقان كىشى سېنى قورقۇنچلۇق جايغا بېرىشتىن ئىلگىرى خاتىرجەم قىلغان كىشىدىن بەكرەك سەممىيدۇر، — دېدى.

ھارۇن رەشىد:

— يېشىپراق ئېيتساڭچۇ؟ — دېدى. شەيبان تىلماچقا:

— ئېيتقىن: ساڭا «ئاللاھتىن قورققىن! سەن بۇ ئۈممەتتىن سورىلىدىغان كىشىسەن، ئاللاھ سېنى بۇ ئۈممەتكە باش قىلدى، بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى ساڭا تەيىن قىلدى، سەن شۇ ئىشلاردىن مەسئۇلسەن، پۇقرالارغا ئادىل بولغىن! باراۋەر تەقسىم قىلغىن! تارماق قوشۇنلارنى ئەۋەتكىن! ئۆزۈڭ ھەققىدە ئاللاھتىن قورققىن!» دېگەن كىشى سېنى قورقۇتقان كىشىدۇر، دېمەك سەن ئەمىنلىك ئورنىغا يەتسەڭ خاتىرجەم بولىسەن. بۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلىدىغان كىشى «سىلەر گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان ئەھلى بەيت[1] سىلەر، سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تۇغقانچىلىقى ۋە شاپائىتىدە بولىسىلەر» دەپ سېنى خاتىرجەم قىلىدىغان كىشىدىن بەكرەك سەممىي كىشىدۇر. ھەتتا سەن قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا دۇچ كەلسەڭ ھالاك بولىسەن، — دېدى.

ھارۇن رەشىد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى، ھەتتا ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ئاندىن ھارۇن رەشىد:

— ماڭا يەنە نەسىھەت قىلغىن، - دېگەنىدى، شەيبان:

— ساڭا بۇ نەسىھەتلەر يېتەرلىكتۇر، — دېدى.

[1] ئەھلى بەيت (أَهْلُ الْبَيْتِ): ئادەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمەتىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئەھلىسۈننەت ئالىملىرىنىڭ بىر قارىشىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە، كۈيئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ شىئەلەرنىڭمۇ قارىشى. يەنە بىر قاراشتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىلا كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى، يەنە بىر قاراشتا زاكات ئېلىش ھارام بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ دادا تەرەپ تاغىسى ئابباس، رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرە ئۇكىسى ۋە كۈيئوغلى ئەلى، ئەقىيل، رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرە ئۇكىسى، شۇنداقلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاكىسى جەئفەر ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا: «الْمَوْسُوْعَةُ الْإِسْلَامِيَّةُ الْعَامَّةُ (ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى)»، 18 - بەت، «مىسىر ئەۋقاف (ۋەقفلەر) مىنىستىرلىكى». قاھىرە، ھ. 1424/ م. 2003. - ت.

* * * *

ئەلقەمە ئىبنى مەرسەدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە ئىراققا كەلگەندە، ھەسەن ئەلبەسرىي ۋە شەئبىيگە ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئىككىسىگە بىر ئۆي بۇيرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇ ئۆيدە بىر ئاي ئەتراپىدا تۇردى. ئاندىن ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە ئىككىسىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئىككىسىنى هۆرمەتلىگەن ھالەتتە ئولتۇرۇپ:

— ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ماڭا خەت يېزىپتۇ، مەن ئۇ خەتتىكى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلسام ھالاك بولىدىغانلىقىمنى بىلىمەن. ئەگەر مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە ئىتائەت قىلسام، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىمەن؛ ئەگەر ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلسام، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىمەن. سىزلەرچە، مەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە ئەگەشسەم، غەمدىن خالاس بولۇرمەنمۇ؟ — دېدى. شۇندا ھەسەن ئەلبەسرىي شەئبىيگە:

— ئى ئەبۇ ئەمرى! ئەمىرگە جاۋاب بەرگىن، — دېدى. شەئبىي سۆز ئېلىپ ئىبنى هۇبەيرەنىڭ ئىشىنى ئاددىي ئىش كۆرۈپ، ئىبنى هۇبەيرە ئۇ ئىشنى قىلىشتا ئۆزرىلىك دېگەندەك قىلدى. شەئبىي:

— سەن نېمە دەيسەن، ئى ئەبۇ سەئىد؟! — دېگەنىدى، ھەسەن ئەلبەسرىي:

— مەنچە، ئى ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە! ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلمايدىغان ناھايىتى قوپال بىر پەرىشتە تېزلا چۈشۈپ، سېنى قەسرىڭنىڭ كەڭرىچىلىكىدىن قەبرەڭنىڭ تارچىلىقىغا چىقىرىدىغانغا ئاز قالدى. ئى ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە! ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭ، ئاللاھ سېنى يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكتىن قوغداپ قالىدۇ. ھالبۇكى، يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك سېنى ئاللاھ تائالادىن ھەرگىز قوغداپ قالالمايدۇ. ئى ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە! ئاللاھ تائالانىڭ سېنىڭ يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىككە ئىتائەت قىلغان ئەڭ قەبىھ ئەمىلىڭ سەۋەبلىك ساڭا مەغپىرەت ئىشىكىنى ئېتىۋېتىشىدىن قورققىن!

ئى ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە! مەن بۇ ئۈممەتنىڭ بېشىدا شۇنداق كىشىلەرنى بىلىمەنكى، خۇددى دۇنيا قېچىۋاتسىمۇ سىلەرنىڭ دۇنيانىڭ كەينىدىن قوغلىغىنىڭلاردەك، ئۇلارغا دۇنيا يېپىشقانسېرى دۇنيادىن قاچاتتى. ئى ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە! مەن سېنى ئاللاھ قورقۇتقاندىن قورقۇتىمەن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر﴾14/«ئىبراھىم»: 14. ئى ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە! ئەگەر سەن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلساڭ، ئاللاھ تائالا ساڭا يەزىد ئىبنى

ئابدۇلمەلىككە قارىتا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىلەن بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويىدۇ، ــ دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە يىغلاپ كەتتى ۋە كۆزى ياش ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئۆمەر ئىبنى هۇبەيرە ئۇ ئىككىسىگە ئىجازەتنامە بىلەن سوۋغاتلارنى ئەۋەتتى. سوۋغات ھەسەن ئەلبەسرىيگە كۆپرەك، شەئبىيگە بولسا سەل كەمرەك ئىدى. ئاندىن شەئبىي مەسجىدكە چىقتى ۋە: ‹ئى خالايىق! ئاللاھنىڭ رىزاسىنى مەخلۇقاتلارنىڭ رازىلىقىدىن ئەۋزەل تاللاشقا قادىر بولغان كىشى تاللىسۇن! جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى! ھەسەن ئەلبەسرىي بىلگەن نەرسىنى مەن بىلمەيتىمەن، مەن ئىبنى هۇبەيرەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەنىدىم، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ مېنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇردى› دېدى»[1].

* * * *

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ رەھىمەھۇللاھ ھاۋا ئىسسىق بىر كۈندە (بەسرە ۋالىيسى) بىلال ئىبنى ئەبى بۇردەنىڭ يېنىغا كىردى، بىلال مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ئەئيانلار ئارىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا مۇز بار ئىدى. بىلال:

ـــ ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! سەنچە بىزنىڭ بۇ ئۆيىمىز قانداقراقكەن؟ ـــ دېگەنىدى، مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ:

ـــ سېنىڭ ئۆيۈڭ گۈزەلدۇر، جەننەت ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلدۇر، دوزاخنى ئەسلەش بۇنداق ئۆيدىن مەشغۇل قىلىدۇ، ـــ دېدى.

ـــ تەقدىر ھەققىدە نېمە دەيسەن؟

ـــ قەبرە ئەھلىگە قوشۇلغان قوشنىلىرىڭنى ئەسلىگىن، ئۇلارنى ئەسلەش تەقدىر ھەققىدە گەپ قىلىشتىن سېنى مەشغۇل قىلىدۇ.

ـــ ئاللاھتىن تىلەپ ماڭا دۇئا قىلغىن!

ـــ سەن مېنىڭ دۇئايىمنى نېمە قىلىسەن، ئىشىكىڭدە مۇنداق كىشىلەر سېنىڭ زۇلمىڭدىن داد ئېيتىشماقتا، ئۇلارنىڭ دۇئاسى مېنىڭ دۇئايىمدىن بۇرۇن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلىدۇ. زۇلۇم قىلمىغىن! شۇندىلا مېنىڭ دۇئايىمغا موھتاج بولمايسەن[2].

[1] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 149/2.
[2] ئىمام غەززالىي: «ئىهيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 380/3.

بۇلار بولسا ئەمرلەرگە نەسىھەت قىلىش ھەققىدە كەلگەن قىسقىچە، بىر قىسىم خەۋەرلەردۇر. تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى خاھلىغانلار «ئەلمىسباھۇل مۇزىيئۇ» دېگەن كىتابقا قارىسۇن.

* * * *

مانا بۇلار ئالىملارنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئادەتلىرىگە دائىر ھېكايىلەردۇر. ئۇلار ئېھتىيات قىلىشتىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى بەرپا قىلىشنى، سۇلتانلارنىڭ كۈچ ـ ھوقۇقلىرىغا پەرۋا قىلىشنى ئەلا بىلەتتى. لېكىن، ئۇ زامانلاردا بەگ ـ ھۆكۈمدارلار ئىلىمنىڭ ھەققىنى ۋە پەزىلىتىنى بىلىپ، ئالىملارنىڭ نەسىھەتلىرىگە سەبىر قىلاتتى. زامانىمىزدا بولسا پېقىرنىڭ قارىشىچە ئەڭ ئەۋزىلى سۇلتانلاردىن قېچىشتۇر. ئەگەر ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، نازۇك نەسىھەتلەرنى قىلىش بىلەن قانائەتلەنسە كۇپايە.

چۈنكى، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى باردۇر:

بىرىنچىسى: نەسىھەت قىلغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ نىيىتى يامان ۋە نەسىھەت قىلىش بىلەن دۇنيا ۋە رىياكارلىققا مايىل بولۇشىدۇر. دېمەك، بۇ ھالەتتە قىلغان نەسىھەتتە سەمىمىيەت بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى: نەسىھەت قىلىنغۇچىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئاخىرەتنى ئەسلەشتىن مەشغۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ دۇنيانى چوڭ بىلىشى ئۇلارغا ئالىملارنى چوڭ بىلىشنى ئۇنتۇلدۇردى. مۇئمىننىڭ ئۆزىنى خار قىلىشى جائىز ئەمەستۇر.

ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بۆلۈمى بۇ يەردە تامامدۇر. مۇئەللىف بۇنىڭ ئالدىدا قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش ۋە قەلبنىڭ تەسىرلىنىشى ھەققىدە بىر بۆلۈم بايان قىلغان ئىدى. بىز بۇيەردە ئۇ ھەقتە قىسقىچە بىر قىسىم مەزمۇنلارنى بايان قىلىمىز.

## قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش ۋە قەلبنىڭ تەسىرلىنىشى

بىلگىنكى، بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش نەغمە ـ ناۋا ئاڭلاشتۇر. ناخشا ئاڭلاش ئىبلىسنىڭ قەلبلەرنى بۇزىدىغان ئەڭ چوڭ ۋاستىلىرى قاتارىدىندۇر. ئىبلىس نەغمە ـ ناۋا ئارقىلىق ئاۋام خەلقتىن سىرت ئالىملار ۋە زاھىدلاردىن ساناقسىز كىشىلەرنى ئالدىدى. ھەتتا ئۇلار: «يېقىملىق ناخشىلارنى ئاڭلىغان چاغدا، ئاللاھ تائالاغا قارىتا قەلب ھۇزۇرى ھاسىل بولىدۇ» دەپ

جۆيلۇشتى ۋە: «ناخشا ئاڭلاشتىن پەيدا بولغان قەلب خۇشاللىقى ياكى بىئاراملىقى ئاخىرەتكە ئالاقىدار تەسىرلىنىشتۇر» دەپ گۇمان قىلىدى. ئەگەر ھەقىقەتنى بىلىشنى ئىستىسەڭ، دەسلەپكى ئەسىرگە قارا! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابەلىرى شۇنىڭدىن بىرەرسىنى قىلدىمۇ؟! ياكى تابىئىنلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ۋە ئۇممەتنىڭ فەقىھ ئالىملىرىدىن ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىيفە، شافىئىي ۋە ئەھمەد رەھىمەھۇللاھلارنىڭ سۆزلىرىگە قارا! بارلىق ئالىملار غەزەلخانلىقنى ئەيىبلىگەن. ھەتتا ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ: «بىرى چۆرە قىز سېتىۋالسا ۋە ئۇنىڭ ناخشىچى ئىكەنلىكىنى بىلسە، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ھەققى بار» دېگەن. ئۇ يەنە ناخشا ئېيتىش ھەققىدە سورالغاندا: «ئۇ پاسىقلارنىڭ قىلىقىدۇر» دېگەن.

«ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھتىن:

— بىر كىشى بالىسىنى ۋە ناخشىچى بىر چۆرىنى ئارقىدا قويۇپ ئۆلۈپ كەتسە ۋە بالا ئۇ ناخشىچى چۆرىنى سېتىشقا موھتاج بولسا قانداق قىلىدۇ؟ — دەپ سورالغاندا، ئىمام:

— ئۇ چۆرە ‹ناخشىچى› دەپ ئەمەس، ‹ئاددىي چۆرە› دەپ سېتىلىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئۇ چۆرە ‹ناخشىچى› دەپ سېتىلسا، 30 مىڭغا يارايدۇ، ‹ئاددىي چۆرە› دەپ سېتىلسا، بەلكىم 20 تىللاغا يارىشى مۇمكىن، — دېيىلگەندى، ئىمام ئەھمەد:

— ئۇ چۆرە ‹ئاددىي چۆرە› دەپ سېتىلىدۇ، — دېدى»[1].

مۇجتەھىد فۇقاھالار ناخشا ئېيتىشتىن چەكلەشتە بىرلىككە كەلگەندۇر. ئىمام شافىئىينىڭ مۆتىۋەر ھەمراھلىرىدىن بولمىش ئەبۇ تەييىب ئەتتەبەرىي بىر ئەسىرىدە ناخشىنى قاتتىق چەكلىگەن.

«ناخشا ئېيتىش مۇباھ» دېگەن قاراشقا قايمۇققان بىر قىسىم كىشىلەر ئېسىلدى ۋە: «سەلەف سالىھلەردىن بەزىلەر ناخشىغا رۇخسەت قىلغان» دېدى. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھمۇ سۆزمەن بىر كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «بۇنداق سۆزلەرنى قىلسا ھېچقىسى يوق» دېگەنىدى.

شۇڭا، مۇباھلىقىغا پەتىۋا بېرىلگەن ناخشىنىڭ قايسى ناخشا ئىكەنلىكىنى ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. رۇخسەت قىلىنغان ناخشا ـ غەزەللەر بولسا دۇمباق ياكى

[1] ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنىي»، 155/4.

تەڭكەش ئەسۋابى بولمىغان، چاۋاك ۋە ئۇسسۇل قوشۇلمىغان زاھىدانە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مەزمۇندىكى شېئىرلاردۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدىكى ئىككى ئۆلەڭچى قىزنىڭ بۇئاس كۈنىدە ئەنسارلار ئېيتىشقان قوشاقلار بىلەن ئۆلەڭ ئېيتقانلىقى مۇشۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇركى،[1] ئۇلار كىشىنى يايرىتىدىغان ناخشىلاردىن ئەمەستۇر.

مەلۇمكى! داپ، قالۇن، نەي ۋە ئۇد قاتارلىق تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلارنى بۇرۇنقىلار بىلمەيتتى، بۇلار كېيىنكىلەرنىڭ ئىجادىدۇر. بۇ نەرسىلەر بولسا ئىنسان نەپسىدىكى كۆمۈلۈپ قالغان يوشۇرۇن ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى قوزغايدۇ ۋە نەپسنى ئارامىدا قويمايدۇ. ئەتتەڭەي! نادان (سوپى) كىشى بولسا بۇ بىئاراملىقنى ئاخىرەتكە باغلىنىش دەپ ئويلايدۇ.

كاشكى ئۇلار (سوپىلار): «بۇ دېگەن مۇباھ ئويۇن - تاماشالاردىن، بىز بۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىمىز» دېيىشچۇ؟! ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۇنى «ئىبادەت» دەپ جۆيلىشىدۇ ۋە ئەقىلنى ئازدۇرىدىغان دەرىجىدىكى بىئاراملىقنى «ۋەجد (ئۆزىدىن كېتىش)» دەپ ئاتايدۇ. بەزىدە ناخشا ھاياجىنى كىيىم - كېچەكلەرنى يىرتىش ۋە قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشقا ئوخشاش ناھالال قىلىقلارنى قىلدۇرۇۋېتىدۇ. روشەنكى، بۇلارنىڭ تامامى سەلەف سالىھلەرنىڭ يولىدىن يىراقلىشىش ۋە توغرا يولدىن ئادىشىشتۇر. شۇڭا، كىشى ئۆزىنى ئالدىماسلىقى كېرەك. توغرا بولغان «ۋەجد» بولسا قۇرئان ۋە ۋەز - نەسىھەت ئاڭلىغاندا، قەلبتە ھاسىل بولىدىغان ھاياجاندۇر. شۇندا ئىنسان روھىدا ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن قورقۇش، ۋەدىلەرگە قىزىقىش ۋە سەھۋەنلىككە پۇشايمان قىلىش قوزغىلىدۇ. مانا بۇ ئىچكى ھالەتلەر بەدەننى تىنچ تۇرۇشقا ئۈندەيدۇكى، ھەرگىزمۇ سەكرىتىپ، چاۋاك چالدۇرمايدۇ. قەلبلەرنى ئاللاھنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىش ئۈچۈن گۈلمەرەم، ئايپاتەملەرنى تىلغا ئېلىشقا موھتاج بولغىدەك دەرىجىدە بىزگە قۇرئان، ۋەز - نەسىھەت ۋە زاھىدانە شېئىرلار كەم بولۇپ قالغىنى يوق.

بىز بەزى شېئىرلاردا ياخشىلىققا ئۈندىگۈچى بەزى مەزمۇنلار بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. لېكىن، كۆپىنچە شېئىرلار قەلبلەرنى دۇنيا ھەۋەسلىرىگە مايىل قىلىدۇ. ئىنساننى دۇنياغا مايىل قىلىدىغان شېئىرلاردىن ئاخىرەت ئۈچۈن مەنپەئەت كۈتكەن كىشىنىڭ مىسالى، «مەن ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن ئەجەبلىنىش ئۈچۈن كېلىشكەن، ساقالسىز يىگىتلەرگە قارايمەن» دېگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق دېگۈچى يولدىن ئازغۇچىدۇر. چۈنكى، قارىغان چاغدا ئەس - ياد ۋە

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (949، 952)؛ مۇسلىم (892).

شەھۋەتنى جەلپ قىلىدىغان نەرسە تەپەككۇر يولىنى دۇغلاشتۇرۇپ، پىكىر قىلىشتىن مەشغۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دۇنياغا مايىل قىلىدىغان شېئىرلاردىن ئاخىرەت ئۈچۈن مەنپەئەت ئېلىشنى ئىرادە قىلغۇچىنى توسۇپ دەيمىزكى: سەن ھېچقانداق دۇغلاشتۇرغۇچى بولمىغان نەرسىگە، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىگە قارا!

﴿ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟﴾50/«قاف»: 6

بىر كىشى: «ئۇ شېئىرلار باشقىلارنىڭ ئېسىنى ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە تارتىپ تەسىر قىلغاندەك، ماڭا تەسىر قىلمايدۇ» دېسە، ئىنسان تەبىئىتىگە قارشى بىر دەۋا بىلەن بىلجىرلىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلىنمايدۇ. پېقىر «تەلبىسۇ ئىبلىس (ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشى)» دېگەن كىتابىمدا بۇنىڭ ھەممىسىنى مۇكەممەل ئېچىپ سۆزلىدىم. بۇ يەردە گەپنى ئۇزارتىۋېتىشنى خاھلىمايمەن. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ياشاش ئەدەبلىرى ۋە پەيغەمبەرلىك ئەخلاقلىرى

بىلگىنكى، تاشقى ئەدەبلەر ئىچكى پەزىلەتلەردىن دېرەك بېرىدۇ. ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ئوي - پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ مېۋىسى، ئەمەللەر ئەخلاقنىڭ نەتىجىسى، ئەدەبلەر ئىلىم - مەرىپەتنىڭ تامچىسىدۇر. قەلب سىرلىرى بولسا ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ كۆچەتزارلىقى ۋە بۇلاقلىرىدۇر.

ئىچ دۇنيايىمىزنىڭ (روھىيىتىمىزنىڭ) نۇرلىرى تاشقى دۇنيايىمىزنى يورۇتىدۇ ۋە زىننەتلەپ گۈزەللەشتۈرىدۇ. قەلبى ئاللاھقا بويسۇنمىغان كىشىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بويسۇنمايدۇ. كۆكسى ئىلاھىي نۇرلارنىڭ تەكچىسى بولمىغان بىرىنىڭ زاھىرىغا پەيغەمبەرلىك ئەدەبلىرىنىڭ گۈزەللىكى يۇقمايدۇ.

بىز ئىلگىرى بۇ ئەدەبلەرنى قايتىلاش بىھاجەت دەرىجىدە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ بابتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەدەب ۋە ئەخلاقلىرىدىن بىر قىسمىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىزكى، بۇ ئارقىلىق بارچە ئەدەب ۋە ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن ئىمانىمۇ كۈچلەندۈرۈلگەي ۋە مەھكەم ئورناشقاي. ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغ ئەخلاقىنى ئۆگىنىش بۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ھەربىر ئەخلاقىي ئىستىبدادى ئۇ زاتنىڭ نەقەدەر بۈيۈك ئەخلاقتا، مەرتىبە جەھەتتىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى، ئەڭ ھۆرمەتلىكى ۋە ئەڭ قەدىرلىكى ئىكەنلىكىگە شاھىدتۇر. ئۇنداقتا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق پېئىل - ئەتۋارى

قانداقمۇ ئۇنىڭغا شاھىد بولمىسۇن؟!

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى توغرۇلۇق سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى، قۇرئان غەزەپلەنگەنگە غەزەپلىنەتتى، قۇرئان مەمنۇن بولغاندىن مەمنۇن بولاتتى»[1]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقىنى مۇكەممەل قىلغاندا، ئۇ زاتنى ماختاپ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾«قەلەم»: 4/68 دېگەن. ئۆزى ئاتا قىلغان ئاندىن ماختىغان ئاللاھ بارلىق ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى گۈزەل ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

رەسۇلۇللاھ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەپۇچان، ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ مېھرىبان زات ئىدى.

كەشىنى، كىيىمنى ئۆزى ياماپتتى[2] ۋە ئاياللىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى[3].

چۈمپەردە ئىچىدىكى قىزدىنمۇ ھايالىق ئىدى[4].

بىر قول چىللىسىمۇ ئىجابەت قىلاتتى[5]، كېسەللەرنى يوقلايتتى، ئۆزى يالغۇز ماڭاتتى[6]، باشقىلارنى ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈۋالاتتى؛ ھەدىيە قوبۇل قىلاتتى ۋە ھەدىيە قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى يەيتتى. شۇنداقلا، ھەدىيەگە ھەدىيە قايتۇراتتى[7]. ئەمما، سەدىقە يېمەيتتى[8]؛ قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك ناچار خورما چاغلىق نەرسىمۇ تاپالماي قالاتتى، ئۈچ كۈن ئارقىمۇئارقا بۇغداي نېنىغا تويۇپ باقمىغان ئىدى ۋە قورسىقىغا ئاچلىقتىن تاش تېڭىۋالاتتى[9].

---

[1] باش قىسمى مۇسلىم (746)؛ ئاخىرى بىلەن قوشۇپ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (1755).

[2] ئەھمەد (25380). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي («سەھىھۇلجامىئۇسسەغىر ۋە زىيادەتۇھۇ»، 9068): «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارىي (676).

[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6102)؛ مۇسلىم (2320). ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[5] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (12331). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4915): «سەھىھ» دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[6] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6443)؛ مۇسلىم (94). ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[7] بۇخارىي (2585). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[8] ئەبۇ داۋۇد (4514). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4881): «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[9] بۇخارىي 4101 - ھەدىستە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

رەسۇلۇللاھ بارىنى يەيتتى ۋە يېمەكلىكنى پەقەت ئەيىبلەپ باقمىغان ئىدى. بىرنەرسىگە يۆلىنىپ تاماق يېمەيتتى[1] ۋە ئالدىدىن يەيتتى.

رەسۇلۇللاھ گۆشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، بولۇپمۇ قوينىڭ ئالدى پۇتىنىڭ گۆشىنى، ئوتياشلاردىن كاۋىنى، نان تۆگۈرۈپ يەيدىغان نەرسىلەردىن سىركىنى، قۇرۇق خورمىدىن ئەجۋەنى ئەڭ ياقتۇراتتى.

رەسۇلۇللاھ تاپقان كىيىمنى كىيەتتى، بەزىدە يوللۇق تون، بەزىدە يۇڭ يەكتەك كىيەتتى. بەزىدە تۆگە، بەزىدە قېچىر، بەزىدە ئېشەك مىنەتتى ۋە يەنە بەزىدە يالاڭغىداق ياياق ماڭاتتى.

رەسۇلۇللاھ خۇش پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى، بەدبۇي پۇراقلارنى يامان كۆرەتتى.

پەزىلەت ئەھلىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئېسىل كىشىلەر بىلەن جەم بولاتتى، ھەممە كىشىگە ئەدەبلىك بولاتتى. ئۆزىگە ئۆزرە ئېيتقان كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلاتتى.

چاقچاقمۇ قىلاتتى، ئەمما ھەقنىلا سۆزلەيتتى. پەس ئاۋازدا كۈلەتتى، زەررە ۋاقتىنى ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەلسىز ياكى ئۆزىگە مەنپەئەتلىك زۆرۈر ئىشلارسىز ئۆتكۈزمەيتتى.

بىرەر ئايالغا ياكى خىزمەتچىگە بەددۇئا قىلىپ باقمىغان ئىدى.

ئاللاھ يولىدىكى جىھادتىن باشقا چاغدا ھېچكىمگە قول كۆتۈرۈپ ئۇرمىغانىدى.

ئاللاھ تائالا قويغان چەك - چېگرا دەپسەندە قىلىنمىغۇچە ھېچقاچان ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى.

ئىككى نەرسە ئارىسىدا تاللاش ئىختىيارىغا قويۇلسا، ئاسىنىنى تاللايتتى. گۇناھ بولىدىغان ياكى سىلە - رەھىمنى ئۈزىدىغان ئىشلاردىن بەك يىراق تۇراتتى[2].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئون يىل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. ئۇ زات ماڭا بىرەر قېتىممۇ ۋايساپ باقمىدى ياكى قىلغان ئىشىمغا: ‹نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟› ۋەياكى: ‹مۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى؟› دەپمۇ باقمىدى»[3].

ئورنىدىن تۇردى، ھالبۇكى قورسىقى تاش بىلەن تېڭىلغان ئىدى» دېگەن.

[1] ئەبۇ داۋۇد (3772). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4840): «سەھىھ» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[2] يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەدىسلەردە كەلگەندۇر.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6038)؛ مۇسلىم (2309).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە: «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، مېنىڭ تاللىغان بەندەمدۇر، ئۇ قوپال، توڭ، بازارلاردا بەك ۋارقىرايدىغان ۋە يامانلىققا يامانلىق قايتۇرىدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى ئەپۇچان ۋە كەڭ قول كىشىدۇر»[1].

ئۇچراشقانلارغا باشتا سالام قىلىش، بىراۋ بىر ھاجەت بىلەن يېنىدىن ئايرىلغان بولسا، ئۇ كىشى قايتىپ كەلگۈچە سەبىر قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇش، بىرى قولىنى تۇتسا قارشى تەرەپ قولىنى قويۇپ بەرمىگۈچە، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەسلىك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقلىرىدىن ئىدى.

بىر مەجلىستە قەيەردە ئورۇن بولسا ساھابەلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، بەئەينى ئۇلاردىن بىرىدەكلا ئەل قاتارى ئولتۇراتتى، ھەتتا ياقا يۇرتتىن كەلگەن كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قايسى كىشى ئىكەنلىكىنى سورىمىغۇچە بىلەلمەيتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەك ئۇزۇن سۆزلىمەيتتى. سۆزلىگەندە بەك تېز سۆزلىمەيتتى، بەلكى ئالدىرىماي، ئورۇنلۇق سۆزلەيتتى ۋە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن سۆزىنى تەكرارلايتتى.

كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلاتتى ۋە ھېچكىمگە يامانلىقنى راۋا كۆرمەيتتى.

رەسۇلۇللاھ بەك راستچىل، ئەھدىگە بەك ۋاپادار، يۇمشاق تەبىئەتلىك، يولداشلىققا لايىق ئېسىل كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھنى ئۇشتۇمتۇت كۆرگەن كىشى ئۇ زاتتىن ئەيمىنەتتى، سۆھبىتى بىلەن ئۇ زاتنى تونۇشقا مۇيەسسەر بولغۇچىلار ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. ساھابەلىرى دۇنيا ئىشى ھەققىدە پاراڭلاشسا، ئۇلار بىلەن دۇنيا ئىشى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. جاھىلىيەت ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىشىپ كۈلۈشسە، رەسۇلۇللاھ تەبەسسۇم قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ شىجائەتلىك كىشى ئىدى. بەزى ساھابەلەر ئېيتىدۇ: «قاتتىق جەڭ بولغاندا بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قوغدىناتتۇق».

## [رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكى]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەك ئېگىزمۇ، بەك پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي ئىدى.

[1] بۇخارىي (2125).

رەڭگى نۇرانىي، قارامتۇل ئەمەس ئىدى.

چېچى ئۇزۇنمۇ ئەمەس، بەك بۇدۇرە ياكى بەك تۈزمۇ ئەمەس، تارىغىلى بولىدىغان چاچ ئىدى[1]. چېچى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا چۈشۈپ تۇراتتى[2].

رەسۇلۇللاھنىڭ پېشانىسى كەڭ، قەلەمقاش، كۆزلىرى چوڭ ۋە قاپقارا، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، بۇرنى تىك، ئىككى مەڭزى سىلىق، ساقىلى قويۇق ئىدى. بوينى تەڭداشسىز گۈزەل، بەئەينى كۈمۈش تۈۋرۈككىلا ئوخشايتتى. كۆكرىكى كەڭ، قورسىقى بىلەن كۆكسى باراۋەر، ئالقانلىرى كەڭرى، قوللىرى ئۇزۇن، ئالقىنى يىپەكتىنمۇ يۇمشاش ئىدى[3]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا دۇرۇد ـ سالام يوللىغاي!

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆجىزىلىرى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇرلۇك ھال ـ ئەھۋالىغا شاھىد بولغان ۋە ئۇ زاتنىڭ ئەخلاقى، ئىش ـ ھەرىكىتى، ئىنسانىيەت مەنپەئەتىگە قىلغان تەڭداشسىز خىزمەتلىرى، ئەقىللىق زاتلار ۋە پەقىھلەر بىر ئۆمۈر تىرىشىپمۇ نازۇك تەرەپلىرىنى ئىگەللەشكە ئاجىز كەلگەن شەرىئەتنىڭ زاھىرىنى شەرھلەشتىكى گۈزەل ئىشارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغان كىشى بۇنىڭ ھىيلە بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ بولماس بىر مۆۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىدە شەك قىلمايدۇ. بەلكى، بۇ مۆۋەپپەقىيەتنىڭ ساماۋى بىر قوللاش، ئىلاھىي بىر كۈچنىڭ ياردىمى بىلەنلا مۇمكىن ئىكەنلىكىگە چىنپۈتىدۇ. بىر ھىيلىگەر ياكى ساختىپەزنىڭ بۇنداق مۆۋەپپەقىيەتلىك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەمائىلى / بىئوگرافىيەسى، ئېسىل ئەخلاقى، ھال ۋە ھەرىكەتلىرى راستچىللىقىنىڭ ئەڭ كەسكىن دەلىلىدۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىلىرىدىن ۋە ئوچۇق دەلىللىرىدىن بىرى ئىنسانىيەت ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز غالىب قۇرئاندۇر. ھەر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يوقالغاندۇر، ھالبۇكى «قۇرئان كەرىم» مۆجىزىسى مەڭگۈ قالغۇسىدۇر.

ئاينىڭ ئىككىگە يېرىلىشى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇلار چىقىشى، ئازغىنە تائام بىلەن كۆپ كىشىنى تويغۇزۇشى، بىر ئوچۇم شېغىل تاشنى ئېتىشى بىلەن نۇرغۇن مۇشرىكنىڭ كۆزىگە تېگىشى، خورما كۆتىكىنىڭ رەسۇلۇللاھنى سېغىنىپ

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3548)؛ مۇسلىم (2309). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] بۇخارىي (3551). بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[3] يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەدىسلەردە كەلگەندۇر.

ھىنگان تۆگىنىڭ بوزلىشىدەك ئاۋاز چىقىرىشى، غەيبتىن بېشارەت بېرىشى ۋە ئۇ بېشارەتلەرنىڭ دەل ئۇ زاتنىڭ ئېيتقىنىدەك يۈز بېرىشى رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر.

رەسۇلۇللاھ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چانىقىدىن چىقىپ كەتكەن كۆزىنى قولى بىلەن ئورنىغا سېلىپ قويغان ۋە ئۇ كۆزلەر ئەڭ گۈزەل كۆزگە ئايلانغان ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يىرىڭدىغان كۆزىگە تۈكۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، دەرھال ساقىيىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ زاتنىڭ بۇلاردىن باشقا ھەممە بىلىدىغان، يوشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان يەنە نۇرغۇن مۆجىزىلىرى باردۇر.

ئاللاھ تائالادىن بىزلەرنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى ۋە سۈپەتلىرىگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

ئول ئاللاھ كەرەملىكتۇر، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. ﴿ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر﴾ 37/«ساففات»: 182.

ئۈچىنچى قىسىم

# ھالاك قىلغۇچى ئىشلار

# ئون تۆتىنچى بۆلۈم: قەلبنىڭ ئاجايىپ ھاللىرى

بىلگىنكى، ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك ئەزا دەل قەلبىدۇر. چۈنكى، قەلب ئاللاھنى ھەقىقىي تونىغۇچى، ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچى، ئاللاھقا ئىنتىلىپ تىرىشقۇچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋابلارنى ئىزدەپ يېقىنلاشقۇچىدۇر. باشقا ئەزالار قەلبكە بويسۇنغۇچى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىسىدۇر. خۇددى خوجايىنلار قۇللارنى خىزمەتكە سالغاندەك قەلبمۇ ئۇلارنى خىزمەتكە سالىدۇ.

قەلبنى ھەقىقىي تونۇغان كىشى پەرۋەردىگارىنى تونۇيدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر قەلبنى ۋە نەپسىنى ھەقىقىي تونۇمايدۇ. ﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)﴾«ئەنفال»: 8/24. ئاللاھ تائالانىڭ كىشى بىلەن قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ سېلىشى قەلبنى ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن ۋە ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇشتىن چەكلىشىدۇر. شۇڭا، قەلبنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇش دىنىنىڭ ئۇلى ۋە ئاخىرەت يولۇچىلىرىنىڭ يولىنىڭ ئاساسىدۇر.

## [شەيتاننىڭ قەلبكە ۋەسۋەسە بىلەن چاپلىشۋېلىشى]

بىلگىنكى، قەلب يارىتىلىشىدىلا توغرا يولنى قوبۇل قىلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان. ئۇ كېيىنچە ئىچىگە كىرىۋالغان شەھۋەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەس سەۋەبلىك توغرا يولدىن قېيىپ كېتىدۇ ۋە بارغانسېرى يىراقلايدۇ. قەلبنى ئىگەللەش ئۈچۈن پەرىشتىلەر قوشۇنى بىلەن شەيتانلار قوشۇنى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۇجۇم تاكى قەلب ئىشىكى ئىككى تەرەپتىن بىرىگە ئېچىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئاقىۋەت غالىب كەلگۈچى قەلبنى بويسۇندۇرۇپ، ئىچىگە ئورۇنلىشىدۇ. شەيتان قوشۇنى بولسا قەلبكە ئوغرىلىقچە كىرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿يوشۇرۇن ۋەسۋەسىچىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن (دېگىن!)﴾«ناس»: 114/4 دەيدۇ. ئۇ ئاللاھ زىكىر قىلىنغاندا يوشۇرۇنىدۇ، غەپلەت باسقاندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شەيتانلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى قەلبتىن پەقەت ئاللاھنىڭ زىكرىلا قوغلايدۇ. چۈنكى، شەيتان ئاللاھ زىكىر قىلىنغان قەلبتىن بەدەر قاچىدۇ.

## [شەيتاننىڭ قەيەرلەردىن قەلبكە كىرەلەيدىغانلىقىنىڭ بايانى]

بىلگىنكى، قەلب گوياكى قورغانغا ئوخشايدۇ. شەيتان بولسا ئۇ قورغانغا كىرىشنى، ئۇنى بويسۇندۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئارزۇلايدىغان دۈشمەندۇر. قورغاننى قوغداش ئۇنىڭ قوۋۇقلىرىنى مەھكەم ساقلاش ۋە مۇداپىئە ئارقىلىقلا مۇمكىندۇر. قەلبنى تونۇمىغان كىشى ئۇنىڭ قوۋۇقلىرىنى ساقلاپ، مۇداپىئە قىلالمايدۇ. شەيتاننىڭ كىرىش يوللىرىنى بىلگەندىلا ئۇنى دەفئى قىلغىلى بولىدۇ. شەيتان كىرىش ئېغىزلىرى بەندىنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، بەسى كۆپتۇر. بۇ يەردە، بىز شۇلاردىن شەيتاننىڭ لەكمىنىڭ قوشۇنىغىمۇ تار كېلىپ قالمايدىغان چوڭ ئىشىكلەرگىلا ئىشارەت قىلىمىز.

- **شەيتان ۋە ئەسكەرلىرى كىرىۋالالايدىغان چوڭ ئىشىكلەردىن بىرى ھەسەت ۋە ھېرىسمەنلىكتۇر؛** بەندە بىر نەرسىگە بەك ھېرىسمەن بولغان ۋاقىتدا بۇ ھېرىس ئۇنى قارىغۇ ۋە گاس قىلىپ قويىدۇ ۋە شەيتاننىڭ كىرىشى مۇمكىن يوچۇقلارنى ئاڭقىرغۇچى زېھىن - قۇۋۋەت نۇرىنى ئۆچۈرىدۇ. شۇنىڭدەك كىشى ھەسەتخور بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇ چاغدا شەيتان دەرھال پۇرسەت تېپىپ، ھەسەتكە يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىشنى — مۇنكەر ياكى مەينەت ئىش بولغان تەقدىردىمۇ — ھەسەتخورغا چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.
- **غەزەپ، شەھۋەت ۋە جەھىل - تەرسالىق؛** چۈنكى، غەزەپ ئەقىلنىڭ ئېزىتقۇسى بولۇپ، ئەقىل قوشۇنى ئاجىزلاشقان ھامان شەيتان ھۇجۇم قىلىپ، ئىنساننى ئويىنىتىدۇ. رىۋايەت قىلىنۇركى، ئىبلىس مۇنداق دەيدۇ: «بىر بەندە جاھىل - تەرسا بولسا، بىز ئۇنى كىچىك بالا پىرقىرىغۇچ پىقىراتقاندەك پىر - پىر پىرقىرىتىۋېتىمىز».
- **ئۆي، كىيىم - كېچەك ۋە سەرەمجانلارنى زىننەتلەشنى ياخشى كۆرۈش؛** چۈنكى، شەيتان ئىنساننى ئۆيىنى كۆركەم قىلىش، تام - تورۇسلىرىنى بېزەش، كىيىم - لىباسلارنى زىننەتلەش، ئۆي جاھازىلىرىنى جابدۇشقا داۋاملىق قىزىقتۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىنسان كۆپىنچە ئۆمرىنى مۇشۇ ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.
- **زىيادە توق قورساقلىق؛** چۈنكى، توقلۇق شەھۋەتنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئىنساننى ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىشتىن مەشغۇل قىلىدۇ.
- **تەمەخورلۇق؛** چۈنكى، بىراۋدىن بىرنەرسە تەمە قىلغان كىشى تەمە قىلىنغۇچىدا يوق سۈپەتلەر بىلەن ئۇنى ماختايدۇ، خۇشامەت

قىلىدۇ ۋە ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرىيالمايدۇ، يامانلىقتىن توسالمايدۇ.

- **ئالدىراقسانلىق، تەكشۈرۈپ باقماي ۋە ئويلانمايلا قارار قىلىش؛** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئالدىراقسانلىق شەيتاندىن، تەمكىنلىك ئاللاھتىندۇر»[1] دېگەن.

- **مال - دۇنيانى ياخشى كۆرۈش؛** مال - دۇنيا مۇھەببىتى قەلبتە ئورۇن ئالسا قەلبنى بۇزىدۇ ۋە ھالال بولمىغان يول بىلەن پۇل تېپىشقا ئېلىپ بارىدۇ. كىشىنى بېخىللىققا زورلاپ، يوقسۇللۇقتىن قورقۇتىدۇ. بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلەرنىمۇ بەرگۈزمەيدۇ.

- مەزھەبلەرنىڭ تەلپىي بويىچە ئەمەل قىلىشقا ئەمەس، مەزھەب مۇتەئەسسىپلىكىگە ئېلىپ بېرىش؛

- كىشىلەرنى دىنىنىڭ ئەسلى ھەققىدە شەككە سېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان خۇسۇسلاردا تەپەككۇر قىلىشقا زورلاش؛

- **مۇسۇلمانلاردىن بەدگۇمان بولۇش.** كىمكى بىر مۇسۇلمان ھەققىدە بەدگۇمانغا چۈشسە ئۇنى مەنسىتمەيدۇ ۋە ئۇ ھەقتە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ. بەدگۇمان پەقەتلا گۇمانخورنىڭ ناچارلىقىنىڭ سارقىندىسى ۋە يۇندىسىدۇر. چۈنكى، مۇئمىن مۇئمىن ئۈچۈن ھەق باھانە ئىزدەيدۇ، مۇناپىق بولسا مۇئمىندىن ئېۋەن قىدىرىدۇ.

بەگۇمانغا دۇچار بولماي دېگەن كىشى تۆھمەت ئېھتىمالى بار يەرلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلار شەيتان كىرىشى مۇمكىن بولغان بىر قىسىم ئىشىكلەردۇر. بۇ ئايەتلەرنىڭ داۋاسى بولسا قەلبنى يامان سۈپەتلەردىن پاكلاش ئارقىلىق ئۇ ئىشىكلەرنى ئېتىپ تاشلاشتۇر. بۇ سۈپەتلەر ھەققىدە ئاللاھ خاھلىسا ئالدىمىزدا تەپسىلي سۆزلىگەيمىز، ئىنشائاللاھ.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ يىلتىزلىرى قەلبتىن قومۇرۇپ تاشلانسىمۇ، شەيتان قەلبكە سالىدىغان ۋەسۋەسىلەر ۋە بىمەھەل ئۆتتۈشلەر باردۇر. لېكىن، ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش بۇ ۋەسۋەسە ۋە بىمەھەل ئۆتتۈشلەرنى توسىدۇ. قەلب تەقۋالىق بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ.

---

[1] ئەبۇ يەئلا (4256). ئالبانىي: («سىلسىلەتۇل ئەھادىيسسەھىھە» ، 1795) «ھەسەن» دېگەن.

شەيتان بەئەينى ساڭا يېقىنلاشقان ئاچ ئىتقا ئوخشايدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئالدىڭدا گۆش ۋە نان بولمىسا، «چاق!» دېسەڭ ئىت نېرى كېتىدۇ. ئەگەر ئالدىڭدا گۆش ياكى نان بولسا ۋە ئىتمۇ ئاچ بولسا، «چاق!» دېگىنىڭگە نېرى كەتمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك شەيتاننىڭ ئوزۇقى يوق قەلبتىن شەيتان پەقەت ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەنلا قوغلىنىدۇ.

ھاۋايى - ھەۋەس غالىب كەلگەن قەلبكە كەلسەك، زىكىرنىڭ تەسىرى ئۇنداق قەلبنىڭ گىرۋەكلىرىگە يامىشىپ تۇرىدۇكى، قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كىرەلمەيدۇ. نەتىجىدە قەلبنىڭ مەركىزى شەيتانغا ماكان بولىدۇ.

بۇنىڭ راستلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، نامازدىكى ھالىڭنى ئوبدان ئويلا ۋە قارا، نامازدا تۇرغىنىڭدا شەيتان قەلبىڭگە بازارنى، ھېساب - كىتابنى ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئەسلىتىپ قانداق ۋەسۋەسە سالىدىكىن؟!

## [قەلبتىن كەچكەن ئوي - خىيالنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقى]

بىلگىنكى، كۆڭۈلدىن كەچكەن خىيالغا گۇناھ بولمايدۇ. كۆڭلۈڭدىن كەچۈرگەن يامان ئىشلارمۇ شۇ قاتاردىندۇر. كىمكى كۆڭلىدە يامان ئىش قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنى قىلىشتىن ئاللاھتىن قورقۇپ ۋاز كەچسە، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق / ساۋاب يېزىلىدۇ. ئەگەر بىر توسالغۇ سەۋەبلىك ۋاز كەچكەن بولسا ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋالمىغان بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى، گۇناھتا چىڭ تۇرۇۋېلىشمۇ بىر گۇناھتۇر. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككى مۇسۇلمان بىر - بىرىگە قىلىچ كۆتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى دوزاختا بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇندا: «ئۆلتۈرۈلگۈچى نېمىشقا دوزاختا بولىدۇ؟» دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «چۈنكى، ئۇمۇ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈمەكچى بولغان» دېدى[1].

ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق تۇرسا، ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋېلىش ۋە تىرىشىش قانداقمۇ جازالانمىسۇن؟! كىبىر، رىيا ۋە ھاكاۋۇرلۇق دېگەنلەر يوشۇرۇن ئىشلارغۇ؟! ئەگەر بىر كىشى كۆرپىسىدە يات بىر ئايالنى كۆرسە ۋە ئۇنى ئايالىم ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان بولسا، بۇ سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر ئۆز ئايالىنى كۆرۈپ، ئۇنى يات ئايال ئوخشايدۇ دەپ جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، گۇناھكار بولىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى قەلبنىڭ كەسكىن قارار قىلىشىغا باغلىقتۇر.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (31، 6875)؛ مۇسلىم (2888).

## [قەلبنىڭ تېز ئۆزگىرىدىغانلىقى]

ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قُلُوبَنَا عَلَى دَيْنِكَ / ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى ئاللاھ! قەلبلىرىمىزنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن»[1].

«اللَّهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا عَلَى طَاعَتِكَ / ئى قەلبلەرنى ئۆرۈگۈچى ئاللاھ! قەلبلىرىمىزنى سېنىڭ تائىتىڭگە ئۆرۈگىن»[2].

«قەلب بەئەينى قۇرۇق باياۋاندا شامال ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ تۇرىدىغان بىر پەيگە ئوخشايدۇ»[3].

بىلگىنكى، قەلبلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە ئارىسالدى بولۇشلىرى جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ ھالدا بولىدۇ:

1. تەقۋالىق بىلەن ئاۋات قىلىنغان، رىيازەت بىلەن تاۋلانغان ۋە ناچار خۇيلاردىن ئېرىغدالغان قەلب. غەيب خەزىنىلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئېزگۇ پىكىرلەر مانا مۇشۇنداق قەلبتە ئۆزىگە جاي تاپىدۇ. بۇ ئەسنادا ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆرۈنمەس ئەسكەرلىرى بىلەن ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنى باشقا ياخشىلىقلار تامان يولغا سالىدۇ.

2. تاشلىۋېتىلگەن، ھاۋايى - ھەۋەسكە تولغان، ناچارلىقلار ئورناشقان، يامان خۇيلار بىلەن بۇلغانغان قەلب. بۇنداق قەلبنىڭ پايانى كەڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا شەيتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچىيىدۇ، ئىماننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلىشىدۇ. بۇنداق قەلب ھاۋايى - ھەۋەس تۈتۈنلىرى بىلەن تولىدۇ ۋە نۇرى يوقىلىدۇ. بۇ قەلب بەئەينى ئىس - تۈتەك بىلەن توشۇپ كەتكەن كۆزگە ئوخشاش بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ. ھەرقانداق چەكلەش ۋە ۋەز - نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ.

3. ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن سۇرۇشكە باشلىغان قەلب بولۇپ، تۈرلۈك ھەۋەسلەر ئۇنى يامانلىققا چاقىرىدۇ، ئاندىن يېڭى كۆتۈرۈلگەن ئىمان بىخلىرى ئۇنى ياخشىلىققا چاقىرىدۇ. مەسىلەن: شەيتاننىڭ ئەقىلگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىشى ۋە نەفسانىي ئارزۇلارغا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ: «پالانچى ۋە پۈكۈنچىلارغا قارىماسەن،

[1] تىرمىزىي: (3522) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇ سۈنەنىتتىرمىزىي»، 2792) «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم (2654).

[3] ئەھمەد (19677)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (737). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار («زىلالۇلجەننە»، 227): «سەھىھ» دېگەن.

ئۆز ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە قانداق كىرىپ كەتكەن؟!» دېگەندەك سۆزلىرى. ھەتتا ئۇ دەۋەتچى نەفسانىي ئارزۇلىرىغا دوم چۈشكەن بەزىبىر ئالىملارنىمۇ مىسال كەلتۈرىدۇ. مۇشۇنداق تەلقىنلەر نەتىجىسىدە نەپس شەيتانغا مايىل بولىدۇ. بۇ ئەسنادا پەرىشتە شەيتانغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ پەقەتلا دۇنيا ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرگەن كىشى ھالاك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ نەپسلىرىدىن بىخەۋەر قالغانلىقىغا ئالدانمىغىن. ئېيتقىنا، ئەگەر خالايىق پېژغىرىم ئىسسىقتا تۇرسا - يۇ، سېنىڭ سالقىن ئۆيۈڭ بولسا، ئەجەبا سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىسسىقتا تۇرامسەن ياكى ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك بولغاننى تاللامسەن؟ پېژغىرىم ئىسسىقتا تۇرۇشتا ئۇلارغا مۇخالىپەت قىلغان يەردە، دوزاخ ئوتىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشتا ئۇلارغا مۇخالىپەت قىلمامسەن؟!» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن نەپس پەرىشتىنىڭ سۆزىگە مايىل بولىدۇ ۋە ئىككى قوشۇن ئارىسىدا ئارىسالدى بولىدۇ. بۇ ئارىسالدىچىلىق تاكى ئەڭ ياخشى يول قەلبنى ئىگىلىگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، كىمكى ياخشىلىق ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئۇ ياخشىلىق يوللىرىغا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ؛ كىمكى يامانلىق ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئۇ يامانلىق يولىغا مەھكۇم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇ گويا ئاسمانغا چىقىۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆكسىنى تارايتىۋېتىدۇ. (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ﴾/«ئەنئام» 125.

ئى ئاللاھ! بىزنى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغىن!

# ئون بەشىنچى بۆلۈم: نەپسنى تەربىيەلەش، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە قەلب كېسەللىكلىرىنى داۋالاش

بۇ تېما بىرنەچچە بابتا بايان قىلىنغۇسى.

بىلگىنكى، ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاق پەيغەمبەرلەر ۋە سىددىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر. يامان خۇيلار بولسا ئۆز ئىگىسىنى شەيتاننىڭ يولىغا كىرگۈزىدىغان ئۆلتۈرگۈچى زەھەر ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتتىن مەھرۇم قويغۇچى كېسەللىكتۇر. شۇڭا، ئىنسان ئۇلارنى بىلىشى ۋە تېگىشلىك داۋالاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. بىز بۇ كېسەللىكلەرگە ۋە بۇلارنى قانداق داۋالاشقا دائىر تەپسىلاتلارغا كىرمەي، بىر پۈتۈن ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز. ئىنشائاللاھ تۆۋەندە ئېنىق بايان قىلغايمىز!

## بىرىنچى باب: گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەردەم - پەزىلىتى ۋە يامان خۇينىڭ ئەيىبلىنىشى توغرىسىدا

بۇ ھەقتە سۆھبەت ئەدەبلىرى بابىدا بىرئاز توختالغان ئىدۇق.

بىلگىنكى، كىشىلەر گۈزەل ئەخلاقنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە ئەمەس، ئۇنىڭ مېۋىلىرى ھەققىدە سۆز قىلىشتى. ئەمما، ئۇ مېۋىلەرنى تولۇق ئېيتىپ بولالمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە ئاللاھ ئىمكان بەرگەن دائىرىدە بىرنەرسىلەر دەپ بېقىشتى.

ئادەتتە گۈزەل ئەخلاقنىڭ گۈزەل يارىتىلىشقا يانداش كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بۇ ھەقتىكى بىر ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىشتۇر. ئەرەبلەر: «پالانچى خالقى ۋە خۇلقى گۈزەل كىشى (فُلَانٌ حَسَنُ الخَلْـقِ والخُلُـقِ)» دەپ قويىدۇ، بۇ دېگىنى «ئىچىمۇ، تېشىمۇ گۈزەل ئادەم» دېگەنلىكتۇر. «خالقى» دەپ تاشقى قىياپەت، «خۇلقى» دەپ ئىچكى دۇنيا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەن ۋە روھتىن ئىبارەتتۇر.

تەن كۆز بىلەن كۆرۈلىدۇ ۋە ئاڭقىرىلىدۇ، روھ بولسا پاراسەت بىلەن تونۇۋېلىنىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ گۈزەل ياكى سەت كۆرۈنۈشى / شەكلى بولىدۇ. پاراسەت بىلەن تونۇۋېلىنغان روھ كۆز بىلەن كۆرۈلگەن تەندىن تېخىمۇ مۇھىم ۋە

تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر. شۇنىڭچۈن، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا روھنى تېخىمۇ مۇھىم كۆرسەتتى ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئىزافە قىلدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار»﴾38/«ساد»: 71، 72. ئۇشبۇ ئايەتتە كەرىمدە ئاللاھ تائالا تەننى لايغا، روھنى ئۆزىگە نىسبەت قىلدى. دېمەك، ئەخلاق روھقا ئورناشقان بىر ئۇسلۇپ ۋە مەيدان بولۇپ، ئىش - ھەرىكەتلەر ئۇيىلاپ ئولتۇرۇش بىھاجەت ھالدا روھتىن ئاسانلا چىقىدۇ. ئەگەر ئۇتتۇرىغا چىققىنى گۈزەل ئىش - ھەرىكەت بولسا «گۈزەل ئەخلاق»، سەت قىلىقلار بولسا «يامان خۇي» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىش، قىلماسلىقنىڭ بايانى

ھۇرۇنلۇققا يېتىلىپ، رىيازەت / نەپس تەربىيەسى ئېغىر كەلگەن بەزىلەر خۇددى تاشقى قىياپەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ.

ئۇلارغا بېرىلگۈسى جاۋاب مۇنداق: ئەگەر ئەخلاق ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلمايدىغان بولسا ئىدى، ئۈگۈت ۋە تەۋسىيەلەر تامامەن بىمەنە بولغان بولاتتى. بىز ياۋايى بىر ئوۋ ھايۋىنىنىڭ كۆندۈرۈلۈشى، ئوۋ ئىتىنىڭ تۇتقان ئوۋنى يېمەسلىكنى ئۆگىنىشى، ئاتنىڭ چىرايلىق مېڭىش ۋە ئىگىسىگە ئىتائەتنى ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قانداقمۇ ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىنكار قىلالايمىز؟! ئەلبەتتە، بەزى تەبىئەتلەر تۈزىلىشنى تېز قوبۇل قىلىدۇ، بەزىلىرىگە بولسا تەس كېلىدۇ.

تۇغما مىجەزنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان كىشىنىڭ خىيالىغا كەلسەك، شۇنى بىلگىنكى، مەقسەت پۈتۈن سۈپەتلەرنى تۈپتىن يوقىتىش ئەمەس، بەلكى رىيازەتتىن / تەربىيەدىن مۇرات شەھۋەتنى ئاشقۇنلۇق بىلەن بوشاڭلىق ئارىسىدا ئوتتۇراھال سەۋىيەگە كەلتۈرۈشتۇر. شەھۋەتنى/ ئىستەكنى نەپستىن تۈپتىن يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس ھەم بۇ تۇيغۇ فىترەتكە زۆرۈر بىر پايدا ئۈچۈن يارىتىلغان تۇرسا، يوقىتىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! مەسىلەن، تاماق ئىستىكى تامامەن يوقالسا ئىنسان ئۆلىدۇ، جىنسىي شەھۋەت يوقالسا نەسىل قۇرۇيدۇ. غەزەپ بىر پۈتۈن يوقالسا، ئىنسان ئۆزىنى ھالاك قىلغۇچى ئامىللارنى يوقىتالمايدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قارشى

شىددەتلىكتۇر﴾ «فەتىھ» 48/: 29 دېگەن. شىددەت پەقەت غەزەپتىن تۇغۇلىدۇ. ئەگەر غەزەپ يوقالسا، كۇففارغا قارشى جىھاد توختاپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار. . .﴾ «ئال ئىمران» 3/: 134 دېدى، «ئاچچىقىنى يوق قىلىدىغانلار» دېمىدى.

شۇنىڭدەك تائام ئىستىكىدە نە ئاچپاقىلىق نە بەك ئاز يېيىش، بەلكى ئوتتۇراھاللىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار!﴾ «ئەئراف» 7/: 31. لېكىن، مۇرشىد (يول كۆرسەتكۈچى) ئۇستاز مۇرىت ـ مۇخلىسىدا غەزەپ ۋە شەھۋەتكە مەيل كۆرسە، ئۇنى ئوتتۇراھاللىق قىلىش ئۈچۈن، غەزەپ ۋە شەھۋەتنى مۇتلەق ئەيىبلەشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسىمۇ گۈزەل ئىشتۇر.

رىيازەت / نەپس تەربىيەسىدىن مەقسەتنىڭ ئوتتۇراھاللىق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مىساللاردىن بىرى: سېخىيلىقنىڭ شەرئەن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەخلاق بولۇشى بولۇپ، سېخىيلىق بېخىللىق بىلەن ئىسراپخورلۇق ئارىسىدىكى ئوتتۇرا يولدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق ماختىدى: ﴿ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴾ «فۇرقان» 25/: 67.

## پەسل: [گۈزەل ئەخلاقنى ئۆگىنىشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى]

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەقىل قۇۋۋىتىنىڭ ئوتتۇراھاللىقى ھەمدە غەزەپ ۋە شەھۋەت كۈچىنىڭ ئوتتۇراھاللىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولدۇڭ.

بىلگىنكى، بۇ ئوتتۇراھاللىق (ئىتىدال) بەزىدە يارىلىشتىن ئىلاھىي سوۋغا سۈپىتىدە فىترەتنىڭ تاكامۇلى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. دەرۋەقە، نۇرغۇن كىچىك باللار راستچىل، سېخىي ۋە مۇلايىم يارىتىلغان. ئوتتۇراھاللىق بەزىدە يەنە تىرىشچانلىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ يولى رىيازەت، يەنى تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقنى يېتىلدۈرگۈچى ئەمەللەرنى نەپسكە تېڭىشتۇر. شۇڭا، كىمكى سېخىيلىق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشنى ئىستىسە، بۇنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن، خۇددى سېخىيلەر قولى ئوچۇقلۇق قىلغاندەك ئۆزىنى قولى ئوچۇقلۇققا زورلىشى كېرەك.

«كەمتەر بولاي» دېگەن كىشىمۇ ئۆزىنى كەمتەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا زورلىشى كېرەك. دېمەك، بارچە گۈزەل ئەخلاقلاردا ئىش مۇشۇنداق. يەنى، بىر ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشتە ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشنىڭ رولى زور. جۈملىدىن،

پۈتۈكچى / يازغۇچى بولۇشنى خاھلىغان كىشى يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا بېرىلىشى؛ فەقىھ ئالىم بولۇشنى نىيەت قىلغۇچى تاكى قەلبى فىقھ سۈپىتىگە مايىل بولغۇچە فۇقاھانىڭ پېئىل - ئەتىۋارىنى تەكرارلاۋېرىشى كېرەك. ئەلبەتتە، خۇددى ئىنسان بالىسىنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈندىلا بوي تارتىپ (ئادەم بولۇشنى) كۈتۈپ بولمىغاندەك، بۇنىڭدىمۇ ئىككى - ئۈچ كۈندىلا ئۈنۈم كۆرۈلۈشنى كۈتمەسلىك كېرەك. ئۈنۈم ئىزچىللىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق چوڭ رول ئوينايدۇ.

شۇنىڭدەك ئىتائەت ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئىزىنى كەمستمەسلىك كېرەك. ئىزچىل داۋاملا قىلىدىكەن تەسىرى بولىدۇ. گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ ئىزىغىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك.

دەرۋەقە پەزىلەت سەۋەبلىرىگە چىڭ يېپىشىش روھقا تەسىر قىلىپ، مىزاجنى ئۆزگەرتكىنىدەك، ھۇرۇنلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا، ھەرقانداق خەير ۋە ياخشىلىقتىن مەھرۇم قېلىش كېلىپ چىقىدۇ.

بەزىدە گۈزەل ئەخلاق ياخشىلارغا ھەمسۆھبەت بولۇش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى بەئەينى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئوغرىلايدىغان ئوغرىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بۇ ھەقىقەتنى كۈچلەندۈرىدۇ: «ئىنسان ئۆز دوستىنىڭ دىنى ئۈزرەدۇر، شۇڭا ھەرقاندىقىڭلار كىمنى دوست تۇتقانلىقىغا ئوبدان قارىسۇن»[1].

## ئىككىنچى باب: ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش يولى

ئەخلاقتا ئوتتۇراھاللىقنىڭ قەلب ۋە روھتىكى ساقلىق، ئوتتۇراھاللىقتىن قىڭغىر كېتىشنىڭ بولسا بىر كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ. ئەمدى بىلگىنكى، ئىنسان روھىنى داۋالاش بەئەينى بەدەننى داۋالاشقا ئوخشايدۇ. دەرۋەقە بەدەن ئەزەلدە مۇكەممەل يارىتىلمىغان، پەقەت تەربىيە ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن كامال تاپقاندەك، روھمۇ ناقىس يارىتىلغان، ئەمما تاكامۇللۇققا تەييياردۇر. روھ ئۆزىنى پاكلاش، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ئىلىم بىلەن ئۇزۇقلىنىش ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ.

بەدەن ساغلام چاغدا دوختۇر / تېۋىپنىڭ ۋەزىپىسى مەۋجۇد ساقلىقنى ساقلاش

[1] ئەبۇ داۋۇد (4833)؛ تىرمىزىي (2378). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3545) «ھەسەن» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

بولسا، كېسەل تەگكەن چاغدا چۈشىدىغان ۋەزىپە ئاشۇ ساقلىقنى قايتۇرۇپ كېلىشتۇر. روھمۇ دەل شۇنداق: غۇبارسىز، پاك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ۋاقىتتا مەۋجۇد هالەتنى قوغداش ۋە ئېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. ئەگەر كامالەتكە يەتمىگەن بولسا، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى سەۋەبلەرگە تىرىشىش كېرەك.

بەدەننىڭ كېسەل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىللەت ئۇنىڭ دەل ئەكسى بىلەن داۋالىنىدۇ. مەسىلەن، بەدەن ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن كېسەل بولغان بولسا سۆرۈن ۋە سوغۇق نەرسىلەرنى سەۋەب قىلىش بىلەن داۋالىنىلىدۇ / قىزىتما چۈشۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك قەلبنىڭ كېسەللىكى بولمىش ناچار خۇيلار ئۇنىڭ ئەكسى بىلەن داۋالىنىلىدۇ. مەسىلەن، نادانلىق كېسىلى ئىلىم بىلەن، بېخىللىق كېسىلى سېخىيلىق بىلەن، تەكەببۇرلۇق كېسىلى كەمتەرلىك بىلەن ۋە ئاچكۆزلۈك كېسىلى كۆڭلى تارتقان نەرسىدىن ئۆزىنى توختىتىش بىلەن داۋالىنىلىدۇ.

كېسەل بەدەننىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن دورىنىڭ ئاچچىقىغا چىداش ۋە كۆڭۈل تارتقان نەرسىلەرنى يېمەسلىككە قاتتىق سەبر كېرەك بولغىنىدەك، نەپسكە قارشى جىهادنىڭ قىينچىلىقىغا چىداش ۋە قەلب كېسەللىكىنى داۋالاشقىمۇ سەبرچانلىق لازىم. هەتتا بۇنىسى بەكرەك سەبر تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بەدەن ئۆلۈم بىلەن تەڭ كېسەللىكتىن قۇتۇلىدۇ، لېكىن قەلب كېسەللىكى دېگەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ئازابتۇر.

مۇرىتلارنىڭ قەلبلىرىنى داۋالايدىغان مۇرشىد ئۇلارنىڭ خۇلق ۋە كېسەللىكلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، نوقۇل بىر رىيازەت / تەربىيە بىلەن كىرىشۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، هەممە كېسەلنى داۋالاش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، دىنىدىن بىخەۋەر كىشىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئەۋۋەلا تاهارەتنى، ئاندىن ناماز ۋە ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىش كېرەك. ئەگەر تەكەببۇر كىشى بولسا، كەمتەرلىك كېرەك بولغان ئىشلارغا جورۇش، ئاچچىقى يامان كىشى بولسا، مۇلايىم، سەبرچان بولۇشقا زورلاش كېرەك.

نەپسنى تەربىيەلىگۈچى كىشى ئەڭ موهتاج نەرسە مۇستەهكەم ئىرادىدۇر. ئارىسالدىلىق پەيدا بولغان هامان ئۇتۇق يىراقلىشىدۇ. نەپسنى تەربىيەلىگۈچى ئۆز ئىرادىسىدە ئاجىزلىقنى سەزگەن چاغدا سەبرچان بولۇشى كېرەك. ئىرادە ۋە قەتئىيىتى بوشاشقان هامان ئىككىنچى بۇنداق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نەپسنى جازالىشى كېرەك. بىر كىشى نەپسىگە مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەگەر بىهۇدە بىلجىرلىساڭ، سېنى يىل بويى روزا تۇتۇش بىلەن جازالايمەن».

## ئۈچىنچى باب: قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامىتى، قەلبنىڭ ساقىيىشى، ئىنساننىڭ ئۆز ئەيىبلىرىنى تونۇشىنىڭ يولى

بىلىشىڭ كېرەككى، ھەربىر ئەزا ئۆزىگە خاس بىر ھەرىكەت بىلەن يارىتىلغاندۇر. بىر ئەزانىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ئورۇنداشتىن ئاجىز كېلىشى ياكى ئۇ ھەرىكەتنىڭ بەزى ئىزتىراپلار بىلەن ئورۇندىلىشىدۇر. مەسىلەن، قول ياخشى تۇتالمىسا، كۆز خىرەلەشسە، قەلب ئۆز ئەمەللىرىنى قىلالمىسا كېسەل دېمەكتۇر. قەلبكە خاس ئەمەللەر بولسا: ئىلىم، ھېكمەت، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇش، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ھەرقانداق شەھۋەت ـ ئىشتىياقتىن ئۈستۈن كۆرۈشتۇر.

ئەگەر ئىنسان ھەممە نەرسىنى تونۇپ، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىسا، ھېچنەرسىنى ھەقىقىي تونۇغان بولمايدۇ.

ھەقىقىي تونۇشنىڭ ئالامىتى سۆيگۈدۇر. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان كىشى ئاللاھ تائالانى سۆيىدۇ. سۆيگۈنىڭ ئالامىتى باشقا سۆيۈملۈك نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆز سۆيگىنىدىن ئۈستۈن كۆرمەسلىكتۇر. كىمنىڭ ئاللاھ تائالادىن بەكرەك مۇھەببەت قويغان نەرسىسى بار بولسا ئۇ دەل قەلبى كېسەل كىشىدۇر. دەرۋەقە نان يېمەي تۇرۇپ يېگۈسى كەلگەن ئاشقازان — نان ئىشتىھاسى يوقالغانلىقى ئۈچۈن — كېسەل ئاشقازاندۇر.

قەلبنىڭ كېسەللىكى يوشۇرۇن كېسەللىك بولۇپ، ئىگىسى ئۇنى ئاسانلىقچە بىلەلمەيدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن غاپىل قالىدۇ. كىشى كېسەلنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ داۋاسىنىڭ ئىزتىرابىغا سەبىر قىلىشى قىيىندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ دورىسى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە قارشى ئىش قىلىشتۇر. سەبىر قىلالىسىمۇ ئۇنى داۋالاشقا ئۇستا ئەمچى تاپالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، ئەمچىلەر ئالىملاردۇر. ھالبۇكى، كېسەللىك ئۇلارغىمۇ يۇقۇپ بولغان. ئۆزى كېسەل ئەمچىنىڭ رېتسېپى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. نەتىجىدە كېسەللىك شىپاسى قىيىن ۋە قورقۇنچلۇق ھالغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىلىم ئاللىبۇرۇن يوقالغان، قەلبلەرنىڭ كېسەل بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى داۋالاش تامامەن ئىنكار قىلىنغان ئەھۋالدىدۇر. ئەمدىلىكتە كىشىلەر كۆرۈنۈشتە ئىبادەت، ئەمەلىيەتتە ئادەت ئەمەللەرگە يۈزلىنىپ كېتىشتى، مانا بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي ئالامىتىدۇر.

قەلبنىڭ داۋالاشقا جاۋاب بېرىپ ساقىيىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەل كىشىنىڭ شۇ ئىللەتكە قارىتا مەيدانىدا ئىپادىلىنىدۇ: ئەگەر بېخىللىق كېسىلىنى

داۋالاۋاتقان بولسا، مالنى ئايماي سەرپ قىلىش شىپا تېپىۋاتقانلىقتىندۇر. لېكىن، ھەرگىز ئىسراپخورلۇق ۋە بۇزۇپ - چېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئىسراپخورلۇق دەرىجىسىگە بېرىپ قېلىش يەنە بىر كېسەللىككە مۇبتىلا بولغانلىقتۇر. دەرۋەقە سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن كىشى ھەددىدىن ئارتۇق ئىسسىقلىق قىلىۋەتسە، ئىسسىقى ئېشىپ كېتىپ قالىدۇ - دە، يېڭى بىر كېسەل تېپىۋالغان بولىدۇ. ئوتتۇراھال بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مۇبادا ئوتتۇراھاللىقنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۆز نەپسىڭگە قارىغىن: ئەگەر سەن ئۈچۈن مال - دۇنيا تېپىش ۋە يىغىش ئۇنى تېگىشلىك كىشىلەرگە سەرپ قىلىشتىن تېخىمۇ سۆيۈملۈك ۋە تېخىمۇ ئاسان بىلىنسە، ئۇقۇۋال، سەن بېخىللىقتا يېڭىلگەن كىشىسەن. ئۇ ھالدا سەن ئايىماي مال سەرپ قىلىش ئارقىلىق نەپسىڭنى داۋالىغىن؛ ئەگەر بېرىشكە تېگىشلىك كىشىگە كۆپ - كۆپ بېرىش سەن ئۈچۈن تېخىمۇ سۆيۈملۈك ۋە قولدا تۇتۇۋېلىشتىن تېخىمۇ يەڭگىل بىلىنسە، ئۇنداقتا سەن بۇزۇپ - چېچىش كېسىلىگە گىرىپتارسەن. بۇ ئەھۋالدا سەن تۇتۇپ تۇرۇشنىمۇ بىل. ھەمىشە نەپسىڭنى كۆزەت ۋە ئىش - ھەرىكىتىڭنىڭ مىجەزىڭگە ئاسان ياكى تەس كېلىشىگە قاراپ ئىش تۇت، تاكى قەلبىڭ مال - دۇنيا مۇھەببىتىدىن ئايرىلغاي ياكى نە بۇزۇپ - چېچىشقا، نە بېخىللىققا مايىل بولمىغاي! مال - دۇنيا سېنىڭ نەزىرىڭدە سۇغا ئوخشاش بولسۇنكى، ئۇنى يا بىر موھتاجنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ساقلاپ قويغايسەن ياكى باشقا بىر موھتاجنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلغايسەن. مۇشۇ ھالدىكى ھەر قەلب: ﴿ئاللاھ ھۇزۇرىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن بولىدۇ﴾26/«شۇئەرائ»:89.

نەپسىنىڭ بەتئەخلاقلاردىن پارىغ بولۇشى ئۈچۈن بىرەر دۇنيالىق نەرسىگە ئالاقىسى بولماسلىقى لازىم. شۇ ئارقىلىق نەپس دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگە باقمىغان ھالدا دۇنيادىن سەپەر قىلىدۇ، شۇ چاغدا پەرۋەردىگارىغا ئارام تاپقان نەپس بولۇپ قايتىدۇ.

ھېچ شەك يوقكى، ھەقىقىي ئوتتۇراھاللىق بەك ئېنىق بولمىغانلىقى، بەلكى چاچتىنمۇ ئىنچىكە، قىلىچتىنمۇ ئىتتىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا مۇشۇ توغرا يولدا قەددىنى رۇسلاپ ماڭغان كىشى ئاخىرەتتە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلەيدۇ. توغرا يولدا مېڭىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندە ھەركۈنى نەچچە قېتىم: ﴿ئى ئاللاھ بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن!﴾1/«فاتىھە»: 6 دېيىشكە بۇيرۇلدى. ئىستىقامەت يولىدا مېڭىشقا قادىر بولالمىغان كىشى شۇ يولدا مېڭىشقا تىرىشسۇن! چۈنكى، نىجاتلىق ياخشى ئەمەللەردىن مەيدانغا كېلىدۇ. ياخشى ئەمەللەر گۈزەل ئەخلاقلاردىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، ھەربىر بەندە ئۆز ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىنى

تەكشۈرسۇن! يامان خۇيلىرىنى بىر - بىرلەپ تۈزەش بىلەن مەشغۇل بولسۇن ۋە كەسكىن ئىرادە بىلەن جاپاغا سەبىر قىلسۇن! چۈنكى، ئۇ ئىش كىشىگە خۇددى بوۋاق دەسلەپتە سۈتتىن ئايرىلغۇسى كەلمىسىمۇ، كېيىن خوش يېقىپ قالغاندەك يېقىپ قالىدۇ. بوۋاق سۈتتىن ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ كۆكسى تەگلەنسە ئەلبەتتە ئۇنى قايتا ئېمىشنى خالىمايدۇ. ئاخىرەت ھاياتىنىڭ مۇددىتىگە نىسبەتەن ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىنى بىلگەن كىشى مەڭگۈلۈك جەننەت نېئمىتى ئۈچۈن سەپەر مۇشەققەتلىرىنى كۆتۈرىدۇ. كېچىدە توختىماي يول يۈرگەنلەر تاڭ ئاتقاندا كېچىدە مېڭىۋالغانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ.

## ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تونۇش يولىنىڭ بايانى

بىلگىنكى، بىر كىشىگە ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى ئەيىبلەرنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. پىكىر قۇۋۋىتى مۇكەممەل كىشىگە ئۆز ئەيىبلىرى مەخپىي قالمايدۇ. ئەيىبلىرىنى بىلگەن كىشى ئۇنى داۋالىيالايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەيىبلىرىنى بىلمەيدۇ. دىن قېرىندىشىنىڭ كۆزىدىكى چاپاقنى كۆرىدۇ - يۇ، ئۆز كۆزىدىكى كۆتەكنى كۆرمەيدۇ.

ئۆزىدىكى ئەيىبلەرنى بىلمەكچى بولغان كىشىگە تۆت يول بار:

**بىرىنچى يول:** نەپسىنىڭ ئەيىبلىرىنى بىلىدىغان بىر ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش ۋە ئۇ ئۇستازنىڭ ئۇنىڭغا نەپسىنىڭ ئەيىبلىرى ۋە داۋالاش يوللىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىدۇر. بۇ زاماندا بۇنداق ئۇستازلار ئاز تېپىلىدۇ. بۇنداق ئۇستازغا يولۇققان كىشى ئۇستا ئەمچىگە يولۇققان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق ئۇستازنى تاشلىماسلىق لازىم.

**ئىككىنچى يول:** دىندار، نەزەر دائىرىسى كەڭ، راستچىل بىر دوست ئىزدەش ۋە ئۇنى ئۆزىگە يامان خۇي ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشى ئۈچۈن كۆزەتچى قىلىش.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: «بىزگە ئەيىبلىرىمىزنى ھەدىيە قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن».

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۆمەر ئۆزىدىكى ئەيىبلەرنى كۆرسىتىپ قويۇشنى سورىغاندى، سەلمان:

— سېنىڭ داستىخىنىڭدا نان تۆگۈرۈپ يەيدىغان ئىككى تۈرلۈك نېئمەت، كېچىدە كىيىدىغان بىر تون، كۈندۈزدە كىيىدىغان بىر جەمئىي ئىككى تونىڭ

بارلىقنى ئاڭلىدىم، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر:

— بۇنىڭدىن باشقا بىرنەرسە ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ياق!

— بۇ ئىككىسىنى دېيىش بىلەن ۋەزىپەڭنى تولۇق ئادا قىلدىڭ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇزەيفەدىن: «مەن مۇناپىقلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدىممۇ؟» دەپ سورايتتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەرقانداق كىشىنىڭ سەگەكلىكتە مەرتىۋىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۆزىدىن ئەنسىرىشى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق سۈپەتتىكى دوستىنىڭ ھازىرقى زاماندا تېپىلىشى قىيىن. چۈنكى، دوستلار ئىچىدە خۇشامەت قىلىشنى تاشلاپ، دوستىنىڭ ئەيىبىنى ئۆزىگە دەيدىغان ياكى ھەسەت قىلمايدىغان دوستلار بەكمۇ ئاز. شۇڭا، ھازىرقى زاماندىكى دوستلار ئەيىبىنى كۆرسىتىشتە ئۆزىگە ۋاجىب بولغان مىقداردىن ئاشۇرمايدۇ.

سەلەف سالىھلەر ئۆزىگە ئەيىبىنى كۆرسىتىپ قويغانلارنى ياخشى كۆرەتتى، بىز ھازىر ئەيىبلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويغان كىشىلەرنى كۆپىنچە ھالدا يامان كۆرۈپ قالىمىز. بۇ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى، يامان خۇيلار چايانلارغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بىر كىشى كىيىمىمىزنىڭ ئىچىدە چايان بارلىقىنى بىزگە كۆرسەتسە، ئۇنى رەھمەتكە كۆمۈۋېتىمىز ۋە چايانىنى ئۆلتۈرۈشكە تىرىشىمىز. ھېچكىمگە مەخپىي بولمىغىنىدەك، يامان خۇينىڭ زىيانلىرى چايانىنىڭ زىيىنىدىن چوڭدۇر.

**ئۈچىنچى يول:** ئۆز ئەيىبلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ تىلىدىن بىلىپ پايدىلىنىش. چۈنكى، دۈشمەنلىك يامان تەرەپلەرنى ئاشكارىلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەيىبلەرنى يوشۇرىدىغان، خۇشامەتچى دوستتىن كۆرە، بەكرەك جېدەللىشىپ، ئەيىبلەرنى ئاچىدىغان دۈشمەن پايدىلىقتۇر.

**تۆتىنچى يول:** كىشىلەرگە ئارىلىشىش ۋە ئۇلار ئارىسىدا «يامان» كۆرۈلىدىغان ھەرقانداق يامان خۇيدىن ساقلىنىش.

## پەسىل: قەلب كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنىڭ يولى: شەھۋەتلەرنى تاشلاش

بىز نەپس شەھۋەتلىرىنىڭ كىشى ئۆزلۈكىگە چوقۇم مۇئەييەن پايدىلار ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. چۈنكى، تاماق يېيىش ئىستىكى بولمىسا، ئوزۇقلىنىش بولمايدۇ؛ جىنسى ئىستەك بولمىسا، نەسىل ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شەھۋەتلەردىن ئەيىبلىنىدىغىنى زىيادە شەھۋەتلەر ۋە شەھۋەتلەرنىڭ چەكتىن

ئېششىدۇر. بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ شەھۋەت مىقدارىنى چۈشەنمىدى. شۇ سەۋەبتىن نەپسى خاھلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەرك ئېتىشتى، بۇنداق قىلىش نەپسىنىڭ ھەققىنى يەپ، نەپسكە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، نەپسىنىڭ ھەققى بار. بۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۈستىڭدە نەپسىڭنىڭمۇ ھەققى بار»[1] دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. ھەتتا بەزىلەر: «ماڭا مۇنداق، مۇنداق يىل بولدى، مۇنداق نەرسىلەرنى كۆڭلۈم تارتىدۇ ، لېكىن ئۇنى يېمەيمەن» دەيدۇ. بۇنداق قىلىش بولسا ھالاللىقتىن قىڭغىر كەتكەنلىكتۇر ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە خىلاپتۇر. رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆڭلى تارتقان تاتلىق - تۇرۇم، بال ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەپ - ئىچەتتى. ئىلمى ئاز، شۇ سەۋەپتىن كۆڭلى تارتقان نەرسىلەردىن ئۆزىنى مەھرۇم قويىدىغان زاھىدقا پىسەنت قىلىنماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇنداق زاھىد ئادالەتتىن يىراق، زۇلۇمغا يېقىنراقتۇر. كۆڭلى تارتقان نەرسىگە ئېرىشىش تەس بولسا ۋاز كەچكۈلۈك. مەسىلەن، كۆڭلى تارتقان نەرسىگە ناتوغرا يول ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولسا ياكى كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنى يەپ ئىرادىسى بوشاپ كېتىشىدىن، نەتىجىدە نەپسىنىڭ ئۇنى داۋاملىق يېيىشنى تەمە قىلىشىدىن ياكى زىيادە تويۇپ كېتىپ ئىبادەتكە ئېغىرلىق قىلىشتىن قورقسا، ئۇنداقتا كۆڭلى تارتقان نەرسنى يەپ - ئىچىشتىن ساقلانغاي.

نەپسنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم كۆڭۈل تارتقان نەرسىلەرنى بەزى ۋاقىتلاردا يېيىش كېسەلنى داۋالىغانغا ئوخشاش ئىش بولۇپ، بۇنداق قىلىش ماختىلىدۇكى، ھەرگىز ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. يول ماڭغاندا كۈچلۈك مېڭىش ئۈچۈن نەپسگە كۆيۈنسە ھېچقىسى يوق.

## گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بايانى

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگۈچى زىنا ۋە باشقا گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىپ، ئۆزىنى «مەن ئەخلاقىمنى تۈزەتتىم ۋە نەپسىمگە قارشى جىھاد قىلىشتىن بىھاجەت بولدۇم» دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس. گۈزەل ئەخلاق بولسا مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1968)؛ مۇسلىم (1159).

بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغفىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ﴾8/«ئەنفال»: 2، 3.

﴿(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (ئاللاھقا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىملىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (يەنى ئاللاھنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر)؛ مۇئمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن!﴾9/«تەۋبە»: 112

﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ﴾23/«مۇئمىنۇن»: 1 ـ 11.

﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەفئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر». ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەئبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ

ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ). ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ). ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەئۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ. ئەنە شۇلار سەبىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي! ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، (ئى كافىرلار! پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدىڭلار، (ئاخىرەتتە) سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولىسىلەر﴾25/«فۇرقان»: 63 - 77-ئايەتلەر.

كىمكى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش قىلىشنى كەلسە، ئۆزىنى بۇ ئايەتلەرگە سالسۇن! بۇ ئايەتلەردىكى ئالامەتلەرنىڭ بولۇشى گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ بولماسلىقى بەتئەخلاقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنداق سۈپەتلەر بار بولۇپ، بەزىسى بولمىسا بەزى ئەخلاقنىڭ بولۇشىغا دالالەت قىلىدۇ. شۇڭا، كىشى ئۆزىدە بار ئەخلاقنى ساقلاپ، يوق ئەخلاقلارنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشسۇن!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئمىننى كۆپ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى ۋە شۇ سۈپەتلەر بىلەن گۈزەل ئەخلاققا ئىشارەت قىلدى.

«سەھىھەين»دە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم قول ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى! بىر بەندە ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغا ياخشى كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ»[1].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، مېھمىنىنى ئىكرام قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (13)؛ مۇسلىم (45).

ئىمان ئېيتىدىكەن، قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمىسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»[1] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «ئىمانى ئەڭ كامىل بولغان مۇئمىن ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغان مۇئمىندۇر» دېگەن[2].

باشقىلارنىڭ ئەزىيىتىگە سەبر قىلىش گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ قاتارىدىندۇر. «سەھىھەين»دە رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر ئەئرابىي پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تونىنى تارتىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۈرىسىگە ئىز چىقىرىۋەتتى، ئاندىن ئەئرابىي: ‹ئى مۇھەممەد! قولۇڭدىكى ئاللاھنىڭ مېلىدىن ماڭا بۇيرۇپ بەرگىن› دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ كۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرنەرسە بېرىشنى بۇيرۇدى[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قەۋمى ئەزىيەت بەرسە: «ئى ئاللاھ! قەۋمىمگە مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ» دەيتتى[4].

ئۇۋەيس ئەلقەرەنىي كىچىك باللار تاش ئاتسا: «قېرىنداشلىرىم! ئەگەر تاش ئاتمىساڭلار زادى بولمايدىغان بولسا، پۇتۇمغا كىچىك تاشلارنى ئېتىڭلار! بولمىسا، مېنى ناماز ئوقۇشتىن چەكلەپ قويىسىلەر» دەيتتى.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم سەھراغا چىقتى، ئۇنىڭغا يولۇققان بىر ئەسكەر: «ئاۋات يەر قەيەردە؟» دەپ سورىغانىدى، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم قەبرىستان تەرەپكە ئىشارەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ يېرىۋەتتى، كېيىن ئەسكەرگە «سەن ئۇرغان كىشى ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئىدى» دېيىشكەنىدى، ئەسكەر ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ بېشىنى ۋە قولىنى سۆيۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم: «ئۇ مېنىڭ بېشىمغا ئۇرغاندا، ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭغا جەننەتنى بېرىشنى سورىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ مېنى ئۇرغانلىقى سەۋەبلىك مەن ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، شۇڭا مېنىڭ ئۇنىڭدىن بولغان نېسىۋەمنىڭ ياخشىلىق، ئۇنىڭ مەندىن بولغان نېسىۋىسىنىڭ يامانلىق بولۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم» دېدى.

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6019، 6138، 6475)؛ مۇسلىم (47).

[2] ئەبۇ داۋۇد (4682)؛ تىرمىزىي (1162). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە، 284) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5809)؛ مۇسلىم (1057).

[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3477)؛ مۇسلىم (1792).

بىر كىشى يولدا مېڭىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىن كۆل تاشلانغاندى، ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا كايىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئوتقا لايىق كىشى كۆلگە سۆلھ قىلىنسا، غەزەپلەنمەسلىكى كېرەك» دېدى.

دېمەك، بۇ نەپسلەر تەربىيە قىلىش بىلەن بويسۇندۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىرى تۈزەلگەن ۋە باتىنى ئالدامچىلىقتىن پاكلىنىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغان نەپسلەردۇر. كىمكى ئاشۇ كىشىلەر تاپقان ئالامەتلەردىن بەزىسىنى ئۆزىدە تاپالمىسا، شۇ ئالامەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى داۋاملىق تەربىيەلىسۇن. چۈنكى، ئۇ كىشى تېخى بۇ ئالامەتلەرگە يەتمىدى.

## پەسىل: كىچىك بالىلارنى دەسلەپكى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تەربىيەلەش توغرىسىدا

بىلگىنكى، كىچىك بالا ئاتا - ئانىسىغا ئامانەتتۇر. ئۇنىڭ قەلبى بىغۇبار مەرۋايىتتۇر. غۇبارسىز مەرۋايىت ھەرقانداق نەقىشنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىچىك بالا ياخشىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈلسە، ياخشىلىق ئۈستىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئەدەب ئۆگەتكۈچى ئۇستازى ساۋابقا شېرىك بولىدۇ. ئەگەر يامانلىققا ئادەتلەندۈرۈلسە، يامانلىق ئۈستىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەلىيسى گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا، بالىنى قوغداش، ئۇنىڭغا ئەدەب - قائىدە ئۆگىتىش، تەربىيەلەش، ئۇنىڭغا گۈزەل ئەخلاقلارنى سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنى يامان ھەمراھلارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلاش كېرەك. ھەم بالىنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئادەتلەندۈرمەسلىك، ئۇنىڭغا ھەشەمەت ۋە پاراغەتنىڭ مەنبەسىنى سۆيۈملۈك كۆرسەتمەسلىك كېرەك. بولمىسا، چوڭ بولغاندا باياشات تۇرمۇش تەلەپ قىلىپ ئۆمرىنى زايە قىلىدۇ.

كىچىك بالىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆزىتىش لازىم. بالىنى ئىنىكئانا ئېمىتمەكچى بولسا، دىندار، سالىھە، ھالالدىن يەيدىغان ئىنىكئانا ئېمىتىپ بېقىشى كېرەك. چۈنكى، ھارامدىن ھاسىل بولغان سۈتتە بەرىكەت بولمايدۇ. بالىدا ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە — ئۇ ئالامەتنىڭ بېشى ھايادۇر — بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر ۋە بالا بالاغەت يېشىغا يەتكەندە، ئەقلى مۇكەممەل بولىدىغانلىقىغا بېشارەتتۇر. بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا ئەدەب - قائىدە ئۆگىتىشتە ئۇنىڭ ھايالىقلىقىدىن پايدىلانسا بولىدۇ.

كىچىك بالا ئاسانلا ئۆگىنىۋالىدىغان تۇنجى سۈپەت يېمەك - ئىچمەكتە ئاچكۆزلۈك قىلىشتۇر. شۇڭا، بالىغا يېيىش - ئىچىش ئەدەبلىرىنى ئۆگىتىش لازىم.

نـان تۆگـۈرۈپ يەيدىغـان نەرسـىگە ئادەتلىنىپ قېلىپ، شـۇنى شـەرت قىلىۋالماسـلىقى ئۈچـۈن، نانىــى قـۇرۇق يېيىشــكە ئادەتلەنـدۈرۈش كېـرەك. كـۆپ تامـاق يېيىشـنى بالىغـا هايۋانلارنىـڭ كـۆپ بوغـۇز يەيدىغانلىقىغـا ئوخشـىتىپ قەبىـھ كۆرسـىتىش لازىـم. رەڭگارەڭ ۋە يېپـەك كىيىملەرنـى ئەمـەس، بەلكـى ئاق كىيىملەرنى كىيىشـنى سـۆيۈملۈك كۆرسـىتىش ۋە «رەڭگارەڭ ۋە يېپـەك كىيىملەرنـى كىيىـش ئاياللارنىـڭ ۋە هەمجىنىـس كىشىلەرنىڭ ئادىتى» دەپ ئۇنىڭ زېھنىگە سىڭدۈرۈش كېرەك.

كىچىــك باللارنــى باياشــات تۇرمۇشــتا ئۆسـۈپ يېتىلگــەن بالــلار بىلــەن ئارىلىششــتىن توسـۇش، ئۇلارنــى مەكتەپتــە قۇرئــان، ھەدىــس ئۆگىنىــش ۋە سـالىھ كىشـىلەرنى چىـن دىلىدىـن ياخشـى كۆرۈشـى ئۈچـۈن ئۇلارغـا ياخشـىلارنىڭ ھاياتىنـى ئۆگىتىــش بىلــەن مەشـغۇل قىلىــش كېــرەك ۋە شـۇنداقلا ئاشــىق - مەشـۇقلار سۆزلىنىدىغان شېئىرلارنى يادقا ئالدۇرماسلىق كېرەك.

كىچىــك بــالا گــۈزەل خۇلــق كۆرسەتســە ۋە مەدھىيەلىنىدىغـان ئىشلارنــى قىلســا، ئۇنــى ئىززەتلــەش، خۇشــال بولىدىغــان نەرســىلەر بىلــەن مۇكاپــاتلاش ۋە كىشــلەر ئارىســىدا ماختــاپ قويـۇش كېـرەك. ئەگــەر بــەزى ۋاقىــتلاردا گــۈزەل ئەخلاققــا قارشــى ئىــش قىلســا، ئۇنــى كۆرمەســكە سېلىش ۋە ئۇنــى يۈزىگــە سالماســلىق، ئەگــەر يامــان ئەخلاقنــى قايتــا قىلســا يوشـۇرۇن ئاگاھلانــدۇرۇش، ئۇنــى كىشــلەرنىڭ كــۆرۈپ قېلىشــىدىن قورقۇتـۇش ۋە كـۆپ ئەيىبلىمەسـلىك كېـرەك. چۈنكـى، كـۆپ ئەيىبلــەش مالامــەت ئاڭلاشــنى يەڭگىــل ئىــش قىلىــپ قويىــدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، ئەيىبلىگۈچـى سۆزنىڭ ھەيۋىتىنى ساقلىسۇن!

ئانــا بالىنــى دادىســى بىلــەن قورقۇتســۇن. كۈنــدۈزدە ئۇخلاشــتىن توســسۇن، چۈنكـى كۈنـدۈزدە ئـۇخلاش ھۇرۇنلۇقنـى كەلتـۈرۈپ چىقىرىـدۇ. كېچىـدە ئۇخلاشـتىن چەكلىمىسـۇن. لېكىــن، ئەزالــرى قېتىشــىپ قالماسـلىقى ئۈچـۈن يۇمشـاق كۆرپىــدە ياتقۇزمىسۇن. كۆرپـە - تۆشـەك، كىيىـم - كېچـەك ۋە يېمـەك - ئىچمەكتـە يىرىكلىككە ئادەتلىنىشــى، ھـۇرۇن بولـۇپ قالماسـلىقى ئۈچـۈن چېنىقىـش، ھەرىكـەت قىلىـش ۋە مېڭىشقا ئادەتلىنىشـى كېـرەك. ئاتـا - ئانىسـىنىڭ قـول ئىلكىدىكـى نەرسـىلەر بىلـەن ياكـى يېمـەك - ئىچمـەك، ياكـى كىيىـم - كېچىكـى بىلەن تەڭتۇشـلىرىغا ماختىنىشـتىن چەكلەنسـۇن. بالىنــى ئارىلاشــقان كىشــىلىرىنى ھۆرمەتلــەش، كەمتــەر بولۇشــقا ئادەتلەنـدۈرۈش كېــرەك. بالىنــى ئۆزىگــە ئوخشــاش كىچىــك بالىدىــن بىرنەرســە ئېلىۋېلىشــىدىن چەكلــەش، «باشــقىلاردىن بىرنەرســە ئېلىــش دېگــەن تۆۋەنلىــك، بېرىــش بولســا ئۇســتۈنلۈك» دەپ ئۆگىتىــش ۋە ئۇنىــڭ كۆزىگــە ئالتــۇن، كۈمــۈش مۇھەببىتىنى قەبىھ كۆرسىتىش كېرەك.

ئۇلتۇرغــان ئورنىغــا تۈكۈرمەســلىك، مىشقىرماسـلىق، باشـقىلار بــار يــەردە

ئەسنىمەسلىك، پۇتىنى پۇتىغا مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرماسلىق ۋە كۆپ گەپ قىلماسلىقتا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. بالىنى باشقىلار سوئال سورىسا جاۋاب بېرىش، ئۆزىدىن چوڭلار سۆزلىسە ياخشى قۇلاق سېلىش، ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

مەينەت گەپ قىلىشتىن ۋە ئاغزى بۇزۇقلار بىلەن ئارىلىشىشتىن چەكلەش كېرەك. چۈنكى، كىچىك بالىلارنى قوغداشنىڭ ئاساسى ئۇلارنى يامان ھەمراھلارغا ئارىلىشىشتىن ساقلاشتۇر.

بالا مەكتەپتىن چىققاندىن كېيىن، ئۆگىنىش ھارغىنلىقىدىن دەم ئېلىشى ئۈچۈن گۈزەل ئويۇنلارنى ئوينىشىغا كەڭ شارائىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. بىر ھېكمەتتە: «قەلبلەرنى دەم ئالدۇرغىن، شۇندىلا زىكىرنى ئەستە تۇتىدۇ» دېيىلگەن.

بالىغا ئاتا ـ ئانىسىغا، مۇئەللىمگە ئىتائەت قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىش كېرەك.

بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش، تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تاھارەت ئالماسلىققا رۇخسەت قىلماسلىق كېرەك.

يالغان ئېيتىش ۋە خىيانەت قىلىشتىن قورقۇتۇش، بالاغەت يېشىغا يېقىنلاشسا، بەزى ئىشلارنى ئۆزى قىلىشقا تاشلاپ قويۇش كېرەك.

بىلگىنكى، يېمەك ـ ئىچمەكلەر خۇددى دورا ـ دەرمانلارغا ئوخشاشتۇر. يېمەك يېيىشتىن مەقسەت بەدەننى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا كۈچلەندۈرۈشتۇر. دۇنيا پانىي، ئۆلۈم دۇنيا نېئمەتلىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ، ئۆلۈم ئىنساننى ھەر لەھزە كۈتۈپ تۇرۇر. ئاخىرەتنى ئۈچۈن ئوزۇق ئالغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر، ئەگەر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ياخشى بولسا، بۇلار بالىنىڭ قەلبىدە تاشقا نەقىش ئويغاندەك مۇستەھكەم ئورۇن ئالىدۇ.

سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ ئەتتۇستەرىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر:

«مەن ئۈچ ياش ۋاقتىمدا كېچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئانا تەرەپ تاغام مۇھەممەد ئىبنى سەۋۋارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا قارايتتىم، تاغام ماڭا بىر كۈنى:

—— سېنى ياراتقان ئاللاھنى زىكىر قىلامسەن؟ —— دېگەنىدى، مەن:

—— قانداق زىكىر قىلىمەن؟ —— دېدىم. ئۇ:

—— ياتار چېغىڭدا تىلىڭنى ھەرىكەتلەندۈرمەي، قەلبىڭدە ئۈچ قېتىم: «ئاللاھ

مەن بىلەن بىللە، ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ماڭا گۇۋاھ» دېگىن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەن بىرنەچچە كېچىلەر شۇنداق دېدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ: ‹ئەمدى ھەر كېچىدە 11 قېتىم دېگىن!› دېدى. مەن ئۇ دېگەنىدەك قىلدىم ۋە بۇنىڭ ھالاۋىتىنى قەلبىمدە ھېس قىلدىم. بىر يىلدىن كېيىن ماڭا تاغام:

— مەن ساڭا ئۆگەتكەن كەلىمىلەرنى ئېسىڭدە تۇتقىن، قەبرەڭگە كىرىپ بولغۇچە شۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن، — دېدى. مەن ئۇدا بىرنەچچە يىل تەكرارلىدىم ۋە ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى ھېس قىلدىم. ئاندىن تاغام ماڭا:

— ئى سەھل! ئاللاھ ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان، ئاللاھ قاراپ تۇرغان ۋە گۇۋاھ بولغان بىر كىشى يەنە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلامدۇ؟ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ساقلانغىن، — دېدى.

مەن مەكتەپكە باردىم ۋە ئالتە يەتتە ياش ۋاقتلىرىمدا قۇرئاننى يادقا ئالدىم. ئارپا نېنى بىلەن يىلنىڭ كۆپ كۈنلىرىدە روزا تۇتاتتىم. كېيىن ھەر كېچە قىيامدا تۇرىدىغان بولدۇم».

## پەسل: ئىرادىنىڭ شەرتلىرى ۋە نەپسكە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ مۇقەددىمىلىرى ۋە رىيازەت يولىدا ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەش

بىلگىنكى، ئاخىرەتنى قەلبى بىلەن ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇ دۇنيانى كۆزلىشى ۋە بۇ دۇنيادىن قول ئۈزۈشى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، بىراۋنىڭ ئىلكىدە مارجان بولۇپ، كېيىن قىممەتلىك مەرۋايىتنى كۆرسە، ئۇنىڭ مارجانغا قىزىقىشى قالمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا: «مارجاننى مەرۋايىتقا ساتقىن» دېيىلسە، دەرھال ماقۇل بولىدۇ.

بىلگىنكى، ئاللاھ تائالا ئۇ دۇنيانى كۆزلەشنى نېسىپ قىلغان كىشى ئۈچۈن نەپسنى تەربىيەلەشتە باشتا ئورۇندىمسا بولمايدىغان شەرت، چەك ئېسلىپ ماڭىدىغان يولباشچى ۋە قوغدىنىدىغان قورغانلار بولۇشى لازىمدۇر.

ئورۇندىلىشى زۆرۈر شەرت بولسا: گۇناھ ئىشلارنى تاشلاش ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئىگىسى ئارىسىدىكى پەردىنى كۆتۈرۈش.

يولباشچى بولسا: شەيتانلار ئازدۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەق يولنى

كۆرستىپ تۇرىدىغان ئۇستازدۇر.

قورغان بولسا: خىلۋەتتە قىلىشتۇر. كىشى يەنە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە قارشى ئىش قىلىشى، زىكرىنى كۆپ، ۋىردلەرنى ئوتتۇراھال قىلىشى كېرەك.

نەپسنى تەربىيەلەشنىڭ چېكى: قەلبىنى دائىم ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە ھېس قىلىش. بۇ ھال باشقىلاردىن خالىي قالغاندا مۇمكىن بولىدۇ. ئىنسان نەپسكە قارشى ئۇزۇن مۇددەت جىھاد قىلغاندا، ئاندىن خىلۋەت ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئاللاھ رازىلىقىنى ئىرادە قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى تەدرىجىي چېنىقتۇرۇش ۋە تەربىيەلەش يولىدۇر. ھەربىر سۆپەتتە تەربىيەلىنىشنىڭ تەپسىلاتى يېقىندا كەلگۈسى، ئىنشائاللاھ.

# ئون ئالتىنچى بۆلۈم: ئىككى شەھۋەتنى (قورساق ۋە جىنسىي شەھۋەتنى) بېسىقتۇرۇش

قورساق شەھۋىتى ئەڭ چوڭ ھالاكەتلەردىن بىرىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام دەل مۇشۇ سەۋەبلىك جەننەتتىن چىقىرىلدى. جىنسىي شەھۋەت ۋە مال - دۇنياغا قىزىقىشمۇ قورساق شەھۋىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە كۆپ ئاپەتلەرمۇ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەددىدىن ئارتۇق توقچىلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىن بىر ئۈچەيگە، كافىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ» دېگەن[1].

يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئادەم بالىسى قورسىقىدىنمۇ يامان بىر قاچىنى توشقۇزمايدۇ، (ھالبۇكى) ئادەم بالىسىغا ھاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك يەپ - ئىچىش يېتەرلىكتۇر. مەگەركى كىشىنىڭ ئاتۇقراق يېگۈسى بولسا، قورسىقىنى ئۈچكە بۆلسۇن: ئۈچتىن بىرى تاماق، ئۈچتىن بىرىگە ئىچىملىك، ئۈچتىن بىرى نەپەس ئېلىشى ئۈچۈن بولسۇن»[2] دېگەن.

ئۇقبە راسىبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەسەن بەسرىينىڭ يېنىغا كىرگەنىدىم. ئۇ ناشتا قىلىۋېتىپتىكەن. ئۇ ماڭا:

- قېنى كەل! - دېگەنىدى، مەن:

-- مەن تاماق يېيەلمىگۈدەك دەرىجىدە تاماق يەپ بولۇپتىكەنمەن، -- دېدىم. ئۇ:

- سۇبھانالاھ! مۇسۇلمان تويۇپ كەتكۈدەكمۇ تاماق يەمدۇ؟! - دېدى.

زاھىدلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاز تاماق يېيىش ۋە ئاچلىققا سەبىر قىلىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. بىز ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقا بىر كىتابتا بايان قىلدۇق. يەنە يېگۈسى بار تۇرۇپ، تاماقتىن قولىنى تارتىش تائام

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5393)؛ مۇسلىم (2060، 2062).

[2] ئەھمەد (17225)؛ تىرمىزىي (2380). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 2265) «سەھىھ» دېگەن.

يېپىشتىكى ئادىللىق دەرىجىسىدۇر. تائام يېپىشتىكى ئەڭ گۈزەل دەرىجە بولسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىقى: «قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرى تاماق، ئۈچتىن بىرى ئىچىملىك، ئۈچتىن بىرى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن بولسۇن» دېگەن سۆزىدە تەۋسىيە قىلىنغان دەرىجىدۇر.

غىزالىنىشتا ئادىللىقا رىئايە قىلىش تەننى ساغلام قىلىدۇ ۋە كېسەللىكنى يوق قىلىدۇ. يەپ - ئىچىشتىكى ئادىللىق دەرىجىسى بولسا ئىشتىھا تارتمىغۇچە تاماق يېمەسلىك، تائام يېگەندە ئىشتىھا قانماي تۇرۇپ قولنى تائامدىن تارتىشتۇر. داۋاملىق ئاز تاماق يېيىش كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر يېمەكلىكلىرىنى ئازايتىپ، پەرز ئەمەللىرىنى قىلىشتا سەھۋەنلىك ئۆتكۈزدى. ئۇلار نادان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى پەزىلەت دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمەلىيەت بولسا ئۇنداق ئەمەستۇر. ئاچلىقنى ماختىغانلار پەقەت بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن (يېمەك - ئىچمەكتە ئادىللىق دەرىجىسىگە رىئايە قىلىش) ھالغا ئىشارەت قىلغاندۇر.

## قورساق شەھۋىتىنى بويسۇندۇرۇش غەيرىتى چېنىقىش يولى

داۋاملىق تويغۇچە يەپ ئادەتلەنگەن كىشى — بىز ئىشارە قىلغان — ئوتتۇراھاللىق دەرىجىسىگە يەتكۈچە تامىقىنى مەلۇم مۇددەتتە، ئاستا - ئاستا ئازايتىشى كېرەك. ئىشلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر. ئىبادەتتە قىينالمىغۇدەك دەرىجىدە غىزالىنىش ماقۇلدۇر. بۇ دەرىجىدە غىزالىنىش كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا يېتەرلىكتۇر. بۇنىڭدا كىشى ئاچلىق ياكى زىيادە توقلۇق ھېس قىلمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا بەدەن ساغلام تۇرىدۇ، ئىرادە ئۆرغۈپ تۇرىدۇ ۋە پىكىر ساپ بولىدۇ. كۆپ تائام يېيىش كۆپ ئۇخلاش ۋە زېھىن ئېغىرلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەۋەبى، كۆپ تائام يېسە، مېڭىدە ھور كۆپىيىپ، پىكىر قىلىش ۋە ئەسكە ئېلىش ئورنىنى ئېتىۋالىدۇ ۋە باشقا كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ.

## شەھۋەتلەرنى كونترول قىلىشتا رىيا ئاپىتىنىڭ بايانى

شەھۋەتلىرىدىن بىرەر نەرسىنى تاشلىغان كىشى رىيا قىلىپ قېلىش ئاپىتىدىن ئېھتىيات قىلسۇن! بەزىلەر كۆڭلى تارتقان نەرسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ياقتۇرمىسىمۇ ئۆيىگە ئېسىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ زاھىدلىقىنى ياپاتتى. بۇ بولسا بىر ئىشنىڭ دەل ئەكسىنى قىلىش بىلەن قىلىنغان زاھىدلىق ئىچىدىكى زاھىدلىقتۇر. بۇ ھەم

سـىددىقلارنىڭ ئەمىلـىدۇر. چۈنكـى، بۇنـداق قىلالىغۇچـى نەپسـىگە سـەبر قەدىھىنـى ئىككى قېتىم ئوتلاتقان كىشىدۇر. ئىككىنچىسى تېخىمۇ ئاچچىقتۇر.

## ئەۋرەت شەھۋىتى

بىلگىنكى، جىنسىي شەھۋەت ئىنسانغا ئىككى پايدا ئۈچۈن بېرىلگەندۇر.

بىرىنچىسـى، ئىنسـان نەسـلىنىڭ داۋاملىششـى ئۈچـۈن؛ ئىككىنچىسـى، ئاخىـرەت لەززىتىگـە قىيـاس قىلالىغـۇدەك بىـر لەززەتنـى تېتىيالىشـى ئۈچـۈن. چۈنكـى، تۇرىنىـڭ لەززىتـى بىلىنمىگـەن بىرنەرسـىگە كـۆپ قىزىقىـش بولمايـدۇ. لېكـىن، جىنسـىي شـەھۋەت نورمـال بولمىغانـدا، كـۆپ ئاپـەت ۋە قىيىنچىلىقلارنـى كەلتـۈرۈپ چىقىرىـدۇ. شۇنداق بولمىغاندا ئىدى، ئاياللار شەيتاننىڭ قاپقانلىرى بولمىغان بولاتتى.

بىـر ھەدىسـتە، پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «مەندىـن كېيىـن ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ زىيانلىقراق بىر پىتنە قالدۇرمىدىم» دېگەن[1].

بىـر سـالىھ كىشـى مۇنـداق دېگـەن: «ئەگـەر بىـراۋ مـاڭا دۆلـەت خەزىنىسـىنى ئامانـەت قويسـا، ئامانەتكـە رىئايـە قىلالىشـىمغا ئىشـەنچىم بـار. ئەممـا بىـر سـائەت خالىـي قالالىغـۇدەك ھالـدا بىـر قـارا تەنلىـك ئايـال مـاڭا ئامانـەت قىلىنسـا، بـۇ ھەقتـە نەپسىمگە ئىشەنچ قىلالمايمەن».

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ئـەر كىشـى يـات ئايـال بىلـەن خالىـي بىر يەردە بولمىسۇن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتاندۇر» دېگەن[2].

بـۇ شـەھۋەتتە ھەددىدىـن ئېشـىش بەزىـدە ئاداققـى پەللىگـە يېتىـدۇ. ھەتتـا ئـەر كىشـى ئاياللارغـا بېرىلگەنلىكىدىـن ئاخىرەتنـى ئەسلەشـتىن غاپىـل قالىـدۇ. بەزىـدە كىشىنى پاھىش قىلىشقا سۆرەيدۇ، بەزىـدە ئىشـق ئوتىغا ئىلىـپ بارىدۇ. ئـەڭ مەينەت شـەھۋەت ئاشـىقلىقتۇر. ھەممىدىـن بـەك ئىشـق شـەھۋىتىگە چۈشۈشـتىن ساقلىنىش ۋە ئار قىلىش كېرەك.

كـۆپ كىشـىلەردە «مـال - دۇنيـا، ئەمـەل - ئابـرۇي، شىشـخال ياكـى شـاھمات ئويناش، تەمبۇر ئىشقى» دېگەنـدەك ئىشـقلار بولىـدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن بـۇ نەرسـىلەر قەلبلەرنـى ئىگەللـەپ، قىلمىسـا تۇرالمايدىغـان بولـۇپ قالىـدۇ. دەرۋەقـە دەسـلەپكى باسـقۇچلاردا بۇنـداق ئىشـقتىن سـاقلىنىش ئاسـان. كېيىنكـى باسـقۇچلارغا ئۆتكەنـدە

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5096)؛ مۇسلىم (2740). ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئەھمـەد (177). شـۇئەيب ئەلئەرنائـۇت ۋە ئالبانـىيلار: («ئەلئىـرۋائ»، 1813) «سـەھىھ» دېگـەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

بولسا، قاتتىق داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئاشقازانىڭ ئاشقىلىققا دورا كار قىلمايدۇ.

بۇ ھال خۇددى بىر ئىشىكتىن كىرمەكچى بولغان سەركەش ھايۋاننى دەرھال چۇلۋۇرىنى تارتىپ تىزگىنلىگەن كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھايۋاننى ئىشىكتىن كىرىشتىن بۇرۇن چۇلۋۇرىدىن تارتىپ توسۇش نېمىدېگەن ئاسان - ھە! ئىشىق چوڭقۇر باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن، داۋالىماقچى بولۇش بەئەينى ھايۋاننى ئىشىكتىن كىرگىلى، بوسۇغىدىن ئۆتكىلى قويۇپ، ئىچىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ ئارقىسىغا سۆرەشكە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى ھالەت ئارىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ - ھە!

# ئون يەتتىنچى بۆلۈم: تىلنىڭ ئاپەتلىرى

تىلنىڭ ئاپەتلىرى ھەم بەك كۆپ، ھەم تۈرلۈك - تۈمەندۇر. ئۇلار كۆڭۈلگە شېرىن نەرسىلەردۇر ۋە ئىنسان تەبىئىتى تەرىپىدىن ئىلھاملاندۇرۇلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ خەتەرلىرىدىن پەقەت سۈكۈت قىلىش بىلەنلا قۇتۇلۇش مۇمكىن. شۇڭا، بىز ئاۋۋال سۈكۈت قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى، ئاندىن تىلنىڭ ئاپەتلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىمىز، ئىنشائاللاھ.

بىلگىنكى، سۈكۈت قىلىش ئىرادىنى يىغىپ، پىكرىنى ساپ قىلىدۇ.

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىككى مۇرىسىنىڭ ئارىسى (ئاغزى) ۋە ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسى (ئەۋرىتى) نى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىلمەن»[1].

يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر بەندىنىڭ ئىمانى ئۇنىڭ قەلبى توغرا بولمىغۇچە توغرا بولمايدۇ، ئۇنىڭ قەلبى تىلى توغرا بولمىغۇچە توغرا بولمايدۇ»[2].

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بۇ تىلىڭنى يىغ! — دېگەنىدى، مەن:

— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز قىلغان سۆزلىرىمىزگىمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلامدۇق؟ — دېدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاناڭ ھەسرىتىڭگە ئۆرتەنسۇن ئەي مۇئاز! كىشىلەرنىڭ يۈزىچىلاپ ۋە بۇرۇنلىرى يەر سىزىپ دوزاخقا تاشلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغىنى ئۇلارنىڭ تىللىرى بولماي نېمە؟! — دېدى»[3].

يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى تىلىنى

[1] بۇخارىي (6474). سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (13071)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (8). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئىراقىي «زەئىف» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 2554): «ھەسەن» دېگەن.

[3] تىرمىزىي (2616)؛ ئىبنى ماجە (3973). ئالبانىي: («ئەلئىرۋائ»، 413) «سەھىھ» دېگەن.

(يامان سۆزلەردىن) توختاتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ» دېگەن[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇزۇن قاماپ قويۇشقا تىلىمدىنمۇ لايىقراق بىرنەرسە يوق».

ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاغزىڭ ئالدىدا ئىككى قۇلىقىڭغا ئادىل بول. چۈنكى، ‹ئازراق سۆزلەپ كۆپرەك ئاڭلا› دەپ ساڭا ئىككى قۇلاق، بىر ئېغىز بېرىلگەن» دېگەن.

مەخلەد ئىبنى ھۇسەين رەھىمەھۇللاھ: «50 يىلدىن بېرى ئاخىردا ئۆزرە ئېيتقۇدەك ھېچبىر سۆزنى سۆزلەپ باقمىدىم» دېگەن.

## سۆزلەشنىڭ ئاپەتلىرى توغرىسىدا

**بىرىنچى ئاپەت:** بىھۇدە سۆزلەش.

بىلگىنكى، ۋاقتىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ئۇنى پەقەت پايدىلىق ئىشلارغىلا سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئاڭ تىلنى بىھۇدە گەپ - سۆزلەردىن توختىتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى تاشلاپ، بىھۇدە گەپ - سۆز قىلغان كىشى گۆھەر ئېلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېغىز لاي ئالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۆمۈرلۈك زىياندۇر.

بىر سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ئىنساننىڭ ئېسىل مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىندۇر» دېگەن[2].

لوقمان ھەكىمگە: «سېنىڭ ئىلمىڭ قايسى سەۋىيەدە؟» دېيىلگەنىدى، لوقمان ھەكىم: «ئېھتىياجىم يوق نەرسىنى سورىمايمەن، بىھۇدە گەپ قىلمايمەن» دېدى.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، لوقمان ھەكىم داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى، شۇ چاغدا ھەزرىتى داۋۇد ساۋۇت توقۇۋاتاتتى. ھەزرىتى لوقمان كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاتتىق ھەيران بولدى. ئاندىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن سوراي دېدى - يۇ، ئۆزىگە بېرىلگەن ھېكمەت ئۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە سوراشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ساۋۇتنى توقۇپ پۈتتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەسسامت»، (21). ئىراقىي: («تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھياﺋ») «ھەسەن» دېگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[2] مالىك (1604)؛ تىرمىزىي (2317). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىﺋ»، 5911) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئۇنى كيىدى - دە: «ئۇرۇشقا ساۋۇت نېمىدېگەن ياخشى - ھە!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن لوقمان ھەكىم: «سۈكۈت ساقلاش بىر ھېكمەتتۇر، لېكىن قىلالايدىغانلار بەك ئازدۇر» دېدى[1].

**ئىككىنچى ئايەت:** باتىل ئىش ھەققىدە پاراڭلىشىش.

يەنى، ھاراق سورۇنلىرى ۋە پاسىقلارنىڭ مەجلىسلىرى كەبى گۇناھ - مەئسىيەتلەر بولىدىغان ئورۇنلار ھەققىدە پاراڭلىشىش.

باتىلنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەققەتەن بەندە (ئويلىماستىن) بىر ئېغىز سۆزنى سۆزلەيدۇ ۋە شۇ سۆزى سەۋەبلىك مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىكى مۇساپىدىنمۇ چوڭقۇرراق دوزاخقا غۇلاپ كېتىدۇ»[2].

بۇنىڭغا يېقىن بىر ئايەت: جېدەللىشىش ۋە تالاش - تارتىش قىلىشتۇر. يەنى، قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقىنى يۈزىگە سېلىش ۋە ئاغزىنى ئاچقۇزماسلىق ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىش. بۇنىڭ سەۋەبى كىشىدىكى ئابرۇي ۋە چوڭچىلىق سەۋداسىدۇر.

كىشى مۇنكەر سۆزگە قارشى تۇرۇشى ۋە توغرىسىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئەگەر دىنغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا كىشىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنسا قىلىندى، قوبۇل قىلىنمىسا، تالاش - تارتىشتىن قېچىش كېرەك. دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا تالاش - تارتىش ۋە مۇنازىرە تېخىمۇ بىھۇدە. ئۇشبۇ ئايەتنىڭ دورىسى ۋە داۋاسى ئۈستۈنلۈكنى داملاتقۇزىدىغان كىبىرنى سۇندۇرۇپ تاشلاشتۇر.

بىلگىنكى، تالاش - تارتىشنىڭ ئەڭ قەبىھى ئاداۋەت ساقلاش / دۈشمەنلىشىشتۇر. چۈنكى، دۈشمەنلىشىش تالاش - تارتىشنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشى ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلىدىغان كىشىدۇر» دېگەن[3]. بۇ دۈشمەنلىشىش ناھەق ياكى نادانلارچە دۈشمەنلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەق بولغان تەقدىردىمۇ مۇمكىنقەدەر دۈشمەنلىشىشتىن قېچىش كېرەك. چۈنكى، دۈشمەنلىشىش كىشى دىلىنىڭ ئادەۋەت بىلەن تولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، غەزەپنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئىپپەت - نومۇسقا تىل تەگكۈزۈشكىچە ئېلىپ بارىدۇ.

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (4671). بەيھەقىي ۋە ئىراقىيلار: «سەھىھ» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6477)؛ مۇسلىم (2988).

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7188)؛ مۇسلىم (2668). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

**ئۈچىنچى ئاپەت:** سۆزلىگەندە ئاغزىنى، يۈزىنى ھەرخىل ئۈچلاپ، بۇراپ گەپدانلىق قىلىش ۋە دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىش ئۈچۈن زورۇقۇش.

ئەبۇ سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ يامىنىڭلار، گېپى تولا ۋە دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن گەپنى ئۇزارتىدىغىنىڭلاردۇر»[1].

خەتىبلەرنىڭ خۇتبىلىرى، مۇبالىغىسىز ۋە غەلىتە سۆزلەر قوشۇلمىغان ئۆگۈتلەر مەكرۇھ كۆرۈلىدىغان ئەدەبىياتۋازلىق ۋە ياسالما سۆزلەر جۈملىسىدىن ئەمەستۇر. چۈنكى، مەقسەت قەلبلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، تەشۋىق قىلىش، خۇش بېشارەت بېرىش ۋەھاكازالار.

**تۆتىنچى ئاپەت:** ھاياسىز پاراڭلار، تىل - ھاقارەت ۋە شۇنىڭدەك سۆزلەرنى قىلىش. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي جەھەتتىن ئەيىبلىنىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ. بۇلارنىڭ مەنبەسى رەزىللىك ۋە ناچارلىقتۇر.

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەت گەپلەردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ سەت گەپلەرنى ۋە ئاغزى بۇزۇق بولۇۋېلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن[2].

يەنە بىر ھەدىستە: «ھەرقانداق مەينەت گەپ قىلغۇچىغا جەننەت ھارامدۇر» دېيىلگەن[3].

يەنە بىر ھەدىستە: «مۇئمىن دېگەن دىل ئازار گەپ قىلمايدۇ، ئىپپەت - نومۇسقا تىل تەگكۈزمەيدۇ، لەنەت ئېيتمايدۇ ۋە ئاغزى بېزەپ بولمايدۇ» دېيىلگەن[4].

---

[1] ئەھمەد (17710)؛ تىرمىزىي (2018)، ئەبۇ سەئلەبە ئەلخۇشەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 1535) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد (6487). ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 858)؛ «سەھىھ» دېگەن. ئاخىرىنى ئىمام مۇسلىم (2165) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەسسامت» (322). ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ» ، 2667) «زەئىف» دېگەن. توغرىسى، بۇ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزىدۇر.

[4] ئەھمەد (3839)؛ تىرمىزىي (1977)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (10332)؛ بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ، (312). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 5381) «سەھىھ» دېگەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

بىلگىنىكى، ھاياسىز پاراڭلار پەس تىپىلاردا ئۇچرۇق - ئاشكارە سۆزلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پاراڭلاردا كۆپىنچە جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار گەپلەر بولىدۇ. شەكسىزكى، ئەدەب ۋە ھايا ئىگىلىرى بۇنداق گەپلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ ۋە ئۇنداق ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشتە يېپىق گەپ قىلىدۇ. مەلۇم رەمىزلەر بىلەن ئىشارە قىلىدۇ، يېقىنراق ۋە ئالاقىدار سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ناخشا ئېيتىشمۇ تىلنىڭ ئاپەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ توغرۇلۇق بايانلار باشقا ئورۇندا بايان قىلىندى.

بەشىنچى ئاپەت: چاقچاقچىلىق. ئازراق چاقچاق — راستچىللىق شەرتى بىلەن — جائىزدۇر. دەرۋەقە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ چاقچاق قىلاتتى، چاقچاق قىلغاندا پەقەت ھەقنى دەيتتى[1]. ئۇ زات بىر كىشىگە چاقچاق قىلىپ: «ئى قوش قۇلاقلىق!» دېگەن[2]. يەنە بىر كىشىگە: «بىز سېنى ھىڭگاننىڭ بالىسىغا مىندۈرۈپ قويىمىز» دەپ چاقچاق قىلغان[3]. بىر كەمپىرگە: «قېرى مومايلار جەننەتكە كىرمەيدۇ»[4] دەپ چاقچاق قىلىپ، بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغان: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئۇ (خاتۇن) لارنى يېڭىدىن ياراتتۇق ۋە پاك قىزلار قىلدۇق﴾56/«ۋاقىئە»: 35، 36. باشقا بىر ئايالغا: «ئىككى كۆزىدە ئاقلىق بار ئېرىڭىز» دېگەن[5].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاقچىقىدا ئۈچ نەرسە بىرلەشكەن ئىدى:

1. ھەقىقەتنى تىلغا ئېلىشى؛

2. ئاياللار، كىچىك بالىلار ۋە ئۆزىنىڭ تەربىيەگە موھتاج ئاجىز ئەرلەر بىلەن چاقچاقلىششى؛

[1] ئەھمەد (6930)؛ تىرمىزىي (1990). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1726) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (12185)؛ تىرمىزىي (1992). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 7909) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد (13844)؛ ئەبۇ داۋۇد (5000). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇ سۈنەنىتتىرمىزىي»، 2076) «سەھىھ» دېگەن.

[4] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت (5545)؛ تىرمىزىي (240)؛ بەيھەقىي: «ئەلبەئسۇ ۋەننۇشۇر (335). ئالبانىي: («غايەتۇل مەرام»، 375) «ھەسەن» دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[5] ھافىز ئىراقىي («تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھيائ»، 2921): «بۇ ھەدىسنى زۇبەير ئىبنى بەككار (‹ئەلفۇكاھەتۇ ۋەلمىزاھ› ) بىلەن ئىبنى ئەبىددۇنيا رىۋايەت قىلغان» دېگەن.

3. كەمدىن كەم بولۇشى. شۇڭا، داۋاملىق چاقچاق قىلىدىغان كىشىلەر ھەزىلكەشلىكىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاقچاقلاشقانلىقىنى دەلىل كەلتۈرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، كەم كۆرۈلگەن بىر ئىشنىڭ ھۆكمى دائىم بولىدىغان بىر ئىشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھەبەشلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن تۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ئائىشەگە ھەبەشلەرنىڭ نەيزە ئويۇنىنى تاماشا قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى[1]دەلىل كەلتۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز ھەبەشلەر بىلەن بىللە بولسا ۋە ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى تاماشا ئەيلىسە، خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى، ھەقىقەتتە ئۇ — رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا — ناھايىتى كەم كۆرۈلگەن بىر ئىشتۇر . دېمەك، چاقچاق قىلغاندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە داۋاملىق چاقچاق قىلىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى، كۆپ چاقچاق قىلىش ئىنساننىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاقچاقلىرىدەك ئازغىنە چاقچاقلار بولسا خۇشاللىق پەيدا قىلىپ، كۆڭۈلنى ئازادە قىلىدۇ.

**ئالتىنچى ئاپەت:** مازاق ۋە مەسخىرە قىلىش.

مازاق قىلىش: قارشى تەرەپنى مەنسىتمەسلىك ۋە ھاقارەت قىلىش ھەمدە كەمچىلىك ۋە ئەيىبلىرىنى خەق كۈلگۈدەك دەرىجىدە پاش قىلىپ، دىققەت تارتىشتۇر. مازاق / ھەجۋى قىلىش بەزىدە ئاغزاكى ياكى ھەرىكەتلىك دورامچىلىق بىلەن، بەزىدە ئىما ۋە ئىشارەت بىلەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەن چەكلەنگەن. «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە نەھيي قىلىنغاندۇر.

**يەتتىنچى ئاپەت:** سىرنى ئاشكارىلاش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، يالغان سۆزلەش ۋە يالغان قەسەم ئىچىش. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن چەكلەنگەن. لېكىن، بىر كىشىنىڭ ئۆز ئايالىغا قارىتا ۋە ئۇرۇشتا ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىنغان يالغانلار مۇباھتۇر.

مۇباھ يالغاننىڭ قائىدە ۋە ئۆلچىمى مۇنداق: پەقەت يالغان ئېيتىش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغان گۈزەل غايە ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان يالغان — مەقسەتتىكى ئىش قىلىش مۇباھ ئىش بولسا — مۇباھتۇر. ئەگەر مەقسەت قىلىنغان ئىش ۋاجىب ئىش بولسا، يالغان ئېيتىشمۇ ۋاجىب بولىدۇ. دېمەك، مۇمكىنقەدەر يالغان ئېيتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئىككى بىسلىق سۆز قىلىشقا رۇخسەتتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاريي (5236)؛ مۇسلىم (892). بۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن ئىككى بىسلىق گەپلەرنى قىلىشتا يالغانچىلىقتىن قاچقىلى بولىدۇ»[1] دېگەن.

ئىككى بىسلىق گەپلەرنى زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا قىلىشقا رۇخسەت. ئېھتىياج چۈشمىسىمۇ ئىككى بىسلىق گەپلەرنى قىلىش، يالغانچىلىققا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەكرۇھتۇر.

ئىككى بىسلىق گەپلەر ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەدىن مۇنداق ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بىر چۆرىسى بىلەن بىللە بولىدۇ. بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئايالى بىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايالى بىر پىچاقنى ئېلىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، ھالبۇكى ئېرى ئۇ چۆرە بىلەن ئىشنى تۈگىتىپ قوپۇپ بولغان ئىدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

— شۇ ئىشنى قىلدىڭمۇ؟ — دەيدۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە:

— مەن ھېچنىمە قىلمىدىم، — دەيدۇ. ئايالى:

— يا ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرىسەن ياكى بولمىسا بۇ پىچاق بىلەن قارنىڭنى يېرىۋېتىمەن! — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

*پەيغەمبىرىمىز يولباشچىمىز ئېلىپ كەلدى قۇرئاننى،*
*ئەما ئىدۇق تاپتۇق يولنى، تاشلىدۇق زالالەتنى،*
*بىدارىدۇر ئول زاتى خۇلۇق، قىيامەتدۇر ئۈممەت ئۈچۈن،*
*غەپلەت ئىچرە ياشار مۇشرىك، بىلمەس بۇ ھەقىقەتنى.*

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ ئايالى بۇنى ئاڭلاپ: «مەن كۆزۈمگە ئەمەس، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنىدىم» دەيدۇ[2].

ئىبراھىم نەخەئىي رەھىمەھۇللاھنى باشقىلار ئىزدەپ كەلسە، چۆرىسىگە: «بېرىپ ئۇلارغا: ‹(نەخەئىينى) مەسجىدتىن ئىزدەپ بېقىڭلار› دەپ قويۇڭ» دەيتتى.

---

[1] «بۇ ھەدىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى» دېگەن رىۋايەت زەئىپتۇر. «ئىمران ئىبنى ھۇساين، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ دېگەن سۆزى» دېگەن رىۋايەت سەھىھتۇر. «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (857، 884)؛ «ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، (1094).

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەلئىيال»، (571). مەزكۇر قىسسە ۋەقەلىكى زەئىپتۇر. ئەمما، بېيىتلەر بۇخارىي (1155) دا كەلگەن.

**سەككىزىنچى ئايەت:** غەيۋەت قىلىش. ئۇلۇغ قۇرئانىمىزدا غەيۋەت قىلىشنى چەكلىگەن ۋە غەيۋەت قىلغۇچىنى ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگۈچىگە ئوخشاتقان.

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە يۈز - ئابرۇيلىرىڭلار بىر - بىرىڭلارغا ھارامدۇر» دېگەن[1].

ئەبۇ بەرزە ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئاغزىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئىمان دىلىغا ئۆتمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەڭلار. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبلىرىنى پايلاپ يۈرمەڭلار. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ. ئاللاھ بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ قالسىلا، ئۇنى چوقۇم رەسۋا قىلىۋېتىدۇ»[2] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «غەيۋەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، غەيۋەت زىنادىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. كىشى بەزىدە زىنا قىلىدۇ، ھاراق ئىچىدۇ ئاندىن تەۋبە قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. (ئەمما) غەيۋەتنى قىلىنغان كىشى كەچۈرمىگۈچە، غەيۋەت قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ»[3].

ئەلى ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتىدۇ: «غەيۋەت قىلىشتىن ساقلان! چۈنكى، غەيۋەت قىلىش ئىت مىجەز كىشىلەرنىڭ قوشۇمچە يېمىكىدۇر».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ بۇ ھەقتە كەلگەن سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر.

غەيۋەت قىلىش دېگىنىمىز: يېنىڭدا يوق قېرىندىشىڭنى ئۇ ئۆزى ئاڭلىسا يامان كۆرىدىغان سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىشىڭدۇر. قېرىندىشىڭ يامان كۆرىدىغان سۆز بولسا: خىرە كۆز، قارىغۇ، ئالىغاي، تاز، ئۇزۇنتۇرا، پاكىنەك دېگەندەك جىسمانىي

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (67، 1739)؛ مۇسلىم (1679). ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (19801)؛ تىرمىزىي (2032): «ھەسەن» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4880). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى كۈچلۈك» دېگەن. ئالبانىي: («غايەتۇل مەرام»، 420) «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەسسامت»، (164)؛ ئەبۇششەيخ: «ئەتتەۋبىخ»، (162). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2204) «زەئىف» دېگەن. جابىر ۋە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايىتى.

ياكى زەنگىننىڭ بالىسى، ھىندۇنىڭ بالىسى، ئاتىسى پاسىق، تېگى پەس دېگەندەك نەسەبىي ۋەياكى بەدخۇي، بېخىل، چوكچى ئادەم دېگەندەك مىزاجىي، ھەتتا تونىنىڭ پېشى ئۇزۇن، كىيىمىنىڭ يېڭى كەڭرى، يەكتىكى قاسماق دېگەندەك قىياپەتىي كەمچىلىك بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيۋەتتۇر.

بۇنىڭ دەلىلى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن غەيۋەت توغرۇلۇق سورالغاندا:

— قېرىندىشىڭ ھەققىدە ئۇ يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىش غەيۋەتتۇر، — دەپ چۈشەندۈرگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— قېرىندىشىم ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىم راست بولسىچۇ؟ — دەپ سورالغاندا، جاۋاب بېرىپ:

— ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن. يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن، — دېگەن[1].

بىلگىنكى، ئەيىبلەش پۈرىقى بار ھەرقانداق سۆز غەيۋەتتۇر. بۇ ئاغزاكى بولسۇن ياكى كۆز ئىماسى، قول ئىشارىتى ۋە قەلەم كىنايەسى كەبى شەكىللەر بىلەن بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشتۇر. چۈنكى، قەلەممۇ ئىككى تىلنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

غەيۋەتنىڭ ئەڭ قەبىھ تۈرى بولسا: رىياخور زاھىدنىڭ قىلغان غەيۋىتىدۇر. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر كىشى تىلغا ئېلىنسا، بۇ رىياخور زاھىدلار: «بىزنى سۇلتانلارغا ئۆلپەتچىلىك بىلەن سىنىمىغان ۋە دۇنيانىڭ پۈچەك نەرسىلىرىنى تەلەپ قىلىشتا ھاياسىزلىققا دۇچار قىلمىغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دەيدۇ ياكى: «ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ھاياسىزلىقتىن پاناھ تىلەيمىز» ۋەياكى: «ئاللاھ تائالادىن سالامەتلىك سورايمىز» دەيدۇ. مۇشۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۇلار تىلغا ئېلىنغان كىشىنى ئەيىبلەش ۋە ئۆزلىرىنى ماختاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزىدە بىر رىياخور زاھىدنىڭ قېشىدا مەلۇم بىر كىشى تىلغا ئېلىنسا: «ئۇ بىچارە بەك چوڭ ئاپەت بىلەن سىنالدى، ئاللاھ بىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلسۇن» دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرىدۇ.

بىلگىنكى، غەيۋەتكە قۇلاق سالغۇچى شۇ گۇناھقا شېرىكتۇر. غەيۋەتكە قۇلاق سېلىش گۇناھىدىن پەقەت غەيۋەت قىلغانلارنى تىلى بىلەن ئىنكار قىلىش بىلەنلا

[1] مۇسلىم (2589). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە زىيان يېتىشتىن قورقسا قەلبى بىلەن نەپرەتلىنىدۇ. ئەگەر كىشى غەيۋەت قىلىنغان سورۇندىن ئايرىلىش ياكى باشقا گەپلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى ئۈزۈۋېتىشكە قادىر بولسا شۇنداق قىلسۇن.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ قېشىدا بىر مۇئمىن خارلانسا ۋە ئۇ كىشى شۇ مۇئمىنگە ياردەم بېرىشكە قادىر تۇرۇپ ياردەم بەرمىسە، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئۇ كىشىنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا خار قىلىدۇ»[1]. رەسۇلۇللاھ يەنە: «كىمكى بىر مۇئمىننى ئۇنى ئەيىبلىگۈچى مۇناپىقتىن قوغداپ قالسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تېنىنى دوزاخ ئوتىدىن قوغداپ قالىدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ» دېگەن[2].

ئەمر ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئازاد قىلغان بىر قۇلىنىڭ بىرەيلەن بىلەن بىرگە باشقا بىر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭغا: «ۋاي ساڭا! ئۆز نەپسىڭنى مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشتىن يىراق تۇتقىنىڭدەك قۇلىقىڭنىمۇ بۇ سەت گەپلەرنى ئاڭلاشتىن يىراق تۇت. ھەقىقەتەن، غەيۋەتكە قۇلاق سالغۇچىمۇ، غەيۋەتخورنىڭ گۇناھىغا شېرىكتۇر. خەق ئۆز قاچىسىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ ئەڭ ناچىرىنى سېنىڭ قاچاڭغا تۆكتى. ئەگەر بىر ئەخمەقنىڭ ۋالاقلاشلىرى قايتۇرۇپ ئېغىزىغا تىقىۋېتىلگەن بولسا ئىدى، شۇ ۋالاقتەككۈر — ئاخىرەتتە — بەدبەخت بولغاندا، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاغزىغا پۈرلاپ تىققۇچى بەختىيار بولغان بولاتتى».

مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەقلىرى توغرىسىدا كۆپ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاللىبۇرۇن «سۆھبەت» بابىدا كەلتۈرۈلدى.

## غەيۋەت قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان سەۋەبلەر ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ بايانى

غەيۋەتكە ئېلىپ بارغۇچى سەۋەبلەر كۆپتۇر.

سەۋەب: ئاچچىقىنى بېسىقتۇرۇش ئارزۇسى؛ مەسىلەن، بىر كىشى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يەنە بىر كىشىدىن رەنجىگەن ۋاقىتتا قورسىقى كۆپكەنسېرى، قارشى تەرپكە بولغان ئاچچىقىنى غەيۋەت قىلىش ئارقىلىق بېسىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

[1] ئەھمەد (16028). سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («زەئىفۇلجامىئ»، 5380) «زەئىف» دېگەن.

[2] ئەھمەد (15627)؛ ئەبۇ داۋۇد (4883). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («ئەلمىشكات»، 4986) «زەئىف» دېگەن. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

سەۋەب: دوست - يارەنلىرىگە ماسلىشىش، ھەمراھلىرىغا ياخشىچاق بولۇش ۋە يارىدەملىشىشمۇ غەيۋەت قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ؛ چۈنكى، دوست - يارەنلىرى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ئۇلارغا رەددىيە بەرسە ياكى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتسە، دوستلىرىنىڭ ئۆزىنى يامان كۆرۈپ قېلىشى، ھەتتا نەپرەتلىنىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ غەيۋەتلىرىگە ماسلىشىدۇ ۋە بۇنى ياخشى دوستلۇق دەپ قاراپ قالىدۇ.

سەۋەب: باشقىلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئابرۇيىنى كۆتۈرۈش ئىستىكى؛ مەسىلەن، كىشى «پالانى جاھىل ۋە چۈشەنچىسى يۈزەكى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغاندا، ئەسلى مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە قارشى تەرەپتىن بەكرەك ئالىم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشتۇر.

باشقىلارنىڭ بىر كىشىنى ماختىشى، ياخشى كۆرۈشى ۋە ئىززەتلىشىنى كۆرەلمەسلىكمۇ ئۇشبۇ سەۋەبلەر قاتارىدىندۇر. ھەسەتخور باشقىلارنىڭ مۇشۇنداق ئېزگۈ مۇئامىلىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ماختالغۇچىنى ئەيىبلەپ غەيۋىتىنى قىلىدۇ.

سەۋەب: ئويۇن ۋە تاماشا. غەيۋەتخور بىرۋانىڭ خەقنى كۈلدۈرىدىغان ھال - ئەھۋاللىرىنى ھېكايە قىلىپ ئاڭلىتىدۇ، ھەتتا بەزىلەر مۇشۇ يول بىلەن پۇل تاپىدۇ.

**غەيۋەتخورلۇقنىڭ شىپاسى**

غەيۋەتخور بىلىشى كېرەككى، قىلغان غەيۋىتى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە يامان كۆرۈشىگە دۇچار قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى غەيۋىتى قىلىنغۇچىغا يېزىلىدۇ. ئەگەر ياخشىلىقى بولمىسا، غەيۋىتى قىلىنغۇچىنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ گۇناھى غەيۋەتخورنىڭ گەدىنىگە يېزىلىدۇ. مانا بۇلارنى چۈشەنگەن كىشى تىلىنى غەيۋەتتىن يىغىدۇ.

غەيۋەتخورلۇق ئىللىتىگە مۇپتىلا بولغۇچى ئەۋۋەلا ئۆز ئەيىبلىرىنى ئويلىشى، شۇ ئەيىبلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىششى ۋە ئۆزى ئەيىبلىك تۇرۇپ باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن ھايا قىلىشى كېرەك.

بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن:

*ئەيىبلىسەڭ ئۆزگىلەرنى ئۆزۈڭدە بار ئەيىب بىلەن،*
*ئۆزگىلەرنى قانداق قاتتىق ئەيىبلەر بىركۆزلۈك كىشى،*

*ئەيىبلىسەڭ كىشىلەرنى ئۇلاردا يوق ئەيىب بىلەن،*
*بۇ ئاللاھ ۋە خالايىقنىڭ نەزەرىدە گۇناھنىڭ چوڭى.*

ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنى ئەيىب - نۇقساندىن خالىي دەپ ئويلىسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولسۇن ۋە نەپسىنى غەيۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ قەبىھ ئەيىب بىلەن بۇلغىمىسۇن. ئۆزگىلەرنىڭ ئۆز غەيۋىتىنى قىلىشىغا رازى بولمىغىنىدەك، ئۆزىمۇ ئۆزگىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا رازى بولمىسۇن.

كىشى ئەۋۋەل غەيۋەت قىلىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبكە قارىسۇن، ئاندىن شۇ سەۋەبلەرنى يوقىتىشقا تىرىشسۇن. چۈنكى، بىر كېسەللىكنى داۋالاش شۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبنى يوقىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. بىز غەيۋەتخورلۇق ئىللىتىنىڭ بەزى سەۋەبلىرىنى بايان قىلدۇق. مەسىلەن، غەزەپلىنىشنى ئالدىمىزدا «غەزەپ» بابىدا كېلىدىغان بايانلارغا ئەمەل قىلىش بىلەن داۋالىسا بولىدۇ. سەۋەب دوستلىرىغا ماسلىشىش بولسا بۇنىڭ داۋاسى، ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرۈپ تۇرۇپ، مەخلۇقاتنىڭ رىزاسىنى ئىستىگۈچىگە ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپلىنىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە مەخلۇقاتنى رازى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ رىزاسىنى تاللاشتۇر. ئۇنداقتا كىشى — ئۆزىنىڭ يېنىدا باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان — دوستلىرىغا كايىشى كېرەك. باشقا غەيۋەت قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىمۇ بۇ تەرىقىدە داۋالىسا بولىدۇ.

بەزىدە غەيۋەت قەلب بىلەنمۇ قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ مۇسۇلمانلارغا قارىتا بەدگۇمان قىلىشتۇر.

گۇمان نەپس تايانغان ۋە قەلب مايىل بولغان نەرسىدۇر. سېنىڭ بىرەر مۇسۇلمان ھەققىدە، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەر جەھەتتىن توغرا چۈشىنىشكە ئىمكان ۋە ئېھتىمال قالمىغۇدەك دەرىجىدە ئايدىڭلاشمىغۇچە، بەدگۇمان قىلىش ھەققىڭ يوق. لېكىن، ئادىل ۋە ئىنساپلىق بىر كىشى ساڭا ئۇنىڭ ناچارلىقىدىن خەۋەر بەرسە ۋە سېنىڭ قەلبىڭمۇ تەستىقلاشقا مايىل بولسا، سەن ئۆزرىلىك ھېسابلىنىسەن. چۈنكى، ئەگەر مۇشۇنداق بىر كىشىنى يالغانغا چىقارساڭ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ھەققىدە بەدگۇمان قىلغان بولىسەن. بىرىدىن ياخشى گۇمان قىلىپ، يەنە بىرىدىن يامان گۇمان قىلىش بىھاجەت. ئەكسىچە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋەيا ھەسەت بار ياكى يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىڭ كېرەك. ئەگەر بار بولسا، شۇ سەۋەبلىك بىر تۆھمەت بولۇشى مۇمكىن.

بىر مۇسۇلمان ھەققىدە كۆڭلۈڭگە يامان خىيال كىرسە، ئۇنىڭغا كۆپرەك

كۆيۈنگەن ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغىن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش شەيتاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنى سەندىن قاچۇرىدۇ. شەيتان سېنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىڭغا كۆيۈنۈشۈڭ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىڭدىن قورقۇپ، ساڭا يامان خىياللارنى تاشلىيالمايدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ راستلا خاتالاشقانلىقى جەزملەشسە، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن نەسىھەت قىلغىن.

بىلگىنكى، ئەيىب ئىزدەش گۇمانخورلۇقنىڭ بىر نەتىجىسىدۇر. چۈنكى، قەلب گۇمانغا قانائەت قىلمايدۇ، بەلكى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭچۈن ئەيىب ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ چەكلەنگەندۇر. ھالبۇكى، قۇسۇر ئىزدەش نىھايەتتە مۇسۇلماننىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى بىلمىسىلا، قەلبى شۇ مۇسۇلمانغا نىسبەتەن غۇبارسىز تۇيغۇلاردا بولىدۇ.

## غەيۋەت قىلىشقا ئىزنى بېرىلگەن ئۆزرىلەر ۋە غەيۋەت قىلىشنىڭ كەففارىتى

بىلگىنكى، باشقىلارنىڭ يامانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئىزنى بەرگۈچى نەرسە شەرئىي جەھەتتىن توغرا بولغان نىشاندۇر. بۇ نىشان ـ مەقسەتكە پەقەت قارشى تەرەپنىڭ يامانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق بىر مەقسەت غەيۋەت گۇناھىنى ئىناۋەتسىز قىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا غەيۋەتكە رۇخسەت باردۇر:

1. ئۆزى ئۇچرىغان زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكنى بايان قىلىشتا؛ چۈنكى، زالىم زوراۋانلىق قىلسا، مەزلۇم زالىمدىن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بېرىدىغان كىشىگە زالىمنىڭ زۇلمىنى بايان قىلسا بولىدۇ.

2. مۇنكەرنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىش ۋە زالىمنى ياخشىلىق يولىغا قايتۇرۇشتا؛

3. پەتىۋا سوراشتا؛ مەسىلەن، پەتىۋا بەرگۈچىگە: «پالانى كىشى ماڭا زۇلۇم قىلدى ياكى ھەققىمنى ئېلىۋالدى، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سوراش ۋە ئىسمىنى ئاتاش مۇباھتۇر. لېكىن ئىما قىلىش ئەۋزەل. مەسىلەن، «دادىسى (ياكى قېرىندىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەر) زۇلۇم قىلغان كىشى ھەققىدە سىز نېمە دەيسىز؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇش.

ئىسمىنى ئاشكارا ئاتاشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: ئۇتبە قىزى ھىند رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېرى ئەبۇ سۇفيان ھەققىدە: «ھەقىقەتەن ئەبۇ سۇفيان

بېخىل ئادەم...» دېگەن[1] ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئەيىبلىمىگەنلىكىدۇر.

4. مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇشتا؛ مەسىلەن، بىر بىدئەتچى ياكى پاسىقنىڭ يېنىغا پات ـ پات بېرىپ ـ كېلىدىغان بىر فەقىھنى كۆرگىنىڭدە، بىدئەت ياكى پاسىقلىقنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن قورقساڭ، فەقىھكە قارشى تەرەپنىڭ چىن ئەھۋالىنى بايان قىلساڭ بولىدۇ.

شۇنىڭدەك بىر قۇلنىڭ ئوغرى ياكى پاسىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى سېتىۋالغۇچىغا ئۇنى دەپ قويسا بولىدۇ.

شۇنداقلا نىكاھ ۋە ئامانەت قويۇش ئىشلىرىدا مەسلىھەت سېلىنغۇچى مەسلىھەت سالغۇچىغا سەممىي بولۇش مەقسىتىدە نىكاھلانماقچى بولغان كىشى ياكى ئامانەت قويۇلماقچى بولغان تەرەپ ھەققىدە ئۆزى بىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتسا بولىدۇ. بۇنى بوھتان قىلىش مەقسىتىدە قىلماسلىقى كېرەك. مەسلىھەت سالغۇچى پەقەت ئوچۇق ـ ئاشكارا دېيىش بىلەنلا مەقسىتىدىن ياندىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا چۈشەندۈرسە بولىدۇ.

5. «توكۇر، قارىغۇ» دېگەندەك لەقەملەر بىلەن تونۇلغان بىر كىشىنى شۇ لەقىمى بىلەن تىلغا ئالسا گۇناھ بولمايدۇ؛ ئەلبەتتە باشقا ئىسىم بىلەن تىلغا ئېلىش ئىمكان تاپسا، شۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىش ئەۋزەل.

6. ئوچۇق ـ ئاشكارا پاسىقلىق قىلىدىغان، خەقنىڭ مېلىنى تارتىۋالىدىغان ۋە بۇنىڭدىن ھېچ ھېيىقمايدىغان كىشىلەرنىڭ شۇ ھاللىرىنى بايان قىلىش گۇناھ ئەمەس. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ھايا تونىنى تاشلىۋەتسە، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش گۇناھ ئەمەس» دېگەن[2].

ھەسەن ئەلبەسرىيگە:

— گۇناھ ـ مەئسىيەتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىدىغان گۇناھكار كىشىنى بار سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىشىم غەيۋەت بولامدۇ؟ — دېيىلگەنىدى، ھەسەن ئەلبەسرىي:

— ياق، چۈنكى ئۇنداق كىشىنىڭ ھۆرمىتى يوقتۇر، — دېدى.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5384، 7180)؛ مۇسلىم (1714). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[2] بەيھەقىي («شۇئەبۇلئىمان»، (20704): «زەئىف» دېگەن.

## غەيۋەت قىلىشنىڭ كەففارىتى

بىلگىنكى، غەيۋەت قىلغۇچى ئىككى خىل جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ:

بىرىنچىسى: ئاللاھنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، غەيۋەت قىلغۇچى ئاللاھ چەكلىگەن ئىشنى قىلغۇچىدۇر. بۇ جىنايەتنىڭ كەففارىتى: تەۋبە ئېيتىش ۋە پۇشايمان قىلىشتۇر.

ئىككىنچىسى: بىر بەندىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىش. ئەگەر قىلىنغان غەيۋەت غەيۋەتتى قىلىنغۇچىغا يەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ رازىلىق سوراش، غەيۋەتنى قىلىپ سالغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمدىكى بىراۋغا قارىتا تىل - ھاقارەت ياكى شۇنىڭدەك بىرەر زۇلۇم قىلغان ئەھۋال بولسا، ئۇنى بىرەر تىللا ياكى بىرەر تەڭگە پۇلمۇ بولمايدىغان كۈنگە قالدۇرماي بۈگۈنلا قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋالسۇن، بولمىسا، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن قىلغان زۇلمىغا لايىق ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەگەر قىلىنغان غەيۋەت قارشى تەرەپكە يەتمىگەن بولسا، رازىلىق سوراشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتسۇن. چۈنكى، خەۋەرسىز كىشىنى خەۋەردار قىلىش قارشى تەرەپنىڭ ئىچىگە غۇم سېلىشى مۇمكىن.

بىر ھەدىستە: «سەن غەيۋەتنى قىلغان كىشىگە تۆلىنىدىغان كەففارەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغان ئىستىغپارىڭدۇر» دېيىلگەن[2].

مۇجاھىد رەھمەھۇللاھ ئېيتۇر: قېرىندىشىڭنىڭ گۆشىنى يېگەنلىكىڭنىڭ كەففارىتى ئۇنى مەدھىيەلىشىڭ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىشىڭدۇر. ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگىمۇ ئوخشاش.

تىلنىڭ ئاپەتلىرىدىن توققۇزىنچى ئاپەت: سۇخەنچىلىك. بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»

---

[1] بۇخارىي (2449).

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەسسامت»، (291). بەيھەقىي: («ئەددەئەۋاتۇل كەبىر»، 507) «زەئىف» دېگەن. ئىمام مۇناۋىي ۋە ئىراقىيلار: «زەئىف» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىيف ئەلجامىئ»، 4190)؛ «سىلسىلەتۇل ئەھادىيس ئەززەئىيفە، 1519) «توقۇلما» دېگەن.

دېگەن[1].

بىلگىنكى، سۇخەنچىلىك ئادەتتە بىراۋنىڭ سۆزىنى (باشقا بىراۋغا) توشۇشقا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «سېنىڭ ھەققىڭدە پالانى مۇنداق، مۇنداق دېدى» دېگەندەك. سۇخەنچىلىك بۇنىڭغىلا خاس ئەمەس. بەلكى، گەپ - سۆزلەر بولسۇن، ئىش - ھەرىكەتلەر بولسۇن ئاشكارىلاش يامان كۆرۈلىدىغان نەرسىنى ئاشكارىلاشمۇ سۇخەنچىلىكنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ھەتتاكى بىر كىشىنى مېلىنى كۆمۈۋاتقان ھالەتتە كۆرسە، مېلىنى كۆمۈپ قويغانلىقىنى شۇ كىشى ئالدىدا تىلغا ئالسىمۇ سۇخەنچىلىك قىلغان بولىدۇ. ھەرقانداق كىشىگە گەپ توشۇلسا، مەسىلەن بىراۋغا «سېنىڭ ھەققىڭدە پالانى مۇنداق، مۇنداق دېدى، ياكى مۇنداق، مۇنداق قىلدى» دېگەندەك سۆزلەر يەتكۈزۈلسە، يەتكۈزۈلگەن كىشى ئالتە ئىشنى قىلىشى كېرەك.

ئا) سۇخەنچىگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، سۇخەنچى گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان پاسىقتۇر.

ئە) سۇخەنچىنى سۇخەنچىلىكتىن توسۇشى ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

ب) سۇخەنچىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يامان كۆرۈشى كېرەك. چۈنكى، سۇخەنچى ئاللاھ نەزەرىدە يامان كۆرۈلگۈچىدۇر.

پ) قېشىدا يوق قېرىندىشىدىن گۇمان قىلماسلىقى كېرەك.

ت) توشۇپ كېلىنگەن سۆزلەر قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش ۋە تەكشۈرۈشكە ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا: ﴿بىر - بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار﴾[49/«ھۇجۇرات»: 12] دېگەن.

ج) سۇخەنچىنى چەكلىگەن ئىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەسلىكى ۋە ئۆزى سۇخەنچىلىك قىلماسلىقى كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىر ئادەمگە:

— مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. سەن مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداق، مۇنداق، دەپسەن، — دېدى. ئۇ ئادەم:

— مەن ئۇنداق قىلمىدىم، — دېدى. سۇلايمان:

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6056)؛ مۇسلىم (105). ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

— ماڭا بۇنى خەۋەر قىلغۇچى راستچىل كىشى ئىدى، — دېدى. ئۇ ئادەم:

— سۇخەنچى راستچىل بولمايدۇ، — دېدى. سۇلايمان ئۇ ئادەمگە:

— سالامەتلىك يار بولسۇن، كەتكىن! — دېدى».

يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر رەھىمەھۇللاھ: «سېھىرگەر بىر ئايدا بۇزالمايدىغان نەرسىنى سۇخەنچى بىر سائەت ئىچىدە بۇزۇۋېتىدۇ» دېگەن.

ھېكايە قىلىنىدۇكى: بىر كىشى بىر قۇل سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ. قۇل ئۆزىنى سېتىۋالماقچى بولغان خوجايىنغا:

— مەن سۇخەنچىلىك ۋە يالغانچىلىق قىلىشتىن ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىمنى ساڭا ئېلان قىلىمەن، — دەپتۇ. خوجايىن:

— ھەئە سەن ئىككىسىدىن ئادا - جۇداسەن، — دەپتۇ ۋە ئۇنى سېتىۋاپتۇ.

بىر كۈنى قۇل خوجايىنىغا:

— ئايالىڭىز زىنا قىلىدۇ، مۇنداق، مۇنداق ئىش قىلىدۇ ۋە سىزنى ئۆلتۈرمەكچى، — دەپتۇ. ئاندىن خوجايىنىنىڭ ئايالىغا:

— ئېرىڭىز سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە توقال ئالماقچى، ئەگەر ئېرىڭىزنى سىزگە ئامراق قىلىپ بېرىشىمنى ۋە توقال ئالماسلىقىنى خاھلىسىڭىز قولىڭىزغا ئۇستىرا ئېلىڭ ۋە ئېرىڭىز ئۇخلاپ قالغاندا گېلىدىن بىر تال تۈك چۈشۈرۈپ ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ ۋە يەنە ئەر خوجايىنغا:

— ئايالىڭىز سىز ئۇخلاپ قالغاندا سىزنى ئۆلتۈرمەكچى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېرى ئايالىنى ساقلاپ ئۇخلىغان بولۇۋاپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ گېلىدىن بىر تال تۈك ئېلىش ئۈچۈن ئۇستىرانى ئېلىپ كەلگەندە، ئېرى ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئايالىنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئايالىنىڭ جەمەتى ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئونىنچى ئايەت: ئۆزئارا دۈشمەنلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا بېرىپ - كېلىپ تۇرغۇچى ئىككى يۈزلىمە ئادەمنىڭ گېپى. ئىككى يۈزلىمچى كىشى بىر تەرەپنىڭ گېپىنى يەنە بىر تەرەپكە توشۇيدۇ. ھەربىرىگە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ، ياكى بىر تەرەپنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ ماختاپ، نېرىقى كىشىنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇنى سۆكىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى بىر يۈز بىلەن ئۇلارغا، بىر يۈز بىلەن بۇلارغا كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمىدۇر»

دېگەن[1].

بىلگىنكى، بۇ زۆرۈرىيەت بولمىسىمۇ ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇغان كىشى ھەققىدىدۇر. لېكىن، زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئەمرىلەرگە ئالدىدا مادارا (قوشۇلغاندەك كۆرۈنۈش) قىلىش جائىزدۇر. ئەبۇدەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەقىقەتەن بىز بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىمىز، ھالبۇكى ئۇلارغا قەلبلىرىمىز لەنەت ئوقۇيدۇ» دېگەن. قاچانكى ئۇلار بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئەمەسلىكىنى ئېيتالىغۇدەك كۈچكە ئېرىشكەندە، يەنە شۇنداق قىلىش نادۇرۇستۇر.

ئون بىرىنچى ئاپەت: ماختاش. ماختاشنىڭ ئاپەتلىرى كۆپ بولۇپ، ماختىغۇچىغا ۋە ماختالغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئاپەتلەر بار.

ماختىغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئاپەتلەرگە كەلسەك، ماختىغۇچى بەزىدە ماختالغۇچى ھەققىدە تەكشۈرەلمەيدىغان ۋە بىلىش ئىمكانى يوق گەپلەرنى قىلىپ سالىدۇ. مەسىلەن، ماختىغۇچى ماختالغۇچى ھەققىدە «ئۇ كىشى تەقۋا ۋە زاھىد» دەيدۇ. بەزىدە ماختاشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ، يالغانچىلىق قىلىپ سالىدۇ، بەزىدە ئەيىبلىنىشكە لايىق كىشىنى ماختايدۇ.

بىر ھەدىستە: «ھەقىقەتەن ئاللاھ پاسىق ماختالسا غەزەپ قىلىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلىنغان[2].

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ: «كىمكى زالىمنىڭ باقىمەندىلىكىگە دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىنىشىنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ» دېگەن.

ماختالغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئاپەتلەرگە كەلسەك، ماختىغۇچىنىڭ ماختىشى ماختالغۇچىدا تەكەببۇرلۇق ياكى ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى ھالاك قىلغۇچى سۈپەتلەردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىنى ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا: «ۋاي ساڭا! ھەمراھىڭنىڭ بويننى ئۈزۈۋەتتىڭ» دېگەن. بۇ مەشھۇر ھەدىستۇر[3].

بىز ھەسەن ئەلبەسرىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇق: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىدا قامچا، ئەتراپىدا خالايىق بىلەن ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7179)؛ مۇسلىم (2526).

[2] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (4543). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 694) «زەئىپ» دېگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2662)؛ مۇسلىم (3000). ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

جارۇد كەلدى. ئاندىن بىر كىشى:

— بۇ ئادەم رەبىيئە جەمەتىنىڭ رەھبىرىدۇر، — دېدى. بۇ سۆزنى ئۆمەر ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئاڭلىدى، جارۇدمۇ ئاڭلىدى. جارۇد ئۆمەرنىڭ قېشىغا يېقىن كەلگەندە، ئۆمەر ئۇنى قامچا بىلەن ئۇردى. جارۇد:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېگەندى، ئۆمەر:

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نېمە بولماقچىدى! بايىقى گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ئاڭلىدىم. نېمە بولدى؟

— ئۇ گەپنىڭ زەررىسى سېنىڭ قەلبىڭگە ئارىلىشىپ قېلىشىدىن قورقتىم. شۇڭا، سېنى خارلاپ قويۇشنى خاھلىدىم».

چۈنكى، ئىنسان باشقىلار تەرەپتىن ماختالسا كۆڭلى مەمنۇن بولىدۇ. ئۆزىنى مەقسەتكە يەتكەن ئوخشايمەن، دەپ ئويلايدۇ ۋە ئەمەل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەمراھىڭنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتتىڭ» دېگەن.

ماختاشتا بۇ ئاپەتلەر يوق بولسا، بىراۋنى ماختىسا گۇناھ بولمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى ماختىغان.

ماختالغۇچىمۇ تەكەببۇرلۇق، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ۋە ئەمەل قىلىشتىن ئاجىز كېلىش قاتارلىق ئاپەتلەردىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. ماختالغۇچى بۇ ئاپەتلەردىن پەقەت ئۆزىنى تونۇغاندىلا ۋە ماختىغۇچىنىڭ ئەگەر شەخس ئۆزى بىلگەن كەمچىلىكلىرىنى بىلگەن بولسا، ئۇنى ماختىمايدىغانلىقىنى ئىدراك ئېتىش ئارقىلىقلا قۇتۇلالايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سالىھلەردىن بىر كىشىنى باشقىلار ماختىغانىدى، سالىھ كىشى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن بۇلار مېنى بىلمەيدۇ، سەن مېنى بىلىسەن» دېدى.

ئون ئىككىنچى ئاپەت: دىنىي تېمىلاردا، بولۇپمۇ ئاللاھ تىلغا ئېلىنغان گەپلەردە سۆزنىڭ مەزمۇن ۋە مەناسىدا يېڭىلىشىش / ئاشۇرۇۋېتىش. لەۋزىلەرنى توغرىلاشقا پەقەت ناتىق، ئالىملارنىڭلا كۈچى يېتىدۇ. ئىلىم ۋە پاساھەت ئۆگىنىشكە

سەل قارىغان كىشىنىڭ سۆزلىرى خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى جاھىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ.

بۇنىڭغا مىسالەن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھېچبىرىڭلار ‹ئاللاھ خاھلىدى، سەنمۇ خاھلىدىڭ› دېمىسۇن، لېكىن ‹ئاللاھ خاھلىدى، ئاندىن كېيىن سەنمۇ خاھلىدىڭ› دېسۇن»[1].

چۈنكى، «ئاللاھ خاھلىغان ۋە سېنىڭ خاھلىغىنىڭ بولىدۇ» دەپ ئاللاھنىڭ خاھلىشى بىلەن ئىنساننىڭ خاھلىشىنى كەسكىن باغلاپ كەلتۈرۈشتە ئىنساننى ئاللاھقا شېرىك ۋە باراۋەر قىلىش كېلىپ چىقىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر خەتىب: «كىمكى ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلسا ئازغۇنىدۇر» دېگەندە بۇ سۆزنى توغرا تاپماي: « ‹كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلسا ئازغۇنىدۇر› دېگىن»[2] دېگەن سۆزىمۇ شۇنىڭغا يېقىندۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ھېچبىرىڭلار ‹مېنىم قۇلۇم› ، ‹مېنىڭ چۆرەم› دېمىسۇن، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ قۇللىرىسىلەر، بارلىق ئاياللىرىڭلار ئاللاھنىڭ ئايال قۇللىرىدۇر. لېكىن، ‹مېنىڭ ئوغۇل خىزمەتچىم› ، ‹قىز خىزمەتچىم› دېسۇن»[3].

نەخەئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ‹ھەي ئېشەك! ھەي چوشقا!› دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا: ‹سەن مېنى ئېشەك قىلىپ يارىتىلغان، دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ چوشقا قىلىپ يارىتىلغان دەپ قالدىڭمۇ؟!› دېيىلىدۇ». بۇ ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەشتىكى خاتالىقلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. كىمكى تىلىنىڭ ئاپەتلىرىدىن بىز كەلتۈرگەن بايانلارنى ئويلانسا ۋە ئۆزىنىڭ تىلىنى قويۇۋەتسە ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى سۈكۈت قىلسا، نىجات تاپىدۇ»[4] دېگەن سۆزىنىڭ سىرىغا يېتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاپەتلەر خېيىم - خەتەرلەردۇر ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ يولى ئۈستىدىدۇر. شۇڭا، سۈكۈت قىلغان

[1] ئەھمەد (27138)؛ ئەبۇ داۋۇد (4980). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 137) «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم (870). ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2552)؛ مۇسلىم (2249). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[4] ئەھمەد (6481)؛ تىرمىزىي (2501). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىي («سەھىھۇ سۈنەنىتتىرمىزىي» ، 2031): «سەھىھ» دېگەن.

كىشىلا ساق ـ سالامەت قالىدۇ.

ئـون ئۈچىنچـى ئايـەت: ئـاۋام تەبىقىسـىدىكى كىشـىلەرنىڭ ئـاللاھ تائالانىـڭ سۈپەتلىرى ۋە كالامى ھەققىدە سوئال سورىشى ۋە سۆزلەشلىرى.

بىلگىنكـى، شـەيتان ئـاۋام خەلق تەبىقىسـىدىكى كىشـىگە: «سـەن پەقـەتلا ئىلىمىي تېمىلارغـا كىرىشـىش بىلـەن ئالىملاردىـن ۋە پەزىلـەت ئەھلىدىــن بولىسـەن» دەپ خىيـال تاشلايـدۇ. شـۇنىڭ بىلەن بـۇ خىيالنى داۋاملىـق ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرسـىتىدۇ، ھەتتا ئۇ كىشى بىلمەستىن كۇفۇرغا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «كىشـىلەر بىـر ـ بىرىگـە شـۇنداق سـوئاللارنى قويىشـىدۇكى، ئاخىـرى بىرىــپ مۇنداقمـۇ دەۋېتىشـى مۇمكىن: ‹مەخلۇقاتنىڭغۇ ئاللاھ يارىتىپتۇ، ئۇنداقتا ئاللاھنى كىم ياراتتى؟› »[1].

ئـاۋام خەلقنىـڭ ئىلىمنىـڭ سـىرلىق / يېپىـق تەرەپلىرىدىـن سـوئال قويۇشـى ئـەڭ چـوڭ ئاپەتتـۇر. چۈنكـى، ئۇلارنىـڭ ئاللاھنىـڭ سـۈپەتلىرىنىڭ مەنىلىـرى توغرۇلـۇق ئىزدىنىشـى ئۇلارنـى ئىسلاھ قىلمايـدۇ، بەلكـى بـۇزۇپ قويىـدۇ. چۈنكـى، ئۇلارنىـڭ ۋەزىپىسـى تەسـلىم بولۇشـتۇر. شـۇڭا، ئـاۋام كىشى ئۈچـۈن ئـەۋزەل بولغىنـى قۇرئـان ئېلىـپ كەلگـەن شـەيئىلەرگە ئىمـان ئېيتىشـى، ئاندىن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئېلىـپ كەلگەنلەرگـە ئىزدىنىـپ يۈرمـەي تەسـلىم بولـۇش ۋە ئىبادەتلەرگـە بېرىلىشـتۇر. چۈنكـى، ئۇلارنىـڭ ئىلىـم سـىرلىرىنى تەتقىـق قىلىـش بىلـەن مەشـغۇل بولۇشـى خـۇددى يايلاقتىكـى ھايۋانلارنىـڭ مۇلۇكنىـڭ سـىرلىرىنى تەتقىـق قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر.

---

[1] مۇسلىم (135). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

## ئون سەككىزىنچى بۆلۈم: ئاچچىقلىنىش، ئاداۋەت تۇتۇش ۋە ھەسەت قىلىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ئاچچىقلىنىش / غەزەپ ئوت يالقۇنلىرىدىن بىر يالقۇندۇر. غەزەپ ئەسناسىدا ئىنساندىن چىقىپ لەنىتى شەيتانغا ئۇلىشىدىغان بىر تومۇر باردۇر. ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ ئاغزىدىن: ﴿مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾[«ئەئراف»: 76/7] دېدى. چۈنكى، لاينىڭ تەبىئىتى سۈكۈنات بولسا، ئوتنىڭ تەبىئىتى ئۇچقۇنداش، كۆيۈش، ھەرىكەت قىلىش ۋە تەرتىپسىزلىكتۇر.

ئاداۋەت ۋە ھەسەت ئاچچىقلىنىش / غەزەپنىڭ نەتىجىلىرىدىندۇر.

ئاچچىقلىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ماڭا نەسىھەت قىلسىلا!» دېگەن كىشىگە: «ئاچچىقلانمىغىن» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. ئۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قايتا - قايتا «ماڭا نەسىھەت قىلسىلا» دېگەندە، ئۇنىڭغا: «ئاچچىقلانمىغىن!» دەۋەرگەن[1].

باشقا بىر ھەدىستە، ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «مېنى ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن نېمە يىراق قىلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاچچىقلانمىغىن!» دەپ جاۋاب بەردى [2].

بىرلىككە كېلىنگەن بىر ھەدىستە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «چېلىشتا يەڭگەن نوچى ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ھەقىقىي نوچىدۇر»[3] دېگەن.

ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا

[1] بۇخارىي (6116). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (6635). ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن. ھەيسەمىي: («مەجمەئۇززەۋائىد»، 12985) «ئىبنى لەھىئە ئىسمىلىك راۋىينىڭ رىۋايىتىدە سەل زەئىپلىك بار، باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6114)؛ مۇسلىم (2609).

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا ئاللاھنىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىيسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى﴾«ئال ئىمران»: 39/3﴿ دېگەن ئايىتىدىكى «سەييىد» كەلىمىسىنى: «ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان، ئاچچىقىغا يېڭىلمەيدىغان كىشى» دەپ تەپسىر قىلغان[1].

رىۋايەت قىلىنىدۇركى، «زۇلقەرنەيىن بىر پەرىشتىگە يولۇقتى ۋە ئۇنىڭغا:

— ماڭا شۇنداق بىر ئىلىم ئۆگەتكىنكى، ئىمانىم ۋە جەزمىيىتىم ئارتقاي! — دېگەنىدى، پەرىشتە:

— ئاچچىقلانما! چۈنكى، شەيتاننىڭ ئادەم بالىسىغا كۈچى ئەڭ ئاسان يېتىدىغان ۋاقتى ئاچچىقلانغان ۋاقتىدۇر. شۇڭا ئاچچىقنى يۇتۇش بىلەن قايتۇر! سالماقلىق بىلەن بېسىقتۇر! ئالدىراقسانلىقتىن ساقلان! چۈنكى، سەن ئاچچىقلانغاندا نېسىۋەڭگە ئېرىشەلمەيسەن. يىراق - يېقىن ھەممە كىشىگە يۇمشاق، مېھرىبان بولغىن! زومىگەر، تەرسا بولما! — دېدى»[2].

يەنە رىۋايەت قىلىنىدۇركى: ئىبلىس — ئاللاھ ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن — مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كۆرۈنگەن ۋە: «ئى مۇسا! كەسكىنلىكتىن ساقلانغىن! چۈنكى، مەن كەسكىن ئادەمنى كىچىك بالا توپ ئوينىغاندەك ئوينايمەن. ئاياللار (پىتنىسى) دىن ساقلانغىن! چۈنكى، مېنىڭ قارىشىمدا ئەڭ پۇختا قۇرۇلغان تۇزاق ئايال كىشى بىلەن قۇرۇلغان تۇزاقتۇر. بېخىللىقتىن ساقلانغىن! چۈنكى، مەن بېخىلنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرىتىنى بۇزىمەن» دېگەنىكەن[3].

ۋە يەنە: «ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، ئاچچىقلىنىش ئىماننى خۇددى ئاچچىق دورا ھەسەلنى بۇزغاندەك بۇزىدۇ. ئاچچىقلىنىش ئەقلىنىڭ دۈشمىنىدۇر» دېيىلگەن[4].

## ئاچچىقلىنىشنىڭ ھەقىقىتى

غەزەپ ئىنتىقام خىرىسى بىلەن قەلبتىكى قاننىڭ قاينىشىدۇر. يەنى ئىنسان ئاچچىقلانغاندا غەزەپ ئوتى قوزغىلىپ، قەلبتىكى قان قاينايدۇ ۋە تومۇرلارغا

[1] «تەفسىرۇ ئىبنى ئەلمۇنزىر»، (422).
[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەززۇھد»، (23).
[3] ئەبۇششەيخ: «ئەتتەۋبىخۇ ۋەتتەنبىھۇ»، (75).
[4] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (8294). ئىراقىي: «تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھياﺋ»، (8) «سەنەدى زەئىف» دېگەن.

تارقىلىپ، قازان قايىنىغاندا سۇ كۆتۈرۈلگەندەك بەدەننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن يۈز، كۆز ۋە تېرە قىزىرىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى خۇددى بىر ئەينەك شىشە ئىچىدىكى نەرسىنىڭ رەڭگىنى كۆرسەتكەندەك، غەزەپمۇ كەينىدىكى قان قىزىللىقىدىن ئىبارەت رېڭىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسان ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىگە ئاچچىقلانغاندا ۋە كۈچى يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا قان كېڭىيىدۇ.

ئەگەر غەزەپنىڭ سەۋەبى ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە ئاچچىقلىنىش بولسا ۋە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، بۇ ھالدا قان تومۇر - تومۇرلاردىن يۈرەككە قاراپ چېكىنىدۇ. نەتىجىدە غەزەپ قايغۇغا ئايلىنىدۇ ھەمدە تېرە رەڭگى سارغىيىدۇ. ئەگەر تەڭتۇش كىشىگە غەزەپلەنگەن بولسا، قان كېڭىيىپ - تارىيىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈز قىزىرىدۇ، سارغىيىدۇ ۋە قالايمىقانلىشىدۇ. دېمەك، ئىنتىقام خىرىسى غەزەپ كۈچىنىڭ ئوزۇقىدۇر.

كىشىلەر غەزەپلىنىشتە: ئاشقۇن، سۇس ۋە مۆتىدىللىكتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

ھەددىدىن ئاشقان غەزەپ خوش كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ھەددىن ئارتۇق غەزەپ ئىنساننى ئەقلىنى باشقۇرۇش ۋە دىنىغا رىئايە قىلىشتىن چىقىرىۋېتىدۇ. نەتىجىدە بۇ ھالدىكى ئىنسان ھېچقانداق دەڭسەش، ئويلىنىش ۋە توغرىنى تاللاشقا قادىر بولالمايدۇ.

غەزەپلىنىشتە سۇسلۇقمۇ ھەم خوش كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى، غەزىپى سۇس كىشىدە ۋىجدان ۋە كۈنلەش يوقايدۇ. غەزىپىنى تامامەن يوقاتقان ئادەم نەپسىنى تەربىيەلەشتىنمۇ ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، نەپس تەربىيەسى غەزەپ شەھۋەتنى بېسىپ چۈشكەندە تاماملىنىدۇ. كىشى، نەپسى بولمىغۇر ۋە پەس ھەۋەسلەرگە مايىل بولغاندا، نەپسىگە غەزەپلىنىدۇ. دېمەك، غەزەپنى يوقىتىپ قويۇش ئەيىبتۇر. شۇڭا، قاتتىق غەزەپ ۋە زىيادە سۇسلۇقتىن ئىبارەت ئىككى ئۇچ ئارىسىدا ئوتتۇراھاللىقنى تېپىش كېرەك.

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، غەزەپ ئوتى كۈچلىنىپ يالقۇنجىغاندا، غەزەپلەنگۈچىنى كور ۋە ھەرقانداق نەسىھەتنى ئاڭلاشتىن گاس قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، غەزەپ مېڭىگە كۆتۈرۈلۈپ، تەپەككۇر كانىنىڭ ئۈستىنى يېپىۋالىدۇ. بەزىدە سەزگۈ كانىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنەرسىنى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. دۇنيا قاپقاراڭغۇ بولىدۇ، مېڭىسى خۇددى ئوت يېقىلغاندىن كېيىن، ئوتتىن چىققان تۈتۈن بىلەن ھاۋاسى قارىداپ، ئىچى

قىزىپ، تۇتۇنگە توشۇپ كەتكەن بىر غارغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. غار ئىچىدە ئاجىز بىر چىراغ بولۇپ، چىراغ ئۆچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ ۋە ھېچ سۆز قۇلاققا كىرمەيدۇ، ھېچ سىما كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ تۇتەۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈشكىمۇ كۈچى يەتمەيدۇ. غەزەپ قەلب ۋە مېڭىگە مانا مۇشۇنداق قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. بەزىدە غەزەپ تېخىمۇ كۈچىيىپ ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

غەزەپنىڭ سىرتقى ئالامەتلىرى: رەڭگى ئۆزگىرىش، پۇت - قوللىرى قاتتىق تىترەش، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قالايمىقانلىشىشى، ئەدەب - ئەخلاقنى قايرىپ قويۇش، ساراڭلارچە قىلىق قىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر غەزەپلەنگۈچى ئۆزىنىڭ دەرغەزەپ چاغدىكى قەبىھ ھالىتىنى كۆرسە ئىدى، ئەلبەتتە كۆڭلىدە شۇ ھالىتىدىن بىزار بولغان بولاتتى. ئىچكى دۇنياسىنىڭ تېخىمۇ سەت بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر.

## غەزەپنى قوزغىغۇچى سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ داۋاسى

ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاشنىڭ شۇ كېسەللىكنىڭ مەنبەسىنى قۇرۇتۇش ۋە سەۋەبلىرىنى يوق قىلىش ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىسەن.

غەزەپنىڭ سەۋەبلىرىدىن بەزىلەر مۇنداق: ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، چاقچاق قىلىش، جېدەللىشىش، قارشىلىشىش، ئالدامچىلىق ۋە ئارتۇقچە مال - دۇنياغا قاتتىق ھېرىس بولۇش قاتارلىقلار. بۇلار شەرىئەتتە ئەيىبلىنىدىغان ناچار خۇلقلاردۇر. شۇڭا، بۇ خۇلقلاردىن ھەربىرىنى ئۇنىڭغا قارشى ئەخلاقلار بىلەن داۋالاش ۋە غەزەپنى قوزغىغۇچى ئامىللارنى بىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا تىرىشىش كېرەك.

غەزەپ قوزغالغاندا، تۆۋەندىكى ئىشلار بىلەن داۋالاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى: ئاچچىقنى يۇتۇش، ئەپۇ قىلىش ۋە سەبىر قىلىشنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى تەپەككۇر قىلىش. مەسىلەن، تۆۋەندىكىدەك ھەدىسلەرنى ئەسلەش كېرەك. ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ: «بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، ئۆمەر ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئاندىن ئۇ كىشى ئۆمەرگە: ‹ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە كۆپ مال بەرمەيسەن، ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايسەن› دېدى. ئۆمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرماقچى بولدى. ئاندىن ھۇر ئىبنى قەيس: ‹ئى

مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ھەقىقەتەن ئۆز پەيغەمبىرىگە: ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)﴾[«ئەئراف»: 199/7] دېگەن. ھەقىقەتەن بۇ كىشى نادانلاردىن ئىكەن» دېدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ھۇر ئىبنى قەيس ئۆمەرگە بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەندە، ئۆمەر ئۇ ئايەتكە خىلاپلىق قىلمىدى. ئۆمەر ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ كىتابى ئوقۇلغاندا بەك سالماق تۇرىدىغان كىشى ئىدى» دېگەن[1].

ئىككىنچى: نەپسىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇش. ئاچچىقلانغان كىشى نەپسىگە: «مېنىڭ بۇ ئىنسانغا كۈچۈم يەتكەندىن بەكرەك ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا كۈچى يېتىدۇ. ئەگەر مەن بۇ كىشىگە غەزىپىمنى يۈرگۈزسەم، ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا قىيامەت كۈنى غەزىپىنى يۈرگۈزۈشىدىن خاتىرجەم بولالمايمەن، شۇڭا، مەن ئەپۇ قىلىشقا ئەڭ موھتاجمەن» دېيىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بەزى كىتابلىرى (ئىنجىل) دا: «ئى ئادەم بالىسى! غەزەپلەنگەندە مېنى ئەسلىگىنكى، مەنمۇ غەزەپلەنگەندە سېنى ئەسلىگەيمەن ۋە ھالاك قىلىنغۇچىلار ئىچىدە سېنىمۇ ھالاك قىلمىغايمەن» دېگەن[2].

ئۈچىنچى: ئۆز نەپسىنى ئاداۋەتخورلۇق، قىساسكارلىق كۆلپىتىدىن ۋە دۈشمەنلىنىڭ ئۆزىنىڭ شەنىنى تۆكۈشكە ۋە بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر بىلەن سۆيۈنۈشكە تەييار ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ئىنسان مۇسىبەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، نەپس ئاخىرەتتىن قورقمىسا، دۇنيادا بۇ ئىشلارغا دۇچار بولۇشىدىن قورقۇتۇش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسى شەھۋەتنىڭ غەزەپنى بېسىپ چۈشۈشى بولۇپ، ساۋاب ئەمەس. چۈنكى بۇ، دۇنيالىق نېسىۋىلەرنى بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق كۆرۈشتۇر. لېكىن، كىشىنىڭ ئېھتىيات قىلغان ئىشى ئاخىرەت ئەمىلىگە ياردەم بېرىدىغان بىر ئىشقا ئۆزگەرسە، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ساۋاب بولىدۇ.

تۆتىنچى: ئىلگىرى سۆزلەنگەندەك، ئۆزىنىڭ غەزەپلەنگەن چاغدىكى قەبىھ سۈرىتىنى يادىغا كەلتۈرۈش كېرەك. غەزەپلەنگۈچى غەزەپلەنگەندە، غالجىر ئىت ياكى ۋەھشىي بىر يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنداقلا يەنە نەپسىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقلىرى ۋە ئالىملارنىڭ ئادەتلىرىگە ئەگىشىشكە مايىل قىلىشتىن قاچقان بولىدۇ.

[1] بۇخارىي (4642، 7286).

[2] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىلىيەتۇل ئەۋلىيائ»، 65/3. سەنەدى زەئىپ.

بەشىنچى: ئىنتىقام ئېلىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبنى ئويلاپ بېقىش كېرەك. مەسىلەن، شەيتان ئۇنىڭغا: «ئىنتىقام ئالماسلىق سېنىڭ ئاجىز، خار، تۆۋەن ۋە نەپسىڭنىڭ پەس ئىكەنلىكىڭگە دالالەتتۇر، ئىنتىقام ئالمىساڭ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشىسەن» دەپ ۋەسۋەسە سېلىش سەۋەبىدىن غەزەپلەنگەن بولسا، نەپسىگە: «ئى نەپسىم! ھازىر بۇلارغا سەبىر قىلالمىساڭ، بۇ كىشى قولۇڭدىن تۇتۇپ، سەندىن ئىنتىقام ئالىدىغان قىيامەت كۈنىدىكى خارلىق ۋە رەسۋالىققا قانداق سەبىر قىلىسەن! كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈشتىن ئېھتىيات قىلىسەنۇ، ئاللاھ تائالا، پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ نەزەرىدىن قېلىشتىن ئېھتىيات قىلمامسەن؟!» دەپ شەيتان ۋەسۋەسىسىنى دەفئى قىلىشى كېرەك.

ئاچچىقنى يۇتۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاچچىقنى يۇتۇش كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدۇ. خەق ئىچىدە ھۆرمەتلىك بولمىسا نېمە بولماقچىدى؟! قىيامەت كۈنى: «﴿ئاللاھ تائالا چوقۇم ئەجرىنى بېرىدىغان كىشىلەر﴾«نىسائ»: 4/100 ئورنىدىن تۇرسۇن» دەپ نىدا قىلىنسا، پەقەت ئەپۇ قىلغان كىشىلەرلا ئورنىدىن تۇرىدۇ[1]. كىشى ئۈچۈن شۇ ئورنىدىن تۇرغانلار قاتارىدا ئورنىدىن تۇرۇش ئەڭ زۆرۈر ئەمەسمۇ؟! بۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەرنىڭ كىشى قەلبىدە بەرقارار بولمىقى بەك مۇھىمدۇر.

ئالتىنچى: غەزەپلىنىشنى ئۆز مەقسىتىگە مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق ھالەتتە يۈز بەرگەن بىر ئىش دەپ بىلسۇن. بۇنى بىلگەن كىشى قانداقمۇ ئۆز مەقسىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ مەقسىتىنىڭ ئالدىغا قويسۇن؟! بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلبىي غەزەپلىنىشنى داۋالاش سەۋەبلىرىدۇر.

ئەمەل قىلىش ئارقىلىق غەزەپنى داۋالاشقا كەلسەك: غەزەپلەنگۈچى شۇك تۇرۇۋېلىشى[2]، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىشى[3] ۋە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر ئۆرە تۇرغان ھالەتتە بولسا

[1] خارائىتي: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، (354). ھەسەن بەسرىيدىن مۇرسەلدۇر.

[2] ئەھمەد (2556). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1375) «سەھىھ» دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىڭلار غەزەپلەنسە، شۈك تۇرۇۋالسۇن» دېگەن.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن (بۇخارىي 6115؛ مۇسلىم 2610) تە سۇلايمان ئىبنى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا تۇراتتۇق، ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى تىللاشقا باشلىدى. بىرسىنىڭ چىرايى غەزەپتىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مەن بىر كەلىمە بىلىمەن. ئەگەر ئۇ ئادەم: "ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم (ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن)" دېسە، ئاچچىقى دەرھال بېسىقىدۇ› دېدى».

ئۇلتۇرۇۋالسۇن، ئۇلتۇرغان ھالەتتە بولسا يېتىۋالسۇن[1]. ھەم بىز غەزەپلەنگەندە تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇق. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەدىسلەردە كەلگەندۇر.

ئەبۇ ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپلەنگەندە تاھارەت ئېلىشنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇرۋە ئىبنى مۇھەممەدنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئېغىر گەپلەرنى قىلدى، ئۇرۋە ئىبنى مۇھەممەد قاتتىق غەزەپلەندى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى ۋە تاھارەت ئالدى. ئاندىن كېلىپ دېدىكى: ‹دادام ماڭا بوۋام ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ”غەزەپ شەيتاندىندۇر، شەيتان بولسا ئوتتىن يارىتىلغان. ئوت سۇ بىلەن ئۆچۈرۈلىدۇ، شۇڭا بىرىڭلار غەزەپلەنگەندە، تاھارەت ئالسۇن“ دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى› »[2].

غەزەپلەنگەندە ئولتۇرۇۋېلىش ۋە يېتىۋېلىشقا كەلسەك، ئىنسان غەزەپلەنگەندە ئولتۇرۇۋېلىش بىلەن يارىتىلغان تۇپراققا يېقىن بولۇشقا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئەسلەپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشقا بۇيرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش بىلەن كەمتەر بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى، غەزەپلىنىش كىبىردىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزەپلىنىش ھەققىدە: «كىمكى غەزەپلەنگەنلىكىنى ھېس قىلسا، مەڭزىنى زېمىنغا ياقسۇن»[3] دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «خەلىفە مەھدى بىر ئادەمگە غەزەپلىنىپ، ساۋىداش ئۆلچۈن قامچا تەلەپ قىلدى، شۇ سورۇندىكى شەبىب دېگەن كىشى مەھدىينىڭ ئاچچىقىنى ۋە سورۇنداشلارنىڭ لام - جىمسىز باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: ‹ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ ئۈچۈن ئاللاھتىن بەكرەك غەزەپلەنمىگەيسىز!› دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىفە: ‹ئۇنى قويۇۋېتىڭلار› دېدى».

[1] ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىڭلار ئۆرە تۇرغان ھالەتتە غەزەپلەنسە، دەرھال ئولتۇرۇۋالسۇن. غەزىپى يانسا ياندى، يانمىسا يېتىۋالسۇن» دېگەن. ئەھمەد (21348). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك، سەھىھ ھەدىس توپلاملىرىدىكى راۋىيلاردۇر» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4782). ئالباني: («مىشكاتۇلمەسابىھ»، 5114) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد (17985). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىپ» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4784). ئالباني: («مىشكاتۇلمەسابىھ»، 5113) «زەئىپ» دېگەن.

[3] ئەھمەد (11604)؛ تىرمىزىي (2350)؛ خەتىب ئەلباغدادىي: «ئەلفەقىھ ۋەلمۇتەفەققىھ»، (706). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىيفۇ سۈنەنىتتىرمىزىي»، 2191) «زەئىپ» دېگەن.

## ئاچچىقنى يۇتۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇلار ئاچچىقنى يۇتىدىغانلاردۇر﴾ 3/«ئال ئىمران»: 134 دەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ بايانى ماختاش تەرىقىسىدىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى (قارشى تەرەپكە) كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئاچچىقىغا ھاي بېرەلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى پۈتۈن خالايىق ئالدىدا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان ھۆر پەرىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ»[1].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن قورققان كىشى ئاچچىقىنى تىزگىنلەيدۇ. ئاللاھتىن قورققان كىشى خالىغىنىنى قىلمايدۇ. ئەگەر قىيامەت كۈنى بولمىغان بولسا ئىدى، باشقىچە ئىشلارنى كۆرگەن بولاتتىڭلار»[2].

## ھىلىم (مۇلايىم، يۇمشاق، ئەپۇچان بولۇش) توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىلىم ئۆگىنىشكە تىرىشىش بىلەن؛ ھىلىم مۇلايىم، بوينى يۇمشاق بولۇشقا تىرىشىش بىلەن قولغا كېلىدۇ»[3] دېگەن.

«ئىلىم ئۆگىنىڭلار، ئىلىم بىلەن بىرگە تەمكىنلىك ۋە سەبرچانلىقنىمۇ ئۆگىنىڭلار، ئوقۇغۇچىڭلارغا ۋە ئۇستازىڭلارغا قارىتا مۇلايىم، يۇمشاق بولۇڭلار. ئەسلا زومىگەر ئالىملاردىن بولماڭلاركى، نادانلىقىڭلار ھىلمىڭلارنى يېڭىۋالمىسۇن»[4].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەشەج ئەبدى قەيسكە مۇنداق دېگەن: «سەندە ئاللاھ ۋە رەسۇلى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت بار: ھىلىم ۋە تەئەننى (مۇلايىملىق، سەبرچانلىق)»[5].

---

[1] ئەھمەد (15637). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىپ» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4777). تىرمىزىي: (2021) «ھەسەن، غەرىب» دېگەن. ئىبنى ماجە (4186). ئالبانىي: («مىشكاتۇلمەسابىھ»، 5088) «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىلىيەتۇل ئەۋلىيائ»، 58/8.

[3] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (1763). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2328) «سەھىھ» دېگەن.

[4] بەيھەقىي: «ئەلمەدخەل ئىلەسسۇنەنىل كۇبرا»، (515). بەيھەقىي: «بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى بولۇپ، سەھىھتۇر. ئەمما، باشقىلار ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى› دەپ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدى زەئىپتۇر» دېگەن.

[5] مۇسلىم (17). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

بىر ئادەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئىغىر ھاقارەت قىلدى. ئۇ گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىبنى ئابباس — نەقمەيداندىكى ئىكرىمەگە — مۇنداق دېدى: «ئى ئىكرىمە! قارىغىنچۇ، بۇ كىشىنىڭ بىرەر ھاجىتى بارمىكىن؟ بار بولسا ئۇنى ئادا قىلايلى». شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ، قاتتىق خىجىل بولدى.

بىر كىشى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ قاتتىق گەپلەرنى قىلدى، مۇئاۋىيەگە:

ـ ئۇنى جازالىمامسىز؟ ـ دېيىلگەنىدى، مۇئاۋىيە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— بىرەر پۇقرايىمنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك ھىلمىمنى زورۇقتۇرۇشتىن ھايا قىلىمەن.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېرە بىساتلارنى تەقسىم قىلىپ، بىر قىسمىنى دىمەشىقلىك بىر شەيخكە ئەۋەتكەنىدى، ئەۋەتىلگەن پارچىدىن شەيخ رازى بولمىدى ۋە «مۇئاۋىيەنىڭ بېشىغا ئۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. ئاندىن مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ، قەسىمنى بايان قىلغانىدى، مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا: «ئەي شەيخ، نەزرىڭنى ئورۇنلىغىن، ئۆتۈنۈشۈم ماڭا ئۇرغاندا يۇمشاق قول بول» دېدى.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر خىزمەتچىسى پۇتى سۇنۇق بىر قوي بىلەن ئەبۇ زەرنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى، ئەبۇ زەر ئۇنىڭغا:

— بۇ قوينىڭ پۇتىنى كىم سۇندۇردى؟ — دېگەنىدى، خىزمەتچى:

— سېنى ئاچچىقلانسۇن دەپ، ئاچچىقىڭدا مېنى ئۇرسۇن ۋە گۇناھكار بولسۇن دەپ، مەن ئەتەي سۇندۇردۇم، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ زەر:

— سېنى مېنى غەزەپلەندۈرۈشكە قىزىقتۇرغان شەيتاننى مەن غەزەپلەندۈرىمەن، — دېدى ۋە ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى.

بىر ئادەم ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تىللىدى، ئۇ تىللاشتىن توختىغۇچە سۈكۈت قىلغان ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «دەيدىغان يەنە باشقا گەپلىرىڭ بولسا، يۈرتىنىڭ ياشلىرى كەلمەستە دەۋال. چۈنكى، ياشلار ئۆز رەھبەرلىرىگە بۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىڭنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا رازى بولمايدۇ» دېدى.

خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قاراڭغۇ بىر كېچىدە مەسجىدكە كىردى،

مەسجىدتە ئۇخلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا پۈتلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـــ ساراڭمۇ سەن؟! ـــ دېگەنىدى، ئۆمەر:

ـــ ياق! ـــ دېدى.

شۇ ئەسنادا ئۆمەرنىڭ قوغدىغۇچىسى ئۇ كىشىنى ئەدەبلىمەكچى بولغانىدى، ئۆمەر: «بەس! ئۇ مەندىن ‹ساراڭمۇ سەن؟› دەپ سورىغانىدى، مەن ‹ياق› دەپ جاۋاب بەردىم» دېدى.

بىر ئادەم ئەلى ئىبنى ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈپلا تىللاشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مالايلار ئۇنى ئەدەبلىمەكچى بولغانىدى، ئەلى: «توختاڭلار!» دېدى ۋە ئۇ ئادەمگە قاراپ: «سەن بىلمىگەن ئەيىبلىرىمىز تېخىمۇ كۆپتۇر، بىز ياردەم قىلغۇدەك بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟» دېگەنىدى، ئۇ ئادەم خىجىل بولدى، ئاندىن ئىمام ھۈسەين ئۇنىڭغا ئۇچىسىدىكى تۆت بۇرجەك يوللۇق قارا يېپىنچىسىنى تاشلاپ بەردى ۋە 1000 تەڭگە بېرىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنچە ئۇ ئادەم: «سېنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دەيدىغان بولغان ئىدى.

بىر ئادەم ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھكە: «پالانى سېنى تىللىدى» دېگەنىدى، ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ: «شەيتان سەندىن باشقا ئەلچى تاپالماپتۇ ـ دە!» دېدى.

## ئەپۇ قىلىش ۋە مۇلايىملىق ھەققىدە

شۇنى بىلگىنكى، ئەپۇ قىلىشنىڭ مەنىسى تامامەن ھەقلىق تۇرۇپ ھەققىڭنى ئالماسلىقىڭ ياكى بىراۋدىن ئېلىنىدىغان قىساستىن ۋەيا قەرزنىڭ بىر قىسمىدىن بولسىمۇ ۋاز كېچىشىڭ بولۇپ، ئۇ ھىلىم ۋە ئاچچىقنى يۇتۇشتىن باشقا سۈپەتتۇر. ئاللاھ تائالا دېگەنكى: ﴿ئۇلار (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر﴾/3«ئال ئىمران»: 134 ۋە ﴿كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ) ئارىسىنى تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾/42«شۇرا»: 40 .

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سەدىقە مالدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى زىيادە ئەپۇچان قىلسا، ئۇ پەقەت زىيادە ئەزىز بولىدۇ. بىر كىشى ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر

بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ»[1].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئۇقبە! ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئەخلاقلىرىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ سەندىن سىلە - رەھىمنى ئۈزگەنگە سىلە-رەھىم قىلىسەن، سېنى مەھرۇم قىلغانغا بېرىسەن، ساڭا زۇلۇم قىلغاننى ئەپۇ قىلىسەن»[2] دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قىيامەت كۈنى: «)ئاللاھ تائالا چوقۇم ئەجرىنى بېرىدىغان كىشىلەر)4/«نسائى»: 100 ئورنىدىن تۇرسۇن» دەپ نىدا قىلىنسا، پەقەت ئەپۇ قىلغان كىشىلەرلا ئورنىدىن تۇرىدۇ[3].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇلايىمدۇر، مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ، قوپاللىققا بەرمىگەننى مۇلايىملىققا بېرىدۇ»[4] دېگەن.

«سەھىھەين»دىكى بىر ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن ئاللاھ بارلىق ئىشلاردا مۇلايىم بولغاننى ياخشى كۆرىدۇ»[5] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ» دېيىلگەن[6].

## ئاداۋەت تۇتۇش ۋە ھەسەت قىلىش توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، ئىنسان نەقمەيدانىدا ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز كېلىپ ئاچچىقنى يۇتقان بولسا، ئاچچىق ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساقلىنىپ، ئاخىرىدا ئاداۋەتكە ئايلىنىدۇ.

ئاداۋەتنىڭ ئالامىتى: بىر شەخسنى داۋاملىق يامان كۆرۈش، كۆرەر كۆزى بولماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشتۇر. ئاداۋەت غەزەپنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. ھەسەت

[1] مۇسلىم (2588). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.
[2] ھاكىم (7285). تەبەراني: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (14158). ئالباني: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 6660) «زەئىف» دېگەن.
[3] خارائىتي: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، (354). ھەسەن بەسرىيدىن مۇرسەلدۇر.
[4] مۇسلىم (2593).
[5] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (6024)؛ مۇسلىم (2165).
[6] مۇسلىم (2592).

بولسا ئاداۋەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرگە ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ كېسىلى تېگىشكە باشلىدى، بۇلار: ھەسەت قىلىش ۋە ئاداۋەتلىشىشتۇر» دېگەن[1].

«سەھىھەين»دىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆزئارا ئۆچەكەشمەڭلار، ئۆزئارا تاشلاشماڭلار، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزئارا تەتۇر قاراشماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار! مۇسۇلمان ئۈچۈن قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ»[2].

باشقا بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن ھەسەت ياخشىلىقلارنى خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك يەيدۇ»[3] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹بۇ كەڭ يولدىن سىلەرگە بولغۇسى جەننەت ئەھلى بىر ئادەم چىقىپ كېلىدۇ› دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئاندىن ئۇنىڭ قىلىدىغان ئەملى توغرۇلۇق سورالغاندا، ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: ‹مەن ھېچبىر مۇسۇلماننى ئالدىمايمەن ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ياخشىلىققا ھەسەت قىلمايمەن› »[4].

يەنە شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇقكى، ئاللاھ تابارەك ۋەتائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەسەت قىلغۇچى مېنىڭ نېئمىتىمنىڭ دۈشمىنىدۇر، ھۆكمىمگە ئاچچىقلانغان ۋە مېنىڭ بەندىلەر ئارىسىدىكى تەقسىماتىمغا رازى بولمىغان كىشىدۇر»[5].

ئىبنى سىرىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن ھېچبىر كىشىگە بىرەر دۇنيالىق ئىشتا ھەسەت قىلىپ باقمىدىم. چۈنكى، ئۇ كىشى بولغۇسى جەننەت ئەھلىدىن بولسا، بەربىر جەننەتكە قايتىدىغان تۇرسا، نېمىشقا بىرەر دۇنيا

[1] ئەھمەد (1412). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى ئۆزۈكلۈك سەۋەبىدىن زەئىف» دېگەن. تىرمىزىي (2510)؛ ئىبنى ئابدۇلبەر: «جامىئۇ بەيانىل ئىلىم»، (2122). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 61/3) «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6064)؛ مۇسلىم (2563). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] ئەبۇ داۋۇد (4904)؛ ئىبنى ماجە (4210). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2781) «زەئىف» دېگەن.

[4] ئەھمەد (12720). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[5] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 265/3. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋرات تاختىلىرىنىڭ بىرىنچىسىدە شۇنداق يېزىلغان دېيىلگەن. ئەبۇ نۇئەيم: «غەرىب» دېگەن.

ئىشىدا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغۇدەكمەن؟! ئەگەر ئۇ بولغۇسى دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، بەربىر دوزاختا قايتىدىغان تۇرسا، نېمىشقا بىرەر دۇنيالىق ئىشتا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغۇدەكمەن؟!»

ئىبلىس نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: «ھەسەت قىلىشتىن ساقلانغىن. چۈنكى، مېنى ھەسەت بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى» دېگەن.

شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان قېرىندىشىڭغا بىرەر نېئمەت بەرگەن بولسا، سەن ئۇ نېئمەتكە نىسبەتەن ئىككى خىل ھالەتتە بولىسەن:

بىرىنچى: شۇ نېئمەتنى يامان كۆرسەڭ ۋە ئۇنىڭ يوقۇلۇشىنى ئارزۇ قىلساڭ، مانا بۇ ھەسەتتۇر.

ئىككىنچى: ئۇ نېئمەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن بىئارام بولماسلىقىڭ ۋە ئۇنىڭ يوقۇلۇشىنى ئىستەپ كەتمەسلىكىڭ. لېكىن، شۇنىڭ ئوخشىشىنىڭ ئۆزۈڭدىمۇ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىڭ. بۇ بولسا «غىبتا (ھەۋەس)» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇئەللىف ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ــ ئېيتۇر: «شۇنى بىلگىنكى، مەن بۇ ھەقتە كۆڭۈلدىكىدەك گەپ قىلغان ھېچبىر كىشىنى كۆرمىدىم، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئېنىق بىرنەرسە دېيىشىم زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. مەن دەيمەنكى: ‹ئىنسان نەپسى ئۈستۈنلۈكنى ياخشى كۆرۈش تەبىئىتى ئۈزرە يارىتىلغاندۇر. شۇڭا، كىشىنىڭ نەپسى ئۆز جىنسىدىن بىرىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن بولۇشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بىراۋ ئۆزىدىن ئۈستۈن بولسا كىشىگە ھار كېلىدۇ، ئۇنى يامان كۆرىدۇ ۋە باراۋەر بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئۈستۈنلۈكنىڭ يوقۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ بولسا ئىنسان تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر ئىشتۇر› »

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ ئىشتىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ: گۇمانخورلۇق، شۇم پال ئېلىش ۋە ھەسەت قىلىش. سىلەرگە بۇلاردىن قۇتۇلۇش يولىنى سۆزلەپ بېرەي: ئەگەر گۇمان قىلساڭ، گۇمانىڭ بىلەن ئىش قىلما، شۇم پال ئالساڭمۇ ئىشىڭنى داۋام قىلغىن ۋە ھەسەت قىلساڭ زۇلۇم قىلمىغىن»[1].

ھەسەتنى داۋالاش بەزىدە ئاللاھنىڭ قازاسىغا رىزا بولۇش، بەزىدە دۇنياغا

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (3227)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (1173)؛ ئىبنى ئەبى ئاسىم: «ئەلئاھاد ۋەلمەسانىي»، (1962). ھارىسە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئىبنى ھەجەر («فەتھۇلبارىي»، 213/10): «بۇ مۇرسەل ياكى مۇئزەل» دېگەن. ھەيسەمىي («مەجمەئۇززەۋائىد»، 13047)، سۇيۇتىي («ئەلجامىئۇسسەغىر»، 3465، 3466) ۋە ئالبانىي («غايەتۇل مەرام»، 302) لەر: «زەئىف» دېگەن.

قىزىقماسلىق، بەزىدە دۇنيا غەملىرى ۋە ئاخىرەتتىكى ھېساب قاتارلىق نېمەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرگە قاراپ ئۆز ھالى بىلەن تەسەللى تېپىش، ئەسلا كۆڭلىدىن كەچكەن خىياللىرى بىلەن ئەمەل قىلماسلىق ۋە سۆزلىمەسلىك بىلەن بولىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنى قىلغان كىشىگە ھەسەت زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىككە ھەسەت قىلغۇچى / قىزغانغۇچى ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولماسلىقىنى ياكى ئاللاھنىڭ ئۇلمىگە ھەسەت قىلغۇچى ئۇنىڭ ئىلىمدىن مەھرۇم قېلىشىنى ياكى ئۇل نېمەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغان يېرى يوق. ئەمما، كافىر ۋە يامان نەپسلەر بۇنداق تۇيغۇلاردا بولالايدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ تەگتۇشلىرىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ۋە ئۇلار بىلەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىنى ئارزۇ قىلسا، گۇناھكار بولمايدۇ. چۈنكى، كىشى دوستلىرىنىڭ مەۋجۇد نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىشىنى تىلىگەن ئەمەس. بەلكى پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا نېسىۋىسىنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن تەگتۇشلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشىنى ئىستىگەندۇر. بۇ خۇددى خوجايىنىغا خىزمەت قىلىشتا مۇسابىقلەشكەن ئىككى قۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردىن بىرى مۇسابىقىدە ئۇتتۇۋالماقچى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿بۇ ھەقتە بەسلەشكۈچىلەر ئۆزئارا بەسلەشسۇنلەر﴾(«مۇتەففىفىن»: 26/83) دېگەن.

«سەھىھەيىن»دە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەقەت ئىككى خىسلەتتىكىلا ھەسەت قىلىش جائىزدۇر: بىرى، ئاللاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلغان كىشىگە؛ يەنە بىرى، ئاللاھ ئىلىم ئاتا قىلغان، ئۇشبۇ ئىلىم بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقارغان ۋە شۇ ئىلىمنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشىگە»[1] دېگەن.

ھەسەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىر قىسمى: ئاداۋەت، كىبىر، تەمەننا، باشلىقلىق سەۋداسى، ئىچى يامانلىق ۋە بېخىللىق قاتارلىقلار.

بۇلاردىن ئەڭ مۇھىمى ئاداۋەت ۋە ئۆچ كۆرۈشتۇر. چۈنكى، خاھلىغان بىر سەۋەب بىلەن بىر كىشى بىر كىشىگە ئەزىيەت بەرسە ۋە ئۇنى مۇرادىغا يېتىشتىن توسسا، ئۇ كىشىنى قەلبىدىن ئۆچ كۆرىدۇ ۋە كۆڭلىدە ئاداۋەت ئورۇنلىشىپ قالىدۇ. ئاداۋەت ساقلاش ئۆچ ئېلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاداۋەت تۇتقۇچى دۈشمىنىگە نېمە مۇسىبەت يېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدىن خۇشال

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7529)؛ مۇسلىم (815). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەتكەن بالا - مۇسىبەتنى ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا، دەپ ئويلايدۇ. دۈشمىنىگە نېمە نېئمەت يەتسە، ئۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇ كىشىنى چىرماپ، قەتئىي قويۇۋەتمەيدۇ. تەقۋا كىشىنىڭ غايىسى زۇلۇم قىلماسلىق ۋە زۇلۇم - ستەمنى دىلىدىن يامان كۆرۈشتۇر. بىر كىشىگە ئۆچ بولۇپ قېلىپ، ئۆچ كۆرۈلگۈچىنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىدە باراۋەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

كىبىرگە كەلسەك، كىشى تەڭتۇشلىرىدىن ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق بىراۋ مال-دۇنيا ياكى ئەمەل - مەنسەپكە ئېرىشسە، بۇ سەۋەبلىك ئۆزىگە قارىتا چوڭچىلىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا تاقابىل تۇرالماسلىقىدىن قورقىدۇ؛ ھوقۇق ۋە مالغا ئېرىشكۈچى ئۆزىدىن تۆۋەن كىشى بولسا، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ياكى ئۆزىگە تەڭداش بولۇپ قېلىشىغا تاقەت قىلالمايدۇ. كافىرلارنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلغان ھەسەتى بۇنىڭغا يېقىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە بىلەن تائىفتىن ئىبارەت) ئىككى شەھەردىن بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾ 43/«زۇخرۇف»: 31.

كافىرلار مۇئمىنلەر ھەققىدە: ﴿ئاللاھ ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمىكەن؟﴾6/«ئەنئام»: 53 دېگەن.

كافىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: ﴿«سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسانسىلەر...﴾ 36/«ياسىن»: 15 دېگەن.

ئۇلار يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلارسىلەر﴾ 23/«مۇئمىنۇن»: 34.

دېمەك، كافىرلار ئەجەبلەندى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنلىكىگە چىدىيالمىدى ۋە ھەسەت قىلىشتى.

باشلىق بولۇشنى ۋە يۈز - ئابرۇينى ياخشى كۆرۈشكە كەلسەك، بۇنىڭ مىسالى: بىر كىشى خاھلىغان بىر ئىلىم ياكى ھۈنەردە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىز ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. خەقنىڭ ئۆزىنى ماختىشىغا تولىمۇ خۇشتار ۋە «مانا بۇ زات زامانىنىڭ يېگانە ۋە ھۈنەردە تەڭداشسىز كىشىسى» دېگەندەك ماختاشلىرىدىن بەك خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان كۈنلەردە، دۇنيانىڭ نېرىقى ئۇچىدا ئۆزىگە ئوخشاش بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسا بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ تېزراق ئۆلۈشىنى ياكى ئىلىم، باتۇرلۇق، ئىبادەت، ھۈنەر، بايلىق ۋەياكى باشقا بىرەر ساھەدە ئۆزىگە شېرىك كىشىنىڭ شۇ نېئمەتنى يوقىتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مانا بۇ

يېگانىلىك دەۋاسى بىلەن بىرگە رەھبەرلىك سەۋداسىدىن ئۆزگە نەرسە ئەمەستۇر.

يەھۇدىي ئالىملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان ۋە ئۆز رەھبەرلىك مەرتىۋىلىرىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن قورقۇپ، رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

ئىچى يامانلىق ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بېخىللىق قىلىشقا كەلسەك، سەن كىشىلەر ئىچىدە باشقىلارغا ھېرىس بولمىغان ۋە كىبىرسىز كىشىنى كۆرىسەن. لېكىن، ئۇنىڭ قېشىدا ھەقتائالانىڭ بىر بەندىسىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نېئمەت قىلىپ بېرىلگەن ياخشى ھال ـ ئەھۋالى بايان قىلىنسا، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. ئەكسىچە ئەگەر كىمنىڭدۇر ئىشلىرىنىڭ قالايمىقانلاشقانلىقىنى، نەس باسقانلىقىنى، غۇربەتچىلىكتە قالغانلىقىنى ئاڭلىسا خۇشال بولىدۇ. ئۇ دائىما باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدە قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە نېئمەت بەرسە خۇددى ئۇنىڭ مۈلكى ۋە خەزىنىسىدىن ئالىدىغاندەك بېخىللىق قىلىدۇ.

ئالىملاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل پىخسىق باردۇر: ئۆز مېلىغا پىخسىقلىق قىلغان كىشىگە بېخىل (البخيل)؛ ئۆزگىنىڭ مېلىغا پىخسىقلىق قىلىدىغان كىشىگە شەھىھ (الشحيح) دېيىلىدۇ. ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئاداۋەت ياكى دوستلۇقى يوق بەندىلەردىن قىزغانچۇقچى ئىككىنچى تۈردىندۇر. بۇنداق پىخسىقلىقنىڭ ئىچى يامانلىق ۋە ناچار تەبىئەتتىن ئۆزگە سەۋەبى يوقتۇر. بۇنى داۋالاش قىيىندۇر. چۈنكى، بۇنىڭ ئۆتكۈنچى بىر سەۋەبى يوق، سەۋەبى بولغان بولسا ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشقان بولاتتى. پىخسىقلىقنىڭ سەۋەبى دەل تەبىئەتنىڭ ناچارلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يوقىتىش تەستۇر. مانا بۇلار ھەسەتخورلۇقنىڭ سەۋەبلىرىدۇر.

## تەڭتۇشلار ۋە قۇرداشلار ئارىسىدا ھەسەت قىلىشنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن سەۋەبلەر كۆپ تېپىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەسەتمۇ كۆپ بولىدۇ. ھەسەت قىلىش كۆپىنچە ئەھۋاللاردا تەڭتۇشلار، قۇرداشلار، قېرىنداشلار ۋە نەۋرە تۇغقانلار ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، كۆرەلمەسلىكنىڭ سەۋەبى ئۆز ئىچىدە بىردەكلىك بولمىغان مەقسەتلەردە نىشاننىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىدۇر. شۇ ۋەجدىن ئۆزئارا ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئالىمنىڭ بىر ئابىدقا ئەمەس باشقا بىر ئالىمغا ھەسەت قىلغانلىقىنى، ئابىدنىڭمۇ ئالىمغا ئەمەس يەنە بىر ئابىدقا ھەسەت قىلغانلىقىنى،

سودىگەر سودىگەرنى، موزدوز موزدوزنى كۆرەلمەيدۇ، ھەرگىزمۇ بىرەر سەۋەبسىز گەزمالچىغا ھەسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ھەر تائىپىنىڭ مەقسىتى باشقا بىر تائىپىنىڭكىگە ئوخشمايدۇ.

شۇڭا، دۈشمەنلىكنىڭ نېگىزىدە مەنپەئەت توقۇنۇشى باردۇر. بىر - بىرىدىن يىراقتىكى ئىككى كىشى ئوخشاش مەنپەئەت ۋە مەقسەت ئۈزرە بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ. ئوخشىمىغان ئىككى شەھەردە ياشىغۇچى ئوخشىمىغان ئىككى كىشى ئارىسىدا ھېچقانداق باغ / رىشتە بولمايدۇ. مەلۇم بىر ماقامغا ئېرىشىشكە قاتتىق ھەۋەسلىك ياكى پۈتۈن دۇنياغا داڭق سېلىشقا ھېرىسمەن كىشىلەرلا بولمايدىكەن، يىراقتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ھەسەت / كۆرەلمەسلىك بولمايدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق ھەۋەسلىك ياكى ئارزۇمەنىد كىشى — دۇنيانىڭ قەيەرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئۆزى ماختانغان بىر خىسلەتكە شېرىك ھەرقانداق كىشىگە ھەسەت قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسىل مەنبەسى دۇنيا سۆيگۈسىدۇر. مەنپەئەت توقۇنۇشقان ئىككى كىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيا تار كېلىدۇ. لېكىن، ئاخىرەتتە بولسا ھېچقانداق تارلىق مەۋجۇد ئەمەس. ئاللاھ تائالانى، پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، ئاسمانلىرى ۋە زېمىنىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى چىن مەنادا تونۇش ئىستىكىدىكى كىشىلەر بۇنى تونۇپ يەتكەندە، باشقىلارغا ھەسەت قىلمايدۇ، چۈنكى، ئىلىم - مەرىپەت ئارىفلارغا (ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلارغا) تار كەلمەيدۇ، ئەكسىچە بىر مەلۇماتنى مىڭلاپ ئالىم بىلسىمۇ، ئۇنى باشقىلارنىڭ بىلگىنىدىن خۇشال بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىن ئالىملىرى ئارىسىدا ھەسەت قىلىشىش بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانى تونۇش بولۇپ، بۇ تونۇش ھېچقانداق تارلىق مەۋجۇد بولمىغان كەڭ بىر دېڭىزدۇر. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى كاتتا ئورۇنغا ئېرىشىش بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى نەرسىلەردىمۇ تارچىلىق يوقتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەڭ كاتتا نېئمەت ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىشىش شەرىپى بولۇپ، بۇ ئۇچرىشىشتا نە بىرى بىرىنى توسۇپ قېلىش، نە تالىشىش بولمايدۇ. ھەقتائالاغا قارىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىنى قىستاپ قويمايدۇ، بەلكى قارىغۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ئۇلەپەت تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. لېكىن، دىن ئالىملىرى ئىلىم ئارقىلىق مال - دۇنيا ۋە يۈز - ئابرۇي تېپىشنى مەقسەت قىلسا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىدۇ.

ئىلىم بىلەن مال ئارىسىدا پەرق باردۇر. مال بىراۋنىڭ قولىدىن چىقمىغۇچە، يەنە بىرىنىڭ قولىغا چۈشمەيدۇ. ئىلىم بولسا ئالىمنىڭ قەلبىگە ئورناشقان بىر

ئەگىشىشتەر بولۇپ، باشقىلارغا ئۆگىتىشى بىلەن ئىلىم ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىپ كەتمەيمۇ ئۆگىتىلگەن ئادەمنىڭ قەلبىگە ئورنىشىۋېرىدۇ. ئىلىمنىڭ چېكى يوقتۇر. كىمكى ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كاتتىلىقىنى ۋە پادىشاھلىقىنى تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەندۈرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق نېئمەتلەردىن تېخىمۇ لەززەتلىك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا چەكلىمە يوق ۋە رىقابەتمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىنىڭ قەلبىدە يارالمىشلاردىن ھېچكىمگە قارىتا ھەسەت بولمايدۇ. چۈنكى، ئۆزى بىلگەننى باشقىلارنىڭمۇ بىلىشى ئۇنىڭ لەززىتىنى زەررىچە كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن، ھەسەت قىلىشنىڭ پەقەتلا نۇرغۇن كىشىنىڭ تەگلا ھەممىيلەنگە يەتمەيدىغان چەكلىك بىر نىشانغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدىڭ.

دەرۋەقە كىشىلەرنى ئاسماننىڭ زىننەتلىرى بولمىش يۇلتۇزلارغا قاراشتا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشمايدىغانلىقىنى كۆرىسەن. چۈنكى، ئاسمان بىپايان، جىمى كۆزلەر قارىسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا، ئەگەر سەن نەپسىڭگە كۆيۈنگۈچى بولساڭ، تالىشىش يوق، كۆڭۈلسىزلىكتىن خالىي نېئمەت ۋە لەززەتنى تەلەپ قىلغىن! بۇ نېئمەت ۋە لەززەت ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ ھۆكۈمدارلىقىنى تونۇشتىلا مەۋجۇدتۇر. بۇ نېئمەت ۋە لەززەت ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانى ھەقىقىي تونۇشقا ئىشتىياق باغلىماي، ئىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىقلا ھاسىل بولمايدۇ. مۇبادا، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇش لەززىتىنى ھېس قىلمىساڭ ۋە بۇ باردا قىزىقىشىڭ ئاجىز بولسا، سەن ھەقىقىي ئەركەك كىشى ئەمەسسەن، شەكسىزكى بۇ ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى، قىزىقىش تەمىنى تېتىشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. تېتىپ باقمىغان كىشى بىلمەيدۇ. بىلمىگەن كىشى سېغىنمايدۇ، سېغىنمىغان كىشى تەلەپ قىلمايدۇ، تەلەپ قىلمىغان كىشى ئېرىشەلمەيدۇ، ئېرىشەلمىگەن كىشى مەھرۇم كىشىلەر قاتارىدا قېلىۋېرىدۇ.

## ھەسەتنىڭ داۋاسى

شۇنى بىلگىنكى، ھەسەتخورلۇق بۈيۈك قەلب كېسەللىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، قەلب كېسەللىرى پەقەت ئىلىم ۋە ئەمەل بىلەنلا داۋالىنىلىدۇ. ھەسەت كېسىلىگە پايدا قىلىدىغان ئىلىم ھەسەتنىڭ سېنىڭ دىن ۋە دۇنيالىقىڭغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭدۇر. بىلگىنكى، ھەسىتىڭنىڭ ھەسەت قىلىنغۇچىنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىقىغا ھېچقانداق زىيىنى يوق، بەلكى ئۇ بۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ. سەن ھەسەت قىلغانغا ئۇ ياقىنىڭ نېئمىتى يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر سەن ئاخىرەتكە

ئىشـەنمىگەن تەقدىردىمـۇ ـــ ئاقـىل بولسـاڭ ـــ ھەسـەتتىن ساقلىنىشـىڭ ئەقـىل كارى بولاتتـى. چۈنكـى، ھەسـەت قىلىشـتا ھېچقانـداق پايـدا يـوق بولـۇپلا قالمـاي، بەلكـى ئـۇ قەلبكـە ئەلەمـدۇر. ئاخىرەتتـە ھەسـەتخورغا بولغۇسـى ئازابنـى بىلىـپ تۇرۇپ، سەن قانداقمۇ ھەسەت قىلىسەن؟!

بىـز يۇقىرىـدا ئېيتقـان: «ھەسـەت ھەسـەت قىلىنغۇچىغـا دىنـى ۋە دۇنيالىقـدا ھېچقانـداق زىيـان يەتكۈزمەيـدۇ، بەلكـى ھەسـەت قىلىنغـان كىشـى ھەسـەت قىلغۇچىدىـن دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە پايـدا ئالـىدۇ» دېگـەن سـۆزىمىزنىڭ بايانى شۇكى، ئـاللاھ تائـالا بىـر كىشـىگە تەقدىـر قىلغـان بىـر نېئمـەت ئـاللاھ تائـالا تەقدىـر قىلغـان مۇددەتكىچە ئـۇ كىشـىدە داۋام قىلىـدۇ. ئـۇ كىشـىگە ئاخىرەتتـە ھېـچ زىيـان بولمايـدۇ. چۈنكـى، ئـۇ كىشى ئـۇ نېئمـەت سـەۋەبلىك گۇناھـكار بولمايـدۇ. بەلكـى ئـۇ نېئمەتتىن پايدىلىنىـدۇ. سـەن ھەسـەتنى سـۆز ۋە ئىـش - ھەرىكىتىڭـدە كۆرسەتسـەڭ، ھەسـەت قىلىنغۇچى كىشى سەن تەرەپتىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولىدۇ.

ھەسـەت قىلىنغۇچىنىـڭ دۇنيـادا ئالـىدىغـان مەنپەئەتىگـە كەلسـەك، كىشـىلەر ھەممىدىـن بـەك دۈشـمىنىنى قايغـۇ ئىچىـدە كۆرۈشـنى ئـارزۇ قىلىـدۇ. سېنىڭ ھەسـەت سـەۋەبلىك تارتقـان ئازابىڭدىنمۇ چـوڭ ئەلـەم ۋە ئىزتىـراپ بولمايـدۇ ـــ بـۇ ئەلبەتتـە دۈشمىنىڭنى سۆيۈندۈرىدۇ ـــ.

ئەگـەر بىـز بايـان قىلىـپ ئۆتكـەن سـۆزلەرنى ئوبـدان ئويلانسـاڭ، ئـۆز نەپسىڭنىڭ ئۆزۈڭگـە دۈشـمەن، دۈشـمىنىڭگە دوسـت ئىكەنلىكىنـى بايقايسـەن! سـېنىڭ ئەھۋالىڭ بەئەينـى دۈشـمىنىنى ئۆلتۈرمەكچـى بولـۇپ تـاش ئاتقـان، ئەممـا تـاش دۈشـمىنىگە تەگمـەي، يېنىـپ كېلىـپ ئۆزىنىـڭ كۆزىگـە تېگىـپ (بىـر) كۆزىدىـن ئايرىلغـان ئادەمگە ئوخشايدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇ تېخىمـۇ ئاچچىقـى كېلىـپ، تاشنى بىرىنچى قېتىمدىكىدىـن قاتتىقـراق ئاتىـدۇ، تـاش يەنـە قايتىـپ كېلىـپ ئۆزىگـە تېگىـپ، يەنـە بىـر كۆزىدىنمۇ ئايرىـپ قارىغـۇ قىلىـدۇ. نەتىجىـدە ئـۇ تېخىمـۇ ئاچچىـقلاپ ئۈچىنچى قېتىـم تـاش ئاتسـا تـاش يەنـە يېنىـپ كېلىـپ بېشـىنى يېرىۋېتىـدۇ. دۈشـمىنى بولسا ھېچنېمـە بولمـاي، سـاق پېتـى ئۇنىڭغـا قـاراپ كۈلۈۋاتقـان بولىـدۇ. مانـا بـۇ ئىلـىم بۇيرۇغـان دورىلاردۇر. كىشـى بۇلارنـى تەپەككـۇر قىلسـا، قەلبىدىكـى ھەسـەت ئوتـى ئۆچىدۇ.

ھەسـەتنى داۋالاشـتىكى پايدىلىـق ئەمـەل: ھەسـەت بۇيرىغـان نەرسـىنىڭ ئەكسـىنى قىلىشـقا ئۆزىنـى مەجبۇرلاشـتۇر. ھەسـەت كىشـىنى ھەسـەت قىلىنغۇچىغـا ئـاداۋەت تۇتۇشـقا ۋە ئەيىبلەشـكە بۇيرۇسـا، نەپسـىنى قارشـى تەرەپنـى ماختـاش ۋە مەدھىيەلەشـكە؛ تەكەببۇرلـۇق قىلىشـقا بۇيرۇسـا، كەمتـەر بولۇشـقا؛ ياخشـىلىق قىلماسـلىققا بۇيرۇسـا، ئەتـەي كۆپـرەك ياخشـىلىق قىلىشـقا مەجبۇرلىشـى كېـرەك.

سەلەف سالىھلەردىن بەزىلەر بىرەر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىسا، غەيۋەت قىلغۇچىغا ھەدىيە ئەۋەتەتتى. بۇ دورىلار ھەسەتكە بەك پايدىلىقتۇر، لېكىن بەسى ئاچچىقتۇر. «كۆزلىگەن نەرسىلىرىڭ بولمايلىۋەرسە، بولىدىغان نەرسىنى كۆزلە» دېگەن ھېكمەتنى بىلىش بۇ دورىلارنى ئىچىشنى ئاسانلاشتۇرۇشى مۇمكىن. مانا بۇ مۇتلەق داۋادۇر.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

* * * *

## دۇنيانى ئەيىبلەش توغرىسىدا

«قۇرئان كەرىم»دە دۇنيانى ئەيىبلىگەن، ئۇنىڭغا قىزىقماسلىققا تەرغىب قىلغان ۋە دۇنيا ھەققىدە مىساللارنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتلەر كۆپتۇر. خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ شۇ سۆزلىرىدەك: ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (ئۆتكۈنچى) شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)﴾3/«ئال ئىمران»: 14. ﴿ھاياتىي دۇنيانىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشى، نېئمەتلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشى جەھەتتىن) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۈنۈپ چىقىپ) بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزم قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى - دە، (زىرائەتلەرنى) تونۇغۇسىز (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾10/«يۇنۇس»: 24. ﴿بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا چوڭچىلىقتىن، پۇل - مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بەئەينى بىرەر قېتىم يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴾57/«ھەدىد»:

﴿يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ ـ نېئمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾«زۇخرۇف»/43: 20.

﴿بىزنىڭ زىكرىمىزدىن (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئاندىن) باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگىن. ئۇلارنىڭ ئىلمىدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ...﴾«نەجم»/53: 29، 30.

ھەدىسلەرگە كەلسەك «سەھىھەين»دە مۇستەۋرىد ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن بىرىڭلار ماۋۇ (كۆرسەتكۈچ) بارمىقىنى دېڭىزغا تىققانغىلا ئوخشايدۇ، بارمىقى نېمە بىلەن قايتىدۇ قاراپ باقسۇن»[1]. يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دۇنيا كافىرنىڭ جەننىتى، مۇئمىننىڭ زىندانىدۇر»[2] دېگەن.

«ناۋادا دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە پاشىنىڭ قانىتىغا باراۋەر بولسا ئىدى، كافىرنى ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇم سۇدا سۇغارمىغان بولاتتى»[3]

«دۇنيا مەلئۇندۇر، ئاللاھ ئۈچۈن بولغان نەرسىلەردىن باشقا ئىچىدىكىلەرمۇ مەلئۇندۇر»[4].

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى دۇنيانى ياخشى كۆرسە، ئاخىرىتىگە زىيان سالىدۇ، كىمكى ئاخىرىتىنى ياخشى كۆرسە دۇنيالىقىغا زىيان سالىدۇ. شۇڭا، باقىي قالىدىغاننى فانىيدىن ئەلا بىلىڭلار»[5] دېگەن.

ھەسەن ئەلبەسرىي ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە دۇنيانى سۆكۈپ ئۇزۇن بىر پارچە خەت يازغان، ئۇ خەتتە: مەقسەتكە كەلسەك، دۇنيا ئەبەدىيلىك يۇرتى ئەمەس، بەلكى ئۆتەڭ يۇرتتۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا جازالىنىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! دۇنيادىن ھەزەر قىلغىل! دۇنيادىن

[1] مۇسلىم (2858).

[2] مۇسلىم (2956).

[3] تىرمىزىي (2320). سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 5292) «سەھىھ» دېگەن.

[4] تىرمىزىي (2322). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3414) «ھەسەن» دېگەن.

[5] ئەھمەد (19712)؛ ھاكىم (7853). ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3247) «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

ئېلىنغۇسى ئوزۇق دەل ئۇنى تەرك ئېتىشتۇر. دۇنيانىڭ بايلىقى ئۇنىڭ نامراتلىقىدۇر. دۇنيانى ئەزىز بىلگەن كىشىنى دۇنيا خار قىلۇر. مال توپلىغان كىشىنى دۇنيا كەمبەغەل قىلۇر، دۇنيا مىسالى زەھەردۇر، بىلمىگەن كىشى ئۇنى يۇتۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمى دېمەكتۇر. ئۇ ھالدا بۇ ئالدامچى، خىيانەتچى، گوللىغۇچى يۇرتتىن ئېھتىيات قىلغىل! دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسەڭ سېنىڭ ئەڭ ئېھتىيات قىلىدىغان نەرسەڭ بولسۇن! دۇنيا قۇۋانچى (خۇشاللىقى) قايغۇ بىلەن، سۈزۈكلۈكى دۇغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغاندۇر. مۇبادا ياراتقۇچى ئىگەم دۇنيادىن خەۋەر بەرمىگەن، دۇنيا باردا مىساللارنى بايان قىلمىغان بولسا ئىدى، دۇنيانىڭ ئۆزى ئۇخلىغۇچىنى ئويغاتقان، غاپىل كىشىنى ئاگاھلاندۇرغان بولاتتى. ۋەھالەنكى، ھەقتائالا دۇنيادىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، نەسىھەت قىلغۇچى ئايەتلەر نازىل قىلغان تۇرسا، دۇنيا قانداقمۇ ئۇيقۇدىكى غاپىللارنى ئويغاتمىسۇن؟! دۇنيانىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ھېچقانداق قىممىتى يوقتۇر، شۇڭا رەب تائالا دۇنيانى ياراتقاندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئېتىبار نەزەرىدە قاراپ باقمىغاندۇر.

دۇنيانىڭ جىمى ئاچقۇچلىرى ۋە خەزىنىلىرى نەبىي مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەڭلەنگەن ئىدى. ھالبۇكى، دۇنيا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بولغاندا ئىدى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدىكى مەرتىۋىسى بىر پاشىنىڭ قانىتىچىلىك كەملەپ قالمايتتى. شۇنداق تۇرۇپمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى[1]. چۈنكى، ئاللاھ ئەمرىگە قارشى چىقىشنى مەكرۇھ بىلدى، ياراتقۇچى يامان كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرۈشنى خاھلىمىدى ياكى پادىشاھى پەس قىلغان نەرسىنى ئۈستۈن قىلىشنى ئىستىمىدى. ئۇ شۇنداق بىر دۇنيادۇركى، ئاللاھ تائالا سىناق ئۈچۈن سالىھ قۇللىرىدىن ئاياپ، ئالداش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىگە بولۇشىغا بەردى. دۇنيا بىلەن مەغرۇرلانغان ۋە دۇنياغا ئىگە بولغۇچى ئۆزىنى دۇنيا بىلەن ئىكرام قىلىنغان دەپ ئويلامدۇ؟! ئۇ كىشى مۇھەممەد سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاشلارنى تاڭغان[2] چاغدا ئاللاھنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى

[1] ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رەببىم ماڭا مەككىنىڭ بەتھا دېگەن سايلىقىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، مەن ئۈچ قېتىم: ‹ئى رەببىم! ئۇنداق قىلىپ بەرمىگىن. مەن بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق ئۆتەي؛ قورسىقىم ئاچقاندا، ساڭا يېلىنىپ، سېنى زىكرى قىلاي؛ تويغاندا بولسا، ساڭا تەشەككۈر ۋە ھەمد ئېيتاي› دېدىم». تىرمىزىي: (3980) «ھەسەن» دېگەن.

[2] زەبىيدىي («ئىتھافۇسسادە»، 101/8) دېگەنكى: بۇخارىي بۇ ھەدىستە (4101) جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇردى، ھالبۇكى قورسىقى تاش بىلەن تېڭىلغان ئىدى» دېگەن لەۋز بىلەن؛ تىرمىزىي ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «قورساقلىرىمىزغا تېڭىۋالغان تاشلارنى كۆرسەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قورسىقىغا باغلىغان ئىككى پارچە تاشنى كۆرسەتتى» دەپ

ئۇنتۇمىدۇ؟! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بەندىلەردىن مال ـ دۇنيا ئۆزىگە ئېشىپ ـ تاشقۇچە بېرىلگەن بولسۇن ـ يۇ، بۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن تۇزاق بولۇشىدىن قورقمىغان كىشى ئەقلى كەمتۈك، نەزىرى ئاجىز كىشىدۇر. بىر مال ـ دۇنيا بېرىلمىگەندە، بۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بىر سىناق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭمۇ ئەقلى نۇقسان، نەزەر دائىرىسى تاردۇر، شۇنداقلا مال ـ دۇنيا بېرىلمىگەندە بۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بىر خەير ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن كىشىمۇ كەم ئەقىل ۋە قەلب كۆزى خىرە كىشىدۇر.

مالىك ئىبنى دىنار رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سېھىرگەر دۇنيادىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، ئۇ ئالىملارنىڭ قەلبلىرىنىمۇ سېھىربەند قىلىۋېتەلەيدۇ».

دۇنيا ھەققىدە ئېيتىلغان ئوخشىتىشلاردىن بىرى، يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيدىنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «مەن دۇنيانى گويا ئۇخلاۋاتقان بىر كىشىگە ئوخشىتىمەن. كىشى چۈشىدە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ، ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ كۆرىدۇ ۋە شۇ ھالىتىدە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىدۇ».

بۇ قاتارلىق سۆزلەردىن يەنە بىرى: «كىشىلەر ئۇيقۇدا، ئۆلگەندە ئويغىنىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆلگەن ھامان ئويغىنىدۇ ۋە قوللىرىدا دۇنيادا تايانغان ۋە خۇشال بولغان ھېچنېمىسى بولمايدۇ».

رىۋايەتتە قىلىنىشىچە، «ئىيسا ئەلەيھىسسالام دۇنيانى چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر قېرى موماي سۈرىتىدە كۆردى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەرتۈرلۈك زىننەت بار ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا:

— قانچە قېتىم توي قىلدىڭىز؟ — دېگەنىدى، دۇنيا:

— ساناپ بولالمايمەن، — دېدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام:

— ھەممىسى سىزدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتىمۇ ياكى ھەممىسى سىزنى تالاق قىلدىمۇ؟

— بەلكى مەن ھەممىسىنى ئۆلتۈردۈم.

— ھايات قالغان ئەرلىرىڭىزنىڭ شورى قۇرۇسۇن! ئۇلار قانداقمۇ كەتكەن ئەرلىرىڭىزدىن ئىبرەت ئالمىغاندۇ؟! سىز ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ھالاك قىلدىغان تۇرسىڭىز، ئۇلار قانداقمۇ سىزدىن ئېھتىيات قىلمىغاندۇ؟!»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن.

«دۇنيا قىيامەت كۈنى ئاق چاچلىق، كۆزى كۆك، توڭگاي چىش، بەتبەشىرە قېرى بىر كەمپىر سۈرىتىدە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە خالايىق ئالدىغا چىقىرىلىپ، ئۇلارغا:

— بۇنى تونۇمسىلەر؟ — دېيىلىدۇ. ئۇلار:

— بۇنى تونۇشتىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز، — دەيدۇ. ئاندىن:

— بۇ دۇنيادۇركى، سىلەر شۇنى دەپ جېدەللەشكەن ئىدىڭلار، شۇنى دەپ سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن ئىدىڭلار، شۇنى دەپ ھەسەت قىلىشقان، دۈشمەنلەشكەن ۋە ئالدانغان ئىدىڭلار، — دېيىلىدۇ ۋە دۇنيا دوزاخقا تاشلىنىدۇ. شۇ چاغدا دۇنيا:

— ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىم ۋە دوستلىرىم قېنى؟ — دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:

— ئى دۇنيانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە دوستلىرى، قېنى سىلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇڭلار! — دەيدۇ».

ئەبۇلئەئلا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «چۈشۈمدە قېرى بىر ئايالنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر تۈرلۈك زىننەت بار ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ، ھەيرانلىقتا توختاپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. مەن:

— ۋاي بىچارە! سىز كىمسىز؟ — دېگەنىدىم، ئۇ:

— مېنى تونۇمامسەن؟ — دېدى.

— ياق!

— مەن دۇنيا.

— ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ سېنىڭ يامانلىقىڭدىن پاناھ سورايمەن.

— سەن مېنىڭ يامانلىقىمدىن ساقلىنىشنى ياخشى كۆرسەڭ، پۇل - مالنى يامان كۆرگىن».

ئاللاھ دوستلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مەن چۈشۈمدە دۇنيانى بەتبەشىرە، دۈمچەك ۋە قېرى بىر موماي ھالىتىدە كۆردۈم».

باشقا بىر مىسال: شۇنى بىلگىنكى، سەن ئۈچ تۈرلۈك ھالدا بولىسەن:

بىرى، سەن ھېچنېمە ئەمەس ھالىتىڭ، بۇ سەن يارىتىلىشتىن ئىلگىرىكى ھالەتتۇر.

يەنە بىرى، سەن ئۆلگەن سائەتتىن ئېتىبارەن مەڭگۈ - مەڭگۈگە قېلىش

هالىتىڭدۇر. ئۇنىدا، سېنىڭ روھىڭ تېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەۋجۇد ھالەتتە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇ يا جەننەتتە ۋەيا دوزاختا بولىدۇ. بۇ بولسا ئەبەدىيلىك ھاياتتا بولۇشى ئېھتىمال ئەبەدىيلىك قىلىشتۇر.

بۇ ئىككى ھالەت ئارىسىدا يەنە بىر ئوتتۇراھال بىر ھالەت باردۇركى، ئەنە شۇ سېنىڭ دۇنيادىكى كۈنلىرىڭدۇر. بۇنىڭ مىقدارىغا قارا ۋە ئۇنى يۇقىرىقى ئىككى ھالەتكە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن. شۇندىلا سەن دۇنيا ھاياتىڭنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاندىنمۇ ئاز ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. دۇنياغا مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغان كىشى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ / يۆلەنمەيدۇ. دۇنيادىكى كۈنلىرى مۇسىبەت ۋە تارچىلىقتا ئۆتتىمۇ ياكى كەڭرىچىلىك ۋە باياشاتلىقتا ئۆتتىمۇ؟ پەرۋا قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەك ئۈستىگە كېسەك، قومۇش ئۈستىگە قومۇش قويغان ئەمەس ۋە: «مېنىڭ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مېنىڭ ئەھۋالىم بىلەن دۇنيانىڭ ئەھۋالى خۇددى بىر تۆپ دەرەخ ئاستىغا كىرىپ سايىدىغاندىن كېيىن، دەرەخنى تاشلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغان يولۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ، خالاس»[1] دېگەن.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام: «دۇنيا بىر كۆۋرۈكتۇر. ئۇنىڭدىن ئۆتۈڭلار، لېكىن ئۇنى گۈللەندۈرمەڭلار» دېگەن. بۇ ناھايىتى روشەن بىر مىسالدۇر. چۈنكى، دۇنيا ئاخىرەتكە تۇتاشقان بىر كۆۋرۈكتۇر. بۇ كۆۋرۈكنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكى بۆشۈك بولسا، ئىككىنچى ۋە ئاخىرقى تۈۋرۈكى قەبرىدۇر. كىشىلەرنىڭ بەزىسى كۆۋرۈكنىڭ يېرىمىغا كەلگۈچە، بەزىلىرى ئۈچتىن بىرىگىچە، بەزىلەر ئۈچتىن ئىككىسىگىچە ۋە بەزىلەر كۆۋرۈكنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە غايىپ بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر. تېز - تېز ئۆتۈپ كېتىۋېتىپمۇ كۆۋرۈك ئۈستىگە ئۆي قۇرۇش، ياساش، بېزەش ۋە زىننەتلەش ئۈچىغا چىققان نادانلىق ۋە ئەخمەقلىقتۇر.

دەپتۇرلەركى: «دۇنيا تەلەپ قىلغۇچى بەئەينى دېڭىز سۈيىنى ئىچكۈچىگە ئوخشايدۇ. ئىچكەنسېرى ئۇسسۇزلۇقى ئاشىدۇ، — ئۇسسىغانسېرى ئىچىدۇ — ھەتتا ئىچكەن سۈيى ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ».

سەلەفلەردىن بىرى دوستلىرىغا: «يۈرۈڭلار، مەن سىلەرگە دۇنيانى كۆرسىتىپ قوياي!» دەيتتى ۋە ئۇلارنى دۆۋىلەپ قويۇلغان گەندە يېنىغا ئېلىپ باراتتى ۋە: «ئەييۇھەنناس! خالايىقنىڭ مېۋە - چېۋە، توخۇ - توشقانلىرىغا، ھەسەل - قايماق ۋە سېرىق مايلىرىغا قاراڭلار! (نېمىگە ئايلانغان - ھە؟!)» دەيتتى.

[1] تىرمىزىي (2377). تىرمىزىي ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 5668) «سەھىھ» دېگەن.

باشقا بىر مىسال:

ھەسەن ئەلبەسرىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يەتتى: «مېنىڭ، سىلەرنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئەھۋالى خۇددى چاڭ - توزانلىق بىر چۆلدە ماڭغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇكى، ئۇلار قانچىلىك يولنى بېسىپ بولغانلىقىنى ۋە يەنە قانچىلىك يول قالغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، مىنەرگە ئۇلىغى يوق ھالدا چۆلنىڭ ئوتتۇرىدا — چارىسىز — قېلىپ قالىدۇ. ھەم ئاچ - سۇسىز، ھەم مەركەب - ئۇلاغسىز. ئۇلار ھاياتتىن تامامەن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر قۇر پۈزۈر كىيىم كىيگەن، بېشىدىن سۇ تامچىلاپ تۇرىدىغان بىر كىشى چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىچە: ‹بۇ كىشى يېقىنلاردىكى بىر ۋاھەدىن كەلگەن ئوخشايدۇ، ۋاھە يىراق بولمىسا كېرەك› دېيىشىدۇ. ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي خالايىق! ھالىڭلار قانداق؟ — دەيدۇ. ئۇلار:

— ھالىمىز كۆرۈپ تۇرغىنىڭدەك، — دەيدۇ. ئۇ كىشى:

— ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرنى قانغۇچە تاتلىق سۇ ۋە ئاجايىپ يېشىللىق باغلارغا باشلاپ بارسام نېمە قىلىسىلەر؟ — دەيدۇ. ئۇلار:

— ساڭا ھېچ ئىشتا ئاسىيلىق قىلمايمىز — دەيدۇ. ئۇ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئەھدە بېرىڭلار! — دەيدۇ». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: «ئۇلار ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئۇ كىشىگە ھېچ ئىشتا ئاسىيلىق قىلماسلىققا ئەھدىلەر بېرىدۇ. ئۇ كىشى ئۇلارنى سۇ ۋە يېشىللىق باغلار بار يەرگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ خاھلىغان مۇددەتكىچە تۇرىدۇ. ئاندىن:

— ئى خالايىق! قېنى تۇرۇڭلار، سەپەر قىلىمىز، — دەيدۇ. ئۇلار:

— قەيەرگە؟ — دەيدۇ. ئۇ كىشى:

— سىلەرنىڭ بۇ سۇيۇڭلارغا ۋە باغلىرىڭلارغا ئوخشىمايدىغان سۇ ۋە باغلار بار يەرگە، — دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بىز بۇنىڭدەك سۇ ۋە باغلاردىن تامامەن نائۈمىد بولۇپ تۇرغاندا بۇلارنى تاپتۇق، بىز بۇنىڭدىنمۇ ياخشى تۇرمۇشنى قانداق

قىلىمىز؟! ــــ دەيدۇ. ئۇلاردىن ئاز بىر قىسمىلا:

ــــ سىلەر بۇ كىشىگە ئاسىيلىق قىلماسلىقتا ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئەھدە بەرگەن ئەمەسمىدىڭلار؟ بۇ كىشى سىلەرگە ئاۋۋالقى گېپىدە راست سۆزلىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بۇ سۆزىدىمۇ راستچىلدۇر، ــــ دەيدۇ.

ئاندىن ئۇ كىشى ئۆزىگە ئەگەشكەن كىشىلەر بىلەن كېتىدۇ، قالغانلار شۇ يەردە قېلىپ قالىدۇ. ئاندىن دۈشمەن كېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلىدۇ ۋە بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشىدۇ»[1].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ۋە ئاللاھ مېنى ئەۋەتكەن ھەقنىڭ مىسالى خۇددى شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دەيدۇ:

ــــ ئى قەۋمىم! مەن ياۋ قوشۇنىنى ئۆز كۆزلىرىم بىلەن كۆردۈم، مەن ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن! تېز قېچىڭلار!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كىشىلەردىن بىر تۈركۈمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ئاۋۋال كېچە يولغا چىقىپ، ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ دۈشمەندىن قۇتۇلىدۇ. يەنە بىر تۈركۈملەر ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئۆز يېرىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ ۋە ياۋ قوشۇنى ئەتىگەندە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدا ھالاك قىلىدۇ ۋە قىرىپ تاشلايدۇ. مانا بۇ ماڭا ئىتائەت قىلغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقكە ئەگەشكەنلەر بىلەن ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ مىسالىدۇر»[2].

## دۇنيانىڭ ھەقىقىتى، دۇنيانىڭ ئەيىبلىنىدىغان ۋە ماختىلىدىغان تەرىپى

نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيانى مۇتلەق قارىلايدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىغان ۋە بۇلارنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان مەۋجۇداتقا ئىشارە دەپ چۈشىنىۋېلىشقان ۋە نەتىجىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق / كېرەكلىك بولغان يېمەك - ئىچمەكلەرنىمۇ تەرك ئەتكەندۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى نەپسىگە مەنپەئەتلىك نەرسىگە ئىنتىلىدىغان تەبىئەتتە ياراتقان. بەزىلەر نەپسى بىرەر نەرسىگە ئىنتىلسە، ئۆزلىرىچە زاھىدلىقنىڭ پەيتى

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد» ، (507). ھەسەن بەسرىيدىن مۇرسەلدۇر.
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7283)؛ مۇسلىم (2283).

دەپ قارىغانلىقى ۋە نەپسىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھەقلىرى بارلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئارزۇغا توسقۇنلۇق قىلىشتى. زاھىد بولۇۋالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ھالدا بولۇپ، ئۇلار بۇنى ئىلمىنىڭ ئازلىقىدىن قىلدى.

بىز ھېچبىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەستىن، ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىپ، شۇنداق دەيمىزكى:

بىلگىن، دۇنيا ئىنسانلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مەۋجۇد شەيئىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر ئىنساننىڭ ئۇنىڭدا نېسىۋىسى بار. بۇ مەۋجۇد شەيئىلەر بولسا زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەردۇر. يەنى، يەر يۈزى ئىنساننىڭ تۇرالغۇسىدۇر. يەر يۈزىدىكى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە نىكاھلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرەپكە يول ئالغۇچى «بەدەن ئۇلىغىنىڭ ھەلىپى»دۇر. خۇددى ھەج يولىدىكى تۆگە سەپەردە ئېھتىياجىنىڭ تەمىنلىنىشى بىلەنلا تىرىك قالالىغانغا ئوخشاش، بەدىنىمىزمۇ ئېھتىياجى قامدىلىشى بىلەنلا مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىيالايدۇ. دېمەك، بۇ ئېھتىياجلىرىنى بۇيرۇلغان يول بويىچە قامدىغۇچىلار ماختىلىدۇ، ئەكسىچە ئاچكۆزلۈك بىلەن چاڭگال - چاڭگاللاپ، ھاجىتىدىن ئارتۇق ئالغۇچى ئەيىبلىنىدۇ.

ئاچكۆز كىشىنىڭ دۇنيالىق نەرسىلەر ئېلىشىنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق، چۈنكى ئاچكۆزلۈك ئىنساننى پايدىدىن زىيانغا تاشلايدۇ ۋە ئاخىرەتنى ئويلاشتىن مەشغۇل قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن كۆزلەنگەن نەرسە قولدىن كېتىدۇ. ئۇنداق كىشى بەئەينى تۆگىسىگە ھەلەپ بېرىدىغان، سۇغۇرۇپ ۋە تۈرلۈك پۆپۈك - بېزەكلەرنى تاقاپ يۈرۈپ، ھەمراھلىرىنىڭ مېڭىپ بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ، چۆلدە ئۆزى ۋە تۆگىسى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئولجا بولغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

دۇنيالىقتىن ھاجەت مىقدارىدا ئالماسلىقنىڭ (بۇ ھەقتە ئەستايىدىل بولماسلىقنىڭ) ھەقلىق بىر تەرىپى يوق. چۈنكى، ئۇلاغ / تۆگە ئۆزىگە يارام نەرسىلەرنى يېگەندىلا مېڭىشقا قادىر بولالايدۇ. شۇڭا، ساغلام يول ئوتتۇراھال يولدۇر. ئوتتۇراھال يول بولسا: كۆڭلى تارتىپ تۇرسىمۇ، دۇنيالىقتىن ئېھتىياجىغا تۇشلۇق مىقداردا ئېلىشتۇر. چۈنكى، نەپسكە ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنى بېرىش ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ.

سۇفيان سەۋرىي رەھىمەھۇللاھ كۆپ ۋاقىتلاردا ياخشى تاماقلارنى يەيتتى ۋە سەپەردە يېنىغا ھەسەل ھالۋىسى ئېلىۋالاتتى.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم رەھىمەھۇللاھ بەزى ۋاقىتلاردا ياخشى تاماقلارنى يەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «تاپالىساق ئەركەكتەك يەيمىز، تاپالمىساق ئەركەكتەك سەبر

قىلىمىز».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابە كىراملەرنىڭ ھاياتىغا قاراپ باقايلى! ئۇلار دۇنيادىن پايدىلىنىشتا ئاشۇرۇۋەتمىگەنىدى، نەپسىنىڭ ھەقلىرىگىمۇ سەل قارىمىغانىدى.

نەپس ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ياخشى قاراپ بېقىش كېرەك. ئەگەر ئۇ نەپسنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشى ئىشلار ئۈچۈن جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولسا توسماسلىق كېرەك. ئەگەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنپەئەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولماي، پەقەت شەھۋەتنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا بولسا، ئەيىبلىنىدۇ. مانا بۇ زاھىدلىق قىلىدىغان پەيتتۇر.

* * * *

## بېخىللىق، ھېرىسمەنلىك، تەمەخورلۇقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، مالنىڭ ئەيىبلىنىدىغان ۋە ماختىلىدىغان تەرەپلىرى، قانائەتچان بولۇش، سېخىي بولۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈپەتلەرنىڭ مەدھىيەلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، مالنىڭ ئۆزى ئەيىبلەنمەيدۇ. بەلكى ئىنساندىكى سۈپەتلەر سەۋەبىدىن مالنى ئەيىبلەش يۈز بېرىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر بولسا: ئىنساننىڭ مالغا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇشى ياكى ئۇنى ئېلىش ھالال بولمايدىغان ئورۇندىن ئېلىشى، ياكى مالنىڭ زاكاتقا ئوخشاش ھەققىنى بەرمەسلىكى، ياكى مالنى ھالال بولمايدىغان يەرگە سەرپ قىلىشى ۋەياكى مال بىلەن پەخىر قىلىشى قاتارلىق سۈپەتلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار﴾«تەغابۇن»: 15/64.

«سۈنەنۇتتىرمىزىي»دا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مال ۋە مەنسەپ سەۋداسىنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىغا بەرگەن زىيىنى ئىككى ئاچ بۆرىنىڭ بىر قوتانغا كىرىپ، يېگىنىنى يەپ، قالغىنىنى ئۆلتۈرۈپ (مال ئىگىسىگە) سالغان زىيىنىدىن تېخىمۇ چوڭدۇر»[1].

سەلەف سالىھلەر مالنىڭ پىتنىسىدىن بەك قورقاتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھەرلەرنىڭ فەتىھ بولغىنىنى كۆرسە يىغلاپ كېتەتتى

[1] ئەھمەد (15822)؛ تىرمىزىي (2376). كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 5620) «سەھىھ» دېگەن.

ۋە: «ئاللاھ تائالا بۇ فەتىھلەرنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەبۇبەكرى ئىككىسىگە بېرىشنى خالىماي، ئۆمەرگە بەرگۈسى كېلىپ نېسىپ قىلغىنى يوق» دەيتتى.

يەھيا ئىبنى مۇئاز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پۇل چايانغا ئوخشاشتۇر، شۇڭا سەن ئۇنىڭغا ئوبدان دەمدە قىلالمىساڭ ئۇنى ئالمىغىن، چۈنكى ئۇ سېنى چېقىۋالسا زەھىرى سېنى ئۆلتۈرىدۇ». يەھياغا:

— ئۇنىڭغا دەمدە قىلىش دېگەن نېمە؟ — دېيىلگەنىدى، ئۇ:

— مالنى ھالالدىن تېپىش ۋە ھالالغا سەرپ قىلىش، — دېدى».

ئۇ يەنە: «بەندە ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ مېلىغا كىشىلەر مىسلىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىككى مۇسىبەت كېلىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭغا:

— قايسى ئىككى مۇسىبەت؟ — دېيىلەر، ئۇ:

— ئۇ بارلىق مېلىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇ ماللاردىن سوئال قىلىنىدۇ، — دېدى.

## مالنى ماختاش توغرىسىدا

يۇقىرىدا مالنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبلەنمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق. بەلكى، مال ماختىلىشى كېرەك. چۈنكى، مال دىن ۋە دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشىش سەۋەبىدۇر. ئاللاھ تائالا مالنى ياخشىلىق دەپ ئاتىدى. مال بولسا ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار!﴾4/«نىسائ»: 5.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «مال ئارقىلىق ئابرۇيىنى ساقلاشنى، سىلە - رەھىم قىلىشنى ۋە مالنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى ئويلىسىمۇ، ھالالدىن مال توپلاشنى كۆزلىمىگەن كىشىدە ياخشىلىق يوق».

ئەبۇ ئىسھاق سەبئىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «ئۇلار ‹مال - دۇنيانىڭ كەڭرىچىلىكى دىنغا ياردەم بېرىدۇ› دەپ قارايتتى».

سۇفيان سەۋرىي رەھىمەھۇللاھ: «مال بىزنىڭ بۇ زامانىمىزدا مۇئمىنلەرنىڭ قورالىغا ئوخشاشتۇر» دېگەن.

خۇلاسە كالام: مال زەھىرىمۇ ۋە زەھەر قايتۇرغۇچى دورىسىمۇ بار بولغان بىر يىلانغا ئوخشاشتۇركى، ئۇنىڭ زەھەر قايتۇرىدىغان دورىسى ئۇنىڭ پايدىلىرى، ئاپەتلىرى بولسا ئۇنىڭ زەھىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمكى مالنىڭ ئاپەتلىرى ۋە

پايدىلىرىنى بىلسە، مالنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنالايدۇ ۋە مالنىڭ ياخشىلىقىدىن پايدىلىنالايدۇ.

مالنىڭ پايدىلىرى دۇنيالىق ۋە دىنىي دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

دۇنيالىق پايدىلار: ھەممە ئۇنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار مال تەلەپ قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ.

مالنىڭ دىنىي پايدىلىرىنى ئۈچ تۈرگە ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى تۈر: مالنى ھەج ياكى جىھادقا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى قىلىشتا ياكى تىرىكچىلىكنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن بولغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە تۇرالغۇ جايغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى قىلىشتا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىگە نەپىقە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھاجەتلەر تولۇق بولمىسا، قەلب دىن ۋە ئىبادەتكە بېرىلەلمەيدۇ. ئىبادەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋاسىتىمۇ ئىبادەتتۇر. شۇڭا، دىنغا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن دۇنيالىقتىن يېتەرلىك مىقداردا ئېلىش دىنىي مەنپەئەتلەر جۈملىسىدىندۇر. ھاجەت مىقدارىدىن زىيادە ئېلىش ۋە راھەت-پاراغەتتە ياشاش بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى، ئۇ دۇنيانىڭ نېسىۋىلىرىدىندۇر.

ئىككىنچى تۈر: كىشىلەرگە سەرپ قىلىنىدىغان مال بولۇپ، ئۇ تۆت قىسىم بولىدۇ.

بىرىنچى قىسىم: سەدىقە قىلىش. سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلەتلىرى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر.

ئىككىنچى قىسىم: ئادەمگەرچىلىك قىلىش. يەنى، مالنى بايلارغا ۋە ئۇلۇغلارغا زىياپەت، ھەدىيە ۋە ياردەم قىلىش قاتارلىقلاردا سەرپ قىلىش. بۇمۇ دىنىي مەنپەئەتلەر قاتارىدىندۇر. چۈنكى، مال ئارقىلىق بەندە دوست ۋە يېقىنلارغا ئېرىشىدۇ.

ئۈچىنچى قىسىم: شائىرلارنىڭ ھەجۋ قىلىشى، ئەخمەقلەرنىڭ ئەيىبلىشىنى دەفئى قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنى توختىتىش، يامانلىقىدىن ساقلىنىش قاتارلىقلار ئۈچۈن مال سەرپ قىلىپ، يۈز - ئابرۇيىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. بۇمۇ دىنىي مەنپەئەتلەردىن بىرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئادەم بىرنەرسە بىلەن يۈز - ئابرۇيىنى قوغدىسا، ئۇ نەرسە سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ»[1] دېگەن.

[1] ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك»، 2311) «سەھىھ» دېگەن، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 4254) «زەئىف» دېگەن.

چۈنكى، مال غەيۋەت قىلغۇچىنى غەيۋەت قىلىش گۇناھىدىن توسىدۇ. شەرىئەت چېگراسىدىن ئۆتۈپ ئىنتىقام ئېلىشقا سەۋەب بولىدىغان دۈشمەنلىشىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

تۆتىنچى قىسىم: باشقىلارنى خىزمەتكە سالغانلىقىغا ئىش ھەققى بېرىش. ئىنسان ئورۇنداشقا موھتاج بولىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپتۇر. ئەگەر ئۇ ئىشلارنى ئۆزى قىلىمەن دېسە ۋاقىتلىرى زايە بولىدۇ ۋە ئاخىرەت يولىغا ماڭغۇچىلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ماقامى بولغان زىكىر ئېيتىش ۋە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئاخىرەت يولىدا مېڭىشى قىيىن بولىدۇ. مېلى يوق ئادەم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشقا مەجبۇردۇر. شۇڭا، باشقىلار قىلالايدىغان ۋە باشقىلارنىڭ قىلىشى بىلەن سېنىڭ مەقسىتىڭ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن مەشغۇل بولۇشۇڭ زىياندۇر. چۈنكى، سەن باشقىلار قىلالمايدىغان ئىلىم، ئەمەل، زىكىر ۋە تەپەككۇر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئۇ ئىشلارغا قارىغاندا بەكرەك موھتاجسەن.

ئۈچىنچى تۈر: ئىنسان مۇئەييەن بىرنەرسىگە سەرپ قىلمىغان، لېكىن مەسجىدلەرنى، كۆۋرۈكلەرنى، مەڭگۈلۈك ۋەقفىلەرنى بىنا قىلىشقا ئوخشاش ئومۇمي ياخشىلىققا ئېرىشتۈرىدىغان مال.

مانا بۇلار تىلەش خارلىقىدىن، نامراتلىق زەبۇنلىقىدىن قۇتۇلۇش، مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ئەزىز بولۇش، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە ھۆرمەتلىك ۋە قىممەتلىك بولۇش قاتارلىق نەق نېسىۋىلەردىن باشقا مالنىڭ بىر قىسىم دىنىي پايدىلىرىدۇر.

مالنىڭ يامانلىق ۋە ئاپەتلىرىگە كەلسەك، ئۇمۇ دۇنيالىق ۋە دىنىي ئاپەتلەر دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

مالنىڭ دىنىي ئاپەتلىرى ئۈچ قىسىمدۇر:

بىرىنچى: مال كۆپىنچە ھالدا گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئۆزىدە گۇناھ - مەئسىيەت قىلىشقا كۈچ - قۇۋۋەت سەزگەن كىشى ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ.

مال بولسا گۇناھ - مەئسىيەت قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بىر تۈرلۈك كۈچتۇر. ئىنسان گۇناھ - مەئسىيەت قىلىشتىن ئۈمىدسىزلەنگەندە، ئۇنىڭدىكى گۇناھ - مەئسىيەتكە بولغان مايىللىق قوزغالمايدۇ. گۇناھ - مەئسىيەتنى ھەم تاپالمايدۇ. يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسى ئەگەر كۆڭلى تارتقان نەرسىنى قىلىۋەرسە ھالاك بولىدۇ. ئەگەر كۈچ - قۇۋۋىتى بار تۇرۇپ كۆڭلى تارتقان نەرسىنى قىلماي سەبر قىلسا، سەبر ئىمتىھانىغا ئۇچرايدۇ. كەڭرىچىلىكنىڭ پىتنىسى تارچىلىقنىڭ پىتنىسىدىن ياماندۇر.

ئىككىنچى: مال ئىنسانىنى مۇباھ نەرسىلەر بىلەن باياشات ياشاشقا ئېلىپ بارىدۇ، ھەتتا باياشات تۇرمۇش كىشىگە ئادەت ۋە ئۇلپەت بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باياشات ياشىمىسا سەبر قىلالمايدۇ، بەزىدە شۈبھىلىك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىقلا باياشات ياشاشقا قادىر بولىدۇ ۋە شۈبھە ئىشلارغا ئۆزىنى ئاتىدۇ، ئاندىن بۇ خۇشامەت قىلىش ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكتەك ئاپەتلەرگە تەرەققي قىلىدۇ. چۈنكى، مېلى كۆپ بولغان كىشى كىشىلەرگە ئارىلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئارىلاشقان كىشى ئىككى يۈزلىمىلىك، ئاداۋەت، ھەسەت ۋە غەيۋەت قىلىشلاردىن ساقلىنالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مالنى كۆپەيتىشكە ھاجىتى بولغانلىقتىن بولىدۇ.

ئۈچىنچى: ھېچقانداق كىشى ساقلىنالمايدىغان ئاپەت — مالنىڭ ئىنسانىنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن مەشغۇل قىلىشىدۇر. بۇ بولسا ساقايتىش قىيىن بولغان بىر كېسەلدۇر. چۈنكى، ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشتۇر. زىكىر قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش پارىغ بىر قەلبنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئېتىزلىقى بار كىشى دېھقانلارغا ئاداۋەت تۇتۇش، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن كېچە - كۈندۈز دەرگۇمان بولىدۇ، قوشنىلىرى بىلەن چېگرا ۋە سۇ تالىشىش بىلەن بەند بولىدۇ. سۇلتاننىڭ ياردەمچىلىرى بولسا يەر بېجى، زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلەرگە تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدۇ.

تىجارەت قىلغان كىشى كېچە - كۈندۈز شېرىكىنىڭ خىيانىتى، خىزمىتىدىكى بىخەستەلىكى ۋە شېرىكىنىڭ مالنى زايە قىلىۋېتىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدۇ.

باشقا مال تۈرلىرىمۇ مۇشۇنداق بولۇپ، ھەتتا مال تۇپلاپ يىغقان كىشى مالنى قانداق ساقلاش ۋە مالنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن قورقۇپ (ئالدىنى ئېلىش) ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدۇ.

بىر كىشىنىڭ كۈنلۈكىگە كۈنلۈك يەتكۈدەك ئوزۇقى بولسا، بۇ ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن سالامەت قالىدۇ.

بۇلار مال ئىگىلىرىنىڭ دۇنيادا تارتىدىغان ئەندىشە، غەم - قايغۇ ۋە چارچاشلاردىن باشقا ئاپەتلىرىدۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، مالنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى ئۇنۇملۇك دورا بولسا ھاجەت مىقدارىدا ئوزۇق ئېلىش، ئارتۇقىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشتۇر. بۇنىڭدىن ئارتۇقى زەھەر ۋە ئاپەتتۇر.

## ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، قانائەت قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشنىڭ ماختىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، نامراتلىق ماختالغۇچىدۇر. لېكىن، نامرات كىشى ئىنسانلاردىن تەمەسى ئۈزۈلگەن، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەرگە قارىمايدىغان ۋە قانداق يول بىلەن بولسۇن مالنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولمايدىغان قانائەتچان بولۇشى كېرەك. بۇ پەقەت زۆرۈر بولغان يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن قانائەت قىلىش ئارقىلىق مۇمكىندۇر.

«سەھىھۇ مۇسلىم»دا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتقان، يەتكۈدەك رىزىق بېرىلگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلغان كىشى مۇرادىغا يەتكەن كىشىدۇر»[1].

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دەيدۇ: «بىز تۇرمۇشنىڭ باياشتى بولسۇن، قاتتىق - قۇرۇقى بولسۇن، ھەممىسىنى ياشاپ باقتۇق، ئاندىن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق».

بىر ھەدىستە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ: «قانائەت قىلىش تۈگىمەس بايلىقتۇر»[2] دېگەن.

ئەبۇ ھازىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار بولۇپ، ئۇلار بىلەن كىشىنىڭ ئەقلى مۇكەممەل بولىدۇ: ئۇلار ئۆزىنى تونۇش، تىلىنى ساقلاش ۋە ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بەرگەن رىزىققا قانائەت قىلىشتۇر».

بەزى ھەكىملەر مۇنداق بىر جۈملىنى ئوقۇغان: «قانائەتكارلىقنى يېپىنچا قىلساڭ، ئەزىز بولىسەن».

ھېرىسمەنلىككە كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېرىسمەنلىكتىن توسۇپ: «ئى خالايىق! رىزىقنى چىرايلىقچە تەلەپ قىلىڭلار، چۈنكى بەندە پېشانىسىگە پۈتۈلگەننىلا ئېرىشىدۇ» دېگەن[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە تەمەخورلۇقتىن توسۇپ:

[1] مۇسلىم (1054).

[2] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (6922). ئۇقەيلىي: («ئەززۇئەفائ»، 871) «زەئىف» دېگەن.

[3] ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك (2133). جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ھاكىم، زەھەبىي ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 2742) «سەھىھ» دېگەن.

«كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەردىن ئۈمىدسىز بولۇشقا بەل باغلىغىن» دېگەن[1].

بەزىلەر: «ئەگەر تەمەخورلۇققا: ‹ئاتاڭ كىم؟› دېيىلسە، تەمەخورلۇق: ‹تەقدىر قىلىنغانغا شەك قىلىش› دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا: ‹نېمىگە ئېرىشىسەن؟› دېيىلسە، ‹خارلىققا› دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭغا: ‹مەقسىتىڭ نېمە؟› دېيىلسە، ‹مەھرۇم قېلىش› دەپ جاۋاب بېرەتتى» دېگەن.

دېيىلدىكى: «تەمەخورلۇق ئەمرىنىمۇ خار قىلىدۇ، بىراۋنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن ئۈمىدۋار بولماسلىق نامراتنىمۇ ئەزىز قىلىدۇ».

## ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇقنىڭ شىپاسى ھەمدە قانائەتچانلىق سۈپىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان دورا توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، بۇ دورا سەبىر قىلىش، ئىلىم ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساستىن بىرىككەندۇر. بۇلارنىڭ يىغىندىسى بەش تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچى: تىرىكچىلىك ۋە نەپىقە قىلىشتا ئوتتۇراھال بولۇش. قانائەتچان بولاي دېگۈچى ئىمكان بار ئۆزىدىن قانائەتچانلىقنى يوقىتىدىغان ئامىللاردىن قېچىشى ۋە نەپسىنى بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىلەرگىلا يۈزلەندۈرۈشى كېرەك. ھەرقانداق تاماق، ئازغىنە تېتىتقۇ ۋە بىر قۇر ئۈستىباشقا قانائەت قىلىشى ۋە ئۆزىنى بۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئەگەر بالىچاقىلىرى بولسا ئۇلارنىمۇ بىر - بىردىن بۇ مىقدارغا كۆندۈرۈشى كېرەك.

ئاللاھنىڭ رەسۇلى: «تېجەشلىك بولغان كىشى موھتاج بولۇپ قالمايدۇ»[2] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش تۇرمۇشنىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن[3].

باشقا بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئازابتىن قۇتقۇزغۇچىدۇر: ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالەتتە ئاللاھتىن قورقۇش، يوقسۇللۇقتا ھەم باياشاتلىقتا تېجەشلىك بولۇش، رازى ياكى نارازى

[1] ئەھمەد (23488)؛ ئىبنى ماجە (4171). ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 74) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد (4269)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» (9972). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 5100، 5101) «زەئىپ» دېگەن.

[3] قۇزائىي: «مۇسنەدۇششىھاب»، (32). ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2506) «زەئىپ» دېگەن.

بولغان ھەرقانداق چاغدا ئادىل بولۇش قاتارلىقلار»[1].

ئىككىنچى: كىشىدە يەتكۈدەك مىقداردا نەق نەرسە بولسا، كېلەچەك ئۈچۈن بىئارام بولماسلىقى كېرەك. ئارزۇ - ئىستەكنى چاغلىق قىلىش ۋە رىزقىنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. كىشى شەيتانىنىڭ ئىنسانىنى نامراتلىقتىن قورقۇتىدىغانلىقىنى بىلسۇن[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن جىبرىل ئەلەيھىسسالام يۈرىكىمگە بىر جان ئىگىسى رىزقىنى ۋە ياشاش مۇددىتىنى تولۇقلىماي تۇرۇپ ئۆلمەيدىغانلىقىنى سۇفلىدى. شۇڭا، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار! ۋە رىزىقنى چىرايلىقچە تەلەپ قىلىڭلار! رىزىقنىڭ كېچىكىشى سىلەرنى ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەگە قارشى مەئسىيەتلەرنى قىلىش بىلەن رىزىق تەلەپ قىلىشقا ئېلىپ بارمىسۇن، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدىكى نېئمەتكە پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەنلا ئېرىشىلىدۇ»[3].

رىزىق كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان بىر ئىشىك ئېتىلسە، قەلبى بىئارام بولماسلىقى كېرەك.

چۈنكى، ھەدىستە: «ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىسىگە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىشنى خاھلايدۇ» دېيىلگەن[4].

ئاللاھ تائالا: ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ﴾65/«تالاق»: 2، 3 دېگەن.

ئۈچىنچى: قانائەتچان بولغاندا باشقىلاردىن بىھاجەت بولۇپ ئەزىز بولىدىغانلىقىنى، تەمەخورلۇق ۋە ھېرىسمەنلىكتە باشقىلار ئالدىدا خار

[1] بەززار (7293)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (5452)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، (2 /160؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (745). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 453) «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن. مۇنزىرىي: («ئەتتەرغىب»، 654) «بۇ ھەدىس بىرقانچە ساھابەدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، سەنەدلىرىنىڭ بىرىمۇ تەنقىدتىن خالىي بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جۇغلانمىسى ئىنشائاللاھ ھەسەن دەرىجىگە يېتىدۇ» دېگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئاللاھ تائالا: ﴿شەيتان سىلەرنى نامراتلىقتىن قورقۇتىدۇ﴾2/«بەقەرە»: 268 دېگەن.

[3] قۇزائىي: «مۇسنەدۇششىھاب»، (1068)؛ ھاكىم (2137)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر (7594)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (9891). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2085) «سەھىھ» دېگەن. ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[4] قۇزائىي: «مۇسنەدۇششىھاب»، (554). ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 28) «زەئىف» دېگەن. ئەمما، مەنىسى سەھىھتۇر.

بولىدىغانلىقىنى بىلىش. قانائەتچان كىشىگە ئاخىرەتتە ساۋاب ھاسىل بولۇش بىلەن بىرگە ئۇ شۇبھىلەردىن ۋە ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالىي بولىدۇ. كىمكى نەپسىنىڭ ئەزىزلىكىنى شەھۋەتتىن ئارتۇق بىلمىسە، ئۇنداق كىشى ئەقلى ئاجىز، ئىمانى كەمچىل كىشىدۇر.

تۆتىنچى: كىشى يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ ۋە كىشىلەر ئىچىدىكى پەس، ئەخمەقلەرنىڭ باياشات ياشىغانلىقى ھەققىدە كۆپ تەپەككۇر قىلىشى، ئاندىن پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار، سالىھلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا قارىشى، ئۇلار ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىشى ۋە ئەھۋاللىرىنى بىلىشى، ئۆزىگە بېرىلگەن ئاز رىزىققا سەبر ۋە قانائەت قىلىش ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان كىشىلەرگە ئوخشاش ياشاش ياكى ئالەملەر ئىچىدىكى ئەڭ پەس كىشىلەرگە ئوخشاش ياشاش ئارىسىدا ئەقلىنى ئۆز ئەركىگە قويۇشى كېرەك (يەنى تاللاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك). ئەگەر ئۇ يەپ - ئىچىش بىلەن باياشات ياشىماقچى بولسا، ھايۋان ئۇنىڭدىن كۆپ يەيدۇ. ئەگەر جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق ھۇزۇرلانماقچى بولسا، خوراز ئۇنىڭدىن كۆپ جۈپلىشىدۇ.

بەشىنچى: بىز مالنىڭ ئاپەتلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدەك، مال يىغىشتىكى خەتەرلەرنى چۈشىنىش ۋە نامراتلىقنىڭ ساۋابىغا قاراش كېرەك. بۇ داۋاملىق دۇنيالىقتا ئۆزىدىن تۆۋەن، دىنىي جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە قاراش بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ. شۇنىڭدەك مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(پۇل - مال ۋە يارىتىلىش جەھەتتە) ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەن كىشىلەرگە قاراڭلار، سىلەردىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارىماڭلار، شۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمىتىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكىڭلارغا پايدىلىق» دېگەن[1].

ئىشنىڭ ئاساسى بولسا: سەبر قىلىش ۋە ئارزۇ - ھەۋەسنى چاغلىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ دائىملىق نېئمەتكە ئېرىشىش ئالدىدا دۇنيادا ئازغىنە كۈنلەر سەبر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشتۇر. (بۇ ھالەتتە) ئۇ كىشى كېسەلدىن شىپا تېپىشنى ئۈمىد قىلىپ، دورىنىڭ ئاچچىقلىقىغا سەبر قىلىدىغان بىمارغا ئوخشاش بولىدۇ.

## سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتى

تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مېلى يوق كىشىنىڭ قانائەتچان بولۇشى، مېلى

[1] مۇسلىم (2963). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. بۇخارىي (6490 - ھەدىس) مۇشۇ مەزمۇندىدۇر.

بار كىشىنىڭ بولسا سېخىيلىق قىلىشى، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئارتۇق بىلىشى ۋە ياخشىلىق قىلىشى لازىمدۇر.

چۈنكى، سېخىيلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئۇ ھەم نىجاتلىق ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دەيدۇ: ‹ئىسلام بولسا ئۆزۈمگە رازى بولۇپ تاللىغان دىندۇر. ئىسلام دىنىنى سېخىيلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق ئىسلاھ قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنىغا ھەمراھ بولىدىكەنسىلەر، ئۇنى سېخىيلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئىكرام قىلىڭلار!› »[1]. يەنە بىر ھەدىستە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سېخىي كىشىنىڭ گۇناھلىرىدىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى، ئۇ پۇتلىشىپ كەتسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالغۇچىدۇر» دېگەن[2].

بەزى ھەدىسلەردە: «جەننەت سېخىيلەرنىڭ يۇرتىدۇر»[3]، «ئاللاھنىڭ دوستى سېخىيلىق ئۈزرە يارىتىلىدۇ» دېيىلگەن[4].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ياخشىلىرى ئىبادەت ۋە روزا تۇتۇش بىلەنلا جەننەتكە كىرمىگەندۇر. بەلكى نەپسىنىڭ سېخىيلىقى، ئاداۋەت تۇتماسلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇشى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگەندۇر»[5].

يەنە بىر ھەدىستە: «دائىما ياخشىلىق قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ يامان ئۆلۈملەردىن ساقلاپ قالىدۇ» دېيىلگەن[6].

---

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (8920)؛ قۇزائىي: «مۇسنەدۇششىھاب»، (1337)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (10366). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 1598) «زەئىف» دېگەن.

[2] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (5710)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (10371). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2391) «زەئىف» دېگەن.

[3] قۇزائىي: «مۇسنەدۇششىھاب»، (111). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2668) «زەئىف» دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[4] دەيلەمىي: «ئەلفىردەۋس بىمەئسۇرىل خىتاب»، (6214). سەخاۋىي: («ئەلمەقاسىدۇلھەسەنە»، 952) «زەئىف» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 1560) «توقۇلما» دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[5] «شۇئەبۇلئىمان»، (10393). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب 1730) «زەئىف» دېگەن.

[6] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (7939)؛ «شۇئەبۇلئىمان»، (3168). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1908) «سەھىھ» دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق بىرقانچە ساھابەدىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئىبنى سەمماك رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «مېلى بىلەن قۇللارنى سېتىۋالىدىغان، ياخشىلىقى بىلەن ھۆرلەرنى سېتىۋالمايدىغان كىشىگە ئەجەبلىنىمەن؟!»

## سېخىيلارنىڭ بەزى قىسسەلىرى

سەھىھ ھەدىسلەردە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق قىلىشتا مەيىن شامالدىنمۇ بەك سېخىي ئىدى»[1]؛ «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرنەرسە سورالسا، ئۇنىڭغا: ‹ياق› دەپ باقمىغان ئىدى»[2].

بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تەلەپ قىلغانىدى، ئۇ زات ئۇنىڭغا بىر جىلغا توشقۇدەك قوينى بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ كىشى قەۋمىگە كېلىپ: «ئى قەۋمىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار! ھەقىقەتەن مۇھەممەد نامراتلىقتىن قورقمايدىغان كىشىنىڭ بەرگىنىدەك بېرىدىكەن» دېدى[3].

رىۋايەتتە دېيىلىدۇكى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا 50 مىڭ تەڭگە ئېلىشى بار ئىدى. ئوسمان مەسجىدكە چىقتى. تەلھە ئۇنىڭغا:

— مېلىڭ تەييار بولدى، ئۇنى ئېلىۋالغىن! - دېگەنىدى، ئوسمان ئۇنىڭغا:

— ئى ئەبۇ مۇھەممەد! ئۇ مال سېنىڭ بولسۇن، سېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىڭگە ياردەم قىلغىنىم بولسۇن، — دېدى.

بىر ئەئرابىي ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىرنەرسە تىلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە: «بۇ تۇغقانچىلىق بىلەن سەندىن ئىلگىرى ھېچكىم مەندىن بىرنەرسە تىلەپ باقمىغان ئىدى» دېدى ۋە ئۇنىڭغا 300 مىڭ تەڭگە بەردى.

ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتۇر: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆينىكىنى ياماپ كىيىدىغان تۇرۇقلۇق، 70 مىڭ تەڭگىنى نامراتلارغا تارقىتىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم».

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي، (6)؛ مۇسلىم (2308). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي، (6034)؛ مۇسلىم (2311). جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] مۇسلىم (2312). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كۈندە 800 مىڭ تەڭگىنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىۋەتتى. كەچ بولغاندا، خىزمەتچى قىزغا: «ماڭا ئىپتارلىقىمنى ئېلىپ كېلىڭ» دېگەنىدى، ئۇ قىز نان بىلەن زەيتۇن يېغى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇممۇ دۇررە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

— سىز بۈگۈن تەقسىم قىلغان پۇللاردىن بىر تەڭگىگە بىز ئىپتار قىلغۇدەك گۆش سېتىۋالالمىدىڭىزمۇ؟ — دېگەنىدى، ئائىشە ئۇنىڭغا:

— ئەگەر ئېسىمگە سالغان بولسىڭىز سېتىۋالاتتىم، — دېدى[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر خالىد ئىبنى ئۇقبەدىن بازاردىكى قورۇسىنى 90 مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالدى، كەچ بولغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر خالىدنىڭ ئۆي ئەھلىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھلىگە:

— بۇلار نېمىگە يىغلاۋاتىدۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— قورۇسىنىڭ سېتىۋېتىلگىنىگە يىغلاۋاتىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر: «ھەي خىزمەتچى بالا! ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغىن! قورۇ ۋە مۈلكىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغىن» دېدى.

*بىر كىشى ئابدۇللاھقا: «تېۋىپ مېنى كالا سۈتى ئىچىشكە بۇيرۇغانىدى، شۇڭا سۈتىنى ئىچىشىم ئۈچۈن بىر كالا ئەۋەتكەن بولسىڭىز!» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا 700 كالىنى پادىچىلىرى بىلەن ئەۋەتتى ۋە: «بۇ كالىلار يايلايدىغان كەنتمۇ سېنىڭ بولسۇن» دېدى.

*ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇھەممەد ئىبنى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بارغانىدى، مۇھەممەد ئىبنى زەيد يىغلاشقا باشلىدى. ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن ئۇنىڭغا:

— نېمە بولدى؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— مەن باشقىلارغا قەرزدار ئىدىم، — دېدى.

— قانچىلىك؟

— 15 مىڭ تىللا ياكى ئون نەچچە مىڭ تىللا.

— ئۇنى مەن تۆلەيمەن.

بىر كىشى مەئىننىڭ يېنىغا كېلىپ بىرنەرسە تىلىگەنىدى، مەئىن: «ئى غۇلام!

[1] «مۇسنەدۇ ئىبنى راھۇۋەيھ»، 36/2.

مېنىڭ پالانى چىشى تۆگەم ۋە مىڭ تىللانى ئېلىپ كەل!» دېدى ۋە تىلىگۈچىگە ئۇلارنى بەردى. ھالبۇكى، مەئىن ئۇ كىشىنى تونۇمايتتى.

بىزگە مەئىن ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت يەتتى: «بىر شائىر بىر مەزگىل مەئىن بىلەن ئۇچرىشىشنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر مەئىننىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرىگە: ‹ئەمىر باغقا كىرگەندە، ماڭا بىلدۈرۈپ قويغىن› دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمىر باغقا كىرگەندە، خىزمەتچى ئۇنىڭغا مەئىننىڭ باغقا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاندىن شائىر: بىر ياغاچ ئۈستىگە بىر بېيىت يېزىپ، ئۇنى باغقا كىرىدىغان سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ. مەئىن ياغاچنى كۆرۈپ، ئۇنى قولىغا ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانلىقىنى ئوقۇپتۇ:

مەئىنگە ھاجىتىمنى ئېيتقايسىز، ئى مەئىننىڭ سېخىيلىقى!

مەئىنگە ھال ئېيتىشتا سىزدىن باشقا شاپائەتچىم يوق.

مەئىن: ‹بۇ بېيىتنىڭ ساھىبى كىم؟› دەپتۇ ۋە شائىرنى چاقىرتىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: ‹قانداق دېگەنىدىڭ؟› دېگەنىكەن، ئۇ شائىر مەئىنگە بېيىتنى ئوقۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەئىن ئۇنىڭغا 10 مىڭ تەڭگىدىن سېلىنغان 10 ھەميانى بېرىپتۇ. شائىر ئۇنى ئاپتۇ. ئەمىر بولسا ياغاچنى ئۆزىنىڭ بىساتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى مەئىن ياغاچنى بىساتىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭدىكى بېيىتنى ئوقۇپتۇ ۋە شائىرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا يەنە 100 مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. شائىر بۇ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، مەئىننىڭ قايتا ئادەم ئەۋەتىپ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى مەئىن بېيىتنى قايتا ئوقۇپتۇ ۋە شائىرنى چاقىرتىپتۇ، لېكىن شائىر تېپىلماپتۇ. ئاندىن مەئىن: ‹مەن ئۇنىڭغا خەزىنەمدە تەڭگە - تىللا قالمىغۇچە مال بەرسەممۇ ھەقلىقتۇر› دەپتۇ».

*قەيس ئىبنى سەئىد ئىبنى ئۇبادە كېسەل بولۇپ قالىدۇ، لېكىن دوستلىرى ئۇنى يوقلاشقا ھايال قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «ئۇلار سىزگە قەرزى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىزنى يوقلاشتىن ھايا قىلىدىكەن» دەيدۇلەر. ئۇ: «دوستلارنىڭ زىيارەت قىلىشىدىن توسۇپ قويىدىغان مالنى ئاللاھ خار قىلىۋەتسۇن» دەيدۇ ۋە بىر جاكارچى ئەۋەتىپ: «قەيسكە قەرزى بار كىشىلەردىن قەيس رازى، قەرزىنى ئالمايدۇ» دەيدۇ. ئاندىن قەيسنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كەچ بولغۇچە ئۇنىڭ قىزىتمىسىمۇ چۈشىدۇ.

*بىر ئادەم سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سورايدۇ.

سەئىد ئۇنىڭغا 100 مىڭ تەڭگە بۇيرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم يىغلاپ كېتىدۇ. سەئىد ئۇنىڭدىن: «نېمىگە يىغلىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ساڭا ئوخشاش كىشىنى زېمىننىڭ يەيدىغانلىقىغا يىغلايمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىد ئۇنىڭغا يەنە 100 مىڭ تەڭگە بۇيرۇپ بېرىدۇ.

## بېخىللىق ۋە ئۇنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بېخىللىق ۋە بەدئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەت مۇئمىندە جەم بولمايدۇ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر بەندىنىڭ قەلبىدە بېخىللىق ۋە ئىمان مەڭگۈ جەم بولمايدۇ»[2].

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دۇئا قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان: «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن»[3].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەلەمە جەمەتىگە:

— سىلەرنىڭ خوجاڭلار كىم؟ - دېگەنىدى، ئۇلار:

— خوجىمىز جەددۇ ئىبنى قەيس، بىز ئۇنى بېخىل دەيمىز، - دېدى. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بېخىللىقتىنمۇ يامان ئىللەت بارمۇ؟! خوجاڭلار بىشر ئىبنى بەرائ ئىبنى مەئرۇر بولسۇن، - دېدى[4]. بۇ ‹ئەمر ئىبنى جەمۇھ› دېگەن رىۋايەتتىن سەھىھراقتۇر. بەزى راۋىيلەر ‹بەرائ ئىبنى مەئرۇر› دەپ خاتالاشقان. بەرائ ھىجرەتتىن بۇرۇن ۋاپات بولغاندۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ھالاكەتكە

---

[1] تىرمىزىي (1962). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 2833) «زەئىف» دېگەن.

[2] نەسائىي (2917، 2918). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 7616) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6369، 6370، 6365)؛ مۇسلىم (2706).

[4] بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (296). ھاكىم: (4965) «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان.

تاشلىغۇچى ئۈچ تۈرلۈك قىلمىش بار. بۇلار: ئىتائەت قىلىنىدىغان بېخىللىق[1]، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ۋە ھەركىم ئۆزىنى قالتىس چاغلاش قاتارلىقلار»[2].

خەتتابىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الشح» يەنى قاتتىق بېخىللىق پېخسىقلىقتىن بەكرەك چەكلىنىدۇ.

سالمان ئەلفارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سېخىي كىشى ئۆلۈپ كەتسە، زېمىن ۋە مۇئەككەل پەرىشتىلەر: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بەندەڭنىڭ دۇنيادا قىلغان خاتالىقلىرىنى سېخىيلىقى يۈزىدىن ئەپۇ قىلغىن› دەيدۇ. بېخىل كىشى ئۆلۈپ كەتسە: ‹ئى ئاللاھ! بۇ بەندە دۇنيادا سەن ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى بەندىلىرىڭدىن ئايىغىنىدەك، ئۇنىڭدىن جەننىتىڭنى ئايىغىن› دەيدۇ»[3].

ھەكىملەردىن بىرى: «كىمكى بېخىل بولسا، ئۇنىڭ مېلىنى دۈشمىنى مىراس ئالىدۇ» دېگەن.

بىر ئەئرابىي بىر ئادەم ھەققىدە: «ئۇ دۇنيانى چوڭ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، مېنىڭ نەزەرىمدە كىچىكتۇر» دېگەن.

بىر ئەئرابىي بىر قەۋمنى ئەيىبلەپ: «ئۇلار ياخشىلىق قىلىشتا روزا تۇتىدىغان، يامان ئىشلاردا ئېغىز ئاچىدىغان كىشىلەردۇر» دېگەنىكەن.

## بېخىللارنىڭ بەزى قىسسەلىرى

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن:

[1] بۇنى ئىمام راغىب: «بېخىللىقنىڭ ئىتائەت قىلىنىدىغىنىلا تىلغا ئېلىنىشى بېخىللىقنىڭ ئۆزى ئىنسان تەبىئىتىدە بار ۋە ئىنساننىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولمىغاچقا، ئۇ ئەيىبلىنىدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ بېخىللىق قىلغاندا ئاندىن ئەيىبلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر» دەپ ئىزاھلىغان. دېمەك، بۇ يەردە چەكلەنگىنى بېخىللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىدە بار بولغان بېخىللىققا ئىتائەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بېخىللىققا ئىتائەت قىلمىغانلارنى مەدھىيەلىگەن ۋە ئۇلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ: ﴿ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾59/«ھەشر»: 9 دېگەن.

[2] بەززار (7293)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت» (5452)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 160/2؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (745). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 453) «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن. مۇنزىرىي: («ئەتتەرغىب»، 654) «بۇ ھەدىس بىرقانچە ساھابەدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، سەنەدلىرىنىڭ بىرىمۇ تەنقىدتىن خالىي بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جۇغلانمىسى ئىنشائاللاھ ھەسەن دەرىجىگە يېتىدۇ» دېگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] خەتىب ئەلباغدادىي: «ئەلبۇخەلائ»، 73 - بەت. سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ.

«ھاجىب ئەرەب كاتىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، بېخىل ئىدى. كىچىدە ئوتمۇ ياقمايتتى، سەۋەبى كۆزى كۆرىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ ئوتنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىۋېلىشىنى خالىمايتتى، كىچىدە ئوت يېقىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئوت ياققان بولسا، يورۇقلۇق تەلەپ قىلغان بىرەر ئادەمنى كۆرگەن زامات دەرھال ئوتنى ئۆچۈرىۋېتەتتى».

دەرلەركى: «مەرۋان ئىبنى ئەبى ھەفسە ئەڭ بېخىل كىشىلەردىن ئىدى، ئۇ خەلىفە مەھدىينىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ ئۆيىدىن چىقتى. ئايالى ئۇنىڭغا:

— ئەگەر قايتىپ كەلسەڭ، ماڭا نېمە ھەدىيە قىلىسەن؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— ئەگەر ماڭا 100 مىڭ تەڭگە بېرىلىپ قالسا، ساڭا بىر تەڭگە بېرىمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا 60 مىڭ تەڭگە بېرىلگەن ئىدى، ئايالىغا 4 دانىق بەردى». (بىر دانىق بىر تەڭگىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە تەڭ).

مېلى كۆپ، باي ئەمما بېخىل بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ھەممە نەرسىگە بەك تەپسىلىي زەن سالاتتى. ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەردىن سېتىۋالدى ۋە ھامالنى چاقىرىپ:

— بۇ نەرسىلەرنى نەچچە پۇلغا توشۇپ بېرىسەن، — دېگەنىدى، ھامال:

— بىر ھەببەگە[1] — دېدى. ئۇ:

— ئەرزانىراق توشۇپ بەرگىن، — دېگەنىدى، ھامال:

— بىر ھەببە دېگەن بەكلا ئاز پۇل! نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم، — دېدى. ئۇ:

— بىر ھەببەگە بىر تال سەۋزە سېتىۋېلىپ تەڭ ئولتۇرۇپ يەيلى، شۇنىڭغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى.

## باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنىڭ بىرنەچچە دەرىجىلىرى باردۇر. سېخىيلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئۆزى موھتاج تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشتۇر. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش دېگىنىمىز: ئۆزى موھتاج تۇرۇپ باشقىلارغا مال بېرىشتۇر. بېخىللىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى

[1] ھەببە (الْحَبَّةُ): «دان ۋە دانە» دېگەن مەنىدىكى قەدىمدە قوللىنىلغان ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، كېيەك ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ ئەڭ ئۇششاق بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېغىرلىقى 72 ياكى 100 ھەببە 1 تىللا (4.25 گىرام)غا تەڭ. — ت.

ئۆزى موھتاج تۇرۇپ، ئۆزىگە مال سەرپ قىلىشتىنمۇ بېخىللىق قىلىشتۇر. كۆپلىگەن بېخىللار باركى، ئۇلار مالنى يېنىدا ساقلايدۇ، لېكىن كېسەل بولۇپ قالسا داۋالانمايدۇ. كۆڭلى بىرنەرسىنى تارتىدۇ، لېكىن بېخىللىقى كۆڭلى تارتقان نەرسىنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ. موھتاج تۇرۇپ ئۆزىنىڭ نەپسىگە بېخىللىق قىلىدىغان كىشى بىلەن، ئۆزى موھتاج تۇرۇپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىدىغان كىشى ئارىسىدا نېمىدېگەن زور پەرق بار - ھە! ئەخلاقلار ئاللاھنىڭ سوۋغىسى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى ئۆزى خاھلىغان بەندىلەرگە بېرىدۇ.

ئۆزى موھتاج تۇرۇپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشتىنمۇ ئۈستۈن سېخىيلىق دەرىجىسى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابەلىرىنىڭ ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلگەنلىكىنى ماختىغان: ﴿ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾59/«ھەشر»: 9.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ساھابە ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھمىنىغا ئۆزى ۋە كىچىك باللىرىنىڭ ئوزۇقىنى بېرىپ، ئۇ مېھماننىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلگەن مەشھۇر قىسسەدۇر[1].

يەرمۇك ئۇرۇشىدا ئىكرىمە ئىبنى ئەبى جەھل، سۇھەيل ئىبنى ئەمر، ھارىس ئىبنى ھىشام ۋە مۇغىرە جەمەتىدىن بىر قىسىم كىشىلەر شەھىد قىلىندى. ئۇلار يىقىلىپ چۈشكەندە سۇ كەلتۈرۈلگەنىدى، سۇنى بىر - بىرىگە ئۆتۈنۈشۈپ، ھەتتا ھېچقايسىسى سۇ ئىچمەي ئۆلۈپ كەتتى. باشتا ئىكرىمەگە سۇ كەلتۈرۈلدى، ئۇ سۇھەيل ئىبنى ئەمرگە قارىدى ۋە: «سۇنى ئاۋۋال ئۇ ئىچسۇن!» دېدى. سۇھەيل ئىبنى ئەمر بولسا ھارىسقا قاراپ: «سۇنى ئاۋۋال ئۇنىڭغا بەر!» دېدى. ھەممىسى سۇنى يەنە بىر قېرىندىشىغا ئۆتۈنۈپ، ئاخىرىدا ھېچقايسىسى سۇ ئىچەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «سىلەرگە جېنىم پىدا بولسۇن!» دېدى[2].

* ساھابەلەردىن بىر كىشىگە بىر قوي كاللىسى ھەدىيە قىلىنغانىدى، ئۇ كۆڭلىدە: «بۇنىڭغا مېنىڭ قېرىندىشىم بەكرەك ئېھتىياجلىق» دەپ ئۇنى باشقا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3789)؛ مۇسلىم (2054). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئەلئىستىيئاب في مەئرىفەتىل ئەسهاب»، 333/1.

بىر كىشىگە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى ئۇنى يەنە بىر كىشىگە ئەۋەتتى. ھەتتا ئۇ قوي كاللىسى يەتتە ئائىلىدىن ئۆتۈپ بىرىنچى كىشىگە قايتىپ كەلدى.

* ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئېتىزلىقىغا چىقتى ۋە بىر قەۋمنىڭ بىر خورمىزارلىقىغا چۈشتى، ئۇ خورمىزارلىقتا بىر قارا تەنلىك بالا ئىشلەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا بالا ئۆزىنىڭ يېمىكىنى ئېلىپ كەلدى، ئاندىن باغقا بىر ئىت كىردى ۋە بالىغا يېقىن كەلدى. بالا ئۇنىڭغا بىر گىردە تاشلاپ بەردى، ئىت ئۇنى يەپ بولدى، بالا ئۇنىڭغا يەنە بىر گىردە تاشلاپ بەردى، ئىت ئۇنىمۇ يەپ بولدى، ئاندىن بالا ئۇنىڭغا ئۈچىنچى گىردىنىمۇ ئېتىپ بەردى، ئىت ئۇنىمۇ يەپ بولدى. بۇنىڭغا شاھىد بولغان ئابدۇللاھ بالىغا:

— ھەي بالا! سېنىڭ ھەر كۈنلۈك يېمىكىڭ قانچىلىك؟ — دېگەنىدى، بالا:

— سەن بايا كۆرگەنچىلىك، — دېدى.

— ئۆزۈڭ موھتاج تۇرۇپ نېمىشقا ئىتنى ئەلا بىلدىڭ؟

— بۇ ئەتراپتا ئىت يوق. دېمەك، بۇ ئىت يىراق مۇساپىدىن ئاچ قورساق ھالدا كەلدى، شۇڭا ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشتىن ھايا قىلدىم، — دېدى.

— ئەمدى سەن قانداق قىلىسەن؟

— بۈگۈن ئاچ قورساق ئۆتىمەن، — دېدى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر كۆڭلىدە: «سېخىيلىق قىلغىنىمغا مالامەتكە ئۇچرايتتىم، بۇ بالا مەندىنمۇ سېخىيراق ئىكەن» دېدى ۋە باغنى، باغدىكى ئەسۋابلارنى ۋە ئۇ قۇل بالىنى سېتىۋالدى، ھەمدە ئۇنى ئازاد قىلىپ، باغنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى.

* كەمبەغەللەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر بىر يەرگە توپلاندى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەممىسىگە يەتمەيدىغان ئازراقلا نان بار ئىدى. ئاندىن ئۇلار نانلارنى پارچىلىدى، چىراغنى ئۆچۈردى ۋە ناننى يېيىشكە ئولتۇرۇشتى، لېكىن دەستۇرخان يىغىلغاندا، نانلار شۇ پېتىلا ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ناننى ھەمراھلىرىم يېسۇن» دەپ ھېچبىرى ئۇنىڭدىن يېمىگەن ئىدى.

## پەسىل: سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنىڭ چەك - چېگراسى ۋە ھەقىقىتى

كىشىلەر سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنىڭ چەك - چېگراسى ھەققىدە سۆزلىدى. بىر قىسىم كىشىلەر بېخىللىقنىڭ چەك - چېگراسى: «بېرىش ۋاجىب بولغان ھەقنى بەرگىلى ئۇنىماسلىق» دەپ قارىدى ۋە «بېرىش ۋاجىب بولغان ھەقنى ئادا قىلغان كىشى بېخىل ھېسابلانمايدۇ» دېدى. بۇ چۈشەندۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس.

چۈنكى، بىر كىشى بالىچاقىلىرىغا ھاكىم (نەپىقە) بەلگىلەپ بەرگەن مىقداردا يېمەكلىك بەرسە، لېكىن ئارتۇقراق يېمەكلىك ياكى بىرنەچچە خورما بېرىشتىن قىسسا، ئۇنداق كىشمۇ بېخىللار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدا توغرا بولغان قاراش: شەرىئەتتە بېرىش ۋاجىب بولغان نەرسىنى بېرىش ۋە ئادەمگەرچىلىك يۈزىدىن بېرىش لازىم بولىدىغان نەرسىنى قەلبى رازى بولۇپ بېرىش ئارقىلىق بېخىللىقتىن پاك بولغىلى بولىدۇ.

شەرىئەتتە بېرىش ۋاجىب بولىدىغان نەرسىگە كەلسەك: زاكات ۋە بالىچاقىلارغا بېرىلىدىغان نەپىقىدۇر.

ئادەمگەرچىلىك يۈزىدىن بېرىلىدىغان نەرسىگە كەلسەك: قىسسىنىش ۋە كىچىك نەرسىلەرنىڭ تەپسىلاتىغا پىسەنت قىلماسلىقتۇر. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش قەبىھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالەت ھال - شارائىت ۋە شەخسلەرگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بەزىدە نامراتنىڭ قىلىشى يامان سانالمايدىغان ئىشنى باينىڭ قىلىشى يامان سانىلىدۇ. كىشىنىڭ ياتلارغا قارىغاندا ئۆز ئەھلىدىن، يېقىنلىرىدىن ۋە قوشنىلىرىدىن ئايىشى يامان سانىلىدۇ. دېمەك، بېخىل كىشى شەرىئەت ھۆكمى ياكى ئادەمگەرچىلىك يۈزىدىن نامۇۋاپىق ئىشنى قىلغان كىشىدۇر.

بىر كىشى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ھەقنى ۋە ئادەمگەرچىلىك ھەققىنى بەرسە، بېخىللىقتىن پاك بولغان بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ بەرمىگەن كىشى سېخىيلىق سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ.

بەزىلەر: «سېخىي كىشى مىننەت قىلماي بېرىدىغان كىشىدۇر» دېگەن ۋە يەنە بەزىلەر: «بېرىشتىن خۇشاللىق تاپىدىغان كىشى سېخىيدۇر» دېگەن.

بېخىللىقنىڭ شىپاسىغا كەلسەك، بىلگىنكى، مالنى ياخشى كۆرۈش بېخىللىقنىڭ سەۋەبىدۇر.

مالنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىككى سەۋەبى بولىدۇ:

بىرىنچى: «ئۇزۇن ياشايمەن» دەپ ئويلاش بىلەن بىرگە پەقەت مال بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغان شەھۋەتلەرنى ياخشى كۆرۈش. چۈنكى ئىنسان «بىرەر كۈندىن كېيىن ئۆلىمەن» دەپ قارىسا، بېخىللىق قىلماسلىقى مۇمكىن. «يېقىندا ئۆلمەن» دەپ قارىسىمۇ بالىلىرى بار بولسا، بالىلىرىنى ئۇزۇن ياشايمەن دېگەن ئۈمىدىنىڭ ئورنىدا قويۇپ، بالىلىرىنى ئويلاپ بېخىللىق قىلىدۇ.

ئىككىنچى: مالنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش. بەزى كىشىلەر باركى، قولىدا قالغان ئۆمرىگە يەتكۈدەك مال بولىدۇ. ئەگەر نورمالدا ئۇ شۇ مال بىلەن

كۆپايلىنىشىمۇ، ئۇنىڭ نۇرغۇن مېلى ئاشىدۇ. بەزىدە بالىسى يوق قېرى كىشىنىڭ نەپسى چىقىرىش ۋاجىب بولغان مالنى چىقىرىشقا ۋە ئۆزىگە مەنپەئەت بېرىدىغان سەدىقىنى بېرىشكىمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە، مالنى دۈشمەنلىرى ئالىدىغانلىقىنى ياكى كۆمۈپ قويغان مال بولسا، ئۇ مالنىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە مالنىڭ ھەققىنى بەرمەيدۇ. مالنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش كېسەللىكى بولسا داۋالىغىلى بولمايدىغان بىر كېسەلدۇر.

بۇنىڭ مىسالى: بىر كىشى بىر شەخسنى ياخشى كۆرسە، ئاندىن ئۇ شەخسنىڭ ئەلچىسى كەلسە، ئەلچىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى مەھبۇبىسى بولغان شەخسنى ئۇنۇتسا ۋە ئەلچى بىلەن بولۇپ كەتسە، بۇ ئۇچىغا چىققان گۇمراھلىقتۇر. چۈنكى، تىللالار ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدىغان ئەلچىدۇر. تىللانىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرسە ۋە ئەسل ھاجەتلەرنى ئۇنۇتسا بۇ ئازغۇنلۇقتۇر.

شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق كېسەللىك ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبكە قارشى دورا بىلەن داۋالىنىدۇ.

شەھۋەتپەرەسلىك قانائەتچانلىق ۋە سەبر قىلىش بىلەن؛ «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەنغۇ» دېيىش بولسا ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەش بىلەن داۋالىنىدۇ.

قەلبنىڭ بالىغا قارشى بولسا «ئۇنى ياراتقان زات ئۇنىڭ بىلەن بىرگە رىزقىنىمۇ ياراتقاندۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن داۋالىنىدۇ. مىراسقا ئېرىشكەن كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا، ھېچنەرسىنى مىراس ئېلىپ باقمىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى ياخشىراق بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال ناھايىتى كۆپتۇر. شۇڭا، ئىنسان ئۆز بالىسىغا مال - دۇنيا قويۇپ كېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يامانلىقنى ئېلىپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلسۇن. ئەگەر بالىسى سالىھ بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ئەگەر پاسىق بولسا، بالىسىنىڭ گۇناھ قىلىشىغا ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بەلكى قۇلىقىغا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن بېخىللىقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى ۋە سېخىيلىقنىڭ ماختىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلارنى تەكرار - تەكرار قۇيۇشى كېرەك.

بىلگىنكى، دۇنيادا ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇنى يوقىتىپ قويۇش سەۋەبلىك مۇسىبەتلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. دېمەك، بىر كىشى مالنىڭ ئاپەتلىرىنى بىلسە، ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەتلەشمەيدۇ. كىمكى دۇنيالىقتىن پەقەت ھاجىتى مىقدارىدا ئالسا ۋە شۇنى ھاجىتى ئۈچۈن ساقلىسا، ئۇنداق كىشى بېخىل ھېسابلانمايدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# ئون توققۇزىنچى بۆلۈم: ئابرۇيپەرەسلىك بىلەن رىياكارلىقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، ئىككىسىنىڭ داۋاسى ۋە نامى چىقماسلىقنىڭ پەزىلىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدا

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن ئۈممىتىم ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغان نەرسە رىيا ۋە يوشۇرۇن شەھۋەتتۇر»[1].

بۇ يوشۇرۇن شەھۋەتنىڭ (ئابرۇيپەرەسلىكنىڭ) ئاپەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئومۇمەن ئابىدلارلا ئەمەس، كاتتا ئالىملارمۇ ئاجىز كېلىدۇ. ئاخىرەت يولىدا مېڭىشقا قاتتىق تىرىشقان ئابىدلار ۋە ئالىملار بۇ يوشۇرۇن شەھۋەت بىلەن سىنىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نەپسلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، شەھۋەتلەردىن ئايرىپ، ئۇنى تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىغاندا، ئۇلارنىڭ نەپسلىرى ئەزالار سادىر قىلغۇسى ئاشكارا گۇناھلاردىن ئۈمىدۋار بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسلىرى ئىلىم ۋە ئەمەلنى ئاشكارا قىلىش بىلەن راھەتلىنىدۇ ۋە مەخلۇقاتنىڭ نەزەرىدە مەقبۇل بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەت نەزەرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرىشىش مۇشەققەتتىدىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپىدۇ ھەمدە شۇندىلا نەپس كاتتا لەززەتكە چۆمىدۇ، نەتىجىدە گۇناھ ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى كىچىك ئىش سانايدۇ. ئاردىن بىرى ئۆزىنى «مەن ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلغۇچىمەن» دەپ ئويلايدۇ، ھالبۇكى مۇناپىقلار تىزىملىكىگە ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلىپ بولغان بولىدۇ. بۇ بۈيۈك ھىيلە - مىكىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بەندىلەرلا سالامەت قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، دەرلەركى: «سىددىقلارنىڭ بېشىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نەرسە باشلىق بولۇشنى ياخشى كۆرۈش».

بۇ يوشۇرۇن شەھۋەت شەيتانلارنىڭ ئەڭ چوڭ قاپقىنى بولغان يوشۇرۇن

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (6998)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (6411). شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 508) «ھەسەن» دېگەن.

كېسەل بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ سەۋەبى، ھەقىقەتتى ۋە قىسىملىرى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش ۋاجىبتۇر.

## شۆھرەت ۋە ئابرۇيپەرەسلىكنىڭ، داڭق قازىنىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى ۋە تونۇلماسلىقنىڭ پەزىلىتى

شۇنى بىلگىنكى، ئابرۇيپەرەسلىكنىڭ ئەسلى بولسا نام - شۆھرەتنىڭ تارقىلىشىنى ياخشى كۆرۈش دېمەكتۇر.

نام - شۆھرەتنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى زور خەتەردۇر. بۇ خەتەردىن سالامەت قېلىش نامى چىقماسلىق بىلەن بولىدۇ.

ياخشىلىق ئەھلى نام - شۆھرەتنى مەقسەت قىلمايدۇ. نام - شۆھرەتكە ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگە ئارىلاشمايدۇ. ئەگەر نام - شۆھرەت ئاللاھ تەرەپتىن چۈشسىمۇ، ئۇلار نام - شۆھرەتتىن قاچىدۇ ۋە نامى چىقماسلىقنى ئەلا بىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۆيىدىن چىقتى ۋە ئۇنىڭغا بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەگىشىۋالدى، ئىبنى مەسئۇد ئۇلارغا قاراپ: «نېمىشقا ماڭا ئەگىشىۋالىسىلەر؟! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئەگەر سىلەر نېمىشقا ئىشىكىمنى ئېتىۋالغانلىقىمنى بىلسەڭلار، ئاراڭلاردىن ھېچكىممۇ ماڭا ئەگىشىۋالمىغان بولاتتى» دېدى. يەنە بىر لەۋزىدە: «قايتىپ كېتىڭلار! باشقىلارغا ئەگىشىۋېلىش ئەگەشكۈچىگە خارلىق، ئەگىشىلگۈچىگە پىتنە بولىدۇ» دېگەن.

ئەبۇلئالىيە رەھىمەھۇللاھ قېشىدا تۆتتىن ئارتۇق ئادەم ئولتۇرغاندا، ئورنىدىن قوپۇپ كېتەتتى.

خالىد ئىبنى مەئدان رەھىمەھۇللاھنىڭ سورۇنىدا ئادەم كۆپىيىپ كەتسە، نام-شۆھرەتنى يامان كۆرۈپ، سورۇندىن چىقىپ كېتەتتى.

زۇھرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «باشلىقلىقتا قىزىقماسلىق ئەڭ كەم تېپىلىدىكەن، بىراۋنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە مالنى قولىدىن بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز، لېكىن باشلىقلىق ئورنى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىنسا، ئۇنى قوغداپ، دۈشمەنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز».

بىر ئادەم بىشر ھافىيغا:

— ماڭا ۋەسىيەت قىلغىن! — دېگەنىدى، بىشر ھافىي:

—— نام - شۆھرىتىڭنى يوشۇرغىن! يېمەك - ئىچمىكىڭنى پاك قىلغىن! دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشىنى ياخشى كۆرگەن ئادەم ئاخىرەتنىڭ لەززىتىنى تاپالمايدۇ، —— دېدى.

«سەھىھۇ مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى سەئد دادىسى سەئدنىڭ يېنىغا باردى، ھالبۇكى، دادىسى قويلىرىنى ئېلىپ مەدىنەنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. دادىسى ئۆمەرنى يىراقتىن كۆرگەندە: «ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ، بۇ ئۇلاغ مىنگەن كىشىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېدى. ئوغلى دادىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە: «دادا! كىشىلەر مەدىنەدە پادىشاھلىق تالىشىۋاتسا، سەن قويلىرىڭنىڭ ئارىسىدا بىر ئەئرابىيغا ئوخشاش بولۇشنى خاھلامسەن؟!» دېدى. سەئد ئوغلىنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇپ: «خەپشۇڭ! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹ھەقىقەتەن ئاللاھ تەقۋادار، روھى باي، نامسىز بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى[1].

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، دوستلىرىمنىڭ ئەڭ ياخشىسى دۇنيالىق يۈكى يەڭگىل، نامازدىن نېسىۋىسى كۆپ، پەرۋەردىگارىغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنى يوشۇرۇن ئىبادەت قىلىدىغان، خەلق ئارىسىدا ئانچە تونۇلمىغان، باشقىلارنىڭ كۆزىگە بەك چېلىقىپ كەتمەيدىغان، تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك رىزقى بار بولۇپ، شۇنىڭغا سەبىر قىلىدىغان مۇئمىندۇر». ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن يەرنى چوقۇپ تۇرۇپ: «ئۇ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغان، ئارقىسىدىن يىغلايدىغانلار ۋە مىراس قالىدىغان مال - مۈلكى ئاز بولغان كىشىدۇر» دېدى[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھلىرىغا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «سىلەر ئىلىم بۇلاقلىرى، ھىدايەت چىراغلىرى، ئۆيلەرنىڭ بىساتلىرى، (ئۆيىگە باغلانغان) كېچىنىڭ چىراغلىرى، (كېچىدە ناماز ئوقۇيدىغان) قەلبلەرنىڭ يېڭىلىرى، (قەلبى سەگەك) كىيىملەرنىڭ كونىلىرى، (ئاددىي - ساددا) ئاسماندا تونۇشلۇق، زېمىن ئەھلىگە ناتونۇش كىشىلەردىن بولۇڭلار».

ئەگەر «بۇ بايانلاردا نامى چىقماسلىقنىڭ پەزىلىتى ۋە نام - شۆھرەتنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى سۆزلەندى، لېكىن، پەيغەمبەرلەر ۋە پېشىۋا ئالىملارنىڭ نام - شۆھرىتىدىنمۇ بەكرەك داڭلىق نام - شۆھرەت بولامدۇ؟» دېيىلسە، دەيمىزكى:

[1] مۇسلىم (2965).

[2] ئەھمەد (22221)؛ تىرمىزىي (2347). ئىبنۇلجەۋزىي: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1397) «زەئىف» دېگەن.

«ئىنساننىڭ نام - شۆھرەتنى تەلەپ قىلىشى ئەيىبتۇر. ئەمما، نام - شۆھرەت ئىنسان تەلەپ قىلمىسىمۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بولسا ئەيىب ئەمەس، لېكىن ئاجىز كىشىلەرنىڭ نام - شۆھرەت قازىنىشى پىتنە تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى، ئاجىز كىشى سۇ ئۈزۈشنى ياخشى بىلمىگەنلىكتىن غەرق بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر كىشى ئېسىلسا، ئۆزى بىلەن بىرگە باشقىلارنىمۇ سۇغا غەرق قىلىدۇ. ماھىر سۇ ئۈزگۈچىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان كۆپ كىشىلەر ئېسىلسىمۇ، ماھىر سۇ ئۈزگۈچى ئۇلارنىڭ غەرق بولۇشتىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ».

## يۈز - ئابرۇي ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتى

شۇنى بىلگىنكى، يۈز - ئابرۇي ۋە مال - مۈلۈك بولسا دۇنيانىڭ ئىككى تۈۋرۈكىدۇر. مال: «مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش» دېمەكتۇر. يۈز - ئابرۇي: «كىشىلەرنىڭ قەلبىتىن ھۆرمەتلىشى، ئىتائەت قىلىشى ۋە سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى» دېمەكتۇر. يەنى «كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىن ئورۇن ئېلىش» دېمەكتۇر. كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىن ئورۇن ئېلىش بولسا ئىلىم، ئىبادەت، نەسەب، كۈچ - قۇۋۋەت، گۈزەل خۇلق ياكى شۇنىڭدەك كىشىلەر «مۇكەممەللىك» دەپ قارايدىغان ئالىي سۈپەتلەردىن بىرەر سۈپەت بىلەن خالايىقنىڭ قەلبىنى ئۇتۇشتۇر.

كىشىلەرنىڭ قەلبلىرى بىر شەخستە كۆرگەن مۇكەممەللىك سۈپەتلىرىنىڭ مىقدارىغا قاراپ، ئۇ شەخسكە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇنى ماختايدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ يۈز - ئابرۇيىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە سۆيۈملۈك ۋە مالنى ياخشى كۆرۈشتىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، مال ئەينەن بىر مەقسەتكە مۇناسىۋەتلىك بولمايدۇ، بەلكى ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستىدۇر. شۇڭا، مال ۋە يۈز - ئابرۇيىنىڭ سەۋەبتە شېرىك بولۇشى ياخشى كۆرۈشتە ئورتاق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، يۈز - ئابرۇيىنى ياخشى كۆرۈش بۇنىڭدا مالنى ياخشى كۆرۈشتىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

## يۈز - ئابرۇيىنى ياخشى كۆرۈشتە ماختىلىدىغان ۋە ئەيىبلىنىدىغان تەرەپلەر

شۇنى بىلگىنكى، يۈز - ئابرۇيىنىڭ ماختىلىدىغان ۋە ئەيىبلىنىدىغان تەرىپى بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، كىشى ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە

شۇ قاتارلىق زۆرۈر نەرسىلەر ئۈچۈن مال بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك جاھاندارچىلىق تەقەززاسى تۈپەيلى يۈز - ئابرۇيىنىڭ بولۇشىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنى قوغدايدىغان سۇلتانغا، ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان ھەمراھقا ۋە خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچىگە موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇلارنى ياخشى كۆرۈشى ئەيىبلەنمەيدۇ. چۈنكى، يۈز - ئابرۇي، خۇددى مال - مۈلككە ئوخشاش، كۆزلەنگەن نىشانلارغا يەتكۈزىدىغان بىر ۋاستىدۇر.

بۇنىڭدىكى ھەقىقەت بولسا مال ۋە يۈز - ئابرۇيىنىڭ ئۆزىلا سۆيۈملۈك بولۇپ قالماسلىقىدۇر. ئىنسان توغرا بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزىدە لاياقەت سۈپىتى بار بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن﴾[12/«يۇسۇف»: 55] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش سۆزلەرنى دەپ يۈز - ئابرۇي تەلەپ قىلسا ياكى ئۆزىنىڭ ئورنى يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەيىبلىرىدىن بىر ئەيىبنى يوشۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ يۈز - ئابرۇي تەلەپ قىلسا رۇخسەتتۇر. ئەمما، ئۆزىدە بولمىغان ئىلىم، تەقۋالىق ۋە نەسەبكە ئوخشاش سۈپەتلەرنى دەپ تۇرۇپ مەنسەپ تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كىشىلەر «نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇيدىكەن» دەپ قالسۇن ئۈچۈن نامازنى گۈزەل ئوقۇسا، بۇ ئىشى بىلەن ئۇ رىيا قىلغۇچى بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى يالغان بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلىش ۋە مالغا باشقىلارنى ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ ئىگە بولۇش دۇرۇس ئەمەس.

## يۈز - ئابرۇي قوغلىششنىڭ دورىسى

شۇنى بىلگىنكى، ئابرۇيپەرەس كىشى باشقىلارغا كۆپ كۆڭۈل بۆلمەس، بىراۋلارنىڭ يېنىغا بېرىپ - كېلىشكە ۋە ئۇلارغا خۇشامەت قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇپ قالىدۇ. سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە داۋاملىق كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۆز ئورنىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ بولسا مۇناپىقلىقنىڭ ئۇرۇقى ۋە بۇزۇلۇشنىڭ يىلتىزىدۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالماقچى بولغان كىشى ئۆزىدە يوق نەرسىنى باردەك كۆرسىتىش بىلەن ئۇلارغا ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىشقا موھتاج بولىدۇ.

بۇ ھالەت رىيا بىلەن ئىبادەت قىلىش، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىش ۋە قەلبلەرنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مال ۋە شەرەپنى

ياخشى كۆرۈشنى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ دىنىنى بۇزۇشنى قويلار توپىغا قويۇۋېتىلگەن ئاچ قورساق ئىككى بۆرىگە ئوخشاتقان[1].

شۇڭا، يۈز - ئابرۇي قوغلىشىش ھالاك قىلغۇچى ئىشلار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنى داۋالاش ۋاجىبتۇر. ئۇنىڭ دورىسى ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئىلىم بولسا ئابرۇيپەرەستلىكنىڭ قايسى سەۋەبتىنلىكىنى بىلىشتۇر. ئابرۇي قوغلىشىشنىڭ سەۋەبى ئۆز كۈچىنىڭ كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە مۇكەممەل يېتىشىنى ئىستەشتۇر. بۇ ھەرقانچە ساپ ۋە ساغلام بولسىمۇ، ئاخىرىدا ھالاك بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، دۇنيادا يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە باشقىلارنىڭ ھەسەت قىلىشى ۋە ئەزىيەت بېرىشلىرى قاتارلىق ئۇلارغا يەتكەن ئاپەتلەر ۋە خەتەرلەر ھەققىدە ئويلىنىش كېرەك. سەن يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ يۈز - ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ئەنسىرەپ، داۋاملىق قورققان ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان ھالەتتە كۆرىسەن.

قەلبلەر قايناۋاتقان قازاندىنمۇ بەكرەك ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن مەشغۇل بولۇش جىددىي قارىلىدىغان غەم بولۇپلا قالماي، يۈز - ئابرۇينى ساقلاشنى چوڭ بىلىش خاھىشىنى پەسەيتىدۇ. دۇنيانىڭ ئارزۇ قىلىنىدىغان نەرسىلىرى قورقۇنچلۇق نەرسىلەرگە تەڭ كەلمىگىنىدەك، ئاخىرەتتە قولدىن كېتىدىغان نېئمەتلەرگە تېخىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. بۇ بىلىش جەھەتتىندۇر.

يۈز - ئابرۇي قوغلىشىشنى ئەمەل بىلەن داۋالاش بولسا، يۈز - ئابرۇينى چۈشۈرىدىغان ئەمەللەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈرۈش بىلەن بولىدۇ. شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پادىشاھلاردىن بىرى زاھىد بىر كىشىنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلدى. پادىشاھ زاھىدقا يېقىنلاشقاندا، زاھىد تاماق، كۆكتات ۋە سۈت ئەكەلدۈرۈپ، لوقمىنى چوڭايتىپ، تاماقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپلا، ئۇ كىشىنى نەزەرىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.

ئىبراھىم نەخەئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ قازى بولۇشى ئىرادە قىلىنغاندا، قىزىل كۆينەك كىيىپ، بازاردا ئولتۇرغان ئىدى[2].

[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مال ۋە مەنسەپ سەۋداسىنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىغا بەرگەن زىيىنى ئىككى ئاچ بۆرىنىڭ بىر قوتانغا كىرىپ، يېگىنىنى يەپ، قالغىنىنى ئۆلتۈرۈپ (مال ئىگىسىگە) سالغان زىيىنىدىن تېخىمۇ چوڭدۇر» دېگەن. ئەھمەد (15822)؛ تىرمىزىي (2376). كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 5620) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئابباسىيلار خەلىفەلىكى زامانىدا ئالىملار ۋە قازىلار قارا كىيىم كىيەتتى. ئىبراھىم نەخەئىي قىزىل كىيىم كىيگەندىن كېيىن قازىلىق مەنسىپىدىن قۇتۇلغان ئىدى.

شۇنى بىلگىنكى، زاھىدنىڭ كىشىلەردىن ئايرىلىۋېلىشى ئۇنىڭ كىشىلەر نەزەرىدىكى يۈز - ئابرۇيىنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر زاھىد يۈز - ئابرۇي پەيتىنىسىدىن قورقسا، پىتنىدىن سالامەت قېلىش يولىنى تۇتۇپ، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتسۇن، بازارلاردا ماڭسۇن، ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆزى كۆتۈرسۇن. كىشىلەر دۇنياسىدىن تەمەسىنى ئۈزسۇن، شۇندىلا مۇرادىغا ئېرىشىدۇ.

بىشر ھافىي رەھىمەھۇللاھ ئەتىر ساتقۇچىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى[1]. ئۇ زاتلار بۈگۈنكىدەك زاھىد كۆرۈنۈۋالغانلارنىڭ ئادەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى.

## پەسل: ماختىلىشنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئەيىبلىنىشنى يامان كۆرۈشنى داۋالاش يولىنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، كۆپىنچە ئادەملەر كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورققانلىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ ماختىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ھالاك بولدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىغا مۇۋاپىق بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھالاك قىلغۇچى ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنى داۋالاش ۋاجىبتۇر.

ئۇنى داۋالاشتا، كىشىنىڭ ماختىلىشىغا سەۋەب بولغان سۈپەتكە قارىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىدە بار سۈپەت بولسا، ئىلىم ۋە تەقۋالىققا ئوخشاش ياخشى كۆرۈلىدىغان سۈپەت ياكى يۈز - ئابرۇي ۋە مالغا ئوخشاش ياقتۇرۇشقا ئەرزىمەيدىغان سۈپەت بولۇشتىن خالىي بولمايدۇ.

ئۆزىدە بار بولغان ئىلىم ۋە تەقۋالىق سەۋەبىدىن سۆيۈنگەن بولسا، ئۆلۈمنىڭ قايسى ھالەتتە بولۇشىدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۆلۈمدىن قورقۇش ماختىلىش سەۋەبىدىن سۆيۈنۈشتىن يىراق قىلىدۇ. ئەگەر كىشى ياخشى ئۆلۈمنى ئۈمىد قىلىپ خۇشال بولغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ماختىشى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئاتا بەرگەن ئىلىم ۋە تەقۋالىقتىن ئىبارەت پەزلى سەۋەبلىك خۇشال بولۇشى لازىمدۇر.

ئىككىنچىسى، يۈز - ئابرۇي ۋە مال سەۋەبىدىن سۆيۈنۈشتۇر. بۇنىڭ بىلەن سۆيۈنۈش خۇددى زېمىننىڭ پات يېقىندا قۇرۇپ پارچە - پارچە بولغۇسى ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن خۇشال بولغانغا ئوخشاشتۇر. بۇنىڭ بىلەن پەقەت ئەقلى كەم كىشىلا خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سەندە ماختىلىشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

[1] يەنى بازارلاردىكى ئاددىي كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ بىللە ئولتۇراتتى دېمەكچى.

بولمىسمۇ، ماختالغاندا سۆيۈنۈشۈڭ ئۇچىغا چىققان ساراڭلىقتۇر.

بىز ماختىلىشنىڭ ئاپەتلىرىنى ئىلگىرىكى «تىلنىڭ ئاپەتلىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا بايان قىلدۇق. شۇڭا، ماختالغاندا سۆيۈنۈشۈڭ توغرا ئەمەس، بەلكى ئۇنى سەلەف سالىھلەر يامان كۆرگەندەك ۋە ئۇلار ماختالغاندا سۆيۈنگەن كىشىگە غەزەپلەنگەندەك غەزەپلىنىشىڭ ۋە يامان كۆرۈشۈڭ كېرەك.

## ئەيىبلىنىشنى يامان كۆرۈشنىڭ دورىسى

ئەيىبلىنىشنى يامان كۆرۈشنىڭ دورىسىنى ماختىلىشنى يامان كۆرۈشنىڭ شىپاسىدىن چۈشەنگىلى بولىدۇ. چۈنكى، بىرى يەنە بىرىنىڭ قارشىسىدۇر. ئەيىبلىنىشنى يامان كۆرۈشنىڭ دورىسى ھەققىدە ئىخچام قىلىپ ئېيتقاندا:

ئەگەر ئەيىبلىگۈچى سەممىي، راستچىل كىشى بولسا، ئاچچىقلانماي ئۇنىڭ ئېھسانىغا جاۋاب قايتۇرغىن. چۈنكى، ئۇ ساڭا ئەيىبلىرىڭنى ھەدىيە قىلغان كىشىدۇر. ئەگەر ئۇ سەممىي گەپ قىلمىغان بولسا، ئۆز دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ سۆزىدىن پايدىلىنىسەن، چۈنكى ئۇ سەن بىلمىگەن نەرسىنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويغان ۋە ئۇنتۇپ قالغان خاتالىقلىرىڭنى ساڭا ئەسلىتىپ قويغان بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ سەندە يوق سۈپەتلەرنى توقۇپ گەپ قىلغان بولسا، سەن ئۈچ نەرسە ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشىڭ كېرەك.

بىرىنچى: ئەگەر سەن شۇ ئەيىبنىڭ ئۆزىدىن خالىي بولساڭمۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەيىبلەردىن خالىي ئەمەسسەن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ساڭا كۆرسەتمىگەن ئەيىبلەر تېخىمۇ كۆپتۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭغا سېنىڭ ئەيىبلىرىڭنى كۆرسەتمىگەنلىكىگە ۋە ئۇنى سەندىن دەفئ قىلغانلىقىغا، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ سەندە يوق سۈپەتلەرنى دەپ يالغاننى توقۇغانلىقىغا قارىتا ئاللاھ تائالاغا رەھمەت ئېيتقىن.

ئىككىنچى: ئۇنىڭدەك گەپلەرنىڭ گۇناھلىرىڭغا كەففارەت بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىن.

ئۈچىنچى: ساڭا قارشى يالغاننى توقۇغان كىشى دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان، ھەقتائالانىڭ غەزىپىگە ئۆزىنى دۇچار قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالادىن ئۇنى ئەپۇ قىلىشنى سورىشىڭ كېرەك. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى، ئاندىن ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئۇ ئادەمگە

مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە: «مەن ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئەجرگە ئېرىشتىم، ئۇنىڭ مەن سەۋەبلىك ئازابلانغۇچى بولۇشىنى خاھلىمايمەن» دېدى. بۇ ھېكايە ئىلگىرى مۇلايىملىقنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى مەزمۇندا ئۆتتى.

## رىيا، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە رىياكارلىقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿شۇنداق نامازخانلارغا ۋاي بولسۇنكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ﴾107/«مائۇن»: 4 - 6.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾18/«كەھف»: 110.

ھەدىسلەرگە كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر ئەمەلنى قىلغاندا مەندىن باشقىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىپ قىلسا، ئۇ ئەمەل شېرىك قىلىنغۇچى ئۈچۈن بولىدۇ، مەن ئۇ ئەمەلدىن ئادا - جۇدامەن»[1].

دېيىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم ئەڭ كىچىك شېرىكتۇر، — دېگەنىدى، ساھابەلەر:

— ئەڭ كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ — دېدىلەر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى:

— رىيا قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە ئەمەللىرى سەۋەبلىك جازا بەرگەندە، رىياكارلارغا: ‹سىلەر دۇنيادا ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسىتىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ قېشىدا ياخشىلىق تاپالامسىلەر - قېنى!›، — دەيدۇ»[2].

[1] مۇسلىم (2985) يېقىن مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ماجە (4202). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4313) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (23686)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (4179)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (6412). مەھمۇد ئىبنى لەبىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 1555) «سەھىھ» دېگەن.

بىشر ھافىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «نەي چېلىپ دۇنيا تېپىشىم دىن بىلەن دۇنيا تاپقىنىمدىن سۆيۈملۈكراقتۇر».

بىلگىنكى، رىيا (كۆرسىتىش) بولسا رۇئيە (كۆرۈش) دېگەن ئىسىمدىن، سۇمئەت (ئاڭلاش، شۆھرەت) دېگەن سۆز بولسا سىمائ (ئاڭلاش) دېگەن ئىسىمدىن ياسالغان سۆزدۇر. دېمەك: رىياكار (كۆرسىتىپ ئەمەل قىلغۇچى) «ئۆزىگە بىرەر نېسۋە تېگىپ قالارمىكىن» دەپ كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ئەمەل قىلىدۇ.

رىيا بىرنەچچە تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچى: دىندىكى رىيا. بۇمۇ بىرنەچچە خىلدۇر:

ئا) تەنىنىڭ رىياسى. يەنى ئورۇق ۋە سولغۇن كۆرۈنۈش بىلەن بولىدىغان رىيا بولۇپ، رىياكار ئادەم كىشىلەرگە ئۆزىنى قاتتىق ئىبادەتگۈي ۋە ئاخىرەتتىن بەك قورقىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. چۈۋۈق چاچلىرىنى كۆز - كۆز قىلغۇچىمۇ شۇ جۈملىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى دىن غېمىگە غەرق بولغان، چېچىنى تاراشقىمۇ چولىسى يوقتەك كۆرسەتكۈچىدۇر.

داۋاملىق روزا تۇتىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىش ئۈچۈن ئاۋازىنى پەسلىتىش، ئىككى كۆزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكى ۋە لەۋلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىش قاتارلىقلارمۇ بۇ خىل رىياغا يېقىندۇر.

شۇڭا، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام: «قايسىبىرىڭلار روزا تۇتسا، بېشىنى مايلىسۇن ۋە چېچىنى تارىسۇن» دېگەن[1]. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دېيىشى روزىدار ئۈچۈن رىياكارلىق ئاپىتىدىن قورققانلىقى ئۈچۈندۇر. مانا بۇ دىن ئەھلىنىڭ جىسمانىي رىياسىدۇر.

دۇنيا ئەھلىنىڭ رىياكارلىقلىرى بولسا سېمىزلىك، تەن رەڭگىنىڭ سۈزۈكلۈكى، قەددى - قامەت، يۈز گۈزەللىكى ۋە جىسمانىي پاكىزلىقنى نامايان قىلىشىدۇر.

ئە) يۈرۈش - تۇرۇشتىكى رىيا. مەسىلەن: ماڭغاندا بېشىنى تۆۋەن سېلىۋېلىش، يۈزىدە سەجدە ئىزى قالدۇرۇش، قوپال كىيىملەرنى، يۇڭ كىيىم كىيىش، كۆپىنچە يېڭىنى تۈرۈپ قويۇش ياكى يەڭلىرىنى قىسقا قىلىش ۋە كىيىمنى يۇيۇپ يامىماي، يىرتىق پېتى كىيىۋېرىش قاتارلىقلار.

سوپىلارنىڭ ئىچكى سۈپەتلىرىنى قازىنىشنى قويۇپ، سوپىلارغا ئوخشىۋېلىپ ياماق كىيىم كىيىش ۋە كۆك كىيىم كىيىشمۇ شۇ قاتاردىكى رىيادىندۇر.

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (150).

ئۆزىگە خاس بىر ئادەت يېتىلدۈرۈپ، باشقىلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، سەللىدىن سىرت نىقاب تاقىۋېلىشمۇ بۇ تۈرلۈك رىيانىڭ قاتارىدىندۇر.

بىر تەبىقىدىكى كىشىلەرگە رىيا قىلىپ، قوپال، كىر ۋە يىرتىق كىيىملەرنى كىيىپ، زاھىد سىياقىدا كۆرۈنۈش بىلەن ياخشىلىق ئەھلىنىڭ نەزەرىدە مەرتىۋە تەلەپ قىلىدىغانلارمۇ بار. ئەگەر بۇنداق قىلىدىغان كىشى سەلەف سالىھلەر كىيگەنىدەك پاكىز ۋە ئوتتۇراھال كىيىملەرنى كىيگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە «زاھىدلىقىنىڭ ئەيىبلىرى ئاشكارا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇ زاھىدلىق يولىدىن قايتىپتۇ» دېيىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا ھالاكەت مەرتىۋىسى ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر تەبىقىدىكى كىشىلەر ياخشىلار، سۇلتانلار، ئەمىرلەر ۋە سودىگەرلەر كەبى ھەممىنىڭ نەزەرىدە مەقبۇل بولۇشنى ئىستەيدۇ. ئەگەر ئۇلار قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيسە، ياخشىلىق ئەھلى بولمىش قارىيلار ياقتۇرمايدۇ. ئەگەر ئاددىي، يىرتىق كىيىملەرنى كىيسە، ئەمىر ـ سۇلتانلار ۋە بايلار ئۇلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار دىن ۋە دۇنيا ئەھلىنىڭ نەزەرىدە تەڭ مەقبۇل بولماق ئۈچۈن نېپىز ـ يۇپقا، يېپىنچا كىيىملەرنى كىيىدۇ ۋە قىممەت باھالىق قولياغلىقلارنى تۇتىدۇ. گاھى بىرىنىڭ كىيىمى باينىڭ كىيىمىدەك قىممەت باھالىق بولىدۇ. كىيىمىنىڭ رەڭگى ۋە تۈرقى سالىھلارنىڭ كىيىم رەڭگىگە ئوخشايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئىككىلا قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە تەڭ مەقبۇل بولۇشنى ئىستەيدۇ.

ئەگەر ئۇلاردىن يىرىك ياكى كىر كىيىم كىيىش تەكلىپ قىلىنسا، پادىشاھلار ۋە بايلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورققانلىقىدىن، بۇمۇ ئۇلار ئۈچۈن ھالاكەتتۇر. ئەگەر ئۇلارغا نېپىز كىيىملەر، قىممەت باھالىق ئاق كاناپ رەخت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش تەۋسىيە قىلىنسا، ياخشىلىق ئەھلىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، بۇنداق كىيىملەرنى كىيىشنىمۇ ئېغىر ئالىدۇ.

مەخسۇس بىر خىل كىيىم كىيىش شەكلى بىلەن رىيا قىلىدىغان كىشىگە ئۇ شەكىلدىن تۆۋەن ياكى يۇقىرى شەكىلدە كىيىنىش ئەيىبلىنىشتىن قورققانلىقتىن ئېغىر كېلىدۇ.

دۇنيا ئەھلىنىڭ رىيا قىلىشىغا كەلسەك، ئۇلار قىممەت باھالىق كىيىملەر، كۆركەم ئات ـ ئۇلاغلار، ئېسىل يېمەك ـ ئىچمەك، تۈرلۈك جاي ۋە ئۆي ئەسۋابلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەللىرى بىلەن رىيا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىدە يىرىك كىيىملەرنى كىيىدۇ، ھالبۇكى ئۆيدە كىيگەن كىيىملىرى بىلەن سىرتلارغا

چىقىشنى خاھلىمايدۇ.

ب) گەپ - سۆز بىلەن رىيا قىلىش. دىن ئەھلىنىڭ رىياكارلىقى ۋەز - نەسىھەت قىلىش، ئەسلىتىش، باشقىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن ساھابىلەردىن كەلگەن ئەسەر ۋە ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىش، ئىلىمنىڭ موللىقىنى كۆز - كۆز قىلىش، سەلەف سالىھلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش، كىشىلەر بار يەردە زىكىر ئېيتىپ ئىككى لېۋىنى قىمىرلىتىش، كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان مۇنكەرلەرگە ئاشكارا غەزەپلىنىش، قۇرئان ئوقۇغاندا قورققان ۋە قايغۇرغان قىياپەتتە ئاۋازىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تۆۋەن قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ.

دۇنيا ئەھلىنىڭ سۆزلۈك رىياكارلىقى بولسا شېئىر، مەسەللەرنى يادقا ئېلىش ۋە پاساھەت بىلەن سۆزلەش قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ.

پ) ئەمەل بىلەن رىيا قىلىش. بۇ خۇددى ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇش، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۇزۇن قىلىش، خۇشۇئ قىلغانلىقىنى ئاشكارا قىلىش ياكى شۇنىڭدەك ئىشلار بىلەن رىيا قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر. شۇنىڭدەك روزا تۇتۇش، غازات قىلىش، ھەج قىلىش ۋە سەدىقە قىلىش قاتارلىقلاردا رىيا قىلىشتۇر.

دۇنيا ئەھلىنىڭ ئەمەل بىلەن رىيا قىلىشىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، قوللىرىنى شىلتىش، تەكەببۇرانە قەدەم ئېلىش، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىش ۋە نوچىلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن مەيدىسىنى كېرىپ مەغرۇرانە يۈرۈش قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ.

ت) ھەمراھلىرى ۋە زىيارەت قىلغۇچىلار بىلەن رىيا قىلىش. بۇ تۈردىكى كىشىلەر «پالانى پالانىنى زىيارەت قىپتۇ، دىن ئەھلى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەرىكەت ئالىدۇ» دېيىشى ئۈچۈن، ئالىم ياكى ئابىدنىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار «پالانى كۆپ ئۇستاز كۆرگەن ۋە ئۇلاردىن پايدا ئالغان» دېيىلىشى ۋە بۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئۇستازلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن رىيا قىلىدۇ.

مانا بۇلار رىياكارلار رىيا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇلار بۇ رىياكارلىقلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە مەرتىۋە ۋە يۈز - ئابرۇيغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

شۇنداقلا پەقەت يۈز - ئابرۇيىنىلا قوغلىشىدىغان كىشىلەر بار. نۇرغۇن ئابىدلار

باشقىلارنىڭ مېلىدىن تەمە قىلىشتىن قول ئۈزۈپ تاغقا چىقىپ، تەركىدۇنيا بولۇۋالىدۇ، راھىبلار بولسا چېركاۋلارغا بېكىنىۋالىدۇ. لېكىن، ئۇلار يۈز - ئابرۇيىنىلا ئىستەيدۇ.

رىياكارلارنىڭ ئىچىدە پەقەت مال - مۈلۈك سەۋدالىرى بار.

يەنە باشقىلارنىڭ مەدھىيەلىشى ۋە شۆھرىتىنىڭ تارقىلىشىنى مەقسەت قىلىدىغانلارمۇ بار.

ئەگەر «رىياكارلىق ھاراممۇ ياكى مەكرۇھمۇ؟ ۋەياكى مۇباھمۇ؟» دېيىلسە، جاۋابى شۇكى: تەپسىلىيراق ئېيتقاندا رىياكارلىق يا ئىبادەتلەردە، يا ئىبادەتلەردىن باشقا ئىشلاردا بولىدۇ. ئەگەر رىيا ئىبادەتتە قىلىنسا ئۇ ھارامدۇر. چۈنكى، ناماز، سەدىقە، ھەج ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار بىلەن رىيا قىلغۇچى ئاسىي گۇناھكاردۇر. سەۋەبى، ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىشقا لايىق يېگانە ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. بۇ ئىشلار بىلەن رىيا قىلغۇچى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغۇچىلار قاتارىدا بولىدۇ.

ئەگەر رىيا ئىبادەتلەردىن باشقا ئىشلاردا قىلىنسا، ئالدىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، مال تەلەپ قىلىشقا ئوخشاش ئىشلاردا بولىدۇ. بۇ خىل رىيا كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە مەرتىۋە تەلەپ قىلىش جەھەتتىن ھارام بولمايدۇ. لېكىن، قايمۇقتۇرۇش ياكى چەكلەنگەن يوللار بىلەن مالغا ئېرىشىش مۇمكىن بولغىنىدەك، يۈز - ئابرۇيغا ئېرىشىشمۇ مۇمكىندۇر.

ئېھتىياجنى قامدىغۇدەك ئازغىنە مالغا ئېرىشىش ماختالغاندەك، ئازغىنە يۈز - ئابرۇيغا ئېرىشىشمۇ ماختىلىدۇ. بۇ يۈز - ئابرۇينى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە تەلەپ قىلغان: ﴿يۈسۈف: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن» دېدى﴾12/«يۈسۈف»: 55.

زىيادە يۈز - ئابرۇي تېپىشنى ھارام دېمەيمىز، لېكىن يۈز - ئابرۇي كىشىنى — مال - مۈلكتە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك — دۇرۇس بولمايدىغان ئىشنى قىلىشقا ئېلىپ بارسا، ئۇ ۋاقىتتا زىيادە يۈز - ئابرۇي ھارامدۇر.

يۈز - ئابرۇي قوغلاشمايدىغان ۋە يۈز - ئابرۇيى يوقاپ كەتسىمۇ قايغۇرمايدىغان كىشىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنىڭ كەڭ تارقىلىشىدا ھېچ زىيان يوق. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئالىملارنىڭ يۈز - ئابرۇيىدىنمۇ كەڭ تارقالغان يۈز - ئابرۇي بولمىغان ئىدى. لېكىن، ئىرادە - ھىممەتلەرنىڭ يۈز - ئابرۇي قوغلىششقا ئايلىنىشى دىندىكى نۇقسانلىقتۇر، لېكىن

«ھارام» دېيىلمەيدۇ.

بىر ئادەم كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىققاندا، ئۇلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن گۈزەل كىيىم كىيسە ۋە ئۇلار ئۈچۈن ھەرقانداق چىرايلىق كىيىم كىيسە، «بۇنىڭدىن چەكلىنىدۇ» دېيىلمەيدۇ.

بۇنىڭدا مەقسەتلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، كۆپىنچە كىشىلەر نۇقسانلىق ھالەتتە باشقىلارغا كۆرۈنۈشنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ، — دېگەنىدى، ساھابىلەردىن بىرى:

— لېكىن، ئادەم كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ۋە كەشىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ — دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەقىقەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر. گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. كىبىر دېگەن ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈشتۇر، — دېدى[1].

كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېئمىتىنى ئاشكارا قىلىشنى تاللايدىغان كىشىلەر بار. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى[2].

## پەسىل: رىيانىڭ دەرىجىلىرى

شۇنى بىلگىنكى، رىيانىڭ بەزىسى بەزىلىرىدىن چوڭدۇر. چۈنكى، رىيا بىرنەچچە دەرىجە بولىدۇ:

ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېغىر دەرىجىدىكى رىيا: ئىبادەت قىلىشتا ئەسلا ساۋابنى مەقسەت قىلماسلىقتۇر. بۇ يالغۇز قالسا ناماز ئوقۇمايدىغان، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بولسا ناماز ئوقۇيدىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

[1] مۇسلىم (91).

[2] رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھنىڭ نېئمىتى ۋە ئىززەت - ئىكرامى سەندە كۆرۈلسۇن» دېگەن. ئەھمەد (15928). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىمام مۇسلىم شەرتى بويىچە سەنەدى سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4063)؛ نەسائىي (5224). ئالبانىي: («غايەتۇل مەرام»، 75) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇلئەھۋەسنىڭ ئاتىسى مالىك ئىبنى نەزلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئىككىنچى دەرىجە: رىيا قىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلىش بىلەن ساۋابنى بەك ئاجىز دەرىجىدە مەقسەت قىلىش بولۇپ، ئەگەر ساۋاب بولمايدىغان بولسا، ئۇ ئەمەلنى قىلمايدۇ. بۇمۇ ئاۋۋالقى رىيانىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ھەر ئىككى رىيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە يامان كۆرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى دەرىجە: ئەمەل قىلغاندا رىيا قىلىش بىلەن بىرگە ساۋابنىمۇ مەقسەت قىلىش بولۇپ، ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرسى كەم بولسا ئەمەل قىلماسلىق. بۇ دەرىجىدىكى رىيا قىلغان ياخشى ئەمەلنى بۇزىدۇ، بۇنداق رىيا قىلغۇچى گۇناھتىن ساقىت قالمايدۇ.

تۆتىنچى دەرىجە: قىلغان ئەمەلنى كىشىلەر كۆرگەن ھامان ئىبادەتتە تېخىمۇ تېتىكلىشىش، ئەگەر باشقىلار كۆرمىسە، ئىبادىتىنى ئادەتتىكىدەك داۋاملاشتۇرۇش. بۇنداق رىياكارغا توغرا مەقسىتى ئۈچۈن ساۋاب يېزىلىدۇ، بۇزۇق مەقسىتىگە قارىتا جازا بېرىلىدۇ.

ئىبادەتنىڭ ئەسلىدە ئەمەس، سۈپەتلىرىدە رىيا قىلىشمۇ بۇ دەرىجىدىكى رىياغا يېقىن رىيادۇر. بۇ خىل رىيا بەئەينى ناماز ئوقۇيدىغان، رۇكۇ ۋە سەجدىنى يەڭگىل قىلىدىغان كىشى كىشىلەر كۆرسە، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۇزۇن ۋە ياخشى قىلىدىغان كىشىگە ئوخشاش. بۇمۇ چەكلەنگەن رىيادۇر. چۈنكى، بۇ خىل رىيا مەخلۇقنى ئۇلۇغلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن بۇ رىيا ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلىدە رىيا قىلىشتىن تۆۋەندۇر.

### چۈمۈلىنىڭ ماڭغىنىدىنمۇ يوشۇرۇن بولغان رىيانىڭ بايانى

رىيا ـــ ئاشكارا رىيا ۋە يوشۇرۇن رىيا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئاشكارا رىيا بولسا: ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ۋە ئۇنى قىلدۇرىدىغان رىيادۇر.

بۇنىڭدىن سەل يوشۇرۇن رىيا بولسا ئۆزى يالغۇز ئەمەل قىلىشقا قوزغىمايدىغان، لېكىن ئاللاھ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئەمەلنى قىلىشنى يەڭگىللەشتۈرىدىغان رىيادۇر. بۇ خۇددى ھەر كېچىسى تەھەججۇد ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن، ئەمما تەھەججۇد ئوقۇش ئېغىر كېلىدىغان، لېكىن ئۆيىگە مېھمان چۈشسە، تەھەججۇد ئوقۇشقا تېتىكلىشىپ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش قولاي بولىدىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

بۇنىڭدىنمۇ يوشۇرۇنراقى ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى يەڭگىللەشتۈرۈشكە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان، لېكىن قەلبتە يوشۇرۇنغان رىيادۇر. دۇئا قىلىش ئەمەل قىلىشقا

تەسىر كۆرسەتمىسە، ئۇ خىل رىيا پەقەت ئالامەتلەر بىلەنلا تونۇلۇشى مۇمكىن. بۇ تۈردىكى رىيانىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىبادىتىنى كۆرگەنلىكىدىن خۇشاللىنىشتۇر. كۆپلىگەن بەندىلەر باركى، ئەمەل قىلغاندا ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ، رىيا قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ ۋە ئەمەلنى شۇ ھالەتتە تاماملايدۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەمەلىنى كۆرۈشى ئۇنى سۆيۈندۈرىدۇ ۋە راھەت ھېس قىلدۇرىدۇ، قەلبىدىن ئىبادەتنىڭ قاتتىقچىلىقىنى يوق قىلىدۇ. بۇ سۆيۈنۈش بولسا خۇشاللىق تەپچىرەپ چىقىدىغان يوشۇرۇن بىر رىيانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. قەلب كىشىلەرگە قارىمىغان بولسا ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىغاندا، ھەرگىز بۇنداق سۆيۈنمىگەن بولاتتى. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، رىيا قەلبتە يانار تاغ ئىچىدىكى ۋولقاندەك يوشۇرۇنغان ھالەتتە ئىدى، بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى كۆرۈشى بىلەن ئۇ رىيانىڭ خۇشال بولۇشتىن ئىبارەت ئىزى مەلۇم بولغان بولدى. ئاندىن ئۇ ئەمەلنى بىراۋنىڭ كۆرگەنلىكىدىن لەززەت ئالغىنىنى سەزگەندە، ئۇنىڭدىن بىئارام بولماقتا يوق، بەلكى تېخى بەزىدە ئازراق قىمىرلاپ قويىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەمەلىنى بىلىشكە ئوچۇق گەپ بىلەن ئەمەس، دارىتما قىلىش بىلەن كۆچەپ قالىدۇ.

بەزىدە قىلىنغان ئىبادەت مەخپىي قالىدۇ، ئۇنى ئىما - ئىشارەت ياكى ئوچۇق سۆزلەر بىلەن ئاشكارا قىلمايدۇ، لېكىن ياداش، چىرايىنىڭ سارغىيىپ كېتىشى، ئۈنىنىڭ پۈتۈپ كېتىشى، لەۋلىرىنىڭ گەز باغلاپ كېتىشى، ياش ئىزلىرى ۋە ئۇزۇن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۈگدەپ يۈرۈش قاتارلىق تەبىئىي كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئاشكارا قىلىدۇ.

بۇنىڭدىنمۇ يوشۇرۇنراقى ھېچكىمنىڭ كۆرۈشىنى خالىماي، ئىبادەتنى يوشۇرۇن قىلىش. لېكىن، بۇنداق ئىبادەت قىلغۇچى كىشىلەرنى كۆرسە، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە باشتا سالام قىلىشىنى، ئۆزى بىلەن كۆرۈشكۈچىنىڭ خۇشال - خۇرام ۋە مۇتەبەسسىم بولۇشىنى، ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادا قىلىشقا تىرىشىشىنى، مۇئامىلىدە ئۆزىگە كەڭ قول بولۇشىنى ۋە ئۆزىگە كەڭ - كۇشادە جاي راسلاپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بىرەر بىپەرۋا ئۆزىگە سەل قارىسا — خۇددى يوشۇرۇن قىلغان ئىبادىتىگە باشقىلارنىڭ ھۆرمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندەك — ئۇ ئەھۋال ئۇنىڭ قەلبىگە ئېغىر كېلىدۇ.

ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا قىلغان ئىبادەتنىڭ بار - يوقلۇقىنىڭ پەرقى بولسىلا، رىيانىڭ مەخپىي شائىبىسىدىن خالىي بولمىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئىبادەتنىڭ ئەجرىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. بۇ خىل رىيادىن پەقەت سىددىقلارلا ساقلىنالايدۇ.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھتىن رىۋايەت قىلىنىپتۇكى: «بىر ئابىد كىشى ھەمراھلىرىغا: ‹بىز ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىزدىن شۇلار يۈزىدىن ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئايرىلدۇق. بىز مالدارغا ماللىرى سەۋەبلىك قونغان ھەددىدىن ئېشىشتىن بەكرەك، بىزگە ئابىدلىكتە ھەددىدىن ئېشىش قونۇشىدىن قورقىمىز. بەزى بىرلىرىمىز باشقىلار بىلەن ئۇچراشسا، دىنى سەۋەبلىك ئىززەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر بىرەر ھاجىتى بولسا، دىنىي ئابرۇيى سەۋەبلىك ئۇ ھاجىتىنىڭ ئادا قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىرنەرسە سېتىۋالسا، دىنىي مەرتىۋىسى سەۋەبلىك ئۇ نەرسىنىڭ ئەرزان بېرىلىشىنى ئىستەيدۇ› دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ پادىشاھىغا يەتتى. پادىشاھ ئابىد بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلاغقا مىنىپ بىر توپ كىشىلەر بىلەن يولغا چىقتى، ھەتتا، ئالامان كۆپلۈكىدىن تۈزلەڭلىك ۋە تاغنى بىر ئالغان ئىدى. ئابىد:

— بۇ نېمە ئەھۋال؟ — دېگەنىدى، ئۇنىڭغا:

— پادىشاھ كەپتۇ، — دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ھەمراھىغا:

— ماڭا تاماق كەلتۈرگىن! — دېگەنىدى، ھەمراھى كۆكتات، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە خورما يېلىمى كەلتۈردى. ئابىد بۇ تاماقنى ئىككى قۇۋزىنى لىق توشقۇزۇپ، قاتتىق ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن پادىشاھ:

— سىلەرنىڭ ئابىد ھەمراھىڭلار قېنى؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— بۇ (كىشى)، — دېدى. پادىشاھ:

— قانداقراق ئەھۋالىڭ؟ — دېگەنىدى، ئابىد:

— كىشىلەرگە ئوخشاش، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ: ‹بۇ ئادەمنىڭ قېشىدا ياخشىلىق يوق› دېدى ۋە قايتىپ كەتتى. ئاندىن ئابىد: ‹پادىشاھنى مەندىن بىزار ھالەتتە قايتۇرغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن› دېدى».

ئىخلاسمەن كىشىلەر دائىم يوشۇرۇن رىيادىن قورقىدۇ. كىشىلەرنى ياخشى ئەمەللىرىنى كۆرسەتمەي ئالداپ قويىدۇ. ياخشى ئەمەللىرىنى يامان ئىشلارنى يوشۇرغاندىن بەكرەك يوشۇرىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەمەللىرى سەۋەبلىك مۇكاپات بېرىشى ئۈچۈن، ئەمەللىرىنىڭ خالىس بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقتىندۇر.

مەخپىي رىيانىڭ بىلىپ - بىلمەي ئارىلىشىپ قېلىشى نىھايەتتە كۆپتۇر.

قاچانكى، ئىنسان ئۆز نەپسىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمىلىنى كۆرۈشى بىلەن كۆرمەسلىكى ئارىسىدىكى پەرقنى سەزسە، ئۇنىڭدا رىيادىن بىر شاخچە بىخ سۈرگەن بولىدۇ. لېكىن، ئەمەلگە ئارىلاشقان رىيانىڭ ھەممىسى ئەجرنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ ۋە ئەمەلنى بۇزۇۋەتمەيدۇ. قايسى رىيانىڭ ئەمەلنى بۇزىدىغانلىقى ۋە ئەجرنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى تەپسىلاتلار بار.

قىلغان ئىبادىتىنى باشقىلار بىلسە سۆيۈنمەيدىغان ھېچكىم يوقتۇر. ئەگەر «ئىبادىتىنى باشقىلار كۆرسە سۆيۈنۈشنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىنەمدۇ؟» دېيىلسە، جاۋابى شۇكى: «ئىبادىتىنى باشقىلار كۆرسە سۆيۈنۈش ماختىلىدىغان سۆيۈنۈش ۋە ئەيىبلىنىدىغان سۆيۈنۈش دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ»:

ماختىلىدىغان سۆيۈنۈش: كىشىنىڭ مەقسىتى تائەت - ئىبادىتىنى يوشۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىش بولسا، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىبادىتىنى كۆرگەندە، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىبادىتىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە گۈزەل تەرەپلىرىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقى، ھەقتائالانىڭ ئۆزىگە نەزەر سالىدىغانلىقى ۋە مېھرىبانلىقى سەۋەبلىك سۆيۈنىدۇ. ئەسلىدە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تائەت - ئىبادەتلىرىنى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلىرىنى ياپقان ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ تائەت - ئىبادىتىنى ئاشكارا قىلىپ، گۇناھ - مەئسىيىتىنى ياپتى. قەبىھ گۇناھلارنى يېپىش ۋە گۈزەل تەرىپىنى ئاشكارا قىلىشتىنمۇ چوڭ مېھرىبانلىق بولمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە سۆيۈنۈشى بۇ سەۋەبلىك بولىدۇ. ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىقىغا ياكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە مەرتىۋە تىكلىگەنلىكى سەۋەبلىك ئەمەس. ياكى بولمىسا ئۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ يامان ئەمەللىرىنى يېپىپ، گۈزەل ئەمەللىرىنى ئاشكارا قىلىش بىلەن «ئاللاھ تائالا ماڭا ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق قىلىدۇ» دېگەننى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ خۇشال بولسا، بۇ ھەم ماختىلىدۇ. چۈنكى شۇ مەنادا ھەدىس كەلگەندۇر[1].

ئەمما، ئۇنىڭ خۇشاللىقى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمىلىنى كۆرۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ماختىشى، ئۇنى چوڭ بىلىشى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بېرىشىدىن كەلگەن بولسا، بۇ ئەيىبلىنىدىغان مەكرۇھتۇر.

ئەگەر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان: «بىر ئادەم:

[1] مۇسلىم (2590). ئۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ تائالا دۇنيادا بىر بەندىسىنىڭ بىر گۇناھىنى ياپسا، ئاخىرەتتىمۇ ئۇنىڭ ئۇ گۇناھىنى ياپىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلغان.

— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىر ئادەم بىر ئەمەلنى مەخپىي قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەمەلنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا، ئۇنى خۇشال قىلىدۇ، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ ئادەمگە مەخپىي ۋە ئاشكارا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئەجىر بولىدۇ، — دېدى»[1] دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى نېمە؟ - دېيىلسە، جاۋاب: بۇ ھەدىس زەئىفتۇر. ئۇنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان. بەزى ئەھلى ئىلىملەر بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى»[2] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مەنىسى «كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق بىلەن ماختىغانلىقى ئۇنى خۇشال قىلغانلىقى» دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئىمام مۇسلىم بىر ھەدىستە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئېيتىپ بەرسىلىچۇ، بىر ئادەم بىر ياخشى ئەمەلنى قىلسا ۋە ئۇنى كىشىلەر ماختىسا قانداق بولىدۇ؟» دېيىلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ بولسا مۇئمىننىڭ بېشارىتىنىڭ نەق ئېرىشىدىغىنىدۇر» دېدى[3].

ئەمما، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەل قىلغانلىقىنى بىلگەنلىكى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۆزىگە ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكى كىشىنى خۇشال قىلسا، بۇ رىيادۇر.

## ئەمەلنى يوقىتا چىقىرىدىغان ۋە يوقىتا چىقارمايدىغان رىيا توغرىسىدا

بىر بەندىگە رىيا قىلسا، ئۇ رىيا ئىبادەتتىن كېيىن ياكى ئىبادەتتىن ئالدىن كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر بىر بەندە ياخشى ئەمەلدىن بىرنى قىلىپ، ئەمىلىنى ئۆزى ئاشكارا قىلمىسىمۇ، ئۆزلىكىدىن ئاشكارا بولۇپ ئۇنىڭغا خۇشاللىق يەتكەن بولسا، بۇ سۆيۈنۈش ئەمەلنى يوقىتا چىقارمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەمەل باشتىلا خالىس ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنىدى. دېمەك، بىر ئەمەل ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىسانە تاماملانغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن سۆيۈنۈش كەبى ئىشلار ئۇنى توغرا ئەمەل بولۇشتىن بۇرۇۋەتمەيدۇ. قىلغان ئەمىلىنى ئۆزى ئاشكارا قىلمىغان ۋە

[1] تىرمىزىي (2384) «ھەسەن، غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 4787) «زەئىف» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1367)؛ مۇسلىم (949).

[3] مۇسلىم (2642).

باشقىلارغا سۆزلىمىگەن بولسا، تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر ئەمىلنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى باشقىلارغا سۆزلىسە ۋە ئاشكارا قىلسا، ئۇ ئەمەل قورقۇنچلۇق بىر ئەمەلدۇر. بۇنىڭدىن كىشىنىڭ قەلبىدە ئەمەلنى قىلغان ۋاقىتتىلا بىر تۈرلۈك رىيانىڭ بارلىقى بىلىنىدۇ. ئەگەر كىشى رىيا قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئەمىلنى سۆزلىگەنلىكى ۋە ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئەمىلىنىڭ ساۋابى كېمىيىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئاشكارا ئەمەل بىلەن يوشۇرۇن ئەمەلنىڭ ئارىسىدا 70 دەرىجە پەرق باردۇر.

لېكىن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئوقۇلغان ناماز كەبى ئىبادەتلەرنى تاماملاش ئالدىدا رىيا كىرگەن، ئەگەر رىيا پەقەت سۆيۈنۈش بولسا، ئۇ ئەمەلگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر رىيا كىشىنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان رىيا بولسا — ئۆزىنى باشقىلار كۆرسۇن ئۈچۈن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغانغا ئوخشاش — بۇنداق رىيا ئەمەلنى يوققا چىقىرىدۇ.

نامازنى رىيا مەقسىتىدە باشلاپ ئوقۇغانغا ئوخشاش ئىبادەتكە باغلىنىپ كەلگەن رىياغا كەلسەك، ئەگەر ئۇ كىشى نامازنى شۇ رىياكار ھالىتىدە تاماملىغان بولسا، ئۇ ناماز ناماز ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ناماز ئىچىدە تۇرۇپ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلسا، ئۇ نامازنى باشتىن قايتا ئوقۇشى لازىم بولىدۇ.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## رىياكارلىقنىڭ دورىسى ۋە قەلبنى ئۇنىڭدىن داۋالاشنىڭ يولى

رىياكارلىقنىڭ ئەمەلنى بىكار قىلغۇچىلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ يامان كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەمەل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھالاك قىلغۇچى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ. شۇڭا، رىياكار كىشى رىيادىن قول ئۈزۈش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق قىلىشقا لايىقتۇر.

رىيانى داۋالاشنىڭ رىيانىڭ شاخلىنىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان يان يىلتىزلىرىنى ۋە غول يىلتىزلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاش ۋە قوزغالغان رىيانى نەق مەيداندا دەفئ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەرتىۋىسى بولىدۇ.

بىرىنچى مەرتىۋە: شۆنى بىلگىنكى، يۈز - ئابرۇي ۋە مەرتىۋە كويىدا بولۇش رىيانىڭ ئاساسىدۇر. بۇ سۆز تەپسىلى بايان قىلىنسا، ئۈچ ئاساسقا تايىنىدۇ. ئۇلار بولسا ماختىنىشنى ياخشى كۆرۈش، تەنقىدنى يامان كۆرۈش ۋە تەمەخورلۇقتىن ئىبارەت.

بۇنىڭ دەلىلى «سەھىھەين»دىكى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدۇر. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئادەم باتۇرلۇق قىلىپ ئۇرۇشىدۇ، يەنە بىرى غەزىپى تاشقانلىقتىن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىرى بولسا رىيا قىلىپ ئۇرۇشىدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشقان بولىدۇ؟ — دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىسى ئەڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئۇ كىشى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشقان بولىدۇ، — دېدى»[1].

ئۇ كىشىنىڭ: «باتۇرلۇق قىلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: «كىشىلەر ئارىسىدا تىلغا ئېلىنىش ۋە ماختىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ» دېگەنلىكتۇر. «غەزىپى تاشقانلىقتىن ئۇرۇش قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: «ئەيىبلىنىش ياكى يېڭىلىپ قېلىشتىن يىرگىنىپ ئۇرۇش قىلىدۇ» دېگەنلىكتۇر. «رىيا قىلىپ ئۇرۇشىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا: «ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ كۆرۈلۈشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ» دېگەنلىكتۇر. بۇ بولسا يۈز - ئابرۇي ۋە مەرتىۋىنىڭ قەلبلەردىكى لەززىتىدۇر.

بەزىدە ئىنسان ماختىلىشنى خاھلىمايدۇ، ئەمما ئۇ قورقۇنچاقلاردەك ئەيىبلىنىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بەزىدە بەردەم تۇرىدۇ، ھەتتا تاپا - تەنە بولمىسۇن دەپ قاچمايدۇ. بەزىدە ئىنسان بىلىمسىزلىك بىلەن ئەيىبلىنىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ئىلىمسىز ھالەتتە پەتىۋا بېرىدۇ. دېمەك، بۇ ئۈچ ئىش ئىنساننى رىيا قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

بۇنى داۋالاشنىڭ يولى تۆۋەندىكىچە: ئەگەر ئىنسان بىرنەرسىنى ئۆزىگە «دەرھال ياكى كېيىنچە ياخشى ۋە مەنپەئەتلىك» دەپ ئويلىسا، ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ ۋە مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ نەق شۇ پەيتتە تاتلىق، لېكىن كېيىنچە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇش ۋە قىزىقىشىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئاسان بولىدۇ. بۇ خۇددى ھەسەلنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا زەھەر بارلىقى ئاشكارىلانغان ھامان ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەندەك بىر ئىش. شۇنىڭدەك بۇ قىزىقىشتا ئۇنىڭدىكى زىيانلارنىمۇ بىلىش كېرەك. يەنى قاچانكى، ئىنسان رىيانىڭ زىيانلىرىنى ۋە رىيا سەۋەبلىك قولدىن كېتىدىغان قەلبنىڭ ئوڭشىلىشى ۋە ئاخىرەتتىكى ئۈستۈن مەرتىۋە قاتارلىق ئىشلارنى

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (123، 2810 ۋە 7458)؛ مۇسلىم (1904).

بىلسە ۋە يەنە دۇنيادا يولۇققۇسى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋەجىدىن غەم - قايغۇنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن بىرگە، ئاخىرەتتە دۇچار بولغۇسى ئازاب ۋە خارلىقلارنى بىلسە (ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ئاسان بولىدۇ). ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى رازى قىلىش يېتىپ بولماس بىر نىشاندۇر. چۈنكى، بىر قىسىم ئىنسانلار رازى بولغان ئىشلارغا باشقا بىر تۈركۇم ئىنسانلار ئاچچىقلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ رازى بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە غەزەپ قىلىدۇ ۋە باشقا ئىنسانلارنىمۇ ئۇنىڭغا غەزەپلەندۈرىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ كىشى نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ مەدھىيەلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپىگە تەۋەككۇل قىلىدۇ؟! خالايىقنىڭ مەدھىيەسى رىزىقنى زىيادە قىلىپ، ئەجەلنى كېچىكتۈرەلمەيدۇ ۋە قاتتىق موھتاجلىق كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ھېچقانداق مەنپەئەت قىلمايدۇ! شۇنىڭدەك كىشى نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن قورقىدۇ؟ ھالبۇكى، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشى ئۇ كىشىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، نە ئەجىلىنى، نە رىزقىنى كېچىكتۈرەلمەيدۇ، چۈنكى پۈتۈن بەندىلەر ئاجىزدۇر. ﴿ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەفئ قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ) جېنىنى ئېلىشقا، (باشقىلارغا) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ﴾«فۇرقان»: 25/3. ئەگەر بۇ نۇقتىلار كىشىنىڭ كۆڭلىدە جايلاشسا، كىشىدە رىيا قىلىشقا بولغان قىزىقىش ئاجىزلايدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا قەلبى بىلەن يۈزلىنىدۇ. چۈنكى، ئەقىللىق كىشى ئۆزىگە زىيانلىق بولغان ۋە مەنپەئەتى ئاز بولغان نەرسىگە قىزىقمايدۇ.

تەمەخورلۇققا كەلسەك، بەندىدىن تەمە قىلىشنى ئاللاھ تائالانىڭ قەلبلەرنى بېرىش ۋە چەكلەش بىلەن بويسۇندۇرۇدىغانلىقىنى، ئاللاھتىن ئۆزگە رىزىق بەرگۈچىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىش بىلەن يوق قىلىش كېرەك. كىشىلەردىن تەمە قىلغان كىشى خارلىق ۋە نائۈمىد بولۇشتىن خالىي قالمايدۇ، ئەگەر مەقسىتىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ مىننەت قىلىنىش ۋە خارلىنىشتىن خالىي بولمايدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن، بۇ تۈرلۈك قۇرۇق ئۈمىد ۋە خام خىياللار بىلەن قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋابنى تەرك ئەتكىلى بولسۇن.

رىيانى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك دورىلىرىدىن بىرى: ئىبادەتلەرنى يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىش ۋە پاھىشە ئىشلار ئالدىدا ئىشىكلەر ئېتىلگەندەك، رىيا ئالدىدا ئىشىكلەرنى ئېتىشتۇر. چۈنكى، رىياغا ئەمەللەرنى يوشۇرۇشتىنمۇ پايدىلىق دورا يوقتۇر. بۇ دەسلەپتە قىيىن كېلىدۇ. ئىبادەتلەرنى يوشۇرۇشقا بىر مۇددەت ئۆزىنى زورلاپ سەبر قىلسا، بارا - بارا قىيىنلىقى ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاسانلىق بېرىدۇ. شۇڭا، بەندە بار كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق قىلىش كېرەك.

تەۋپىق ئاللاھتىندۇر.

ئىككىنچى مەرتىۋە: ئىبادەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن رىيانى يوق قىلىش. بۇنى يوق قىلىشنىمۇ ئۆگىنىش لازىم. كىمكى نەپسىگە قارشى جىھاد قىلسا ۋە قەلبىدىكى رىيا كۆچەتلىرىنى قانائەتچانلىق ۋە نەپسىنى خارلاش، ماختىلىش ۋە ئەيىبلىنىشكە پىسەنت قىلماسلىق بىلەن قومۇرۇپ تاشلىسا، شەيتان ئۇنى ئىبادەت جەريانىدا يەنىلا تاشلىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۇنى تۈرلۈك خىياللارغا سېلىپ رىيا قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. ئەگەر كىشى قەلبىگە ئۆز ئىبادىتىنى خالايىققا بىلدۈرۈش ۋە ئاڭلىتىش ۋەسۋەسىسى كىرسە، كۆڭلىدە: «كىشىلەر سېنىڭ ئەمەلىڭنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، سېنىڭ نېمە ئىشىڭ، ئاللاھ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ بىلگەن ئىكەن، باشقىلارنىڭ بىلىشى نەھاجەت؟!» دېيىش بىلەن بۇ ۋەسۋەسىنى دەفئ قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئەگەر كىشىدە ماختىلىش ئاپىتىگە قىزىقىش قوزغالسا، نەپسىگە رىيا ئاپەتلىرىنى ۋە يامان كۆرۈلۈشكە دۇچار بولۇشنى ئەسلەتسۇن. قىزىقىشقا يامان كۆرۈش بىلەن قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەمەللىرىنى باشقىلارنىڭ بىلگەنلىكىنى بىلىش قىزىقىشنى قوزغايدۇ. رىيانىڭ ئاپەتلىرىنى بىلىش بولسا ئۇنى يامان كۆرۈشنى قوزغايدۇ.

## تائەت - ئىبادەتلەرنى ئاشكارا قىلىشقا ۋە گۇناھلارنى يوشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان تەرەپلەرنىڭ بايانى

### شۇنداقلا گۇناھنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشى ۋە ئەيىبلىشىنى خاھلىماسلىق توغرىسىدا

ئەۋۋەلا شۇنى بىلگىنكى، يوشۇرۇن ئەمەللەردە ئەمەلنى پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىش ۋە رىيادىن خالىي بولۇشتەك پايدا بار. ئاشكارا ئەمەللەردە بولسا باشقىلارنىڭ ئۇ ئەمەلگە ئەگىشىشى ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرۇش پايدىسى بار.

ئەمەللەردىن ھەج ۋە جىھادقا ئوخشاش يوشۇرۇن قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئەمەللەر بار.

ئەمەلنى ئاشكارا قىلغۇچى ئۆز قەلبىدە يوشۇرۇن رىياغا مايىللىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەلبىنى كۆزەتكەي، قىلغان ئەمەلىگە باشقىلارنىڭ ئەگىشىشىنى كۆزلىگەي. ئاجىز كىشى ئەمەلىنى ئاشكارا قىلىش بىلەن ئۆزىنى ئالدىمىسۇن. چۈنكى، ئاجىز كىشى سۇ ئۈزۈشنى ياخشى بىلمىگەنلىكتىن غەرق بولغان كىشىگە

ئوخشايدۇ. ئۇ ئاجىز كىشى غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان جامائەتنى كۆرسە، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇغا سەكرەپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولىدۇ.

كۈچلۈك، ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، نەزەرىدە ھەممە كىشى باراۋەر، بىراۋنىڭ ماختىشى ياكى ئەيىبلىشىگە پىسەنت قىلمايدىغان مۇكەممەل كىشىگە كەلسەك، ئۇنداق كىشى ئەمەلىنى ئاشكارا قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ياخشى ئىشقا قىزىقتۇرۇش ياخشى ئىشتۇر. سەلەف سالىھلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭمۇ ئەمەلىنى ئاشكارا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئەگىشىشى ئۈچۈن بەزى گۈزەل ئەمەللىرىنى ئاشكارا قىلاتتى.

ئۇلاردىن بىرى جان تەسلىم قىلىۋاتقاندا ئەھلىگە: «مەن ئۈچۈن يىغلىماڭلار. چۈنكى، مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ياتىدىغان بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ باقمىدىم» دېگەنىكەن.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەيياش رەھىمەھۇللاھ ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: «بۇ ھۇجرىدا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغىن. چۈنكى، مەن بۇ ھۇجرىدا 12 مىڭ قېتىم ‹خەتمە قۇرئان› قىلدىم».

سەلەف سالىھلەرنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## گۇناھلارنى يوشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان تەرەپلەرنىڭ بايانى

### گۇناھىنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشى ۋە ئەيىبلىشىنى خاھلىماسلىق توغرىسىدا

كىشى بەزىدە خاتالىقىنى يوشۇرۇشنى رىيا دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن. ھەقىقەتتە ئۇ رىيا ئەمەستۇر. راستچىل كىشى گۇناھ سادىر قىلسا، ئۇنى ياپىدۇ. چۈنكى، ھەقتائالا گۇناھلارنى ئاشكارىلاشنى يامان كۆرىدۇ، ئەكسىچە يېپىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى (ئاللاھ چەكلىگەن) بۇ چىركىن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ قالسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ياپقانىدەك ئۇمۇ

(ئۇنى باشقىلاردىن) يوشۇرسۇن»[1] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

كىشى گۇناھ قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىسىمۇ، قەلبى ئاللاھ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتىن خالىي بولمايدۇ. بۇ بولسا ئىمانىنىڭ كۈچىدىندۇر.

گۇناھىنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى ھەم يامان كۆرۈش كېرەك. بۇ بولسا يامان كۆرگۈچىدىكى راستچىللىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

كىشىلەر ئەيىب سانايدىغان ئەمەللەرنى قىلىشنى ھەم يامان كۆرۈشى كېرەك. چۈنكى، باشقىلارنىڭ مالامىتى قەلبنى ۋە ئەقىلنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن توسىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى تاپا - تەنەدىن ئەزىيەت تارتىدۇ. شۇل بائىس، ماختىنىش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، قەلبنى مەشغۇل قىلىپ، زىكردىن توسسا ماختىنىشنى يامان كۆرۈش كېرەك. بۇ ھەم ئىماننىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىندۇر.

## رىيا ۋە باشقا ئاپەتلەردىن قورقۇپ تائەت - ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىشنىڭ بايانى

ئەگەر تائەت - ئىبادەتنى قىلىشقا دىندىن ئۆزگە نەرسە تۈرتكە بولغان بولسا، ئۇنداق ئەمەلنى تەرك ئېتىش كېرەك. چۈنكى، ئۇ تائەت ئەمەس، بەلكى مەئسىيەتتۇر.

ئەگەر مەلۇم ئىبادەت دىنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىلىنغان بولسا ۋە ئۇ ئەمەل ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولسا، ئۇنى تەرك ئەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ئۇ ئەمەلنى قىلىشقا دىن تۈرتكە بولغاندۇر.

شۇنداقلا، باشقىلارنىڭ «رىياكار» دەپ قېلىشىدىن قورقۇپ قىلىدىغان ئەمەلنى تەرك ئەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ئۇ شەيتاننىڭ ھىيلە - مىكرىدىندۇر.

ئىبراھىم نەخەئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «نامىزىڭدا شەيتان يېنىڭغا كېلىپ: ‹سەن رىياكارسەن› دەپ ۋەسۋەسە سالسا، نامازنى تېخىمۇ ئۇزۇن ئوقۇغىن».

بەزى سەلەف سالىھلەرنىڭ رىيا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىكىگە كەلسەك، ئىبراھىم نەخەئىي رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغاندەك: ئۇ قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا، بىر كىشى ئۇنىڭغا يېنىغا كىردى. ئىبراھىم

[1] مالىك (1508). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك»، 7615) «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. ئالبانىيمۇ: («سەھىھۇلجامىئ»، 149) «سەھىھ» دېگەن.

نەخەئىي قۇرئاننى يېپىۋېتىپ، قۇرئان ئوقۇشنى توختاتتى ۋە «بۇ ئادەم مېنى ھەر سائەتتە قۇرئان ئوقۇيدىكەن، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن» دېدى. بۇ رىۋايەتتىن قارىغاندا ئۇلار كۆڭلىدە باشقىلارغا ئەمەلنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈپ قېلىشىنى سەزگەنلىكىدىن ئەمەلنى توختاتقان بولسا كېرەك.

## بەندىنىڭ ئەمەلىدىن كىشلەرنىڭ كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان ئىشلار

بىر كىشى بەزىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغانلار بىلەن بىرگە قونۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇلار كېچىنىڭ كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ كىشىنىڭ ئادىتى بىر سائەت قىيامدا تۇرۇش بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلغانىكەن ئۇزۇن كېچە قىيامدا تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ ياكى ئۇلار روزا تۇتسا ئۇ كىشىمۇ روزا تۇتىدۇ، ئۇ جامائەت بولمىسا ئىدى، ئۇ كىشى بۇنچە تېتىك بولمايتتى. بەزىلەر بۇنى رىيا دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ مۇتلەق رىيا دېيىلمەيدۇ. بەلكى بۇنىڭ رىيا بولىدىغان ۋە رىيا بولمايدىغان تەرەپلىرى باردۇر: ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا قىزىقىدىغان، لېكىن بەزى توسالغۇلار تۈپەيلى ۋە غەپلەت مەھكۇمى ھەرقانداق مۇئمىن بەزىدە باشقىلارنى كۆرسە غەپلەتتىن قۇتۇلۇپ، توسالغۇلار كۆتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، كىشى ئۆز ئۆيىدە بولسا يۇمشاق تۆشەكتە ئۇخلاشقا ۋە ئائىلى بىلەن ھۇزۇرلىنىشقا قادىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ناتونۇش بىر يەردە قونۇپ قالسا، بۇ پاراغەتلەردىن يىراق تۇرۇپ ئۇنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدىغان سەۋەبلەر ھاسىل بولىدۇ. ئىبادەت قىلغۇچىلارنى كۆرۈش شۇ سەۋەبلەر جۈملىسىدىندۇر. بەزىدە كىشى ئۆز ئۆيىدە يېمەك - ئىچمەك موللىقىدىن روزا تۇتالمايدۇ، ئۆزگە ئۆيدە بولسا ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭدەك ئەھۋاللاردا شەيتان ئىنساننى ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. شەيتان ئۇنىڭغا: «سەن ئۆز ئادىتىڭدىن باشقا ئىش قىلساڭ، رىياكار بولىسەن» دەپ ۋەسۋەسە سالىدۇ. كىشى پەقەت ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن مەقسىتىگە نەزەر سېلىشى، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە باقماسلىقى كېرەك.

ئۆزى كىشىلەرنى كۆرىدىغان، ئەمما كىشىلەر ئۆزىنى كۆرمەيدىغان بىر ئورۇندا «يېنىدا كىشىلەر بار» دەپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سىناپ بېقىشى، ئەگەر نەپسىنى ئىبادەتكە بېرىلگەن ھالەتتە كۆرسە، ئۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئەگەر بېرىلمىسە، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىبادەتكە بېرىلىشى رىيا بولىدۇ. باشقا ئىشلارنىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئايرىسا بولىدۇ.

مانا بۇلار رىيا ئاپەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. سەن بۇ ئاپەتلەر توغرۇلۇق تېخىمۇ

چوڭقـۇر ئىزدەنگــەن، نىيىتىڭنــى يــوقلاپ تۇرغــىن. چۈنكــى، رىيـا چۈمۈلىنىــڭ ماڭغىنىدىنمۇ يوشۇرۇندۇر.

ئـاللاھ رازىلىقىنــى ئىــرادە قىلغۇچــى ئۆزىنىــڭ بارلىــق تائــەت - ئىبادەتلىرىنــى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا قەلبىنى قانائەت قىلىشقا زورلىشى لازىم.

## ئاللاھ رازىلىقىنى ئىرادە قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ۋە ئەمەل قىلىۋاتقاندا نەپسىگە لازىم بولىدىغان سۈپەتلەرنىڭ بايانى

بۇنىڭغـا ئـاللاھ تائالانىــڭ ئازابىدىــن قورقىشــى ۋە ئـاللاھ تائالانىــڭ جەننىتىنــى ئۈمىــد قىلغـان كىشــىلا قانائــەت قىلىــدۇ. ئـاللاھ رازىلىقىنــى ئىــرادە قىلغۇچــى «ئـاللاھ رازىلىقىنــى كۆزلەشــكە پەقــەت كۈچلــۈك كىشــىلەرلا قادىــر بولالايــدۇ، مــەن بولســام ياخشــى ئىــشلار بىلــەن يامـان ئىشلارنــى ئارىلاشــتۇرۇپ قىلىدىغـان كىشــىلەردىنمەن» دەپ قىلىــپ ئــۆز نەپســىنى ھــەر ئىشــنى ئـاللاھ رازىلىقــى ئۈچــۈن قىلىشــتىن ئىبــارەت ئىــخلاس قىلىشــتىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەســلىكى كېــرەك ۋە ئىــخلاس ســۈپىتىنى ھاســىل قىلىشــنى تاشلىماســلىقى كېــرەك. چۈنكــى، ياخشــى ۋە يامـان ئەمەلنــى ئارىلاشــتۇرۇپ قىلىدىغان كىشى ئىخلاس سۈپىتىگە تېخىمۇ موھتاجدۇر.

ئىبراھىــم ئىبنــى ئەدھــەم رەھىمەھـۇللاھ مۇنــداق دەيــدۇ: «مــەن ئىلــم - مەرىپەتنى ســەمئان دېيىلىدىغــان بىــر راھىبتىــن ئۆگەنــدىم. مــەن ئۇنىــڭ چېركاۋىغـا كىرىــپ، ئۇنىڭغا:

—— سەن بۇ ئىبادەتخانىدا تۇرۇۋاتقىلى قانچىلىك بولدى؟ —— دېگەنىدىم، ئۇ:

—— 70 يىل بولدى، —— دېدى.

—— سەن نېمە يەيسەن؟

—— ھەر كېچىسى بىر تال پۇرچاق.

—— شــۇ بىــر تــال پۇرچاقنىــڭ كۇپايــە بولۇشــى ئۈچــۈن قەلبىڭنــى بويســۇندۇرغان نەرسە نېمە؟

—— مۇنۇ ئۇدۇلۇڭدىكى چېركاۋنى كۆردۈڭمۇ؟

—— ھەئە.

—— ناســارالار مېنىــڭ يېنىمغـا ھــەر يىلــى بىــر قېتىــم كېلىــدۇ ۋە ئىبادەتخانامنــى زىننەتلەيــدۇ ۋە ئۇنىــڭ ئەتراپىــدا تــاۋاپ قىلىــدۇ. شــۇنداق قىلىــش ئارقىلىــق ئــۇلار مېنــى ئۇلۇغلايــدۇ. قاچانكــى نەپســىم ئىبــادەت قىلىشــقا ئېغىرلىــق قىلســا، مــەن

نەپسىمگە شۇ سائەتتىكى ئەزىزلىكنى ئەسلىتىمەن. مەن شۇ بىر سائەتلىك ئەزىزلىك ئۈچۈن بىر يىل قىيىنچىلىققا سەبىر قىلىمەن. شۇڭا، سەنمۇ ئى مۇسۇلمان! مەڭگۈلۈك ئەزىزلىك ئۈچۈن بىر سائەتلىك قىيىنچىلىقنى كۆتۈرگىن. نەتىجىدە قەلبىمدە بۇ ئىلىم - مەرىپەت ئىز قالدۇردى.

ئۇ:

— يەنە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ماقۇل، — دېدىم. ئۇ ماڭا:

— قېنى چېركاۋدىن چۈشكىن، — دېدى. مەن چېركاۋدىن چۈشتۈم، ئۇ ماڭا ئىچىگە 20 تال پۇرچاق سېلىنغان بىر تۇلۇمنى تاشلىدى، ئاندىن ماڭا:

— ئاۋۇ ئىبادەتخانىغا كىرگىن، ئۇلار مەن ساڭا تاشلاپ بەرگەن نەرسىنى كۆردى، — دېدى. مەن چېركاۋغا كىرىۋېدىم، خىرىستىيانلار يىغىلدى ۋە:

— ئى مۇسۇلمان! راھىب ساڭا نېمە تاشلاپ بەردى؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ئۆزىنىڭ ئوزۇقىدىن ئازراق نەرسە تاشلاپ بەردى، — دېدىم. ئۇلار:

— ئۇنى سەن نېمە قىلىسەن، بىز ئۇنىڭغا بەكرەك ئېھتىياجلىق، ئۇنى بىزگە سېتىپ بەرگىن، — دېدى. مەن:

— 20 تىللا، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا 20 تىللا بەردى. مەن راھىبنىڭ يېنىغا قايتىپ باردىم، ئۇ:

— سەن خاتالاشتىڭ، ئەگەر سەن ئۇلارغا ئۇنى 20 مىڭ تىللاغا سودىلاشقان بولساڭمۇ ئۇلار ئۇنى ئالاتتى. بۇ بولسا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلمايدىغان كىشىنىڭ ئەزىزلىكىدۇر، ئۇنداقتا ‹ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىنىڭ ئەزىزلىكى قانداق بولىدۇ؟› ئۇنىڭغا قارىغىن! ئى مۇسۇلمان! پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنگىن، — دېدى».

بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، ئىنسانلار نەپسلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ئۇلۇغلىنىش ئەزىزلىكىنى سەزسە، كىشىلەردىن خالىي خىلۋەتتە بولىدۇ. بۇ بۈيۈك ئاپەتتۇر. بۇ ئاپەتتىن سالامەت قېلىشنىڭ ئالامىتى بولسا: كىشى ھايۋانلار بىلەن ئادەملەرگە باراۋەر نەزەردە قارىشى ۋە قىلغان ئەملى زېمىن ئۈستىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك ئەمەل قىلىدىغان كىشىنىڭ ئەملىدەك بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭغا ئاجىز ۋەسۋەسىلەر كىرسە ئۇنى قايتۇرالايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# يىگىرمىنچى بۆلۈم: تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى

## تەكەببۇرلۇقنىڭ بايانى

بۇ ئىككى پەسلدۇر:

### بىرىنچى پەسل: تەكەببۇرلۇق قىلىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى ئايەتلىرىمنى چۈشىنىشتىن يىراقلاشتۇرىمەن﴾7/«ئەئراف»: 146، ﴿ئاللاھ تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾16/«نەھل»: 23.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[1].

«سەھىھەين»دىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دوزاخ ئېيتتى: مەن تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قىلغۇچىلارغا خاس قىلىندىم»[2].

ئاللاھ رەسۇلى يەنە: «زالىملار ۋە مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى كىچىككىنە قىزىل چۈمۈلە سۈرىتىدە ھەشىر قىلىنىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئەرزىمەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇلارنى دەسسەيدۇ»[3] دېگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «كۆڭلى تارتقانلىقتىن مەئسىيەت

[1] مۇسلىم (91). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4850)؛ مۇسلىم (2846). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەتتەۋازۇئۇ ۋەلخۇمۇل»، (224). ھافىز ئىراقىي: («تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھيائ»، 229/3) «بۇ ھەدىسنى بەززار ‹زالىملار› دېگەن كەلىمەسىز مۇشۇنداق ئىخچاملاپ رىۋايەت قىلغان، سەنەدى ھەسەن» دېگەن.

قىلىپ قالغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن ئۈمىدۋار بولغىن! چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆڭلى تارتقانلىقتىن (دەرەختىن يەپ) مەئسىيەت قىلىپ سېلىۋىدى، شۇ ھامان مەغپىرەت قىلىندى. قىلمىشى تەكەببۇرلۇقتىن بولسا، ئۇنىڭغا لەنەت قىلىنىشتىن قورققىن! چۈنكى، ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانىدى، شۇ ھامان لەنەت قىلىندى».

«سەھىھەين»دىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كىمكى كىيىمنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ سۆرەشتۈرۈپ كىيسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قارىمايدۇ، — دېگەنىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ئىزارىمنىڭ بىر پېشى دىققەت قىلمىسام سۆرۈلۈپ قالىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سەن ئۇنى تەكەببۇرلۇق بىلەن قىلىدىغان كىشىلەردىن ئەمەسسەن، — دېدى[1].

## تەكەببۇرلۇقنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ ئاپەتى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، تەكەببۇلۇق يوشۇرۇن خۇلق بولۇپ، ئۇ خۇلقتىن تەكەببۇرلۇق ئەكس ئەتكۈچى ئەمەللەر سادىر بولىدۇ. ئاندىن ئۇ ئەمەللەر بەدەندىكى ئەزالاردا ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن خۇلق بولسا بىراۋدىن ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرۈشتۇر. يەنى كىشى ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەل چاغلاپ، باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. شۇندا ئۇ كىشى مۇتەكەببىر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن تەكەببۇرلۇق ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن (العجب) ئايرىلىدۇ. چۈنكى، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ئۆزىگە تەمەننا قويغۇچىدىن باشقا بىر كىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ھەتتا ئىنسان ئۆزى يالغۇز يارىتىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزىگە تەمەننا قويغۇچى بولۇشى تامامەن مۇمكىن. ئەمما، باشقىلار بىلەن بولغاندا ۋە ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى كۆرگەندە، ئاندىن تەكەببۇرلۇق تۇغۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسان قاچانكى ئۆزىنى چوڭ ساناش نەزەرى بىلەن قارىسا، ئۆزىدىن تۆۋەنرەك كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرىدۇ، پەس كۆرىدۇ. بۇنداق تەكەببۇرانە قاراش بەئەينى خەلق ئامىسىنى نادان ساناپ ۋە تۆۋەن كۆرۈپ ئېشەككە قارىغاندەك قاراشتۇر.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5784)؛ مۇسلىم (2085). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاپىتى چوڭدۇر. تەكەببۇرلۇق بىلەن سەرخىل كىشىلەرمۇ هالاك بولىدۇ. ئابىدلار، زاهىدلار ۋە ئالىملارمۇ تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنالمايدۇ. تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاپىتى قانداقمۇ چوڭ بولمىسۇن؟! چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بولغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دەپ خەۋەر بەردى[1].

تەكەببۇرلۇق شۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكە كىرىشتىن توسقۇچى پەردە بولۇپ قالىدۇكى، تەكەببۇرلۇق بەندە بىلەن مۆئمىنگە خاس ئەخلاقلارنىڭ ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى، تەكەببۇر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى مۆئمىنلەر ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرەلمەيدۇ. نەتىجىدە كەمتەر بولۇشقا، ھەسەت - ئاداۋەت ۋە غەزەپلىنىشنى تاشلاشقا، ئاچچىقنى يۇتۇشقا ۋە نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. كىشىلەرنى پەس كۆرۈش ۋە غەيۋەت قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئەيىب كۆرۈلىدىغان بارچە خۇلقلارنى مەجبۇرىي قىلىدۇ.

تەكەببۇرلۇق تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يامانلىرىدىن بىرى: باشقىلارنىڭ ئىلمىدىن پايدا ئېلىش، ھەقنى قوبۇل قىلىش ۋە ھەققە بويسۇنۇشتىن توسىدىغان تەكەببۇرلۇقتۇر.

بەزىدە تەكەببۇر كىشى ئىلىم - مەرىپەتكە ئېرىشىدۇ. لېكىن، نەپسى ھەققە بويسۇنۇشقا ئىتائەت قىلمايدۇ. خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە دېگىنىدەك: ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴾27/«نەمل»: 14 ، ﴿ئۇلار: «بىزگە ئوخشاش ئىككى ئاددىي ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشتى﴾ 23/«مۆئمىنۇن»: 47 ، ﴿ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان» دېدى﴾14/«ئىبراھىم»: 10 .

بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر كۆپتۇر. مانا بۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىغا قارشى تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقتۇر.

بەندىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىشنىڭ ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە ئۆزىنى ئۇلاردىن چوڭ تۇتۇش ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۆزلەندى. ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيهىسسالامغا قارىتا چوڭچىلىق قىلىشى ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن ئىبارەت بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىققا ئېلىپ بارغىنىدەك، بۇ خىل تەكەببۇرلۇق ھەم ئىنسانىنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا چوڭچىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم تەكەببۇرلۇقنى چۈشەندۈرۈپ:

[1] مۇسلىم (91). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايىتى.

«تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش ۋە باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈشتۇر» دېگەن[1].

يەنى كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇلارنى مەنسىتمەسلىكتۇر.

## ئالىملار ۋە ئابىدلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ئاپىتى ھەققىدىكى دەرىجىلىرى

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ئالىملار ۋە ئابىدلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىشىنىڭ ئاپىتى بىرنەچچە دەرىجە بولىدۇ:

بىرىنچى دەرىجە: ئالىم ۋە يا ئابىد بىر كىشىنىڭ قەلبىدە تەكەببۇرلۇق يەرلەشكەن بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ياخشى، دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇزلۇكسىز تىرىشىدۇ ۋە كەمتەرلىك قىلىدۇ. مانا بۇنداق كىشى قەلبىدە تەكەببۇرلۇق دەرىخى ئۈنگەن، لېكىن ئۆزى ئۇنىڭ شاخلىرىنى كېسىۋەتكەن كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە: بىراۋ سورۇنلاردا تۆرگە ئۆتۈۋېلىش، تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىۋېلىش ۋە ئۆزىگە قارىتا قۇسۇر ئۆتكۈزگەن كىشىگە كايىش قاتارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن تەكەببۇرلۇقىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئۇنداق ئالىمنى تەكەببۇرلۇق بىلەن كىشىلەردىن يۈز ئۆرىگەنىدەك قىلىپ مەڭزىنى باشقا ياققا بۇرىغانلىقىنى، ئۇنداق ئابىدنى بولسا كىشىلەردىن يىرگىنگەنىدەك تەرىنى تۈرگەن ھالەتتە كۆرىسەن. بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئۆگەتكەن ئەدەبنى بىلمىگەن كىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن!﴾ «شۇئەرائ»: 26/215

ئۈچىنچى دەرىجە: قۇرۇق دەۋا، ماختىنىش، ئۆزىنى ئاق چاغلاش ۋە ئۆز ئەھۋالىنى باشقىلارغا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىش قاتارلىقلار بىلەن تەكەببۇرلۇقىنى تىلى ئارقىلىق ئاشكارا قىلىش.

## دۇنيا ئىشلىرىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

نەسەبى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىش. نەسەبى ئۇلۇغ بولغان كىشى ئۆزىچىلىك نەسەبتە بولمىغان كىشىنى ئەمەل - ئىبادەتتە يۈكسەك بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا

[1] يۇقىرىقى ھەدىس.

تۈۋەن كۆرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە: ‹مەن سەندىن بەكرەك ئېسىلمەن› دەيدۇ. ھالبۇكى، ھېچكىم ھېچكىمدىن بەك ئېسىل ئەمەس. ئېسىللىك پەقەت تەقۋالىق بىلەنلا بولىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا: ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾49/«ھۇجۇرات»: 13 دەيدۇ.

2) مال ـ مۈلك، گۈزەللىك، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىش.

مال ـ مۈلك بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىش پادىشاھلار ۋە سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا كۆپ يۈز بېرىدۇ.

گۈزەللىك بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىش ئاياللار ئارىسىدا كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇ تەكەببۇرلۇق ئۇلارنى بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەش، غەيۋەت قىلىش ۋە ئەيىبلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ياردەمچىلىرى سەۋەبلىك تەكەببۇرلۇق قىلىشقا كەلسەك، پادىشاھلارنىڭ ئۆزئارا ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن پەخىرلىنىشى، ئالىملارئارا بولسا ئىلمىدىن پايدىلانغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پەخىرلىنىش بىلەن بولىدۇ.

خۇلاسە كالام، «مۇكەممەللىك» دەپ ئىشىنىش مۇمكىن بولىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئۆزى مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىش مۇمكىندۇر. ھەتتا پاسىق كۆپ ھاراق ئىچىش ۋە گۇناھنى كۆپ قىلىشنى «مۇكەممەللىك» دەپ گۇمان قىلىپ ئىپتىخارلىنىدۇ.

## كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىرى، كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشنىڭ ئاشكارا ئالامەتلىرى

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، تەكەببۇرلۇق بىر كىشىنىڭ يۈزىنى باشقىلاردىن بۇرىشى، كىشىلەرگە ئالىيىپ قارىشى، بېشىنى تۆۋەن سېلىشى، باداشقان قۇرۇپ ياكى يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى، سۆزلىرىدە، ھەتتا ئاۋازى، ئاھاڭىدا ۋە سۆز مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك مېڭىش، غادىيىۋېلىش، ئۆرە تۇرۇش، ئولتۇرۇش، ھەرىكەت قىلىش، شۇڭ تۇرۇش ۋە باشقا بېرىپ ـ كېلىش

ھەرىكەتلىرىدە ئاشكارا بولىدۇ.

تەكەببۇر كىشىنىڭ بىر سۈپىتى باشقىلارنىڭ ئۆز ھۇزۇرىدا ئۆرە تۇرۇشىنى ياخشى كۆرۈشىدۇر.

ئۆرە تۇرۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: ئۆزى ئولتۇرۇۋېلىپ، بېشىدا باشقىلارنىڭ ئۆرە تۇرۇشى. بۇ خىل ئۆرە تۇرۇشتىن چەكلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ھۆرمەت قىلىشىنى ئارزۇلىسا، دوزاختىن ئورۇن ئالسۇن»[1].

بۇ خىل ھالەتتە تۇرۇش ئەجەملەرنىڭ ۋە چوڭچى كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر.

ئىككىنچى: بىرەر ئادەم كەلگەن چاغدا ئورنىدىن تۇرۇش. سەلەف سالىھلەر بۇنى قىلمىغان ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىر كىشى يوق ئىدى. ساھابەلەر رەسۇلۇللاھنى كۆرسە، ئۇ زات يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھۆرمەت يۈزىدىن ئورنىدىن تۇرمايتتى»[2].

ئالىملار مۇنداق دېگەن: ئاتا - ئانىغا، ئادىل خەلىپىگە ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇش مۇستەھەبتۇر. بۇ ئەردەملىك كىشىلەرنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. كىشى ئورنىدىن تۇرۇشقا مۇناسىپ كىشىگە ئورنىدىن تۇرمىسا، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرمىغان كىشىنى «ئۇ مېنى ھۆرمەتلىمىدى» دەپ بۇنى بىھۆرمەتلىك ۋە ئۆزىگە قىلىنغان ئەدەبسىزلىك دەپ قارىشى مۇمكىن، نەتىجىدە بۇ ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

بۇنىڭ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆرە تۇرىدىغان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەب بولۇشى، ھۆرمەتلەنگەن كىشىنىڭ بۇنى ياقتۇرماسلىقى ۋە «مەن بۇنىڭغا لايىق ئەمەس» دەپ ئويلىشى كېرەكلىكىنى توسۇپ قويمايدۇ.

مۇتەكەببىرنىڭ سۈپەتلىرىدىن: تەكەببۇر كىشى ماڭسا، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ

---

[1] ئەھمەد (16807)؛ ئەبۇ داۋۇد (4357، 5229). مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 5957) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد (12367)؛ ئىمام بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (946)؛ تىرمىزىي (2754). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇل ئەدەبىل مۇفرەد»، (946) «سەھىھ» دېگەن.

كەيىندىرەك مېڭىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

يەنە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھېچكىمنى يوقلىمايدۇ.

ۋە يەنە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مېڭىشى ياكى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشىنى يامان كۆرىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنەلىكلەرنىڭ دېدەكلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇ زاتنى (بىرەر ئىشنى ھەل قىلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن) خاھلىغان يېرىگە ئېلىپ باراتتى»[1].

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ: «مەن ئابدۇلئەزىز ئىبنى رەۋۋادنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، مېنىڭ يوتام ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىپ تۇراتتى، مەن ئۆزۈمنى سەل تارتسام، ئۇ مېنىڭ كىيىمنى تۇتۇپ، مېنى ئۆزى تەرەپكە تارتىپ: ‹سىلەر ماڭا نېمە ئۈچۈن زالىملارغا مۇئامىلە قىلغاندەك قىلىسىلەر؟! مەن ئىچىڭلاردا مەندىنمۇ يامان ئادەم يوق دەپ قارايمەن› دېدى» دەيدۇ.

تەكەببۇر كىشىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى: ئۆيىدە ھېچ ئىشقا قول تىقماسلىق. بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە خىلاپتۇر[2].

تەكەببۇر كىشىنىڭ سۈپەتلىرىدىن يەنە بىرى: ئۆز نەرسە - كېرەكلىرىنى بازاردىن ئۆيىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلمەسلىك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرنەرسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن[3].

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەختلەرنى بازارغا ئاپىرىپ تىجارەت قىلاتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گۆش سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويغان ئىدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خورما سېتىۋېلىپ، ئۇنى بىر بوغچىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان ئىدى، بىر كىشى:

—— مەن كۆتۈرەيمۇ؟ —— دېگەندە، ئۇ:

---

[1] بۇخارىي (6072).

[2] چۈنكى، ھەدىسلەردە كەلگىنىدەك، رەسۇلۇللاھ ئەھلىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى (بۇخارىي (676). كەشىنى، كىيىمنى ئۆزى ياماپتتى (ئەھمەد (25380). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىسسەغىر ۋە زىيادەتۇھۇ»، 9068) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ يەئلا (6162) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئىشتاننى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزى كۆتۈرگەنلىكىنى زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

— ياق! بۇنى كۆتۈرۈشكە بۇنى يەيدىغان باللارنىڭ دادىسى ئەڭ لايىق، — دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى بازاردىن بىر باغلام ئوتۇن كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە شۇ كۈنلەردە خەلىفە مەرۋاننىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگە: «پوش - پوش، ئەمىرگە يول بېرىڭ!» دېگەن ئىدى.

كىمكى تەكەببۇرلۇقنى يوقاتماقچى ۋە كەمتەر بولماقچى بولسا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۈلگە ئالسۇن. بۇ ھەقتە «تىرىكچىلىكنىڭ ئەدەبلىرى» دېگەن تېمىدا ئىشارەت قىلىندى.

## تەكەببۇرلۇقنىڭ داۋاسى ۋە كەمتەرلىككە ئېرىشىشنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، مۇتەكەببىرلىك ھالاك قىلغۇچى ئىشلاردىن بىرىدۇر. تەكەببۇرلۇقنى داۋالاش پەرز ئەيندۇر ۋە ئۇنى داۋالاشتا ساقا ئىككى مەرتىۋە بار:

بىرىنچى: تەكەببۇرلۇقنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇش. بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى تونۇشى بىلەن بولىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇسا، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق خار مەخلۇقتىنمۇ بەك خار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ يوقلۇقتىن بار بولۇشتا ئەزەلدە تۇپراق، ئاندىن مەنىي، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، ھېس قىلمايدىغان ۋە ھەرىكەتلەنمەيدىغان جانسىز بىرنەرسە ھالىتىدىن تىلغا ئېلىنىدىغان بىرنەرسىگە ئايلانغانلىقىنى، ھاياتلىقتىن ئالدىن ئۆلۈمنىڭ، كۈچتۈڭگۈرلۈكتىن ئاۋۋال ئاجىزلىقنىڭ ۋە باياشاتلىقتىن بۇرۇن نامراتلىقنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلىشى كۇپايە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئىشارەت قىلغان: ﴿ئاللاھ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ ئاللاھ ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) ئاللاھ ئۇنى بىرقانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ پەيدىنپەي ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا (ماڭار) يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى﴾80/«ئەبەسە»: 18 - 20 ۋە: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق﴾76/«ئىنسان»: 2 دېگەن.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئۆلۈكلۈك (يوقلۇق) ھالىتىدىن تىرىلدۈردى، ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئەڭ چىرايلىق قىلدى. ئۇنى دۇنياغا چىقاردى، ئۇنى يېمەك بېرىپ تويغۇزدى، ئىچمەك بېرىپ قاندۇردى، ئۇنىڭغا كىيىم بەردى، ھىدايەت قىلدى ۋە كۈچلەندۈردى.

ئەسلى بۇ تۇرۇپ، ئىنسان قايسى يۈزى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلار ۋە ماختىنار؟!

ئەگەر ئىنسان دۇنيادا ئۆز خاھىشى بويىچە ياشىسا ئىدى، ئۇ ئەلبەتتە ھەددىدىن ئاشاتتى. بەلكى ئۇنى بىر - بىرىگە زىت خىلىتلار، قورقۇنچلۇق كېسەللىكلەر چىرمىغان، نەۋقىرانلىقتا يەتكەندە ئۇشتۇمتۇت ئاجىزلىشىپ، يىقىلغان بولاتتى. ئىنسان ئۆزىگە پايدا - زىيان يەتكۈزىدىغان ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، بىرنەرسىنى يادقا ئالسا ئۇنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. نېمىنى لەززەتلىك ھېس قىلسا، ئۇ نەرسە ئۇنى ھالاك قىلىدۇ، نېمىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئاندىن ئۇ بىمەھەل ئۆلۈمدىن ئەمىن بولالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ھالىتىدۇر. ئالدىدا سۆزلەنگىنى بولسا ئۇنىڭ دەسلەپتىكى ھالىتىدۇر.

ئۇنىڭ ئاخىرقى ھالىتىگە كەلسەك، ئۆلۈم ئۇنى ئىلگىرىكى جانسىز ھالىتىگە قايتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى تۇپراققا تاشلاپ سېسىق تاپقا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى چىرىيدۇ، سۆڭەكلىرى بۇزۇلىدۇ، تېنىنى قۇرتلار يەيدۇ ۋە سۆڭەكلىرى ساپال قاچىلار ياسىلىدىغان، (كېسەك - خىش قويۇلۇپ،) بىنالار سېلىنىدىغان تۇپراققا ئايلىنىدۇ.

چىرىپ ئۈزۈن مۇددەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ تارقىلىپ كەتكەن ئەزالىرى توپلىنىدۇ، ئۇ ئىنسان تىرىلىپ مەھشەر مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. ئۆزگەرتىلگەن زېمىنلارنى، سەيرى قىلدۇرۇلغان تاغلارنى، يېرىلغان ئاسماننى، تۆكۈلگەن يۇلتۇزلارنى، نۇرى ئۆچۈرۈلگەن قۇياشنى، زۇلمەت - قاراڭغۇلۇقنى، دوزاخنىڭ نالە - پەريادىنى ۋە يېيىلغان ئەمەل دەپتەرلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا: ﴿نامە - ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ يېتەرلىكتۇر، دېيىلىدۇ﴾17/«ئىسرائ»: 14.

ئۇ ئىنسان: «بۇ نېمە كىتاب؟» دەيدۇ. ئۇنىڭغا: «سەن خۇشال بولغان، نېئمەتلىرى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھاياتىڭدا، ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، سەن سۆزلىگەن ۋە ئەمەل قىلغان نەرسىلىرىڭنى، يېگەن - ئىچكىنىڭنى، ئولتۇرۇپ- قوپقىنىڭنى يازىدىغان ئىككى پەرىشتە ساڭا مۇئەككەل قىلىنغان ئىدى، سەن ئۇ ئەمەللەرنى ئۇنۇتتۇڭ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھېسابلاپ قويغاندۇر. شۇ قىلغان ئەمەللىرىڭگە ھېساب بېرىش ئۈچۈن كەلگىن ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب تەييار قىلغىن، ئەگەر جاۋاپ بېرەلمىسەڭ، دوزاخقا ھەيدىلىسەن» دېيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەھۋالدىكى ئىنسان تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ.

ئەگەر ئۇ ئىنسان دوزاخقا كىرسە، ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق ھالدىدۇر. چۈنكى، ھايۋانلار تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇ ئەھۋالدىكى ۋە خاتالىقلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىش - قىلماسلىقىدىن دەرگۇمان ئىنسان قانداقمۇ

تەكەببۇرلۇق قىلسۇن؟! كىممۇ ئازابقا تارتىلىدىغان گۇناھتىن سالامەت قالالىسۇن؟! مۇتەكەببىرنىڭ مىسالى: پادىشاھقا قارشى بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، مىڭ قامچا جازاغا بۇيرۇلۇپ، زىنداندا جازالىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ. مىڭ قامچا ئۇرۇلۇشنى كۈتۈۋاتقان ئادەمنى زىنداندىكىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ قارامسەن؟ دېمەك، دۇنيا زىنداندىن ئىبارەتتۇر. گۇناھ - مەئسىيەت قىلغانلار ئازابلىنىشقا لايىقتۇر.

پەرۋەردىگارىنى تونۇشتا، پەرۋەردىگارىنىڭ قۇدرەت ئالامەتلىرىگە ۋە ئاجايىپ يارىتىشلىرىغا قارىسا كۇپايە. بۇ قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇش ئاشكارا بولىدۇ. بۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلايدىغان شىپادۇر.

ئەمەل قىلىشقا خاس شىپالاردىن بىرى: ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئەمەلىيەتتە كەمتەر بولۇشتۇر. بۇ سۈپەت داۋاملىق كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىغا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىكى كەمتەرلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىلگىرى ئىشارە قىلىندى.

ئىككىنچى مەرتىۋە: تەكەببۇرلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان سەۋەبلەر توغرىسىدا

كىمكى نەسەبى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلسا، بىلسۇنكى، بۇ باشقىلارنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ماختىنىشتۇر. ئۇ ئاتا - بوۋىسىنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالغاي. ئۇنىڭ ئاتىسى مەينەت بىر مەنىيدىن، بوۋىسى بولسا توپا - تۇپراقتىندۇر.

كىمكى كېلىشكەن چىرايى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئىچ دۇنياسىغا ئاقىللارچە قارىسۇنكى، ئەسلا ھايۋانلارچە سىرتقى كۆرۈنۈشكە قارىمىسۇن.

كىمكى كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلسا، بىلسۇنكى، ئەگەر كىشىنىڭ بىرگىنە تومۇرىغا ئاغرىق يەتسە، ئۇ ئەڭ ئاجىز ئىنسانغا ئايلىنىدۇ. بىر كۈنلۈك قىزىتما كىشىنى خېلى ئۇزۇن مۇددەتتە تولۇقلىۋالغىلى بولمايدىغان كۈچىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. پۇتىغا كىرگەن بىر تال تىكەن ئۇنى قىينايدۇ ۋە قۇلىقىغا بىر تال قۇرت كىرىۋالسا، ئۇنى بىئارام قىلىدۇ.

كىمكى بايلىقى سەۋەبلىك تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئويلىسۇنكى، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا قارىغاندا بەكمۇ باي! يەھۇدىيلارنى ئازدۇرغان ئۇنداق شەرەپكە تۈفى! بايلىقنى ئوغرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىۋالسا، مال ئىگىسى خار كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

كىمكى ئىلمى سەۋەبلىك تەكەببۇرلۇق قىلسا، بىلسۇنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالىمغا بولغان سورىقى جاھىلغا قارىغاندا قاتتىق بولىدۇ. ئالىم ئۆزى يولۇققۇسى بۇيۇك خەتەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلسۇن. چۈنكى، ئالىمنىڭ قەدرى باشقىلارنىڭ قەدرىگە قارىغاندا چوڭ بولغىنىدەك، ئىلىمنىڭ خەتىرى باشقا نەرسىلەرنىڭ خەتىرىگە قارىغاندا چوڭدۇر.

بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇقنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنى بىلسۇن. ئىنسان تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق قىلسا، ئاللاھنىڭ نەزەرىدە يامان كۆرۈلگەن، ئۆچ كۆرۈلگەن ئىنسانغا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ كەمتەر بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. يەنى، تەكەببۇرلۇق كەمتەرلىك بىلەن داۋالىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھەرقانداق ئىللەتنى ئۇنىڭ ئەكسى بىلەن داۋالاشقا بولىدۇ.

## كەمتەرلىك ئەخلاقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان مەشىقنىڭ ئۆلچىمى

بىلگىنكى، بۇ ئەخلاقنىڭمۇ باشقا ئەخلاقلارغا ئوخشاشلا ئىككى ئۇچى ۋە ئوتتۇرى بولىدۇ. ئېشىپ كەتكەن ئۇچى «تەكەببۇرلۇق» دەپ ئاتالسا، كېمەيگەن ئۇچى «ئۆزىنى پەس تۇتۇش ۋە خار قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

كەمتەرلىك بولسا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر. كەمتەرلىك ئەردەم - پەزىلەتتۇر. ماختىلىدىغان كەمتەرلىك بولسا خار بولماستىن كەمتەرلىك قىلىشتۇر. چۈنكى، ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر.

ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىۋالغان كىشى چوڭچىدۇر. ئۇلارنىڭ كەينىدە ماڭغۇچى كەمتەردۇر. يەنى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدر - قىممىتىنى ئازراق تۆۋەنلىتىپ كەمتەرلىك قىلغان كىشىدۇر. ئالىمنىڭ يېنىغا مايلامچى - موزدوزدەك كىشىلەر كىرسە، ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ، ئۇنى شۇ ئورۇندا ئولتۇرغۇزسا، (ماڭار چاغدا) ئايىغىنى ئەكىلىپ بەرسە ۋە ئۇنى ئۇزۇتۇپ ئىشىككىچە چىقسا ئۆزىنى زورمۇ زور خارلىغان ۋە پەسلەشكەن بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ماختالمايدۇ. بەلكى ماختىلىدىغىنى ئوتتۇراھال بولۇشتۇر. ئوتتۇراھال بولۇش دېگەنلىك «ھەممىگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىش» دېمەكتۇر. لېكىن، ئالىمنىڭ بىرنەرسە سورىغان ئاددىي كىشىگە قىزغىن بولۇشى، سۆزلىگەندە سىلىق سۆزلىشى، دەۋەتكە ئىجابەت قىلىشى، ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تىرىشىشى، ئۇنى تۆۋەن ۋە پەس كۆرمەسلىكى كەمتەرلىك قىلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ئىككىنچى پەسىل: ئۆزىگە تەمەننا قويۇش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم بىر قۇر تونىنى كىيىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقىنىدا، ئاللاھ ئۇنى يەرگە يۇتقۇزۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە يەر ئاستىغا توختىماي چۆكۈپ تۇرىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ھالاكەتكە تاشلىغۇچى ئۈچ تۈرلۈك قىلمىش بار. بۇلار: ئىتائەت قىلىنىدىغان بېخىللىق، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ۋە ھەركىم ئۆزىنى قالتىس چاغلاش قاتارلىقلار»[2].

ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھالاكەت ئىككى تۈرلۈك ئىشتا بولىدۇ: ئۈمىدسىزلىنىش ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇش»[3]. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىككى ئىشنى جەملەپ كەلتۈردى. چۈنكى، بەخت-سائادەتكە داۋاملىق تىرىشىش، ئىزدىنىش، ئەستايىدىل بولۇش ۋە چىڭ تۇرۇش بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ. ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم بولسا تىرىشمايدۇ ۋە ئىزدەنمەيدۇ. ئۆزىگە تەمەننا قويغان ئادەم بولسا ئۆزىنى بەختلىك بولدۇم ۋە مەقسىتىمگە يەتتىم، دەپ ئويلاپ تىرىشمايدۇ.

مۇتەررىف رەھىمەھۇللاھ: «مېنىڭ كېچىسى ئۇخلاپ قېلىپ، پۇشايمانلىقتا تاڭ ئاتقۇزۇشۇم مەن ئۈچۈن كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ئۆزۈمگە تەمەننا قويغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزغىنىمدىن ياخشىدۇر» دېگەن[4].

## ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ ئاپىتى

شۇنى بىلگىنكى، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش تەكەببۇرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئۇ دەل تەكەببۇرلۇقنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. دېمەك، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش تەكەببۇرلۇقنى تۇغدۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق تېخىمۇ كۆپ ئاپەتلەرنى تۇغدۇرىدۇ. بۇ

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3485)؛ مۇسلىم (2088).

[2] بەززار (7293)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (5452)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 160/2؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (745). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 453) «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن. مۇنزىرىي: («ئەتتەرغىب»، 654) «بۇ ھەدىس بىرقانچە ساھابەدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، سەنەدلىرىنىڭ بىرىمۇ تەنقىدتىن خالىي بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جۇغلانمىسى ئىنشائاللاھ ھەسەن دەرىجىگە يېتىدۇ» دېگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] ئىمام ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي: «تەنبىھۇل غافىلىن»، 485 - بەت.

[4] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (448).

كىشىلەر بىلەن بولغاندا ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتۇر.

ئـاللاھ تائـالا بىلـەن بولغانـدا ئۆزىگـە تەمەننا قويۇش بولسا تائـەت ـ ئىبادەتلىرىنى چـوڭ ساناشـتىن بولىـدۇ. بۇنـداق كىشـى ئۆزىنىـڭ ئىبادىتـى بىلـەن ئـاللاھ تائالاغـا مىننـەت قىلغانـدەك بولىـدۇ. ھالبۇكـى، ئـۇ ئـاللاھ تائالانىـڭ ئۆزىنـى نېئمەتلەنـدۈرۈپ ئىبـادەت قىلىشـقا مۇۋەپپـەق قىلغانلىقىنـى ئۇنتۇيـدۇ. ئىبادەتنى بۇزىدىغـان ئاپەتلەرنى كۆرمەسكە سالىدۇ.

ئەمەللىرىنىــڭ قوبـۇل بولماســلىقىدىن قورققــان كىشــىلا قىلغــان ئەمەللىرىنــى كۆزدىــن كەچۈرىــدۇ. قىلغــان ئەمىلىدىــن رازى ۋە خۇرســەن بولغــان كىشــى ئۇنــداق قىلمايدۇ.

ئۆزىگــە تەمەننــا قويــۇش تاكامــۇل ئىلىــم ياكــى مۇكەممــەل ئەمەلگــە نۇقســان يەتكۈزىـدۇ. ئۇنىڭغـا قوشـۇپ ئىشـەنچ بىلـەن «ئـاللاھ تائـالا ھۇزۇرىـدا ھەققىـم بـار» دەپ گۇمـان قىلىشـتۇر. دېمـەك، ئۆزىگـە تەمەننـا قويـۇش ئـۆزى سۆيۈنگەن نەرسـىنى چـوڭ ساناشـتىن كېلىـدۇ. بـۇ ئىشـەنچ مۇكاپـات كۈتۈشـكە سـەۋەب بولىـدۇ. بـۇ بەئەينى قىلغـان دۇئاسـىنىڭ ئىجابـەت بولۇشـىنى كۈتـۈش ۋە ئۇنىـڭ ئىجابـەت بولماسـلىقىغا ئىشەنمەسلىكتۇر.

### پەسىل: ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ شىپاسى

شـۇنى بىلگىنكـى! ئـاللاھ سـۇبھانەھۇ ۋەتائـالا سـېنى يوقلۇقتىـن بارلىققـا كەلتۈرۈش ۋە ئەمەللىرىڭدە يول كۆرستىش بىلەن ساڭا ئىنئام قىلغاندۇر.

شـۇڭا، ئەمـەل قىلغۇچـى ئەمىلـى سـەۋەبلىك، ئالىـم ئىلمـى، گـۈزەل ئـادەم گۈزەللىكـى ۋە بـاي بايلىقـى سـەۋەبلىك ئۆزىگـە تەمەننـا قويۇشـقا ھېـچ يـول يـوق. چۈنكـى، بۇلارنىــڭ ھەممىســى ئــاللاھ تائالانىــڭ ئىنســانغا ئاتــا قىلغــان پەزلىــدۇر. ئىنسـان بولسـا ئـاللاھ تائالانىـڭ مـول نېئمەتلىرىنىڭ چۈشـۈش مەنزىلىدۇر. ئىنسـانىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ چۈشۈش مەنزىلى بولۇشىمۇ باشقا بىر نېئمەتتۇر.

ئەگـەر سـەن: «ئىلىـم مېنىـڭ كـۈچ ـ قۇۋۋىتىـم بىلـەن ھاسـىل بولـدى. ئىلىـم مېنىـڭ مەۋجۇدلۇقـۇم، ئەمىلىـم، ئىـرادە ۋە كـۈچ ـ قۇۋۋىتىمنىـڭ بـار بولۇشـى بىلـەنلا ۋۇجۇدقـا كېلىشـى مۇمكىـن» دېگـۈدەك بولسـاڭ، ئېيتقىنچـۇ، ئۇنداقتـا سـېنىڭ كـۈچ ـ قۇۋۋىتىــڭ قەيەردىــن كەلــدى؟ ئۇلارنىــڭ ھېچبىــرى ســەندىن ئەمــەس، تامامــى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەندۇر.

ئەگـەر قىلغـان ئەمـەل كـۈچ ـ قـۇۋۋەت بىلـەن بولىدىغـان بولسـا، كـۈچ ـ قـۇۋۋەت

شۇ ئەمەلنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ ئاچقۇچ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئەگەر ساڭا ئاللاھ تائالا كۈچ - قۇۋۋەت ئاچقۇچىنى بەرمىسە، سېنىڭ ئەمەل قىلىشىڭ مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئىشىكى ئېتىك بىر ئامبار يېنىدا ئولتۇرساڭ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى بېرىلمىسە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشقا كۈچۈڭ يەتمىگىنىگە ئوخشاشتۇر.

«سەھىھەين»دىكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھېچبىرىڭلارنى قىلغان ئەمەلىڭلار جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ، — دېگەنىدى، ساھابەلەر:

— سىلىنىمۇ شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مېنىمۇ شۇنداق، پەقەتلا ئاللاھ مېنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن يۆگىسە ئاندىن، — دېدى[1].

بىلگىنكى، تەكەببۇرلۇق قىلىش پەيدا بولىدىغان سەۋەبلەردىن ئۆزىگە تەمەننا قويۇشمۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بايانى ۋە داۋاسى ئىلگىرى سۆزلەندى.

شۇ سەۋەبلەردىن بىرى: نەسەبى بىلەن ئۆزىگە تەمەننا قويۇش. بۇ خۇددى ئۇلۇغ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئازابتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى خىيال قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

بۇ خىل ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ شىپاسى بولسا ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە يات ئەمەللەر قىلسا ۋە ئۆزىنى ئۇلار بىلەن بىللە بولىمەن، دەپ گۇمان قىلسا، بۇنىڭ نادانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش. ئەگەر ئۇلار قىلغان ئەمەللەرنى قىلىپ ئۇلارغا ئەگەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئەمەسلىكىنى بىلسۇن. بەلكى ئىلگىرىكىلەر ئۆزىنى تۆۋەن كۆرەتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا قېلىشتىن قورقاتتى. ئۇلار نەسەب بىلەن ئەمەس، تائەت - ئىبادەت ۋە ماختىلىشقا سازاۋەر بولىدىغان ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن ئۇلۇغلۇققا ئېرىشكەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق ئېيتقان: ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾49/«ھۇجۇرات»: 13.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5673)؛ مۇسلىم (2816).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (قىزىغا): «ئى فاتىمە! مەن سىزدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچنەرسىنى دەفئى قىلالمايمەن»[1] دېگەن.

ئەگەر «ئېسىل كىشى قىيامەت كۈنى ئۆزگە يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ شاپائەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغۇ؟!» دېسەڭ: بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، بارلىق مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ شاپائەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بەزىدە بىر شەخس دوزاختا كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. بەزىدە گۇناھ كۈچلۈك كېلىپ قېلىپ، شاپائەتمۇ ئۇنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

«سەھىھەين»دىكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن ھېچبىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى بويىنىدا بوزلاۋاتقان تۆگە بار ھالەتتە تېپىپ قالمىغايمەن. شۇندا ئۇ كىشى:

— قۇتقۇزغىن ئى رەسۇلۇللاھ! — دەيدۇ. مەن:

— سەندىن ھېچنەرسىنى دەفئى قىلىشقا قادىر بولالمايمەن، مەن ساڭا يەتكۈزگەن ئىدىم، — دەيمەن»[2].

باشقىلارنىڭ شاپائەت قىلىشىغا تايىنىۋېلىپ گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە بېرىلگۈچى كۆيۈمچان ئۇستا تېۋىپقا تايىنىۋېلىپ، كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرگە بېرىلىدىغان كېسەلگە ئوخشايدۇ. بۇنداق قىلىش نادانلىقتۇر. چۈنكى، ئۇستا تېۋىپنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ ھەممە كېسەلگە ئەمەس، بەزى كېسەللەرگە پايدا قىلىدۇ.

ئۇلۇغ ساھابەلەرنىڭمۇ ئاخىرەتتىن قورقىدىغانلىقى بۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، ساھابەلەرنىڭ مەرتىۋىسىدە بولمىغان كىشىلەرگە قانداقمۇ تايىنىۋېلىش توغرا بولسۇن؟!

شۇ قاتارىدىن، ئۆزىنىڭ خاتا كۆزقارىشى بىلەن ئۆزگە تەمەننا قويۇش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟)﴾«فاتىر»: 8/35 دەيدۇ.

بۇ تۈردىكى ئۆزگە تەمەننا قويۇشنى داۋالاش باشقا تۈردىكى ئۆزگە تەمەننا قويۇشنى داۋالاشقا قارىغاندا قىيىندۇر.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2753)؛ مۇسلىم (206).
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3073)؛ مۇسلىم (1831).

چۈنكى، ئۆز كۆزقارىشى بىلەن ھاكاۋۇرلۇق قىلغۇچى نەسىھەتگۈينىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۇنداقتا ئۆزى «نىجاتلىق» دەپ قارىغان نەرسىنى ئۇ قانداقمۇ تەرك ئەتسۇن؟!

بۇ تۈردىكى ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنى داۋالاش «ئۆز كۆزقارىشىنى خاتامدۇ؟» دەپ گۇمان قىلىش ۋە كۆزقارىشى بىلەن مەغرۇرلانماسلىق بىلەن بولىدۇ. لېكىن، قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھەمدە بارلىق دەلىل شەرتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسكىن ئەقلىي دەلىلدىن ئۆز كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىغا كەسكىن دەلىل شاھىد بولسا، بۇ ھالەتتە «خاتامدۇ؟» دەپ گۇمان قىلماسلىقى كېرەك. بۇ ھالەت پەقەت ئىلىم ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىنىشكە مەشغۇل بولۇش بىلەن بىلىنىدۇ. ئۆمرىنى ئۇزۇن يىللار ئىلىم ئۆگىنىشكە سەرپ قىلمىغان كىشىنىڭ ھەرخىل مەزھەب ئىختىلاپلىرىغا كىرمىگىنى ياخشىدۇر. لېكىن، ئۇ كىشى «ئاللاھ تائالا يېگانە، شېرىكى يوق، ﴿ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەس، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾42/«شۇرا»: 11، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن ۋەھىيدە راستچىلدۇر» دەپ بىر پۈتۈن ئېتىقادتا بولۇشى، قۇرئاندا كەلگەن ھۆكۈملەرنى بەك ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كەتمەي ئىمان كەلتۈرۈشى، ۋاقتىنى تەقۋالىق ۋە ئەمەل - ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. قاچانكى، مەزھەب ئىختىلاپلىرىغا كىرسە ۋە بىھۇدە نەرسىلەرنى بىلىشنى مەقسەت قىلسا، ھالاك بولىدۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى بۆلۈم: مەغرۇرلىنىش (ئالدىنىش) ۋە ئۇنىڭ قىسىم - دەرىجىلىرى

كىشىلەر ئىچىدە دۇنياغا ئالدىنىپ: « ‹ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى› . دۇنيا نەق، ئاخىرەت نىسىدۇر» دەيدىغانلار بار. شەيتان مانا مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ. چۈنكى، نەق نەرسە نىسى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن ياخشى بولىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى! ئىنساننىڭ تىنىقى ئۈزۈلگۈچە بولغان پۈتۈن ئۆمرى ئاخىرەت مۇددىتىگە نىسبەتەن مىليوندىن بىر پارچىغا توغرا كەلمەيدۇ.

«نەق نەرسە نىسى نەرسىدىن ياخشى» دېگەنلەر نىسى نەرسىنى نەق نەرسە بىلەن ئوخشاش كۆرگۈچىلەر بولۇپ، كافىرلار مۇشۇنداق دەپ ئۆز - ئۆزلىرىنى ئالدىغاندۇر.

ئەقىدىلىرى ساغلام تۇرۇپ، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار بۇ خىل ئالدىنىشتا كافىرلارغا ھەمشىرىك بولغانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتنى قويۇپ دۇنيانى تاللىغاندۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى كافىرلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا يەڭگىلرەك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىمان ئاساسى بولغانلىقى ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ئازابتىن ساقلاپ قالىدۇ.

گۇناھكار كىشىلەردىن: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن سېخىيدۇر. بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا يۈلىنىمىز» دەپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئالدىنىدىغان كىشىلەر بار. بەزىدە ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ياخشىلىقى سەۋەبلىك ئۆز - ئۆزىنى ئالدايدۇ.

ئالىملار ئېيتىدۇ: «كىمكى بىرنەرسىنى ئۈمىد قىلسا، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، بىرنەرسىدىن قورقسا ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، داۋاملىق گۇناھ قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان كىشى ئالدانغان كىشىدۇر».

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە، ئازابىنىڭمۇ ھەم بەك قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالاغا كافىرلارنىڭ كافىر بولغانلىقى ھېچ زىيان يەتكۈزمەيدىغان تۇرۇپ، ھەقتائالا ئۇلارنى دوزاختا مەڭگۈ

قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئاللاھ تائالا دۇنيادا بەندىلىرىدىن كېسەللىك ۋە قىينچىلىقلارنى يوق قىلىۋېتىشكە قادىر تۇرۇپ، بەندىلىرىگە كېسەللىكلەر ۋە قىينچىلىقلارنى سىناق قىلدى. ئاندىن بىزنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى. شۇنداق بولغانىكەن، بىز قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمايمىز؟!

قورقۇنچ بىلەن ئۈمىد ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىككى يېتەكلىگۈچىدۇر. ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولمايدىغان نەرسە ئالدىنىشتۇر. بۇنى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئۇلارنى تەييار تاپلىققا ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تاللاشقا ئېلىپ بارغانلىقى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ.

ئىلگىرىكى ئەسىردىكىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بىلگەنلىكى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلىقى، بۇ زاماندىكىلەرنىڭ بولسا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ يەنە ئەمىن ۋە خاتىرجەم يۈرۈشىدىن ھەيرانمەن!

ئەجەبا، زامانداشلىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلەرمۇ بىلمىگەن سېخىيلىقىنى بىلىدىمۇ؟!

ئەگەر ئاخىرەت نېئمىتىگە ئېرىشىش ئارزۇ قىلىپ قويۇش بىلەنلا قولغا كېلىدىغان بولسا، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلار نېمە ئۈچۈن چارچىدى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ياش تۆكتى؟! يەھۇدىي ۋە ناسارلار: «بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل - مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئېلىپ، بىزنى ئاللاھ ئەپۇ قىلىدۇ» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەيىبلىمىدىمۇ؟!

ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئېسىللىكى بىلەن ئالدانغانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغلى بىلەن بولغان[1]، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى بىلەن بولغان، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسى بىلەن بولغان[2] قىسسەلىرىنى ئېسىگە ئالمامدۇ؟!

---

[1] بۇنىڭ دەلىلى: ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر﴾«ھۇد»/11: 46 دېگەن سۆزىدۇر.

[2] يەنى: «مەن رەببىمدىن ئانامغا مەغپىرەت تىلىشىم ئۈچۈن رۇخسەت سورىغان ئىدىم، رەببىم ماڭا رۇخسەت قىلمىدى» دېگەن ھەدىستۇر. مۇسلىم (976). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ بىر قىسىم ئالىملار: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇشرىك» دەپ قارىغان بولۇپ، مۇئەللىفمۇ شۇ قاراشنى ياقلىغان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ئېھتىماللىق» دەپ قاراپ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ جازالىمايمىز﴾«ئىسرائ»/17: 15 دېگەن ئايەتىگە ئاساسەن، «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتا - ئانىسى فەترەت ئەھلى» دەپ قارىغان.

بىر قىسىم كىشىلەر ھەم تائەت ـ ئىبادەت قىلىدۇ، ھەم گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تائەت ـ ئىبادەتلىرىدىن كۆپ تۇرۇپ: «بىزنىڭ ياخشىلىقلىرىمىز يامانلىقلىرىمىزدىن ئارتۇق كېلىدۇ» دەپ گۇمان قىلىپ ئالدانغانلىقى بۇ تۈرلۈك ئالدىنىشقا يېقىندۇر.

بىراۋنىڭ نۇرغۇن مالنى بۇلاپ ئېلىپ يەپ تۇرۇپ، بىر تەڭگە سەدىقە قىلغانلىقىنى كۆرسەڭ. سەدىقە قىلغان بىر تەڭگىمۇ بەلكىم شۇ باشقىلاردىن بۇلاپ ئېلىنغان مالدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شۇ بىر تەڭگە سەدىقىگە تايىنىدۇ. ئۇنداق كىشىنىڭ مىسالى بىر ئالقىنىغا بىر تەڭگىنى قويۇپ، يەنە بىر ئالقىنىغا مىڭ تەڭگىنى قويۇپ، بىر تەڭگىنىڭ مىڭ تەڭگىنى بېسىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

كىشىلەر ئىچىدە «ئۆزىنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىدىن كۆپ» دەپ گۇمان قىلىدىغان كىشىلەر بار. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ساناپ، ئۆز يامانلىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغانلىقى ۋە گۇناھلىرىنى ئېسىگە ئالمىغانلىقى سەۋەبتۇر. ئۇنداق كىشىنىڭ مىسالى ھەركۈنى 100 قېتىم ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيدىغان ۋە تەسبىھ ئېيتىدىغان، ئاندىن كۈندۈزدە ئۇزۇن ۋاقىت مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان سۆزلەرنى سۆزلەيدىغان ۋە تەسبىھ، ئىستىغپارنىڭ پەزىلىتىگە قاراپ، غەيۋەت ۋە نامەقبۇل سۆزلەرنىڭ جازاسىغا قارىمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

## ئالدانغۇچىلارنىڭ تۈرلىرى ۋە قىسىملىرى

ئالدىنىش (اغترار) كۆپىنچە ئالىملار، ئابىدلەر، سوپىلەر ۋە بايلاردىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك كىشىدە يۈز بېرىدۇ.

ئالىملاردىن ئالدانغۇچىلار بىرنەچچە قىسىم بولىدۇ:

بىر قىسمى، شەرئىي ۋە ئەقلىي ئىلىملەرنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. لېكىن، بەدەن ئەزالىرىنى تەكشۈرۈش، ئۇلارنى گۇناھلاردىن ساقلاش ۋە تائەت ـ ئىبادەتلەرنى قىلىشقا زورلىمايدۇ. ئەنە ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى سەۋەبلىك ئالدىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالا نەزەرىدە يۈكسەك بىر ئورۇندا دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر ئۇلار قەلب كۆزى بىلەن قارىسا ئىدى، مۇئامىلە ئىلمىدىن پەقەت ئەمەل قىلىشنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر ئەمەل قىلىش بولمىسا ئىدى، ئۇ ئىلىمنىڭ ھېچ قەدىر ـ قىممىتى بولمىغان بولاتتى. ئاللاھ: ﴿نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾91/«شەمس»: 9 دەيدۇ. ھەقتائالا بۇ ئايەتتە: «نەپسىنى قانداق

پاكلاشنى ئۈگەنگەن كىشى مۇرادىغا يېتىدۇ» دېمىدى. ئەگەر شەيتان ئىلىم ئەھلىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالسا، گۇناھلارنى كۆپ قىلىدىغان ئالىم ھەققىدە كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئوخشاش ئايەتلەرنى ئېسىگە ئالسۇن:

﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى - خاھىشىغا بويسۇندى. ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر، ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن﴾[7/«ئەئراف»: 176].

﴿تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ - چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[62/«جۇمۇئە»: 5].

يەنە بىر قىسىم ئالىملار باركى، ئىلىم ۋە ئاشكارا ئەمەلنى پۇختا قىلىدۇ. قەلبلىرىدىكى تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، رىياكارلىق، چوڭچىلىق ۋە شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق يامان سۈپەتلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن قەلبلىرىنى تەكشۈرمەيدۇ. بۇلار تاشقى كۆرۈنۈشىنى زىننەتلەپ، ئىچكى تەرىپىگە بىپەرۋالىق قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ سىلەرنىڭ شەكلىڭلارغا ۋە مال - مۈلكۈڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ»[1] دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇلار بولسا ئەمەللىرىنى تەكشۈرگەن، ئەمما قەلبلىرىنى تەكشۈرمىگەن كىشىلەردۇر. قەلب بولسا بىر ئاساستۇر. چۈنكى، ﴿ئۇ كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمدىن باشقىسىغا ھېچقانداق مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ﴾[26/«شۇئەرائ»: 89].

بۇ ئالىملارنىڭ مىسالى: ئۇلار خۇددى زىرائەت تېرىغان بىر تېرىقچىغا ئوخشايدۇكى، زىرائەت ئۆسىدۇ ۋە زىرائەت بىلەن تەڭ ئوتمۇ ئۆسۈپ زىرائەتنى بۇزىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئوتلارنىڭ ئۇچلىرى ۋە غوللىرىنى ئۈزۈپ يىلتىزىنى قويۇپ قويىدۇ، ئوتنىڭ يىلتىزى بولسا يوغىناپ كۈچلۈك تۈرىۋېرىدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار باركى، ئۇلار بۇ يوشۇرۇن، ئەيىبلىنىدىغان خۇلقلارنى

[1] مۇسلىم (2564). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

بىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزىگە تەمەننا قويغانلىقى سەۋەبلىك «بىزدە ئۇ يامان ئەخلاقلار يوق، بىز ئۇنداق يامان ئەخلاقلار بىلەن سىنىلىشتىن ئاللاھ تائالا نەزەرىدە يۇقىرى ئورۇندا، ئاللاھ تائالا ئۇنداق يامان ئەخلاقلار بىلەن بىزنىڭ دەرىجىمىزدىكى ئىلىم ئەھلىنى ئەمەس، ئاۋام - خەلقنى سىنايدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئۇلاردا تەكەببۇرلۇق ۋە باش بولۇشنى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرى كۆرۈنسە، «بۇ تەكەببۇرلۇق ئەمەس، پەقەت دىنىنىڭ ئەزىزلىكىنى تەلەپ قىلىش، ئىلىمنىڭ شەرىپىنى ئاشكارا قىلىش ۋە بىدئەتچىلەرنى خار قىلىش. چۈنكى، مەن تۆۋەن دەرىجىدىكى كىيىملەرنى كىيدىم، تۆۋەن دەرىجىدىكى سورۇنلاردا ئولتۇردۇم، دىن دۈشمەنلىرى ماڭا يەتكەن ئىشلار سەۋەبلىك خۇشال بولدى، مېنىڭ خار بولغىنىمغا خۇشال بولدى ۋە مېنىڭ خار بولۇشۇم دىنىنىڭ خار بولۇشىدۇر» دەيدۇ ۋە ئالدىنىشىنى ئۇنتۇيدۇ. ئىبلىس: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى كەمتەر ئىدى، يوقسۇللۇق ۋە مىسكىنلىكنى تاللايتتى» دەپ ۋەسۋەسە قىلىپ، ئۇ كىشىگە بۇنى زىننەتلەيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا پىيادە كېسىپ ئۆتىدىغان بىر سۇلۇق ئورۇن ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىدىن چۈشۈپ، ئىككى ئۆتىكىنى سېلىپ قولىدا تۇتتى ۋە تۆگىسى بىلەن بىللە سۇغا كىردى. ئۇنىڭغا ئەبۇ ئۇبەيدە:

— سەن بۈگۈن زېمىن ئەھلى قارىشىدا ناھايىتى بۈيۈك بىر ئىشنى قىلدىڭ، — دېگەنىدى، ئۆمەر ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئاھ! ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! ئەگەر سەندىن باشقا كىشى بۇنى دېگەن بولسىچۇ! بىزلەر كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ خار ۋە تۆۋەن كىشىلەر ئىدۇق، ئاللاھ تائالا بىزنى پەيغەمبىرى سەۋەبلىك ئەزىز قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ باشقىسىدىن ئەزىزلىك تەلەپ قىلساق، ئاللاھ تائالا بىزلەرنى خار قىلىدۇ، — دېدى»[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا كەلگەندە، تۆگىسى ئۈستىدە تۇرغان ھالىتىدە كىشىلەر ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇنىڭغا:

— كاشكى قېچىر مىنىپ كەلگەن بولسىلىرىچۇ! مۆھتىرەم ۋە مۆتىۋەر كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىدىلا ئەمەسمۇ! — دېگەن ئىدىلەر، ئۆمەر:

— ياق، سىلەرنى بۇ يەردە كۆرۈۋاتىمەن، مەسىلە بولسا بۇ يەردە، — دەپ

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (585).

ئاسمانغا ئىشارەت قىلدى ۋە:

— تۆگەمگە يول بوشىتىڭلار، — دېدى»[1].

دۇنيانىڭ ئەزىزلىكىنى ئېسىل كىيىملەر، نەسىللىك ئاتلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تەلەپ قىلىدىغان مەغرۇر (ئالدانغان) كىشىدىن ھەيرانمەن. ئۇنىڭ خىيالىغا رىيا قىلىش كىرسە: «مەن بۇ ئارقىلىق ئىلىم ۋە ئەمەلىمنى ئاشكارا قىلايكى، كىشىلەر ماڭا دىندا ئەگەشسۇن» دەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى ھەقىقەتەن بۇ بولسا، ئەلبەتتە خالايىق ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرگە ئەگەشسە، ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ئەگەشكىنىگە ئوخشاش خۇشال بولغان بولاتتى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىنىشىنى مەقسەت قىلغان كىشى، كىم بولسا بولسۇن، بىراۋنىڭ يېتەكلىشىدە كىشىلەر ياخشىلانسا بۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ.

شۇنىڭدەك ئالىملاردىن سۇلتانلارنى زىيارەت قىلىدىغان، ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىدىغان، ماختايدىغان ۋە ئالدىدا كەمتەرلىك قىلىدىغان ئالىم كىشىمۇ: «مەن بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىرەر مۇسۇلمانغا شاپائەت قىلىمەن ياكى ئۇنى بالا - قازادىن قوغداپ قالىمەن» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىلىدۇكى، ئەگەر ئۇنىڭ يېقىن - يورۇقلىرىدىن بىرەرسىنىڭ سۇلتان بىلەن يېقىنلىقى ئاشكارا بولسا ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ.

بۇ قىسىمدىكى بەزى ئالىملارنىڭ ئالدىنىشى شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئېلىش ھارام بولىدىغان مېلىدىن ئالىدۇ. بىراۋ ئۇلارغا: «بۇ مالنىڭ ئىگىسى يوق، بۇ مال مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، سىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بىرىسىز» دەيدۇ. ئۇ كىشى ئۇ ئۆز نەپسىگە بېرىلىپ بۇ ئازدۇرۇشقا ئالدىنىدۇ. «بۇ مال ئىگىسى يوق مال» دېگەن گەپنى قىلغۇچى بەزىدە بىر يالغانچى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ نىشانى ماللاردا شۈبھە تۇغدۇرۇشتۇر. بۇنداق گۇمان ئۇ مالنى ھالال قىلمايدۇ. ھەتتا بەزىدە مالنىڭ ئىگىسىنى بىلىدىغان كىشى شۇنداق گەپنى دەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار ئىلمنى پۇختا ئۆگىنىدۇ، ۋۇجۇدىنى پاك تۇتىدۇ، ئەزالىرىنى تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن زىننەتلەيدۇ. قەلبلىرىنى رىيا، ھەسەت، تەكەببۇرلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يامان سۈپەتلەردىن پاكلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. لېكىن، قەلبىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا شەيتاننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ۋە نەپسىنى ئالداشتىن ئىبارەت يوشۇرۇن يامان سۈپەتلەر بولىدۇ. ئۇلار ئۇنى بىلمەيدۇ. ئۇنى يوق قىلىشقا سەل قارايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ بىرىنى كېچىسى ئۇخلىمىغان،

[1] ئىبنى ئەبى شەيبە (35584).

كۆنــدۈزى ئىلىملەرنــى تــوپلاش، تەرتىپلــەش ۋە ئىلــىم لەۋزىلىرىنــى گۈزەللەشــتۈرۈش ئۈچــۈن تىرىشــقان ھالەتتــە كۆرىســەن؛ ئــۇ ئۆزىنىــڭ بۇلارنــى قىلىشــىغا تۈرتكــە بولغــان سەۋەبنى ئۇنىــڭ ئــاللاھ تائالانىــڭ دىنىنــى ئاشــكارا قىلىشــقا بولغــان ھېرىسمەنلىكى، دەپ ئويلايــدۇ. بەلكــى ئۇنىــڭ بۇنــداق قىلىشــىغا تۈرتكــە بولغــان نەرســە شۆھرەتپەرەسلىك ۋە يۈز - ئابرۇي قوغلىشىش بولۇشى مۇمكىن.

شــۇنىڭدەك ئــۇ كىشــى ئــۆزى يازغــان كىتابىــدا كــەڭ، ئــۇزۇن - ئــۇزۇن دەۋالارنى قىلىــش بىلــەن ئۇچۇقچــە ياكــى يوشــۇرۇن بىراۋلارنــى ئەيىبلــەپ، «مــەن پالانىدىــن پەزىلەتلىــك ۋە مــەن ئۇنىڭدىــن بۈيــۈك» دېيىشــتىن، ئۆزىنــى ماختاشــتىن خالىــي بولالمايــدۇ. بــۇ ۋە بۇنىڭــدەك مەخپىــي ئەيىبلەرنــى پەقــەت ئەقىللىــق كىشــىلەرلا بىلەلەيدۇ. بــۇ ئەيىبلەردىــن پەقــەت ئىمانــى كۈچلــۈك ئادەملــەرلا ســاقلىنالايدۇ. بىزگــە ئوخشــاش ئىمانــى ئاجىــز ئادەملــەر ئۇنىڭدىــن تەلتۆكــۈس قۇتۇلۇشــنى تەمە قىلماســلىقى كېــرەك. لېكىــن، بــۇ مەخپىــي ئەيىبلەرنىــڭ ئــەڭ تــۆۋەن دەرىجىلىكــى ئىنســاننىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشىدۇر.

كىمنىڭكــى قىلغــان ياخشــى ئىشــى خۇشــال قىلســا ۋە يامــان ئىشــى قايغۇغــا سالســا، ئۇمىدكــى، ئۇنــداق كىشــىنىڭ ئىشــى ئوڭۇشــلۇق بولغــاي. ئەممــا، ئۆزىنــى پــاك ۋە كىشىلەرنىڭ ياخشىسى دەپ ئويلايدىغان كىشىنىڭ ئىشى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

مانا بۇلار مۇھىم ئىلىملەرنى تەھسىل قىلغان ئالىملارنىڭ ئالدىنىشىدۇر.

ئۇنداقتــا مۇھىــم بولمىغــان ئىلىملــەر بىلــەن كۇپايىلەنگــەن ۋە مۇھىــم ئىلىملەرنــى تاشلىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!

بــۇ قىســىمدىكى ئالىملارنىــڭ بەزىســى ھۆكــۈم ۋە ماجىــرالاردا پەتــۋا بېرىــش ئىلمىنى ۋە تىرىكچىلىكنىــڭ ياخشــى بولۇشــى ئۈچــۈن كىشــىلەر ئارىســىدا يــۈز بېرىدىغــان دۇنيالىــق مۇئاملــە تەپســىلاتلىرىنىلا ئۆگىنىــدۇ. بەزىــدە ئاشــكارا ئەمەللەرنــى زايــە قىلىــدۇ، غەيــۋەت قىلىــش ۋە قــاراش ھــالال بولمايدىغــان نەرسىلەرگە قــاراش، بېرىش دۇرۇس بولمايدىغــان يەرگــە بېرىشــتىن ئىبــارەت گۇنــاھ - مەئسىيەتلەرنى ئۆتكۈزىــدۇ ۋە قەلبلىرىنــى تەكەببۇرلــۇق، ھەســەت، رىيــا ۋە بارلىــق ھــالاك قىلغۇچــى ئىشلاردىــن ســاقلىمايدۇ. بــۇلار بىــرى ئەمــەل تەرەپتىــن، ئىككىنچىسى ئىلىم تەرەپتىــن ئالدانغــان كىشىلەردۇر.

ئــۇلار، مىســالى دورىنىــڭ رېتســېپىنى بىلىــپ، ئۇنــى تەكــرارلاش ۋە ئۆگىتىشــكە مەشــغۇل بولغــان كېســەلگە ئوخشــاش. ياكــى بەئەينــى كۆكــرەك پــەردە ياللۇغىغــا گىرىپتــار بولــۇپ، ھالاكــەت گىردابىغــا بېرىــپ قالغــان تــۇرۇپ، خــۇن كېســىلى دورىســىنى ئىشلىتىشــنى ئۆگىنىــش بىلــەن مەشــغۇل بولــۇپ ئۇنــى تەكرارلاۋاتقــان

ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ بولسا چېكىگە يەتكەن ئالدىنىشتۇر.

ئۇنىڭ ئالدىنىشىنىڭ سەۋەبى شەرىئەتتە فىقھىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە كەلگەن ئايەت - ھەدىسلەرنى يۈزەكى چۈشىنىۋېلىشتۇر ۋە ئۇنىڭدا تەشەببۇس قىلىنغان فىقھىنىڭ ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇش، قەلبىنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنى ھېس قىلىشى ۋە تەقۋالىقنى لازىم تۇتۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ قورقۇتقۇچى ۋە ئۈمىد قىلدۇرغۇچى سۈپەتلىرىنى تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى كېرەك ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىققان ئىكەن)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىندا ئالىم بولۇپ، قەۋملىرىگە قايتقاندا ئۇلارنى ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقسا بولمامتى؟﴾«تەۋبە»: 122/9. ئاگاھلاندۇرۇش ھاسىل بولىدىغان ئىلىم بۇنىڭدىن باشقا ئىلىمدۇر. چۈنكى، بۇ ئىلىمنىڭ مەقسىتى مۇئامىلە شەرتلىرىگە رىئايە قىلىغان ئاساستا مال - مۈلكنى قوغداش، جانلارنى مال - مۈلك بىلەن، ئۆلتۈرۈش ۋە يارىلاندۇرۇشتىن مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشتۇر.

مال ئاللاھ تائالا يولىدا مېڭىشتا بىر ۋاستە، بەدەن بولسا مىنىدىغان بىر ئۇلاغدۇر.

مۇھىم بولغان ئىلىم بولسا ئاخىرەت يولىدا مېڭىشنى بىلىش ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن بەندە ئارىسىدا توسالغۇ بولىدىغان يامان سۈپەتلەردىن ئىبارەت قەلبنىڭ داۋانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈشتۇر.

بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلەنگەن كىشى، مىسالى ھەج سەپىرىگە مېڭىشتا تۇلۇم ۋە ئۆتۈك تىكىشنى بىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇمۇ بىلىش زۆرۈر بولغان ئىلىمدۇر، لېكىن ئۇ ھەج ئەمەللىرى قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ.

ئۇلاردىن پەقەت ئىختىلاپ ئىلمىنى ئۆگىنىش بىلەن كۇپايىلىنىدىغان كىشىلەر بار. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم بولىدىغىنى پەقەت جېدەل قىلىش، ئۆزىنىڭ قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىش، باشقىلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاش، باشقىلارنى يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق يولىدۇر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرىكى قىسىمدىكىلەرگە قارىغاندا تېخمۇ ياماندۇر.

فىقھىدا بولىدىغان بارلىق نازۇك قورۇق جېدەللەرنى بىلىش بىدئەت بولۇپ، بۇ ئەھۋال سەلەف سالىھلەردە يوق ئىدى. ئەھكاملارنىڭ دەلىللىرىگە كەلسەك، بۇ مەزھەب ئىلمىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەھكاملارنىڭ دەلىللىرى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ

كىتابى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى ۋە ئىككىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتۇر. ئەمما، ئەكسىنى ئىسپاتلاش، تەتۈرى بىلەن تېگىش قىلىش، ھۆكۈمگە قارشى ئىسپات تىكلەش، قىياس قۇرۇلمىسىنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق دەتالاش ھىيلىلىرى بولسا باشقىلارنى يېڭىۋېلىش، ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن پەيدا قىلىنغاندۇر. (يەنى بەزى كىشىلەر بۇلار ئارقىلىق باشقىلارنى يېڭىۋالماقچى بولىدۇ. بۇ ئىلىمنى ئۇ مەقسەتتە ئەمەس، قۇرئان ۋە ھەدىسنى توغرا چۈشىنىش، توغرا سۆزلەش مەقسىتىدە ئۆگىنىش كېرەك).

يەنە بىر قىسىم ئالىملار باركى، ئۇلار ئىلمى كەلام، ھاۋايى - ھەۋەسكە تايىنىپ جېدەللىشىش ۋە ئۆزىگە قارشى پىكىردىكىلەرگە رەددىيە بېرىش ئىلمى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئاندىن بۇ ئالىملار ئىككى قىسىمدۇر. بىرى ئازغۇن، يەنە بىرى ھەق.

سۈننەتتىن باشقا يولغا چاقىرىدىغانلار ئازغۇن. سۈننەتكە چاقىرىدىغانلار ھەق قىسىمدىكىلەردۇر. مەغرۇرلىنىش (ئالدىنىش) ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئازغۇن قىسىمدىكىلەرنىڭ ئالدىنىشى ئاشكارىدۇر.

ھەق قىسىمدىكىلەرنىڭ ئالدىنىشى بولسا ئەڭ مۇھىم ئىشنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتنى «جېدەللىشىش» دەپ گۇمان قىلىپ قېلىشىدۇر ھەمدە «ھېچقانداق ئادەمنىڭ دىنى ئىزدەنمىسە مۇكەممەل بولمايدۇ، ھەمدە ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىنى شەرتسىز تەستىق قىلغان كىشى كامىل ئىمانلىق كىشى دەپ قارالمايدۇ» دەپ گۇمان قىلىشىدۇر.

ئۇلار بۇ بۇزۇق گۇمانى بائىس مۇنازىرىلىشىشنى ئۆگىنىش ۋە شۇ ھەقتىكى قاراشلارنى ئىزدەش بىلەن ۋاقتىلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى كوردۇر. شۇڭا، ئۇلار ئاۋۋالقى ئەسىرگە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋۋالقى ئەسىردىكىلەرگە «ئەڭ ياخشى كىشىلەر» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىگە[1]، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن بىدئەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ۋاقتىلىرىنى ۋە دىنلىرىنى دۈشمەنلىشىش ۋە جېدەللىشىشلەرگە دۇچار قىلمىغانلىقىغا قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ۋە ۋۇجۇدىنى نازارەت قىلىشتىن باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىگە، پەقەت ئازغۇنلۇققا رەددىيە بېرىش زۆرۈرىيىتى تېپىلسا ئاندىن

[1] رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ دەۋرىمدىكىلەر (يەنى ساھابىلەر) دۇر» دېگەن. بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2651)؛ مۇسلىم (2533). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئېغىز ئاچقانلىقىغا قارىمايدۇ. كىشىلەرنى بىر بىدئەتنى داۋاملاشتۇرغان ھالدا كۆرسە، ئۇلار بىلەن جېدەللەشمەستىن ۋە مۇنازىرىلەشمەستىن ئۇلاردىن يىراقلاشقانلىقىغا قارىمايدۇ.

ھەدىستە كېلىشىچە: «بىر قەۋم توغرا يولدا بولغىنىدىن كېيىن ئادىشىدىكەن، ئۇلار چوقۇم تالاش - تارتىشقا مۇبتىلا قىلىنىدۇ»[1].

يەنە بىر قىسىم ئالىملار باركى، ئۇلار ۋەز - نەسىھەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. قورقۇش، ئۈمىدۋارلىق، سەبرچانلىق، شۈكۈر قىلىش، تەۋەككۈلچىلىك، زاھىدلىق، كەسكىنلىك ۋە ئىخلاسمەنلىك قاتارلىق خۇلقلار ۋە قەلبىي سۈپەتلەر ھەققىدە دەم ئۇرغۇچى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىدۇر. ئۇلار بۇ سۈپەتلەر ھەققىدە سۆزلىسە — ئۆزلىرىدە بۇ سۈپەتلەر يوق تۇرۇپ — ئۆزلىرىنى بىز مۇشۇ سۈپەتلەر ئەھلىدىنمىز، دەپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئاللاھ تائالادىن قېچىپ تۇرۇپ، باشقىلارنى ئاللاھ تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر. مانا بۇلار كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئالدانغۇچىلاردۇر.

بۇ تۈردىكى كىشىلەردىن ۋەز - نەسىھەت قىلىشتىكى ۋاجىب يولدىن يىراقلىشىپ، قىزىقارلىق گەپلەرنى كەلتۈرۈش مەقسىتىدە قارىغۇلارچە جۆيلۈش، شەرىئەتكە خىلاپ ۋە ئەقىلگە سىغماس سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشقا مايىل بولىدىغان كىشىلەر بار.

ئۇلاردىن يەنە ۋىسال ۋە ئايرىلىق ھەققىدىكى شېئىرلارنى دەلىل سۈپىتىدە سۆزلەيدىغان كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ مەقسىتى — يامان مەقسەتلەر بولۇپ — قاتناشقان سورۇنلىرىدا تولا ۋارقىراش ۋە يالغاندىن مۇھەببەت قايغۇسىنى ئاشكارا قىلىشنى كۆپ قىلىشتۇر. بۇلار بولسا ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرىدۇر.

ئۇلاردىن يەنە شۇنداق ئالىملار باركى، ئۇلار ۋاقىتلىرىنى ھەدىسلەرنى ئاڭلاش، ھەدىس رىۋايەتلىرىنى، ھەدىسنىڭ يات ۋە يۇقىرى سەنەدلىرىنى توپلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلىرى مەقسەتلىك شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، ئۇستازلارنى كۆرۈپ: «مەن پالانىدىن رىۋايەت قىلىمەن، پالانىغا ئۇچراشقان، مېنىڭ باشقىلاردا يوق بولغان رىۋايەت قىلىش ئاساسىم بار» دېيىشىدۇ.

يەنە ئۇلاردىن گراماتىكا، ئەرەب تىلى ۋە شېئىر ئىلمى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆزلىرىنى ئۈممەت ئالىملىرى دەپ گۇمان قىلىدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار ۋاقىتلىرىنى گراماتىكا ۋە ئەرەب تىلىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى تەھسىل قىلىش بىلەن

[1] ئەھمەد (22218)؛ تىرمىزىي (3253)؛ ئىبنى ماجە (48). ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. تىرمىزىي، شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ» ، 5633) «ھەسەن» دېگەن.

ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشەنسە، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشتە ئۆمرىنى زايە قىلغۇچى تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشتە ئۆمرىنى زايە قىلغۇچىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ۋە شېرىنلىكى بىلەن كەلگەنلىكىلا تۈرك تىلىدىن ئەرەب تىلىنى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلەرنى ئەرەب تىلىدىن بىلىش ۋە سۆزلىگەندە تىلنى توغرىلىغۇدەك دەرىجىدە گىراماتىكا ئىلمىنى بىلىش يېتەرلىكتۇر. چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەرەب تىلىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ۋە ئېھتىياجلىق ئىلمنى ئۆگىنىشتىن مەشغۇل قىلىدۇ.

بۇ ئىلىمدە ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە چوڭقۇرلاپ كېتىش بەئەينى قۇرئاندىكى ھەرپلەرنىڭ مەخرەجلىرىنى (چىقىش ئورۇنلىرىنى) توغرىلاش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ ئۆمرىنى زايە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ بولسا مەغرۇرلىنىش (ئالدىنىش) تۇر. چۈنكى، ھەرپلەردىن مەقسەت مەنىلەردۇر. ھەرپلەر قاچا ۋە سايمانلارغا ئوخشاشتۇر. سەپرانى يوقىتىش ئۈچۈن ئىسكەنجۇبىل[1] ئىچىشكە موھتاج بولغان كىشى ۋاقتىنى شۇنى ئىچىدىغان قاچىنى ياخشىلاش بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇنداق كىشى مەغرۇر (ئالدانغان) كىشى بولىدۇ.

ھەممە نەرسىدىن ئۆزگە مۇھىم بولغىنىنى ئېلىپ، ئەمەل قىلىشقا ئۆتكەن ۋە ئۆزىنى تۈرلۈك نۇقسانلاردىن پاكلاشقا تىرىشقان كىشى بەختلىك كىشىدۇر. بىزنىڭ سۆزىمىزنىڭ مەقسىتىمۇ مۇشۇدۇر.

يەنە باشقا بىر قىسىم ئالىملار باركى، ئۇلار چوڭ ئالدانغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئۆز گەدىنىدىكى بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىدۇ ۋە بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى بۇ ئالدانغانلىقتۇر. چۈنكى، ئىنسان (ئۆزى زالىم تۇرۇپ) ئاياللىنى ھەققىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىسا، بەرىبىر ئۆزى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا (ئۇ ئايالغا مۇناسىۋەتلىك ھەققىن) قۇتۇلالمايدۇ. بۇ خۇددى بىر كىشىنىڭ زاكىتىنى

[1] ئىسكەنجۇبىل (السَّكَنْجَبِيْنِ): چۈچۈمەل بىلەن شېرىن ئارىلاشما ئىچىملىك. فارسچە سىركا ئانكەبىن. سىركە بىلەن ھەسەل ئارىلاشمىسى. ھەسەل ئورنىغا ئاق شېكەر، سىركە ئورنىغا بىھى مۇراب باسى ياكى ئۈزۈم شىرنىسىگە ئوخشىغان باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرسىمۇ مۇشۇ ئىسىمدا ئاتىلىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. قاراڭ: مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلخارەزمىي ئەلبەلخىي: «مەفاتىيھۇل ئۇلۇم»، «دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە»، بېيرۇت، 104 ـ بەت؛ «ئەرەب تىلى كومىتېتى»: «الْمُعْجَمُ الْوَسِيطُ (ئەلمۇئجەمۇل ۋەسىت)»، 440/1؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ۋ ـــ ي، 256 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، م 1998. ـ ت.

يىل ئاخىرىدا ئايالغا سوۋغات قىلىۋېتىشى ۋە زاكات ياتقا كەتمىسۇن ئۈچۈن ئۆزىنىڭمۇ هيله بىلەن ئايالىنىڭ زاكىتىنى هەدىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىغا ئوخشاشتۇر (بۇنىڭلىق بىلەن ئىككىلىسىنىڭ پەرز زاكىتى ئادا بولمايدۇ). ئۇلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك هيله ـ مىكىرلەرنى قىلىدۇ.

## ئىبادەتكۈي ۋە ئەمەل قىلىدىغان كىشلەر هەققىدە

ئىككىنچى تۈر: ئىبادەت ۋە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر

ئۇلار بىرنەچچە قىسمدۇر:

ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار پەرز ئەمەللەرگە سەل قارايدۇ، نەپلە ۋە پەزىلەت ئەمەللىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بەزىدە سۇ ئىشلىتىشتە ئىنچىكىلەپ كېتىپ، تاھارەت ئالغاندا ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ. بەزىدە بىرى قوپۇپ شەرئەن «پاك» سۇغا رازى بولماي، ئۇ سۇنىڭ نىجىسلىق تەرىپى هەققىدە هەقىقەتتىن يىراق ئېھتىماللىقلارنى مۆلچەرلىگەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ يېمىكىگە بۇ خىل قىياسلاردا بولمايدۇ. ئەگەر يېمەكتىمۇ سۇغا قىلىنغاندەك ئېھتىيات قىلىنسا ئىدى، سەلەف سالىھلەرنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش بولاتتى. چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناسارا بىر ئايالنىڭ ساپال قاچىسىدىكى سۇدا ئۇنىڭ نىجىس بولۇش ئېھتىماللىقى ئاشكارا تۇرۇپ تاھارەت ئالغان ئىدى[1]. ۋەھالەنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ هارامدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ تۈرلۈك ھالال نەرسىلەرنىمۇ يېيىشتىن ساقلىناتتى.

سەھىھ ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىك بىر ئايالنىڭ تۇلۇمىدىكى سۇدا تاھارەت ئالغان[2].

ئۇلاردىن سۇنى ئىسراپ قىلىدىغان، سۇنى ئۇزۇنغىچە ئىشلىتىپ، ھەتتا نامازنىڭ ۋاقتىنى قاچۇرىدىغان كىشىلەر بار.

ئۇلاردىن يەنە نامازدىكى بىرىنچى تەكبىردىلا ۋەسۋەسە غالىب كېلىپ، ھەتتا ئىمام بىلەن بىر رەكئەتمۇ ناماز ئوقۇيالمايدىغان كىشىلەر بار.

ئۇلاردىن يەنە «فاتىھە»دىكى ھەرپلەر ۋە باشقا زىكىرلەرنىڭ ھەرپلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا ۋەسۋەسە يېتىدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار داۋاملىق جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر ۋە «الضاد» بىلەن «الظاء» ئارىسىدىكى پەرققە

[1] بۇخاري (344).

[2] بەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، (127).

ھەددىدىن زىيادە ئېھتىيات قىلىدۇ. ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا شۇنچىلا مەركەزلىشىپ ئۇنىڭدىن باشقىنى تەپەككۇر قىلمايدۇ. قۇرئاننىڭ مەنىسى ۋە قۇرئاننىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ بولسا ئالدىنىش تۈرلىرىنىڭ ئەڭ قەبىھلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا، ھەرپلەرنىڭ مەخرەجلىرىنى ئادەتتە ئۆزئارا سۆزلەشكەندىكىدەك دەرىجىدە توغرا چىقىرىشقا بۇيرۇلغاندۇر.

بۇلار بەئەينى سۇلتاننىڭ يېنىغا مەكتۇپ ئېلىپ بارغان، ئاندىن مەكتۇپتىكى ھەرپلەرنىڭ مەخرەجلىرىنى پاساھەت بىلەن چىقىرىش ۋە تەكرارلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتۇپنىڭ مەقسىتى ۋە سورۇن ھۆرمىتىگە رىئايە قىلىشتىن غاپىل قالغان ھالدا سۇلتانغا خەتنى تاپشۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق كىشى سۇلتاننىڭ ھوزۇرىدىن قوغلىنىشقا ۋە ئەدەبلىنىشكە نېمىدېگەن لايىق - ھە!

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئان ئوقۇشى بىلەن ئالدىنىدۇ. ئۇلار قۇرئاننى بەك تېز ئوقۇيدۇ. بەزىدە بىر كۈندە قۇرئاننى ئىككى قېتىم خەتمە قىلىدۇ. گاھى بىرى تىلىدا قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبى ئارزۇ - ئارمانلار ۋادىسىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ. ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلمايدۇ، نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە قۇرئاننىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلمايدۇ. بۇلار ئالدانغان كىشىلەر بولۇپ، «قۇرئان پەقەت ئوقۇلسىلا بولىدى» دەپ گۇمان قىلغان كىشىلەردۇر.

بۇنىڭ مىسالى بىر قۇلنىڭ مىسالىدۇركى، خوجايىنى قۇلنى بەزى ئىشلارغا بۇيرۇپ ۋە بەزى ئىشلاردىن توسۇپ ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ. قۇل خەتنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بەلكى ئۇ قۇل خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە چەكلەشلىرىگە قارشى ئىش قىلىپ تۇرۇپ، خوجايىنىنىڭ ئۆزىگە يازغان مەكتۇپىنى پەقەت «ئوقۇلسىلا كۇپايە» دەپ گۇمان قىلىپ، مەكتۇپنى يادقا ئېلىش ۋە ئۇنى تەكرارلاش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

ئۇلاردىن بەزىلەر قۇرئاننىڭ مەنىلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇغان ئاۋازىدىن لەززەت ئالىدۇ. شۇڭا، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قەلبىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى، ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇغاندىكى لەززىتى قۇرئاننىڭ تۈزۈلۈشىدىنمۇ يا ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن بولدىمۇ، يا قۇرئاننىڭ مەنىلىرى سەۋەبلىك بولدىمۇ؟ ئۇنى بىلىشى كېرەك.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار روزا تۇتۇش بىلەن ئالدىنىدۇ. ئۇلار كۆپ روزا تۇتىدۇ، ئەمما تىللىرىنى غەيۋەت قىلىش ۋە ئارتۇقچە سۆزلەرنى

سۆزلەشتىن ساقلىمايدۇ. ئىپتار قىلغان چاغدا قورساقلىرىنى هارامدىن ۋە خىياللىرىنى رىيادىن ساقلىمايدۇ.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ھەج قىلىش بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، بويىنىدىكى قەرزلىرىنى تۆلىمەي تۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلماي تۇرۇپ ۋە ھالال رىزىق تەلەپ قىلماي تۇرۇپلا ھەجگە بارىدۇ. ئۇلار گاھىدا بىر قېتىم پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قايتا بارىدۇ. يولدا نامازلارنى ۋە باشقا پەرز ئىبادەتلەرنى زايە قىلىدۇ. كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدىنىنى پاك تۇتالمايدۇ. ھەج جەريانىدا بولمىغۇر گەپ قىلىش ۋە جېدەل ـ ماجرالاردىن ساقلانمايدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇپ ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز ياخشىلىق ئۈستىدە دەپ ئويلىشىدۇ. بۇلارمۇ ئالدانغان كىشىلەردۇر.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەمرىمەرۇپ ۋە نەھيىمۇنكەر (ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش) قىلىدۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇلاردىن يەنە مەسجىدتە ئىمام بولىدىغان، لېكىن ئالدىغا ئۆزىدىنمۇ ئالىمراق ۋە تەقۋا بىر كىشى ئىمام بولغىلى چىقسا، ئېغىر كېلىدىغان كىشىلەر بار.

ئۇلاردىن ئەزان ئېيتىدىغان، ئېيتقان ئەزىنىنى ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن دەيدىغان، لېكىن ئۇ يوق ۋاقىتتا باشقىلار ئەزان ئېيتسا ھار كېلىپ: «ئەزان ئېيتقۇچى مەن بىلەن مۇئەززىنلىك تالاشتى» دەيدىغان كىشىلەر بار.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى يۇرتلىرىغا تەلپۈنۈپ تۇرسىمۇ، باشقىلاردىن «پالانى مەككەدە تۇرىدىكەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزىلىرى مەككەدە مۇقىم تۇرىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنىڭ كىرلىرىگە كۆز تىكىدۇ. ئەگەر كىشىلەردىن ئازراق پۇل ـ مال يىغسا، پىخسىقلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا خېلى كۆپ ھالاك قىلغۇچى ئاپەتلەر جەملەنگەن بولىدۇ.

ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ئاپىتى بولىدۇ، ئۇ ئاپەتنى بىلمىگەنلەر شۇ ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ. شۇ ئاپەتلەرنى بىلىشنى ئىرادە قىلغانلار بىزنىڭ بۇ كىتابىمىزغا قارىسۇن. بۇ كىتابتا رەتلەنگەن بابلاردىكى بارلىق ئەمەللەر ۋە ناماز، روزا ئىبادەتلىرىدە ھاسىل بولىدىغان رىيا ئاپەتلىرىگە قارىسۇن.

بۇ سۆزدىن مەقسەت ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن بىر پۈتۈن ئاپەتلەرگە ئىشارەت قىلىشتۇر.

ئۇلاردىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار پۇل ـ مالدا زاھىدلىق يولىنى

تۇتىدۇ ۋە ئاددىي كىيىملەرنى كىيىش، غورىگىل غىزالىنىش ۋە مەسجىدلەردىلا يېتىپ قوپۇشقا قانائەت قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى زاھىدلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتتىم دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ، يۈز - ئابرۇي ۋە باشلىق بولۇشقا قاتتىق قىزىقىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئىككى ئىشنىڭ يەڭگىلرەكىنى تەرك ئېتىپ، ئىككى ھالاكەتنىڭ چوڭراقىغا چۈشكەن بولىدۇ.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر نەپلە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ھېرىسمەن بولىدۇ - يۇ، پەرز ئىبادەتلەرگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. بەزىلىرىنىڭ چاشگاھ نامىزى[1] ئوقۇغانلىقى، كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزى[2] ئوقۇغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن خۇشال بولىدىغانلىقىنى، ئەمما پەرز نامازلار بىلەن لەززەت تاپالمايدىغانلىقىنى ۋە ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئالدىرىمايدىغانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇنداق كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس قۇدۇسىيدا: «بەندەم مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ئىبادەتلەردىنمۇ مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈكرەك بىرنەرسە بىلەن ماڭا يېقىنلىششقا ئۇرۇنۇپ باقمىغاندۇر»[3] دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

## تەسەۋۋۇف[4] ئەھلىنىڭ بايانى

### ئۈچىنچى تۈر: سوپىلار

[1] چاشگاھ نامىزى (صَلَاةُ الضُّحَى): قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ تىكلەشكەنگە قەدەر ئوقۇلىدىغان كۈندۈزگە تەۋە نەفلە نامازدۇر. ئىككى رەكئەتتىن سەككىز رەكئەتكىچە ئوقۇلىدۇ. پەزىلىتى كاتتا بولغان بۇ نامازنىڭ ھۆكمى مۇستەھەب ۋە سۈننەت بولۇپ، چاشگاھ نامىزى يەنە «سەلاتۇل ئەۋۋابىن (ئىنابەتمەنلەر نامىزى / صَلَاةُ الْأَوَّابِينَ)»، «سەلاتۇل ئىشراق (كۈن يورۇش نامىزى / صَلَاةُ الْإِشْرَاقِ)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ـــ ت.

[2] تەھەججۇد (التَّهَجُّدُ): «تەھەججۇد» سۆزلۈكتە «ئۇخلاش ۋە تۈنەش» مەنىسىدە بولۇپ، فىقھتا: كېچىسى ئۇيقۇدىن قوپۇپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئوقۇلىدىغان نەفلە نامازدۇر. ئالدىدا ئۇخلىغان بولسۇن، بولمىسۇن كېچىدىكى نەفلە نامازغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئىككى رەكئەتتىن ياكى تۆت رەكئەتتىن خاھلىغانچە ئوقۇلىدۇ. پەزىلىتى كاتتا بولغان بۇ نامازنىڭ ھۆكمى سۈننەت بولۇپ، «تەراۋىھ نامىزى» ۋە «قىيامۇل لەيل (كېچىلىك ناماز)»لەرمۇ تەھەججۇد نامىزىدۇر. ـــ ت.

[3] بۇخارىي (6502). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[4] تەسەۋۋۇف (التَّصَوُّفُ): بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەبىرى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىخلاس، سەبر، تەۋەككۇل ۋە دۇنياغا بېرىلمەسلىك قاتارلىق ھالەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىمانىي ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، شۇنداقلا نەفسنى پاكلاپ، تەربىيەلەپ، ئۇنى پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلەش ۋە ئۇنى رەزىل نەفسى خاھىشتىن تازىلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە بۇنى «قۇرئان كەرىم»دە كەلگىنى بويىچە «تەزكىيە (التَّزْكِيَةُ)»، ھەدىستە كەلگىنى بويىچە «ئېھسان (الإِحْسَانُ)» دەپ ئاتىساق ۋە شۇنى توغرا رەۋىشتە چۈشەندۈرۈپ، كامىل ئىمانغا، ئېھسان مەرتىۋىسىگە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سۈپەتلىرىگە،

ئالدانغۇچى سوپىلار بىرنەچچە قىسىم بولىدۇ.

ئۇلاردىن قىياپىتى، گەپ - سۆزى ۋە ھالىتى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، راستچىل سوپىلارغا تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئوخشىۋالىدىغانلار بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش ۋە مەشىق قىلىشتا چارچاتمايدۇ، بەلكى ھارامغا، شۈبھىلەرگە ۋە سۇلتانلارنىڭ ماللىرىغا داۋم چۈشىدۇ. بىر مەقسەتتە ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، بەزىسى بەزىسىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنىشى ئوچۇق ئاشكارىدۇر.

بۇ قىسىمدىكى سوپىلار مىسالى بىر قېرى مومايغا ئوخشايدۇكى، ئۇ كەمپىر جەڭچى قەھرىمان، باتۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىر تىزىملىككە يېزىلغانلىقىنى، ھەربىر قەھرىمان، باتۇرنىڭ يەر يۈزىدە بىر رايوننى سەپەر بىلەن بېسىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن كەمپىرنىڭ نەپسى شۇنىڭغا ئىشتىياق قىلىپ ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ، باتۇر - قەھرىمانلارغا ئائىت بېيىتلەرنى يادلاپ، ئالپلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، ئېسىل سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىپ، قوشۇنغا قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى قەھرىمانلارنىڭ تىزىملىكىگە يېزىلىدۇ. نۆۋەت ئۇ قېرى كەمپىر ماھارەت كۆرسىتىشكە كەلگەندە، ئۇنىڭ مۇسكۇل - پەيلىرىگە قاراپ بېقىش ۋە دۈئېلغا چۈشۈش بىلەن سىناپ بېقىلىشى ئۈچۈن دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلىرىنى ئېلىپ تاشلىشىغا بۇيرۇلىدۇ. كەمپىر دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى ئېلىپ تاشلىغاندا، ئۇنىڭ ئاجىزە ۋە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر قېرى موماي ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: «سەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مېھمانلىرىنى مەسخىرە قىلماقچىمۇ؟!» دېيىلىدۇ ۋە: «ئۇنى تۇتۇپ پىلنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىڭلار» دېيىلىدۇ.

سوپىلىقنى دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ يالغان پەردىلىرى قىيامەت كۈنى ئېچىلغاندا ۋە قىياپەت ۋە يىرتىق - ياماقلارغا ئەمەس، بەلكى قەلبكە قارايدىغان ئەڭ بۈيۈك ھاكىم ئاللاھ تائالا بىلەن يۈزلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

سوپىلاردىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي

---

ئەخلاقىغا چاقىرساق تەسەۋۋۇفتىكى دەتالاش تۈگەيتتى. «تەسەۋۋۇف» ئاتالغۇسى نەفسنى پاكلاش مەنىسىدىكى «تەزكىيە» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەچكە، يەنە كېلىپ تەسەۋۋۇف مەنسۇبلىرى ئىسلامغا يات بولغان ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ھەتتا ئەقىدىلەرنى پەيدا قىلىۋالغان بولغاچقا، بۇ ئاتالغۇ ئىسلام (قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە) تەشەببۇس قىلغان «تەزكىيە»، «ئېھسان» ۋە «گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەر»نىڭ يۈزىنى قاپلىۋالغان. قاراڭ: شەيخ ئابدۇلبارىي نەدۋىينىڭ «تەسەۋۋۇف ۋە ھايات» ناملىق ئەسىرىگە شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىينىڭ يازغان كىرىش سۆزى، 3 - 15 - بەتلەر. - ت.

تونۇش ئىلمىنى بىلدىغانلىقىنى، ھەقنى كۆرىدىغانلىقىنى، ماقام - مەۋقە، نام - شۆھرەتكە پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششقا يەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ پەقەت ئىسمىنىلا بىلىدىغان كىشىلەردۇر. بەزىلىرىنى شۇ ئىلمەلەرنى بۇ ئىلىم ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقىلارنىڭ ئىلمىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى تەكرارلىغان ھالەتتە كۆرىسەن. شۇڭا، ئۇ كىشى ئاۋام خەلقتىن سىرت فەقىھلەرگە، مۇھەددىسلەرگە ۋە باشقا ئالىم - ئەللامەلەرگە ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈش نەزەرىدە قارايدۇ. ھەتتا بەزى ئاۋام خەلق ئۇلاردىن كۆپ كۈنلەر ئايرىلمايدۇ. ئۇلاردىن ئاشۇ يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنى خۇددى ۋەھيىدەك تەكرارلايدۇ، ئالىملارنى ۋە ئابىدلارنى تۆۋەن كۆرۈپ، «ئۇلار ئاللاھ تائالادىن پەردىلىنىپ قالغان كىشىلەردۇر، مەن بولسام ھەقكە يەتكەن، ئاللاھقا ئەڭ يېقىن كىشىلەردىنمەن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئاللاھ نەزەرىدە مۇناپىق، گۇناھكارلاردىندۇر. ساپ قەلب ئەھلىنىڭ قارىشىدا بولسا پۇختا ئىلىم ئالمىغان، ئەخلاقلىرىنى تۈزەتمىگەن، ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىش ۋە بىھۇدە سۆزلەرنى يادقا ئېلىشتىن باشقا قەلبىنى نازارەت قىلمىغان جاھىل ئەخمەقلەردۇر.

ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر شەرىئەت بىساتىنى قاتلىۋېتىدۇ. ھۆكۈملەرنى رەت قىلىدۇ. ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىمايدۇ. بەزىسى «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن مېنىڭ ئەمىلىمدىن بىھاجەتتۇر، نېمىشقا ئەمەل قىلىپ ئۆزۈمنى چارچاتقۇدەكمەن؟» دەيدۇ.

بەزىلىرى يەنە: «بەدەن بىلەن قىلغان ئەمەللەرنىڭ قەدىر - قىممىتى يوق، پەقەت قەلبلەرگە قارىلىدۇ، قەلبلىرىمىز ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشكە ئاشىق، ئاللاھ تائالانى تونۇشقا يېتىپ بولغان، بىز دۇنياغا بەدەنلىرىمىز بىلەن چۆكىمىز، قەلبلىرىمىز بولسا ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدا مۇقىم تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا، بىز قەلبلىرىمىز بىلەن ئەمەس، تاشقى بەدەنلىرىمىز بىلەن شەھۋەتتىمىز» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاۋام خەلق مەرتىۋىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، بەدەنگە خاس ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن نەپسىنى تۈزەشتىن ئۆزىنى بىھاجەت سانايدىغان، كۈچ - قۇۋۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن شەھۋەتلەر ئۇلارنى ئاللاھ يولىدىن توسۇيالمايدىغان كىشىلەرمىز، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر بىر خاتالىقنى بىرنەچچە يىل يىغلايتتى.

ئۆزلىرىنى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكەنلەر دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئالدىنىش تۈرلىرى ساناقسىزدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئەگىششكە لايىق، دىندار ۋە ئىلىم ئىگىسى بىر ئۇستازغا ئەگىشىپ پۇختا ئىلىم ئىگىلىمەي تۇرۇپ

نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشقا ئۈنۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، شەيتان ئۇلارنى ئالدىغان سەپسەتە ۋە ۋەسۋەسىلەردۇر.

ئۇلاردىن يەنە بىر قىسىم سوپىلار باركى، ئۇلار بۇ يول بىلەن نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىدۇ. ئۇلار بۇ يولغا قەدەم قويۇشى بىلەن ئۇلارغا ئىلىم - مەرىپەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. ئۇلار ئىلىم - مەرىپەت پرىنسىپلىرىنىڭ ھېدىنى ئالغاندا ھەيرەت ئىچىدە سۆيۈنىدۇ. ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئاجايىباتلىرى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئىلىم - مەرىپەت ئىشىكىنىڭ ئۇلارغا ئېچىلىپ، باشقىلارغا قانداق ئېتىلگەنلىكىگە باغلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ يولىنىڭ ئاجايىباتلىرىنىڭ چېكى يوقتۇر. ئەگەر كىشى ھەربىر ئاجايىباتتا توختاپ تۇرۇپ قالسا، ئىلگىرىلىشى ئاستىلاپ، مەقسەتكە يېتىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇنداق كىشى بەئەينى پادىشاھنىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تەگداشسىز گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن بىر باغنى كۆرگەن ۋە توختاپ ئۇنى بېرىلىپ تاماشا قىلىپ، پادىشاھ بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ.

## باي - زەردارلار ھەققىدە

تۆتىنچى تۈر: مال ئىگىلىرى — بايلار

بايلار بىرنەچچە قىسىمدۇر.

بىر قىسىم بايلار مەسجىد - مەدرىسەلەر، دەڭ - ئۆتەڭلەر، يول - كۆۋرۈكلەر ياكى كىشىلەر ئوچۇق - ئاشكارا كۆرەلەيدىغان يەرلەرنى بىنا قىلىشقا ھېرىسمەن بولىدۇ. ئۇلار شۇ يەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ ئەسلىنىپ تۇرۇشى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئىسىملىرىنى يازىدۇ. ئۇلارغا خەير - ساخاۋەتنى ئۈچۈن ئىسمى يېزىلمايدىغان بىر يەرگە بىر تىللا بولسىمۇ ساخاۋەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنسا، ئۇنىڭغا ئەلبەتتە ئېغىر كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلار خالايىقنىڭ رازىلىقىنى ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسىنى كۆزلىگەن بولسا ئىدى، نەپىقە قىلىش ئۇلارغا ھەرگىز ئېغىر كەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئىسمىنى يازسۇن، يازمىسۇن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر.

بەزىلىرى مېلىنى نامازخانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە چەكلىنىدىغان نەقىشلەر بىلەن مەسجىدنى بېزەشكە سەرپ قىلىدۇ. چۈنكى، نامازدىكى مەقسەت خۇشۇئ ۋە ھۇزۇرى قەلبتۇر. نەقىش ۋە بېزەكلەر نامازخانلارنىڭ قەلبلىرىنى بۇزىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى سەرپ قىلغان مال ھارام مال بولۇپ قالسا، ئالدىنىش تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ.

مالىك ئىبنى دىنار رەھىمەھۇللاھ: «بىر كىشى مەسجىدكە كېلىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ: ‹مەندەك ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيىگە كىرمەيدۇ› دېدى ۋە ئۇ شۇ ئورنىدىلا ‹سىددىق كىشى› دەپ يېزىلدى» دېگەن.

مەسجىدلەر ئەسلىدە مۇشۇنداق ئۇلۇغلىنىشى كېرەك. يەنى ئۆزىنىڭ مەسجىدكە كىرىشى بىلەن مەسجىدنى بۇلغىغانلىقىنى مەسجىد ھەققىدە ئىشلەنگەن بىر جىنايەت دەپ قارىشى، ھەرگىزمۇ، مەسجىدنى ھارام پۇل بىلەن ياكى دۇنيالىق زىننەتلەر بىلەن بېزەشنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلغان ساۋابلىق ئىشىم دەپ قارىۋالماسلىقى كېرەك. دېمەك، بۇ تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ئالدىنىشى مۇنكەرنى ياخشى ئىش دەپ قارىغانلىقىدىندۇر.

يەنە بىر قىسىم بايلار باركى، ئۇلار ماللىرىنى ساقلاپ، بېخىللىق قىلىپ چىڭ سىقىۋالىدۇ. ئۇلار مال سەرپ قىلىنمايدىغان روزا، ناماز، خەتمە قۇرئان كەبى ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. مانا بۇلار ئالدانغان ئىنسانلاردۇر. چۈنكى، بېخىللىق ھالاك قىلغۇچى ئىشتۇر. بۇ ھالاك قىلغۇچى ئىش ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئىگەللىۋالغان بولۇپ، ئۇلار نەپىقە قىلىش ئارقىلىق بۇ بېخىللىقنى قومۇرۇپ تاشلاشقا موھتاجدۇر. ھالبۇكى، ئۇلار بۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىگە ۋاجىب بولمىغان پەزىلەتلىك ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولغانلاردۇر. ئۇلار ئەينەن كىيىمگە يىلان كىرىۋالسا، يىلاننى چىقىرىۋېتىشنىڭ ئورنىغا سەپرانى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىسكەنجۇبىل تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

نەپسى پەقەت زاكاتنى ئادا قىلىشقىلا رۇخسەت قىلىدىغان كىشىلەر بار. ئۇنداق كىشى زاكات بەرگەندە مالنىڭ ناچىرىنى زاكات سۈپىتىدە بېرىدۇ ياكى نامراتلاردىن ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان، بېرىش - كېلىش قىلىدىغان نامراتلارغا، ياكى كېلەچەكتە ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان، ياكى ئۆزىنىڭ بىرەر غەرىزى بار نامراتقىلا زاكىتىنى بېرىدۇ.

ئۇلاردىن يەنە زاكاتنى بەزى كاتتا - مۆتىۋەر كىشىلەرگە باشقىلارغا تارقىتىپ بېرىشى ئۈچۈن، بۇ ئارقىلىق ئۆزى شۇ زاتنىڭ نەزەرىدە ھۆرمەتكە ئېرىشىش ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلغان كىشى بولۇشنى كۆزلەپ تاپشۇرۇپ بېرىدىغان كىشىلەر بار. بۇنىڭ ھەممىسى نىيەتنى بۇزغۇچى ئەمەللەردۇر ۋە بۇنداق قىلغۇچى ئالدانغان كىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشى باشقىلاردىن بەدەل ئېلىپ تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

يەنە بىر قىسىم بايلار باركى، ئۇلار زىكىر سورۇنلىرىغا قاتناشقانلىقى بىلەن ئالدىنىدۇ. ئۇلار: «شۇنداق سورۇنلارغا قاتنىشىش ئۆزلىرىنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ۋە نەسىھەت ئاڭلاشتىن بىھاجەت قىلىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، زىكىر سورۇنى ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈنلا باشقا سورۇنلاردىن ئەۋزەلدۇر. ھەرقانداق بىر ئىش بىلەن باشقا بىر ئىش كۆزلەنسە ۋە شۇ ئىش كۆزلەنگەن ئىشقا يەتكۈزمىسە ئۇنىڭ ھېچ تەسىرى بولمايدۇ. بەزى بىرلىرى قورقۇتقۇچى نەسىھەتنى ئاڭلىسا: «ئى تىنچلىق بېغىشلىغۇچى ئاللاھ! سەن سالامەت قىلغىن!» ياكى «ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دەيدۇ ۋە ئۆزىنى مەقسەت قىلىنغان ئىشقا كەلدىم، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق كىشى خۇددى تېۋىپنىڭ يېنىغا كەلگەن بىر كېسەلگە ئوخشايدۇ. كېسەل تېۋىپنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇق ئاڭلايدۇ ياكى ئۇ ئۆزىگە لەززەتلىك يېمەكلىكلەرنى بۇيرۇپ بېرىدىغان بىر كىشىنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئاچ قورساق كىشىگە ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى قايتىپ كېتىدۇ، تېۋىپنىڭ دېگەن گېپى ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى دەفئ قىلالمايدۇ.

ئەمەل قىلماستىن، تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلاپ قويۇش مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. دېمەك، ھەرقانداق ۋەز ـ نەسىھەت سېنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭگە تەسىر كۆرسەتمىسە ئۇنداق ۋەز ـ نەسىھەت سېنىڭ زىيىنىڭغا پاكىت بولىدۇ.

سوئال: «يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالدىنىشلارنىڭ يۈز بېرىشلىرى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ئىشقۇ؟»

جاۋاب: ئاخىرەت مەركىزى بىر سۈپەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئۇ بولسىمۇ قەلبنى توغرىلاشتىن ئىبارەت. قەلبنى توغرىلاشتىن پەقەت نىيىتى دۇرۇس بولمىغان كىشىلا ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئەگەر ئاخىرەت ئىشىغا دۇنيا ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلسە، ئەلبەتتە ئاخىرەت نىشانىغا يەتكەن بولاتتى. سەلەف سالىھلەر ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن كىشىلەر شۇنداق قىلغان ئىدى.

مەغرۇرلىنىشتىن (ئالدىنىشتىن) قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۈچ نەرسىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى: ئەقىل. ئەقىل بولسا ئىنساننىڭ شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدىغان ئەسلى نۇرىدۇر.

ئىككىنچى: ئىلىم ـ مەرىپەت. ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئىنسان ئۆزىنى، پەرۋەردىگارىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى تونۇيدۇ.

ئۇشبۇ كىتابتىكى «ياخشى كۆرۈش ھەققىدە»، «قەلبىنىڭ ئاجايىباتلىرىنىڭ شەرھى»، «تەپەككۇر قىلىش توغرىسىدا»، «شۈكرى قىلىش توغرىسىدا» قاتارلىق تېمىلاردا نەپسىنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ سۈپەتلىرىگە ئىشارەتلەر بار.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى تونۇشقا بۇ كىتابتىكى «دۇنيانى ئەيىبلەش ھەققىدە»، «ئۆلۈمنى ئەسلەش ھەققىدە» قاتارلىق تېمىلاردا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ.

بۇ ئىلىم - مەرىپەتلەر ھاسىل بولسا قەلبتە ئاللاھ تائالانى تونۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش، ئاخىرەتنى ھەقىقىي تونۇش ئارقىلىق ئاخىرەتكە قىزىقىش ۋە دۇنيانى تونۇش ئارقىلىق دۇنيادىن يۈز ئۆرۈش ھاسىل بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىگە ئەڭ مۇھىم بولىدىغان ئىش كىشىنى ئاللاھ تائالاغا يەتكۈزىدىغان، ئاخىرەتتە مەنپەئەت بېرىدىغان ئىش بولىدۇ. دۇنيادا قەلبكە بۇ ئىرادە غالىب كەلسە، ئۇ كىشىنىڭ بارلىق ئىشلاردا نىيىتى توغرا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بارلىق مەغرۇرلىنىشلار يوقايدۇ. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇش ۋە ئۆز - ئۆزىنى تونۇش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتى كىشىنىڭ قەلبىگە غالىب كەلسە، ئۇ كىشى ئۈچىنچى ئىشقا موھتاج بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىلىمدۇر. يەنى، بۇ ئىلىم — ئاللاھ تائالا تەرەپكە يول ئېلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇ يولنىڭ ئاپەتلىرىنى بىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا نېمە يېقىن قىلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن نېمە يىراق قىلىدۇ قاتارلىقلارنى بىلىش ئىلمىدۇر. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئۇشبۇ كىتابىمىزدا مەۋجۇدتۇر.

كىشى ئىبادەتلەر قىسمى ۋە ئادەتلەر قىسمىدىن ئۆزى موھتاج بولىدىغان ۋە موھتاج بولمايدىغان ئىلىملەرنى ئۆگەنگەي ۋە شەرىئەت ئەدەبلىرى بىلەن قوراللانغاي.

ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئىشلاردىن يامان سۈپەتلەرنى ئۈچۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغان ماختىلىدىغان سۈپەتلەرنى بىلسە بولىدۇ.

كىشى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بىلسە بىز ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن تۆرلۈك ئالدىنىشلاردىن ساقلىنىشى مۇمكىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

كىشى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلسا، ئۆزىنى شەيتاننىڭ ئالداپ كېتىشىدىن ۋە ئۇنى باشلىق بولۇشقا چاقىرىشىدىن، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە مىكرىدىن ئەمىن

بولۇشقا قىزىقتۇرۇشىدىن قورقۇشى كېرەك[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىخلاس قىلغۇچىلار چوڭ خەتەر ئۈستىدە دېيىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ ئۆلۈم ئالدىدا ئىدى، شەيتان ئۇنىڭغا:

— مەندىن قۇتۇلدۇڭ، — دېگەنىدى، ئىمام ئەھمەد:

— ياق! ھەنۇز قۇتۇلمىدىم، جان چىققاندا ئاندىن قۇتۇلىمەن، — دېدى.

شۇڭا، ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرىنىڭ قەلبلىرىدىن داۋاملىق ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئايرىلماسلىقى كېرەك.

ئاللاھ تائالادىن ئالدىنىشلاردىن سالامەت قىلىشىنى ۋە ھاياتىمىزنى گۈزەل رەۋىشتە ئاخىرلاشتۇرۇشقا نېسىپ قىلىشىنى سورايمىز. ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىگە يېقىندۇر، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر﴾11/«ھۇد»: 61.

مەغرۇرلىنىش ھەققىدىكى تېما بۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

ئەمدى تۆتىنچى قىسىم ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئىشلارنى بايان قىلىشنى باشلايمىز.

[1] ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا ئاللاھنىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقمامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ﴾7/«ئەئراف»: 99.

تۆتىنچى قىسىم

# ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئىشلار

# يىگىرمە ئىككىنچى بۆلۈم: تەۋبە قىلىش، ئۇنىڭ شەرتلىرى، رۇكنىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا

بىلگىنكى، گۇناھلار مەشۇقنىڭ ۋەسىلىگە يېتىشتىن توسىدۇ. مەشۇقتىن يىراقلاشتۇرغۇچى نەرسىدىن يۈز ئۆرۈش ۋاجىبتۇر.

مەشۇقتىن يىراقلاشتۇرغۇچى نەرسىدىن يۈز ئۆرۈش ئىلىم، پۇشايمان قىلىش ۋە كەسكىن بەل باغلاش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ ھىجرانغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلمايدۇ ۋە جۇدالىق يولدا ماڭغانلىقىغا ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئەگەر ھەسرەت چەكمىسە گۇناھ يولدىن قايتمايدۇ.

ئاللاھ تائالا (گۇناھ - مەئسىيەتتىن تېيىپ) تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار﴾24/«نۇر»: 31، ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار. ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ. سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ. ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ﴾66/«تەھرىم»: 8، ھەمدە: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾2/«بەقەرە»: 222 دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن مەن ئاللاھقا بىر كۈندە 100 قېتىم تەۋبە قىلىمەن»[1] دېگەن.

«سەھىھەين»دە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى،

[1] مۇسلىم (2702).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن سۇ ۋە گىياھسىز چۆل - باياۋاندا توختاپ ئۇخلاپ ئويغىنىپ قارىسا، تۆگىسى يېمەك - ئىچمەكلىرى بىلەن يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، تۆگىسىنى ئىزدەپ بارمىغان يەر قالماي تۆگىسىنى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، توساتتىن تۆگىسى يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغاندىن كېيىن سۇ ئىچىپ، قورسىقىنى تويغۇزغان ئادەم قايسى دەرىجىدە خۇشال بولسا، ئاللاھ تائالامۇ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن شۇنداق خۇشال بولىدۇ»[1] دېگەن.

بۇ بارىدا كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ. تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى خۇسۇسىدا ئالىملار بىردەك ئىجمائ قىلغاندۇر. چۈنكى، گۇناھ - مەئسىيەتلەر ئىنساننى ھالاك قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن دەرھال قېچىش ۋاجىبتۇر.

## تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى

داۋاملىق تەۋبە قىلىش ۋاجىبتۇر. چۈنكى، ئىنسان گۇناھ - مەئسىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ. بەدەنني گۇناھلاردىن ساقلانسىمۇ، قەلب مەئسىيەتلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. قەلبەن گۇناھ - مەئسىيەت قىلىشتىن ساقلانغان تەقدىردە شەيتاننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىدىن مەشغۇل قىلىدىغان تۈرلۈك خىياللارنى تاشلاپ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ساقلىنالمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن ساقلانغان تەقدىردە ئاللاھنى، سۈپەتلىرىنى، ئىشلىرىنى ھەقىقىي تونۇشتىكى نۇقساندىن ساقلىنالمايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى كەمچىلىكتۇر. بۇ كەمچىلىكتىن ھېچكىم ساقلىنالمايدۇ. كىشىلەر كەمچىلىك مىقدارىدا پەرقلىق بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ كەمچىلىك ھەممە كىشىدە تېپىلىدۇ. شۇل بائىس، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەلبىمنى سەھۋەنلىك باسقاندەك بولىدۇ، شۇڭا مەن بىر كېچە - كۈندۈزدە ئاللاھ تائالادىن 70 قېتىم مەغپىرەت تىلەيمەن»[2] دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئىكرام قىلدى: ﴿ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېئمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق﴾48/«فەتىھ»: 2. ئۇنداقتا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6308)؛ مۇسلىم (2744).
[2] مۇسلىم (2702).

ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!

ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق ھالدا قىلىنغان تەۋبە توغرا ۋە ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولغان تەۋبە بولىدۇ.

ھەقتائالا: ﴿ئاللاھ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، يامان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾«شۇرا»: 42/ 25 دەيدۇ.

باشقا بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بىر بەندىنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالمىغانلا بولسا، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ»[1].

بۇ توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر كۆپتۇر.

## گۇناھلارنىڭ قىسىملىرى توغرىسىدا

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ئىنساننىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى نۇرغۇندۇر. لېكىن، ئىخچاملىغاندا گۇناھلار تۆت سۈپەتتىن قوزغىلىدۇ:

بىرىنچى: ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى. جۈملىدىن تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، ماختانچاقلىق ۋە مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرۈش، ئەزىزلىك، ئۈستۈنلۈكپەرەسلىك ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يامان سۈپەتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ سۈپەتلەر بولسا ئىنساننى ھالاك قىلغۇچى گۇناھلاردۇر. بەزى كىشىلەر بۇ سۈپەتلەرگە سەل قاراپ، ھېچ دىققەت قىلمايدۇ.

ئىككىنچى: شەيتانىي سۈپەتلەر. بۇ سۈپەتلەردىن ھەسەتخورلۇق، زالىملىق، ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق، سەمىمىيەتسىزلىك، مۇناپىقلىق ۋە بۇزۇقچىلىققا بۇيرۇش قاتارلىق يامان سۈپەتلەر شاخلىنىپ چىقىدۇ.

ئۈچىنچى: ھايۋانىي سۈپەتلەر. بۇ سۈپەتلەردىن ئاچكۆزلۈك، قارنى تويماسلىق ۋە شەھۋەتپەرەسلىك كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن زىناخورلۇق، بەچچىۋازلىق، ئوغرىلىق ۋە كۆڭۈل خوشى ئۈچۈنلا ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئېلىش قاتارلىق يامان سۈپەتلەر شاخلىنىپ چىقىدۇ.

تۆتىنچى: يىرتقۇچلارغا خاس سۈپەتلەر. بۇ سۈپەتلەردىن غەزەپلىنىش، ئاداۋەتخورلۇق، ئۇرۇشقاقلىق، باشقىلارغا ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ھۇجۇم قىلىش ۋە

[1] ئەھمەد (6160)؛ تىرمىزىي (3537)؛ ئىبنى ماجە (4253). تىرمىزىي، شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: (‹‹سەھىھۇلجامىئ››، 1309) «ھەسەن» دېگەن.

بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش قاتارلىق يامان سۈپەتلەر پەيدا بولىدۇ.

بۇ سۈپەتلەر ئىنسان تەبىئىتىگە تەدرىجىي سىڭىپ كىرىدۇ.

ئىنسان ئەۋۋەلا ھايۋانىي سۈپەتكە يېقىنلىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى بولۇپ يىرتقۇچ سۈپەتكە يېقىنلىدۇ. بۇ ئىككى سۈپەت بىر يەرگە جەم بولسا، ئەقلىنى ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىكتەك شەيتانغا خاس سۈپەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئاندىن كىشى خوجايىنلىققا خاس سۈپەتكە يېقىنلىدۇ.

مانا بۇ سۈپەتلەر گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرىدۇر. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بۇ مەنبەلەردىن چىقىپ بەدەن ئەزالىرىدا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ سۈپەتلەردىن قەلبتە كۇفۇر، بىدئەت، نىفاق ۋە يامانلىقنى يوشۇرۇشقا ئوخشاش بەزى سۈپەتلەر پەيدا بولىدۇ. بەزى سۈپەتلەر كۆزدە، بەزىسى تىلدا، بەزىسى قورساق ۋە ئەۋرەتتە، بەزىسى ئىككى قول ۋە پۇتتا ۋە بەزىسى بولسا پۈتۈن ۋۇجۇتتا كۆرۈلىدۇ. بۇنى تەپسىلىي بايان قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى، ئۇ يامان سۈپەتلەر ھەممىگە ئاياندۇر.

گۇناھلار «كىشىنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك گۇناھ ۋە بەندە بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدىكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك گۇناھ» دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. قۇل ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك گۇناھلار بارىدا شەرئىي بۇيرۇق قاتتىقتۇر. بەندە بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدىكى گۇناھلاردا بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇچانلىقىدىن ئۈمىد باردۇر.

لېكىن، بۇ گۇناھ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ قالسا، ھەقتائالا مۇشرىك ھالەتتە ئۆلگەن كىشىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى دەپتەرلەر ئۈچتۇر. بىر دەپتەر ئىچىدىكى گۇناھلارغا ئاللاھ تائالا ھېچ پەرۋا قىلمايدۇ. يەنە بىر دەپتەردىن ھېچنەرسىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. يەنە بىر دەپتەردىكى گۇناھلارنى ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدىغان گۇناھ بولسا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. رەب تائالا دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھتىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) يوقتۇر﴾/«مائىدە»: 72[3]».

ئاللاھ تائالا ئىچىدىكى ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلمايدىغان دەپتەر بولسا بەندە بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى ئىشلاردا بەندىنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشىدۇر، ئاللاھ تائالا خالىسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىكى ھېچنەرسىنى

تاشلىۋەتمەيدىغان دەپتەر بولسا بەندىلەرنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان زۇلمىدۇر. ئۇ زۇلۇمدىن شەكسىز قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ»[1].

يەنە بىر قىسىم بولسا: شۇنى بىلگىنكى، گۇناھلار «كىچىك ۋە چوڭ گۇناھلار» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. بۇ گۇناھلار ھەققىدە ھەرخىل ئوخشىمىغان قاراشلار بار. چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى ھەققىدىكى ھەدىسلەرمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

چوڭ گۇناھلارنى بايان قىلغان سەھىھ ھەدىسلەر بەشتۇر.

بىرىنچى ھەدىس: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ساھابەلەرگە:

— ھالاكەتكە ئاپىرىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئېغىر گۇناھتىن نېرى تۇرۇڭلار! — دېگەندە، ساھابەلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسى گۇناھلار؟ — دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:

— ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈش، ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كېتىش، يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك، پاك ۋە مۇئمىنە ئاياللارغا قارا چاپلاش قاتارلىقلاردۇر، — دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

ئىككىنچى ھەدىس: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— قايسى گۇناھ ئەڭ ئېغىر؟ — دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاللاھ سېنى ياراتقان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ، — دېدى.

— ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ — دەپ سورالغاندا:

— قورساق غېمىدىن قورقۇپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ.

— ئاندىن قالسىچۇ؟

[1] ئەھمەد (26073). ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك» ، 8717 ) «سەنەدى سەھىھ» دېگەن. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («زەئىفۇلجامىئ» ، 3022) «زەئىف» دېگەن.
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2766)؛ مۇسلىم (89).

— قوشنامنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ، — دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

ئۈچىنچى ھەدىس: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش چوڭ گۇناھتۇر» دېگەن[2].

تۆتىنچى ھەدىس: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ يالغان سۆزلەش (ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش)» دېدى[3].

بەشىنچى ھەدىس: ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا چوڭ گۇناھلار تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇ زات سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹چوڭ گۇناھلار — ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىشتۇر› دېدى. رەسۇل ئەكرەم بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ يۆلەنمەي ئولتۇرۇپ: ‹ئاگاھ بولۇڭلار! يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش› دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى داۋاملىق تەكرارلىدى، ھەتتا بىز: ‹كاشكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توختىسىچۇ!› دەپ قالدۇق»[4].

ئالىملار چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارنى بايان قىلغان. چوڭ گۇناھلار ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر چوڭ گۇناھلارنىڭ پەقەت شۇلار ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلمايدۇ. چوڭ گۇناھلارنى ئوچۇق سانى بىلەن بايان قىلماسلىقتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «كىشىلەرنىڭ داۋاملىق گۇناھ قىلىشتىن قورقۇش ئىچىدە بولسۇن» دېگەننى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھەدىسلەردىن چوڭ گۇناھلارنىڭ تۈرىنى بىلگەن كىشى ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ھەم بىلەلەيدۇ.

كىچىك گۇناھلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىنى بىلىپ بولۇش ئىمكانسىز. ئالىملار چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈنى تۆت دېگەنلىكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بولسا يەتتە دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4761، 600، 6811 ۋە 7520)؛ مۇسلىم (86).
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6870، 6675)؛ مۇسلىم (88).
[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5977)؛ مۇسلىم (88). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.
[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6919)؛ مۇسلىم (87).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۇنى «يەتتىدۇر» دېگىنىنى ئاڭلىسا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ئۇ يەتتىگە قارىغاندا 70 كە يېقىنراق» دەيتتى.

ئەبۇ سالىھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «ئۇ قىلغۇچىغا دۇنيادا بەلگىلەنگەن ئېغىر جازا بېرىشنى ۋاجىب قىلىدىغان قىلمىشتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «چوڭ گۇناھلار «نىسائ» سۈرىسىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴾«نىسائ»4/: 31 دېگەن سۆزىگىچىدۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقا ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن قورقۇتقان ھەرقانداق گۇناھ چوڭ گۇناھتۇر»[1].

ئەبۇ تالىب ئەلمەككىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «چوڭ گۇناھلار 17 بولۇپ، مەن ئۇلارنى ھەدىسلەردىن تولۇق جەملىدىم:

چوڭ گۇناھلاردىن تۆتى قەلبتە بولۇپ، ئۇلار: «ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، گۇناھ - مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقماسلىق» قاتارلىقلار.

تۆتى تىلدا بولۇپ، ئۇلار: «يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ئىپپەتلىك ئاياللارغا ‹زىناخور› دەپ بوھتان چاپلاش، يالغان قەسەم قىلىش، سېھىر قىلىش» قاتارلىقلار.

ئۈچى قورساقتا بولۇپ: «ھاراق ئىچىش، يېتىمنىڭ مېلىنى زۇلۇم قىلىپ يەۋېلىش ۋە ئۆسۈم يېيىش» قاتارلىقلار.

ئىككىسى ئەۋرەتتە: «زىنا قىلىش ۋە بەچچىۋازلىق قىلىش».
ئىككىسى قولدا: «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئوغرىلىق قىلىش».
بىرسى ئىككى پۇتتا: «ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش».
بىرى پۈتۈن بەدەندە بولىدۇ: «ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش».

بۇ گۇناھلارنى ئارتتۇرۇش ياكى كېمەيتىش مۇمكىندۇر. چۈنكى، يېتىمنى

[1] يۇقىرىقى رىۋايەتلەر ئۈچۈن قاراڭ: «تەفسىرۇ تەبەرىي»، 6/641 - 653.

ئۇرۇش ۋە ئۇنى ئازابلاش ئۇنىڭ مېلىنى يېگەنگە قارىغاندا بەكرەك چوڭ گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارغا قارىتا ئايرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

بىلگىنكى، كىشىلەر دۇنيادا پەرقلىق بولغىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. كىشىلەر ئاخىرەتتە ھالاك بولغۇچىلار، ئازابلانغۇچىلار، نىجات تاپقۇچىلار ۋە مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەر قاتارلىق تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

بۇ بەئەينى، بىر پادىشاھ مەلۇم بىر رايوننى ئىگىلەيدۇ ۋە ئۇ رايوندىكى بەزى كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، بەزىسىنى ئۆلتۈرمەي قىينايدۇ، بەزىسىنى قويۇۋېتىدۇ ۋە ئۇلار نىجات تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىگە بولسا تون كىيدۈرىدۇ، بۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. پادىشاھ ئادىل پادىشاھ بولسا، ئۇلاردىن مۇناسىپ كىشىگىلا ھەق تەقسىمات قىلىدۇ. پادىشاھ ھەق تەقسىماتتىن شىكايەت قىلغۇچىنى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىسيان قىلغۇچىنى ئۆلتۈرىدۇ. پادىشاھنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزگەن كىشىنى بولسا ئازابلايدۇ. ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە خىزمەتتە قۇسۇر ئۆتكۈزمىگەن كىشىنى قويۇۋېتىدۇ، پادىشاھقا خىزمەت قىلىش ۋە ياردەم بېرىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن كىشىگە تون كىيدۈرىدۇ.

بۇ قىسىمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەربىرى ئەھۋالىغا قارىتا نېئمەت ۋە ئازابتا پەرقلىق بولىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ھەدىس دەلىلدۇر: «بەزى كىشىلەر پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ»[1]. «ئۇلاردىن دوزاختا يەتتە مىڭ يىل قالىدىغان كىشىلەر بولىدۇ»[2]. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىت بىلەن يەتتە مىڭ يىل ئارىسىدا پەرق بەك چوڭ.

ئازابنىڭ قاتتىق بولۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا كەلسەك، قاتتىق ئازابنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئەدناسى ئىنچىكە ھېساب ئېلىپ جازالاشتۇر. شۇنىڭدەك ئەمەللەرنى قىلىشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزگەن بەزى كىشىلەرنى پادىشاھ ئىنچىكە ھېساب ئېلىش بىلەن ئازابلايدۇ، ئاندىن ئەپۇ قىلىدۇ. بەزىدە ساۋدايدۇ ياكى باشقىچە ئۇسۇللار

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7439)؛ مۇسلىم (183). ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ھەجەر: («فەتھۇلبارىي»، 459/11) «ھەكىم تىرمىزىي ‹نەۋادىرۇل ئۇسۇل› دېگەن كىتابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن زەئىف سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان» دېگەن.

بىلەن قىينايدۇ.

بەخت - سائادەت ئەھلىنىڭ نېئمەت دەرىجىسىنىڭ بۇ شەكىلدە پەرقلىق بولۇشى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن ئايدىڭلىشىدۇ.

تەپسىلىي بايان قىلساق: كىمكى ئىمان ئاساسىنى پۇختا قىلسا، بارلىق چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا ۋە بارلىق پەرزلەرنى ياخشى ئادا قىلسا، ئاندىن بەزى كىچىك گۇناھلارنى داۋاملىق قىلمىغان ئاساستا قىلىپ سالغان بولسىمۇ، ئۇمىدكى ئەپۇ قىلىنغاي. «قۇرئان كەرىم» چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشنىڭ كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇنداق ئەمەل قىلغان كىشى يا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بەندىلەر قاتارىغا، يا نامە - ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەن كىشىلەرگە قوشۇلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىمانى ۋە جەزمىيىتىگە كۆرە بولىدۇ. ئەگەر ئىمانى ئاجىز ياكى جەزمىيىتى ئاز بولسا، مەرتىۋىسى تۆۋەن بولىدۇ. ئەگەر جەزمىيىتى كۆپ ۋە ئىمانى كۈچلۈك بولسا، مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا يېقىن بەندىلەر ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇشىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قاراپ، دەرىجىلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى ئىلىم - مەرىپەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى، ئىلىم - مەرىپەت دېڭىزىنىڭ قىرغىقى يوقتۇر. بۇ دېڭىزغا غەۋۋاسلار ئۆزىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت مىقدارىدا شۇڭغىيالايدۇ. نامە - ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئاللاھ تائالاغا يېقىن مۇقەررەب بەندىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر. بۇ چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان ۋە پەرزلەرنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىدۇر.

چوڭ گۇناھ قىلغان ياكى ئىسلام ئاساسلىرىغا سەل قارىغان كىشىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇ ئەجىلى كېلىشتىن بۇرۇن سەممىي تەۋبە قىلسا، ئۇ كىشى بىگۇناھ كىشىلەر قاتارىدا بولىدۇ. چۈنكى، «گۇناھتىن تەۋبە قىلغۇچى مىسالى گۇناھسىز كىشىگە ئوخشايدۇ»[1]. يۇيۇلغان كىيىممۇ ئەسلا كىرلىشىپ باقمىغان كىيىمگە ئوخشايدۇ.

لېكىن، تەۋبە قىلىشنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ چوڭ گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ تەۋرەپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى يامان ھالەتتە ئاخىرلاشقان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئۇ كىشى دەلىلگە ئاساسەن ئەمەس، باشقىلارغا تەقلىد

[1] ئىبنى ماجە (4250)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (10128). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3008) «ھەسەن» دېگەن.

قىلىپ ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ ئىمانى ئازراق شەك ۋە خىيال بىلەنمۇ بۇزۇلۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچى ۋە جەزم قىلغۇچىنىڭ دۇنيادىن يامان ئاقىۋەت بىلەن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش بىھاجەتتۇر. تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن مېيىتنىڭ ئازابلىنىشى چوڭ گۇناھلارنىڭ قەبىھلىكى ۋە ئۇنى قىلىشتا داۋاملىشىش مۇددىتىگە قاراپ بولىدۇ. ئاندىن تەقلىد قىلغۇچى ئاجىزلار جەننەتكە چۈشىدۇ، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇپ ھەق يولنى كۆرگۈچىلەر ئىللىيىين[1]نىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا ئۆرلەيدۇ. بىز بايان قىلغان بەندىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مەرتىۋىلىرى ئاشكارا سەۋەبلەرنىڭ ھۆكمى بولۇپ، بۇ ھۆكۈم خۇددى تېۋىپنىڭ بىر بىمار ھەققىدە: «بۇ بىمار شەكسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ، كېسىلى ياخشىلانمايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغىنىغا، يەنە بىر بىمارغا: «بۇنىڭ كېسىلى يەڭگىل، داۋالاش ئاسان» دەپ ھۆكۈم قىلغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ كۆپىنچە توغرا چىقىدۇ. بەزىدە تېۋىپ سەزمەستىن ئۆلۈم گىردابىدىكى كېسەل ساقىيىپ قېلىشى، كېسىلى يەڭگىل بىمارمۇ تېۋىپ ئۇقمايلا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى ئاللاھ تائالانىڭ مەخپىي سىرلىرى بارلىقى، ھايات كىشىلەرنىڭ روھلىرىدا سەۋەبلەرنى كەلتۈرگۈچى زات قويغان يوشۇرۇن سەۋەبلەرنىڭ بارلىقى ۋە ئۇ سەۋەبلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئىنسانىدا كۈچ - قۇۋۋەت يوقلۇقىدىندۇر. شۇنىڭدەك ئاخىرەتتە خار بولۇش ياكى ئەزىز بولۇشنىڭ ئىنسان ئەقىل قۇۋۋىتى بىلىشكە قادىر بولالمايدىغان يوشۇرۇن سەۋەبلىرى بار. يەنە شۇنىڭدەك ئاسىي كىشىنىڭ خاتالىقلىرى كۆپ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىشى، تائەت - ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئاشكارا تائەت - ئىبادەتلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپ قىلىشى تامامەن مۇمكىندۇر. چۈنكى، بۇ يەردە تەقۋالىققا قارىلىدۇ. تەقۋالىق قەلبتە بولىدۇ، قەلبنىڭ ھاللىرى بەزىدە شۇ قەلب ئىگىسىگىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ، باشقىلارغا قانداقمۇ يوشۇرۇن بولمىسۇن؟!

قۇتۇلغۇچىلارغا كەلسەك، — بىز قۇتۇلۇشتىن بەخت - سائادەت ۋە مۇراتقا يېتىشنى ئەمەس، بەلكى ئامان قېلىشنى كۆزدە تۇتىمىز — بۇلار بولسا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خىزمەتمۇ قىلمىغان، كەمچىلىكمۇ ئۆتكۈزمىگەن كىشىلەردۇر. بۇ بولسا ساراڭلار، سەبىيلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن كافىر باللىرى ۋە دەۋەت يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا دەۋەت يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئىنكار قىلىش، ئىتائەت قىلىش ۋە گۇناھ - مەئسىيەت قىلىش مەۋجۇد بولمايدۇ. بۇلار «ئەئراف»ئىزاھلانسا دېگەن ئورۇندا بولۇشقا لايىقتۇر.

[1] جەننەتتىكى ئۈستۈن مەرتىۋىلەر.

مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغۇچىلاردۇر. ئۇلار بولسا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن ۋە ياخشى ئىشلارغا ئەڭ ئالدىرايدىغان كىشىلەردۇر. ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾32/«سەجدە»: 17.

ئۇلار جەننەتكە ھېرىس ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەگە ئۇچرىشىش ۋە ئاللاھقا قاراشقا ھېرىسمەندۇر.

ئۇلار خۇددى ئاشىقلارغا ئوخشايدۇ. ئاشىق ئاشىقلىق ھالىتىدە ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، بەدىنىگە تەگكەن نەرسىنى سەزمەيدۇ ۋە سۆيگىنىدىن باشقا غېمى بولمايدۇ. بۇلار بولسا ئىنسان كۆڭلىگە كەچمىگەن سۆيۈندۈرگۈچى نېمەتلەرگە ئېرىشىدىغان كىشىلەردۇر.

ياخشىلىقلارغا بىنائەن ئايرىلىدىغان دەرىجىلەر ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلىسەك كۇپايە.

### كىچىك گۇناھلارنى چوڭ گۇناھلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار ھەققىدە

بىلگىنكى، كىچىك گۇناھلار بىرنەچچە سەۋەب بىلەن چوڭ گۇناھقا ئايلىنىدۇ.

شۇ سەۋەبلەردىن بىرى: گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە داۋاملىق گۇناھ قىلىش

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىلىشقا بەل باغلاش بىلەن كىچىك گۇناھ بولماس، ئىستىغپار بىلەن چوڭ گۇناھ بولماس»[1].

بىلگىنكى، قىلىشتىن توختالغان ۋە داۋاملىق قىلىنمىغان چوڭ گۇناھنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى بىر بەندە داۋاملىق قىلىدىغان كىچىك گۇناھنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىدىن ئۈمىدلىكرەكتۇر.

بۇ، خۇددى تاشقا تامغان ئۈزۈلمەس سۇ تامچىلىرىغا ئوخشايدۇ. تاشقا ئارقىمۇئارقا چۈشكەن سۇ تامچىلىرى تاشقا تەسىر قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، سۇ تامچىلىرى يىغىلىپ، بىر قېتىمدىلا تاش ئۈستىگە تۆكۈلسە تاشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. خۇسۇسەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ:

---

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەتتەۋبە»، (166)؛ دەيلەمىي: «مۇسنەدۇل فىردەۋس»، (7914). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 6308) «زەئىف» دېگەن.

«ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈكى ئاز بولسىمۇ ئۈزۈلمەي داۋام قىلغىنىدۇر»[1] دېگەن.

سەۋەبلەردىن يەنە بىرى، گۇناھنى كىچىك ساناشتۇر

بىر بەندە گۇناھنى چوڭ گۇناھ ھېسابلىسا، ئۇ گۇناھ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا كىچىك بولىدۇ. گۇناھنى كىچىك كۆرسە، ئۇ گۇناھ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا چوڭ گۇناھ بولىدۇ. گۇناھنى چوڭ ھېسابلىغاندا، قەلب گۇناھ قىلىشتىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە گۇناھ قىلىشنى ئۆچ كۆرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شەكسىزكى، مۇئمىن ئۆز گۇناھلىرىنى خۇددى ئۆزى تاغ ئاستىدا تۇرۇپ، ئۇ تاغنىڭ ئۈستىگە غۇلاپ چۈشۈش خەۋپىدەك قورقۇنچلۇق كۆرىدۇ. گۇناھكار بولسا ئۆز گۇناھلىرىنى گويا بۇرنىغا قونغان چىۋىنچىلىك كۆرىدۇ» دېگەن ۋە بۇرنىغا ئىشارەت قىلغان[2].

مۇئمىن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلگەچكە، گۇناھ قىلىش مۇئمىننىڭ قەلبىدە ناھايىتى چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

مۇئمىن ئۆزى ئاسىيلىق قىلغان زاتنىڭ كاتتىلىقىغا قارىسا، كىچىك گۇناھنىمۇ چوڭ گۇناھتەك كۆرىدۇ .

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەقىقەتەن شۇنداق (يامان) ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەركى، ئۇ ئىشلار سىلەرنىڭ نەزەرىڭلاردا قىلدىنمۇ ئىنچىكىدۇر. ھالبۇكى، بىز ئۇلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا ھالاكەتكە ئاپىرىدىغان ئېغىر گۇناھلار قاتارىدىن سانايتتۇق»[3].

بىلال ئىبنى سەئىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «خاتالىقنىڭ كىچىكلىكىگە قارىمىغىن، بەلكى سەن ئاسىيلىق قىلغان زاتنىڭ بۈيۈكلۈكىگە قارىغىن»[4].

سەۋەبلەردىن يەنە بىرى، قىلغان كىچىك گۇناھ بىلەن سۆيۈنۈش ۋە ئۆزىنى داڭلاش. خۇددى «مېنىڭ پالانىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قانداق يەكسان قىلغىنىمنى، ئۇنى خىجىل قىلىپ، يامانلىقلىرىنى قانداق يۈزىگە سالغىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش ياكى بىر سودىگەرنىڭ: «ساختا مالنى پالانىغا قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى، ئۇنى قانداق ئالدىغىنىمنى، ئۇنى قانداق قويۇۋەتكىنىمنى

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5861)؛ مۇسلىم (783). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.
[2] بۇخارىي (6308).
[3] بۇخارىي (6492).
[4] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد» ، (70).

كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگىنىگە ئوخشاش. بۇ ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئارقىلىق كىچىك گۇناھلار چوڭ گۇناھلارغا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھىنى ئاشكارىلىمىغانلىقى، گۇناھ قىلغۇچىنى تېز جازالىمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا مۆھلەت بەرگەنلىكى سەۋەبلىك گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلىشقا سەل قارىشىمۇ كىچىك گۇناھلارنى چوڭ گۇناھلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى، گۇناھ قىلغۇچى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى تېز جازالىماي مۆھلەت بېرىشىنى ئۇنى يامان كۆرگەنلىكتىن ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ زىيادە گۇناھ قىلىۋېلىشى ئۈچۈن بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

گۇناھ - مەئسىيەتنى قىلىپ، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ يۈرۈشمۇ كىچىك گۇناھلارنى چوڭ گۇناھلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلغۇچىلاردىن باشقا بارلىق ئۈممىتىم سالامەت قىلىنغۇچىلاردۇر، گۇناھنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلىشنىڭ جۈملىسىدىن: بىر ئادەم كېچىسى بىر گۇناھنى قىلىپ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى يوشۇرغان تۇرۇقلۇق تاڭ ئاتقۇزۇپ: ‹ئى پالانى! مەن كېچىچە مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم› دېيىشىدۇر. ۋەھالەنكى ئۇ كېچىچە ئۇنى پەرۋەردىگارى يوشۇرغان ھالدا ياتقان، شۇنداق تۇرۇقلۇق تاڭ ئاتقۇزۇپ ئۆزىدىن ئاللاھنىڭ پەردىسىنى ئېچىۋېتىدۇ»[1].

يەنە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ باشقىلار ئەگىشىدىغان ئالىم بولۇشىمۇ كىچىك گۇناھنى چوڭ گۇناھقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق كىشى ئوچۇق - ئاشكارا گۇناھ - مەئسىيەت قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھى چوڭ بولىدۇ. ئالىم يىپەك كىيىم كىيىش، زالىم قاياشلىق، زالىملار بىلەن ئۈلپەتداشلىق، باشقىلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ئاغزىغا كەلگەن گەپلەر بىلەن تۆكۈش ۋە مۇنازىرە ئىلمى كەبى پەقەت يۈز - ئابرۇي تېپىش مەقسەت قىلىنىدىغان ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئوخشاش گۇناھلارنى قىلسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گۇناھلار دۇنياغا تارقىلىدۇ ۋە ئومۇملىشىدۇ. ئۆلسە گۇناھلىرىمۇ بىرگە ئۆلىدىغان كىشىگە ياخشىلىق بولسۇن!

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىسلامدا يامان بىر يولنى يولغا قويسا، ئۇنىڭغا شۇ يامان يولنى يولغا قويغانلىقىنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يامان يول بىلەن ئەمەل قىلغان

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6069)؛ مۇسلىم (2990).

كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچنەرسە كېمەيمەيدۇ»[1].

شۇڭا ئالىمنىڭ ئىككى ۋەزىپىسى باردۇر:

*بىرىنچىسى: گۇناھ قىلىشنى تاشلاش.*
*ئىككىنچىسى: گۇناھ قىلىپ قالسا يوشۇرۇش.*

ئالىملارنىڭ گۇناھلىرىغا باشقىلار ئەگەشسە، ئۇلارغا ھەسسىلەپ گۇناھ بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغىمۇ باشقىلار ئەگەشسە، ئۇلارغا ھەسسىلەپ ساۋاب بولىدۇ.

ئالىم ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە خەج - خىراجىدا ئوتتۇراھال بولۇشى كېرەك. خىراجەتنى ئاز قىلىشقا بەكرەك مايىل بولسۇن. چۈنكى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قارايدۇ.

ئالىم باشقىلار ئەگىشىپ قالىدىغان گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئالىم: «سۇلتانلارغا ئۇلپەتداشلىق ۋە بايلىق توپلاشنى ئۆزىگە رۇخسەت» دەپ قارىسا، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھى ئالىمغا بولىدۇ. بەزىدە ئالىم گۇناھتىن سالامەت قالىدۇ، ئەمما ئەگەشكەنلەر ئالىمنىڭ گۇناھتىن قانداق سالامەت قالغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

شۇنداق رىۋايەت ئاڭلىدۇقكى: «كىشىلەرنى چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلايدىغان بىر پادىشاھ باركەن. پادىشاھ بىر ئالىمنى چاقىرتىپتۇ، ئالىم كەلگەندە ئوردا قوۋۇقچىسى: ‹سىز ئۆچۈن بىر ئۆچكە بوغۇزلىدىم، ئۇنىڭدىن يېگەيسىز› دەپتۇ. ئاندىن ئالىم ئوردىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا گۆش ئېلىپ كېلىنىپتۇ، لېكىن ئالىم ئۇ گۆشنى يېمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. قوۋۇقچى ئالىمغا:

— مەن ساڭا ئۇ ئۆچكە گۆشى دېمىدىممۇ؟! — دەپتۇ. ئالىم:

— ماڭا ئەگىشىدىغانلار بۇنى قەيەردىن بىلسۇن، — دېگەنىكەن».

## تەۋبە قىلىشنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا

بىلگىنكى، تەۋبە قىلىش ھەقىقىي پۇشايمان قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. كىشى شۇ پۇشايمان ئارقىلىق گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ مەھبۇبى

[1] مۇسلىم (1017). جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئارىسىدا توسۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈ.

پۇشايمان قىلىش بولسا قەلبنىڭ ئۆز مەھبۇبىدىن ئايرىلغانلىقىنى سەزگەن چاغدىكى ئەلەم تارتىشىدۇر. پۇشايمان قىلغانلىقنىڭ ئالامىتى ئۇزۇن مۇددەت قايغۇرۇش ۋە يىغلاشتۇر. چۈنكى، بالىسى ياكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر كىشىگە كەلگەن بىر ئازابنى سەزگەن كىشى ئۇزۇن مۇددەت يىغلايدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇسىبىتى قاتتىق بولىدۇ. كىشىنىڭ ئۆز نەپسىدىنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسىسى بولامدۇ؟ دوزاخ ئوتىدىنمۇ قاتتىق ئازاب بارمۇ؟ ئازابنىڭ چۈشۈشىگە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىنمۇ ئۆتە بىر سەۋەب بولامدۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدىنمۇ بەك راستچىل خەۋەر قىلغۇچى بارمۇ؟ ئەگەر تېۋىپ بىراۋغا بالىسىنىڭ كېسەلدىن ساقايمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلسا، ئۇ شۇ ھامان قاتتىق قايغۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بالىسى ئۇنىڭ نەپسىدىنمۇ قىممەتلىك ئەمەس! تېۋىپ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىنمۇ بەك بىلگۈچى ئەمەس. ئۆلۈم دوزاخ ئوتىدىن قاتتىق ئەمەس. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولۇشقا كېسەلنىڭ ئۆلۈمگە دەلىل بولغىنىدىن بەكرەك دەلىلدۇر.

تەۋبە قىلغۇچى بويىنىدىكى ئوقۇماي قالغان نامازلىرىنى ياكى شەرتكە لايىق ئوقۇمىغان نامازلىرىنى، مەسىلەن نىجاسەت بار كىيىمدە ياكى بىلمەسلىكى تۈپەيلىدىن توغرا بولمىغان نىيەت بىلەن ئوقۇپ قالغان نامازلىرىنى ئېسىگە ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشى كېرەك.

شۇنىڭدەك ئەگەر كىشىنىڭ بويىنىدا ئادا قىلمىغان روزا، زاكات، ھەج ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ۋاجىب ئەمەللەر بولسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشى، ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ تەكشۈرۈپ تولۇقلىۋېلىشى كېرەك.

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە كەلسەك، تەۋبە قىلغۇچى بالاغەتكە يەتكەن ۋاقتىتىن باشلاپ ئۆزىدىن سادىر بولغان بارلىق گۇناھلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى لازىم. بۇ گۇناھلاردىن ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدىكى «گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش: پۇشايمان قىلىش ۋە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش بىلەن بولىدۇ»[1].

ئاندىن گۇناھلىرىنىڭ مىقدارىغا قارىشى، ئاندىن ھەربىر گۇناھقا مۇناسىپ كېلىدىغان ياخشىلىقنى ئىزدىشى ۋە يامانلىقلار مىقدارىچە ياخشىلىقلارنى قىلىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا: ﴿شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ

[1] ئەھمەد (26322). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1433) «سەھىھ» دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر﴾ («ھۇد»: 11/114) دېگەن.

رەسۇلۇللاھ: «بىرەر يامانلىق قىلىپ قالساڭ، ئارقىدىن بىر ياخشىلىق قىلغىنكى، ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتكەي»[1] دېگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ تېمىغا مىسال: ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلىغانلىق گۇناھىنى قۇرئان ئاڭلاش ۋە زىكىر ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇش؛ قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتۇش گۇناھىنى قۇرئاننى ئەزىزلەش ۋە كۆپ ئوقۇش، ئەگەر مۇمكىن بولسا قۇرئاننى ئۆزى كۆچۈرۈپ ئوقۇيالىسا شۇنداق قىلىش ۋە ھاراق ئىچىش گۇناھىنى ھالال ئىچىملىكنى سەدىقە قىلىش يوققا چىقىرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن ھەربىر يامان ئەمەل ئەۋزىگە مۇناسىپ ياخشى ئەمەل قىلىش يولىدا ماڭغىن. چۈنكى، كېسەللەر ئۇنىڭغا قارشى دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ. مانا بۇ بەندە بىلەن ئاللاھ تائالا ئارىسىدىكى گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش يولىدۇر.

بەندىلەرگە قىلىنغان زۇلۇملاردىن تەۋبە قىلىشقا كەلسەك، بەندىگە قىلىنغان زۇلۇممۇ ھەم ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان ئىسياندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن توستى. دېمەك، زالىم كىشى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشنى قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، زالىم قىلغان زۇلمىغا پۇشايمان قىلىشى ۋە كېلەچەكتە ئۇ زۇلۇمنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلىشى، يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك شۇ زۇلۇملارنىڭ ئەكسىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن تەۋبە قىلىشى كېرەك، كىشىلەرنىڭ قىلغان ئەزىيەتنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇشى، باشقىلارنىڭ مېلىنى بۇلىۋالغان بولسا، ئۆزىنىڭ ھالال مېلىدىن سەدىقە قىلىش بىلەن كەففارەت تۆلىشى، بىراۋنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆككەن بولسا، دىندار كىشىلەرنى ماختاش بىلەن قىلغان گۇناھىنى يۇيۇشى ۋە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، قول ئازاد قىلىش بىلەن قىلىنغان گۇناھقا كەففارەت بېرىشى لازىم.

بۇ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى تەۋبە قىلىش يولىدۇر. تەۋبە قىلغۇچى كىشى بەندىلەرگە قىلغان زۇلمىدىن يانمىغۇچە ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى يېتەرلىك بولمايدۇ. كىشىگە قىلىنغان زۇلۇم يا جانغا، يا مالغا، يا يۈز - ئابرۇيغا ۋەياكى قەلبلەرگە بەرگەن ئەزىيەتلەرگە قارىتا بولىدۇ:

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى: ئەگەر كىشى خاتالىشىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ دىيىتىنى دىيەت تۆلەنگۈچىگە ئۆزى ياكى يېقىنلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش

[1] ئەھمەد (21392)؛ تىرمىزىي (1987). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 97) «ھەسەن» دېگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

شەرتلىرى بويىچە قىساس ئىلىنىشى ۋاجىب بولىدۇ. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە ئۆزىنى تاپشۇرۇشى كېرەك. ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى خاھلىسا ئۇنىڭدىن قىساس ئالسا، خاھلىسا ئۇنى ئەپۇ قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىنى يوشۇرۇشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئەگەر زىنا قىلسا ياكى ئوغرىلىق قىلسا، ياكى ھاراق ئىچسە ۋەياكى ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ھەد جازاسى ۋاجىب بولىدىغان ئىشنى قىلسا، بۇ ئىشلاردىن تەۋبە قىلىشتا ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ رەسۋا قىلىش ھاجەتسىز. بەلكى بۇ گۇناھلاردىن بىرەرسىنى قىلغان كىشى ئۆزىنى يوشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئىش ۋالىيغا يەتكۈزۈلۈپ، ۋالىي ئۇنىڭغا ھەد ئىجرا قىلسا، بۇ ئىش دەل جايىدا قىلىنغان ئىش بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گۇناھقا قىلغان تەۋبىسى مائىز ۋە غامىد قەبىلىسىلىك ئايالنىڭ ۋەقەلىكلىرىگە[1] ئاساسلانغاندا، ئاللاھ نەزەرىدە توغرا ۋە قوبۇل بولغان تەۋبە بولىدۇ.

ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلاشنىڭ ھەد جازاسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھەق ئىگىسىدىن رازىلىق ئېلىش لازىم بولىدۇ.

ئىككىنچىسى: بۇلاڭچىلىق، خىيانەتچىلىك ۋە مۇئامىلىدە ئالدامچىلىق كەبى مال- مۈلكلەرگە ئالاقىدار زۇلۇملار. بۇ خىل زۇلۇمدا ماللارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش ۋە مال ئىگىلىرىنى رازى قىلىش ۋاجىبتۇر.

زالىم زۇلۇم قىلىپ قالغان كىشىلەرگە خەت يازسۇن، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلسۇن، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالسۇن. ئەگەر قىلىنغان زۇلۇم باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولسا، رازى قىلىشقا قادىر بولالىغىنىنى رازى قىلسۇن. بۇ ھالدا كىشىگە ياخشى ئىشلارنى مۇمكىنقەدەر كۆپ قىلىشتىن باشقا يول قالمايدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنغاندا، زۇلۇم قىلىنغان كىشىلەرنىڭ مىزانلىرىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى يەتمىسە، مەزلۇملارنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئېلىنىپ زالىمنىڭ يامانلىقلىرى ئۈستىگە قويۇلىدۇ.

مانا بۇ زالىمنىڭ ئىلكىدىكى زۇلۇم بىلەن ئېلىۋېلىنغان مۇقىم مال ۋە نەق ماللار ھەققىدىكى ھۆكۈمدۇر.

ئەگەر زالىمنىڭ قېشىدا ئىگىسى ياكى ۋارىسلىرى نائېنىق، زۇلۇم بىلەن

[1] مۇسلىم (1695). بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. بىرىنچى ۋەقەلىكتە مائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋبىسى، ئىككىنچى ۋەقەلىكتە غامىد قەبىلىسىلىك ئايالنىڭ تەۋبىسى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئېلىۋېلىنغان ماللار بولسا، ئۇ ماللارنى ئىگىسى نامىدىن سەدىقە قىلسۇن. ئەگەر ھالال مال بىلەن ھارام مال ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ھارام مالنىڭ مىقدارىنى ئىجتىھاد بىلەن ئايرىپ، ئۇنى سەدىقە قىلسۇن.

ئۈچىنچىسى: بىراۋلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە قەلبلەرگە ئەزىيەت بېرىش. بۇنداق كىشى يۈز - ئابرۇيىنى تۆككەن ۋە قەلبىگە ئەزىيەت بەرگەن ھەربىر كىشىدىن رازىلىق ئېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىلدۈرۈشى لازىم. چۈنكى، ئوچۇق بولمىغان رازىلىق ئېلىش كۇپايە قىلمايدۇ. بەزىدە يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلگۈچى يۈز - ئابرۇيىنى تۆككۈچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى رازى بولغىلى ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ قىلمىش تىلغا ئېلىنسا، مەسىلەن بىراۋنىڭ بىر يوشۇرۇن ئەيىبىنى ئېچىش ياكى ئۇنىڭ چۈرىسى بىلەن زىنا قىلغانغا ئوخشاش ئىشلار بولۇپ ئۇنى ئوچۇق دېسە، ئەزىيەت تېخىمۇ كۆپىيىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا يۇمشاق بولسۇن ۋە ياخشىلىق قىلىشقا كۈچىسۇن، ئاندىن ئوچۇق بولمىغان ھالەتتە ئۇنىڭدىن رازىلىق تەلەپ قىلسۇن. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا يەنە قىيامەت كۈنى ياخشىلىقلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن ئادا قىلىنىدىغان زۇلۇم بار. يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلگەنلەر ۋە قەلبىگە ئەزىيەت بېرىلگەنلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنى رازى قىلىش قولدىن كەتكەن بولىدۇ. بۇ ھالدا قىيامەت كۈنى بەدەل سۈپىتىدە ئېلىنىشى ئۈچۈن پەقەت ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىش لازىم. قىيامەت كۈنى ياخشىلىقلار يامانلىقلاردىن كۆپ بولغاندىلا ئازابتىن خالاس بولغىلى بولىدۇ.

## پەسىل

توغرا بولغان تەۋبە قىلىشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى، كېلەچەكتە شۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان گۇناھلارنى قىلماسلىققا چىڭ بەل باغلاشتۇر.

مىسال: كېسەللىكە مېۋە - چېۋىنىڭ زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بىمار شۇ كېسەل ھالىتىدە، ھېچقانداق مېۋە - چېۋىنى يېمەسلىككە بەل باغلايدۇ. گەرچە بىمار ساقايغاندىن كېيىن يەپ سېلىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، لېكىن شۇ كېسەللىك ھالىتىدە ناھايىتى چىڭ بەل باغلايدۇ. لېكىن، تەۋبە قىلغۇچى تەۋبە قىلغان ھالىتىدە مەزكۇر تەۋبە قىلىنغان گۇناھنى كېلەچەكتىمۇ قىلماسلىققا كۈچلۈك بەل باغلىمىسا، ئۇ تەۋبە قىلغان كىشى ھېسابلانمايدۇ.

تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تۇنجى تەۋبە قىلىشىدا گۇناھلارنى قايتا قىلماسلىققا چىڭ بەل باغلىشى پەقەت تەنها قېلىش، سۈكۈت قىلىش، ئاز يەپ - ئىچىش ۋە ئاز ئۇخلاش، ھالال ئوزۇققا ئېرىشىش ۋە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەردە

كۆڭلى تارتقان شۇبھىلىك نەرسىلەرنى تاشلاش ئارقىلىق مۇكەممەل بولۇشى مۇمكىن.

بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «كىمكى شەھۋەتنى تەرك ئېتىشتە راستچىل بولۇپ، نەپسىگە قارشى يەتتە قېتىم جىھاد قىلسا، شۇ شەھۋەت بىلەن قايتا سىنالمايدۇ».

يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر گۇناھتىن تەۋبە قىلسا ۋە شۇ گۇناھنى قىلماي يەتتە يىل توغرا يولدا ماڭسا، ئۇ گۇناھنى ئىككىنچى قېتىم قىلىشقا ھەرگىز قايتمايدۇ».

## بەندىلەرنىڭ ئۆز تەۋبىسىدە داۋاملىشىش دەرىجىلىرى

كىشىلەر تەۋبە قىلىشتا تۆت دەرىجىگە بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى دەرىجە: قىلغان تەۋبىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە رۇس ماڭىدىغان، سەل قاراپ كەتكۈزۈپ قويغانلىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە قايتا گۇناھ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكمىگەن تەۋبە قىلغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ئىنسان ساقلىنالمايدىغان سەھۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ بولسا قىلغان تەۋبىسىدە ئىستىقامەت يولىدا مېڭىش بولۇپ، بۇنداق تەۋبە قىلغۇچىلار ياخشى ئىشلارغا بەك ئالدىرىغۇچىلاردۇر. بۇ تەۋبە «سەمىمىي تەۋبە قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تەۋبە قىلغان نەپس «ئارام تاپقۇچى نەپس» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تەۋبە قىلىدىغانلار بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرى باركى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بويسۇندۇرۇشى ئاستىدا شەھۋىتى بېسىقىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردىكى شەھۋەتنىڭ تارتىش كۈچى ئاجىزلايدۇ. يەنە بەزىلىرى باركى، نەپسى گۇناھقا تارتسا، نەپسىگە قارشى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جىھاد قىلىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە: ئاساسلىق تائەت - ئىبادەتلەرنى قويمايدىغان ۋە چوڭ قەبىھ گۇناھلارنى تەرك ئېتىدىغان، گۇناھ قىلىشنى مەقسەت قىلمايدىغان، لېكىن گۇناھلاردىن ساقلىنالمايدىغان تەۋبە قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار خىلمۇخىل ھالدا گۇناھلار بىلەن سىنىلىدۇ، لېكىن ئۇلار گۇناھ قىلىشنى خاھلىمايدۇ. مۇبادا ئۇلار بىرەر گۇناھنى قىلىپ سالسا ئۆزلىرىنى مالامەت قىلىدۇ، قىلىپ سالغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، شۇ گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا بەل باغلايدۇ. بۇنداق تەۋبە قىلغان نەپس «بەك مالامەت قىلغۇچى نەپس»تۇر. چۈنكى، ئۇ نەپس ئەيىبلىك ئىشلارنى كۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئىگىسىگە مالامەت قىلىدۇ. بۇنداق تەۋبە قىلىش بىرىنچى دەرىجىدىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ، يەنىلا

ئالىي مەرتىۋىدۇر. بۇ ھەم كۆپىنچە تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدۇر. چۈنكى، يامانلىق ئادەمنىڭ لىپى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسان يامانلىقتىن ساقلىنالمايدۇ.

ئىنسانىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ چېكى بولسا ئۇنىڭ ياخشىلىقىنىڭ يامانلىقىدىن غالىب كېلىشى، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ياخشىلىقى مىزانىدا ئېغىر كېلىپ، ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كېتىشتۇر. ئەمما، ئىنسانىنىڭ يامانلىقتىن خالىي بولۇشى يىراق ئىشتۇر.

بۇ تۈرلۈك تەۋبە قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ئەڭ گۈزەل بىر ۋەدە باردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر. . .﴾53/«نەجم»: 32

بۇ مەرتىۋىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىنىلىدىغان ۋە تەۋبە قىلىدىغان مۇئمىننى ياخشى كۆرىدۇ»[1] دېگەن سۆزى ھەم ئىشارەتتۇر.

ئۈچىنچى دەرىجە: كىشى تەۋبە قىلىپ، بىر مۇددەت ئىستىقامەت يولىدا ماڭىدۇ، ئاندىن كىشىنى بەزى گۇناھلارنىڭ شەھۋىتى باسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەھۋەتنى بويسۇندۇرۇشتىن ئاجىز كېلىپ، ئۇ گۇناھنى قىلىپ سالىدۇ، بىراق يەنىلا تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا داۋاملىشىدۇ. قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ۋە كۆڭلى تارتىدىغان تۇرۇپ گۇناھلاردىن قول يۇيىدۇ. ئۇنى بىر ياكى ئىككى شەھۋەت بويسۇندۇرۇۋالسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا شۇ شەھۋەتنى يوقىتىشقا كۈچ - قۇۋۋەت بېرىشىنى ۋە شۇ شەھۋەتنى ئۆزىدىن توختىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىر گۇناھنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، گۇناھ قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ ۋە شۇ گۇناھتىن تەۋبە قىلىشقا نەپسىگە ۋەدە قىلىدۇ. بۇ دەرىجىدە تەۋبە قىلىدىغان نەپس «سورالغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تەۋبە قىلىدىغان كىشى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدە تىلغا ئالغان كىشىلەردۇر: ﴿يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى). ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى﴾. بۇنداق كىشى تائەت - ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ۋە قىلىپ قويغان گۇناھنى يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى

[1] ئەھمەد (810)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (6720). ئىراقىي: «زەئىف» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1705) «توقۇلما» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

مۇمكىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾«تەۋبە»: 102/9 دېگەن سۆزىگە بىنائەن تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. بۇنداق كىشى تەۋبىنى كېچىكتۈرگەنلىكى، كەينىگە سۈرگەنلىكى بائىس خەتەرگە دۇچار بولغۇچىدۇر. بەزىدە تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى قەبزى روھ قىلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى، «ئەمەللەر تۈگەنچە ھالىغا باغلىقتۇر»[1]. بۇنىڭغا بىنائەن قورقۇش تۈگەنچە ھال جۈملىسىدىن بولىدۇ. ھەرقانداق نەپسكە ئۆلۈم يېتىشى ئېنىق، شۇڭا ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەمەل پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ تۈگەنچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغان ئىكەن، نەپسلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇش ۋە ئېھتىيات قىلغان نەرسىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇش كېرەك.

تۆتىنچى دەرىجە: تەۋبە قىلىپ، ئىستىقامەت يولىدا بىر مۇددەت مېڭىش، ئاندىن تەۋبەنى تاشلاپ گۇناھ قىلىشقا باش چۆكۈرۈش، لېكىن قىلىپ قويغان گۇناھلىرىغا ئەپسۇسلىنىش. بۇ خىل تەۋبە قىلغۇچى «گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلىشقا داۋاملاشقۇچىلار» قاتارىدىن بولۇپ، بۇنداق تەۋبە قىلغۇچى نەپس «يامانلىقلارغا بەك بۇيرۇغۇچى» نەپستۇر. بۇنداق نەپس ئۈچۈن ئەمەللىرىنىڭ يامان ھالەتتە ئاخىرلىشىشىدىن قورقۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كىشى تەۋھىد ئۈستىدە ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ بىر مەزگىلدىن كېيىن بولسىمۇ دوزاختىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى بار. بىلگىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن بىر سەۋەب بىلەن ئۇمۇمىيۈزلۈك ئەپۇ قىلىنىشىمۇ يىراق ئەمەس، لېكىن بۇنىڭغا تايىنىۋېلىشىمۇ ناتوغرىدۇر، چۈنكى «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كەرىمدۇر، ئۇنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى كەڭدۇر، مېنىڭ قىلغان گۇناھ - مەئسىيىتىم ئاللاھ تائالاغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن كىشىنى دېڭىزدا مال تېپىش ئۈچۈن سەپەر قىلغان ھالەتتە كۆرىسەن. ئەگەر ئۇنىڭغا: «ھەق بولغۇچى ئاللاھ تائالا سېخىي بولغان ئىكەن، سەن ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن، ئاللاھ تائالا ساڭا رىزىق بېرىدۇ» دېيىلسە، ئۇ بۇنداق دېگۈچىنى جاھىل ھېسابلايدۇ ۋە: «رىزىقلارغا كەسىپ - تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭغا «ئۇنداقتا، نىجاتلىقمۇ تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ» دېيىلىدۇ.

## تەۋبە قىلغۇچىنىڭ ئالدىرىشى كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ بايانى

يۇقىرىدا تەۋبە قىلغۇچىنىڭ قىلغان يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىشى ۋە ئۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشى

[1] بۇخارىي (6493).

كېرەك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق.

يامان ئەمەللەرنى يوقغا چىقىرىدىغان ياخشى ئەمەللەر يامان ئەمەللەر مىقدارىچە قەلب، تىل ۋە بەدەن ئەزالار بىلەن قىلىنىدۇ. قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەللەر ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇش ۋە ئۆزىنى خار تۇتۇشقا ئوخشاشتۇر. تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەللەر ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: «رەببىم مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن» دېگەندەك.

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم بىر گۇناھنى قىلىپ سېلىپ، مۇكەممەل تاھارەت ئالسا ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

بەدەن ئەزالار بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر بولسا تائەت - ئىبادەتلەر، سەدىقىلەر ۋە باشقا تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## پەسل: تەۋبە قىلىش دورىسى ۋە داۋاملىق گۇناھ قىلىشنى داۋالاش يولى

شۇنى بىلگىنكى، ئاغرىقنى بىلمىگەن ئادەم دورىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، دورىنىڭ ئاغرىققا قارشى تۇرۇشتىن باشقا تەسىرى بولمايدۇ. بىرنەرسە پەقەت ئۇنىڭغا قارشى يەنە بىرنەرسە بىلەنلا يوقغا چىقىرىلىدۇ. گۇناھ - مەئسىيەتتىن قول ئۈزمەسلىكنىڭ سەۋەبى بولسا غەپلەت ۋە شەھۋەتتىن ئىبارەتتۇر. غەپلەتكە ئىلىم بىلەن، شەھۋەتكە بولسا شەھۋەتنى قوزغىغۇچى ئامىللارنى ئۈزۈپ تاشلاش بىلەن تاقابىل تۇرۇلىدۇ.

غەپلەت خاتالىقلارنىڭ بېشىدۇر. شۇڭا، تەۋبە قىلىشقا ئىلىم تاتلىقى ۋە سەبرنىڭ ئاچچىقى بىلەن يۇغۇرۇلغان دورىدىن ئۆزگە ھېچقانداق دورا كار قىلمايدۇ. خۇددى ئىسكەنجۇبىلدىمۇ تاتلىق شېكەر ۋە قاڭسىق سىركە جەملىنىپ، ئىككىسىنىڭ يىغىندىسى بىلەن سەپرا تۈپ يىلتىزىدىن يوقۇتۇلغىنىدەك.

غەپلەت كېسەلىنىڭ تېۋىپلىرى ئالىملاردۇر. شەكسىزكى، غەپلەت قەلب كېسەللىكلىرىدىن بولۇپ، قەلب كېسەللىكلىرى بولسا بەدەن كېسەللىكلىرىگە قارىغاندا كۆپتۇر. قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ قېلىشى بىرنەچچە

[1] ئەھمەد (2)؛ تىرمىزىي (406)؛ ئىبنى ماجە (1395). ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 5738) «سەھىھ» دېگەن.

سەۋەبلەردىن بولىدۇ:

ئۆلارنىڭ بىرى: بىمار ئۆزىنىڭ قەلب كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئىككىنچىسى: قەلب كېسەللىكىنىڭ ئاقىۋىتى بۇ دۇنيادا كۆز بىلەن كۆرۈلمەيدۇ. بەدەن كېسىلى بولسا ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، بەدەن كېسەللىكىنىڭ ئاقىۋىتى كۆز بىلەن كۆرۈلىدىغان ئۆلۈم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىنسان تەبىئىتى نەپرەتلىنىدۇ. ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار بولسا كۆز بىلەن كۆرۈلمەيدۇ. گۇناھ قىلغۇچى قىلغان ئىشىنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، گۇناھلاردىن يىتەرلىك نەپرەتلەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى قەلب كېسەللىكىدە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىگە يۆلەنگەن، بەدەن كېسەللىكىنى داۋالاشتا بولسا يۆلەنمەستىن تىرىشچانلىق قىلغان ھالىتىدە كۆرىسەن.

ئۈچىنچى سەۋەب: داۋالاش قىيىن بولغان «كېسەللىك» تېۋىپىنىڭ يوقلۇقىدۇر. شەكسىزكى، ئالىملار تېۋىپلەردۇر، ھالبۇكى زامانىمىزدا ئالىملار كېسەلدۇر، ھالاك قىلغۇچى كېسەللىك بولسا دۇنيا سۆيگۈسىدۇر. تېۋىپلەر دۇنيا سۆيگۈسىگە يېڭىلىپ، بىراۋنىڭ ئۆزلىرىگە: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ كىشىلەرنى داۋالىنىشقا بۇيرۇيسىلەرۇ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇيسىلەر» دېيىشىدىن قورقۇپ، كىشىلەرنى كېسەللىكتىن ئاگاھلاندۇرمىدى. بۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاغرىق ئومۇميۈزلۈك تارقىلىپ، دورا ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئەگەر «ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچى يۈرۈش - تۇرۇشتا كىشىلەر بىلەن بىرگە مېڭىشى كېرەك بولغان يول قايسى؟» دېيىلسە: بۇنىڭ جاۋابى بەك ئۇزۇندۇر. لېكىن، بىز بۇنىڭدا مەنپەئەتلىك ئەمەللەرگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز. بۇنىڭدا مەنپەئەتلىك ئەمەللەر تۆت تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچى تۈر: ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچى قۇرئان كەرىمدىكى گۇناھكارلارنى قورقۇتىدىغان ئايەت - ھەدىسلەر ۋە ئەسەرلەردە كەلگەن شۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى تىلغا ئېلىشى ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ماختاش ھەققىدىكى ئايەت - ھەدىسلەرنى قوشۇشى كېرەك.

ئىككىنچى تۈر: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جەننەتتىن چىقىرىلىپ ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرى، داۋۇد، سۇلايمان ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ ھال - ئەھۋالى ۋە ئىبرەتلىك ھېكايىلىرىنى تىلغا ئېلىشى كېرەك. قۇرئان كەرىم بۇلارنى پەقەت كىشىلەر ئىبرەت ئالسۇن، دەپ كەلتۈرگەندۇر. ئۇلارنى دۇنيادىلا جازالاش ئۇلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئىدى. بەختسىزلەرگە بولسا ﴿گۇناھنى زىيادە قىلىۋېلىشى

ئۇچۇن﴾2/«بەقەرە»: 44 مۆھلەت بېرىلىدۇ. چۈنكى، ﴿ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر﴾3/«ئال ئىمران»: 127.

شۇڭا، بۇلارنى داۋاملىق گۇناھ - مەئسىيەت قىلغۇچىلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ناھايىتى كۆپ سۆزلەش لازىم. چۈنكى، بۇ ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا پايدىلىقتۇر.

ئۈچىنچى تۈر: ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىلا تېز كېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ۋە بەندىگە يەتكەن مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭ جىنايىتى سەۋەبلىك بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ زېھنىدە قارار تاپقۇزۇشى كېرەك.

بەزى بەندىلەر ئاخىرەتكە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادىلا ئازاب كېلىشتىن قورقۇلىدۇ. بەزىدە گۇناھلارنىڭ شۇملۇقى دۇنيادا تېزلا كېلىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن بىر بەندە ئۆزى قىلغان بىرەر گۇناھ سەۋەبلىك رىزىقتىن مەھرۇم قالىدۇ» دېگىنىدەك[1].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ قالىمەن ۋە ئۇنى (شۇ ئاسىيلىقنىڭ شۇملۇقى) نى مېنىڭ ئېشىكىم ۋە خىزمەتچىمنىڭ قىلىقلىرىدىن سېزىۋالىمەن».

ئەبۇ سۇلايمان ئەددارانىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئېھتىلام بولۇپ قېلىش جازادۇر، بىر ئادەم قىلغان گۇناھى سەۋەبلىكلا جامائەت نامىزىدىن مەھرۇم قالىدۇ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن گۇناھ قىلسا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ گۇناھتىن تەۋبە قىلسا ۋە ئۆزىنى تارتىپ، قىلغان گۇناھىغا مەغپىرەت تىلىسە، ئۇنىڭ قەلبى پارقىرايدۇ، ئەگەر گۇناھى ئارتسا قارا چېكىتمۇ ئارتىپ، ھەتتا ئۇنىڭ قەلبىنى تولۇق قاپلايدۇ. بۇ بولسا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا تىلغا ئالغان قارىيىپ كېتىشتۇر: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾83/«مۇتەففىفىن»: 14. تىرمىزىي ھەسەن، سەھىھ ھەدىس دېگەن[2].

[1] ئەھمەد (22440)؛ ئىبنى ماجە (4022). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («زەئىفۇلجامىئ»، 1452) «زەئىف» دېگەن.

[2] ئەھمەد (7939)؛ تىرمىزىي (3334)؛ ئىبنى ماجە (4244). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1670) «ھەسەن» دېگەن.

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىق قەلبكە نۇر، بەدەنگە كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. خاتالىق بولسا قەلبكە قاراڭغۇلۇق، بەدەنگە ئاجىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ».

تۆتىنچى تۈر: ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق ۋە غەيۋەت قىلىش قاتارلىق گۇناھلارغا بېرىلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تىلغا ئېلىش. ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچى ئاغرىقنى تونۇيدىغان ۋە شىپاسىنى قانداق تەييارلاشنى بىلىدىغان ماھىر تېۋىپ بولۇشى لازىم.

بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ماڭا نەسىھەت قىلسىلا!» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئاچچىقلانمىغىن» دېگەن[1].

يەنە بىر ئادەم: «ماڭا نەسىھەت قىلسىلا!» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن» دېگەن[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىنچى كىشىدە ئاچچىقلىنىش ئالامەتلىرىنى، ئىككىنچى كىشىدە بولسا تەمەخورلۇق ئالامەتلىرىنى سەزگەن ئىدى. شۇڭا، ئىككىسىگە ئوخشاشمايدىغان ۋەسىيەت قىلدى.

بۇ بولسا غەپلەتنى داۋالاش يولىدۇر.

ئەمدى شەھۋەتنى داۋالاش قېپقالدى، بۇنى داۋالاشنىڭ يولى بولسا «نەپسنى تەربىيەلەش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن مەزمۇنلاردىن ئېلىنىدۇ، سەبر قىلىش لازىم. چۈنكى، بىمار ئۆزىگە زىيان قىلىدىغان نەرسىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىش ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. كېسىلىگە زىيان قىلىدىغان نەرسىنى يېيىشكە ئۇنىڭدىكى قاتتىق شەھۋەت ياكى زىيان قىلىدىغان نەرسىدىن غەپلەتتە قېلىش سەۋەب بولغاندۇر. شۇڭا، سەبر قىلىشنىڭ ئاچچىقىغا چىداش لازىم. گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە بولغان شەھۋەتمۇ مۇشۇنداق داۋالىنىدۇ. مەسىلەن، ياش يىگىت شەھۋەتكە يېڭىلسا كۆزىنى، قەلبىنى ۋە بەدەن ئەزالىرىنى شەھۋەتنى كەينىدىن مېڭىشتىن ساقلاشقا قادىر بولالمايدۇ. بۇ ھالدا ياش يىگىت ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە كەلگەن قورقۇتقۇچى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى

[1] بۇخارىي (6116).

[2] ئەھمەد (23488)؛ ئىبنى ماجە (4171). ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 742) «سەھىھ» دېگەن.

كېرەك. ئۇنىڭدىكى قورقۇش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغاندا شەھۋەتنى قوزغىغۇچى سەۋەبلەردىن يىراق بولىدۇ.

تاشقى تەرەپتىن شەھۋەتنى قوزغىغۇچى ئامىل بولسا كۆڭلى تارتقان نەرسىنىڭ ھازىر بولۇشى ۋە شۇ نەرسىگە قاراشتۇر.

بۇنىڭ دورىسى: ئاچلىق ۋە داۋاملىق روزا تۇتۇشتۇر. بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت سەبىر قىلىش ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. قورققان ئادەم سەبىر قىلالايدۇ. ئىلىم بولغاندىلا قورقۇش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. دەلىل بولغاندا ئاندىن ئىلىم ھاسىل بولىدۇ.

شۇڭا، بىرىنچى قىلىدىغان ئىش زىكىر سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، بارچەدىن خالىي قەلب بىلەن ئايەتلەرگە قۇلاق سېلىش ۋە دېيىلگەن سۆزلەرنى تەپەككۇر قىلىشتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىنساندا ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ، سەبىر قىلىشى ئاسان بولىدۇ ۋە داۋالاشنى تەلەپ قىلىش تۈرتكىلىرى كۈچىيىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقى بىلەن بولىدۇ.

ئەگەر «ئىنسان گۇناھلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ نېمە ئەھۋال؟» دېيىلسە، بۇنىڭ جاۋابى بىرنەچچە تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچى: سەۋەب شۇكى، گۇناھقا ۋەدە قىلىنغان ئازاب ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا نەق ئەمەس.

ئىككىنچى: مۇئمىن گۇناھ قىلىپ سالسا، تەۋبە قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. مۇئمىنگە تەۋبە قىلسا ئۇنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ۋەدە قىلىنغان، ئىنسان تەبىئەتەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئارزۇ قىلىدۇ، شۇڭا ئىنسان ھەمىشە تەۋبىنى كەينىگە سوزىدۇ، كىشى تەۋبە قىلىش ئۈمىدى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر گۇناھنى قىلىشقا جاسارەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى: مۇئمىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋاردۇر.

بۇ سەۋەبلەر، قەلبتە پۈتۈن كەلگۈلۈكلەرنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ئۆلۈمنىڭ ھەرئان ھۇجۇم قىلىش خەۋپىنى تەپەككۇر قىلىش بىلەن داۋالىنىدۇ.

دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەڭ كۆپ پەريادنى تەۋبىنى كېچىكتۈرگەنلىكى سەۋەبلىك چېكىدىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىش تەۋبىنى كەينىگە سۆرەشنى داۋالايدۇ. تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرگۈچى ئىشنى ئۆز قولىدا بولمىغان نەرسە ئۈستىگە بىنا قىلغان بولىدۇ. كىشىنىڭ قولىدا بولمىغان نەرسە بولسا ئۇزۇن ئۆمۈردۇر. كىشى ئۇزۇن ياشىيالماسلىقى مۇمكىن، ياشىغان تەقدىردىمۇ بۈگۈن گۇناھنى تاشلاشقا قادىر بولغاندەك، ئەتە بۇنىڭغا قادىر بولالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ ھازىر شەھۋەتنىڭ

غالىب كەلگەنلىكى سەۋەبلىكلا گۇناھ ـ مەئسىيەتنى تەرك ئېتىشتىن ئاجىز كەلدى. شەھۋەت ئەتە ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ. شەھۋەت ئادەتلەنگەنسېرى كۈچىيدۇ. شۇڭا، بۇ تەرەپتىن تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرگۈچىلەر ھالاك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «ئىككى ئوخشاش نەرسىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار» دەپ گۇمان قىلغان كىشىلەردۇر. تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرگۈچىنىڭ مىسالى بىر تۈپ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلاشقا موھتاج بولغان، ئاندىن ئۇ دەرەخنى ناھايىتى مۇشەققەت تارتىش بىلەن قومۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە «بۇ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلاشنى بىر يىل كېچىكتۈرىمەن، ئاندىن قايتىپ كېلىپ ئۇنى قومۇرۇپ تاشلايمەن» دېگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ كىشى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى دەرەخ يىلتىزىنىڭ مۇستەھكەملىشىدىغانلىقىنى، دەرەخنىڭ ئۆمرى ئۇزىرىغانسېرى ھەسسىلەپ كۈچىيدىغانلىقىنى ئۇنۇتقاندۇر.

شۇڭا، دەرەخ ئاجىز ۋاقىتىدا ئۇنى قومۇرۇپ تاشلاشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ قويۇپ قويغانلىقىدىن ئەجەبلىنىش كېرەك. بۇنداق كىشىدىن قانداقمۇ دەرەخ ھەسسىلەپ كۈچەيگەندە، ئۇنى قومۇرۇپ تاشلىشى ۋە دەرەخ ئۈستىدىن غالىب كېلىشى كۈتۈلسۇن!

ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىشىنى كۈتۈشكە كەلسەك، ئېھتىمال ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئىنسان كەسكىنلىك يولىنى تۇتۇشى كېرەك.

بۇنداق ئېتىقادتا بولۇش، خۇددى بارلىق ماللىرىنى خەجلەپ، ئۆزى ۋە ئايال - بالىلىرىنى نامراتلىققا قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بىر خارابىدىن بايلىق ئۇچراشتۇرۇپ رىزىق بېرىشىنى كۈتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ كىشىگە بايلىق ئۇچرىتىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنداق كىشى «ئەخمەق» دېيىلىدۇ.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# يىگىرمە ئۈچىنچى بۆلۈم: سەبر قىلىش ۋە شۈكرى قىلىش ھەققىدە

بۇ بۆلۈم ئىككى باب بولۇپ، بىرىنچىسى:

## سەبر، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، قىسىملىرى ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار توغرىسىدا

### سەبرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

ئاللاھ تائالا سەبر سۆزىنى قۇرئان كەرىمدە 90 غا يېقىن ئورۇندا تىلغا ئېلىپ، سەبر قىلىشقا ئەڭ كۆپ ياخشىلىق ۋە دەرىجىلەرنى نىسبەت بەردى ۋە ئۇلارنى سەبر قىلىشنىڭ مېۋىسى قىلدى.

ئاللا تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار (كۇلپەتلەرگە) سەبر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾32/«سەجدە»: 24.

ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى ئۇلار سەبر قىلغانلىقى سەۋەبلىك تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق﴾7/«ئەئراف»: 137 دېگەن.

ۋە يەنە: ﴿(ئى ئىنسانلار! ) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەبر قىلغۇچىلارغا، ئەلبەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾16/«نەھل»: 96) دېگەن.

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿پەقەت سەبر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾39/«زۇمەر»: 10 دېگەن.

سەبر قىلىشتىن باشقا ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ ساۋابى بەلگىلىنىپ ۋە ھېسابلىنىپ بېرىلىدۇ. روزا تۇتۇش سەبر قىلىش جۈملىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا:

«روزا پەقەت مەن ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزۈم بېرىمەن» دېگەن[1].

ئاللاھ تائالا سەبىر قىلغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ۋەدە قىلغان ۋە سەبىر قىلغۇچىلارغا باشقىلار جەم قىلىپ باقمىغان ئەجىرلەرنى جەملەپ كەلتۈرگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ، بىرئاز قەھەتچىلىك، ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار، باللىرىڭلار ۋە زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەبىر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلبەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾2/«بەقەرە»: 155 - 157.

بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرگە كەلسەك، «سەھىھەيىن»دە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر كىشىگە سەبىر قىلىشتىنمۇ بەك ياخشى ۋە كەڭرى سوۋغا بېرىلمىگەندۇر»[2].

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «سەبىر ئىمانغا نىسبەتەن بەدەندىكى باش ئورنىدا تۇرىدۇ»[3] دېگەن.

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەبىر قىلىش ياخشىلىق خەزىنەلىرىدىن بىر خەزىنىدۇر، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىدا ھۆرمەتلىك كىشىگىلا بېرىدۇ».

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلاردىن بىرىنىڭ يانچۇقىدا بىر پارچە خەت بولۇپ، ئۇنى ھەر سائەتتە چىقىرىپ ئۇنىڭغا قارايتتى. ئۇ خەتتە بۇ ئايەت يېزىلغان ئىدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابىنى تەخىر قىلىش) ھۆكمىگە سەبىر قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىدۇرسەن، (ئۇيقۇدىن) تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴾52/«تۇر»: 48.

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5927)؛ مۇسلىم (1151). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1469)؛ مۇسلىم (1053). ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (40). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 3535) «بەك زەئىپ» دېگەن.

## سەبر قىلىشنىڭ ھەقىقىتى ۋە مەنىسى

شۇنى بىلگىنكى، سەبر قىلىش ئىنسانىي خۇسۇسىيەتتۇر. ھايۋانلار ناقىس يارىتىلغاچقا ۋە تەبىئىي تۈرتكىلىرىگە مەھكۇم بولغاچقا، ئۇلاردا سەبر قىلىش يوقتۇر. پەرىشتىلەر مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىمۇ سەبرنىڭ بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئىبادەت قىلىشقا خاس قىلىپ يارىتىلغاندۇر. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىن توسىدىغان بىر توسقۇچى شەھۋەت ھۆكۈمران قىلىنمىغاندۇر.

ئىنسان بولسا باللىق مەزگىلىدىلا ھايۋانغا ئوخشاش نۇقسانلىق يارىتىلغاندۇر. ئۇنىڭدا باللىق مەزگىلىدە ئۆزى موھتاج بولىدىغان ئوزۇقلىنىش ئىستىكىلا يارىتىلغاندۇر. ئاندىن بالىدا ئويۇن - تاماشا ۋە زىننەت ئىستىكىگە ھېرىسمەنلىك كۆرۈلىدۇ، ئاندىن نىكاھلىنىش ئىستىكى ئاشكارا بولىدۇ. ئۇنىڭدا سەبر - تاقەت كۈچى بولمايدۇ. ئەقلىي كۈچى ھەرىكەت قىلىپ كۈچلەنسە، ئۇ ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش يېشىدا ھىدايەت نۇرلىرىنى كۆرىدۇ ۋە بالاغەت يېشىغا يەتكۈچە، خۇددى قۇياش شارى زاھىر بولغانغا قەدەر تاڭ نۇرى تەدرىجىي ئاشكارا بولغاندەك، تەدرىجى ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. لېكىن، ئۇ كەمتۈك ھىدايەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەت مەنپەئەتلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ كەمتۈك ھىدايەت نۇرى شەرىئەت ئىلىم - مەرىپىتى بىلەن باغلانغاندا ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭ قورالى كۆپ بولىدۇ. لېكىن، ئىنسان تەبىئىتى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەرىئەت ۋە ئەقىل بولسا ئىنسان تەبىئىتىنى ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن چەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسان تەبىئىتى بىلەن شەرىئەت ۋە ئەقىل ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ جەڭ مەيدانى ئىنساننىڭ قەلبىدۇر. دېمەك، سەبر قىلىش ئىستەك غەرىزىگە قارشى دىن تۈرتكىسىنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ئۇ ئىستەكنى بويسۇندۇرغۇچە مۇستەھكەم تۇرسا، سەبر قىلغۇچىلار قاتارىغا قېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاجىز كېلىپ، ئىستەككە يېڭىلسە ۋە شەھۋەتنى دەفئى قىلىشقا قادىر بولالمىسا، شەيتانلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قاتارىغا قېتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، سەبر قىلىش دىنىي تۈرتكىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسكە قارشى تۇرۇشتا مۇستەھكەم تۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ قارشى تۇرۇش ئىنسانلار خۇسۇسىيتىدۇر.

## پەسىل

شۇنى بىلگىنكى، سەبر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

ئۇنىڭ بىرى، بەدەنگە خاس سەبردۇر. بەدەن بىلەن ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈش ۋە ئىبادەتلەر ياكى ئۇنىڭدىن باشقا قىيىن ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئوخشاش.

يەنى بىرى بولسا نەپسنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسى تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە قارشى سەبر قىلىشتۇر. ئەگەر قورساق ۋە ئەۋرەت شەھۋىتىدىن سەبر قىلىنسا، بۇ تۈرلۈك سەبر «ئىپپەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇرۇش قىلىشتا سەبر قىلىنسا «باتۇرلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئاچچىقنى يۇتۇشتا سەبر قىلىنسا «ھەلىملىك»، بىئارام قىلغۇچى ھادىسىدە سەبر قىلىنسا «كەڭ قورساقلىق»، بىرەر سىرنى يوشۇرۇشتا سەبر قىلىنسا «ئاغزى چىڭلىق»، ئەگەر تۇرمۇشنىڭ ئارتۇقچە نەرسىلىرىدىن سەبر قىلىنسا «زاھىدلىق»، ئەگەر ئازغىنە نېسىۋىگە سەبر قىلىنسا «قانائەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇسىبەت دەمىدىكى دەل سەبرچانلىقتۇر. بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەزمۇنلاردىن ئىمان ئەخلاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسىملىرى ھەرخىل بولسىمۇ، باغلىنىشلىق نەرسىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سەبر قىلىشنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى ئاشكارىدۇر.

شۇنى بىلگىنكى، بەندە ھەرقانداق ھالەتتە سەبر قىلىشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى، بەندە دۇنيادا يولۇققۇسى بارلىق نەرسىلەر ئىككى تۈردىن خالىي بولمايدۇ:

بىرىنچى تۈر: تەن ساقلىق، سالامەتلىك، مال - مۈلك، يۈز - ئابرۇي، خىش - ئەقرەبا، كۆپلىگەن ئەگەشكۈچى ۋە مول دۇنيا لەززەتلىرىدىن ئىبارەت ئىنساننىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسىلەر. ئىنسان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سەبر قىلىشقا موھتاج. چۈنكى، سەبر قىلىش ئارقىلىق ئىنسان ئۇ نەرسىلەرگە مايىل بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن لەززەتلىنىشكە بېرىلمەيدۇ ۋە ئۆز مېلىنى سەرپ قىلىش ۋە بەدىنى بىلەن ھەققە ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىدۇ.

ئىنسان لەززەتلەرگە بېرىلىش ۋە ئۇنىڭغا مايىل بولۇشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا، بۇ ئۇنى ھاكاۋۇرلۇق ۋە ھەددىدىن ئېشىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئارىفلار (ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغۇچىلار) دىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن بالا - مۇسىبەتكە سەبر قىلالايدۇ، ئەمما كەڭرى تۇرمۇش سىنىقىغا پەقەت سىددىق (بەك راستچىل) كىشىلا سەبر قىلالايدۇ».

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز قىيىنچىلىق

بىلەن سىنىلىپ سەبر قىلدۇق، ئەمما كەڭرى تۇرمۇش بىلەن سىنىلىۋىدۇق، سەبر قىلالمىدۇق». شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾63/«مۇنافىقۇن»: 9.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار﴾8/«ئەنفال»: 28.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار (ئاللاھ سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾64/«تەغابۇن»: 14.

ھەقىقىي ئەركەك كەڭرى تۇرمۇشتا سەبر قىلالايدىغان كىشىدۇر. بۇ سەبر شۈكۈر قىلىشقا باغلىنىدۇ. سەبر قىلىش بولسا مۇكەممەل شۈكۈر قىلىش بىلەن تاكامۇللىشىدۇ. كەڭرى تۇرمۇشتا سەبر قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىندۇركى، بۇ ھالەتتە سەبر قىلىش قۇربىتى يېتىپ تۇرۇپ سەبر قىلغانلىقتۇر. ئاچ قالغان ئادەم لەززەتلىك تاماق ھازىر بولغاندا سەبر قىلغانغا قارىغاندا، تاماق يوق ۋاقىتتا بەكرەك سەبر قىلالايدۇ.

ئىككىنچى تۈر: ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئەكسىچە نەرسىلەر بولۇپ، ئۇ ئۈچ قىسىمدۇر:

بىرىنچى قىسىم: تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشتا سەبر قىلىش؛

ئىنسان تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشتا سەبرگە موھتاجدۇر. چۈنكى، نەپس ئۆز تەبىئىتىدە قۇللۇق قىلىشتىن قاچىدۇ.

ئىبادەتلەردىن نامازغا ئوخشاش ئىنساننىڭ ھورۇنلۇقى سەۋەبىدىن قىلىش ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئىبادەتلەر باردۇر. زاكات بېرىشكە ئوخشاش بېخىللىق سەۋەبىدىن قىلىش ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئىبادەتلەر باردۇر. ھورۇنلۇق ۋە بېخىللىق سەۋەبىدىن قىلىش ئېغىر تۇيۇلىدىغان ھەج ۋە جىھادقا ئوخشاش ئىبادەتلەر باردۇر.

ئاللاھ رىزالىقىنى ئىرادە قىلغۇچى ئۈچ خىل ھالەتتە رەببىنىڭ تائەت - ئىبادىتىگە سەبر قىلىشقا موھتاج بولىدۇ:

ئىبادەتتىن بۇرۇنقى ھالەت، يەنى نىيەتنى توغرىلاش، ئىخلاس قىلىش ۋە رىيا ئارىلىشىپ قېلىشتىن سەبىر قىلىش (ساقلىنىش) تۇر.

ئىبادەتتىكى ھالەت، يەنى ئىبادەت جەريانىدا ئاللاھ تائالادىن غاپىل قالماسلىق، ئىبادەتنىڭ سۈننەت ۋە ئەدەبلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن ئېرىنمەسلىك، بۇ ئارقىلىق ئىبادەتتىن پارىغ بولغانغا قەدەر چارچاپ قالماي سەبىر قىلىشنى لازىم تۇتۇشتۇر.

ئاخىرقىسى، ئىبادەتتىن كېيىنكى ھالەتتۇر. بۇ ھالەتتىكى سەبىر بولسا ئىبادەتنى سەبىر بىلەن يوشۇرۇش، رىيا ۋە شۆھرەت تۈپەيلىدىن ئىبادىتىنى ئاشكارىلىماسلىق ۋە ئىبادەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماي سەبىر قىلىش لازىم. كىمكى سەدىقە قىلغاندىن كېيىن سەبىر قىلىپ مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلانمىسا، قىلغان سەدىقىسىنىڭ ساۋابى يوققا چىقىدۇ[1].

ئىككىنچى قىسىم: گۇناھ - مەئسىيەتلەر ئالدىدا ئۇنى قىلماي سەبىر قىلىش. بەندە بۇنىڭغا نېمىدېگەن موھتاج - ھە!

ئەگەر گۇناھ قىلىش، ئاسان بولغان غەيۋەت قىلىش، يالغان ئېيتىش، جېدەللىشىش قاتارلىق تىل بىلەن قىلىنىدىغان گۇناھلار بولسا، بۇ گۇناھلارنى قىلماي سەبىر قىلىش قىيىندۇر. سەن باشقىلار يىپەك كىيىم كىيسە ئۇنى يامان كۆرىدىغان، ئەمما ئۆزى كۈن بويى غەيۋەت قىلسىمۇ، ئۆز قىلمىشىنى يامان كۆرمەيدىغان بىر كىشىنى كۆرىسەن. كىمكى سۆزلىگەندە تىلىنى باشقۇرۇشقا ۋە سەبىر قىلىشقا قادىر بولالمايدىكەن، ئۇنداق كىشى پەقەت باشقىلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇش بىلەنلا گۇناھتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى قىسىم: مۇسىبەتلەرگە ئوخشاش سىناق دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ئىشلار. مەسىلەن، يېقىن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، مال - مۈلكلەرنىڭ يوقاپ كېتىشى، قارىغۇ بولۇپ قېلىش، ساقسىزلىق ۋە باشقا ھەرتۈرلۈك بالا - مۇسىبەتلەر. بۇلارغا سەبىر قىلىش ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى سەبىر قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، بۇ سەبىر بەرگۈچى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەنلىكتۇر.

رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ مۇسىبەتكە

[1] ﴿ئى مۇئمىنلەر! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل - مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾2/«بەقەرە»: 264.

دۇچار قىلىنىدۇ»[1] دېگەن.

بۇنىڭغا يېقىن بولغان يەنە بىر قىسىم بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ قىلغان ئەزىيەتلىرىگە سەبىر قىلىشتۇر. بۇ خۇددى سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت بىلەن يا نەپسىگە، يا مېلىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈلگەن كىشىگە ئوخشاش. بۇ ئىشلارغا سەبىر قىلىش ئەزىيەت يەتكۈزگۈچىگە ئوخشاش شەكىلدە ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك بىلەن بولىدۇ.

كىشىلەر يەتكۈزگەن ئەزىيەتكە سەبىر قىلىش يۇكسەك مەرتىۋە جۈملىسىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەبىر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكەتلىرىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾3/«ئال ئىمران»: 186.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز﴾15/«ھىجر»: 97. ﴿ئەگەر سەبىر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەبىر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلبەتتە) ياخشىدۇر﴾16/«نەھل»: 126.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سەبىر قىلىش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار: مۇسىبەتكە سەبىر قىلىش، تائەت - ئىبادەت قىلىشتا سەبىر قىلىش ۋە گۇناھ - مەئسىيەت ئالدىدا سەبىر قىلىشتىن ئىبارەت. كىمكى مۇسىبەتكە سەبىر قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل شەكىلدە بەرداشلىق بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا 300 دەرىجە يازىدۇ، بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجە ئارىسىدا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىسىچىلىك مۇساپە باردۇر. كىمكى تائەت - ئىبادەت قىلىشتا سەبىر قىلسا، ئۇنىڭغا 600 دەرىجە يېزىلىدۇ. ھەر ئىككى دەرىجە ئارىسىدا زېمىننىڭ چېگراسىدىن ئەرشنىڭ چېكىگىچە بولغان مۇساپىدەك ئارىلىق باردۇر. كىمكى گۇناھ - مەئسىيەت ئالدىدا سەبىر قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا 900 دەرىجە يازىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجە ئارىسىدا ئىككى قېتىم زېمىننىڭ چېگراسىدىن ئەرشنىڭ چېكىگىچە بولغان مۇساپىدەك ئارىلىق بولىدۇ»[2].

سەبىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر كۆپتۇر. شۇ ھەدىسلەردىن، ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم «سەھىھەين»دە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

[1] بۇخارىي (5645). ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «سەبىرنىڭ پەزىلىتى»، (24). ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 3532) «زەئىف» دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانغا تىكەن كىرىش چاغلىق مۇسىبەت يەتسە، ئاللاھ تائالا شۇ سەۋەب ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ»[1].

يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانغا يەتكەن ھارغىنلىق ياكى كېسەللىك، ياكى ئەندىشە، ياكى قايغۇ-ھەسرەت، ياكى ئەزىيەت ۋەياكى غەم - غۇسسەلەر ئۈچۈن، ھەتتا بەدىنىگە كىرىپ كەتكەن بىر تىكەن ئۈچۈنمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيىۋېتىدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىن ئەر ۋەمۇئمىنە ئايالنىڭ ئۆزىگە، پۇل - مېلىغا ۋە بالىچاقىلىرىغا داۋاملىق مۇسىبەت يېتىپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا بىلەن ھېچقانداق گۇناھى يوق ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ»[3] دېگەن.

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن:

— ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! قايسى كىشىلەر ئەڭ قاتتىق سىنىلىدۇ؟
— دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ:

— پەيغەمبەرلەر، ئاندىن سالىھلار، ئاندىن ياخشىلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى. بىر ئادەم دىنى بىلەن سىنىلىدۇ، ئەگەر كىشى قاتتىق دىندار بولسا، سىناق قاتتىق بولىدۇ، ئەگەر نورمال دىندار بولسا، سىناق يەڭگىل بولىدۇ، بىر بەندە داۋاملىق مۇسىبەت بىلەن سىنىلىدۇ، ھەتتا ئۇ بىگۇناھ ھالدا زېمىندا ماڭىدۇ»[4] دېدى.

بىزگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «ئاللاھ تائالا: ‹مەن بىر بەندەمنىڭ يا بەدىنىگە، يا مېلىغا ۋەيا بالىسىغا مۇسىبەت ئەۋەتسەم، ئۇ بەندە مۇسىبەتنى چىرايلىق رەۋىشتە سەبر قىلىپ قارشى ئالسا، مەن ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى مىزان تۇرغۇزۇشتىن ياكى ئۇنىڭ نامە - ئەمال دەپتىرىنى ئېچىشتىن ھايا قىلىمەن› »[5].

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5640)؛ مۇسلىم (2572).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5641، 5642)؛ مۇسلىم (4573). ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] ئەھمەد (7846)؛ تىرمىزىي (2399). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 5815) «سەھىھ» دېگەن.

[4] ئەھمەد (1481)؛ تىرمىزىي (2398)؛ ئىبنى ماجە (4023). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 992) «سەھىھ» دېگەن.

[5] قۇزائىي: «مۇسنەدۇششىھاب»، (1338). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 4044) «زەئىف» دېگەن.

## پەسل: سەبر قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا

سەبىرنىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرى، مۇسىبەت يەتكەن ئاۋۋالقى ۋاقىتتا سەبر قىلىشتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سەبر دېگەن مۇسىبەت يەتكەن ئاۋۋالقى پەيتتە بولىدۇ»[1] سەھىھ ھەدىس.

سەبر قىلىش ئەدەبلىرىدىن يەنە بىرى، مۇسىبەت يەتكەن چاغدا ئىستىرجا ئېيتىش («ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» يەنى بىز ئاللاھ ئۈچۈنمىز، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، دېيىش). مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدە بۇ توغرىسىدا مەزمۇن كەلگەن[2].

بەدەن - ئەزالار ۋە تىلنىڭ جىم تۇرۇشىمۇ سەبر قىلىش ئەدەبلىرىدىندۇر. ئاۋاز چىقارماي كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇش دۇرۇستۇر. ھەكىملەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مۇسىبەت يەتكەندە سەبىرسىزلىك قىلىش قولدىن كەتكەن نەرسىنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ، لېكىن دۈشمەننى خۇشال قىلىدۇ».

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ سۇلەيم ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندە مۇسىبەتنى چاندۇرمىغاندەك، مۇسىبەت يەتكەن كىشىدە مۇسىبەت ئالامىتىنىڭ كۆرۈلمەسلىكىمۇ ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە سەبر قىلغانلىق قاتارىدىندۇر.

بۇ ھەققىتكى ھەدىس «سەھىھۇ مۇسلىم»دا مەشھۇردۇر[3].

سابىت ئەلبۇنانىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتەررىف ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ دادىسى مۇتەررىف كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىرايلىق كىيىم كىيىپ، چېچىنى مايلىغان ھالەتتە چىقىپ كەلدى. كىشىلەر بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ:

— ئابدۇللاھ ئۆلگەن تۇرسا، سەن مۇشۇنداق كىيىم بىلەن چېچىڭنى مايلاپ چىقامسەن؟ — دېگەنىدى، مۇتەررىف بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ مۇسىبەت بىلەن چۈشكۈنلىشەيمۇ؟! رەببىم تەبارەكە ۋەتائالا ماڭا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1283)؛ مۇسلىم (926). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنى بويىچە: ‹بىز ئەلبەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز› دېگەن ئايەتنى ۋە: ‹ئى ئاللاھ! ماڭا يەتكەن مۇسىبەتتە ماڭا ئەجىر بەر ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەر!› دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ». مۇسلىم (918).

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5470)؛ مۇسلىم (2144). ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئۈچ خىسلەتنى ۋەدە قىلدى، ھەربىر خىسلەت ماڭا دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلبەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾2/«بەقەرە»: 157.

مۇتەررىف يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر ماڭا ئاخىرەتتە بىر غېدىر سۇ چاغلىق نەرسە بېرىلىدىغان بولسا، مەن شۇ نەرسىنىڭ ئېۋەزىگە دۇنيادا مەندىن بىر نەرسە مۇسىبەت بىلەن ئېلىنىشىنى ياخشى كۆرىمەن».

سىلە ئىبنى ئەشيەم ئوغلى بىلەن ئۇرۇشقا چىققان ئىدى. سىلە ئوغلىغا: «ئوغلۇم! ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشقىنكى، مەن ساڭا ساۋاب ئۈمىد قىلاي» دېدى. ئوغلى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلدى، ئاندىن سىلەمۇ ئالدىغا چىقىپ، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار سىلەنىڭ ئانىسى مۇئازە ئەدەۋىيەنىڭ يېنىغا يىغىلغانىدى، شۇندا سىلەنىڭ ئانىسى: «سىلەر مېنى تەبرىكلىگىلى كەلگەن بولساڭلار، خۇش كەپسىلەر! ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا ئىش ئۈچۈن كەلگەن بولساڭلار، قايتىپ كېتىڭلار!» دېدى.

ئەگەر مۇسىبەت يوشۇرغىلى بولىدىغان مۇسىبەت بولسا، ئۇنى يوشۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ يوشۇرۇن نېئمەتلىرىدىن بىر نېئمەتتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر بەندە كېسەل بولۇپ قالسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىككى پەرىشتە ئەۋەتىپ: ‹سىلەر ئۇ كېسەل كىشى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەرگە نېمە دەيدۇ؟ قاراپ تۇرۇڭلار!› دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، يوقلىغۇچىلار كىرگەندە ئۇ بەندە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسا، ئىككى پەرىشتە ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ھالبۇكى ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: ‹مەن بەندەمنى ۋاپات تاپقۇزسام، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن، ئەگەر ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرسەم ئۇنىڭ گۆشىنى تېخىمۇ ياخشى بولغان باشقا بىر گۆشكە، قېنىنى تېخىمۇ ياخشى قانغا ئالماشتۇرۇپ بېرىمەن ۋە ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇيۇپ تاشلايمەن› دەيدۇ»[1].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كېسەل بولساڭ، ئۇنى باشقىلارغا

[1] مالىك (1682)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (9471). ئەتائ ئىبنى يەساردىن «مۇرسەل»دۇر. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 272) «مۇرسەل سەھىھ» دېگەن.

شىكايەت قىلماسلىقىڭ ۋە مۇسىبىتىڭنى تىلغا ئالماسلىقىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تونۇغانلىقىڭ ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغانلىقىڭ جۈملىسىدىندۇر».

ئەھنەف رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بىر كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قالغىلى 40 يىل بولدى، مەن ئۇنى ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم».

بىر كىشى ئىمام ئەھمەدكە:

— ئۆزىڭىزنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟ — دېگەنىدى، ئىمام ئەھمەد:

— ياخشى، تېنىم سالامەت! — دېدى. ئۇ كىشى:

— تۈنۈگۈن ئاخشام قىزىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېگەنىدى، ئىمام ئەھمەد:

— ساڭا تېنىم سالامەت دېدىمغۇ؟! ساڭا بۇ سۆز يېتەرلىك، مېنى ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى سۆزلىگىلى سالمىغىن، — دېدى.

شەقىق بەلخىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەتنى ئاللاھ تائالادىن باشقىغا دەيدىكەن، ئاللاھ تائالاغا قىلغان تائەت - ئىبادىتىدە ھەرگىز لەززەت ھېس قىلالمايدۇ».

ھەكىملەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مۇسىبەتلەرنى يوشۇرۇش ياخشىلىق خەزىنىلىرىدىن بىرىدۇر. سەلەف سالىھلەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى ئويلاپ خۇشال بولۇشاتتى».

سەلەف سالىھلەرنىڭ سەبىر قىلىش ھەققىدىكى ھېكايىلىرى مەشھۇردۇر.

شۇ ھېكايىلەردىن بىرى: شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنى دادىسى ئۆمەر دەپنە قىلىپ، تۇپراق بىلەن قەبرىسىنى تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئوغلۇم! ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن، سەن ئاتاڭغا بەك ۋاپادار ئىدىڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! ئاللاھ سېنى ماڭا سوۋغات قىلىپ بەرگەندىن بۇيان، مەن سەن سەۋەبلىك بەك خۇشال بولدۇم. ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئاللاھ تائالانىڭ سېنى ۋاپات تاپقۇزغانلىقىغىمۇ بەك خۇشال بولدۇم، مەن سېنى ئاللاھ تائالا كەلتۈرگەن بۇ مەنزىلگە قويغاندىن باشلاپ، ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بولىدىغان ساۋابتىن ئىبارەت نېسىۋەمنى ئۈمىد قىلدىم».

دېدىلەر: ئەگەر سەبىر قىلىشتىن بولغان مەقسەت مۇسىبەتلەرنى يامان كۆرمەسلىك بولسا، ئىنسانىنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ. بايان قىلغىنىڭىزدەك،

مۇسىبەتلەر مەۋجۇت تۇرۇپ خۇشال بولۇش تامامەن ئىمكانسىزدۇر، (ئۇنداق ئەمەسمۇ)؟

جاۋاب: سەبر قىلىش پەقەت ياخشى كۆرۈلىدىغان ياكى يامان كۆرۈلىدىغان نەرسىگە قارىتا بولىدۇ. ئىنسان كۆڭلىدە بىئارام بولۇشقا ئوخشاش ئۆز ئىختىيارىدا بولمىغان ئىشتىن چەكلەنمەيدۇ. لېكىن، ياقىلىرىنى يىرتىش، يۈز - كۆزلىرىنى كاچاتلاش ۋە پەريات - پىغان قاتارلىق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىدىغان ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ. بىز ھېكايىلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەزى كىشىلەرنىڭ مۇسىبەت يەتكەندە خۇشال بولۇشىغا كەلسەك، ئۇ ئىنسان تەبىئىتى جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى شەرئىي جەھەتتىن خۇشال بولۇشتۇر. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى مۇسىبەتلەرنى يامان كۆرىدۇ.

بۇ، مىسالى بىر بىمارغا كېسەلگە قارىتا بىر ئىچىملىك رېتسىپ قىلىپ يېزىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم بۇ بارىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مېلىنى سەرپ قىلىدۇ. ئاندىن ئىچىملىكنى ئالغۇدەك مال تاپقان چاغدا، قاتتىق خۇشال بولىدۇ ۋە تېنىنىڭ ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇ ئىچىملىكنى ئىچىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە ئۇ ئىچىملىكنى ئىچىشنى يامان كۆرىدۇ.

ئەگەر بىر پادىشاھ بىر كەمبەغەلگە: «سېنى بۇ يۇمشاق تاياق بىلەن ئۇرسام، ھەرقېتىملىق ئۇرۇشقا مىڭ تىللا بېرىمەن» دېسە، كەمبەغەل ئەلبەتتە كۆپ ئۇرۇلۇشنى ياخشى كۆرگەن بولاتتى. ئۇنىڭ كۆپ ئۇرۇلۇشنى ياخشى كۆرۈشى تاياقنىڭ ئاغرىتمايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تاياق ئاغرىتسىمۇ، ئۇنىڭغا كېلىدىغان مال سەۋەبلىك ئۇرۇلۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭدەك سەلەف سالىھلەرمۇ ساۋابنى كۆزلىگەنلىكتىن ئۇلارغا كەلگەن مۇسىبەت يەڭگىل بىلىنگەن.

## پەسىل: سەبر قىلىشنىڭ دورىسى ۋە سەبر قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، ئاغرىقنى چۈشۈرگەن زات دورىنىمۇ چۈشۈرۈپ، شىپالىق بېرىشنى ۋەدە قىلدى[1].

سەبر قىلىش قىيىن ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ قوشۇلۇشىدىن

[1] بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ھەرقانداق بىر كېسەللىكنى چۈشۈرگەن بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ چۈشۈرگەندۇر» دېگەن. بۇخارىي (5678). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ھاسىل قىلىش مۇمكىندۇر. ئىلىم ۋە ئەمەلدىن بارلىق قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ دورىلىرى تەييار قىلىنىدۇ.

ھەرقانداق كېسەللىك ئۆز لايىقىدا ئىلىم ۋە ئەمەلگە موھتاج. دېمەك، ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ھەرخىل دورىلار بېرىلىدۇ. چۈنكى، داۋالاشنىڭ مەنىسى: كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبكە قارشى تۇرۇش دېمەكتۇر.

مەسىلەن، ئىنسان ئەۋرىتىنى، كۆزىنى ۋە قەلبىنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىدىكى جىما شەھۋىتىگە سەبر قىلىشقا موھتاج بولسا، بۇ شەھۋەت ئۈچ نەرسە بىلەن داۋالىنىلىدۇ:

بىرىنچىسى: داۋاملىق روزا تۇتۇش، ئېپتار قىلغاندا ئازغىنە تاماق يېيىش بىلەن كۇپايىلىنىش.

ئىككىنچىسى: شەھۋەتنى قوزغىغۇچى سەۋەبلەرنى ئۈزۈپ تاشلاش. چۈنكى، شەھۋەت قاراش بىلەن قوزغىلىدۇ، قاراش قەلبنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، قەلب شەھۋەتنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ دورىسى بولسا باشقىلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز تۇرۇش ۋە كۆڭلى تارتقان سۈرەتلەرگە كۆزىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىشتۇر. چۈنكى، قاراش ئىبلىسنىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىدىن بىر ئوق بولۇپ، بۇنىڭدىن كۆزىنى تۆۋەن قىلىش ياكى قاراشتىن قېچىش ئارقىلىقلا ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى: مۇباھ بولغان نەرسىلەر ئارقىلىق كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنى تەسكىن قىلىش. بۇ نىكاھلىنىش بىلەن بولىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى خاھلىغان ھەرقانداق ھارامدىن مۇباھ ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بىھاجەت بولغىلى بولىدۇ. مانا بۇ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئەڭ جايىدا دورىسىدۇر. ئوزۇقلىنىشنى كېسىش بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، شەھۋەت بۇنىڭدىن باشقا ئىش بىلەن ئاجىزلاشمايدۇ.

ئىنسان نەپسىنى جىھاد قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك. چۈنكى، نەپسىنى ھاۋايى - ھەۋەسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا ئادەتلەندۈرگەن كىشى قاچان خاھلىسا شۇ ۋاقىتتا نەپسىگە غالىب كېلەلەيدۇ.

شۇنى بىلگىنكى، سەبر ۋە جىھادنىڭ ئەڭ قىيىن تۈرى ئىچكى دۇنياسىنى خىيال قىلىشتىن توختىتىشتۇر. بىر ئىشقا بېرىلگەن ۋە خالىي يەردە تۇرغان كىشىدە خىيال كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنى ۋەسۋەسىلەر ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇنىڭ دورىسى ئالاقىلەرنى ئۈزۈش ۋە غېمىنى بىر غەم قىلىش، تەپەككۇرىنى ئاسمان - زېمىننىڭ سەلتەنىتى، ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىش ئاجايىباتلىرى ۋە ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ بارلىق يوللىرىغا قايتۇرۇشتۇر. بۇلار قەلبنى بويسۇندۇرسا، كىشىنىڭ بۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى شەيتاننىڭ ئۇنى ئۆزىگە تارتىشى ۋە ۋەسۋەسىلىرىنى

دەفئ قىلىدۇ. ئەگەر كىشى يوشۇرۇن پىكىر قىلالمىسا، ئۇنى پەقەت قىرائەت قىلىش، زىكىرلەرنى ئوقۇش، نامازلارنى ئوقۇش قاتارلىق ئۇزۇلمەي قىلىنىدىغان ئىنسان ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ۋىردلەر (زىكىرلەر) قۇتقۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە قەلب ھۇزۇرىنى كەلتۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ. چۈنكى، ئاشكارا ۋىردلەر ئەمەس، يوشۇرۇن پىكىر قەلبنى تولۇق ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا تىرىشىش ۋە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىش مۇمكىندۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ لۇتۇف - ئىنايىتى بىلەن زاھىر بولىدىغان ئەھۋاللار ۋە ئەمەللەردىن ئېرىشىلىدىغان ماقاملار بولسا خۇددى ئۇۋلانغان ئوۋ كەبىدۇر. ئوۋ ئاللاھ تائالا بېرىدىغان رىزىق مىقدارىچە بولىدۇ. بەزىدە تىرىشچانلىق ئاز بولسىمۇ، ئوۋ كۆپ بولىدۇ. يەنە بەزىدە تىرىشچانلىق ئۇزۇن بولسىمۇ، ئوۋ غەنىيمىتى ئاز بولىدۇ. بۇ تىرىشچانلىقتا مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ بىرەر جەزبىسى[1] ئاساستۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنسى - جىنلارنىڭ ئەمەللىرىگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇ بەندىنىڭ تاللىشى بىلەن بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ تاللىشى قەلبىدىن دۇنيانىڭ جەزبىدار ئىشلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئاشۇ جەزبىگە يولۇقۇشنى تاللىشىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئەڭ تۆۋەننىڭمۇ تۆۋىنىگە تارتىلغۇچى ئەڭ يۇقىرىنىڭ يۇقىرىسىغا جەلب قىلىنمايدۇ. دۇنياغا ھېرىسمەن كىشى دۇنياغا تارتىلىدۇ. شۇڭا، جەلب قىلغۇچى سەۋەبلەردىن ئالاقىلەرنى ئۈزۈش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن، سىلەرنىڭ يىل، ئاي، كۈنلىرىڭلار ئىچىدە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سوۋغىلىرى بار، دىققەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلارنى

[1] جەزب / جەزبە (الجَذَبُ): تەسەۋۋۇف ئاتالغۇسى بولۇپ، ئىلاھىي ئىنايەتنىڭ بەندىنى ئۆز ھۇزۇرىغا يېقىن تارتىشىدۇر. تارتىلغۇچىنىڭ جىمى مەنزىل ۋە ماقاملارنى جاپا - مۇشەققەتسىز بېسىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پۈتۈن ئېھتىياجىنى تەييارلاپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىن تارتىلغۇچى («مەجزۇب») يولنى رىيازەت ۋە چېنىقىش بىلەن باسىدىغان «سالىك»تىن پەرقلىنىدۇ. مەجزۇب — «مۇراد (ئىرادە قىلىنغۇچى)» دەپ ئاتالسا، سالىك — «مۇرىد (ئىرادە قىلغۇچى)» دەپ ئاتىلىدۇ. تەسەۋۋۇف شەيخلىرىنىڭ قارىشىچە، تارتىلغۇچى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا يېقىن تارتىلغان «مەجزۇب» بۇ يولدا داۋاملىشىپ ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتمىسا، «ئاشىق» دەپ ئاتىلىدۇ. قايتىپ يولنى داۋاملاشتۇرسا، «مەجزۇب سالىك» دەپ ئاتىلىدۇ. يولنىڭ ئاخىرىدا جەزب قىلىنغان سالىك «سالىك بولغان مەجزۇب» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىككىلىسى شەيخلىك ۋە مۇرىدلەرنى تەربىيەلەش مەرتىۋىسىگە لايىق بولىدۇ. مۇتەسەۋۋىفلەرنىڭ جەزب ھەققىدىكى بايانلىرىدا ئەقلىنىڭ يوقىلىپ شەرئىي تەكلىفاتلارنى بويىنىدىن ساقىت قىلىدىغان ساراڭلىق دەرىجىسىگە يېتىش توغرۇلۇق سۆز بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىزاھاتلىرى مەجزۇبنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا، خۇددىنى يوقىتىشىغا ئىشارە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جەزبە تۇتقان «مەجزۇب» كىشى ئەقلى - ھوشى جايىدا بولسىمۇ، كىشىلەرگە ئوي - پىكرى قالايمىقان، گەپ - سۆزى ئېلىشاڭغۇ كۆرۈنىدۇ. ئەللامە ئىبنى خەلدۇن «مەجزۇب»نى تەكلىپ شەرتى بولغان ئەقلىنى يوقاتقان كالۋا، ساراڭلار قاتارىغا قوشۇۋېتىشكە مايىل بولغان ۋە ئۇنى مۇقەررەب ئەۋلىيائ دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاۋامنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ تۆۋەن دەپ قارىغان. - ت.

يولۇقتۇرۇڭلار!»[1] دېگەن سۆزىدىن مەقسەتتۇر.

ئۇنداقتا بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز: زېمىننى ياخشىلاپ، ئوت - چۆپلەردىن پاكىزلاپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇق چاچقان كىشىگە ئوخشاش بولۇش ۋە رەھمەت ياغقۇسى ئورنىنى بوشىتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈشتۇر. يامغۇر بولمىسا، زېمىننى ياخشىلاپ، ئوت - چۆپلەردىن پاكىزلەش ۋە ئۇرۇق چېچىش بىھۇدەدۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ يامغۇرنى قاچان ياغدۇرۇدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىراق، كىشى ئاللاھ تائالانىڭ بىر يىلنى يامغۇر ياغدۇرماي ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغانلىقىدەك پەزل - مەرھەمىتىگە ئىشىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يىل، ئاي ۋە كۈنلەر ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتلىرىدىن بىر رەھمەتتىن ۋە سوۋغىلىرىدىن بىر سوۋغىدىن خالىي قالمايدۇ.

شۇڭا، بەندە قەلبىنى شەھۋەتلەرنىڭ ئوت - چۆپلىرىدىن پاكلىغان بولۇشى، قەلبىگە ئىرادە ۋە ئىخلاس ئۇرۇقىنى تېرىشى، ھەمدە قەلبىنى رەھمەت شاملى كېلىدىغان ئورنىغا توغرىلىشى لازىم. يامغۇر بۇلۇتلىرى كۆرۈلىدىغان ئەتىياز مەزگىلىدە يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىد چوڭ بولغىنىدەك، ئەرەفات كۈنى، جۈمە كۈنى ۋە رامازان ئېيىغا ئوخشاش قەلبلەر تېتىك، ئىرادە - مەقسەتلەر مۇجەسسەم بولىدىغان ۋاقىتلار ۋە باشقا شەرەپلىك دەملەردە شۇ رەھمەتلەردىنمۇ ئۈمىد چوڭ بولۇشى كېرەك. ئىرادىلەر ۋە قىممەتلىك ۋاقىتلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە تەقدىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ مول چۈشۈشى ئۈچۈن سەۋەبتۇر.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (2856). مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1917) «زەئىف» دېگەن.

## ئىككىنچى باب

### شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭ پەزىلىتى، نېئمەتلەرنىڭ بايانى، قىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا: ﴿شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز﴾3/«ئال ئىمران»: 145 دېگەن. ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿ئەگەر (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾4/«نىسائ»: 147 دەيدۇ. ۋە يەنە: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾34/«سەبەئ»: 13 دېگەن.

ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغانلىق سەۋەبلىك زىيادە نېئمەت بېرىدىغانلىقىنى كەسكىن بايان قىلىپ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر(كۇفرانى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلبەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴾14/«ئىبراھىم»: 7 دېگەن.

لېكىن، ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلسا نېئمەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن سىرت كۆپ ئىشلارنى بەندىنىڭ ئۆز خاھىشىغا قالدۇرغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، ئاللاھ خاھلىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾9/«تەۋبە»: 28.

﴿ئەگەر ئاللاھ خاھلىسا، سىلەر ئاللاھنىڭ كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئىلتىجا قىلغان بالانى ئاللاھ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى قىلىۋالغىنىڭلارنى ئۇنتۇيسىلەر﴾6/«ئەنئام»: 41. ﴿ئاللاھ خاھلىغان كىشىگە رىزىق بېرىدۇ﴾2/«بەقەرە»: 212. ﴿ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى خاھلىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾4/«نىسائ»: 48 ۋە 116. ﴿ئاللاھ خاھلىغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ﴾9/«تەۋبە»: 15.

ئىبلىس شۈكۈر قىلىشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلگەن چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەيىبلەپ: ﴿ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېئمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن﴾7/«ئەئراف»: 17 دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامدا تۇرۇپ، ئىككى تاپىنى

يېرىلىپ كەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا:

— ئاللاھ تائالا سىزنىڭ ﴿ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭىزنى مەغپىرەت قىلغان﴾«فەتىھ»: 2/48 تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداق ئىبادەت قىلامسىز؟ — دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مەن ﴿شۈكۈر قىلغۇچى بەندە﴾«ئىسرائ»: 3/17 بولمايمەنمۇ؟! — دېگەن ئىدى[1].

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا دېدىكى: ‹مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن: ”ئى ئاللاھ! ماڭا سېنى زىكىر قىلىشقا، ساڭا شۈكۈر قىلىشقا ۋە ساڭا گۈزەل ئىبادەت قىلىشقا ياردەم بەرگىن“ دېگىن› »[2].

## پەسىل شۈكۈر قىلىشنىڭ چەك - چېگراسى ۋە ھەقىقىتى توغرىسىدا

شۈكۈر قىلىش قەلب، تىل ۋە باشقا ئەزالار بىلەن بولىدۇ:

قەلب بىلەن شۈكۈر قىلىشقا كەلسەك، بۇ ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىش ۋە بارلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىزدەش بىلەن بولىدۇ.

تىل بىلەن شۈكۈر قىلىشقا كەلسەك، بۇ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغانلىقنى نامايان قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بەدەن ئەزالار بىلەن شۈكۈر قىلىشقا كەلسەك، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىشقا ئىشلىتىش ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالاغا مەئسىيەت بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ. دېمەك، مۇسۇلماندىن كۆرگەن ھەرقانداق ئەيىبنى يېپىش ئىككى كۆزنىڭ شۈكرىسىدۇر. مۇسۇلمان ھەققىدە ئاڭلىغان ھەرقانداق ئەيىبنى يوشۇرۇش ئىككى قۇلاقنىڭ شۈكرىسىدۇر. مانا بۇلار ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

تىل بىلەن شۈكۈر قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالادىن رازى بولغانلىقنى ئاغزاكى سۆزلەش بولۇپ، ئىنسان بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر.

رەسۇلۇللاھ: «نېئمەتلەرنى تىلغا ئېلىش شۈكۈردۇر، تىلغا ئالماسلىق

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4837)؛ مۇسلىم (2820).

[2] ئەھمەد (22179)؛ ئەبۇ داۋۇد (1522)؛ نەسائىي (1236). نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («مىشكاتۇلمەسابىھ»، 949) «سەھىھ» دېگەن.

كۇفۇرلۇقتۇر»[1] دېگەن.

رىۋايـەت قىلىنىشـىچە: «ئەنسـارلاردىن ئىككـى ئـادەم ئۇچرىشـىپ قېلىـپ، بىـرى يەنە بىرىگە:

— تىنىچ قوپۇپسەنمۇ؟ — دېگەندە، يەنە بىرى:

— ئـاللاھ تائالاغـا ھەمدۇسـانالار بولسـۇن، — دېگـەن. شـۇنىڭ بىلـەن پەيغەمبـەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مۇشۇنداق دەڭلار› دېگەن»[2].

رىۋايـەت قىلىنىدۇكـى، «بىـر ئـادەم ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا سـالام قىلغانـدى، ئۆمـەر ئۇنىڭغـا سـالام قايتـۇردى، ئانديـن ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

— تىنىچ قوپۇپسەنمۇ؟ — دېگەندى، ئۇ:

— سـاڭا ئـاللاھ تائالاغـا ھەمدۇسـانا ئېيتىدىغانلىقىمنـى بىلدۈرىمـەن، — دېـدى. شـۇنىڭ بىلـەن ئۆمـەر: ‹ھەببەللـى، مـەن مۇشـۇنداق جـاۋاب بېرىشـىڭنى خاھلىغـان ئىدىم› دېدى»[3].

سـەلەف سـالىھلەر بىـر - بىرىدىـن ئەھـۋال سـورايتتى، ئـۇلار ئەھـۋال سـوراش ئارقىلىـق ئـاللاھ تائالاغـا بولغـان شۈكۈرانەسـىنى نامايـان قىلىشـاتتى. بـۇ ئارقىلىـق شـۈكۈر قىلغۇچىمـۇ ئـاللاھ تائالاغا ئىتائـەت قىلغۇچـى، سۆزلەشـنى تەلـەپ قىلغۇچىمـۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچى بولاتتى.

ئەبـۇ ئابدۇرراھمـان ھۇبۇلـي رەھىمەھـۇللاھ مۇنـداق دېگـەن: «بىـر ئـادەم يەنـە بىـر ئادەمگـە سـالام قىلسـا ۋە ‹تىنىـچ قوپتۇڭمـۇ؟› دەپ سورىسـا، ئۇنىڭغـا ئـۇ ئـادەم: ‹سـاڭا ئـاللاھ تائالاغـا ھەمدۇسـانا ئېيتىدىغانلىقىمنـى بىلدۈرىمـەن› دېسـە، ئۇنىـڭ سول تەرىپىدىكى پەرىشتە ئوڭ تەرىپىدىكى پەرىشتىگە:

— ئۇنى قانداق يازىسەن؟ — دەيدۇ. ئۇ پەرىشتە:

— ئۇنى ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار قاتارىدا يازىمەن، — دەيدۇ».

ئەبـۇ ئابدۇرراھماندىـن «تىنىـچ قوپتۇڭمـۇ؟» دەپ سورالسـا، ئـۇ: «سـاڭا ۋە ئـاللاھ

[1] ئەھمـەد (18472)؛ بەيھەقـي: «شـۇئەبۇلئىمان»، (4105). شـۇئەيب ئەلئەرنائـۇت ۋە ئالبانـيلار: («سەھىھۇلجامىئىسسەغىر ۋە زىيادەتۇھۇ»، 3014) «سەھىھ» دېگەن.

[2] بەيھەقي: «شۇئەبۇلئىمان»، (4135). ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھتىن «مۇرسەل»دۇر.

[3] ئىمـام بۇخاريـي: «ئەلئەدەبـۇل مۇفـرەد»، (1132)؛ بەيھەقـي: «شـۇئەبۇلئىمان»، (4136). ئالبانىي: («سەھىھۇل ئەدەبىل مۇفرەد»، 473) «سەھىھ» دېگەن.

تائالانىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرىغا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن» دەيتتى.

## ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى يامان كۆرىدىغان نەرسىلەردىن ئايرىش توغرىسىدا

شۈنى بىلگىنكى، شۈكۈر قىلىش ۋە نېئمەتكە كۇفۇرلۇق قىلماسلىق پەقەت ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەن نەرسىنى بىلىش ئارقىلىقلا تاماملىنىدۇ. چۈنكى، شۈكۈرنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئورۇنلارغا ئىشلىتىشتۇر. كۇپرانى نېئمەتنىڭ مەنىسى شۈكۈرنىڭ ئەكسىچە، نېئمەتتىن پايدىلانماسلىق ياكى ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان ئورۇنغا ئىشلىتىشتۇر.

ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى يامان كۆرىدىغان نەرسىلەردىن ئايرىشنىڭ ئىككى يولى باردۇر:

بىرىنچىسى: ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئىبارەت نەقلىي دەلىللەر.

ئىككىنچىسى: قەلبنىڭ كۆزۈشى، يەنى ئىبرەت ئېلىش نەزەرى بىلەن قاراشتۇر. بۇ ناھايىتى تەس ۋە كەم ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلار ئارقىلىق مەخلۇقاتلارغا يوللارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. بۇنى بىلىش بەندىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تامامىنى بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. كىمكى بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمىسە، شۈكۈر قىلىش ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ.

ئىبرەت ئېلىش نەزەرى بىلەن قاراش بولغان ئىككىنچىسىگە كەلسەك، ئۇ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمەتنى بىلىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ھېكمەتنىڭ ئارقىسىدا بىر مەقسەت بار بولۇپ، ئەنە شۇ مەقسەت ياخشى كۆرۈلگۈچىدۇر.

شۇ ھېكمەت «ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھېكمەت» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

ئاشكارا ھېكمەت كائىنات دۇنياسىغا ئوخشاشتۇر، قۇياشنى يارىتىشتىكى ھېكمەت كۈندۈز ۋە كېچىنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر. شۇ ئارقىلىق خۇددى ئاللاھ تائالا: ﴿كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق﴾[78/«نەبەئ»: 11] دەپ ئېيتقاندەك، كۈندۈز تىرىكچىلىك ۋاقتى، كېچە بولسا بەدەنگە راھەتلىك ۋاقتىدۇر. بۇ ئارقىلىق يورۇقلۇقتا ھەرىكەت قىلىش ئاسان بولىدۇ، كېچە ۋاقتى بولسا جىمجىتلىق چۆكىدۇ. بۇ قۇياشنى يارىتىشتىكى ھېكمەتلەر ھەممىسى ئەمەس،

بەلكى بىر قىسمىدۇر. يامغۇر بولۇتلىرى ۋە يامغۇر يېغىشتىكى ھېكمەتلەرنى بىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

يۇلتۇزلارنى يارىتىشتىكى ھېكمەتلەرگە كەلسەك، ئۇ ھېكمەتلەر بارلىق مەخلۇقاتلار بىلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە يوشۇرۇندۇر. بەزى كىشىلەر ئۇلارنى يارىتىشتىكى بەزى ھېكمەتلەرنى بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: يۇلتۇزلارنىڭ ئاسمانغا زىننەت بولغىنىغا ئوخشاش ھېكمەتلەر[1].

كائىنات دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرى ھېكمەتتىن خالىي ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك مەخلۇقاتنىڭ ئەزالىرىمۇ ھېكمەتتىن خالىي ئەمەستۇر. ئۇ ھېكمەتلەردىن كۆزنىڭ كۆرۈش ئۈچۈن، قولنىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، پۇتنىڭ مېڭىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىغا ئوخشاش ئوچۇق - ئاشكارا بولغان ھېكمەتلەر بار.

قىزىلئۆڭگەچ، بۆرەك، جىگەر، قان تومۇرلار، نېرۋىلار ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقلار ۋە بۇ ئەزالارنىڭ بەزىلىرىنىڭ نېپىز، بەزىلىرىنىڭ قېلىن بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا كەلسەك، ئۇلاردىكى ھېكمەتنى بارلىق كىشىلەر بىلىپ بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى بىلىدىغانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاز مىقداردىكى ھېكمەتنى بىلىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالا ياراتقان بىرەر ئەزانى ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان تەرەپتىن باشقا بىر تەرەپكە ئىشلەتسە، ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ئەزادىكى نېئمىتىگە كۇفۇرلۇق قىلغان بولىدۇ. يەنى كىمكى باشقىلارنى ناھەق ئۇرسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قول نېئمىتىگە كۇفۇرلۇقتۇر. چۈنكى، قول باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، قول ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىنى دەفئى قىلىش ۋە پايدىلىق نەرسىلەرگە ئىشلىتىشى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. شۇنىڭدەك كۆز بىلەن قاراش ھارام بولىدىغان نەرسىگە قارىسا، كۆز ۋە قۇياش نېئمىتىگە كۇفۇرلۇق قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، كۆرۈش نۇر ئاستىدىلا مۇمكىن بولىدۇ. كۆز ۋە قۇياش بولسا ئىنسان شۇلار ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىدە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى كۆرۈشى، زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

---

[1] ئاللاھ تائالا دېگەنكى: ﴿بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق﴾37/«سافقات»: 6، ﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر﴾41/«فۇسسىلەت»: 12، ﴿بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق﴾15/«ھىجر»: 16، ﴿ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟﴾50/«قاف»: 6

شۇنى بىلگىنىكى، مەخلۇقاتلارنى، دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى سەۋەبلەرنى يارىتىشتىن مەقسەت مەخلۇقاتلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېتىشتە ئۇلاردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر. ئۇ زاتقا ئۇ زاتنى سۆيۈش، دۇنيادا ئۇ زات بىلەن ئۇنس - ئۈلپەتلىشىش ۋە دۇنيانىڭ ئالدام خالتىلىرىغا چۈشمەسلىك بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ. ئۇ زات بىلەن ئۇنس - ئۈلپەتلىشىش پەقەت داۋاملىق زىكىر ئېيتىش ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش بولسا داۋاملىق پىكىر قىلىشتىن ھاسىل بولغان ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ. زىكىر ۋە پىكىر قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش بەدەن داۋاملىق تېتىك تۇرغاندىلا مۇمكىندۇر. بەدەننىڭ داۋاملىق تېتىك تۇرۇشى تۇپراق، سۇ ۋە ھاۋا بولغاندىلا مۇمكىندۇر. بۇلار ئاسمان - زېمىن ۋە بارلىق ئاشكارا - يوشۇرۇن ئەزالارنى يارىتىش بىلەنلا مۇكەممەل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدەن ئۈچۈندۇر. بەدەن بولسا نەپسنىڭ مىنىدىغان ئۇلاغىدۇر. ئاللاھ تائالاغا قايتقۇچى نەپس بولسا ئۇزۇن ۋاقىت ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللانغان نەپس بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالا: ﴿ئى ئارام تاپقۇچى جان!﴾[«فەجر»: 27/89] دەپ تەرىپلىگەندەك ئارام تاپقۇچى نەپستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[«زارىيات»: 56/51] دېگەن.

بىرنەرسىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بولمىغان ئورۇنغا ئىشلەتكەن ھەرقانداق كىشى شۇ مەئسىيەتنى قىلىشتا كېرەكلىك سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ تائالاغا كۇپرانى نېئمەت قىلغان بولىدۇ.

ئىبرەت ئېلىنىشى ۋە شۈكرانى نېئمەت ياكى كۇپرانى نېئمەت يولىنىڭ بىلىنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم — بەكمۇ يوشۇرۇن بولمىسىمۇ — يوشۇرۇن ھېكمەتلەر ھەققىدە بىر مىسالنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى:

دۇنيا تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى بولغان تەڭگە - تىللالار ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ئەسلىدە ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق مەنىسىز ئىككى مەدەندۇر. لېكىن، ئىنسانلار ئۇ ئىككىسىگە موھتاجدۇر. ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاغ ۋە باشقا ھاجەتلىرىدە كۆپ ماللارغا موھتاج بولىدۇ. بەزىدە ئىنسان ئۆزى موھتاج نەرسىنى تېپىشتىن ئاجىز كېلىدۇ، ھالبۇكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ئىلكىدە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان باشقا بىرنەرسە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ قولىدا مەلۇم مىقداردا زەپىران بار، ھالبۇكى ئۇ مىنىدىغان تۆگىگە موھتاجدۇر. يەنە بىر ئادەمنىڭ تۆگىسى بار، ھالبۇكى ئۇ كىشى تۆگىگە ئەمەس، زەپىرانغا موھتاج بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتا ۋە ئالماشتۇرىدىغان

نەرسىنىڭ مىقدارىدا بىر ئۆلچەم بولۇشى لازىم. چۈنكى، تۆگىنىڭ ئىگىسى تۆگىسىنى ئۇدۇل كەلگەن مىقداردىكى زەپىرانغا تېگىشىپ بەرمەيدۇ. زەپىران بىلەن تۆگە نە ئېغىرلىق ۋە نە كۆرۈنۈشتە قىياس مۇمكىن ئەمەستۇر.

كىيىم بىرىپ قورۇ - جاي سېتىۋالغان ياكى ئۆتۈك بېرىپ قول سېتىۋالغان، ياكى ئېشەك بېرىپ ئۇن سېتىۋالغان كىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئارىسىدىمۇ كۆرۈنۈش ياكى مىقدار جەھەتتە تەڭلىك يوقتۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا تەڭگە - تىللالارنى باشقا ماللار ئارىسىدا قىممەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىدا تۇرىدىغان ھاكىم قىلىپ ياراتتى. شۇڭا، «بۇ تۆگە 100 تەڭگىگە تەڭ، شۇ مىقداردىكى زەپىران 100 تەڭگە» دېيىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىككى نەرسە ئارىسىدا تەڭلىك ھاسىل بولىدۇ ۋە زەپىران بىلەن تۆگە ئارىسىنى تەڭگە ياكى تىللا بىلەن تەڭشەش مۇمكىندۇر، چۈنكى مەقسەت پۇل ئەمەستۇر. تىللا ياكى تەڭگىنىڭ ئۆزىگىلا ھاجەت بولغان بولسا، ئىش تەرتىپلىك بولمايتتى (تەڭگە بىلەن تىللانىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇ پۇلغا سېتىۋالغان نەرسىلەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ). شۇڭا، ئاللاھ تائالا تەڭگە بىلەن تىللانى كىشىلەر ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈشى ۋە ماللار ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھاكىم بولۇشى ئۈچۈن نېئمەت قىلدى ھەمدە بۇ ئىككىسىنى قىممەتلىك قىلدى، بۇ ئىككىسىنىڭ باشقا ماللارغا قىممەت پىچىشى بىر ۋاستىدۇر، شۇڭا تەڭگە - تىللاغا ئىگە بولغان كىشى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولغاندەك بولىدۇ.

تىللا ۋە تەڭگىنىڭ ھېكمىتىنى بىلسەڭ، ھەرقانداق كىشى بۇ پۇللار بىلەن كۆزلەنگەن مەقسەتكە قارشى ۋە ئۇ ھېكمەتكە نالايىق بىر ئىشنى قىلسا، ئاللاھ تائالاغا تىللا ۋە تەڭگە ھەققىدە كۇپرانى نېئمەت قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، كىمكى تىللا ۋە تەڭگىنى يىغىپ ساقلىۋالسا، ئىككىسىنىڭ رولىنى ۋە ئىككىسىدىكى ھېكمەتنى يوق قىلغان بولىدۇ. ئۇنداق كىشى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىدا ھۆكۈم قىلىدىغان قازىنى تۈرمىگە قاماپ قويغان ۋە بۇ سەۋەبلىك قازى ھۆكۈم قىلىش رولىنى جارىي قىلدۇرالمىغان بولىدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەر كۆرىدىغان كۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلىم كۆزى بىلەن كۆرۈلىدىغان ئىلاھىي خەت بىلەن كائىناتنىڭ سەھىپىلىرى ئۈستىگە يېزىلغان ئىلاھىي مەكتۇپلارنى ئوقۇشتىن ئاجىز كەلگەندە، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلار ئاڭلايدىغان بىر سۆزنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن!﴾

9/«تەۋبە»:34

بۇنىڭغا بىنائەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەردە يەپ - ئىچىش ئۈچۈن قاچا ياسىغان ھەرقانداق كىشى تىللا ۋە تەڭگەدىكى ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتىگە كۇفۇرلۇق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، تەڭگە - تىللالاردا يەپ - ئىچىش ئۈچۈن قاچا ياسىغان كىشى ئالتۇن - كۈمۈشنى يىغىپ ساقلىغان كىشىگە قارىغاندا يامان ئەھۋالدىدۇر.

بۇ، مىسالى شەھەر ھاكىمىنى رەخت توقۇش، تازىلىق قىلىش ۋە ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر قىلىدىغان ئىشلارغا سالغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

چۈنكى، تۆمۈر، مىس، ساپال ياكى باشقا قاچىلار سۇيۇقلۇقلارنى ساقلاشتا ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلارنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ. ئۇلار ئەسلا ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەڭ كەلمەيدۇ ۋە قىممەت جەھەتتە ئىككىسىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، ئەمما سۇيۇقلۇقلارنى ساقلىيالايدۇ. بىراۋغا ئىلاھىي شەپقەت بولغان بۇ ھېكمەت ئايان بولمىسا، ئۇنىڭغا: «كىمكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا ئىچسە، جەھەننەمنىڭ ئوتى ئۇنىڭ قورسىقىدا گۈركىرەيدۇ»[1] دېيىش كېرەك.

شۇنىڭدەك تەڭگە - تىللالاردا ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشى بۇ پۇللارنى ئەسلى مەقسەتتىن يىراقلاشتۇرغان بولىدۇ. بۇ بولسا تەڭگە - تىللالارنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتلىرىدىندۇر.

شۇڭا، شۈكرانى نېئمەت ياكى كۇپرانى نېئمەت قىلىشنى بۇ مىسال بىلەن ئۆزۈڭ سادىر قىلغان ھەرىكەت قىلىش ياكى جىم تۇرۇش، سۆزلەش ياكى سۈكۈت قىلىش قاتارلىق ھەممە ئىشلىرىڭدا شۈكۈر قىلدىمۇ ياكى كۇفۇرلۇق قىلدىمۇ؟ دەپ ئۆلچىشىڭ ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى يامان كۆرۈش، بەزىسىنى چەكلەش بىلەن ئېتىبارغا ئېلىشىڭ كېرەك.

شۇنىڭ جۈملىسىدىن يەنە، ئاللاھ تائالا ساڭا ئىككى قول بەردى. ئىككى قولنىڭ بىرىنى يەنە بىرسىدىن كۈچلۈك قىلدى، كۈچلۈك قول زىيادە كۈچى سەۋەبلىك يەنە بىر قولدىن ئۈستۈن بولدى. ساڭا ئىككى قول بەرگەن زات سېنى ئەمەللەرنى قىلىشقا موھتاج قىلدى. ئۇ ئەمەللەرنىڭ بەزىسى قۇرئاننى كۆتۈرۈشكە ئوخشاش شەرەپلىك، يەنە بەزىسى نىجاسەتنى تازىلاشقا ئوخشاش پەس ئەمەلدۇر. سەن قۇرئاننى سول قول بىلەن تۇتساڭ، نىجاسەتنى ئوڭ قول بىلەن تازىلىساڭ، ئىككى قولنى تامامەن ئەكسىچە ئىشلەتكەن بولىسەن ۋە شەرەپلىك قولنى پەس ئىشقا مەھكۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان بولىسەن.

شۇنىڭدەك ئۆتۈك كىيگەندە، سول پۇتۇڭغا باشتا كىيسەڭ، ئوڭ پۇتۇڭغا زۇلۇم

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5634)؛ مۇسلىم (2065). ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

قىلغان بولسەن. چۈنكى، ئۆتۈك پۈتنى قوغدايدىغان نەرسىدۇر. باشقىلارنى بۇنىڭغا قىياس قىلغىن.

شۇنىڭدەك يەنە دەيمىزكى: مۇھىم بىرەر ھاجىتى ياكى ھەق بىر غەرەزسىزلا، دەرەختىن بىر تال شاخنى سۇندۇرغان كىشى دەرەخلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتكە قارشى ئىش قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، دەرەخلەر مەنپەئەت ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. ئەگەر توغرا بىر غەرەز ئۈچۈن دەرەخ شېخىنى سۇندۇرغان بولسا ھېچقىسى يوق. ئەگەر باشقىلارنىڭ مۈلكىدىكى دەرەخنى موھتاج بولۇپ سۇندۇرغان بولسىمۇ، ئۇنداق كىشى زالىمدۇر. دەرەخ ئىگىسى سۇندۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسا ئۇنداق بولمايدۇ.

## پەسىل: نېئمەتلەرنىڭ بايانى، ھەقىقىتى ۋە قىسىملىرى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسە «نېئمەت» جۈملىسىدىندۇر. لېكىن، ھەقىقىي نېئمەت ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسىنى نېئمەت دەپ ئاتاشمۇ دۇرۇستۇر. بارلىق نەرسىلەر بىزگە نىسبەتەن تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى قىسىم: ئىلىم ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئوخشاش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تامامەن پايدىلىق بولغان نەرسە. بۇ ھەقىقىي نېئمەتتۇر.

ئىككىنچى قىسىم: دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تامامەن زىيانلىق بولغان نەرسە، ئۇ ھەقىقەتتە بالا - قازادۇر.

ئۈچىنچى قىسىم: لەززەت ئېلىش ۋە شەھۋەتلەرگە ئەگىشىشكە ئوخشاش ھازىرقى ھالىتىدە پايدا بېرىدىغان، ئاخىرەتتە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسە. ئۇ بولسا ئەقىل ئىگىلىرى قارىشىدا بالا - مۇسىبەتتۇر. جاھىل كىشى ئۇنى نېئمەت، دەپ ئويلايدۇ.

ئۇ، بەئەينى ئاچ قالغان ئادەم زەھەر سېلىنغان ھەسەلنى تاپسا، زەھەر بارلىقىنى بىلمىسە ئۇنى نېئمەت سانىغانغا، زەھەر بارلىقىنى بىلسە، ئۇنى بالا - مۇسىبەت سانىغانغا ئوخشايدۇ.

تۆتىنچى قىسىم: شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە زىيانلىق، ئاخىرەتتە پايدىلىق نەرسە. بۇ ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قارىشىدا نېئمەت، نادانلارنىڭ نەزەرىدە بالا - مۇسىبەتتۇر.

مەسىلەن، نەق تېتىغاندا بەك ئاچچىق، ئىچكەن كېسەللەرگە كېلەچەكتە شىپا بولىدىغان دورا كەبى. نادان بالىغا بۇنداق دورىنى ئىچىش تەكلىپ قىلىنسا،

ئۇنى بالا - مۇسىبەت دەپ ئويلايدۇ، ئاقىل كىشى بولسا ئۇنى نېئمەت سانايدۇ. شۇنىڭدەك بىر سەبىي ئۇچۇن لوڭقا قويۇپ قان ئېلىش شەرت بولسا، ئاتا ئاقىۋەتتە بالىسىنىڭ كېسىلىنىڭ شىپا تېپىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ بالىسى ئۇچۇن لوڭقا قويۇپ قان ئېلىشقا قوشۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ. ئانا بولسا لوڭقا قويۇپ قان ئېلىشتىكى مەنپەئەتنى بىلمىگەنلىكى، بالىسىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە شەپقىتى قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن بالىسىغا قىيالمايدۇ ۋە بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. بالا ھەقىقەتنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ شەپقىتىگە ئېسىلىدۇ، دادىسىغا ئەمەس، ئانىسىغا يېپىشىدۇ ۋە دادىسىنى يامان كۆرىدۇ. ئەگەر سەبىي چۈشەنسە ئىدى، ئەلبەتتە ئانىسىنىڭ «ياخشىلىق قىلىمەن» دەپ يامانلىق قىلغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئانىسىنىڭ ئۇنى لوڭقا قويۇپ قان ئېلىشتىن ساقلىشى ئۇنىڭ ئاغرىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلىششقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، جاھىل دوست ئەقىللىق دۈشمەندىن ياماندۇر. ھەربىر كىشى نەپسىنىڭ دوستىدۇر. لېكىن، نەپس جاھىل دوستتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۈشمەن قىلمىغان ئىشنى نەپس قىلىدۇ.

## پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزئارا باغلىنىشلىق ۋە بىھېساب ئىكەنلىكى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، نېئمەتلەر ئۆز ئەسلىدە تەلەپ قىلىنغۇچى غايە بولغان نېئمەت ۋە غايە ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان نېئمەتكە بۆلىنىدۇ.

غايە بولسا ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەت بولۇپ، بۇ بەخت - سائادەتنى ھاسىل قىلغۇچىلار تۆتتۇر. ئۇلار: پايانى يوق باقىيلىق، غەم - قايغۇسىز خۇشاللىق، بىلىمسىزلىك بولمىغان ئىلىم ۋە موھتاجلىق بولمايدىغان دەرىجىدە بىھاجەتلىكتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت - سائادەتتۇر.

غايە ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان نېئمەت بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەخت - سائادەتكە ۋاستە بولىدىغان نېئمەتلەردۇر. ئۇلار تۆت قىسىم ئېرۇر:

ئەۋۋەلا: ئىمان ئېيتىش ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئوخشاش نەپسنىڭ پەزىلەتلىرى.

ئىككىنچى: كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ساقلىقتا ئوخشاش بەدەننىڭ پەزىلەتلىرى.

ئۈچىنچى: مال - مۈلك، يۈز - ئابرۇي ۋە بالىچاقىغا ئوخشاش بەدەننى ياخشىلايدىغان نېئمەتلەر.

تۆتىنچى: ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى، يول كۆرسىتىشى، توغرا يولغا

باشلىشى ۋە كۆچلەندۈرۈشى قاتارلىق پەزىلەتلەرگە ئۇيغۇن نەرسىلەر بىلەن باشقا نېئمەتلەرنى مۇجەسسەم قىلغان سەۋەبلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈيۈك نېئمەتلەردۇر.

سوئال: ئاخىرەت يولى ئۈچۈن مال ۋە مەرتىۋىگە ئوخشاش نەرسىلەردىكى سىرتقى نېئمەتلەرگە نېمە ئۈچۈن ئېھتىياج بار؟

جاۋاب: بۇ نەرسىلەر بەجايىكى غايىگە يەتكۈزىدىغان قانات ۋە مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمانلاردۇر.

مال - مۈلككە كەلسەك، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىدا يېتەرلىك پۇل - مال بولمىسا، قورال - ياراقسىز جەڭگاھتا يۈرگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ قورساق غېمى ئۈچۈن كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئۇنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، زىكىر ئېيتىش ۋە پىكىر قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن مەشغۇل قىلىدۇ.

مەرتىۋىگە كەلسەك، مەرتىۋە بىلەن ئىنسان خارلىق ۋە ئېزىلىشتىن قۇتۇلىدۇ. كىشى ئۆزىگە ئەزىيەت بېرىدىغان دۈشمەندىن ۋە پىتنىخور زالىمدىن خالىي بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قەلبىنى بەند قىلىدۇ. ئىنساننىڭ قەلبى مالنىڭ بېشىدۇر. بۇ بەن قىلغۇچى ئىشلاردىن ئەزىزلىك ۋە مەرتىۋە بىلەن ساقلىنىلىدۇ.

ساقلىق، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە كەلسەك، بۇلارمۇ نېئمەتتۇر. چۈنكى، ئىلىم ۋە ئەمەل بۇلار بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىككى نېئمەت بار بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپ كىشىلەر ئالدىنىپ قالغۇچىدۇر، ئۇ بولسىمۇ تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىت»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «كىشىلەرنىڭ ياخشىسى كىم؟» دەپ سورالغاندا، «ئۆمرى ئۇزۇن بولغان ۋە ئەمىلى ياخشى بولغان كىشى» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

مال - مۈلك ۋە مەرتىۋىگە كەلسەك، ئىككىلىسى نېئمەت بولسىمۇ، بىز ئىلگىرى ئۇنىڭدىكى ئاپەتلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. مال - مۈلك ۋە مەرتىۋە مۇتلەق

[1] بۇخارىي (6412). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (17716). تىرمىزىي: (2330) «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1836) «سەھىھ» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر ۋە ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

ئەيىبلەنمەيدۇ.

ھىدايەت، يول كۆرسىتىش، توغرا يولغا باشلاش ۋە كۆڭلەندۈرۈشكە كەلسەك، بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ نېمەتلەر ئىكەنلىكى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس، ھېچقانداق كىشى ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن مۇنداق دېيىلدى:

*بولمىسا گەر يىگىتكە ئاللاھ ياردىمى،*
*بېشىغا چىقار ئۈنىڭغا ئىجتىھادى.*

**پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدىكى ئۆرنەكلەرنىڭ بايانى**

بىز بىر قىسىم نېمەتلەرنى بايان قىلىپ، تەن ساقلىقنى ئىككىنچى مەرتىۋىدىكى ساقلىغۇچى نېمەتلەرنىڭ قاتارىدا سانىدۇق. ئەگەر بىز بۇ نېمەتنى تاماملىغان سەۋەبلەرنى بىرمۇ - بىر ساناشنى خاھلىساق، ئۇنىڭغا قادىر بولالمايمىز. لېكىن، يېمەك يېيىش ساقلىقنى ساقلاشتىكى بىر سەۋەبتۇر. بىز بىرمۇ - بىر ساناپ ئولتۇرماي، ئىشارە قىلىش ئارقىلىق يېمەك يېيىش ئورۇندىلىدىغان بىر قىسىم سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئاللاھ تائالا ساڭا بەرگەن سەزگۈ ئەزالىرى ۋە ئوزۇقلىنىش ئەزالىرى ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

بىلىش ۋاستىسى بولمىش بەش سەزگۈ ئەزادىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت تەرتىپىگە قارىغىن!

بۇ سەزگۈ ئەزالارنىڭ بىرىنچىسى: ھېسسىي سېزىم ئەزاسى. بۇ بولسا ھايۋان ئۆچۈن يارىتىلغان تۇنجى سەزگۈدۇر. ئەڭ ئەقەللىي سېزىش ئۆزىگە تەگكەن نەرسىنى ھېس قىلىشتۇر. ھېچ شەك يوقكى، ئۆزىدىن يىراقتىكى نەرسىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ مۇكەممەل ئەزا بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ئىنسان ئۆزىدىن يىراق بولغان نەرسىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن بىر سەزگۈ ئەزاغا موھتاجدۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئىنساندا پۇراش سېزىمىنى ياراتتى، كىشى ئۇ ئەزا ئارقىلىق ئۆزىدىن يىراق بولغان پۇراقلارنى ھېس قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ پۇراقنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ، ئىنسان ئۇ پۇراقنىڭ مەنبەسىنى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئايلىنىشقا موھتاج بولىدۇ. بەزىدە ئۇ پۇراقنى چىقارغان نەرسىنى تاپالمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۆزىدىن يىراق بولغان نەرسىنى كۆرۈپ، قايسى تەرەپلىكىنى بىلىپ، ئىزدەپ تېپىشى ئۈچۈن كۆزنى ياراتتى. ئەگەر ئاللاھ تائالا

پەقەت كۆزنىلا ياراتقان بولسا، ئەلبەتتە ئىنسان مۇكەممەل بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، كىشى كۆز بىلەن تام ۋە پەردىنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ. بەزىدە دۈشمەن پەردىلىك بىر جايدا بىرىنى تۇتقىلى كەلسە ۋە پەردىنى ئېچىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، ئۇ قېچىپ قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ھەرىكەت بولغان ھامان ھۇجرىلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن شەپىلەرنى ھېس قىلىش ئۈچۈن قۇلاقنى ياراتتى. ئەگەر تېتىش سېزىمى بولمىسا، ئاڭلىغۇچى قۇلاقنىڭ بولۇشىلا يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى، تېتىش سېزىمى ئارقىلىق كىشى نېمىنىڭ ئۆزگە ئۇيغۇن ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. دەل - دەرەخلەر بىلەلمەيدۇ. چۈنكى، دەرەخ تۈۋىگە قانداقلا سۇيۇقلۇق تۆكۈلسە، دەرەخنىڭ تېتىش سېزىمى بولمىغاچقا ھەرقانداق سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈۋېرىدۇ. ھالبۇكى بەزى زىيانلىق سۇيۇقلۇقلار دەرەخنى قۇرۇتۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى باشقا بىر سۈپەت بىلەن مۇكاپاتلىدى، ئۇ سۈپەت بارلىق سۈپەتلەردىن شەرەپلىك بولغان ئەقىلدۇر. ئەقىل بىلەن يېگۈلۈكلەر، ئۈلارنىڭ پايدىلىرى ۋە زىيانلىق تەرەپلىرىنى بىلىش مۇمكىن. ئەقىل بىلەن ئاش - تائاملار تەقلىنىدۇ، ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدۇ. ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن يېمەك يېيىشتە ئەقىلدىن پايدىلىنىلىدۇ. بۇ ئەقىلنىڭ پايدىلىرىنىڭ ئەڭ ئەدناسىدۇر. ئەقىلدىكى ئەڭ چوڭ ھېكمەت بولسا ئاللاھ تائالانى تونۇشتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاشكارا بەش سەزگۈ ئەزا پەقەت قىسمىي سەزگۈ ئەزالاردۇر. بىزنى سەزگۈ ئەزالارنى تولۇق بايان قىلدى، دەپ ئويلىمىغىن. كۆرۈش قۇۋۋىتى سەزگۈ ئەزالاردىن بىر ئەزادۇر. كۆز بولسا ئۇنىڭ قورالىدۇر. كۆز بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئون تەبىقىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ تەبىقىلەرنىڭ بەزىسى ھۆل، بەزىسى ھەرخىل پەردىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئون تەبىقىنىڭ ھەربىرىنىڭ بىر خىل سۈپىتى، سۈرىتى، شەكلى، ھالىتى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە بىرىكىشى بار. ئەگەر بۇ تەبىقىلەردىن بىر تەبىقە قالايمىقانلاشسا ياكى ئۇنىڭدىكى بىر تەرتىپ قالايمىقانلاشسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى قالايمىقانلىشىدۇ - دە، بارلىق تېۋىپلار ئۇنى داۋالاشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بۇ پەقەت بىر سەزگۈ ئەزادىكى نېئمەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇلاق ۋە باشقا سەزگۈ ئەزالاردىكى نېئمەتلىرىنى بۇنىڭغا قىياس قىلغىن! ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېئمەتلىرىنى بايان قىلماق ئۈچۈن توم - توم كىتابلارنى يازساقمۇ، يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، پۈتۈن بەدەندىكى ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى قانداقمۇ يېزىپ بولغىلى بولسۇن؟!

ئاندىن كېيىن ئىستەك، ماغدۇر ۋە تەنھەرىكەت قوراللىرى بولغان تۈرلۈك نېئمەتلەرنىڭ يارىتىلىشىغا قارىغىن. ئەگەر ئاللاھ تائالا تاماقنى كۆرۈپ بىلىش ئۈچۈن كۆزنى يارىتىپ، ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن تاماققا قارىتا ئىشتىها

ياراتمىغان بولسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەلبەتتە بىھۇدە بولغان بولاتتى. نۇرغۇن بىمارلار باركى، ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق تاماقنى كۆرىدۇ، لېكىن كۆڭلى تارتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يېمەيدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا يېمەك يېيىش ئىشتىياقىنى ياراتتى ۋە كىشىنى غىزا يېيىشكە مەجبۇرلايدىغان بىر ئىستەكنى ئۇنىڭغا ھۆكۈمران قىلدى. ئەگەر بۇ ئىستەك مەلۇم مىقداردا تاماق يېيىش بىلەن بېسىلمىسا، كىشى تاماقنى كۆپ يەپ، ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا قورساق تويغان چاغدا يېمەك يېيىشتىن توختىشى ئۈچۈن، ئىنساندا تاماقتىن زېرىكىش تەبىئىتىنى ياراتتى. ئىنسان نەسلىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن جىنسىي شەھۋەت ھەققىدىمۇ يۇقىرىقىدەك بايانلارنى قىلىش مۇمكىن.

## كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت ئەزالىرىنى يارىتىشتىكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى توغرىسىدا

ئاندىن ئاللاھ تائالا تاماق يېيىش ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچى ئەزالارنى ياراتتى. ئىككى قول شۇ جۈملىدىن بولۇپ، قوللار تاياقتەك تۈرسۇن ئەمەس، بەلكى ھەر تەرەپكە ھەرىكەت قىلىشى، سوزۇلۇشى ۋە قاتلىنىشى ئۈچۈن نەچچە بوغۇم قىلىپ يارىتىلغاندۇر.

ئاللاھ تائالا ئالىقاننى كەڭرى قىلىپ، ئۇنى بەش بارماققا بۆلدى. ئۇ بارماقلارنى ئوخشىمىغان ئۇزۇن - قىسقىلىقتا ياراتتى ۋە ئۇنى ئىككى سەپكە ئايرىدى. باش بارماق بىر تەرەپتە بولۇپ، قالغان تۆت بارماقنىڭ ئۈستىدىن ئايلىنىدۇ. ئەگەر بارماقلار بىر سىزىق ئۈستىدە، بىرسى بىرسىنىڭ ئۈستىدە بولغان بولسا، مەقسەت تولۇق ھاسىل بولمىغان بولاتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى كۈچلۈك بولسۇن ئۈچۈن ۋە بارماقلار ئالالمايدىغان بەزى نازۇك شەيئىلەرنى ئېلىشى ئۈچۈن بارماقلارنىڭ ئۇچىغا تىرناقلارنى ياراتتى.

پەرەز قىلغىنىڭكى، سەن قولۇڭ بىلەن تاماقنى ئالدىڭ، ئەمما تاماق قورسىقىڭغا كىرمىگۈچە ساڭا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا كىشىگە ئېغىز ۋە ئىككى جاغ سۆڭەكنى ياراتتى. جاغ سۆڭىكىگە چىشلارنى تىزدى ۋە چىشلارنى لوقملارغا كۆرە ئۆزگىچە ئوتتۇرا چىشلار، يىرتقۇچى قوزۇق چىشلار، ئەزگۈچى ئېزىق چىشلار شەكلىدە بىرنەچچە قىسىمغا بۆلدى. ئاللاھ تائالا ئاستىن جاغنى ھەرىكەتچان قىلىپ ياراتتى. ئۈستۈن جاغنى بولسا مۇقىم تۇرىدىغان قىلدى. ھەيھات! ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىش ئاجايىباتلىرىغا قارىغىن! ئىنسانلار ياسىغان تۈگمەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاست تېشى ھەرىكەت قىلماي مۇقىم تۇرىدۇ، ئۈست تاش ئايلىنىدۇ. لېكىن، ئاللاھ ياراتقان ئېغىزدىن ئىبارەت بۇ تۈگمەندە دەل

ئەكسىچە. ھالبۇكى، ئەگەر ئۈستى ھەرىكەت قىلسا ئىدى، ئۈست تەرەپتىكى شەرەپلىك ئەزالار زىيانغا ئۇچرىغان بولاتتى.

ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ تىلنى يارىتىش بىلەن ئىنسانغا قانداق ئىنئام قىلغانلىقىغا قارىغىن! تىل ئېغىزنىڭ ئەتراپلىرىدا ئايلىنىدۇ. خۇددى تۈگمەن سۈپۈرگىسى ئاشلىقنى تۈگمەن تۆشۈكىگە يىغقاندەك، تىل ئېغىزدىكى تاماقنى ھاجەت مىقدارىدا چىش تەرەپكە ئىتتىرىدۇ. تىلدا سۆزلەش ئاجايىباتلىرى ھەم باردۇر.

پەرەز قىلغىنكى، سەن تاماقنى پارچىلاپ، قاتتىق - قۇرۇق ئارىلاشتۇردۇڭ، ئەگەر بىر تۈرلۈك ھۆللۈك بولمىسا، ئۇنى گال تەرەپكە ئىتتىرەلمەيسەن ۋە يۇتالمايسەن. قارىغىنكى، ئاللاھ تائالا شۆلگەي ئىشلەپچىقىرىپ تۇرىدىغان ۋە چاينالغان تاماققا ھاجەت مىقدارىدا تۆكۈلىدىغان بىر بۇلاقنى ياراتتى. ئاندىن ئېغىز ئىچىدە يۇغۇرۇلغان، ئېزىلگەن بۇ تاماقنى ئاشقازانغا كىم يەتكۈزىدۇ، ئۇنى ئاشقازانغا قول بىلەن يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئاللاھ تائالا قىزىلئۆڭگەچ ۋە بوغۇزنى تەييارلىدى. ئۇنىڭ باشلانغۇچىنى تاماقنى يۇتۇش ئۈچۈن ئېچىلىدىغان، يۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئېتىلىدىغان ۋە تاماقنى يۇملىتىش ئۈچۈن بىرنەچچە قەۋەت قىلدى. ئاندىن تاماق قىزىلئۆڭگەچ كارىدورىدىن ئاشقازانغا چۈشىدۇ. تاماق قۇرۇق نان، مېۋە - چېۋە ھالەتتە ئاشقازانغا كېلىدۇ، ئۇ مۇكەممەل ھەزىم قىلىنغاندىلا گۆش، سۆڭەك ۋە قانغا ئايلىنىشى مۇمكىندۇر. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئاشقازاننى ئىچىگە تاماق چۈشىدىغان قازان كەبى قىلدى. تاماق ئاشقازاننىڭ ئىچىگە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاشقازاننىڭ تۈۋىقى يېپىلىدۇ. تاماق ئاشقازان ئىچىدە تۆت ئەزادىن ئۆتىدىغان ئىسسىقلىق بىلەن ھەزىم قىلىنىدۇ. تۆت ئەزا بولسا: ئوڭ تەرەپتىن جىگەر، سول تەرەپتىن تال، ئالدى تەرەپتىن بىرىنچى ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەرنى قاپلىغان نېپىز ياغ ۋە كەينى تەرەپتىن ئومۇرتقا گۆشىدىن ئىبارەت. تاماق ھەزىم قىلىنىپ تومۇرلارغا ئۆتۈشكە لايىق بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان سۇيۇق ماددىغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن تاماق تومۇرلاردىن جىگەرگە تۆكۈلۈپ، يەنە بىر قېتىم ھەزىم قىلىنغۇچە جىگەردە توختايدۇ. ئاندىن باشقا ئەزالارغا تارقىلىدۇ. ئاخىرىدا قالدۇق چۆكمە قالىدۇ. ئاندىن قالدۇق چۆكمىلەرمۇ يوقىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ھەقتە تەپسىلى سۆزلىمەكچى بولساق گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ.

ئىنساندا سان - ساناقسىز مۇسكۇل ۋە تومۇرلار بار. بۇ مۇسكۇل - تومۇرلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئىنچىكە - توملۇقى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىر ھېكمەت بار. ئەگەر شۇلاردىن بىر

تال تومۇر ھەرىكەتتىن توختاپ قالسا، يا جىم تۇرىدىغان مۇسكۇل ھەرىكەت قىلسا — ئەي بىچارە ئىنسان — سەن ئەلبەتتە ھالاك بولاتتىڭ.

شۈكۈر قىلىشتا بەردەم بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستۈڭدىكى نېئمەتلىرىگە قارا! ھالبۇكى، سەن ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىدىن پەقەت ئەڭ تۆۋەن بولغان يېيىش نېئمىتىنىلا بىلىسەن. بىلگىنىڭ، ئۇ ئارقىلىق قورسىقىڭ ئاچقاندا تاماق يەيسەن خالاس. ھايۋانمۇ ئاچ قالسا يېيىشنى، چارچىسا ئۇخلاشنى ۋە كۆڭلى تارتسا جۈپلىشىشنى بىلىدۇ. كىشىنىڭ نەپسى پەقەت ئىشەك بىلگەننى بىلسە، ئاللاھ تائالاغا قانداق شۈكۈر بەجا كەلتۈرىدۇ؟!

بىز ئىخچاملىقنى ئىشارە قىلىپ ئۆتكەن بۇ نېئمەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەت دېڭىزلىرىدىن بىر تامچىدۇر. باشقا نېئمەتلەرنى بۇنىڭغا قىياس قىلغىن.

بىز ۋە جىمى مەخلۇقاتلار بىلگەن ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرى بىلمىگەنلىرىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا دېڭىزدىن بىر تامچىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾14/«ئىبراھىم»: 34؛ 16/«نەھل»: 18.

## پەسىل: يېمەكلىكلەر ھاسىل بولىدىغان مەنبەلەردىكى ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرى توغرىسىدا

يېمەكلىكلەر ناھايىتى كۆپ تۈرلۈك ۋە خىلمۇخىلدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ساناقسىز ئاجايىباتلار مەۋجۇدتۇر.

يېمەكلىكلەر بولسا ئاشلىقلار، دورىلار، مېۋە - چېۋىلەر ۋە باشقىلارغا بۆلۈنىدۇ:

ئاشلىقلار ھەققىدە سۆزلىسەك: قولۇڭدا بىر ئاز بۇغداي بولسا ئەگەر ئۇنى يېسەڭ، بۇغداي تېزلا تۈگەپ، ئاچ قالىسەن. شۇڭا، يېتەرلىك بۇغدىيىڭ بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ بۇغداينى ئۆستۈرىدىغان ۋە ھەسسىلەپ كۆپەيتىدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا — يەنى ئۇنى تېرىشقا — نېمىدېگەن موھتاجسەن - ھە! تېرىش دېگىنىمىز: بۇغداي ئۇرۇقىنى تاۋلانغان زېمىنغا چېچىشتۇر. سۇ ۋە تۇپراق بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇرۇق نەم، ئەمما قاتتىق زېمىنغا تېرىلسا، ھاۋا بولمىغان تەقدىردە يەنىلا ئۈنمەيدۇ. شۇڭا، ئۇرۇقنى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يۇمشاق زېمىنغا تېرىش لازىم بولىدۇ.

ھاۋا ئۆزلۈكىدىن زېمىنغا سىڭىپ كىرەلمەيدۇ. ھاۋا ئۇرۇققا ئۆتۈشى ئۈچۈن ھاۋانى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ۋە ھاۋانى مەجبۇرىي زېمىن ئۈستىدىن ماڭدۇرىدىغان شامال بولۇشى لازىم. بۇلار بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئەتىياز

ۋە يازنىڭ ئىسسىقلىقى بولۇشى لازىم. چۈنكى، زىيادە سوغۇقتا ئۈرۈق ئۈنمەيدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ زىرائەت موھتاج بولىدىغان سۇنى قانداق ياراتقانلىقىغا قارىغىن! بۇلاقلارنى ۋە دەريالارنى قانداق ئاققۇزغانلىقىغا قارىغىن! بەزى سۇ يەتمەيدىغان تۆپىلىك زېمىنلارغا ئاللاھ يامغۇرلۇق بۇلۇتلارنى ئەۋەتىدۇ. بۇلۇتلارغا شاماللارنى ئەۋەتىپ ئۇنى زېمىنىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا ھەيدەيدۇ. ئۇلار بولسا ئېغىرلاشقان يامغۇر بۇلۇتلىرىدۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا يامغۇرنى كېرەكلىك ۋاقتىدا زېمىنغا ياغدۇرىدۇ.

قارىغىنە، ئاللاھ تائالا تاغلارنى قانداق قىلىپ سۇ ساقلىغۇچى قىلغان! تاغلاردىن بۇلاقلار توختاۋسىز تەپچىرەپ ئاقىدۇ. ئەگەر سۇلار تاغلاردىن بىر قېتىمدىلا ئېتىلىپ چىقسا زېمىن سۇغا غەرق بولۇپ، زىرائەت ۋە باشقا نەرسىلەر ھالاك بولغان بولاتتى.

قارىغىن! ئاللاھ تائالا زېمىندىن شۇنچە يىراق بولغان قۇياشنى قانداق ياراتقان ۋە بويسۇندۇرغان! سوغۇق ۋە ئىسسىق ئېھتىياجىغا بىنائەن قۇياش زېمىننى مەلۇم مۇددەت ئىللىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاينى ياراتتى. قۇياشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىسسىتىش قىلغاندەك، ئاينىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەملەندۈرۈش قىلدى. قۇياش مېۋە - چېۋىلەرنى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىشى بويىچە پىشۇرىدۇ. قۇياش ۋە ئاي بويسۇندۇرۇلغاندەك، ئاسماندىكى ھەرقانداق يۇلتۇز مۇئەييەن بىر مەنپەئەت ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغاندۇر. ھەربىرى ئىنسان ساناپ تۈگىتەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ ھېكمەتلەرگە ئىگە. قۇياش ۋە ئايدا بىز تىلغا ئالغاندىن باشقا يەنە ھېسابسىز ھېكمەتلەر باردۇر.

يېمەكلىكلەر زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا سودىگەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى مال يىغىشقا ھېرىسمەن قىلدى. ئۇلار مال توپلايدۇ، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتتا مېلى ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. ماللار يا كېمىلەر بىلەن غەرق بولىدۇ، يا بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن بۇلىنىدۇ، ۋەيا ئۆزلىرى بىرەر شەھەردە ئۆلۈپ قېلىپ، ماللىرىنى ئەمىر - سۇلتانلار ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ماللىرىنى مىراسخورلىرىنىڭ ئېلىشى ئەڭ گۈزەلدۇر. سودىگەرلەر بىلسە، مىراسخورلىرى ئۇلارنىڭ ئەڭ قاتتىق دۈشمىنىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئارزۇ ۋە غەپلەتنى قانداق مۇسەللەت قىلغانلىقىغا قارىغىن! ئۇلار پايدا ئېلىش ئۈچۈن دېڭىزدا سەپەر قىلىپ قاتتىقچىلىقلارغا، تۈرلۈك خىيىم - خەتەرلەرگە يولۇقىدۇ، نەتىجىدە مەشرىق ۋە مەغرىبنىڭ ئەڭ چەت يەرلىرىدىن يېگۈلۈكلەرنى ۋە تۈرلۈك - تۈمەن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

## كىشىلەرنى شۈكۈر قىلىشتىن قايتۇرغۇچى سەۋەبلەر توغرىسىدا

بىلگىنكى، كىشىلەر بىلمىسىزلىك ۋە غەپلەت يۈزىدىن نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار نېئمەتلەرنى تونۇيالمايدۇ. كىشى نېئمەتلەرنى تونۇغاندىن كېيىنلا شۈكۈر قىلىش ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار نېئمەتنى بىلسە، تىللىرى بىلەن «ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن»، «ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن» دېسە، «شۇ شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار شۈكۈر قىلىشنىڭ مەنىسىنىڭ نېئمەتنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىرادە قىلىنغان ھېكمەتنى تاماملاش ئۈچۈن ئىشلىتىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

نېئمەتلەردىن غەپلەتتە قېلىشنىڭ بىرنەچچە سەۋەبلىرى بار:

بىرىنچى: كىشىلەر بىلمىسىزلىكتىن ھەر ئەھۋالدا ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولغان نەرسىلەرنى نېئمەت دەپ سانىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نېئمەتلەر پۈتۈن كىشىلەرگە ئومۇمىيدۇر ۋە ھەر ئەھۋالدا مەخلۇقاتلارغا بېرىلگۈچىدۇر. كىشىگە بىرەر نېئمەت خاس قىلىپ بېرىلمىسە، كىشى ئۇنى نېئمەت ھېسابلىمايدۇ. كىشىلەرنى راھەت ھاۋا ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغان ھالەتتە كۆرمەيسەن. ئەگەر بىراۋنىڭ گېلى سىقىلىپ، ھاۋاسىز قالسا، شۈبھىسىز ئۆلگەن بولاتتى. ئەگەر بىراۋ مۇنچا ياكى بىرەر قۇدۇق ئىچىگە قامىلىپ قالسا، غەم - قايغۇدىن ئۆلۈپ قالغان بولاتتى. ئەگەر بىر كىشى مۇشۇ ئىشلاردىن بىرى بىلەن سىنىلىپ، نىجاتلىققا ئېرىشسە شۇ نېئمەت ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكرانى نېئمەت قىلغان بولاتتى. مانا بۇ بەك نادانلىقتۇر. چۈنكى، بىراۋنىڭ شۈكۈر قىلىشى بەزى ئەھۋاللاردا نېئمەت تارتىپ ئېلىنىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىلىشكە باغلىنىپ قالغاندۇر. دېمەك، ھەممە ئەھۋالدا شۈكرانى نېئمەت قىلىش كېرەك. كۆزى كۆرىدىغان ئادەم قارىغۇ بولۇپ قالغاندىلا ئەسلىدىكى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭغا كۆزى قايتۇرۇلۇپ بېرىلسە، نېئمەتنى ھېس قىلىدۇ ۋە شۇ چاغدا نېئمەتنى تونۇپ شۈكرانى نېئمەت قىلىدۇ. بۇنداق كىشى دائىم دۇمبالىنىدىغان ئەسكى قۇلغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ قۇل بىر سائەت ئۇرۇلماي قويۇپ بېرىلسە شۈكۈر قىلىپ، بۇنى خوجايىنىنىڭ بىر ئېھسانى ھېسابلايدۇ. ئۇنى ئەسلا ئۇرماي ئازاد قىلسا، ھاكاۋۇرلۇق غالىب كېلىپ شۈكۈر قىلىشنى تەرك ئېتىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىلەر پەقەت ئاز ياكى كۆپ خاس ماللارغىلا شۈكۈر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ئۈستىلىرىدىكى بارلىق نېئمەتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ.

رىۋايەت

بىر كەمبەغەل ئەھلى ئىلىم بىرىگە يوقسۇللۇقتىن شىكايەت قىلىپ، دەردىنى ئېيتىپتۇ. ئالىم كىشى ئۇنىڭغا:

— سەن قارىغۇ بولۇپ قالساڭ، لېكىن ئون مىڭ تەڭگەڭنىڭ بولۇشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟ — دېگەندە، كەمبەغەل كىشى:

— ياق، — دەپتۇ.

— گاچا بولۇپ قالساڭ، ئەمما ئون مىڭ تەڭگەڭنىڭ بولۇشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟

— ياق.

— ئىككى پۇتۇڭ ۋە ئىككى قولۇڭ كېسىلسە، بىراق 20 مىڭ تەڭگەڭ بولسا، بۇ سېنى خۇشال قىلامدۇ؟

— ياق.

— ساراڭ بولۇپ قالساڭ، بىراق ئون مىڭ تەڭگەڭنىڭ بولۇشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟

— ياق.

شۇنىڭ بىلەن ئالىم:

— مانا ئىلكىڭدە 50 مىڭ تەڭگىلىك مال تۇرۇپ، ياردەمچىڭ بولغان ئاللاھ تائالاغا شىكايەت قىلىشتىن ھايا قىلمامسەن؟! — دەپتۇ.

ھېكايە

بىر كىشىگە قاتتىق كەمبەغەللىك يېتىپ، كۆڭلى سىقىلىدۇ، ئاندىن چۈشىدە بىر خىتاب كېلىپ:

— بىز ساڭا «ئەنئام سۈرىسى»نى ئۇنۇتتۇرساق ۋە سەن مىڭ تىللاغا ئېرىشسەڭ، بۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەيدۇ. ئۇ كىشى:

— ياق، — دەيدۇ.

— «ھۇد سۈرىسى»نىچۇ؟

— ياق.

— «يۇسۇف سۈرىسى»نىچۇ؟

— ياق.

شۇنىڭ بىلەن خىتاب قىلغۇچى:

— سەندە يۈز مىڭ تىللا قىممىتىدىكى نەرسە تۇرسا، يەنە نامراتلىقتىن شىكايەت قىلامسەن، — دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى كۆڭلى ئېچىلغان حالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ.

ئىبنى سەمماك رەھمەھۇللاھ ھارۇن رەشىدنىڭ يېنىغا نەسىھەت قىلغىلى كىرىپ يىغلايدۇ، ئاندىن بىر قاچا سۇ تەلەپ قىلىدۇ. سۇ كەلتۈرۈلگەندە:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مۇبادا سىز ئۇشبۇ ئىچىملىكنى ئىچىشتىن مەنئى قىلىنسىڭىز ۋە جانابىڭىز دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى بېرىش ئارقىلىقلا بۇنى ئىچىشكە قادىر بولالىسىڭىز، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى فىدىيە بېرىپ بولسىمۇ، بۇ ئىچىملىكنى ئىچەمتىڭىز؟ دەيدۇ. ھارۇن رەشىد:

— ھەئە، — دەيدۇ. ئىبنى سەمماك:

— ئاللاھ تائالا سىزگە بەرىكەت بەرسۇن، مەرھەمەت، قېنىپ ئىچىڭ، — دەيدۇ. ھارۇن رەشىد سۇنى ئىچىپ بولغاندا، ئىبنى سەمماك:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ئەمدى بۇ ئىچىملىكنى قورسىقىڭىزدىن چىقىرالمىسىڭىز ۋە ئۇنى پەقەت دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى بېرىش ئارقىلىقلا چىقىرىشقا قادىر بولسىڭىز، شۇ نەرسىلەرنى فىدىيە قىلىپ بېرەرمىدىڭىز؟ — دەيدۇ. ھارۇن رەشىد:

— ھەئە، — دەيدۇ ھارۇن رەشىد. ئىبنى سەمماك:

— ئۇنداقتا، شۇ سۈيلىك قىممىتى يوق دۇنيانى نېمە قىلىسىز؟! — دەيدۇ.

بۇ ھېكايە بىر بەندە ئۇسساپ قالغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇزىگە بەرگەن ئىچىملىكنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ مۈلكىدىنمۇ بۈيۈك نېئمەت ئىكەنلىكىنى، ئىنسان يەنە قورسىقىدىكى گەندىنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ نېئمەتلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇلار بولسا خاس نېئمەتلەرگە قىلىنغان ئىنچام ئىشارەتتۇر.

شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق ئىنسان ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ باقسا، گەدىنىدە ھەممە خالايىق ھەمشېرىك بولمىغان، گاھىدا كۆپ قىسىم كىشىلەر ھەمشېرىك بولىدىغان كۆپ نېئمەتلەرنى كۆرىدۇ.

شۇ نېئمەتلەردىن بىرى: ئەقىل نېئمىتىدۇر. ھەرقانداق بەندە ئەقلى ھەققىدە

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالادىن رازىدۇر. ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق كىشى، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالادىن ئەقىل بېرىشىنى سورىمايدۇ. شۇڭا، بۇ قاراشتىكى كىشىنىڭ ئەقىل نېئمىتىگە قارىتا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشى مۇھىمدۇر.

يەنە بىرى: ئەخلاق نېئمىتىدۇر. ھەرقانداق كىشى باشقا كىشىلەردە ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئەيىبلەرنى، ئەيىبلەيدىغان ئەخلاقلارنى كۆرىدۇ ۋە ئۆزىنى شۇ يامان ئەخلاقلاردىن پاك، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئەخلاقىنى گۈزەل قىلغانلىقىغا ۋە ئۆزىنى يامان ئەخلاق بىلەن سىنىمىغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشى كېرەك.

ھەرقانداق كىشى كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن يامان ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى بىر ئۆزىلا بىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر چۈمپەردە يىرتىلىپ ئۇنى بىراۋ بىلىپ قالسا، رەسۋا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يوشۇرۇن يامان ئىشلىرىنى بارلىق كىشىلەر بىلىپ قالسا ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟! بۇ كىشى نېمىشقا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىنى گۈزەللىك بىلەن يېپىپ، گۈزەل ئىشلىرىنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتمىسۇن؟!

تېخىمۇ ئومۇمىي بولغان دەرىجىگە چۈشسەك: ھەرقانداق كىشىگە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يا تۇرق - شەكلى، يا خۇلق - ئەخلاقى، يا پېئىل - ئەتىۋارى، يا بالىچاقىسى، يا تۇرالغۇ جايى، يا يۇرت - شەھىرى، يا يېقىن - يورۇق، يار - ھەمراھى، يا باشقا ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى بىلەن كۆپلىگەن ئىشلارنى رىزىق قىلغاندۇر. ئەگەر ئاشۇ ئىشلار تارتىۋېلىنىپ، باشقا نەرسە ئۇنىڭغا بېرىلسە، ئۇ كىشى ئەلبەتتە ئۇنىڭغا رازى بولمىغان بولاتتى. يەنى، ئاللاھ تائالا ئۇنى مۇئمىن قىلدى، كافىر قىلمىدى. تىرىك قىلدى، جانسىز قىلمىدى. ئىنسان قىلدى، ھايۋان قىلمىدى، ئەر قىلدى، ئايال قىلمىدى. ساق قىلدى، كېسەل قىلمىدى. ساغلام قىلدى، مەجرۇھ قىلمىدى. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدىلىكلەردۇر.

ئەگەر ئىنسان ئۆز ھالىنى باشقىلارنىڭ ھالىغا ئۆزگەرتىشنى خالىمىسا، دېمەك ئۇنىڭ ھالى باشقىلارنىڭكىدىن ئەۋزەل. ئەگەر ھەممە ئىشلاردا ياكى مەلۇم بىر ئىشتا ئۆز ھالىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھالنى بەكرەك ياقتۇرىدىغان ھېچ بىر كىشى تېپىلمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ ھېچبىر بەندىسىدە بولمىغان نېئمەت بار دېمەكتۇر. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆز ھالىنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىغا ئۆزگەرتىلىشىنى خالىمايدىغان، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىغا ئۆزگەرتىلىشىنى خالايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۆزى تەلەيلىك دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ سانىغا قارىسۇن، ئۇ چوقۇم ئۇلارنى باشقىلاردىن ئاز دەپ

قارايدۇ. نەتىجىدە، ھالى ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەر يۇقىرى كىشىلەردىن كۆپ بولىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ نېمىشقا ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە قاراپ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ - يۇ، ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە قاراپ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى چوڭ بىلمەيدۇ؟!

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مال ۋە يارىتىلىش جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان كىشىگە قارىغاندا ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە قارىسۇن»[1].

بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي باشقىچە رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدا رەسۇلۇللاھ: «(پۇل - مال ۋە يارىتىلىش جەھەتتە) سىلەردىن تۆۋەن كىشىلەرگە قاراڭلار، سىلەردىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارىماڭلار، شۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكىڭلارغا پايدىلىق»[2] دېگەن.

كىمكى ئۇز ھالىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىگە خاس بېرىلگەن نېمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ئۈستىدە كۆپلىگەن نېمەتلىرى بارلىقىنى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ئىمان، قۇرئان، ئىلىم، سۈننەت، ئاندىن بوش ۋاقىت، خاتىرجەملىك ۋەھاكازا نېمەتلەر خاس بېرىلگەن كىشى ئۇز ئۈستىدە ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن نېمەتلىرى بارلىقىنى كۆرىدۇ. بەزى ھەدىسلەردە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ئۇ كىشى بايدۇر»[3]. يەنە بىر لەۋزىدە: «قۇرئان بايلىقتۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن كەمبەغەللىك بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بايلىق بولمايدۇ» دېيىلگەن[4].

باشقا بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «ئەھلىدىن خاتىرجەم، تېنى سالامەت، قېشىدا بىر كۈنلۈك يېمەكلىكى بار ھالدا تاڭ ئاتقۇزغان مۇسۇلمان دۇنيا ھەممە تەرەپتىن بېرىلگەن كىشىگە ئوخشايدۇ»[5] دېگەن.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6490)؛ مۇسلىم (2963).

[2] مۇسلىم (2963)؛ تىرمىزىي (2513). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] سەئىد ئىبنى مەنسۇر 32/1. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 1558) «زەئىف» دېگەن.

[4] ئەبۇ يەئلا (2773). ھۇسەين سەلىم ئەسەد: «زەئىف» دېگەن. تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (737). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىيمۇ: («زەئىفۇلجامىئ»، 4134) «زەئىف» دېگەن.

[5] تىرمىزىي (2346)؛ ئىبنى ماجە (4141). ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6042) «سەھىھ» دېگەن.

*ئاش - تاماق كېلىپ تۇرسا يېنىڭغا ،*
*ساقلىق ۋە ئەمىنلىك ھەم تېنىڭدا ،*
*سەن قايغۇرساڭ يەنە توختىماي ،*
*غەم - قايغۇ سەندىن ئايرىلمىغاي.*

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشتىن غاپىل قالغان قەلبلەرنى داۋالاش يولى قايسى؟

جاۋاب: ئۆتكۈر قەلبلەر ئاللاھ تائالانىڭ تۈرلۈك نېئمەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىدۇ. گاللۇاڭ قەلبلەر نېئمەتنى پەقەت بالا - مۇسىبەت چۈشكەندىلا نېئمەت ھېسابلايدۇ. گاللۇاڭ قەلب ساھىبىنىڭ شۇ گاللۇاڭلىقتىن قۇتۇلۇش يولى دائىما ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە قاراشتۇر ۋە ئۆتمۈشتىكى بىر كىشى قىلغان مۇنۇ ئىشنى قىلىشتۇر:

بىر كىشى كېسەل كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان تۈرلۈك بالالارنى كۆرۈش ئۈچۈن شىپاخانىغا باراتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقى ۋە سالامەتلىكى ھەققىدە ئويلىناتتى. ئۆلتۈرۈلگەن، پۇت - قوللىرى كېسىلىپ قىينىلىۋاتقان مەھكۇملارنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ شۇ جازالاردىن ئۇزاق ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتاتتى. قەبرىستانلىقلارغا بېرىپ، قەبرىلەردە ياتقان ئۆلۈكلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىسىنىڭ — ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلار بولسا، ئاسىيلىقتىن يېنىش، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلار بولسا تائەت - ئىبادەتلەرنى زىيادە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇش — ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى، قىيامەت كۈنى زىيان تارتىش كۈنىدۇر.

باغرى قاتتىق كىشى قەبرىستانلىقلارنى كۆرۈپ، قەبرىدىكىلەرگە ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسە، قالغان ئۆمرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى جازالىماي مۆھلەت بەرگەنلىكىگە شۈكۈر قىلىشقا ۋە ئۆمرىنى ئۆزى يارىتىلغان مەقسەتكە، يەنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىشقا سەرپ قىلسۇن.

نېئمەتكە شۈكۈر قىلمىسا، نېئمەتنىڭ يوقۇلىدىغانلىقىنى بىلىش بىلەنمۇ شۈكۈر قىلىشتىن يىراق قەلبلەرنى داۋالاش كېرەك.

فۇزەيل رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «نېئمەتلەرگە داۋاملىق شۈكۈر قىلىپ تۇرۇڭلار، بىر قەۋمنىڭ قولىدىن نېئمەت كېتىپ قالسا، نېئمەتنىڭ قايتىپ كېلىشى ئاز ئۇچرايدۇ».

## پەسىل: سەبىر ۋە شۈكۈرنىڭ بىر يەردە بىرلىشىشىنىڭ بايانى

مۇنداق دېيىشىڭ مۇمكىن: سەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەر نەرسىدە نېمەتلىرى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈڭ، بۇ بالا - مۇسىبەتنىڭ ئەسلا يوق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ، ئۇنداقتا سەبىرنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئەگەر بالا - مۇسىبەت بار بولسا، بالا - مۇسىبەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ سەبىر بىلەن شۈكۈر قانداق بىرلىشىدۇ؟ چۈنكى، سەبىر ئەلەم تارتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۈكۈر بولسا خۇشال بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە زىتقۇ؟

شۇنى بىلگىنكى، نېمەت مەۋجۇد بولغاندەك، بالا - مۇسىبەت ھەم مەۋجۇدتۇر. ھەرقانداق بالا - مۇسىبەتكە سەبىر قىلىشقا بۇيرۇلۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، كۇفۇرلۇق. كۇفۇرلۇق بولسا بالادۇر. كۇفرىلىققا سەبىر قىلىش ئورۇنسىزدۇر. گۇناھ - مەئسىيەتلەرگىمۇ ھەم. لېكىن، كافىر ئۆزىنىڭ كۇفرىنىڭ بالا - مۇسىبەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزى كېسەل، ئەمما مەلۇم بىر سەۋەب بىلەن ئاغرىقنى ھېس قىلمايدىغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئاسىي ئۆزىنىڭ ئاسىيلىقىنى بىلسە، ئاسىيلىقنى تاشلىشى كېرەك. ئىنسان ئۆزى دەفئى قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ھەرقانداق بالاغا سەبىر قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر قاتتىق چاڭقىغان تۇرۇپ سۇ ئىچىشنى رەت قىلسا، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئىختىيارىغا قويۇلمايدۇ. بەلكى ئۇ ساقىيىشقا ئۈندىلىدۇ. بەندە ئۆزى يوقىتىشقا قادىر بولالمايدىغان ئاغرىققا سەبىر قىلىشى كېرەك.

دېمەك، دۇنيادىكى سەبىر مۇتلەق بالا - مۇسىبەت بولمىغان نەرسىدە بولىدۇ. بەلكى بالانىڭ يەنە بىر تەرەپتىن نېمەت بولۇشى مۇمكىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنساندا شۈكۈر قىلىش ۋە سەبىر قىلىش ۋەزىپىلىرى تەڭ مۇجەسسەملىشىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ بايلىقى باشقىلارنىڭ ئۇ مال ئۈچۈن جېنىغا قەست قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ساقلىقمۇ ھەم شۇنداق. دۇنيا نېمەتلىرىدىن ھەرقانداق نېمەتنىڭ بالا - مۇسىبەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىندۇر.

بەزىدە بىر كىشىگە مەلۇم ئىشلار ھەم بالا - مۇسىبەت، ھەم نېمەت بولىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى: ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكىمۇ بىر نېمەتتۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق ئۆتكەن ۋە ئۇزۇن ۋاقىت قايغۇرغان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بەزى كىشىلەر ئۆزىگە قىلغان يامانلىقلارنى بىلمەسلىكىمۇ نېمەتتۇر. چۈنكى، ئەگەر كىشى ئۇ يامانلىقلارنى بىلىپ قالسا، بەك ئۇزۇن ئەلەم تارتقان، ئاداۋەت تۇتقان، نەپرەتلەنگەن ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا تىرىشقان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ

باشقىلارنىڭ يامان سۆيەتلىرىنى بىلمەسلىكىمۇ نېئمەتتۇر. چۈنكى، ئەگەر ئۇ باشقا بىراۋنىڭ يامان خۇيلىرىنى بىلسە، ئۇ كىشىنى يامان كۆرگەن، ئەزىيەت يەتكۈزگەن ۋە ئۇنىڭ ۋابالىنى ئالغان بولاتتى.

قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقىنى، قەدىر كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى ۋە جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەتنىڭ قايسى دەم ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نېئمەتتۇر. چۈنكى، بۇلارنى بىلمەسلىك ئۇلار ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تىرىشىشقا سەۋەب بولىدۇ. مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «بىلمەسلىك»تىكى نېئمەتلىرىدۇر. بىلىشتىكى ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى قانداق بولار؟!

دېمەكچى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ھەربىر مەخلۇقاتتا نېئمىتى باردۇر. ھەتتا بەزىدە ئاغرىق ئازابى تارتقۇچى ئۈچۈن، بەزىدە بولسا باشقىلار ئۈچۈن نېئمەت بولىدۇ. خۇددى، كافىرلارنىڭ دوزاخ ئوتىدا ئەلەم تارتىشى دېگەندەك. كافىرلارنىڭ دوزاخ ئوتىدا ئەلەم تارتىشى جەننەت ئەھلىگە نېئمەتتۇر. چۈنكى، ئەگەر بىر قەۋمگە ئازاب كەلمىسە، نېئمەتكە چۆمگەنلەر نېئمەتنىڭ قەدرىنى بىلەلمەيدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ خۇشاللىقى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەلەملىرى تىلغا ئېلىنغاندا ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. قۇياش نۇرى بارچىگە ئورتاقتۇر. ھالبۇكى دۇنيا ئەھلى قۇياش نۇرىغا شۇنچە ھاجەتمەن تۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ نېئمەتتىن سۆيۈنمىگەن، ئاسمانىنىڭ زىننىتى زېمىندىكى ھەرقانداق ئۆسۈملۈكتىن گۈزەل تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاسمانىنىڭ زىننىتىگە قاراش بىلەن خۇشال بولمىغان ھالدا كۆرىسەن. چۈنكى، ئۇ زىننەت ھەممىگە ئومۇمىي زىننەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار قۇياش نۇرى ۋە ئاسمانىنىڭ زىننىتى بىلەن خۇشال بولمايدۇ ۋە ئۇنى نېئمەت ھېس قىلمايدۇ.

بىزنىڭ «ئاللاھ تائالا بىرنەرسىنى ياراتقان بولسا، ئۇنىڭدا بارلىق بەندىلەرگە ياكى بەزى بەندىلەرگە قارىتا ئىلاھىي ھېكمىتى ۋە نېئمىتى بار» دېگەن سۆزىمىز توغرا بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بالا - مۇسىبەتنى يارىتىشىدىمۇ ھەم سىنالغۇچىغا ياكى باشقىلارغا مەلۇم نېئمەت بار. شۇڭا، بىر بەندىدە «مۇتلەق بالا ياكى مۇتلەق نېئمەت» دەپ جەزملەشمىگەن ھەرقانداق ھالەتكە شۈكۈر قىلىش ۋە سەبىر قىلىش مۇجەسسەملىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان بەزىدە بىرنەرسىگە بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قايغۇرىدۇ. شۇڭا، قايغۇ جەھەتتىن سەبىر قىلىش، خۇشال بولۇش جەھەتتىن شۈكۈر قىلىش مەۋجۇد بولىدۇ.

بىلگىنكى، نامراتلىق، كېسەللىك، قورقۇنچ ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق بالا - مۇسىبەتتە ئاقىل كىشى خۇشال بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدىغان بەش

نېئمەت باردۇر:

بىرىنچى: ھەرقانداق مۇسىبەت ياكى كېسەللىك ئەسلىدە بەندىگە چۈشكەندىنمۇ بەتتەر بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرلىرى چەكسىزدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا مۇسىبەت ياكى كېسەللىكلەرنى بىر بەندىگە ھەسسىلەپ كۆپەيتسە، ئۇنى كىم توسۇيالايدۇ؟ شۇڭا، ئۇ مۇسىبەت ۋە كېسەللىكنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولۇپ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلسۇن.

ئىككىنچى: مۇسىبەتنىڭ دىنىدا بولۇپ قالمىغىنىدۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر مۇسىبەت بىلەن سىنالغان بولسام، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا تۆت نېئمىتى بولدى: مۇسىبەت دىنىمدا بولمىدى، مۇسىبەت تېخىمۇ چوڭ بولمىدى، ئۇنىڭغا رازى بولۇشتىن مەھرۇم قالمىدىم ۋە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلدىم».

بىر كىشى سەھل ئىبنى ئابدۇللاھقا:

— ئوغرى كىرىپ، نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئېلىپتۇ، — دېگەنىدى، سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا:

— ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغىن، ئەگەر شەيتان قەلبىڭگە كىرىپ ئىمانىڭنى بۇزغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ سېنى يۈز قامچا ئۇرۇشقا قادىر تۇرۇپ، ئون قامچا ئۇرغان زات شۈكۈر قىلىشىڭغا لايىقتۇر، — دېدى.

ئۈچىنچى: ھەرقانداق جازا ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈلۈشى مۇمكىن. دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىنى ئۇنۇتقىلى بولىدۇ، كېيىن ئۇ يەڭگىللىشىدۇ. لېكىن، ئاخىرەت مۇسىبىتى دائىملىقتۇر. ئۇنى يەڭگىللەشتۈرۈشكە يول يوقتۇر. دۇنيادا جازاسى بېرىلگەن كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىدە كەلگىنىدەك[1] ئىككىنچى قېتىم ئاخىرەتتە جازالانمايدۇ.

«مۇسلىم»دىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق مۇسىبەت، ھەتتا پۇتلىشىپ كەتسىمۇ ياكى پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىغا

[1] ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «كىمكى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ دۇنيادا جازاغا تارتىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. جازاغا تارتىلمىغان بولسا، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى بىرتەرەپ قىلىدۇ». «نەسائىي (3926)؛ ئىبنى ماجە (2603). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە» ، 2109) «سەھىھ» دېگەن.

كەففارەت بولىدۇ»[1].

تۆتىنچى: شۇ مۇسىبەت ئىنسانغا لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان بولىدۇ، مۇسىبەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. دېمەك، مۇسىبەت ئۇنىڭغا يەتتى، شۇ ئارقىلىق ئىنسان مۇسىبەتتىن راھەتلەندى. شۇڭا، بۇ نېئمەتتۇر.

بەشىنچى: مۇسىبەتنىڭ ساۋابى مۇسىبەتتىن كۆپتۇر. چۈنكى، دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرى ئاخىرەتكە ئېلىپ بارغۇچى يولدۇر. شۇنىڭدەك كىچىك بالىنى ئويۇن ئويناشتىن توسۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن نېئمەتتۇر. چۈنكى، كىچىك بالا ئويۇن ئويناشقا قويۇپ بېرىلسە، ئويۇن ئۇنى ئىلىم ۋە ئەدەب ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا ئۆمرىدە ئۇزۇن ۋاقىت زىيان تارتقان بولاتتى. شۇنىڭدەك مال ـ مۈلك، ئائىلە، يېقىن تۇغقانلار ۋە (كۆز بىلەن ئەقىلگە ئوخشىغان) تەن ئەزالىرى بەزىدە ئىنساننىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. دىنسىزلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ ساراڭ ياكى نارەسىدە بالا بولۇپ قېلىشلىرىنى ۋە ئەقىللىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا ئىشلەتمىگەن بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىر بەندىدە تېپىلسا، ئۇ بەندىگە شۇ بارىدا دىنىي ياخشىلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ بەندە ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق كۈتكەن بولۇشى، بېشىغا كەلگەن ئىشلاردا ياخشىلىق بارلىقىنى مۆلچەرلىشى ۋە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى كەڭدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ئۇلاردىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر. قىيامەت كۈنى بەندىلەر ئۆزلىرىگە يەتكەن مۇسىبەتنىڭ ساۋابلىرىنى كۆرگەن چاغدا — خۇددى كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەندە يېتىلدۈرگەن خويلىرى سەۋەبلىك ئۇستازى ۋە دادىسىنىڭ ئۇنى ئەدەبلىگەنلىك ۋە قائىدە ئۆگەتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتقاندەك — بالا ـ مۇسىبەت بىلەن سىنالغانلىقىغا ئاللاھقا ھەمد ئېيتىدۇ.

دېمەك، بالا ـ مۇسىبەت ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بولغان ئەدەبلەشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە كۆيۈنۈشى دادىلارنىڭ بالىلىرىغا كۆيۈنگىنىدىن بەكرەك مۇكەممەل ۋە تولۇقتۇر.

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇئمىنگە بىرنەرسە ئىرادە قىلغان بولسىلا، چوقۇم ئۇنىڭدا مۇئمىنگە ياخشىلىق باردۇر»[2].

[1] مۇسلىم (2574). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (12929)؛ ئەبۇ يەئلا (4217). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت، ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

شۇنى بىلگىنكى، ھالاك قىلغۇچى خاتالىقلارنىڭ بېشى دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتۇر. نىجات تېپىش سەۋەبلىرىنىڭ بېشى قەلب بىلەن دۇنيادىن يىراقلىششتۇر. نېئمەتلەرنىڭ بالا - مۇسىبەت ئارىلاشماستىن، ئىنساننىڭ مەقسەت قىلغىنى بويىچە ئىنسانغا بېرىلىشى قەلبنىڭ دۇنياغا خاتىرجەم بولۇشى ۋە ئۇلپەت ئېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇسىبەتلەر قانچە كۆپ بولسا، قەلب دۇنيادىن شۇنچە بىئارام بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مايىل بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيا قەلبكە زىندان بولىدۇ. شۇڭا، قەلبنىڭ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتىن قۇتۇلۇشى زىندانغا قامالغان ئادەمنىڭ زىنداندىن قۇتۇلغىنىغا ئوخشاش مەقسەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولىدۇ.

ئەلەم چېكىشكە كەلسەك، ئۇ زۆرۈردۇر. ئەلەم چېكىش خۇددى سېنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ياكى ھېچقانداق ھەق ئالماي، ساڭا پايدىلىق دورا ئىچۈرىدىغان كىشى سەۋەبلىك خۇشال بولغىنىڭغا ئوخشايدۇ. سەن قىينىلسەن ۋە خۇشال بولسەن، شۇنىڭ بىلەن ئاغرىققا سەبر قىلسەن ۋە خۇشاللىق ئۈچۈن شۈكۈر قىلسەن. كىمكى بۇنى بىلسە، ئۇ بالا - مۇسىبەتكە شۈكۈر قىلىشى مۇمكىن. كىمكى مۇسىبەتنىڭ ساۋابىنىڭ مۇسىبەتتىن كۆپ بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتمىسا، ئۇنداق كىشىنىڭ مۇسىبەتكە شۈكۈر قىلىشى ناتايىن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئەئرابىي ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەن:

*سەبر قىلغىن، بىز بولىمىز دائىم سەبرچان،*
*سەبر قىلسا باش، پۇقرا بولغاي چىدامچان.*
*ئابباسقا ياخشىدۇر ھەم سەبر قىلغىنىڭ،*
*ھەم ياخشىدۇر ئابباسقا سەندىن ئىلاھىڭ.*

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر كىشى ماڭا ئۇ تەسەللى بەرگەندىن گۈزەل تەسەللى بېرىپ باقمىدى».

بالا - مۇسىبەت تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ساۋاب ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئىلگىرى سۆزلەندى.

### بالا - مۇسىبەت ئۈستىدىكى نېئمەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

سوئال: سەبر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن خەۋەرلەر دۇنيادىكى بالا - مۇسىبەتنىڭ نېئمەتتىن ياخشى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇنداقتا، بىز ئاللاھ

ئەززە ۋەجەللەدىن بالا ـ مۇسىبەت سورىساق بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەدىن بالا ـ مۇسىبەت سوراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ چۈجىگە ئوخشاپ قالغان بىر مۇسۇلمان كىشىنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا:

— سەن بىرنەرسىگە دۇئا قىلغانمىدىڭ ياكى بىرنەرسە تىلەپ دۇئا قىلغانمىدىڭ؟ — دەيدۇ. ئۇ ئادەم:

— ھەئە، مەن: ئى ئاللاھ! ئاخىرەتتە مېنى نېمە بىلەن ئازابلىماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ بىلەن مېنى مۇشۇ دۇنيادا ئازابلىغىن، دەپ دۇئا قىلغان ئىدىم، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سۇبھانەللاھ! سەن ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمايسەن ۋە كۆتۈرۈشكە قادىر بولالمايسەن، كاشكى ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾«بەقەرە»: 201/2 دېسەڭچۇ؟ — دەيدۇ[1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە كېلىشىچە، بىر ئادەم:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قايسى دۇئا ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سالامەت بولۇشنى سورىغىن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى ئەتىسى يەنە كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! قايسى دۇئا ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ يەنە:

— ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سالامەت بولۇشنى سورىغىن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى ئۈچىنچى كۈنى يەنە كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قايسى دۇئا ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ قىلىشنى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سالامەت بولۇشنى سورىغىن، ئەگەر ساڭا ئەپۇ ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سالامەت بولۇش بېرىلسە،

[1] مۇسلىم (2688).

بەختكە ئېرىشكەن بولىسەن، ـــ دېدى[1].

«سەھىھەيىن»دىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ قىيىن بالا ـ مۇسىبەتتىن، بىمەھەل بەختسىزلىكتىن، يامان قازادىن ۋە دۈشمەننى خۇشال قىلىدىغان مۇسىبەتتىن پاناھ تىلەڭلار»[2].

مۇتەررىف رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلىنىپ شۈكۈر قىلىشىم مۇسىبەت بىلەن سىنىلىپ سەبىر قىلغىنىمدىن سۆيۈملۈكتۇر».

## پەسىل: سەبىر قىلىش بىلەن شۈكۈر قىلىشنىڭ قايسىسى ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

سەبىر قىلىش شۈكۈر قىلىشتىن ئەۋزەلمۇ ياكى شۈكۈر قىلىش سەبىر قىلىشتىن ئەۋزەلمۇ؟ بۇ ھەقتە كىشىلەر ھەرخىل پىكىردە بولىدى. بۇ ھەقتە ئۇزۇن گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ، ئۇنى مۇئەللىف رەھىمەھۇللاھ تىلغا ئالغان.

بۇ ھەقتىكى سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: سەبىر قىلىش بولسۇن، شۈكۈر قىلىش بولسۇن ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا دەرىجىلىرى بولىدۇ.

ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى سەبىر قىلىش يامان كۆرۈپ تۇرۇپ، شىكايەت قىلىشنى تاشلاشتۇر. ئۇنىڭ كەينىدە مەمنۇن بولۇش بولىدۇ. مەمنۇن بولۇش سەبىر قىلىشنىڭ كەينىدىكى بىر ماقامدۇر. بالا ـ مۇسىبەتكە شۈكۈر قىلىش بولسا مەمنۇن بولۇشنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ.

شۈكۈر قىلىشنىڭ دەرىجىلىرى كۆپتۇر. بىر بەندىنىڭ ئۆزىگە ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ ئارقمۇئارقا كەلگەنلىكىدىن ھايا قىلىشى شۈكۈر قىلغانلىقتۇر؛ نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشتا سەھۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىشى ھەم شۈكۈر قىلغانلىقتۇر؛ ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىشى ۋە گۇناھلارنى يېپىشىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى بىلىشىمۇ شۈكۈر قىلغانلىقتۇر؛ نېئمەتلەرنىڭ باشتىلا ئىنسان ئۇ نېئمەتكە لايىق بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمۇ شۈكۈر قىلغانلىقتۇر؛ شۈكۈر قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىدىن بىر نېئمەت ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ شۈكۈردۇر؛ نېئمەت ئىچىدە تۇرۇپ كەمتەر بولۇش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشمۇ شۈكۈر قىلغانلىقتۇر؛ ۋاستە ـ سەۋەبلەرگە شۈكۈر قىلىشمۇ

[1] ئەھمەد (12313)؛ ئىبنى ماجە (3848). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىفۇ ئىبنى ماجە»، 839) «زەئىف» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6347)؛ مۇسلىم (2707). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

شۈكۈر قىلغانلىقتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتمىغان كىشى ئاللاھقا شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ»[1].

ئىنئام قىلغۇچىنىڭ ئالدىدا گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكمۇ شۈكۈر قىلغانلىقتۇر؛ نېئمەتلەرنى گۈزەل رەۋىشتە قوبۇل قىلىش، كىچىك نېئمەتلەرنىمۇ چوڭ ھېسابلاش شۈكۈر قىلغانلىقتۇر. دېمەك، شۈكۈر قىلىش دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدىغان سۆزلەر ۋە ئىش - ھەرىكەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار ھەم تۈرلۈك دەرىجىدە بولىدۇ. شۇڭا، شۈكۈر قىلىش دەرىجىلىرىنى بىرسى يەنە بىرسىدىن ئەۋزەل، دەپ تولۇق بايان قىلىپ بولۇش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

لېكىن، بىز دەيمىزكى: مالنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغان يەرگە سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت شۈكۈر قىلىشقا سەبىر قىلىش قوشۇلسا، شۈكۈر قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش سەبىر قىلىشنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مالنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بولىدىغان يەرگە سەرپ قىلىشتا ئاللاھنىڭ نېئمىتىدىن سۆيۈنۈش، مالنى كەمبەغەللەرگە سەرپ قىلىش ئەلەمنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇباھ بولغان راھەت - پاراغەتتە ياشاشقا سەرپ قىلىشنى تەرك ئېتىش قاتارلىق سۈپەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ بۇنداق قىلىش سەبىر قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر.

لېكىن، مال - مۈلككە شۈكۈر قىلىش گۇناھ يولىدا مال سەرپ قىلماسلىق، بەلكى مالنى مۇباھ بولغان راھەت - پاراغەتكە سەرپ قىلىش بىلەن بولسا، بۇ يەردە سەبىر قىلىش شۈكۈر قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. سەبىرچان كەمبەغەل مېلىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى مۇباھ يوللارغا سەرپ قىلغۇچى بايدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، كەمبەغەل كىشى نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىپ، ئاللاھنىڭ بەرگەن سىنىقىغا ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە سەبىر قىلدى.

«سەبىر قىلىش قىسىملىرىنى شۈكۈر قىلىشتىن ئەۋزەل» دېگەن بارلىق قاراشلار پەقەت خاس قىلىپ تۇرۇپ بۇ مەرتىۋىنى نەزەردە تۇتقاندۇر. چۈنكى، مال - مۈلك نېئمىتىدىن ۋە مال - مۈلك بىلەن بىھاجەت بولۇشتىن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىگە تېزلا كېلىدىغىنى ئىنسانىنىڭ «ئاللاھقا شۈكۈر» دېيىشىدۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئومۇمىي كىشىلەر تايىنىدىغان سەبىر قىلىش ئۇلار چۈشەنگەن بۇ شۈكۈر قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد (4811)؛ تىرمىزىي (1954). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەنىلەر مۇلاھىزە قىلىنسا، بەزى ئەھۋاللاردا بۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن بىر يۆنىلىش بارلىقىنى بىلىش مۇمكىن. تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بەزىدە سەبرچان كەمبەغەل شۈكۈر قىلغۇچى بايدىن ئەۋزەلدۇر. بەزىدە شۈكۈر قىلغۇچى باي سەبر قىلغۇچى كەمبەغەلدىن ئەۋزەلدۇر. باي ئۆزىنى زۆرۈرىيەت مىقدارىلا مال تۇتىدىغان، قالغان ماللارنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدىغان كەمبەغەلگە ئوخشاش كۆرسە ياكى مالنى موھتاجلارنىڭ ئامبارچىسى سۈپىتىدە يېنىدا تۇتسا، ئۇنى موھتاجلارغا سەرپ قىلىدىغان پۇرسەتنى كۈتۈپ، مالنى سەرپ قىلغاندا يۈز - ئابرۇي ۋە مىننەت قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلمىسا، بۇنداق باي سەبرچان كەمبەغەلدىن ئەۋزەلدۇر.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈم: ئۈمىد قىلىش ۋە قورقۇش توغرىسىدا

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ئۈمىدۋارلىق ۋە قورقۇش بەئەينى ئىككى قاناتقا ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىن كىشىلەر ھەرقانداق ماختىلىدىغان ماقامغا ئۇچىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىككىسى يەنە مىنىدىغان ئىككى ئۇلاغقا ئوخشاش بولۇپ، بۇلار بىلەن ئاخىرەت يولىدىكى بۆسۈش مۈشكۈل بولغان داۋانلاردىن ئېشىپ ئۆتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈمىد قىلىش ۋە قورقۇشنىڭ ھەقىقىتى، پەزىلىتى، سەۋەبى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى بايان قىلىش مۇھىمدۇر. بىز ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

بىرىنچى: ئۈمىد قىلىش ھەققىدە.

ئىككىنچى: قورقۇش ھەققىدە.

## ئۈمىد قىلىشنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، ئۈمىد قىلىش ئاخىرەت يولىدا ماڭغۇچىلارنىڭ ماقاملىرى ۋە ئاللاھ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋاللىرى جۈملىسىدىندۇر. سۈپەت مۇقىم ۋە ئىزچىل بولسا، ئاندىن «ماقام» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سۈپەت تاسادىپىي ۋە يوقۇلۇشى تېز بولسا، «ئەھۋال» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خۇددى سېرىق رەڭنىڭ ئالتۇننىڭ سېرىقلىقىغا ئوخشاش مۇقىم سېرىقلىق، قورقۇشتىن ھاسىل بولىدىغان سېرىقلىققا ئوخشاش تېز يوقىلىدىغان سېرىقلىق ۋە كېسەلنىڭ سېرىقلىقىغا ئوخشاش ئوتتۇراھال سېرىقلىققا بۆلۈنگىنىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش قەلبنىڭ سۈپەتلىرىمۇ بۇ قىسىملارغا بۆلىنىدۇ. مۇقىم تۇرمايدىغان سۈپەت «ئەھۋال» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ قەلبتىن تېز يوقىلىدۇ.

بىلگىنكى، سەن يولۇققان ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسە بولسۇن ياكى يامان كۆرۈلىدىغان نەرسە بولسۇن، ئۇ نەرسىلەر «ھازىر مەۋجۇد بولغان ۋە ئۆتمۈشتە مەۋجۇد بولغان نەرسىلەر» دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بىرىنچىسى «تېپىش، تېتىش ۋە ئېرىشىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا «ئەسلەش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر خىيالىڭغا كېلەچەك ھەققىدە بىرنەرسە كېلىپ، ئۇ نەرسە قەلبىڭنى

ئىگەللىسە، بۇ «كۆتۈش ۋە مۇنتەزىر بولۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر كۆتۈلگەن نەرسە ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسە بولسا «ئۈمىدۋار بولۇش»، يامان كۆرۈلىدىغان نەرسە بولسا «قورقۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈمىدۋارلىق ئۆز نەزەرىدە ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىنى كۈتۈپ «خۇشال بولۇش» دېمەكتۇر. لېكىن، كۈتۈلگەن شۇ نەرسىنىڭ ھاسىل بولىدىغان بىر سەۋەبى بولىدۇ. ئەگەر سەۋەبىنىڭ مەۋجۇد ياكى مەۋجۇد ئەمەسلىكى بىلىنمىسە، بۇ «ئارزۇ قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ سەۋەبسىز كۈتۈشتۇر. «ئۈمىدۋارلىق ۋە قورقۇش» دەپ پەقەت ئىككىلىنىش بولىدىغان نەرسىگە ئېيتىلىدۇ. كەسكىن بولغان نەرسىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا «ئۈمىد قىلىش ياكى قورقۇش» دېگەن ئاتالغۇسى قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى، «قۇياشنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭ پېتىشىدىن قورقىمەن» دېيىلمەيدۇ. لېكىن، «يامغۇرنىڭ چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقىمەن» دېيىلىدۇ.

قەلب ئىگىلىرى بىلىدۇكى: دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن خۇددى بىر ئېكىنزارلىقتۇر. قەلب بەئەينى زېمىنغا، ئىمان بولسا شۇ قەلبتىكى ئۇرۇققا ئوخشاش بولۇپ، تائەت - ئىبادەتلەر بولسا زېمىننى تازىلاش ۋە ئۇنى پاكىزلەش، زېمىندا سۇ ئاقىدىغان ئېرىق ۋە ئۆستەڭلەرنى كولاشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. دۇنياغا غەرق بولغان قەلب سالغان ئۇرۇق ئۈنمەيدىغان شورلۇق زېمىنغا ئوخشايدۇ. قىيامەت كۈنى بولسا ھوسۇل يىغىش كۈنىدۇر. ھەربىر كىشى پەقەت تېرىغان نەرسىنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدۇ. ئىمان ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشىنىڭ زىرائىتى ئۆسىدۇ. شورلۇق زېمىندا ئۇرۇق ئۆسمىگىنىگە ئوخشاش، قەلب ۋە ئەخلاق ناچار تۇرۇپ ئىماننىڭ مەنپەئەت بېرىشى بەك تەستۇر. شۇڭا، بىر بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىشى زىرائەت ئىگىسىنىڭ ئۈمىد قىلىشىغا قىياس قىلىنىشى كېرەك. پاك تۇپراقلىق زېمىن ئىزدەپ، ئۇنىڭغا قۇرتلاپ قالمىغان ياكى سېسىپ قالمىغان ياخشى ئۇرۇقنى تېرىپ، ئۇنى ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇ بىلەن سۇغۇرۇپ، زېمىننى تىكەن، ئوت - چۆپ ۋە زىرائەتنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن پاكىزلاپ، زىرائەت ئۆسۈپ، مېۋە بېرىپ بولغۇچە ئاللاھ تائالانىڭ چاقماق ۋە بۇزغۇچى ئاپەتلەرنى دەفئى قىلىشىنى كۈتۈش «ئۈمىد قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېگىز، قاتتىق، شورلۇق ۋە سۇ يېتىپ بارالمايدىغان بىر زېمىنغا ئۇرۇق سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەي، ھوسۇل يىغىشنى كۈتسە، بۇ كۈتۈش كۈتۈش ئەمەس، بەلكى «ئەخمەقلىق ۋە ئالدىنىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر مۇنبەت بىر زېمىنغا ئۇرۇق تېرىسا، لېكىن سۇ بولمىسا ۋە يامغۇر يېغىشىنى كۈتسە، ئۇنىڭ بۇ كۈتۈشى ئۈمىد قىلىش ئەمەس، «قۇرۇق ئارزۇ

قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، «ئۈمىد قىلىش» ئاتالغۇسى بەندىنىڭ ئىختىيارلىقى ئاستىدا ئىچكى سەۋەبلىرى قولاي بولغان ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىنى كۈتۈشكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بەندىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولمىغان نەرسىلا قالىدۇ. بەندىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولمىغان نەرسە بولسا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ زىرائەتنى بۇزغۇچى ئامىللارنى قايتۇرۇشتىكى پەزل - ئېھسانىدۇر.

بەندە ئىمان ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۇنى تائەت - ئىبادەت سۇلىرى بىلەن سۇغارسا، قەلبىنى ناچار ئەخلاق تىكەنلىرىدىن پاكىزلاپ، ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى مۇشۇ ئەھۋال ئۈستىدە ئۆلگۈچە مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت پەزل ۋە مەغپىرەتكە ئېلىپ بارىدىغان گۈزەل رەۋىشتە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتسە، ئۇنىڭ بۇ كۈتۈشى تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا داۋاملىشىش ۋە ئۆلگۈچە ئىمان تەلەپلىرى بويىچە ئىش قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ماختىلىدىغان ئۈمىد قىلىش بولىدۇ.

ئەگەر ئىمان ئۇرۇقىنى تائەت - ئىبادەت سۈيى بىلەن سۇغۇرۇشنى ئۇزسە ياكى قەلب ناچار خۇلقلارغا غەرق ھالدا، دۇنيا لەززەتلىرىگە بېرىلسە، ئاندىن گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى كۈتسە، بۇ ئەخمەقلىق ۋە ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلاردىن كېيىن، (يامان) ئەۋلادلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل ـ مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ ۋە بىزنى ئاللاھ ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدۇ...﴾7/«ئەئراف»: 169.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگۈچىنى ئەيىبلىگەن: ﴿ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلبەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن﴾18/«كەھف»: 36.

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەقىللىق كىشى ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىدۇر؛ ئاجىز كىشى بولسا، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئاللاھتىن ئۈمىد كۈتۈپ ياتقۇچىدۇر»[1].

مەئرۇف ئەلكەرخىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ ئۆزۈڭ ئىتائەت قىلمايدىغان زاتنىڭ شەپقەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىشىڭ خارلىق ۋە ئەخمەقلىقتۇر».

[1] ئەھمەد (17164)؛ تىرمىزىي: (2459) «بۇ ھەسەن ھەدىس» دېگەن. ئىبنى ماجە (4260)؛ ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك» ، 280/4) «سەنەدى سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ» ، 4305) «زەئىف» دېگەن.

ئـاللاھ تائـالا شـۇنـىڭ ئۈچـۈن مۇنـداق دېگـەن: ﴿شۈبھىسـىزكى، ئىمـان ئېيتقـانلار، ھىجـرەت قىلغـانلار ۋە ئاللاھنىــڭ يولــدا جىھـاد قىلغـانلار ـ ئەنـە شـۇنداق كىشـىلەر ئاللاھنىـڭ رەھمىتىنـى ئۈمىـد قىلىـدۇ، ئـاللاھ ناھايىتـى مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر، ناھايىتـى مېھرىباندۇر﴾«بەقەرە»: 218.

بـۇ ئايەتنىـڭ مەنىسـى: بـۇ سـۈپەتلەرگە ئىگە كىشـىلەر ئـاللاھ تائالانىـڭ رەھمىتىنى ئۈمىـد قىلىشـقا لايىـق كىشـىلەردۇر. ئـاللاھ تائـالا بـۇ ئايەتتـە ئـۇلاردا بـار ئۈمىدۋارلىقنى ئۇلارغىـلا خـاس قىلىشـنى ئىـرادە قىلمىــدى، چۈنكـى ئۇلاردىــن باشـقىلارمۇ ئـاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شـۇنى بىلگىنكـى، ئۈمىدۋارلىــق ماختىلىــدۇ. چۈنكــى، ئۈمىــد ئەمــەل قىلىشــقا تۈرتكـە بولىــدۇ. نائۈمىدلىـك ئەيىبلىنىــدۇ. چۈنكـى، نائۈمىدلىـك ئىلىـم ـ مەرىپـەت ئۆگىنىشــتىن قايتۇرىــدۇ. بىــر كىشــى بىــر زېمىنىنىــڭ شــورلۇق، سـۈيى سـىڭىپ كېتىدىغـان ۋە ئـۇرۇق ئۈنمەيدىغـان زېمىـن ئىكەنلىكىنـى بىلسـە، ئۇنىڭغـا قىزىقمايـدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆزىنى چارچاتمايدۇ.

قورقۇشـقا كەلسـەك، قورقـۇش ئۈمىدۋارلىققـا قارشـى ئەمەسـتۇر. بەلكـى ئۈمىدۋارلىق قورقۇشنىڭ ھەمراھىدۇر. بۇنىڭ بايانى ئالدىمىزدا كېلىدۇ. ئىنشائاللاھ.

ئۈمىدۋارلىــق ئەمەللــەر بىلــەن كــۈرەش قىلىــش ۋە ئەھــۋال قايســى دەرىجىــدە ئۆزگىرىشـىدىن قەتئىينەزەر، تائـەت ـ ئىبادەتلەرنـى داۋاملاشـتۇرۇش يولىغا ئاپىرىدۇ. ئـاللاھ تائالاغـا داۋاملىـق يۈزلىنىش بىلەن لـەززەت ئېلىش، ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىش ئارقىلىـق ھـۇزۇر ئېلىـش ۋە ئـاللاھ تائالانىـڭ رەھمىتىنـى تەمـە قىلىـپ، ئۇنىڭدىــن تىلەشـتە سـىلىق بولـۇش قاتارلىـقلار بۇنىـڭ بەلگىلىرىدىنــدۇر. بـۇ ئەھـۋاللار بىـرەر پادىشـاھ ياكـى بىـرەر شەخسـتىن بىرنەرسـە كۈتكەنـدە كۆرۈلىدىغـان ئەھـۋاللاردۇر. ئۇشـبۇ ئەھـۋاللار ئـاللاھ تائـالا ئالدىـدا نېچـۈك كۆرۈلمىگـەي. شـۇڭا، بـۇ ئالامەتلـەر كۆرۈلمىسـە ئۈمىدۋارلىـق ماقامىدىـن مەھـرۇم قالغانلىقنـى كۆرسـىتىدۇ. دېمەك، كىمكـى بـۇ ئالامەتلەرسـىز، ياخشـىلىق ئىـرادە قىلىنىغانلاردىــن بولۇشـنى ئۈمىـد قىلىدىكـەن، ئۇ ئالدانغان كىشىدۇر.

## ئۈمىد قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

«سەھىھەين»دە ئەبـۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ رىۋايـەت قىلىدۇكـى، پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «ئـاللاھ تائـالا ئېيتىــدۇ: ‹مـەن بەندەمنىڭ مېنـى ئويلىغـان يېرىدىـن چىقمـەن› »[1] يەنـە بىـر رىۋايەتتـە: «گۇمـان

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7405)؛ مۇسلىم (2675).

قىلغۇچى مېنى خاھلىغىنىڭچە ئۇيلىسۇن» دېگەن[1].

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق كۈتكەن ھالەتتە ئۆلۈڭلار»[2].

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا:

— ئى داۋۇد! مېنى ياخشى كۆرگىن، مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرگىن، مېنى مەخلۇقاتلارغا سۆيۈملۈك كۆرسەتكىن، — دەپ ۋەھيى قىلغانىدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام:

— پەرۋەردىگارىم! سېنى مەخلۇقاتلارغا قانداق سۆيۈملۈك كۆرسىتىمەن؟ — دېدى. ئاللاھ تائالا:

— مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى سۆزلىگىن ۋە مېنىڭ نېئمەت ۋە ئېھسانلىرىمنى ئەسلەتكىن، — دېدى[3].

مۇجاھىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر بەندە قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندە:

— مەن بۇنداق بولار دېمىگەن ئىدىم، — دەيدۇ، ئاللاھ تائالا:

— سەن قانداق بولار دېگەنىدىڭ؟ — دەيدۇ، ئۇ:

— سېنى مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا:

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، — دەيدۇ»[4].

[1] ئەھمەد (16059). ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك»، 7603) «سەنەدى سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىيمۇ: («سەھىھۇلجامىئ»، 4316) «سەھىھ» دېگەن. ۋاسىلە ئىبنى ئەسقائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] مۇسلىم (2877). جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ. ئىراقىي: («تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھيائ»، 55/4) «بۇ ھەدىس كىتابلىرىدا يوق، بەلكىم ئىنجىل - تەۋراتلاردىن نەقىل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن.

[4] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد (2059)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 292/3. سەنەدى زەئىپ.

## پەسل: ئۈمىد قىلىشنىڭ دورىسى ۋە ئۈمىد قىلىش ھاسىل بولىدىغان سەۋەب ھەققىدە

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ئۈمىدۋارلىق دورىسىغا ئىككى تۈرلۈك ئادەم موھتاج بولىدۇ.

بىرى ئۈمىدسىزلىنىش غالىب كېلىپ، ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئەتكەن ئادەم.

يەنە بىرى قورقۇش غالىب كېلىپ، ئۆزىگە ۋە ئەھلىگە زىيان يەتكۈزگەن ئادەم.

تائەت - ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئارزۇ قىلغۇچى، ئالدانغان، ئاسىي كىشىگە پەقەت قورقۇش دورىسىنى ئىشلەتمەك كېرەك. چۈنكى، ئۈمىدۋارلىق دورىلىرى ئۇنداق كىشى ئۈچۈن بەئەينى زەھەر بولىدۇ. بۇ خۇددى ھەسەلنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن كىشىگە شىپا، ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەن كىشىگە ئۇغا بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچى مۇلايىم ۋە كېسەللىكنىڭ مەنبەسىگە قاراپ ھەر كېسەللىكنى ئۆز لايىقىدا دورا بىلەن داۋالايدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. بۇ زاماندا كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈشكە بولمايدۇ، ياخشىسى ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈش كېرەك. ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ بىمارلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە قەلبلەرنى مايىل قىلىش مەقسىتى بولسا، ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆزلىسە بولىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمىگەن ھەم ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم قىلمىغان كىشى ھەقىقىي ئالىمدۇر»[1].

بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شۇنى بىلگىنكى، ئۈمىدۋارلىق ئىبرەت ئېلىش ۋە ئوقۇش - ئاڭلاش بىلەنمۇ ھاسىل بولىدۇ.

ئىبرەت ئېلىش بىز «شۈكۈر قىلىش ھەققىدە» دېگەن تېمىدا بايان قىلغان بارلىق نېئمەت تۈرلىرىنى ئويلىنىشتۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيادا مۇئمىن بەندىلىرىگە قىلغان ئېھسانلىرىنى، ئىنسان تەبىئىتىگە رىئايە قىلغان ئاجايىپ ھېكمەتلىرىنى، ئىلاھىي ئېھسانلىرىنىڭ بەندىلەرنىڭ دۇنيادىكى نازۇك مەنپەئەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغانلىقىنى بىلسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىشقا

[1] دارىمىي (298). ھۆسەين سەلىم ئەسەد: «سەنەدى زەئىف» دېگەن.

رازى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. چۈنكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى زات بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ زات دۇنيادا مۇئمىن بەندىلىرىگە ئېھسان قىلغانىكەن، ئاخىرەتتىمۇ ھەم ئۇلارغا ئېھسان قىلىدۇ.

ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرگە قاراش (ئوقۇش ياكى ئاڭلاش) قا كەلسەك، بۇ ھەقتە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ شۇ سۆزلىرى بار: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خاھلىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾39/«زۇمەر»: 53.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمد ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾42/«شۇرا»: 5.

ئاللاھ تائالا دۈشمەنلىرىگە دوزاخنى تەييار قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، دوستلىرىنى دوزاختىن قورقۇتۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿«ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، شۇ (قاتتىق ئازاب) بىلەن ئاللاھ بەندىلىرىنى قورقۇتىدۇ». ئى بەندىلىرىم! (ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴾39/«زۇمەر»: 16. ﴿كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار﴾3/«ئال ئىمران»: 131. ﴿سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم. ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملا كىرىدۇ﴾92/«لەيل»: 16. ﴿ئىنسانلار زۇلۇم قىلسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ (گۇناھلارغا چۆمۈپ تەۋبە قىلمىغانلارنى) شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىق جازالايدۇ﴾13/«رەئد»: 6.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىبلىس ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەگە: ‹سېنىڭ ئەزىزلىكىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن قەسەمكى! ئادەم بالىلىرى ھاياتلا بولىدىكەن ئۇلارنى داۋاملىق ئازدۇرىمەن› دېگەندە، ئاللاھ تائالا: ‹مېنىڭ ئەزىزلىكىم ۋە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى! ئۇلار مەندىن مەغپىرەت تىلەپلا تۇرسا، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىپ تۇرىمەن› دېگەن»[1].

[1] ئەھمەد (11255)؛ ئەبۇ يەئلا (1273)؛ «ئەلمۇستەدرەك (2130). ھاكىم، زەھەبىي، شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ھۇسەين سەلىم ئەسەدلەر: «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى! ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئەلبەتتە ئاللاھ سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، گۇناھ قىلىدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرەتتى، ئاندىن ئۇلار مەغپىرەت تىلىسە، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلاتتى»[1].

«سەھىھەين»دە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە:

— ھەقنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار، ھەقكە يېقىنلىشىڭلار ۋە ساۋاب بىلەن خۇشال بولۇڭلار. ھېچبىر كىشىنى قىلغان ئەملى جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ، — دېگەنىدى، ساھابىلەر:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىلىنىمۇ شۇنداقمۇ؟ — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مېنىمۇ، پەقەتلا ئاللاھ مېنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن يۆگىسە ئاندىن، — دېدى»[2].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە قىيامەت كۈنى:

— ئى ئادەم! — دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— رەببىمىز! خوش، تائىتىڭگە تەييارمەن، پۈتۈن ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدا، — دەيدۇ. ئاللاھ:

— ئەۋلادلىرىڭدىن دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغانلارنى ئايرىغىن، — دەپ بۇيرۇيدۇ، ئادەم:

— ئى رەببىم! دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ سانى قانچىلىك بولىدۇ؟ — دەيدۇ. ئاللاھ:

— ھەر بىر مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى ئەۋەتىلىدۇ، — دەيدۇ. بۇ چاغدا بالىلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ. ﴿ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس

[1] مۇسلىم (2749).
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6467)؛ مۇسلىم (2818).

(دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾ «ھەج»: 22/2، — دەيدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا تۇرغانلارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:

— دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى يەئجۇج ـ مەئجۇجلاردىن بولىدۇ. مىڭدىن بىرى ئەھلى جەننەتى بولۇپ، ئۇ سىلەردىن بولىدۇ. ئاندىن سىلەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاق ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى بىر تال قارا تۈكتەك ياكى قارا ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى بىر تال ئاق تۈكتەك ئاز بولىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ تەكبىر ئېيتتۇق، ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ:

— جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىسىلەر، — دېدى. بىز تەكبىر ئېيتتۇق، ئاندىن كېيىن:

— ئەھلى جەننەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىسىلەر، — دېدى. بىز تەكبىر ئېيتتۇق»[1].

دېمەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قورقۇتقۇچى سۆزلەرنى قانداق كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، قورقۇتقۇچى سۆزلەر ئۇلارنى بىئارام قىلغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا رەھمەتلىك سۆزلەرنى ئېيتتى.

قەلبلەر ھاۋايى ـ ھەۋەسكە مايىل بولغاندا، ئۇنى بىئارام قىلىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش كېرەك. ئەكسىچە، قەلبلەر قاتتىق بىئارام بولغاندا، نورماللىققا قايتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىئاراملىقىنى بېسىقتۇرىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىش كېرەك.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان دەرىجىدە بەندىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ»[2].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر مەجۇسىي ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنى مېھمان قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى مېھمان قىلماي: ‹مۇسۇلمان بولساڭ مېھمان قىلىمەن› دېدى. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ: ‹ئى ئىبراھىم! مەن ئۇنىڭ كافىر بولۇشىغا قارىماي 70 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا يېمەك بەردىم، (سەن يېمەك بەرمىدىڭ)› دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەجۇسىينىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنى توختىتىپ ۋە ئۇنىڭغا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4741)؛ مۇسلىم (222).

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (1364). سەنەدى زەئىفتۇر.

ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى ئاڭلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەجۇسىي ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىدىللىكىدىن ھەيرەتلىنىپ مۇسۇلمان بولدى».

بۇ سەۋەبلەر بىلەن قورقۇنچاقلار ۋە ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئۈمىد روھى جەلپ قىلىنىدۇ. مەغرۇر، ئەخمەقلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا بۇلاردىن ھېچنەرسە ئاڭلىتىلماسلىقى كېرەك. بەلكى ئۇلارغا بىز ئالدىمىزدا كەلتۈرىدىغان قورقۇتقۇچى سۆزلەر ئاڭلىتىلىشى كېرەك. چۈنكى، كۆپىنچە كىشىلەر تاياق يېسە، ئاندىن توغرا يولدا ماڭىدىغان قۇلغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت قورقۇتۇش ئارقىلىقلا ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ.

## ئىككىنچى قىسىم: قورقۇش، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، دەرىجىلىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە

### قورقۇشنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، قەلبنىڭ كېلەچەكتە يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى كۈتكەنلىكتىن قاتتىق ئاغرىق تارتىشى ۋە ئازابلىنىشى «قورقۇش» دېيىلىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى: پادىشاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كىشى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشىدىن قورقىدۇ ۋە يەنە «پادىشاھ مېنىڭ گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىشىمۇ مۇمكىن» دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى ۋە جىنايىتىنىڭ قەبىھلىكى، جىنايەتنىڭ پادىشاھقا بولغان تەسىرىنى قانچە كۈچلۈك ھېس قىلسا، ئۇنىڭ قەلبى شۇنچە ئازابلىنىدۇ. ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر ئاجىز بولغانسېرى قورقۇنچىمۇ ئاجىز بولىدۇ.

بەزىدە قورقۇش جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى قورقۇتقۇچىنىڭ سالاھىيىتى، كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىدىن بولىدۇ. چۈنكى، كىشى ئاللاھ تائالا ئەگەر پۈتۈن ئالەمنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقى ۋە ئۇنى چەكلىگۈچى يوقلۇقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى بىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بارچىدىن بىھاجەتلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قىلغان ئىشىدىن سوئال قىلىنمايدىغانلىقىنى[1] بىلگەنسېرى

---

[1] 21/«ئەنبىيائ»: 21 ـ ئايەتكە قاراڭ.

كىشىدە قورقۇش پەيدا بولىدۇ.

ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى ھەقىقىي تونۇغان كىشى كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ قورقىدىغان كىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاللاھنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ۋە ئاللاھتىن ئەڭ قاتتىق قورقىدىغان كىشىمەن»[1].

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾35/«فاتىر»: 28.

ھەقىقىي تونۇش مۇكەممەل بولسا قورقۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورقۇشنىڭ ئالامىتى قەلبتە تاشىدۇ. ئاندىن ئورۇقلاش، سارغىيىش، يىغلاش ۋە ئايلىنىپ كېتىش قاتارلىقلار بىلەن سالاھىيەت ۋە بەدەن - ئەزالاردا ئەكس ئېتىدۇ. قورقۇش بەزىدە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. بەزىدە مېڭىگە ئۆرلەپ ئەقلىنى بۇزىدۇ.

قورقۇش ئالامىتىنىڭ بەدەن ئەزالىرىدا كۆرۈلۈشى بولسا ئىنسان ئۆز سەھۋەنلىكلىرىنى تولۇقلىشى ۋە ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن، بۇ ئەزالارنى گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن توختىتىش ۋە تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلاش بىلەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قورققان كىشى قونماستىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ»[2].

بىر ئالىم مۇنداق دېگەن: «يىغلىغان كىشى قورققان بولمايدۇ، گۇناھ قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى ھەقىقىي قورققان كىشى ھېسابلىنىدۇ».

قورقۇشنىڭ مېۋىلىرىدىن: قورقۇش شەھۋەتلەرنى قومۇرۇپ تاشلايدۇ، لەززەتلەردىن توسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇددى ھەسەلدە زەھەر بارلىقىنى بىلگەن كىشىگە ھەسەل يامان كۆرۈلىدىغان نەرسىگە ئايلانغىنىدەك، ئىنسانغا يېقىشلىق بولغان گۇناھلار ئاللاھ تائالادىن قورققان كىشىگە يامان كۆرۈلىدىغان گۇناھلارغا ئايلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق شەھۋەتلەر قورقۇنچ ئوتى بىلەن كۆيىدۇ، بەدەندىكى ئەزالار ساپلىشىدۇ، قەلب ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خار بولىدۇ، ئاجىزلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن تەكەببۇرلۇق، ئاداۋەت، ھەسەت يوقىلىدۇ، پۈتۈن غېمى قورقۇش بولۇپ، ئاخىرەتتىكى خەتەرگە قارايدۇ، باشقا غەملەرگە ۋاقتى چىقمايدۇ، ئۇنىڭ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6101)؛ مۇسلىم (2356). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[2] تىرمىزىي (2450). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6222) «سەھىھ» دېگەن.

ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش، ئالغان نەپەس، ۋاقىت ـ سائەت، ئوي ـ خىيال، ماڭغان قەدەم ۋە قىلغان سۆزلىرىگە قارىتا نەپسىدىن ھېساب ئېلىشتىن باشقا مەشغۇلاتى بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ پەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولىدۇ. شۇندا كىشى ھايۋان بىخەستەلىك قىلغان زامات قېچىپ كېتەمدۇ ياكى ھايۋان ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ھالاك قىلامدۇ؟ بىلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ شۇ ھايۋاندىن قۇتۇلۇشتىن باشقا مەركەزلىشىدىغان ئىشى بولمايدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش ۋە ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، سۈپەتلىرىنى، نەپسىنىڭ ئەيىبلىرىنى، نەپسىنىڭ ئالدىدىكى خەتەرلەر ۋە قورقۇنچلارنى بىلىش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىغا قاراپ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ.

تەسىرى ئەمەللەردە ئاشكارا بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى قورقۇش بولسا ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلىشىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى ھارام بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئىشنى قىلىشتىن چەكلىسە، «تەقۋالىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ ئارتۇقچە نەرسىلىرىنى تەلەپ قىلماي ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋە شۇنىڭغا بېرىلىش قوشۇلسا، ئۇ «راستچىللىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

### پەسىل: قورقۇشنىڭ دەرىجىلىرى، ئۇنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، قورقۇش ئاللاھ تائالانىڭ قامچىسىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەرتىۋىسىگە يېتىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى قورقۇش قامچىسى بىلەن داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئەمەل قىلىشقا ھەيدەيدۇ.

قورقۇش: ھەددىدىن ئاشقان، ئوتتۇراھال ۋە يېتەرسىز قاتارلىق دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ.

قورقۇشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ماختىلىدۇ.

ئوتتۇراھال قورقۇش مىسالى ساۋدىغۇچى قامچىغا ئوخشايدۇ. قامچا بىلەن پات ـ پات ساۋداپ تۇرۇش ھايۋانغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشىدۇر. ھايۋاننى بەك ئۇرۇشمۇ ياخشى ئەمەس. قورقۇش ھەددىدىن ئاز بولۇشمۇ ماختالمايدۇ. قورقۇشى

كەمچىل كىشى بولسا بىرەر ئايەتنى ئاڭلىغاندا ياكى قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەرگەندە، قورقۇنچ بېسىپ يىغلايدىغان، قورقۇنچ ئۆتۈپ كەتسە قەلبى غەپلەتكە قايتىدىغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ پايدىسى ئاز، كۈچسىز بولغان قورقۇشتۇر. بۇ قورقۇش خۇددى كۈچلۈك بىر ھايۋاننى ساۋىدايدىغان ئاجىز بىر تاياققا ئوخشايدۇ. ئاجىز تاياق كۈچلۈك ھايۋانغا قاتتىق ئەلەم سالالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەقسەتكە ھەيدىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى تەربىيەلەشكە لايىق كەلمەيدۇ. بۇ خىل قورقۇش ئالىملار ۋە ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلاردىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە غالىب كەلگەن بىر قورقۇشتۇر. يەنى ئالىم دېگەندە، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى بىلگۈچىلەرنى كۆزدە تۇتىمىز. ئۇلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئىلىم ئالامەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە ئالامەت قويۇۋالغان ساختا ئالىملارغا كەلسەك، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسىدىن ئەڭ يىراق كىشىلەردۇر.

بىرىنچى دەرىجە بولغان ھەددىدىن ئاشقان قورقۇش تۇيغۇسىغا كەلسەك، ئۇ كۈچىيىپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۈمىدنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان قورقۇشتۇر. بۇ دەرىجىمۇ ياخشى ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ دەرىجىدىكى قورقۇش ئىنساننى ئەمەل قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ. بەزىدە ئىنساننى كېسەللىك، ھاڭۋاقتىلىق ۋە ئۆلۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھالەت ماختالمايدۇ. ھەرقانداق نەرسىدىكى ماختىلىدىغان تەرەپ ئۇ نەرسىنىڭ مەقسەت قىلىنغان نىشانغا يەتكۈزىدىغان بولۇشىدۇر. بۇنىڭدىن كەم ياكى ئېشىپ كەتكەن بولسا ئەيىبلىنىدۇ.

ئېھتىيات قىلىش، پەرھىزكارلىق، تەقۋالىق، نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يەتكۈزىدىغان باشقا ئەمەللەرنى قىلىش قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ پايدىسىدۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساغلام بەدەن ۋە ساغلام ئەقىل بىلەن ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىرەرسى زىيانغا ئۇچرىسا ئەيىبلىنىدۇ.

سوئال: قورقۇش ئېچىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟

جاۋاب: قورقۇش ئېچىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى قورقمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئېرىشەلمەيدىغان مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇ ياشىسا ۋە ئىلىم - مەرىپەت، مۇئامىلە دەرىجىلىرىگە ئۆرلىسە، ئەۋزەل بولغان بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىدە ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش ئەڭ ئەۋزەل بەختتۇر. ئۆمۈرنى، ئەقىلنى ۋە ساقلىقنى يوق قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە كەمچىلىك ۋە زىياندۇر.

## قورقۇشنىڭ قىسىملىرى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، قورققۇچىلارنىڭ مەرتىۋىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردىن تەۋبە قىلىشنىڭ ئالدىدا قەلبى ئۆلۈم قورقۇنچىغا تەسلىم بولىدىغان كىشىلەر بار. بەزىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلەر بىلەن ئاستا - ئاستا جازالايدىغانلىق قورقۇنچىغا چۆمىدۇ. بەزىلەر توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن قورقۇش تۇيغۇسىغا يېڭىلىدۇ. بەزىلەرنى ھاياتىنىڭ يامان ھالەتتە ئاخىرلىشىش قورقۇنچى چىرمايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىسى پۈتمىش (تەقدىر) تىن قورقۇشتۇر. چۈنكى، ھاياتنىڭ ئاخىرلىشىشىمۇ پۈتمىشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا خاھلىغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ھېچ ۋاسىتىسىز كۆتىرىدۇ، خاھلىغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ھېچ ۋاسىتىسىز چۈشۈرىدۇ. ﴿ئاللاھ قىلغان ئىشىدىن سورالمايدۇ﴾ 21/«ئەنبىيائ»:23.

ئاللاھ تائالا بىر ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن: «ماۋۇلار جەننەتتە بولىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن. ئاۋۇلار دوزاختا بولىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن»[1].

بەزىلەر سەكراتتىن ۋە ئۆلۈم قىيىنچىلىقىدىن ياكى مۇنكىر - نەكىرنىڭ سوئالىدىن، ياكى قەبرە ئازابىدىن قورقىدۇ.

بەزىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى ھەيۋەتتىن، ھېساب ئېلىنغاندا ئىنچىكە ھېساب ئېلىنىشتىن، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشتىن، دوزاخ ۋە دوزاختىكى قورقۇنچلۇق ئازابلاردىن قورقىدۇ ياكى جەننەتتىن مەھرۇم قېلىشتىن، ياكى ئاللاھ تائالا بىلەن ئوتتۇرىدا پەردە تارتىلىشىدىن قورقىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان كۆرۈلىدىغان ۋە قورقۇنچ قوزغايدىغان سەۋەبلەردۇر.

ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىدا پەردە تارتىلىشىدىن قورقۇش مەرتىۋىسى قورقۇشنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلارنىڭ قورقۇشىدۇر. بۇنىڭ ئالدىدىكىسى زاھىدلار ۋە ئابىدلارنىڭ قورقۇشىدۇر.

[1] ئەھمەد (17696). ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك»، 84) «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («زىلالۇل جەننە»، 347) «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن. ئەبۇددەردائ، مۇئاز ۋە ئابدۇرراھمان ئەسسۇلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايىتى.

## پەسل: قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىككىسىدىن غالىب بولۇشى كېرەك بولغان سۈپەت ھەققىدە

ھەرقانىداق نەرسىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ بەخت ـ سائادەتنى تەلەپ قىلىشقا ياردىمى بولۇش مىقدارىچە بولىدۇ. بەخت ـ سائادەت بولسا ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا ياردەم بەرگەن ھەرقانىداق نەرسە پەزىلەتلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار﴾[55/«ئەرراھمان»: 46]، ﴿ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ﴾[98/«بەييىنە»:8].

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر بەندىنىڭ تېنىنى ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تىترەك باسسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى قۇرۇق دەرەختىن غازاڭ تۆكۈلگەندەك تۆكۈلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بار كىشىگە ئاللاھ تائالا غەزەپلەنمەيدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دەيدۇ: ‹قۇدرىتىم ۋە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى! مەن بەندەمگە ئىككى قورقۇنچ بىلەن ئىككى خاتىرجەملىكنى تەڭ جەم قىلمايمەن، بەندەم مەندىن دۇنيادا ئەمىن بولسا، ئۇنى قىيامەت كۈنى قورقۇتىمەن، ئەگەر مەندىن دۇنيادا قورقسا، ئۇنى قىيامەت كۈنى خاتىرجەم قىلىمەن› »[3].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىككى تۈرلۈك كۆزگە مەڭگۈ دوزاخ ئوتى يەتمەيدۇ: ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز ۋە ئاللاھ يولىدا كېچىدە قاراۋۇللۇق قىلغان كۆز»[4].

[1] بەززار (1322)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (782). ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 391) «زەئىف» دېگەن.

[2] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (15316). ئىمام ئۇقەيلىي («ئەززۇئەفائ»، 1652)، زەھەبىي («لىسانۇلمىزان»، (6737) ۋە ھەيسەمىيلەر: («مەجمەئۇززەۋائىد»، 7122) «ئىنتايىن زەئىف، راۋىيلىرى نامەلۇم كىشىلەر، مەزمۇنى باتىل» دېگەن. ئەبۇ كاھىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] ئىبنى ھىببان (640). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇلجامىئ»، 4332) «ھەسەن» دېگەن.

[4] تىرمىزىي (1639). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4112) «سەھىھ» دېگەن.

## قورقۇشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئەۋزەلمۇ ياكى ئۈمىد قىلىشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئەۋزەلمۇ، ۋەياكى ئىككىلىسىنىڭ ئوتتۇراھال بولۇشى ئەۋزەلمۇ؟ دېگەننىڭ بايانى توغرىسىدا

**سوئال:** «قورقۇش ئەۋزەلمۇ ياكى ئۈمىد قىلىشمۇ؟» دەپ سورىغۇچىنىڭ سۆزى «نان ئەۋزەلمۇ ياكى سۇ ئەۋزەلمۇ؟» دەپ سورىغىنىغا ئوخشاشمۇ؟

**جاۋاب:** «ئاچ قالغان كىشىگە نان ئەۋزەل، ئۇسسۇز قالغان كىشىگە سۇ ئەۋزەل». ئەگەر ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇق تەڭ كەلگەن بولسا، قايسىسى قاتتىق بولسا شۇنىڭغا قارىلىدۇ، ئەگەر ئىككىلىسى باراۋەر بولسا، مەرتىۋىسىمۇ باراۋەر بولىدۇ.

قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش قەلبلەرنى داۋالايدىغان ئىككى دورىدۇر. ئىككىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۆز نۆۋىتىدە مەۋجۇد بولغان دورىنىڭ ھېسابىچە بولىدۇ. ئەگەر قەلب ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم ۋە گۇناھقا مايىل بولسا، بۇ ھالدا قورقۇش ئەۋزەل. ئەگەر بىر كىشى ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۈمىدۋارلىق ئەۋزەلدۇر. خۇددى «ئىسكەنجىۋىلدىن نان ئەۋزەل» دېيىلگەندەك قورقۇش مۇتلەق ئەۋزەل دېيىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، نان بىلەن ئاچلىق، ئىسكەنجىۋىل بىلەن سەپرا شىپا تاپىدۇ. ئاچلىق كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، نانغا بولغان ئېھتىياج كۆپتۇر. بۇنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ «نان ئەۋزەل» دېيىلىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلىشى ۋە مەغرۇرلىنىشى كۆپتۇر.

ئەگەر قورقۇش بىلەن ئۈمىد قىلىشنى سېلىشتۇرساق ئۈمىد قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، ئۈمىد قىلىش رەھمەت دېڭىزىدىن ئېلىنىدۇ. قورقۇش بولسا غەزەپ دېڭىزىدىن ئېلىنىدۇ.

تەقۋادار كىشىنىڭ قارىشىدا قورقۇش ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مۇئمىننىڭ قورقۇشى بىلەن ئۈمىدى ئۆلچەنسە ئىدى، ئەلبەتتە ئىككىسى باراۋەر كېلەتتى» دېيىلدى.

سەلەف سالىھلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ‹بىر ئادەمدىن باشقا بارلىق كىشىلەر جەننەتكە كىرسۇن› دەپ نىدا قىلىنسا، جەننەتكە كىرەلمەيدىغان شۇ ئادەمنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمدىن قورقاتتىم، ئەگەر ‹بىر ئادەمدىن باشقا بارلىق كىشىلەر دوزاخقا كىرسۇن› دەپ نىدا قىلىنسا، دوزاخقا كىرمەيدىغان شۇ ئادەمنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتىم».

بۇ قورقۇش سۈپىتى تەقۋادار مۆئمىنگە خاستۇر.

**سوئال:** مۆئمىن تەقۋادار بولسا ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قورقۇش تۇيغۇسى قانداقمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىدۋارلىقى كۈچلۈك بولۇشى كېرەكقۇ؟

**جاۋاب:** مۆئمىن كىشى قىلغان ئەمەلىنىڭ توغرا بولغانلىقىغا جەزم قىلالمايدۇ. مۆئمىن خۇددى تۈرنى سىناپ باقمىغان بىر قىسىم ئۇرۇقنى ئۆزىگە تونۇشسىز بولغان بىر زېمىنغا تېرىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇق بولسا ئىماندۇر. ئىماننىڭ توغرا بولۇش شەرتلىرى نازۇكتۇر. ئۇرۇق سېلىنغان زېمىن بولسا قەلبتۇر. قەلبنىڭ مۇناپىقلىق، شېرىك ۋە رىياكارلىققا ئوخشاش ناچار يوشۇرۇن سۈپەتلىرى بولىدۇ. قەلبنىڭ يوشۇرۇن گۈزەل ئەخلاقلىرى ھەم مۇجمەل بولىدۇ. چاقماقلار ئۆلۈم سەكراتىنىڭ قورقۇنچلىرىدۇر. ئۇندا ئەقىدىلەر تەۋرەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قورقۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۆئمىن قانداقمۇ قورقمىسۇن؟! ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇناپىقلار قاتارىدا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «مەن مۇناپىقلار قاتارىدا بارمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. ئەھۋالى ئۆزىگە مۇجمەل ۋە ئۆز ئەيىبى ئۆزىدىن يوشۇرۇن بولۇپ قالغان كىشىلا بۇ سوئالنى سورايدۇ. دېمەك، ماختىلىدىغان قورقۇش تۇيغۇسى ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، قەلبنى دۇنياغا مايىل بولۇشتىن توسىدۇ.

ئىنسان ئۆلۈمنى سەزگەندە ئۈمىدۋار بولغىنى ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى، قورقۇش ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان قامچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆلۈم كەلگەندە ئەمەل قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئۆلۈم كەلگەندە، قورققۇچى ئۆزىنىڭ قەلب جان تومۇرىنى پارچىلاشتىن باشقا ھېچ پايدا ئالالمايدۇ. بۇ ھالەتتە ئۈمىدۋار بولۇش ئۇنىڭ قەلبىنى كۈچلەندۈرىدۇ، پەرۋەردىگارىنى ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن دىدار مۇلاقات بولۇشنى ياخشى كۆرگەن ھەمدە ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق كۈتكەن ھالەتتىلا دۇنيادىن ئايرىلىشى كېرەك[1].

سۇلايمان ئەتتەيمىي رەھىمەھۇللاھ ئۆلۈمنى سەزگەندە، يېنىدىكى كىشىگە: «ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق كۈتكەن ھالدا ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چىقىشىم ئۈچۈن، ماڭا دىندىكى رۇخسەت ئەمەللەرنى سۆزلەپ بەرگىن» دېگەنىكەن.

[1] جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق كۈتكەن ھالدا ئۆلۈڭلار» دېگەن. مۇسلىم (2877).

## پەسل: قورقۇشنى جەلپ قىلىش يولىنىڭ بايانى

قورقۇش ئىككى يول بىلەن ھاسىل بولىدۇ:

بۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىدىن يۇقىرىدۇر. مىسال: بىر كىچىك بالا ئۆيىدە ئولتۇرغاندا، ئۆيگە يىرتقۇچ ھايۋان ياكى يىلان كىرسە، كىچىك بالا ئۇنىڭدىن قورقماسلىقى، بەلكىم يىلاننى ئويناش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى سوزۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ بالىنىڭ يېنىدا دادىسىمۇ بار بولسا دادا يىرتقۇچ ھايۋاندىن قورقۇپ قاچسا، بالىمۇ دادىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭدىن قورقۇپ قېچىشى مۇمكىن. بۇ ھالەتتە دادىنىڭ قورقۇشى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ يامانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، بالىنىڭ قورقۇشى بولسا بىلمەستىن، بەلكى دادىسىغا تەقلىد قىلغانلىقتىن بولىدۇ. سەن بۇ مىسالنى چۈشەنسەڭ، بىلگىنكى، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئىككى مەرتىۋە بولىدۇ.

بىرىنچى مەرتىۋە: ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش. بۇ بولسا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ قورقۇشىدۇر. بۇ قورقۇش جەننەت ۋە دوزاخقا ئىمان ئېيتىش، تائەت ـ ئىبادەتكە ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتكە جەننەت ۋە دوزاخنىڭ جازا ـ مۇكاپات بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ قورقۇش ئىمان زەئىپ ياكى غەپلەت قاتتىق بولسا ئاجىز بولىدۇ. غەپلەت ئاخىرەت ئازابىنى ئەسلەش ۋە ئۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق يوقىلىدۇ. ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلارغا قاراش، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ياكى ئۇلار ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاش ئارقىلىق غەپلەت يوقىلىپ، سەگەكلىشىدۇ.

ئىككىنچى مەرتىۋە: ئاللاھ تائالادىن قورقۇش. بۇ بولسا ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچى ئالىملارنىڭ قورقۇش تۇيغۇسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىدىن قورقۇتىدۇ...﴾ «ئال ئىمران»: 3/28

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ سۈپەتلىرى قورقۇش ۋە ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىشتىن ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن ئارىسىغا پەردە تارتىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

زۇننۇن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇشنىڭ ئالدىدا دوزاختىن قورقۇش دېڭىزدىكى بىر تامچىغا ئوخشايدۇ».

بارلىق كىشىلەرنىڭ بۇ تۈرلۈك قورقۇشتىن بىر قىسىم نەسىبىسى بولىدۇ.

لېكىن، بۇ قورقۇش باشقىلارغا تەقلىد قىلىش بىلەن بولسا، خۇددى كىچىك بالىنىڭ دادىسىغا ئەگىشىپ يىلاندىن قورققىنىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تۈرلۈك قورقۇش ئاجىز بولىدۇ. چۈنكى، باشقىلارغا ئەگىشىپ تەقلىد بىلەن قىلىنغان ئېتىقادلار كۆپىنچە ۋاقىتتا ئاجىز بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئاجىز ئېتىقادلار داۋاملىق قورقۇشنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنى كۆرۈش، ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە تائەت - ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشقا داۋاملىشىپ كۈچەيسە ۋە بەندە ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇشقا يۈكسەلسە، بەندە ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالادىن مەجبۇر قورقىدۇ ۋە قەلبىگە قورقۇشنى جەلپ قىلىدىغان سەۋەبكە موھتاج بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالادىن مەجبۇر قورقىدۇ. كىمكى ئۇلارنى قىلىشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزسە ۋە ئۆزىنى داۋالىماقچى بولسا، ئۇنىڭ يولى قورقۇش ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى ۋە ساھابىلەردىن كەلگەن ئەسەرلەرنى ئاڭلاش، قورققۇچىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەھۋاللىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى ۋە مەرتىۋىلىرىنى ئۈمىد قىلغۇچىلار ۋە ئالدانغۇچىلارنىڭ مەرتىۋىلىرىگە سېلىشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق قورققۇچىلارغا ئەگىشىشنىڭ ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىدە شەك قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، قورقۇش پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئالىم ۋە ۋەلىيلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

«سەھىھۇ مۇسلىم»دىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلاردىن بىر كىچىك بالىنىڭ جىنازە نامىزىغا چاقىرىلدى، مەن: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ نېمىدېگەن بەختىيار بالا - ھە! يامانلىقنى كۆرمىگەن ۋە يامان ئەمەل قىلىپ سالىدىغان ياشقا بارمىغان جەننەتنىڭ قۇچقاچلىرىدىن بىر قۇچقاچ› دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئى ئائىشە! ئۇندىن باشقىچە بولسىچۇ؟ ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە جەننەتكە لايىق بولىدىغان كىشىلەرنى ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ ئۇمۇرتقىلىرى ئىچىدىكى ھالەتلىرىدە جەننەتكە لايىق كىشىلەر قىلىپ ياراتتى ۋە دوزاخقا لايىق كىشىلەرنى ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ ئۇمۇرتقىلىرى ئىچىدىكى ھالەتلىرىدە دوزاخقا لايىق بولىدىغان قىلىپ ياراتتى› دېدى»[1].

كۆرۈنۈشى ئۈمىد قىلىش، ئەمما قاتتىق قورقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆۋەندىكى بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك تۈيۈلىدىغان ئايەتلىرى قاتارىدىندۇر: ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلبەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن﴾[«تاھا»: 20/82]. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مەغپىرەت قىلىشنى توغرا ئەمەل قىلىش تەس

[1] مۇسلىم (2662).

بولغان تۆت شەرتكە باغلىدى.

قورقۇتقۇچى ئايەتلەردىن ئەسىر سۈرىسىدىكى بۇ ئايەتلەر بار:

﴿زامان بىلەن قەسەمكى! ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەبرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾103/«ئەسر»: 1 - 3. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە زىيان تارتىشتىن خالاس قىلىدىغان تۆت شەرتنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىز خاھلىساق، ھەربىر كىشىگە ئەلبەتتە ھىدايەت بېرەتتۇق، لېكىن مېنىڭ (گۇناھكارلارنى ئازاب قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمىم بېكىتىلىپ بولدى. مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار (يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرى) ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن﴾32/«سەجدە»: 13.

مەلۇمكى، ئەگەر ئىش ئەزەلدىن پۈتۈلمەيدىغان بولسا ئىدى، ئىنساندىكى تەمە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە بېرىپ تاقالغان بولاتتى. ئەمما، ئەزەلىي پۈتمىشنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا رازى بولماي ئامال يوق. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇغۇچىلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۈمىد بىلەن راھەتلەندۈرمىسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى قورقۇش ئوتىدا كۆيۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆلەر ۋاقتىدا ئىمانى تارتىلىپ كەتمەسلىكىدىن ئەمىن بولسا، ئۇنىڭدىن ئىمانى تارتىۋېلىنىدۇ»[1].

سۇفيان سەۋرىي ئۆلۈمنى سەزگەندە، يىغلاشقا باشلىدى، بىر كىشى:

— ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! مەن سېنى گۇناھلىرى كۆپ كىشى ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن، — دېگەنىدى، سۇفيان سەۋرىي يەردىن ئازراق توپا ئېلىپ:

— ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! مېنىڭ نەزەرىمدە گۇناھلىرىم بۇنىڭدىن يەڭگىلدۇر، لېكىن مەن ئۆلۈشنىڭ ئالدىدا ئىمانىمنىڭ تارتىلىپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى.

سەھل رەھىمەھۇللاھ دەيدۇ: «ئاللاھ رازىلىقىنى ئىرادە قىلغۇچى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بىلەن سىنىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغۇچى بولسا كۇفۇرلۇق بىلەن سىنىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ».

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر پەيغەمبەر ئاللاھ تائالاغا ئاچ ۋە يالىڭاچ قالغانلىقتىن

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (832).

شكايەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ:

— بەندەم! قەلبىڭنى ماڭا كافىر بولۇشتىن ساقلاپ قالغىنىمغا رازى بولمىدىڭمۇ؟ يەنە دۇنيا سورامسەن؟! — دېگەندە، ئۇ پەيغەمبەر:

— يوقسۇ، مەن رازى بولدۇم، رەببىم! مېنى كۇفۇردىن ساقلاپ قالغىن، — دەيدۇ».

بىدئەتچىلىك، مۇناپىقلىق، تەكەببۇرلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يامان سۈپەتلەر ئىنساننىڭ يامان ئاقىۋەتتە ئۆلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەف سالىھلەر مۇناپىقلىقتىن قاتتىق قورقاتتى.

ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مەن مۇناپىقلىقتىن پاك ئىكەنلىكىمنى بىلەلىگەن بولسام، بۇ ماڭا قۇياش نۇر چاچقان جىمى نەرسىلەردىن ياخشى بولغان بولاتتى».

ئۇلار ئەقىدىدىكى مۇناپىقلىقنى ئەمەس، بەلكى سەھىھ ھەدىستە كەلگىنىدەك، ئەمەللەردىكى مۇناپىقلىقنى كۆزدە تۇتاتتى.

ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ ۋە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»[1].

يامان ئاقىۋەتنىڭ مەنىسى (سوء الخاتمة)

يامان ئاقىۋەتتە ئۆلۈشنىڭ ئىككى دەرىجىسى باردۇر:

بىرىنچىسى، بۇ ئىككى دەرىجىنىڭ چوڭىدۇر. ئۇ بولسا: سەكراتقا چۈشكەندە ۋە ئۇنىڭ تەشۋىشلىرى باسقاندا قەلبىنىڭ شەك ۋە ئىنكار قىلىشقا يېڭىلىشى بولۇپ، بۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىش مەڭگۈلۈك ئازابقا قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالادىن بۇنداق ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمىز.

ئىككىنچىسى، بۇ بىرىنچىسىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرلىرىگە رازى بولماسلىق ۋە تەقدىرگە ئاغزاكى ئېتىراز قىلىش ياكى قىلغان ۋەسىيىتىدە ئادالەتسىزلىك قىلىش، ياكى مەلۇم بىر گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىقلار.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «ئادەم بالىسىغا ئۆلۈم كەلگەندە، شەيتان ئۇنىڭغا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (33، 6094)؛ مۇسلىم (59). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

قاتتىق ھۆجۇم قىلىدۇ ۋە ياردەمچىلىرىگە: ‹بۇ ئادەمنى ئازدۇرۇڭلار، ئۇ بۇگۈن دۇنيادىن كېتىپ قالسا ئۇنى ئازدۇرالمايسىلەر› دەيدۇ».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دۇئا قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، ئۆلۈم ۋاقتىدا شەيتاننىڭ ماڭا چېپىلىشىدىن پاناھ سورايمەن»[1].

خەتتابىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلۈم ۋاقتىدا شەيتاننىڭ چېپىلىشى بولسا شەيتاننىڭ ئىنسانغا ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇنى ئازدۇرۇپ، تەۋبە قىلىشىنى ياكى قىلغان زۇلمىنى تاشلىشىنى توسۇشى، ياكى ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈمنى يامان كۆرسىتىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە رازى بولماسلىققا ئېلىپ بېرىشىدۇر».

يامان ئاقىۋەتتە ئۆلۈشكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى تەپسىلى بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. لېكىن، ئۇنىڭغا ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشارە قىلىش مۇمكىن. ھاياتىنىڭ شەك ۋە ئىنكار قىلىش ئۈستىدە ئاخىرلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىش بىدئەتچىلىكتۇر. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ زاتى، سۈپەتلىرى، ئىشلىرى ھەققىدە بىراۋلارغا ياكى ئۆزىنىڭ بۇزۇق پىكرىگە ئەگىشىپ، خاتا بولغان ئېتىقادنى تۇتۇشتۇر. كىشىگە ئۆلۈم كېلىپ، پەردە ئېچىلغاندا ئۇ ئېتىقاد قىلغان نەرسىنىڭ باتىللىقىنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئىنسان ئۆزى ئىشەنگەن جىمى نەرسىلەرنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىدۇ.

بىر كىشى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنمەي ۋە تەكشۈرمەي، سەلەف سالىھلەرنىڭ يولى بويىچە تەلتۆكۈس ئېتىقاد قىلسا بۇ خەتەردىن قۇتۇلغاي. ئىنشائاللاھ.

گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلغان ھالەتتە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىش سەۋەبى بولسا ئەسلىدىلا ئىمانىنىڭ ئاجىز بولۇپ قېلىشىدۇر. ئاجىز ئىمان داۋاملىق گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. گۇناھ - مەئسىيەتلەر ئىمان نۇرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. ئىمان ئاجىز بولسا ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئاجىز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمانى ئاجىز ئىنسان سەكراتتا چۈشسە، دۇنيادىن ئايرىلىشقا چىدىمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىمانى تېخىمۇ ئاجىزلايدۇ. دېمەك، ھاياتىنىڭ بۇ خىل يامان ھالەتتە ئاخىرلىشىشىغا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئىمانى ئاجىزلىق بىلەن بىرگە، يەنە دۇنيانى

[1] ئەھمەد (15562)؛ ئەبۇ داۋۇد (1552)؛ نەسائىي (7917). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1282) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇليەسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ياخشى كۆرۈش ۋە دۇنياغا مايىل بولۇشتۇر. قەلبىدە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىنى دۇنيا مۇھەببىتىدىن يۇقىرى ھالەتتە ھېس قىلغان كىشى بۇ خەتەردىن يىراقتۇر. ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرگەن ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئىشتىياق باغلىغۇچى ياخشى بەندە ھالىتىدە كېلىدۇ. ئۇ بەندە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشى بىلەنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەزىزلىشىدىن سىرت ئۇچراشقۇسى خۇشال - خۇراملىق ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەستۇر.

كىمنىڭكى خىيالىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىنى ئىنكار قىلىش كىرگەن ياكى ئىزچىل ئاللاھ تائالاغا قارشى تۇرغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنداق كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا مەجبۇرىي كەلگەن بەندىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنداق كىشى ئۇچرايدىغان ئازابمۇ ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەستۇر.

بۇ خەتەرلەردىن سالامەت قېلىشنى كۆزلىگەن كىشى ھالاكەت سەۋەبلىرىدىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، قەلبلەرنىڭ ھەقتىن يۈز ئۆرۈشى ۋە ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشى ئاللاھ تائالادىن قورقۇۇچىلارنىڭ قەلبلىرىنى بىئارام قىلىدۇ.

«سەھىھەين»دە سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، بىر ئادەم كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ھالبۇكى ئۇ كىشى جەننەت ئەھلىدىندۇر. شەكسىزكى، يەنە بىر ئادەم كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ھالبۇكى ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر»[1]. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر بەندىنىڭ جېنى ئاسمانغا ئۆرلىسە، پەرىشتىلەر: ‹سۇبھانەللاھ (ئاللاھ پاكتۇر)، بۇ بەندە شەيتاندىن قۇتۇلدى، نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! ئۇ بەندە شەيتاندىن قانداق قۇتۇلغاندۇ؟!› دەيدۇ»[2].

يامان ئاقىۋەتتە ئۆلۈشنىڭ مەنىسىنى بىلگەن بولساڭ، بۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان خۇسۇسلاردىن ئېھتىيات قىلغىن! ۋە شۇنىڭغا لايىق ئەمەللەرنى قىلىپ تەييارلىق قىلغىن! تەييارلىق قىلىشنى كېچىكتۈرمىگىن! چۈنكى، ئۆمۈر قىسقىدۇر. بىلگىنكى، ھەر نەپەس ئېلىشىڭ ئۆلۈمگە بىر قەدەم يېقىنلاشقىنىڭدۇر. چۈنكى، نەپەس ئېلىۋاتقىنىڭدا جېنىڭ ئېلىنىشى مۇمكىن. ئىنسان قانداق ياشىغان بولسا، شۇنداق ۋاپات تاپىدۇ ۋە قىيامەتتە ۋاپات بولغان ھالىتىدە قوپىدۇ.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4207)؛ مۇسلىم (112).

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھىد»، (930). تابىئىنلاردىن ئابدۇلئەزىز ئىبنى رۇفەيئدىن مۇرسەلدۇر.

شۇنى بىلگىنكى، ئاخىرەتتىكە لايىقىدا تەييارلىق قىلىش پەقەت ئۆرە تۇرالىغۇدەك يېمەكلىككە قانائەت قىلىش ۋە تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەردىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلماسلىق بىلەنلا قولاي بولىدۇ. بىز نۆۋەتتە قەلبىگىدىكى بەزى قاتتىقلىقلارنى يوقىتىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلارنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى ساڭا بايان قىلىمىز. سەن پەيغەمبەرلەر ۋە ۋەلىيلەرنىڭ سەندىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسەن. نەپسىڭنىڭ پايدىسىغا تەييارلىق قىلىشىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن قاتتىق قورقىدىغانلىقىنى ئويلىغىن.

## پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ بايانى

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار ئۈز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ﴾16/«نەھل»: 50.

بىزگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ بىر تۈركۈم پەرىشتىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆكرەك مۇسكۇللىرى ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تىترەپ تۇرىدۇ»[1].

دەرلەركى: «ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەر ئىچىدە ئىككى كۆزىدىن دەرياغا ئوخشاش ياش ئاقىدىغان پەرىشتىلەر بار. ئۇنداق پەرىشتە بېشىنى كۆتۈرسە: ‹ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن، سەندىن لايىقىدا قورقمىدۇق› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: ‹مېنىڭ ئىسمىم بىلەن يالغاندىن قەسەم قىلىدىغانلار بۇنى بىلمەيدۇ› دەيدۇ»[2].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سەيىر قىلدۇرۇلغان كېچىسى جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالادىن قورققانلىقىدىن كونا تۇلۇمغا ئوخشاش بولۇپ قالغان ھالەتتە كۆردۈم»[3].

دەرلەركى: جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] مۇھەممەد ئىبنى نەسر ئەلمەرۋەزىي: «تەئزىمۇ قەدرىسسالاتى»، (260)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (886). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 1988) «زەئىف» دېگەن. تابىئىنلاردىن ئەدىي ئىبنى ئەرتا بىر ساھابەدىن ئاڭلىغان دەپ رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىققە ۋەلبۇكائ»، (407)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (4516). تابىئىنلاردىن زىياد ئىبنى ئەبى ھەبىبتىن مۇرسەلدۇر. سەنەدى زەئىف.

[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىققە ۋەلبۇكائ»، (410)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (4679)؛ ھەيسەمىي («مەجمەئۇززەۋائىد»، (246) بىلەن سۇيۇتىي («ئەلجامىئۇسسەغىر»، (8172): «سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 5864) «ھەسەن» دېگەن.

يىنىغا يىغلىغان ھالەتتە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ نېمىشقا يىغلايسەن؟ ـ دېدى. جىبرىل:

ـ ئاللاھ تائالا جەھەننەمنى ياراتقاندىن باشلاپ، مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ قالسام ئۇنىڭ مېنى جەھەننەمگە تاشلىشىدىن قورقۇپ، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇپ باقمىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى»[1].

يەزىد ئەررەققاشىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ ئەرش ئەتراپىدا قىيامەت كۈنىگىچە كۆزلىرىدىن دەرياغا ئوخشاش ياشلار ئاقىدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار خۇددى شامال دەرەخنى ھەرىكەتلەندۈرگەندەك، ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ مىدىرلاپ كېتىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە:

— سىلەر مېنىڭ قېشىمدا تۇرساڭلار، سىلەرنى نېمە قورقۇتىدۇ؟ — دەيدۇ. ئۇلار:

— رەببىمىز! ئەگەر ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى سېنىڭ قۇدرىتىڭ ۋە كاتتىلىقىڭدىن بىز بىلگەننى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇلار يېگەن - ئىچكىنىنى سىڭدۈرەلمىگەن، كۆرپە - تۆشەكلىرىدە يېيىلىپ ياتمىغان بولاتتى، بەلكى ئۇلار سەھرالارغا چىقىپ كالا مۆرىگەندەك مۆرىگەن بولاتتى، — دەيدۇ»[2].

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دوزاخ يارىتىلغان چاغدا پەرىشتىلەرنىڭ يۈرەكلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدىن چىقىپ كېتىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندا ئاندىن جايىغا كەلگەن ئىدى»[3].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «ئىبلىسنىڭ قىلمىشلىرى ئايان بولغاندا، جىبرىل بىلەن مىكائىل ئەلەيھىسسالاملار يىغلاشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا ئىككىسىگە ۋەھيى قىلىپ:

— نېمىشقا يىغلايسىلەر؟ — دېدى. ئىككىسى:

— بىز سېنىڭ جازالىشىڭدىن بىخەم بولالمايمىز، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا:

— مۇشۇ ھالدا بولۇڭلار، — دېدى»[4].

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «سىفەتۇننار»، (216)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (887). مۇرسەل ۋە سەنەدى زەئىپ. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، (6497) «توقۇلما» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىققە ۋەلبۇكائ»، (411). تابىئىنلاردىن يەزىد ئەررەققاشىيدىن مۇرسەلدۇر. سەنەدى زەئىپ.

[3] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 5/4. تابىئىنلاردىن تاۋۇستىن مۇرسەلدۇر. سەنەدى زەئىپ.

[4] ئەبۇششەيخ: «ئەلئەزەمە»، 383 - بەت. تەبەئى تابىئىن ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبى رەۋۋاد سەنەدسىز رىۋايەت قىلغان.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ بايانى

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە 300 يىل يىغلىدى ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىپ بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرمىگەن ئىدى»[1].

ۋۇھەيب ئىبنى ۋەرد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئوغلى ھەققىدە كايىپ: ﴿مەن ساڭا جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن﴾11/«ھۇد»: 46 دېگەندە، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ 300 يىل يىغلاپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئاستىدا ئېرىقتەك جىجىقلار پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى»[2].

ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا، ئاللاھ تائالادىن قورققانلىقىدىن كۆكسىدىن يىراقتىن ئاڭلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە يىغا ئاۋازى ئاڭلىناتتى»[3].

مۇجاھىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، 40 كۈن ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ يىغلاپ، يىغىسىدىن ئەتراپىدا بېشى چۆككىدەك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن ئىدى. ئاندىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام:

— پەرۋەردىگارىم! پېشانەم جاراھەتلەندى، كۆزۈمدە ياش قالمىدى، داۋۇدقا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىدىن ھېچ پايدا كەلمىدى، — دەپ نىدا قىلغاندى، ئۇنىڭغا:

— ئاچ قورساقمۇسەن؟ يېمەك بېرەي؟! كېسەل بولساڭ، شىپالىق بېرەي؟! زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولساڭ، ياردەم بېرەي؟! — دەپ خىتاب قىلىندى. بۇنى ئاڭلاپ داۋۇد ئەلەيھىسسالام قاتتىق يىغلىدى، بۇ يىغىدىن بارلىق ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر لەپىلدەپ كەتتى. شۇ چاغدا ئاندىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا مەغپىرەت قىلىندى»[4].

دەرلەركى: «كىشىلەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى كېسەل ئوخشايدۇ دەپ يوقلىشاتتى، ھالبۇكى ئۇ (كېسەل ئەمەس) ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەدىن قاتتىق قورققانلىقتىن كېسەلدەك بولۇپ قالغان ئىدى»[5].

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىققە ۋەلبۇكائ»، (311). سەنەدى زەئىپ.
[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىققە ۋەلبۇكائ»، (329). سەنەدى زەئىپ.
[3] بۇ رىۋايەتنىڭ سەنەدى بىرەر كىتابتىن تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى، ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر﴾11/«ھۇد»: 74 دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنى بۇنى كۆرسىتىدۇ.
[4] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىققە ۋەلبۇكائ»، (381). سەنەدى زەئىپ.
[5] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (174). سەنەدى زەئىپ.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈمنى ئەسلىسە، تېرىسىدىن قان تامچىلايتتى[1].

يەھيا ئىبنى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يىغلاپ، مەڭزى جاراھەتلىنىپ، ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى، ئانىسى كىگىزدىن ئىككى پارچە ياماق ياساپ ئۇنىڭ مەڭزىدىكى يوچۇقلار كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەڭزىگە چاپلاپ قويغان ئىدى[2].

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىچىك تىلى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە كۈلگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. رەسۇلۇللاھ پەقەت تەبەسسۇم قىلاتتى. ئاللاھ رەسۇلى ھاۋانىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ياكى بوران چىققانلىقىنى كۆرسە، قورققانلىقى يۈزىگە چىقاتتى. مەن ئۇ زات سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەر ھاۋانىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسە، يامغۇرنىڭ يېغىشىنى ئۈمىد قىلىپ خۇشال بولىدۇ، ھالبۇكى سىز ھاۋا تۇتۇلغانلىقىنى كۆرگەندە يۈزىڭىزدىن بىئاراملىق ئالامىتى كۆرۈۋاتىمەن، — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى ئائىشە! ئۇنىڭدا ئازاب بولۇپ قالماسلىقىدىن مەن قانداق ئەمىن بولالايمەن؟! بىر قەۋم بوران بىلەن ئازاب قىلىندى. ھالبۇكى، ئۇ قەۋم ئازابنى كۆرۈپ بۇ بىزگە ﴿يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر﴾[46/«ئەھقاف»: 24] دېگەن ئىدى، — دېدى»[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا يىغلىغانلىقتىن قورسىقىدىن قازاننىڭ قاينىغان ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى[4].

## ساھابەلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى

رىۋايەت قىلىنۇركى: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىلىنى تۇتاتتى ۋە ‹بۇ

[1] بۇ رىۋايەت «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»دا سەنەدسىز كەلتۈرۈلگەن.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىققە ۋەلبۇكائ»، (397). سەنەدى زەئىپ.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4828، 4829)؛ مۇسلىم (899).

[4] ئەھمەد (16355)؛ ئەبۇ داۋۇد (904)؛ نەسائىي (1156). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ئالبانىيلار: («سەھىھۇتتەرغىب»، 544) «سەھىھ» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

تىل مېنى ھالاكەت ئورۇنلىرىغا ئېلىپ كەلدى›. دەيتتى». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كاشكى مەن كېسىپ تاشلىنىپ، قالىنىدىغان دەرەخ بولغان بولسامچۇ!» ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا تەلھە، ئەبۇددەرداﺋ ۋە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ بۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەرنى قىلغان[1].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئايەتنى ئاڭلىسا، ئايەت تەسىر قىلىپ كېسەل بولۇپ قالاتتى ۋە باشقىلار ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى يەردىن بىر تال سامانني ئېلىپ: «كاشكى مەن مۇشۇ سامان بولۇپ قالغان بولسامچۇ! كاشكى مەن ﴿تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە﴾«ئىنسان»: 1/76 بولمىغان بولسامچۇ! كاشكى مېنى ئانام تۇغمىغان بولسىچۇ!» دېگەن ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يىغلىغانلىقتىن، ئىككى قارا سىزىق ئىزى پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ: «مەن ئۆلسەم تىرىلدۈرۈلمەسلىكنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم» دېگەن.

ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ مۇنداق دېگەن: «كاشكى مەن بىر قوچقار بولغان بولسام، ئائىلەم مېنى بوغۇزلاپ، گۆشۈمنى پىشۇرۇپ يېسە، شورپامنى ئىچسە دېگەننى ئارزۇ قىلىپ قالدىم».

ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «كاشكى! مەن شاماللار سورۇۋېتىدىغان كۈل بولۇپ قالغان بولسامچۇ!» دېگەن.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مېلىمنى باشقۇرىدىغان بىر ئادەم بولسا، مەن ئىشىكىمنى ئېتىۋېتىپ، ئاللاھ تائالاغا ئۇچراشقۇچە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي ئىبادەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم» دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مەڭزىدە كونا يىپقا ئوخشايدىغان ياش ئېرىقچىسى بار ئىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ: «كاشكى! مەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىرنەرسە بولسامچۇ!» دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتۇر: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابەلىرىنى كۆرگەنمەن، بۈگۈن ئۇلارغا ئوخشايدىغان بىركىمنى كۆرمىدىم. ئۇلار كۆپ ئىبادەت قىلىپ چاچلىرى رەتسىز، چاڭ - توزان باسقان

[1] تىرمىزىي (2312). سەنەدى ھەسەن.

هالەتتە تاڭ ئاتقۇزاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆچكىنىڭ تىزلىرىغا ئوخشاش ئىزلار بار ئىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى تىلەپ، كېچىلەرنى ﴿سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش﴾[25/«فۇرقان»: 64] بىلەن ئۆتكۈزەتتى. پېشانىلىرى ۋە قەدەملىرى ئارىسىدا نۇۋۆەتلەشكەن (يەنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان) ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ، كېچىلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار تاڭ ئاتقاندا ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ، شامال چىققاندا تەۋرەنگەن دەرەخكە ئوخشاش تەۋرىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار ئېقىپ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كېتەتتى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! مەن ھازىر كىشىلەرنى غەپلەتتە يېتىۋاتقاندەك كۆرۈۋاتىمەن».

## تابىئىنلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ بايانى

ھەرەم ئىبنى ھەييان رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! مەن تۆگە يەيدىغان بىر دەرەخ بولۇپ، تۆگە مېنى زېمىنغا قۇملاقداپ تاشلىسا، مەن قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابقا ئۇچراشمىسام دېگەننى ئارزۇ قىلىپ قالدىم. ھەقىقەتەن مەن قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ ئازابتىن قورقىمەن».

ئەلى ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئالسا يۈزى سارغىيىپ، ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا:

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دېيىلسە، ئۇ:

— سىلەر مېنىڭ كىمنىڭ ئالدىدا تۇرماقچى بولغىنىمنى بىلەمسىلەر؟! — دەيتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ رەھىمەھۇللاھ تولۇق بىر كېچە توختاپ قالماي يىغلايتتى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ ئۆلۈمنى ئەسلىگەندە، قۇشنىڭ ھەرىكەت قىلغىنىدەك ھەرىكەت قىلاتتى. يىغلاپ ياشلىرى ساقاللىرىنى نەمدەيتتى. بىر كېچىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز يىغلىدى، ئارقىدىن ئۆي ئەھلىمۇ يىغلىدى. ئۇلارنىڭ ياشلىرى توختىغاندا، پاتىمە:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! دادام ساڭا پىدا بولسۇن، نېمىشقا يىغلىدىڭ، — دەپ سورىغانىدى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز:

— مەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن قايتىش مەنزىلى ھەققىدىكى: ﴿بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە دوزاختا بولىدۇ﴾[42/«شۇرا»: 7] دېگەن ئايەتنى ئېسىمگە ئالدىم، — دېدى ۋە تۇۋلاپ ھوشىدىن كەتتى.

مەنسۇر بەيتۇلمۇقەددەسكە بارماقچى بولغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھقا سۆھبەتداش بىر ئابىدنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ماڭا سەن ئۆمەردىن كۆرگەن ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىشنى سۆزلەپ بەرگىن، — دېگەندى، ئابىد:

— ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىر كېچىسى مېنىڭ بۇ مەرمەر ئۆگزىلىك ھۇجرامنىڭ ئۆگزىسىدە ياتتى. مەن ئۇششۇمتۇت نودىن ئاققان سۇنى كۆرۈپ، ئۆگزىگە چىقسام، ئۆمەر سەجدىدە ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئاققان ياش نودىن چۈشۈۋاتاتتى، — دېدى.

بىرگە رىۋايەت قىلىنىدىكى: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە فەتىھ مەۋسىلىي ئىككىسى ئاللاھتىن قورقۇپ قان يىغلايتتى.

ئىبراھىم ئىبنى ئىيسا يەشكۇرىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «مەن بەھرەيىندە تەركى خالايىق ھالدا ئىبادەتكە بېرىلگەن بىر كىشىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەت ئىشلىرىدىن بىر ئىشنى ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەتسەم، بۇ گەپلەر تەسىر قىلىپ ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ جېنى چىقىپ كەتتى».

مىسمەئ رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «مەن ئابدۇرراھمان ئىبنى زەيدنىڭ يېنىغا باردىم، ئۇ ۋەز - نەسىھەت قىلىۋېتىپتىكەن. شۇ كۈنى شۇ سورۇندا ۋەز - نەسىھەت تەسىرىدىن تۆت كىشى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى».

يەزىد ئىبنى مىرسەد ناھايىتى كۆپ يىغلايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئەگەر رەببىم مېنى ئىسسىق مۇنچىغا قاماشنى ۋەدە قىلسىمۇ، ئەلبەتتە مەن قورقۇپ يىغلاشتىن توختىيالماي قالغان بولاتتىم. مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، رەببىم مېنى دوزاخقا قاماشنى ۋەدە قىلىۋاتسا، مەن قانداقمۇ يىغلاشتىن چارچاپ قالاي؟!»

سەرىييۇسسەقەتىي رەھىمەھۇللاھ: «مەن ھەركۈنى گۇناھىم سەۋەبلىك يۈزۈم قارىداپ كېتىشىدىن قورقۇپ بۇرنۇمغا قارايمەن» دېگەن.

ۋەلھاسىل، بۇ بايانلار پەرىشتىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئابىدلارنىڭ ۋە ۋەلىي - ئەۋلىيالارنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىدۇر. بىز ئۇلارغا قارىغاندا، ئاللاھ تائالادىن تېخىمۇ بەك قورقۇشقا لايىقمىز. لېكىن، قورقۇش گۇناھنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە مۇكەممەل ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ھاسىل بولىدۇ. نادانلىقىمىز غالىب كەلگەنلىكى ۋە قەلبىمىز قېتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا بىپەرۋا، خاتىرجەم ياشىماقتىمىز. ساپ قەلبنى ئازراق

قورقۇتۇشمۇ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. تاش قەلبكە ھەرقانداق ۋەز - نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ.

سەلەف سالىھلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مەن بىر ئابىدقا:

— ماڭا ۋەسىيەت قىلغىن، — دېگەنىدىم، ئۇ:

— ئەگەر سەن يىرتقۇچ ھايۋاناتلار ۋە ھاشاراتلار قورشىۋالغان، ئېھتىيات قىلمىسا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ياكى چىشلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ قورقۇپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ھالىتىدە بولۇشقا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق كىشىنىڭ ئورنىدا بولغىن، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— يەنە سۆزلەپ بەرگىن، — دېسەم، ئۇ ئابىد ماڭا:

— ئۇسسۇز قالغان كىشىگە ئازغىنە سۇ كۇپايە، — دېدى».

ئۇ ئابىدنىڭ بۇ كىشىگە ئېيتقان يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ھاشاراتلار قورشىۋالغان بىر كىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ھەققىدىكى سۆزى ھەقىقەتتە مۇئمىن ھەققىدە دېيىلگەن سۆزدۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئىچ دۇنياسىغا قەلب كۆزى بىلەن قارىغان كىشى باتىنىنى غەزەپلىنىش، ئاداۋەت تۇتۇش، ھەسەت قىلىش، تەكەببۇرلۇق، كۆرەڭلەش، رىياكارلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يامان سۈپەتلەردىن ئىبارەت يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ھاشاراتلار بىلەن تولغان ھالەتتە كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئېھتىياتسىزلىق قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى چىشلەيدۇ ياكى چاقىدۇ. لېكىن، مۇئمىن بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى كۆرەلمەيدۇ. ئىنسانغا ئۆلۈم كېلىپ، پەردە ئېچىلىپ، قەبرىگە قويۇلغاندا بۇ يامان سۈپەتلەرنى زەھەرلىك يىلان - چايانلار سۈرىتىدە كۆرىدۇ. ئۇ يىلان - چايانلار بولسا مەرھۇمنىڭ دۇنيادىكى يامان سۈپەتلىرىدۇر. كىمكى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ يامان سۈپەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە قادىر بولالىسا شۇنداق قىلسۇن! ئەگەر ئۇنى قىلالمىسا، ئۇلارنىڭ چېقىشىغا ئۆزىنىڭ تاشقى تېرىسىدىن سىرت، قەلبىنىڭ ساپ يېرىدىن ئورۇن بەرگەن بولىدۇ.

قورقۇش توغرىسىدىكى تېما ئاخىرلاشتى.

# يىگىرمە بەشىنچى بۆلۈم: زاھىدلىق ۋە يوقسۇللۇق توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش كۈللى خاتالىقلارنىڭ بېشىدۇر. دۇنيانى يامان كۆرۈش بولسا بارچە تائەت - ئىبادەتنىڭ ئۇلىدۇر. ئىلگىرى سۆزلەنگەن «ھالاك قىلغۇچى ئىشلار» قىسمىدا دۇنيانىڭ خۇش كۆرۈلمەيدىغانلىقى بارىدا سۆزلەندى. بىز نۆۋەتتە دۇنيانى يامان كۆرۈشنىڭ پەزىلىتى ۋە دۇنيادا زاھىد بولۇشنىڭ ئەردەمى ھەققىدە سۆزلەيمىز. چۈنكى، ئۇ ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان ئىشلارنىڭ بېشىدۇر. دۇنيانى تاشلاش دۇنيانىڭ بەندىدىن يىراقلىشىشى بىلەن بولسا، بۇ «يوقسۇللۇق» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئەگەر بەندىنىڭ دۇنيادىن يىراقلىشىشى بىلەن بولسا، بۇ «زاھىدلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىنسانىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتە دەرىجىسى، ئۇنىڭغا دوزاختىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىشتە ۋە ئۇنى جەننەتكە ئېرىشتۈرۈشتە ھەسسىسى بولىدۇ.

بىز يوقسۇللۇق ۋە زاھىدلىق، ئىككىسىنىڭ دەرىجىلىرى، قىسىملىرى ۋە ئىككىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئىككى بابقا بۆلۈپ سۆزلەيمىز.

## بىرىنچى باب يوقسۇللۇق توغرىسىدا

### يوقسۇللۇقنىڭ ھەقىقىتى، يوقسۇل كىشىنىڭ ھال ۋە ئاتاقلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، يوقسۇل دېمەك بىر نەرسىگە موھتاج بولغۇچى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالادىن ئۆزگە ھەرقانداق مەخلۇق باشقا نەرسىگە موھتاجدۇر. چۈنكى، ئۇ مەخلۇق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشقا موھتاجدۇر. مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدىن كېلىدۇ.

بەندىنىڭ تۈرلۈك ھاجەتلىرىگە قوشۇمچە بولغان ئېھتىياجى سان - ساناقسىزدۇر. ھاجەتلەر ئىچىدە مال بىلەن قانائەت تاپىدىغان ھاجەتلەر بولىدۇ. ئىنسان كەمبەغەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى بەش ھالەت بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى ھالەت: كەمبەغەل كىشى ئۆزىگە بىرەر مال كەلسە، ئۇنى خاھلىماي، ئۇنىڭدىن مالامەت تارتىپ، مالنىڭ يامانلىقى ۋە تائەت - ئىبادەتتىن مەشغۇل قىلىشىدىن ساقلىنىپ ئۇنى ئېلىشتىن قېچىش. بۇ ھالەت ئىگىسى«زاھىد» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى ھالەت: مالغا قىزىقماسلىق، لېكىن مالغا ئېرىشىپ قالسا سۆيۈنۈش، مالامەت تارتىش دەرىجىدە مالنى يامان كۆرمەسلىك. بۇ ھالەت ئىگىسى «مەمنۇن بولغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچى ھالەت: مالغا قىزىقىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مالنىڭ بار بولۇشى يوقلۇقىدىن سۆيۈملۈك بولۇش. لېكىن، مالغا قىزىقىشى بولغان بىلەن ئۇنىڭ يولىدا تىرىشماسلىق، بەلكى كۆپ مال كەلسە ياكى باشقىلار كەڭ قوللۇق قىلىپ مال بەرسە، مالنى خۇشاللىق بىلەن ئېلىش. مۇشەققەت بىلەن ئېرىشىلىدىغان مال ئۈچۈن ئاۋارە بولماسلىق. بۇ ھالەت ئىگىسى «قانائەت قىلغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆتىنچى ھالەت: مال تېپىشتىن ۋاز كېچىش قۇربى يەتمىگەنلىكىدىن بولۇش، ئەگەر قۇربى يەتسە مالغا قىزىقىش ۋە ئىشلەپ چارچاپ تۇرۇپ مال تېپىشقا يول تاپسا، ئۇنى جاپادىن قورقماي تېپىش. بۇ ھالەت ئىگىسى «مالغا ھېرىسمەن كىشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەشىنچى ھالەت: يېمەك - ئىچمەكنى يوقتىن قويغان ئاچ قورساق كىشى ياكى كىيىم - كېچەكنى يوقتىن قويغان يالىڭاچ كىشىگە ئوخشاش ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىنى تېپىشقا مەجبۇرلانغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ قېلىش. بۇنداق ھالەت ئىگىسى ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىنى تەلەپ قىلىشتىكى قىزىقىشى ئاجىز بولسۇن ياكى كۈچلۈك بولسۇن «ئىلاجىسىز قالغان كىشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ بەش ھالەتنىڭ ئەڭ ئەلاسى زاھىدلىقتىن ئىبارەت بىرىنچى ھالەتتۇر. بۇنىڭ كەينىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىر ھالەت بار. ئۇ بولسا بىر كىشىنىڭ يېنىدا مال بولۇشى بىلەن مال بولماسلىقنىڭ بەرىبىر بولۇش ھالىتىدۇر. بۇنداق كىشى مال تاپسا، ئۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتمەيدۇ، تاپالمىسا ئەلەم تارتمايدۇ. بىز ئىلگىرى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلدۇقكى: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئىككى كېچىك خالتىدا مال كەلگەنىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى شۇ كۈنىلا تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۇنىڭ ئايال خىزمەتچىسى:

—— سىز بۈگۈن تەقسىم قىلغان پۇللاردىن بىر تەڭگىگە بىز ئېپتار قىلغۇدەك گۆش سېتىۋالغان بولسىڭىزچۇ، —— دېگەنىدى، ئائىشە ئۇنىڭغا:

— ئەگەر ئېسمگە سالغان بولسگىز سېتىۋالاتتىم، — دېدى»[1].

بىر كىشىنىڭ ئەھۋالى بۇ ھالەتتە بولسا، پۈتۈن دۇنيا ئۆز قولىدا بولغان تەقدىردىمۇ دۇنيا ئۇنىڭغا زىيان سالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ماللارنى ئۆزىنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ خەزىنىسىدە دەپ قارايدۇ. بۇ ھالەت ئىگىسى «بىھاجەت بولغۇچى» دەپ ئاتىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ كىشى مالىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن تامامەن بىھاجەتتۇر. زاھىد كىشى دۇنيا بار بولسۇن ياكى يوق بولسۇن دۇنياغا قىزىقمىسا، بۇ ئەڭ مۇكەممەللىكتۇر.

ئەھمەد ئىبنى ئەبىلھەۋارىي رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ سۇلايمان ئەددارانىيغا مۇنداق دېگەن: «مالىك ئىبنى دىنار مۇغىرەگە:

— ئۆيگە بارغىن، سەن ماڭا ھەدىيە قىلغان زاكات مالنى ئالغىن، چۈنكى شەيتان ماڭا مالنى ئوغرى ئالدى دەپ ۋەسۋەسە قىلىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى، ئەبۇ سۇلايمان:

— بۇ بولسا زاھىدلىقنىڭ ئاجىزلىقىدىندۇر، — دېدى».

ئۇ كىشى ئالغان دۇنيالىقىدىن ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان نەرسىدىن يۈز ئۆرىدى. شۇڭا، مالدىن قېچىش ۋە مالغا قىزىقماسلىق مال ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قورقىدىغان ئاجىز كىشىلەر ھەققىدە مۇكەممەللىكتۇر. كۈچلۈك پەيغەمبەرلەرگە مالنىڭ بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ بولماسلىقى بەرىبىردۇر. بەزىدە كۈچلۈك ئادەم ئاجىز ئادەملەر مالنى تەرك ئېتىشتە ئۆزىگە ئەگىشىشى ئۈچۈن مالدىن قاچقاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## پەسىل: يوقسۇللۇقنىڭ پەزىلىتى ۋە يوقسۇللۇقنىڭ بايلىقتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا يوقسۇللارنى ماختاپ دېگەنكى: ﴿ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير - ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر﴾ («بەقەرە»: 273/2).

[1] «مۇسنەدۇ ئىبنى راھۇۋەيھ»، 36/2.

﴿(ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ــ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر﴾59/«ھەشر»: 8.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ كۆپتۇر. جۈملىدىن: «سەھىھەين»دە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قارىسام، ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەل - بىچارىلەر ئىكەن، بايلار بولسا (ھېساب - كىتابلىرى ئۈزىراپ كەتكەچكە مەھشەرگاھتا) توختىتىلىپ تۇرۇپتۇ»[1].

«سەھىھەين»دىكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئاللاھ! مۇھەممەدنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ رىزقىنى ئۇدۇللۇق يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلغان[2].

«سەھىھەين»دە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى مەدىنىگە كەلگەندىن تارتىپ تاكى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۈچ كۈن ئۇدا بۇغداي تامىقىغا تويۇپ باقمىغان»[3].

ئىمام مۇسلىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «مەن رەسۇلۇللاھنى قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك ناچار خورمىمۇ تاپالماي، كۈن بويى تولغانغان ھالەتتە كۆرەتتىم»[4].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يوقسۇل مۇئمىنلەر باي مۇئمىنلەردىن 500 يىل ئىلگىرى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[5]. تىرمىزي «سەھىھ ھەدىس» دېگەن.

رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (5196)؛ مۇسلىم (2736). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (6460)؛ مۇسلىم (1055).

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (5416)؛ مۇسلىم (2970).

[4] مۇسلىم (2978).

[5] ئەھمەد (7933)؛ تىرمىزي (2354). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىيمۇ: («سەھىھۇلجامىئ» ، 3326، 3327) «سەھىھ» دېگەن.

«بايلار بىلەن ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىڭ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە دېگەنكى: «قىيامەت كۈنى بىر بەندە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا خۇددى دۇنيادا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ئۆزرە ئېيتقاندەك ئۆزرە ئېيتىپ:

— كامالى قۇدرىتىم ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى خارلاش ئۈچۈن دۇنيانى سەندىن يىراق قىلمىدىم، بەلكى ساڭا تەييارلىغان ئىززەت - ھۆرمەت ئۈچۈن، دۇنيانى سەندىن يىراق تۇتتۇم. ئى بەندەم! بۇ سەپلەرگە چىققىن، كىمكى مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلەپ ساڭا تاماق بەرگەن، كىيىم بەرگەن بولسا ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىن، ئۇ سېنىڭدۇر، — دەيدۇ»[2].

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېيىلدى: «ئەگەر يوقسۇللۇقنىڭ ساڭا يۈزلەنگىنىنى كۆرسەڭ، ‹سالىھلارنىڭ ئالامىتى خۇش كەپسىز› دېگىن. بايلىقنىڭ ساڭا يۈزلەنگىنىنى كۆرسەڭ، ‹جازاسى ئالدىرىتىلغان گۇناھ› دېگىن».

ئەبۇددەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىككى تەڭگە ئىگىسى بىر تەڭگە ئىگىسىدىن قاتتىقراق ھېساب بېرىدۇ» دېگەن.

سۇفيان سەۋرىي رەھىمەھۇللاھنىڭ سورۇنىدا يوقسۇللار بايلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

بىر ئادەم ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ يېنىغا ئون مىڭ تەڭگە ئېلىپ كەلدى، لېكىن ئىبراھىم ئۇنى قوبۇل قىلماي: «سەن مېنى يوقسۇللارنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتەي دەمسەن؟! ئالمايمەن» دېدى.

رەسۇلۇللاھ: «ئىسلامغا ھىدايەت قىلىنغان، يېتەرلىك رىزىقتا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بەرگەن نەرسىگە قانائەت قىلىدىغان كىشى سۆيۈنسۇن»[3] دېگەن.

بىز «قانائەت قىلىش ھەققىدە»، «ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى» ۋە «مالنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى» دېگەن تېمىلاردا بۇ ھەقتىكى

[1] تىرمىزىي (1780). تىرمىزىي بىلەن ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1288) «ئىنتايىن زەئىف» دېگەن.

[2] بۇ ھەدىسنى ئەبۇششەيخ: «ئەسسەۋاب» ناملىق كىتابىدا زەئىف سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان. قاراڭ: ئىراقىي: «تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھياﺋ»، 89/4.

[3] ئەھمەد (23989)؛ تىرمىزىي (2349). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1506) «سەھىھ» دېگەن. فەزالە ئىبنى ئەبىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

مەزمۇنلارنى بايان قىلىدۇق. بۇ يەردە ئۇنى قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. قاتتىق سەبىر قىلىش بىلەنلا قانائەت قىلىشقا قادىر بولغىلى بولىدۇ.

## باي بىلەن يوقسۇلنىڭ قايسىسىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا

باي بىلەن يوقسۇلنىڭ قايسىسىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ زاھىرى يوقسۇل كىشىنىڭ بايدىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن بۇ يەردە بۇ ھەقتە تەپسىلى سۆزلەش لازىم. بىز دەيمىزكى: مالغا ھېرىس ئەمەس يوقسۇل بىلەن، مېلىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدىغان شۈكۈر قىلغۇچى باي ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ ياكى مالغا ھېرىس يوقسۇل بىلەن دۇنياپەرەست باي ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى بارىدا پىكىر ئىختىلاپى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قانائەتچان يوقسۇلنىڭ مېلىنى چىڭ تۇتۇۋالىدىغان بېخىل بايدىن ئەۋزەللىكى ۋە مېلىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدىغان باينىڭ مالغا ھېرىسمەن يوقسۇلدىن ئەۋزەللىكى ھېچكىشىگە مەخپىي ئەمەس. ئەگەر باي كىشى مېلى بىلەن مۇباھ ئىشلاردا مەنپەئەتلىنىدىغان باي بولسا، ئۇنىڭدىن قانائەتچان يوقسۇل ئەۋزەلدۇر.

بۇ ھەقتە ئوچۇق سۆزلىسەك: ئۆزىنى دەپ ئەمەس، باشقا نەرسە ئۈچۈن كۆزلىنىدىغان نەرسە مەقسەت قىلىنىدىغان نەرسىگە قوشۇۋېتىلىشى كېرەك. چۈنكى، شۇنىڭ بىلەنلا ئۇنىڭ پەزىلىتى نامايەن بولىدۇ. دۇنيادىن ھەزەر ئەيلەشمۇ دۇنيانىڭ ئۆزى سەۋەبلىك ئەمەس. بەلكى دۇنيا ئاللاھ تائالاغا يېتىشكە توسالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. يوقسۇللۇقمۇ ئۆزى سەۋەبلىك كۆزلەنمەيدۇ. بەلكى، ئاللاھ تائالاغا يېتىشكە توسالغۇ بولغان توسۇقنى يوقىتىش ۋە ئۇ توسۇق بىلەن ئاۋارە بولماسلىق ئۈچۈن كۆزلىنىدۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش نۇرغۇن بايلار باركى، بايلىقى ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن يىراقلاشتۇرمىغان ئىدى. ئوسمان ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ شۇنداق ئىدى.

نۇرغۇن يوقسۇل كىشىلەر باركى، يوقسۇللۇقى ئۇنى كېرەكلىك تائەت - ئىبادەتلەردىن توسىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق قىلىشتىن قايتۇرىدۇ. ئۇنى بىردىنبىر مەشغۇل قىلىدىغان نەرسە بولسا ئۇنىڭ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشىدۇر. چۈنكى، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئىككىسى ھەرگىزمۇ بىر يەرگە جەم بولمايدۇ. چۈنكى، بىرنەرسىنى ياخشى كۆرگۈچى شۇ نەرسىدىن ئايرىلسۇن ياكى ئۇ

نەرسىنىڭ ۋىسالىغا يەتسۇن، بەرىبىر شۇ نەرسە بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، بەلكى بەزىدە ئايرىلغاندا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ.

دۇنيا بولسا غاپىل كىشىلەرنىڭ مەشۇقىدۇر. يەنى دۇنيادىن مەھرۇم قالغان كىشى ئۇنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. دۇنيا يىغىشقا قادىر بولغان كىشى ئۇنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بەھرىمەن بولۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئىشقا تېخىمۇ بەك ئېتىبار بەرمەكچى بولساڭ، بىلگىنكى، يوقسۇل كىشى خەتەردىن يىراقتۇر. چۈنكى، كەڭرىچىلىك پىتنىسى تارچىلىق پىتنىسىدىن قاتتىق بولىدۇ. يوقسۇللۇق ئارقىلىق گۇناھلاردىن سالامەت قالغىلى بولىدۇ. ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى بايلىققا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرىئەتتە بايلىقنى ئەيىبلەش ۋە يوقسۇللۇقنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش ھەققىدە ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلدى. يوقسۇللۇقنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى دەلىللەر ئىلگىرى سۆزلەندى.

يوقسۇللۇقنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدىغان ھەدىسلەردىن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا باي ۋە يوقسۇل بولغان ئىككى مۇئمىن جەننەتتە ئۇچرىشىپ قالىدۇ، يوقسۇل مۇئمىن جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ، باي مۇئمىن بولسا ئاللاھ خاھلىغان مۇددەتكىچە جەننەتكە كىرىشتىن توختىتىلىپ قويۇلۇپ، ئاندىن جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. يوقسۇل مۇئمىن ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يولۇقۇپ:

— ئى قېرىندىشىم! سېنى جەننەتكە كىرىشتىن نېمە توختىتىپ قويىدى، سەن توختىتىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن، سەندىن بەك ئەنسىرىدىم، — دەيدۇ. باي مۇئمىن:

— ئى قېرىندىشىم! سەن كەتكەندىن كېيىن، مەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئورۇندا توختىتىلدىم، سېنىڭ يېنىڭغا بەدىنىمدىن ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ چۈچۈمەل ئۆسۈملۈك يېگەن تۆگىلەردىن مىڭ تۆگە ئىچسىمۇ قانغۇدەك دەرىجىدە ناھايىتى كۆپ تەر ئاققاندىن كېيىن كەلدىم، — دەيدۇ»[1].

شۇنى بىلگىنكى، ياخشى كۆرگەن مەھبۇبىدىن ئايرىلىش قىيىن ئىشتۇر. سەن دۇنيانى ياخشى كۆرسەڭ، ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىسەن. شۇ سەۋەبتىن، سېنىڭ ئۆلۈم بىلەن ئۇچرىششىڭ سەن ياخشى كۆرگەن نەرسەڭدىن ئايرىلىشىڭ ۋە يامان كۆرگەن نەرسىگە قۇچاق ئېچىشىڭدۇر. مەھبۇبىدىن ئايرىلغان

[1] ئەھمەد (2771). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 6779) «زەئىپ» دېگەن.

ھەرقانداق كىشىنىڭ ئازابى مەھبۇبىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇرغان مۇناسىۋىتىنىڭ مىقدارىچە قاتتىق ياكى يەڭگىل بولىدۇ. شۇڭا، سەندىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان زات ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشۈڭ ۋە سەندىن ئايرىلىپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى دۇنيانى ياخشى كۆرمەسلىكىڭ كېرەك.

## پەسىل: يوقسۇل كىشىنىڭ يوقسۇللۇق ھالىتىدىكى ئەدەبلىرى توغرىسىدا

يوقسۇل كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى يوقسۇللۇق بىلەن سىنىغانلىقىنى يامان كۆرمەسلىكى، بەلكى ئۇ سىناقتىن مەمنۇن ۋە خۇشال بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگۈچى ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلغۇچى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە، يوقسۇللۇقنى مەخلۇقاتقا شىكايەت قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا دېمىسە، يوقسۇللۇق بۇنداق كىشى ئۈچۈن ئازابتۇر. شۇڭا، يوقسۇل كىشى يوقسۇللۇقتىن نارازىلىقىنى ئاشكارا قىلماي، بەلكى نومۇسچان ۋە سەبىرچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا دېگەنكى: ﴿ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر﴾2/«بەقەرە»: 273.

يوقسۇل كىشى باينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بايلىقى سەۋەبلىك كەمتەر بولۇپ بەرمەسلىكى ۋە بايلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا قىزىقماسلىقى كېرەك.

يوقسۇل كىشى يوقسۇللۇق سەۋەبىدىن ئىبادەت قىلىشتىن ھېرىپ قالماسلىقى ۋە ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىشتىن ئۆزىنى تارتماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئاز بولسىمۇ ئېھتىياجىدىن ئارتقان نەرسىنى سەدىقە قىلىش يوقسۇل كىشىنىڭ كۈچىنىڭ يەتكىنىچە قىلغان ئەۋزەل سەدىقىسى قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! قايسى سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل؟ ـــ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ:

ـــ يوقسۇل كىشىنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياكى نامرات كىشىگە مەخپىي ھالدا قىلغان سەدىقىسى، ـــ دەپ جاۋاب بەرگەن»[1].

[1] ئەھمەد (21592)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (7814)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (3298). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («ئەلئىرۋائ»، 897) «زەئىف» دېگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

## يوقسۇل كىشىنىڭ ھەدىيە قوبۇل قىلىش ئەدەبلىرىنىڭ بايانى

يوقسۇل كىشى سورىمىسىمۇ، باشقىلاردىن ئۇنىڭغا مال كەلگەن بولسا، ئۆزىگە كەلگەن ئۇ مال ھەققىدە ئۈچ ئىشنى ئويلىنىشى كېرەك:

1) مالنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك؛

2) مالنى بەرگۈچىنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك؛

3) ئۆزىنىڭ مالنى ئېلىشتىكى مەقسىتى ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك.

شۇ مال ئۈستىدە ئويلىنىشقا كەلسەك، يوقسۇل كىشى ئالماقچى بولغان مال بارلىق شۈبھىلەردىن خالىي مال بولۇشى، ئەگەر ئۇنىڭغا بېرىلگەن مال شۈبھىلىك مال بولسا ئۇنى ئېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

«ھالال ۋە ھارام ھەققىدە» دېگەن تېمىدا شۈبھىنىڭ دەرىجىلىرى، ساقلىنىش ۋاجىب ۋە مۇستەھەب نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەندى.

مالنى بەرگۈچىنىڭ مەقسىتىگە كەلسەك:

بىرىنچى: ئۇ مال يوقسۇل كىشى ياخشى كۆرىدىغان، ھەدىيە سۈپىتىدە بېرىلگەن مال بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ھالەتتە بېرىلگەن مال پارا مال بولمىسا ۋە بېرىپ بولغاندىن كېيىن مىننەت قىلىدىغان مال بولمىسا، ئۇنى ھەدىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

ئىككىنچى: مال بەرگۈچىنىڭ مەقسىتى ساۋاب بولۇشى مۇمكىن. ساۋاب ئۈچۈن بېرىدىغان مال بولسا سەدىقە ۋە زاكاتتۇر. يوقسۇل كىشى بۇ ھالەتتە «مەن بۇ مالغا لايىقمۇ ياكى لايىق ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۆزىدىكى سۈپەتلەرگە قاراپ بېقىشى كېرەك.

ئەگەر ئۆزىگە كەلگەن مالنى ئېلىش ياكى ئالماسلىق زادى مۇجمەل بولسا، ئۇ مال شۈبھىلىك مالدۇر. ئەگەر سەدىقە بەرگۈچى ئۇ مالنى ئۇنىڭغا دىنىدار بولغانلىقى سەۋەبلىك بەرگەن بولسا، سەدىقە ئالماقچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن تەرىپىگە قارىسۇن. ئەگەر ئۇ مال ئۇ كىشى يوشۇرۇن بىر گۇناھ - مەئسىيەت قىلغان ھالىتىدە كەلگەن بولسا، بەرگۈچىنىڭ ئۇنى بىلىپ قالسا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ مالنى ئالماسلىقى كېرەك. شۇنىڭدەك يوقسۇللىنى ئالىم دەپ ئويلاپ بەرگەن بولسا ۋە مالنى ئالغۇچى ئالىم بولمىسا

ئۇنى ئالماسلىقى كېرەك.

ئۈچىنچى: (بەزىدە) مال بەرگۈچىنىڭ مال بېرىشتىكى مەقسىتى شۆھرەت قازىنىش، رىيا قىلىش ۋە نام - ئابرۇي تېپىش بولىدۇ. بۇنداق مالنى ئالماي، مال بەرگۈچىنىڭ بۇزۇق مەقسىتىنى رەت قىلىش لازىم. چۈنكى، بۇنداق مەقسەتلىك بېرىلگەن مالنى قوبۇل قىلىش بۇزۇق مەقسەتكە ياردەم بەرگەنلىكتۇر.

يوقسۇلنىڭ مالنى ئېلىشقا كەلسەك، يوقسۇل ئۆزىنىڭ ئۇ مالغا ئېھتىياجى بار ياكى يوقلۇقىغا قارىسۇن! ئەگەر ئۇ مالغا ئېھتىياجى بولمىسا، ئۇنى ئالماسلىقى كېرەك. ئەگەر مالغا ئېھتىياجى بولسا ۋە مال بىز تىلىغا ئېلىپ ئۆتكەن شۈبھە ۋە ئاپەتلەردىن سالامەت بولسا مالنى ئېلىش ئەۋزەل.

«سەھىھەيىن»دە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن تەمە قىلماستىن ۋە تىلىمەستىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۇل ـ مال كېلىپ قالسا، ئۇنى قوبۇل قىلغىن. ئەمما، (ماڭا بىرنەرسە كېلىپ قالسىكەن دەپ) تەمەدە بولمىغىن!» دېگەن[1]

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «كىمگە قېرىندىشى تەرەپتىن ئۇ تەمە قىلمىسىمۇ، سورىمىسىمۇ مال كەلگەن بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلسۇن، رەت قىلمىسۇن. ئۇ بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كەلتۈرۈپ بەرگەن رىزىقتۇر» دېگەن[2].

## پەسىل: زۆرۈرىيەتسىز تىلەشنىڭ ھاراملىقى ۋە تىلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان يوقسۇل كىشىنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا

بىلگىنكى، تىلەمچىلىك قىلىشتىن چەكلەش ۋە تىلەشكە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا ھەدىسلەر كەلدى.

تىلەمچىلىك قىلىشنىڭ رۇخسەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ھەدىسلەردىن بىرى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تىلىگۈچى ئات ئۈستىدە كەلسىمۇ ئۇنىڭ ھەققى بار» دېگەن ھەدىسىدۇر[3].

يەنە بىر ھەدىستە: «تىلەمچىنى قويىنىڭ كۆيۈپ كەتكەن تۇيىقى بىلەن

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7164)؛ مۇسلىم (1045).

[2] ئەھمەد (17965). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت، ھاكىم (2363) ۋە زەھەبىيلەر: ««سەنەدى سەھىھ» دېگەن. خالىد ئىبنى ئەدىي ئەلجۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] ئەھمەد (1730)؛ ئەبۇ داۋۇد (1666). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 4746) «زەئىپ» دېگەن. ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

بولسمۇ قايتۇرۇڭلار» دېيىلگەن[1].

ئەگەر تىلەش مۇتلەق ھارام بولسا ئىدى، تىلەمچىگە بېرىشمۇ (ئۇنىڭغا) ياردەم بەرگەنلىك بولغاچقا، تاجاۋۇزچىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ياردەم بېرىش ھەرگىز دۇرۇس بولمىغان بولاتتى.

تىلەمچىلىك قىلىشتىن چەكلەش ھەققىدىكى ھەدىسلەرگە كەلسەك، «سەھىھەين»دە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايسىبىرىڭلاردا تىلەمچىلىك يۈز بېرىۋېرىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا يۈزىدە بىر پارچىمۇ گۆش قالمىغان ھالدا بارىدۇ» دېگەن[2].

«سەھىھەين»دىكى يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى پاك تۇتۇشنى تىلىغا ئېلىپ: «ئۈستۈن قول تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر» دېگەن[3]. ئۈستۈن قول بەرگۈچى، تۆۋەن قول بولسا تىلىگۈچى قولدۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئۆز ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك نەرسىسى تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تىلەمچىلىكى يۈزىدە تاتۇق ئىزى ياكى تىرناق ئىزى بولۇپ كېلىدۇ» دېگەن[4]. بۇ بولسا ھەسەن دەرىجىدىكى ھەدىستۇر.

بۇ مەنىدىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

خۇلاسە كالام: تىلەمچىلىك قىلىش ئەسلىدە ھارام. چۈنكى، تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچ ھالەتتىن ئايرىلمايدۇ:

1) شىكايەت قىلىش؛

2) ئۆزىنى خار قىلىش؛ «مۇئمىنگە ئۆزىنى خار قىلىش لايىق ئەمەستۇر»[5].

[1] ئەھمەد (23281)؛ نەسائىي (2357). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3502) «سەھىھ» دېگەن. ئۇممۇ بۇجەيد ھەۋۋا بىنتى سەكەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1474)؛ مۇسلىم (1040). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1429)؛ مۇسلىم (1033). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[4] ئەبۇ داۋۇد (1626)؛ تىرمىزىي (650)؛ نەسائىي (2429). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 1490) «سەھىھ» دېگەن.

[5] ئەھمەد (23491)؛ تىرمىزىي: (2769) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 613) «سەھىھ» دېگەن. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

3) كۆپىنچە ۋاقىتتا بىرنەرسە بېرىشى تەلەپ قىلىنغۇچىغا ئەزىيەت بېرىش.

تىلەمچىلىك قىلىش پەقەت ئىلاجىسىزلىق ھالىتىدە ياكى ئىلاجىسىزلىققا يېقىن مۇھىم ھاجەت ۋاقتىدا رۇخسەتتۇر.

ئىلاجىسىز قالغان كىشىگە كەلسەك، ئاچ قالغان كىشى ئۆلۈپ قېلىشتىن ياكى كېسەل بولۇپ قېلىشتىن قورقسا تىلەمچىلىك قىلىشىغا رۇخسەتتۇر ۋە يەنە ئۆزىنى ياپقۇدەك بىرنەرسىسى يوق يالىڭاچ كىشى تىلەمچىلىك قىلسا رۇخسەتتۇر.

مۇھىم ھاجىتى بار موھتاج كىشىگە كەلسەك، مەسىلەن بىر كىشىنىڭ قىش مەزگىلىدە يەكتىكى بولسا، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان كۆينىكى بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى ئىلاجىسىزلىققا يەتمىسىمۇ، لېكىن سوغۇق سەۋەبىدىن ئەلەم تارتسا ئىچىگە كىيىدىغان كۆينەك تىلىسە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ماڭالايدىغان، لېكىن مۇشەققەت بىلەن ماڭىدىغان كىشى بولسا، ئۇلاغقا مىنىپ مېڭىش ئۈچۈن بىرنەرسە تىلىسە دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ھالەتتە بىرنەرسە تىلىمەسلىك ئەۋزەل.

بىر كىشى نان تاپالىسا، لېكىن نانغا قوشۇپ يەيدىغان نەرسىگە موھتاج بولسا، بۇ كىشى قوشۇپ يەيدىغان نەرسە سورىسا بولىدۇ. لېكىن، ئۇنى سورىشى مەكرۇھتۇر. شۇنىڭدەك ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا قادىر كىشى كاجۇۋاغا موھتاج بولسا، كاجۇۋا سورىشى دۇرۇس.

بۇنىڭغا ئوخشاش تىلەشلەردە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغانلىقنى ئاشكارا قىلىپ، موھتاج كىشىنىڭ تىلىگىنىدەك بىرنەرسە تىلىمەسلىكى كېرەك. بەلكى كۆڭلىدە «ماڭا ئۆزۈمدە بار نەرسە يېتەرلىك، نەپسىم مەندىن بۇ نەرسىلەرنى تىلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دېيىشى كېرەك. بۇنداق ئويلاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا شىكايەت قىلىش چېگراسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

يوقسۇل كىشى بىرنەرسە تىلىمەكچى بولسا، دادىسىدىن ياكى يېقىنىدىن، ياكى بىرنەرسە سورىسا نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتمەيدىغان دوستىدىن، ياكى مال - مۈلكىنى ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تەييار قىلغان سېخىي كىشىدىن تىلىشى كېرەك. ئۇ كىشى شۇنداق قىلىش ئارقىلىق خارلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

ھايا قىلغانلىقتىن بەرگەنلىكىنى بىلگەن كىشىنىڭ بەرگەن نەرسىسىنى ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئالغان بولسا بەرگۈچىگە قايتۇرۇپ بېرىشى ۋاجىبتۇر.

يوقسۇل كىشى پەقەت ئۆزى موھتاج بولىدىغان ئولتۇرىدىغان ئۆي ياكى ئۇنى ياپىدىغان كىيىم ۋە ئۇنىڭغا ھالاك بولۇشتىن ساقلايدىغان يېمەككە ئوخشاش نەرسىلەرنى ھاجەت مىقدارىدا سورىسا بولىدۇ.

بۇ نەرسىلەردە بەك ئىسىل نەرسىلەرنى تاللىماستىن كۈن ئۆتكۈزەلىگۈدەك نەرسىلەرنى تىلەشكە رىئايە قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىر كىشى ھەر كۈنى بىرنەرسە سورىيالايدىغان ئادەمنى تاپالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە، ئۇنداق كىشىنىڭ بىر كېچە - كۈندۈزلۈكتىن زىيادە ئوزۇق - تۈلۈك تىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر بېرىدىغان ئادەم تاپالماسلىقىدىن قورقسا ياكى تىلەشتىن ئاجىز كېلىشتىن قورقسا، بىر كېچە - كۈندۈزلۈك ئوزۇقتىن زىيادە ئوزۇق تىلىشى رۇخسەتتۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يوقسۇل كىشىنىڭ بىر يىللىقىغا يەتكۈدەك نەرسىنىڭ ئۈستىدە بىرنەرسە تىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭغا باي بولۇش ئۆلچىمىنى 50 تەڭگە دەپ بېكىتىش ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس[1] چۈشىدۇ.

50 تەڭگە ئوتتۇراھال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يالغۇز كىشىگە بىر يىل يېتىدۇ. ئائىلى ۋە بالىلىرى بار كىشىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا 50 تەڭگە بىر يىل يەتمەيدۇ.

## تىلىگۈچىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

بىشرۇلھافىي مۇنداق دەيتتى: يوقسۇللار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرى، سورىمايدىغان، بەرسىمۇ ئالمايدىغان يوقسۇل بولۇپ، ئۇ روھانىيلار قاتارىدا بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، تىلىمەيدىغان، لېكىن بەرسە ئالىدىغان يوقسۇل بولۇپ، ئۇ پاك ئىھاتە (جەننەت) ئەھلىدىن بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى، موھتاج بولسا سورايدىغان يوقسۇل كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ تىلەمچىلىكىگە سۆزىدە راستچىل بولۇشى كەففارەتتۇر.

شەيخ جامالۇددىن رەھىمەھۇللاھ: «مەن دەيمەنكى، توغرا ھۆكۈم شۇكى، ئەگەر يوقسۇل كىشى بىرنەرسە تىلىمەستىن كۈننى ئۆتكۈزۈشكە قادىر بولسا، ئۇنىڭ بىرنەرسە تىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر كۈننى قىيىنچىلىق بىلەن

[1] ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كىمكى ئۆز ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك نەرسىسى تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تىلەمچىلىكى يۈزىدە تاتۇق ئىزى ياكى تىرناق ئىزى بولۇپ كېلىدۇ، — دېگەندە،

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئېھتىياجىنى قانچىلىك پۇل قامدايدۇ؟ — دەپ سورىلىۋىدى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

— ئەللىك تەڭگە ياكى ئۇنىڭغا باراۋەر (150 گىرام) ئالتۇن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ داۋۇد (1626)؛ تىرمىزىي (650)؛ نەسائىي (2429)؛ ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 1490) «سەھىھ» دېگەن.

ئۆتكۈزىدىغان بولسا قاراپ باقسەن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالغا ئىنسان بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولسا ۋە ھاياتىي خەۋپ بولمىسا، ئۇ تىلەمچىلىك قىلسا بولىدۇ، لېكىن تىلەمچىلىك پەزىلەت. ئەمما، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالغا ئىنسان بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئۇنداق كىشىنىڭ تىلىشى ۋاجىبتۇر» دېگەن.

سۇفيان سەۋرىي رەھىمەھۇللاھ: «بىر كىشى ئاچ قېلىپ تۇرۇپ، جېنىنى ساقلىغۇدەك بىرنەرسە تىلىمەي ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن.

## ئىككىنچى باب

# زاھىدلىقنىڭ ھەقىقىتى، پەزىلىتى، ئۇنىڭ دەرىجىلىرى ۋە قىسىملىرى

## زاھىدلىقنىڭ ھەقىقىتى

شۇنى بىلگىنكى، دۇنيادا زاھىد بولۇش ئاخىرەت يولىدا ماڭغۇچىلارنىڭ ماقاملىرىدىن شەرەپلىك بىر ماقامدۇر. زاھىدلىق ئىنساندىكى قىزىقىشنىڭ بىر نەرسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىگە يۆتكىلىشىدۇر. يۈز ئۆرۈلگەن نەرسىنىڭ ھەرقانداق بىر يول بىلەن قىزىقىلىدىغان نەرسە بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىزىقىلمايدىغان ۋە ئەسلىدە تەلەپ قىلىنمايدىغان بىر نەرسىدىن يۈز ئۆرۈگۈچى «زاھىد» دەپ ئاتالمايدۇ. مەسىلەن، تۇپراقنى تەرك ئەتكەن كىشى «زاھىد» دەپ ئاتالمايدۇ.

دۇنيانى تەرك ئەتكەن كىشىگە «زاھىد» ئىسمىنى بېرىش ئادەتكە ئايلانغاندۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى مۇكەممەل زاھىدتۇر. جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىگە قىزىقىپ دۇنيانى تەرك ئەتكەن كىشىمۇ زاھىدتۇر. لېكىن، بۇ دەرىجە جەھەتتە بىرىنچىسىدىن تۆۋەندۇر.

بىلگىنكى، مال ـ دۇنيانى تەرك ئېتىش، سېخىيلىق قىلىش، كۈچلۈك كۆرۈنۈش ۋە باشقىلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش مەقسىتىدە مال سەرپ قىلىش زاھىدلىق ئەمەستۇر. بەلكى ئاخىرەتنىڭ قىممىتىگە نىسبەتەن دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ دۇنيانى تەرك ئېتىش زاھىدلىقتۇر.

دۇنيانىڭ ئېرىپ كېتىدىغان قارغا، ئاخىرەتنىڭ بولسا مەڭگۈ قالىدىغان مەرۋايىتقا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ دۇنيانى بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاخىرەتنى ئېلىشقا بولغان قىزىقىشى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېئمىتى فانىيدۇر)، (ئاللاھتىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)﴾«نىسائ»: 4/77.

ئاللاھ تائالانىڭ يەنە بۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ

ئىلكىگىلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەبر قىلغۇچىلارغا، ئەلبەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾ 16/«نەھل»:96.

## زاھىدلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا دېگەنكى: ﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېئمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ فانىي نېئمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر﴾20/«تاھا»: 131.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇكى: «كىمكى دۇنيا غېمىدە تاڭ ئاتقۇزسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى چېچىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ پايدا كەلتۈرىدىغان ئىشىنى بۆلىۋېتىدۇ. يوقسۇللۇقنى ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇنيالىقتىن تەقدىر قىلىنغان نەرسىلا كېلىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى غەم قىلغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئىشىنى جەم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدا كەلتۈرىدىغان ئىشىنى ساقلايدۇ، بايلىقنى قەلبىدە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇنيا بويسۇنغان ھالەتتە كېلىدۇ»[1].

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «زاھىدلاردىن باشقا كىشىلەر يالىڭاچ ھەشر قىلىنىدۇ». ئۇ يەنە: «بىر قىسىم كىشىلەر دۇنيانى ئەزىزلىگەنىدى، دۇنيا ئۇلارنى دار ياغاچلىرىغا ئاستى. سىلەر دۇنيانى خارلاڭلار، دۇنيانى خارلىساڭلار، دۇنيا سىلەرگە بەك سىڭىشلىك بولىدۇ» دەيدۇ.

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «بارلىق يامانلىق بىر ئۆيدە قىلىنسا، ئۇنىڭ ئاچقۇچى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش قىلىنغان بولاتتى. بارلىق ياخشىلىق بىر ئۆيدە قىلىنسا، ئۇنىڭ ئاچقۇچى دۇنياغا قىزىقماسلىق قىلىنغان بولاتتى».

سەلەف سالىھلەردىن بىرى: «دۇنياغا قىزىقماسلىق قەلبنى ۋە بەدەننى راھەتلىتىدۇ، دۇنياغا قىزىقىش بولسا غەم ـ قايغۇنى كۆپەيتىدۇ» دېگەن.

[1] ئەھمەد (21630)؛ ئىبنى ماجە (4105)؛ تىرمىزىي (2465). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 950) «سەھىھ» دېگەن. ئەنەس ۋە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

## پەسىل: زاھىدلىقنىڭ دەرىجىلىرى ۋە قىسىملىرى ھەققىدە

بەزى كىشىلەر دۇنيانى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن دۇنياغا قىزىقمايدۇ ۋە نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىدۇ. بۇ سۈپەتتىكى كىشى «زاھىد بولۇشقا تىرىشقان كىشى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بولسا زاھىدلىقنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ئىككىنچى دەرىجە: نەپسىنى زورلىماستىن دۇنيادىن ئىختىيارىي يۈز ئۆرۈشتۇر. لېكىن، ئۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ زاھىدلىقىنى كۆرىدۇ، ئۆزىگە قارايدۇ ۋە ئۆزىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۆزىنى ئىككى تەڭگىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر تەڭگىنى تاشلىغان، تېخىمۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن نىسبەتەن ئاز قىممەتلىك بىرنەرسىنى تەرك ئەتكەن كىشىدەك كۆرىدۇ. بۇ ھەم نۇقساندۇر.

ئۈچىنچى دەرىجە: زاھىدلىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسىدۇر. يەنى ئۆزلۈكىدىن دۇنيانى تەرك ئېتىش ۋە ھەقىقىي تۈردە زاھىد بولۇشتۇر. بۇ سۈپەتتىكى كىشى ئۆزىنى مەن بىرنەرسىنى تەرك ئەتتىم، دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى دۇنيانىڭ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ كىشى بەئەينى لاتا پۇرۇچنى تاشلىۋېتىپ، گۆھەر تاشنى ئالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئىككىسىنى ئەسلا تەڭ كۆرمەيدۇ. چۈنكى، دۇنيا ئاخىرەت نېئمىتىنىڭ ئالدىدا، لەئىل ياقۇت ئالدىدىكى ئەرزىمەس بىر پۇرۇچىدىنمۇ بەكرەك ئەرزىمەستۇر. بۇ بولسا زاھىدلىقتىكى مۇكەممەللىكتۇر.

بىلگىنكى، دۇنيانى تەرك ئەتكەن كىشى، مىسالى ئوردا قوۋۇقىدا ياتقان بىر ئىت تەرىپىدىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشتىن توسۇۋېلىنغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ كىشى ئۆزىنى توسۇپ ياتقان ئىتقا بىر بۇردا نان تاشلاپ بېرىدۇ. ئىت نان بىلەن بولۇپ كەتكەندە، ئۇ كىشى شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، شاھ بىلەن ئۇلپەتلىشىدۇ. مۇشۇنداق بىر كىشىنى ئېرىشكەن نېئمەتلىرىنىڭ ئېۋەزىگە ئوردا ئىتىغا تاشلاپ بەرگەن بىر بۇردا نان بىلەن پادىشاھنىڭ قېشىدا ئۆزىنى كۆپلۈك كۆردى دەپ قارامسەن؟!

شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ قوۋۇقى ئالدىدىكى ئىتتۇر. بۇ ئىت ئىشىك ئۈچۈن، توسۇق كۆتۈرۈۋېتىلگەن تۇرۇپ، كىشىلەرنى بوسۇغىدىن ئىچكىرى كىرىشتىن توسىدۇ. دۇنيا بۇردا نانغا ئوخشايدۇ. پادىشاھنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇردا ناننى تاشلىغان كىشى قانداقمۇ ئۇ نان پارچىسىغا قارىسۇن! دۇنيالىقتىن ھەربىر كىشىگە — ئەگەر ئۇنىڭغا مىڭ يىل ئۆمۈر ئاتا قىلىنسىمۇ — بېرىلگەن نەرسە ئاخىرەت نېئمىتىنىڭ ئالدىدا دۇنيا مۈلكى ئالدىدىكى بىر بۇردا ناننىڭ قىممىتىدىنمۇ بەكرەك قەدىرسىزدۇر. چۈنكى، ئۆتكۈنچە نەرسە مەڭگۈلۈك نەرسىگە

تەڭ بولالمايدۇ. قانداقمۇ تەڭ بولسۇن؟! بىلىش كېرەككى، ئۆمۈر تولىمۇ قىسقا ۋە دۇنيا لەززەتلىرىگە جاپا ـ مۇشەققەت ئارىلاشقاندۇر.

قىزىقلىغۇچى نەرسىگە نىسبەتەن زاھىدلىقنىڭ جەھەتلىرى ئۈچ دەرىجە بولىدۇ:

بىرىنچى دەرىجە: ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن، ھېساب ـ سوراقتىن ۋە خالايىق ئالدىدىكى قورقۇنچلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زاھىد بولۇش. بۇ بولسا قورققۇچىلارنىڭ زاھىدلىقىدۇر.

ئىككىنچى دەرىجە: ساۋابقا ئېرىشىش ۋە ۋەدە قىلىنغان نېئمەتكە يېتىش ئۈچۈن زاھىد بولۇش. بۇ بولسا ئۈمىد قىلغۇچىلارنىڭ زاھىدلىقىدۇر. چۈنكى، بۇلار نېئمەتنى دەپ نېئمەتنى تەرك ئەتكەنلەردۇر.

ئۈچىنچى دەرىجە: بۇ دەرىجە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدۇر. ئۇ بولسا دۇنيادا ئەلەملەردىن قۇتۇلۇش ۋە لەززەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىششىنى تەلەپ قىلىپ زاھىد بولۇش. بۇ بولسا ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ زاھىدلىقىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا قاراش لەززىتى بىلەن جەننەت لەززىتىنى سېلىشتۇرغاندا، ناۋاكەش بۇلبۇلغا ئىگە بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىش لەززىتى بىلەن دۇنياغا ئىگە بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش لەززىتىگە سېلىشتۇرغانغا ئوخشايدۇ.

## پەسىل: ھاياتنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىدىن زاھىد بولۇشنىڭ تەپسىلىي بايانى

زۆرۈر ۋە مۇھىم بولغان ئېھتىياجلار يەتتىدۇر: يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ جاي، ئائىلە سايمانلىرى، نىكاھلىنىش، مال ـ مۈلۈك ۋە يۈز ـ ئابرۇيى قاتارلىقلار.

بىرىنچى: يېمەك ـ ئىچمەك؛

شۇنى بىلگىنكى، زاھىد كىشى ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك لەززەت ئېلىنىدىغان ئەمەس، بەدىنىگە ماس كېلىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئاچلىقنى دەفئى قىلغۇدەك نەرسىلەردۇر.

بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرى راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغۇچىلار ئەمەس» دېگەن[1].

[1] ئەھمەد (22158)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (5766). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىف» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2668) «ھەسەن» دېگەن. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيلىرىدە ئوچىقىمىزغا ئوت يېقىلماي بىر ھىلال ئاينى، كېيىن يەنە بىر ھىلال ئاينى، يەنى ئىككى ئايدا ئۈچ ھىلال ئاينى كۆرەتتۇق» دېگەن. ئۇرۋە ئېيتىدۇ: مەن:

— ئى هاما! نېمە يەپ تۇرمۇش كەچۈرەتتىڭلار؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— خورما بىلەن سۇدىن ئىبارەت ئىككى قارا نەرسە بىلەن، — دەپ جاۋاب بەردى»[1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر.

كۆپلىگەن زاھىدلار يېمەك - ئىچمەكتە جەھەتتىكى قاناتتىچىلىقتا بەرداشلىق بېرەتتى. ئۇلاردىن قاتتىقچىلىق تۇرمۇشقا تاقەت قىلالمايدىغانلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، سۇفيان سەۋرىي رەھىمەھۇللاھ ياخشى يەپ - ئىچىدىغان زات ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ روزىغارىدا كاۋاپ بىلەن فالۇزەج[2] ئېلىپ مېڭىلاتتى.

خۇلاسە قىلساق، زاھىد كىشى تەن ساقلىقنى ساقلىغۇدەك يېمەك - ئىچمەك بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. زىيادە راھەت - پاراغەتكە بېرىلمەيدۇ. لېكىن، بەدەنلەر بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى بەدەنلەر قاتتىقچىلىق تۇرمۇشقا سەبىر قىلالمايدۇ.

بەزى كىشىلەر روزىغار ئۈچۈن ھالال ئوزۇق - تۈلۈك ساقلىۋالىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنى زاھىدلار قاتارىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. مەسىلەن، سەبتىي[3] رەھىمەھۇللاھ شەنبە كۈنى بىر كۈنلا ئىشلەيتتى ۋە تاپقىنىنى بىر ھەپتە يەيتتى.

داۋۇد ئەتتائىي رەھىمەھۇللاھ 20 تىللا مىراس ئالغان ۋە ئۇنى 20 يىل خەجلىگەن ئىدى.

ئىككىنچى: كىيىم - كېچەك؛

زاھىد كىشى ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ساقلانغۇدەك ۋە ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك كىيىم- كېچەك بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. «ئاددىي - ساددا ياشايدۇ» دەپ نامى چىقىپ

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2567). مۇسلىم (2972).

[2] فالۇزەج (فَالُوْذَج): ئۇن بىلەن ھەسەلدىن يۇغۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ئېسىل تاتلىق تۈرمە. قاراڭ: «ئەرەب تىلى كومىتېتى»: «اَلْمُعْجَمُ الْوَسِيطُ (ئەلمۇئجەمۇل ۋەسىت)»، 700/2. — ت.

[3] خەلىفە ھارۇن رەشىدنىڭ زاھىد ئوغلى ئەھمەد (ھ. 168 - 785 / م. 192 - 808).

قالماسلىقى ئۈچۈن ، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدە ئازراق ياسانغۇدەك كىيىم بولسا ھېچقىسى يوق.

«سەھىھەين»دە ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە ياماق سېلىنغان بىر ئۇست كىيىم ۋە قېلىن بىر تامبالنى كۆرسەتتى ۋە: ‹ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى كىيىمدە قەبزى روھ قىلىنغان› دېدى»[1].

ھەسەن رەھىمەھۇللاھ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىفە ۋاقتىدا خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ 12 يېرىگە ياماق سېلىنغان بىر تامبال كىيگەن ئىدى» دېگەن.

ئۈچىنچى: تۇرالغۇ جاي؛

زاھىد كىشىنىڭ تۇرالغۇ جاي ھەققىدە ئۈچ دەرىجىسى بولىدۇ:

ئەڭ يۇقىرىسى: ئۆزىگە خاس بىر تۇرالغۇ ئۈچۈن چاپمايدىغان، بەلكى سۇففە ئەھلىگە ئوخشاش مەسجىدلەرنىڭ بۇلۇڭلىرى بىلەن قانائەت قىلىش[2].

ئوتتۇراھال بولغىنى: خورما شاخلىرىدىن ياكى ياغاچ، قومۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن بىنا قىلىنغان ئالچۇققا ئوخشاش بىر ئورۇننى ئۆزىگە خاس جاي تۇتۇش.

ئەڭ تۆۋىنى بولسا ياغاچ ـ تاش ۋە خىش ـ كېسەكلەر بىلەن بىنا قىلىنغان بىر ھۇجرا تەلەپ قىلىش.

كەڭرىچىلىك ۋە ئۆيىنىڭ تورۇسىنىڭ ئېگىز بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، تۇرالغۇ جايدا زاھىدلىق چېگراسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3108)؛ مۇسلىم (2080).

[2] ئەسھابى سۇففە / ئەھلى سۇففە (أَصْحَابُ الصُّفَّةِ أَهْلُ الصُّفَّةِ): «لەمپە ئاستىدا تۇرىدىغانلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئۆزىگە تەۋە تۇرالغۇسى ياكى ئائىلىسى يوق، غېرىب ـ غۇرەبا، يوقسۇل مۇھاجىر ساھابەلەر ئۈچۈن مەسجىدى نەبەۋىينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى لەمپە (سۇففە) لىك قىلىپ سېلىنغان، بارا ـ بارا بىر مەدرەسە ھالىغا كەلگەن ئورۇندا ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇرغان بىر توپ ساھابەلەر»نى كۆرسىتىدۇ. ئەھلى سۇففە ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، تارىخشۇناسلاردىن ئەبۇ نۇئەيم «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ» ناملىق ئەسەرىدە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدىن 100 نى تىزىملىغان. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش، ئۆيلىنىش ياكى ۋاپات بولۇش ياكى سەپەر قىلىش سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ سانى ئېشىپ ـ كېمىيىپ تۇراتتى. جۈملىدىن ئالتە مىڭدىن زىيادە ھەدىس رىۋايەت قىلغان مەشھۇر ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە ئەھلى سۇففەدىن ئىدى. قاراڭ: ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇلبارىي»، 595/6؛ قازى ئەھمەدنەكرىي: «دەستۇرۇل ئۆلەمائ»، 86/1. ـ ت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر خام خىشنى يەنە بىر خام خىش ئۈستىگە قويماي ۋاپات بولغان.

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسەم تورۇسقا تېگىپ قالاتتىم» دېگەن[1].

بىر ھەدىستە: «بىر ئادەمگە تۇپراققا خەجلىگەن پۇلدىن باشقا پۇللىرىغا ئەجىر بېرىلىدۇ»[2] دېيىلگەن.

ئىبراھىم نەخەئىي رەھىمەھۇللاھ: «ئۆي ئېھتىياجنى قامدىغۇدەك بولسا ساۋابمۇ ۋە گۇناھمۇ بولمايدۇ» دېگەن.

قىسقىسى: زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئىستەلگەن ھەرقانداق نەرسە زاھىدلىق چېگراسىدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكى كېرەك.

تۆتىنچى: ئائىلە سايمانلىرى؛

زاھىد قاچا ـ قۇچىلاردىن ساپال بىلەنلا كۇپايىلىنىشى، بىر قاچىنىلا ئىشلىتىپ، بىر تاۋاقتا يەپ ـ ئىچىشى كېرەك. ئائىلە سايمانلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن ياكى تۈرى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئالغان كىشى زاھىدلىق چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرجىمىھالىغا قارايلى! «سەھىھۇ مۇسلىم»دىكى بىر ھەدىستە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەينىدىن كىرىپ قارىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە يېنىچە ياتقانىكەن، مەنمۇ يېنىدا ئولتۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمىنى تۈزەشتۈرگەنىدى، بورىنىڭ بىقىنىغا پېتىپ، ئىز چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چاندۇرماي، كەپە ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. كەپىدە بىر سا ئەتراپىدا ئارپا، بىر بۇلۇڭدا تېرە ئاشلايدىغان ئازغىنە غازاڭ، بىر تېمىغا ئېسىقلىق ئاشلانغان تېرىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، كۆزۈمگە لىققىدە ياش كەلدى ـ دە، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم»[3].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد: «ئەلمەراسىل»، (497).

[2] بۇخارىي (5672)؛ بۇ سۆز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمەس، خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدۇر.

[3] مۇسلىم (1479).

بۇخارىينىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇ زاتنىڭ كەيپىگە كۆز يۈگۈرتتۈم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ زاتنىڭ كەيپىدە ئۈچ پارچە تېرىدىن باشقا كۆزگە ئىلىشقۇدەك بىرنەرسە تاپالمىدىم» دېيىلگەن[1]. بۇ ھەدىسنىڭ «سەھىھۇ مۇسلىم»دىكىسى مەشھۇردۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتۇر: «مەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن توي قىلغان ۋاقتىمدا بىزنىڭ قوچقار تېرىسىدىن بىرلا كۆرپىمىز بار ئىدى. بىز كېچىدە ئۇنىڭدا ئۇخلايتتۇق، كۈندۈزدە ئۇنىڭ ئۈستىدە سۇ توشۇيدىغان تۆگىگە ھەلەپ بېرەتتۇق. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا ماڭا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچىم يوق ئىدى. پاتىمە خېمىر يۇغۇرغاندا كۈچىگەنلىكتىن ئۇنىڭ ماڭلاي چېچى داسنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ قالاتتى».

بىر ئادەم ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا قاراشقا باشلىدى، ئاندىن:

— ئى ئەبۇ زەر! سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئۆي سايمانلىرى ۋە پايدىلانغۇدەك نەرسە كۆرمىدىمغۇ؟! — دېگەندە، ئەبۇ زەر:

— بىزنىڭ بىر ئۆيىمىز بار، پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىۋاتىمىز، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم:

— دۇنيادا ياشايدىكەنسەن ساڭا پايدىلىنىدىغان نەرسە لازىم بولىدۇ، — دېدى. ئەبۇزەر:

— ئۆي ئىگىسى بىزنى بۇ يەردە قويمايدۇ، — دېدى.

بەشىنچى: نىكاھلىنىش؛

نىكاھلىنىشنىڭ ئەسلى ۋە كۆپ بولۇشى بىلەن زاھىدلىقنىڭ ھېچ مۇناسىۋىتى يوق.

سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ رەھمەھۇللاھ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاياللار سۆيۈملۈك قىلىنغان ئىدى» دېگەن[2].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ ئەڭ زاھىدى تۇرۇپ، تۆت ئايالى ۋە

[1] بۇخارىي (2468).

[2] ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ماڭا ئەتىر بىلەن ئاياللار سۆيۈملۈك قىلىندى. كۆڭلۈمنىڭ خۇرسەنلىكى بولسا نامازدا قىلىندى» دېگەن. ئەھمەد (14069)؛ «نەسائىي (3878). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 3124) «سەھىھ» دېگەن.

ئون نەچچە چۆرىسى بار ئىدى.

ئەبۇ سۇلايمان ئەددارانىي مۇنداق دەيتتى: «سېنى ئاللاھ تائالادىن مەشغۇل قىلغىنى ئايال بولسۇن، مال بولسۇن ۋەيا بالا بولسۇن ئۇ شۇملۇقتۇر».

ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق: قايسىبىر كىشىنىڭ شەھۋىتى بەك كۈچىيىپ كەتسە ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقسا، ئۇ كىشىنىڭ نىكاھلىنىشى پەرزدۇر. «گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قېلىشتىن قورقمايدىغان كىشى ئۈچۈن نىكاھلىنىش ئەۋزەلمۇ ياكى ئىبادەت قىلىشى ئەۋزەلمۇ؟» دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇ ھەقتە ئالىملار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. كىشىلەر ھەرخىل مەقسەت بىلەن نىكاھلىنىدۇ. بەزىلەر پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن نىكاھلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنداق كىشىگە ئائىلىسى ئۈچۈن ھالالدىن كەسىپ قىلىش مۇمكىن بولسا، نىكاھلىنىشى ئۇنىڭ دىنىغا زىيان يەتكۈزمىسە، قەلبىنى كۆپ ئىشلارغا چېچىۋەتمىسە، بەلكى نىكاھلىنىش ئۇنىڭ غەملىرىنى جەملەپ، كۆزىنى ھارامدىن ساقلاپ، پىكرىنى يامان خىياللاردىن قايتۇرسا، بۇنداق كىشىنىڭ نىكاھلىنىشى پەزىلەتتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھۋالى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇ ئىككى زاتنىڭ يولىدا ماڭغانلارنىڭ ئەھۋالى بۇ ھالەتكە دالالەتتۇر. «نىكاھ ئارقىلىق لەززەتلىنىشنى تەرك ئېتىش زاھىدلىقتۇر» دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى، نىكاھلىنىپ لەززەت ئېلىشنى تەرك ئېتىش مەقسەت قىلىنغۇچى زاھىدلىققا ئەگىشىدۇ ۋە شۇنىڭ ئىچىدە كېلىدۇ.

سەلەف سالىھلەرنىڭ بەزىسى چىرايلىق ئايالنى ئالماي، چىرايى ئادەتتىكىچە ئايالنى تاللايتتى. ئۇلار ئېھتىمال چىرايى نورمال ئايال دىنىغا مايىل، چىقىمى ئاز ۋە زىيادە كۆڭۈل بۆلۈش تەلەپ قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، نورمال ئايالنى تاللىغان بولۇشى مۇمكىن. چىرايلىق ئايال ئىنساننىڭ قەلبىنى بۇراپ، پىكرىنى مەشغۇل قىلىدۇ ۋە كۆپ نەپىقە تەلەپ قىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا بەرگۈدەك دەرىجىدە كۆپ نەپىقە بولماي قالىدۇ.

مالىك ئىبنى دىنار رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «بىراۋ ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىكى ئەك چىرايلىق ئايالنى ئارزۇلاپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئايال: ‹ماڭا يىپەكتىن توقۇلغان كىيىم ئېلىپ بېرىڭ› دەيدۇ ـ دە! ئېرىنىڭ دىنىنى يوق قىلىدۇ».

ئالتىنچى: مال ـ مۈلك؛

تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن مال بولۇشى زۆرۈردۇر. زاھىد كىشى كۆڭلىنى ئۆتكۈزەلىگۈدەك مال بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. سالىھلەر ئىچىدە تىجارەت قىلىش بىلەن

شۇغۇللىنىپ، تىلەمچىلىكتىن ئار قىلىدىغانلار بار ئىدى.

ھەممـاد ئىبنـى سـەلەمە دۇكىنىنـى ئېچـىپ ئىككـى ھەببەگـە ئېرىشسـە، دۇكىنىدىن قوپۇپ كېتەتتى.

سـەئىد ئىبنـى مۇسـەييەب رەھىمەھـۇللاھ يـاغ تىجارىتـى قىلاتتـى ۋە 400 تـىللا كىرىـم قىلغـان ئىـدى. ئـۇ: «مـەن ئۇنـى يـۈز - ئابرۇيىمنـى ۋە دىنىمنـى قوغـداش ئۈچۈن قويۇپ قويدۇم» دەيتتى.

يەتتىنچى: يۈز - ئابرۇي

ئىنسـانىنىڭ ھەتتـا ئـۆز مالىينـىـڭ قەلبىدىمـۇ يـۈز - ئابرۇيـى بولۇشـى زۆرۈردۇر. زاھىدنىـڭ زۇھـد بىلـەن مەشغۇل بولۇشـى ئۇنىـڭ ئۈچـۈن قەلبلـەردە يـۈز - ئابرۇيغا ئورۇن ھازىرلايدۇ. شۇڭا، يۈز - ئابرۇينىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش لازىم.

يىغىنچـاقلاپ ئېيتقانـدا: دۇنيـا ئىنسـانغا زۆرۈر لازىمەتلىـك نەرسـىلەر جۈملىسـدىن ئەمەسـتۇر. سـەلەف سـالىھلەردىن كـۆپ كىشـىلەرگە ھـالال مـال تەگـلەنسـە، «يوقسـۇ، بۇ مالنى ئالمايمىز، ئالساق دىنىمىزنى بۇزۇپ تاشلىشىدىن قورقىمىز» دەيتتى.

## پەسىل: زاھىدلىقنىڭ ئالامەتلىرى

سـەن مالنـى تـەرك ئەتكۈچىنـى «زاھىـد» دەپ گۇمـان قىلىسـەن. ئەسـلىدە ئـۇ زاھىـد ئەمـەس. چۈنكـى، مالنـى تـەرك ئېتىـش ۋە قىيىنچىلىـق تۇرمۇشـتا ياشـىغانلىقنى نامايـان قىلىـش زاھىدلىـق بىلـەن ماختىلىشـنى ياخشـى كۆرگـەن كىشـىگە ئاسـاندۇر. كۆپلىگـەن راھىبلار چېركاۋدىـن چىقمـاي، ئـاز يـەپ، ئـاز ئىچەتتى. ئۇلارنىـڭ بۇنـداق قىلىشـىغا باشـقىلارنىڭ ماختىشـىنى ياخشـى كـۆرۈش كـۈچ بـەردى. بـۇ ھەقتىكـى بايانلار ئىلگىرى «رىيا توغرىسىدا» دېگەن بابتا سۆزلەندى.

نەپـس ئىسـتەكلىرىدە زاھىدلىـق مۇكەممـەل بولۇشـى ئۈچـۈن ئارتۇقچـە مـال ۋە يـۈز - ئابرۇيدىن يۈز ئۆرۈش لازىم. چۈنكى، زاھىدلىق ئىلمىنىڭ ئاۋۋىلى قىيىندۇر.

ئىبنـى مۇبـارەك رەھىمەھـۇللاھ ئېيتـۇر: «زاھىدلىقنـى يوشـۇرۇش ئـەڭ ئـەۋزەل زاھىدلىقتۇر».

بۇنىڭدا ئۈچ ئالامەتكە تايىنىش لازىم:

بىرىنچـى: بـار نەرسـە بىلـەن خۇشـال بولماسـلىق، يـوق نەرسـىگە قايغۇرماسـلىق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئـاللاھ تائالانـىڭ ئۇلارنـى لەۋھۇلمەھپۇزغـا يېزىشـى) قولۇڭلاردىـن كەتكـەن نەرسـگە

قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، ئاللاھ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾«ھەدىد»: 23/57.

بۇ بولسا مالدا زاھىد بولۇشنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىككىنچى: ئۆز نەزەرىدە ماختىغۇچى بىلەن ئەيىبلىگۈچىنىڭ باراۋەر بولۇشى يۈز ـ ئابرۇيدىكى زاھىدلىقتۇر.

ئۈچىنچى: ئاللاھ تائالا بىلەن سىرداشلىق ۋە قەلبى تائەت ـ ئىبادەت ھالاۋىتىگە چۆمۈش.

ئىنساننىڭ قەلبىدە بولغان دۇنيا سۆيگۈسى بىلەن بىللە ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش بەئەينى قاچىدىكى ھاۋا ۋە سۇغا ئوخشاشتۇر. قاچىغا سۇ كىرسە، ھاۋا چىقىپ كېتىدۇ. دېمەككى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتى بىلەن دۇنيانىڭ مۇھەببىتى تەڭ مەۋجۇد بولمايدۇ. سەلەف سالىھلەردىن بىرىگە:

— زۇھد زاھىدلەرنى قەيەرگە ئېلىپ باردى؟ — دېيىلگەندە، ئۇ كىشى:

— ئاللاھ تائالا بىلەن سىرداشلىققا ئېلىپ باردى، — دەپ جاۋاب بەرگەندى.

يەھيا ئىبنى مۇئاز رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «دۇنيا مىسالى چاچ تارىغۇچى ئايال تاراپ بېزىگەن يېڭى كېلىنچەككە ئوخشايدۇ. زاھىد بولسا ئۇنىڭ يۈزىگە لاي سۈۋايدۇ، ئۇنىڭ چېچىنى يۇلىدۇ، كىيىمىنى يىرتىدۇ. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچى دۇنيا بىلەن ئەمەس، ئاللاھ بىلەن مەشغۇل بولىدۇ». بۇ بولسا زاھىدلىقنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ھەققىدە بىز سۆزلىمەكچى بولغان بايانلاردۇر.

زاھىدلىق پەقەت ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن تاماملىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز نۆۋەتتە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ بايانى ھەققىدە سۆز قىلىشنى باشلايمىز.

# يىگىرمە ئالتىنچى بۆلۈم: تەۋھىد ۋە تەۋەككۈل قىلىش ھەققىدە

## تەۋەككۈل قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا ئېيتۇر: ﴿مۆمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)﴾3/«ئال ئىمران»: 160، ﴿كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾65/«تالاق»: 3.

«سەھىھەين»دە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىدىن 70 مىڭ كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ: «ئۇلار (جاھىلىيەتتە سالغاندەك) دەم سالدۇرمايدىغان، قۇشلاردىن شۇم پال ئالمايدىغان، داغلىنىپ داۋالانمايدىغان ۋە رەببىگىلا تەۋەككۈل قىلىدىغانلاردۇر» دېگەن[1].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا لايىق رەۋىشتە تەۋەككۈل قىلساڭلار، ئەلبەتتە، ئاللاھ سىلەرنى سەھەردە ئاچ كېتىپ كەچتە توق قايتىدىغان قۇشلارنى رىزىقلاندۇرغاندەك رىزىقلاندۇرغان بولاتتى»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! سەندىن ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللىرىڭگە، ساڭا ھەققىي تەۋەككۈل قىلىشقا ۋە سەندىن ياخشىلىق كۈتۈشكە تەۋپىق بېرىشىڭنى سورايمەن»[3].

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5705)؛ مۇسلىم (218). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد (205، 370)؛ تىرمىزىي (2344)؛ ئىبنى ماجە (4164). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلە-تۇسسەھىھە»، 31) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەتتەۋەككۈل»، (3161). ئەۋزائىيدىن مۇرسەلدۇر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1189) «زەئىف» دېگەن.

## تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئەسلى بولغان تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى

### تەۋەككۇل قىلىش تەۋھىد ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. تەۋھىدنىڭ دەرىجىلىرى

شۇ دەرىجىلەردىن بىرى: سېنىڭ ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾37/«ساففات»: 35؛ 47/«مۇھەممەد»: 19 دېگەن سۆزۈڭدە ئىپادىلەنگەن ئاللاھ تائالانىڭ يېگانىلىكىنى قەلبىڭ تەستىق قىلىشى كېرەك. ﴿ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر﴾6/«ئەنئام»: 163، ﴿پۈتۈن پادىشاھلىق ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەرنەرسىگە قادىردۇر﴾64/«تەغابۇن»: 1 دېگەن لەۋزىنى تەستىق قىلىشى كېرەك. لېكىن، دەلىلىنى بىلمەستىن تەستىق قىلىش ئاۋام خەلقنىڭ ئېتىقادىدۇر.

ئىككىنچىسى: تۈرلۈك - تۈرلۈك نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى يېگانە ئاللاھ تائالا ياراتقان، دەپ قاراش كېرەك. بۇ بولسا ئاللاھ تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ ماقامىدۇر.

ئۈچىنچى: ئىنسان ئوچۇق بىر شەكىلدە «ئاللاھ تائالادىن باشقا بارلىققا كەلتۈرگۈچى يوق» دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە بولسا، ئۇ ئىنسان ئاللاھ تائالادىن غەيرىگە قارىمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ، ئاللاھ تائالادىن ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن يېگانە ياراتقۇچىدۇر. بارلىق ئەيىبلەردىن پاكتۇر. بارلىق مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر. بۇ چۈشەنچىدە بولغان كىشى زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىدە يامغۇرغا، يامغۇرنىڭ يېغىشىدا يامغۇر بۇلۇتىغا، كېمىنىڭ مېڭىشىدا شامالغا تايانمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا تايىنىش ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ھەقىقەتلەر ئايدىڭ بولغان كىشى شامالنىڭ ئۆزىچە ھەرىكەت قىلمايدىغانلىقىنى، چوقۇم ئۇنىڭ بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ نىجات تېپىشىنى شامالغا باغلىق دەپ قارىشى، خۇددى، بىر كىشى قولغا ئېلىنىپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولسا ۋە پادىشاھ ئۇنى ئەپۇ قىلىپ ئىمزا قويسا، ئاندىن تۇتۇلغان ئۇ كىشى سىياھ، قەغەز ۋە ئىمزا قويۇشتا قوللىنىلغان قەلەم بىلەن بولۇپ، «بۇ قەلەم بولمىغان بولسا، مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايتتىم» دەپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقىنى قەلەمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى پادىشاھتىن ئەمەس، بەلكى قەلەمدىن كۆرىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ تولىمۇ نادانلىقتۇر. كىمكى قەلەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىش كۈچى يوقلۇقىنى بىلسە، ئەلبەتتە قەلەمگە ئەمەس، قەلەمكەشكە رەھمەت ئېيتىدۇ. بارلىق مەخلۇقاتلار ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ بويسۇندۇرۇپ باشقۇرۇشىدا قەلەمكەشنىڭ ئۆز قولىدىكى قەلەمنى باشقۇرغىنىدىنمۇ بەكرەك مۇكەممەلدۇر. ﴿خاھلىغىنىنى قىلىدىغان﴾11/«ھۇد»: 107،

سەۋەبلەرنى پەيدا قىلغۇچى يېگانە ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر.

## پەسىل: تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئەھۋالى ۋە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بايانى

بىلگىنكى، تەۋەككۇل سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «وَكَالَةٌ» سۆزىدىن ئېلىنغاندۇر. ئەرەب تىلىدا: «وَكَّلَ فُلاَنٌ أَمْرَهُ إِلَى فُلاَنٍ» دېيىلىدۇ. يەنى: «پالانى كىشى ئىشىنى پالانى كىشىگە تاپشۇردى، ئىشىدا ئۇنىڭغا تاياندى» دېگەن مەنىدە.

تەۋەككۇل قىلىش بولسا: قەلبىنىڭ تەۋەككۇل قىلىنغۇچىغا تايىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ھېسداشلىق قىلىدىغان، كۈچلۈك ۋە يول كۆرسىتەلەيدىغان قابىل كىشىلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلالايدۇ.

بۇنى بىلسەڭ، بۇنىڭغا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا تەۋەككۇل قىلىشنى قىياس قىلغىن.

سېنىڭ نەپسىڭدە «ئاللاھ تائالادىن ئۆزگە ياراتقۇچى يوق» دېگەن ئېتىقاد قارار تاپسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئاللاھ تائالا مۇكەممەل ئىلىم، مۇتلەق قۇدرەت ۋە مىسلىسىز شەپقەت ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭ قۇدرىتىدىنمۇ كۈچلۈك كۈچ - قۇدرەت، ئۇنىڭ ئىلمىدىنمۇ مۇكەممەل ئىلىم ۋە ئۇنىڭ شەپقىتىدىنمۇ زىيادە شەپقەت يوقتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلساڭ، شۈبھىسىزكى سېنىڭ قەلبىڭ ئۇنىڭغا تايىنىدۇ ۋە ھەرقانداق ھالدا ئۇنىڭ غەيرىگە قارىمايدۇ. ئەگەر سەن بۇنى نەپسىڭدە تاپالمىساڭ، ئۇنىڭ سەۋەبى ئىككى ئىشنىڭ بىرىدۇر:

يا بۇ خىسلەتلەردىن بىرەرسىگە جەزمىيىتىڭنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ؛

ۋەيا بولمىسا قەلبىڭنى قورقۇنچ بېسىۋالغانلىقى، قەلبىڭنىڭ ئاجىزلىقى ۋە شۇ قەلبىڭنى چىرمىۋالغان خام خىياللار سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ. چۈنكى، بەزىدە خام خىيالنىڭ قەلبتە تۇرۇشى ۋە ئىنساننىڭ جەزمىيىتىدە نۇقسان بولمىسىمۇ خام خىيالغا ئىتائەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن قەلب بىئارام بولىدۇ. بىر كىشى ھەسەلنى قولىغا ئالسا، ئاندىن ھەسەل ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا گەندىگە ئوخشىتىلسا، ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتى ھەسەلدىن يىرگىنىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ھەسەلنى يېيەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئەگەر ئاقىل كىشى قەبرىدىكى ياكى كۆرپىدىكى ۋەياكى ئۆيدىكى ئۆلۈك بىلەن بىرگە كېچىدە يېتىشقا تەكلىپ قىلىنسا ــ ئۇنىڭ جانسىز ئۆلۈك ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىشىمۇ ــ ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۆلۈك بىلەن بىللە يېتىشتىن يىرگىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ تەبىئىتى باشقا جانسىز نەرسىلەر بىلەن بىرگە كېچىدە يېتىشتىن يىرگەنمەيدۇ.

بۇ بولسا قەلبتىكى قورقۇنچاقلىقتۇر. ئۇ ھەم ئىنسانىمۇ خالىي بولالمايدىغان بىر تۈرلۈك ئاجىزلىقتۇر. بەزىدە بۇ قورقۇنچاقلىق كۈچىيىپ كېسەللىككە ئايلىنىپ، ھەتتا ئىنسان بىر ئۆيدە ئىشىكنى پۇختا تاقاپ تۇرۇپمۇ يالغۇز يېتىشتىن قورقىدىغان بىر ھالغا يېتىدۇ.

بۇنداق بولغان ئىكەن، تەۋەككۇل قىلىش پەقەت قەلب كۈچلۈك بولۇش ۋە قەتئىي جەزم قىلىش بىلەن تاماملىنىدۇ. خوش، ساڭا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مەنىسى ئايدىڭلىشىپ، «تەۋەككۇل قىلىش» دەپ ئاتىلىدىغان ھالەتنى بىلگەن بولساڭ، شۇ ھالەتنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولۇشىدا ئۈچ دەرىجە بارلىقىنى بىلگىن:

بىرىنچى: بىز تىلغا ئالغاندەك، كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە كېپىل بولىدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىغا دائىما ئىشەنچ قىلىشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ۋەكىلگە ئىشەنچ قىلغىنىغا ئوخشايدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە: بۇ ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدۇر. بۇ دەرىجە بولسا ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى بوۋاق بالا بىلەن ئانىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولۇشىدۇر. چۈنكى، بوۋاق بالا ئانىسىدىن باشقىنى تونۇمايدۇ، ئانىسىدىن باشقىغا ئالدىرىمايدۇ، پەقەت ئانىسىغىلا تايىنىدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش يەتسە، ئۇنىڭ خىيالىغا ۋە تىلىغا تۇنجى قېتىم «ئانا» دېگەن سۆز كېلىدۇ. شۇڭا، كىمنىڭ ئىبادىتى، قارىشى، تايىنىشى ئاللاھ تائالاغا بولسا، ئاللاھ تائالاغا كىچىك بالا ئانىسىغا ئاشىق بولغاندەك ئاشىق بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغۇچى بولىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئاۋۋالقى ھالەتنىڭ پەرقى بولسا بۇ ھالەتتە تەۋەككۇل قىلغۇچى ئۆز تەۋەككۇلىدە پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزىنى يوقاتقان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ تەۋەككۇل قىلىنغۇچىدىن باشقىغا قارىمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ تائالادىن باشقىغا ئورۇن قالمايدۇ. بىرىنچى ھالەتتە تۇرۇپ تەۋەككۇل قىلغۇچىغا كەلسەك، ئۇ تەكەللۇپ قىلىش ۋە كەسىپ قىلىش بىلەن تەۋەككۇل قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىشى ئۆز تەۋەككۇلىدە ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزىنى يوقاتقان كىشىگە ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئۇ باشقا نەرسىلەرگىمۇ قارىشى مۇمكىن.

باشقا نەرسىلەرگە قاراش بولسا يېگانە ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۇل قىلىشنى مۇلاھىزە قىلىشتىن قايتۇرىدىغان بىر ئىشتۇر.

ئۈچىنچى دەرىجە: بۇ دەرىجە ئىلگىرىكى ئىككى دەرىجىدىن يۇقىرىدۇر. بۇ دەرىجە بولسا ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدا خۇددى ئۆلۈكنىڭ غەسسال ئالدىدا تۇرغىنىغا ئوخشاش تۇرۇشىدۇر. ئۇ كىشى ئاللاھ تائالادىن ئايرىلمايدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈك ھېسابلىمايدۇ. بۇ ھالەت بوۋاق بالىنىڭ ئانىسى بىلەن بولغان ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بوۋاق بالا ئانىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە تۇۋلاپ، ئانىسىنىڭ پېشىغا ئېسىلىدۇ.

بۇ ھاللار مەخلۇقاتلاردا تېپىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدا ئىزچىل بولۇش تەس. بولۇپمۇ ئۈچىنچى ھالەتكە داۋاملىشىش تەس.

## تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ بەزى ئەمەللىرى توغرىسىدا

بەزى كىشىلەر «تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مەنىسى بەدەن بىلەن كەسىپ قىلىش ۋە قەلب بىلەن ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەرك ئېتىش ھەمدە لاتىغا ياكى دۆشە ئۈستىدىكى گۆشكە ئوخشاش زېمىنغا تاشلىنىش» دەپ ئويلايدۇ. بۇ جاھىللارنىڭ گۇمانى بولۇپ شەرىئەتتە ھارامدۇر.

شەرىئەت تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ماختىدى. تەۋەككۇل قىلىشنىڭ تەسىرى بەندىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدا ۋە ئۆز مەقسەتلىرىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدا كۆرۈلىدۇ. بەندىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى بولسا كەسىپ قىلىشقا ئوخشاش يوق پۇلنى تېپىش ئۈچۈن ياكى زاپاس ساقلاشقا ئوخشاش بار بولغان نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن، يا تاجاۋۇز قىلغۇچىنى دەفئ قىلىشقا ئوخشاش تېخى نېسى زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن، ياكى كېسەلدىن داۋالانغانغا ئوخشاش نەق زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن بولىدۇ. دېمەك، بەندىنىڭ ھەرىكەتلىرى بۇ تۆت تۈردىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

بىرىنچى تۈر: پايدىلىق نەرسىلەرنى جەلپ قىلىش. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۈچتۇر:

بىرىنچىسى: كەسكىن سەۋەب. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئىشلارغا مۇقىم شەكىلدە باغلانغان سەۋەبلەرگە ئوخشاشتۇر. مىسال: سەن ئاچ قورساق ھالىتىڭدە ئالدىڭدا تاماق بولىدۇ، سەن تاماققا قولۇڭنى سوزماي، «مەن تەۋەككۇل قىلغۇچىمەن، تەۋەككۇل قىلىشنىڭ شەرتى جىم تۇرۇش، تاماققا قولنى سوزۇش جىم تۇرۇشنى بۇزغانلىق بولىدۇ، شۇڭىدەك تاماقنى چايناش، ئۇنى يۇتۇشمۇ ھەرىكەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ» دەيسەن. بۇ

ئېنىق سارالغلىق بولۇپ، ئەسلا تەۋەككۇل قىلىشقا كىرمەيدۇ. چۈنكى، سەن ئاللاھ تائالانىڭ سەن تاماق يېمىسەڭمۇ ئۆزلۈكىدىن قورساق تويۇشنى ياكى تاماقنى ئۆزى ھەرىكەتلىنىپ سەن تەرەپكە ماڭدۇرۇشنى ۋەياكى تاماقنى چايناپ بېرىشى ۋە ئاشقازىنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشى ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشىنى كۈتسەڭ، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلمىگەن بولىسەن.

شۇنىڭدەك ئەگەر سەن زىرائەت تېرىماي، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇرۇق بولمىسىمۇ ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈشىنى ياكى ئايالىڭ بىلەن جىما قىلمىساڭمۇ ئايالىڭنىڭ تۇغۇشىنى تەمە قىلساڭ، بۇنىڭ ھەممىسى سارالغلىقتۇر. بۇ يەردە ئەمەل قىلىشنى تەرك ئېتىش تەۋەككۇل قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بۇ يەردە تەۋەككۇل قىلىش بىلىش ۋە ھالەت بىلەن بولىدۇ:

بىلىشكە كەلسەك، ئاللاھ تائالانىڭ تاماقنى، قولنى، سەۋەبلەرنى ۋە ھەرىكەت كۈچىنى ياراتقانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا تاماق ۋە سۇ بېرىدىغانلىقىنى بىلىشىڭدۇر.

ھالەت بولسا: سېنىڭ قەلبىڭ ۋە تايىنىشىڭ قول ۋە تاماققا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، سېنىڭ قولۇڭ قۇرۇپ قېلىشى ۋە ھەرىكىتىڭ يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا ساڭا تاماققا غالىب كېلىدىغان بىر كىشىنى مۇسەخخەر قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، تاماققا قولنى سوزۇش تەۋەككۈلگە زىت كەلمەيدۇ.

ئىككىنچى دەرىجە: كەسكىن بولمىغان سەۋەبلەر. لېكىن، كۆپىنچە ۋاقىتتا بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغان ئىشلار ئۇ سەۋەبلەرسىز بارلىققا كەلمەيدۇ. ئۇ مىسالى شەھەرلەردىن ئايرىلىپ، ئادەملەر ناھايىتى كەم بارىدىغان سەھرالارغا سەپەرگە چىقىپ، ئۆزى بىلەن ھېچ ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋالمىغان كىشىدۇر، بۇنداق كىشى ئاللاھ تائالانى سىنىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى چەكلىنىدۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋېلىشىغا بۇيرۇق قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلغان چاغدا، ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋالغان ۋە مەدىنىگە يول كۆرسىتىدىغان بىر يول باشچىنى ئىجارىگە ئالغان ئىدى[1].

ئۈچىنچى دەرىجە: تولۇق ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان، لېكىن بارلىققا كەلتۈرۈلمەكچى بولغان نەرسىلەرگە يەتكۈزۈشى خىيال قىلىنىدىغان سەۋەبلەر.

مەسىلەن: بىر كىشى مالغا ئېرىشىش تەپسىلاتى ۋە يوللىرى ھەققىدە ئىنچىكە

[1] بۇخارىي (3905).

تەدبىرلەرنى ئىزدىسە، ئۇنىڭ مەقسىتى ۋە ئىشى شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمەيدىغان ئاساستا توغرا بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى تەۋەككۇلدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئۇ كىشى تۇرمۇشىنىڭ ئارتۇقچە نەرسىلىرىنى تەلەپ قىلسا، مال - دۇنياغا ھېرىسمەن كىشىلەر قاتارىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

رىزىق يولىدا تىرىشماسلىق ئەسلا تەۋەككۇل قىلىش جۈملىسىدىن ئەمەستۇر. رىزىق ئىزدەشنى تەرك ئېتىش تەۋەككۇل قىلىشنى باھانە قىلىپ، راھەتنى تاللىغان ئىشى يوق ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىدۇر.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «تەۋەككۇل قىلغۇچى دېگەن زېمىنغا ئۇرۇق چېچىپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدۇ» دېگەن.

ئىككىنچى تۈر: بار بولغان نەرسىنى ساقلاپ سەۋەب قىلىش

ھالال ئوزۇق - تۈلۈك تاپقان كىشىنىڭ يەنە شۇنداق بىر ئوزۇق - تۈلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى ئۇنىڭ زېھنىنى مەشغۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ شۇ ھالال رىزىقنى توپلىشى ئۇنى تەۋەككۇل قىلىشتىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىسى بار كىشى بولسا شۇنداق.

«سەھىھەين»دىكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ غەنىيمەتكە چۈشكەن خورمىلىرىنى ساتاتتى ۋە ئەھلىگە ئۇلارنىڭ بىر يىللىق يېمەكلىكىنى ساقلاپ قوياتتى» دېيىلگەن[1].

ئەگەر «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوزۇقلۇق ساقلىۋېلىشتىن چەكلىدىغۇ؟»[2] دېيىلسە:

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5357)؛ مۇسلىم (1757).

[2] بىلال، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايەت قىلىدۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ قېشىدا بىر خالتا خورما تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ئى بىلال! بۇ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، بىلال:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلارنى جانابلىرىغا ۋە مېھمانلىرىغا يىغىۋاتىمەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

— ئى بىلال! بۇنىڭ دوزاختا تۈتۈن بولۇشىدىن قورقمامسەن؟ بۇنى سەدىقە قىلىۋەتكىن ۋە ئەرش ئىگىسىنىڭ سېنى ئاچ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلمىغىن! — دېدى. تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (1013)؛ ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (401)؛ بەززار (1978). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1512) «سەھىھ» دېگەن.

بۇنىڭ جاۋابى: بىلالنىڭ قېشىدىكى يوقسۇللار مېھمانغا ئوخشايتتى. شۇ سەۋەبتىن بىلال يېمەكلىكنى يىغىپ ساقلىۋالسا، ئۇلار ئاچ قالاتتى. ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتى: بىلال ۋە سۇففە ئەھلى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى يېمەكلىكنى يىغىپ ساقلىۋالماسلىق ئىدى. ئەگەر ئۇلار يېمەكلىكنى يىغىپ ساقلىۋالسا، ئۇلارنىڭ «بىز نامرات» دېگەن دەۋاسىدا يالغان ئېيتقانلىقىغا بىنائەن ئەيىبلىنەتتى.

ئۈچىنچى تۈر: زىياننى يوق قىلىدىغان سەۋەبلەر بىلەن شۇغۇللىنىش

زىياننى يوق قىلىدىغان سەۋەبلەرنى تەرك ئېتىش تەۋەككۈل قىلىش شەرتلىرىدىن ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا، يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ زېمىندا ياكى سەل يولىدا، ياكى ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان تام ئاستىدا ئۇخلاش دۇرۇس بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ.

شۇنداقلا ساۋۇت كىيىش، ئىشىكنى تاقاش ۋە تۆگىنى ئارغامچا بىلەن باغلاش قاتارلىق ئىشلار تەۋەككۈل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿قورالլىرىڭنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىڭدا تۇتۇڭ﴾4/«نىسائ»: 102 دېگەن.

بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى! تۆگىنى باغلاپ قويۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلامدىم ياكى تۆگىنى باغلىماي قويۇپ بېرىپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلامدىم؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنى باغلاپ تەۋەككۈل قىلغىن، — دېدى[1].

بۇنىڭ ھەممىسىدە سەۋەبكە ئەمەس، بەلكى سەۋەبنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا پۈتكەن بارلىق ئىشلارغا رازى بولىدۇ. قاچانكى ئۇنىڭ مېلى ئوغرىلانسا، «مېلىمنى ئوبدان ساقلىغان بولسام ئوغرىلانمايتتى» دېگەندەك خىيال كەلسە ياكى بېشىغا كەلگەننى باشقىلارغا شىكايەت قىلسا، ئۇنىڭ تەۋەككۈل قىلىشتىن يىراق ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

كىشى تەقدىرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن تېۋىپقا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلسۇن! يەنى تېۋىپ ئۇنىڭغا تاماق كەلتۈرسە خۇشال بولىدۇ ۋە «ئەگەر تېۋىپ غىزانىڭ ماڭا

[1] تىرمىزىي (2517). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1068) «ھەسەن» دېگەن.

مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسە ئىدى، ئۇنى مېنىڭ يېيىشىمگە ئېلىپ كەلمەيتتى» دەيدۇ. ئەگەر تېۋىپ ئۇنىڭدىن يېمەكنى چەكلىسە: «تېۋىپ ئۇنىڭ ماڭا زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسە ئىدى، ئۇنى مەندىن چەكلىمەيتتى» دەيدۇ.

شۇنى بىلگىنكى، كېسەل كىشى كۆيۈمچان ۋە ئۇستا تېۋىپقا ئىشەنگىنىدەك، بىر كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىسە، ئۇنىڭ تەۋەككۇلى توغرا بولمايدۇ. تەۋەككۇل قىلغۇچى مېلى ئوغرىلانسىمۇ، پەرۋا قىلماسلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارغا شەپقەت قىلىپ، ئوغرىدىكى ھەققىگە رازى بولۇپ كېتىشى كېرەك.

بىر كىشى بىر ئالىمغا ئۆزىنىڭ بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە مېلىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقىنى شىكايەت قىلغانىدى، ئالىم ئۇنىڭغا: «بۇنىداق قىلىدىغان مۇسۇلمانلار نېمىشقا كۆپىيىپ قالدى، دەپ مېلىڭنى ئېلىۋالغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ مېلىڭغا قايغۇرغىنىڭدىن بەكرەك قايغۇرمىساڭ، مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولمىغان بولىسەن» دېدى.

تۆتىنچى تۈر: زىياننى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىش؛ بۇ كېسەلنى داۋالاش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارغا ئوخشايدۇ. بىلگىنكى، زىياننى يوق قىلىدىغان سەۋەبلەر ئۈچتۈر:

بىرىنچى: ئۇسسۇزلۇقنى باسقۇچى سۇ ۋە ئاچلىقنى تىندۇرغۇچى نانغا ئوخشاش كەسكىن سەۋەبلەردۇر. بۇ تۈر سەۋەبلەرنى تەرك ئېتىش ھېچبىر شەكىلدە تەۋەككۇل قاتارىغا كىرمەيدۇ.

ئىككىنچى: داۋالىنىش مەقسىتىدە تومۇردىن قان ئېلىش، لوڭقا قويۇپ داۋالىنىش ۋە سۈرگە دورىسى ئىچىشكە ئوخشاش ئېھتىماللىق سەۋەبلەردۇر. بۇلارنى قىلىش تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ داۋالانغان[1] ۋە داۋالىنىشقا بۇيرۇغان ئىدى[2].

مۇسۇلمانلاردىن كۆپ كىشىلەر داۋالاندى ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، داۋالىنىشنى تەرك ئەتتى.

[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ داۋالىنىش ئۈچۈن لوڭقا قويۇپ قان ئالدۇرغانلىقى سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەندۇر.

[2] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «داۋالىنىڭلار! چۈنكى، كېسەلنى ياراتقان ئاللاھ دورىسىنىمۇ ياراتقان» دېگەن. ئەھمەد (12596). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن. ئىبنى ئەبى شەيبە (23881). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن. تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (649). ئۇممۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن. ئالبانىي: («غايەتۇل مەرام» ، (292) «سەھىھ» دېگەن.

شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭغا:

—— ساڭا تېۋىپ چاقىرمايمىزمۇ؟ —— دېيىلگەندى، ئەبۇبەكرى:

—— تېۋىپ مېنى كۆردى، —— دېدى.

—— تېۋىپ نېمە دېدى؟

—— تېۋىپ: مەن خاھلىغىنىمنى قىلىمەن، —— دېدى»[1].

مۇسەننىف رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «داۋالىنىش ئەۋزەل دېگەن قاراش بىز قۇۋۋەتلەيدىغان قاراشتۇر. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ داۋالىنىشنى رەت قىلىشى ۋە داۋالىنىشتىن توختىغان ياكى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەزى ئالامەتلەر سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلگەن، شۇڭا داۋالىنىشنى تەرك ئەتكەن».

بىلگىنكى، دورىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان سەۋەبلەردۇر.

ئۈچىنچى: داغلاپ داۋالاشقا ئوخشاش مەۋھۇم سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، داغلاپ داۋالاش تەۋەككۇل قىلىشتىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى «ئۇلار داغلىنىپ داۋالانمايدىغانلار» دەپ سۈپەتلىگەن[2].

بەزى ئالىملار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇلار داغلىنىپ داۋالانمايدىغانلار» دېگەن سۆزىنى «ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىدەك ‹ئۇلار داغلىنىپ داۋالانمايدۇ› دېگەن بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. چۈنكى، ئۇلار جاھىلىيەتتە ساق ۋاقتىدا كېسەللىك يەتمەسلىكى ئۈچۈن دۇئا - ئەپسۇن ئوقۇيتتى ۋە داغلىناتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەللىك يەتكەندىن كېيىن، رۇقيە (دۇئا) ئوقۇغان ۋە ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى داغلاپ قويغان ئىدى[3].

كېسەلنىڭ شىكايەت قىلىشىغا كەلسەك، كېسەلنى شىكايەت قىلىش تەۋەككۇل قىلىشتىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئىگىراش شىكايەت قىلغانلىقنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن،

---

[1] ئىبنى ئەبى شەيبە: (35581).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5705)؛ مۇسلىم (218). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[3] ئەھمەد (23255)؛ تىرمىزىي (2050)؛ ئىبنى ماجە (3492). ئالبانىي: («مىشكات»، 5434) «سەھىھ» دېگەن.

سەلەف سالىھلەر كىبىرلىكتىن قاتتىق قورققانلىقى ئۈچۈن كېسەل كىشىنىڭ ئىڭرىشىنى يامان كۆرەتتى.

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيتتى: «يوقلىغۇچىلىرى بولمىغان بىر كېسەل بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن».

بىر ئادەم ئىمام ئەھمەدتىن:

— ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىغانىدى، ئىمام ئەھمەد:

— ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام قىزىپ قالدىڭىزمۇ؟

— مەن ياخشى دېگەندىكىن، مەن دېيىشنى يامان كۆرىدىغان نەرسىنى مېنى دېگىلى سالمىغىن.

كېسەل كىشىنىڭ تېۋىپقا ئۆزىدىكى كېسەلنى سۈپەتلەپ بېرىشى تەۋەككۇل قىلىشقا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. سەلەف سالىھلەردىن بەزىسى شۇنداق قىلاتتى ۋە «مەن تېۋىپقا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزۈمدىكى قۇدرىتىنى سۈپەتلەپ بېرىمەن» دەيتتى. بۇنىڭدا ئۆزىنى قىيىنچىلىققا سەبر قىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر ئوقۇغۇچىغا كېسەلنى سۈپەتلەپ بەرگەندەك ئەھۋال تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. كېسەللىكنى نېئمەت كۆرۈپ، نېئمەتكە شۈكۈر قىلىپ ۋە كېسەللىكنى نېئمەتنى سۈپەتلىگەندەك سۈپەتلىسە، شىكايەت بولمايدۇ. بىر رىۋايەت قىلدۇقكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەردىن ئىككى ئادەم قىزىغاندەك قىزىپ كېتىۋاتىمەن» دېگەن[1]. تەۋەككۇل قىلىش ھەققىدىكى تېما ئاخىرلاشتى.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5648)؛ مۇسلىم (2571). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

# يىگىرمە يەتتىنچى بۆلۈم: ياخشى كۆرۈش، شەۋق، ئۈنس - ئۈلپەتچىلىك ۋە رازىمەنلىك ھەققىدە

شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ماقاملار ئىچىدىكى ئەڭ يۇكسەك ماقامدۇر. ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشكە يەتكەندىن كېيىن، بىرەر دەرىجە مەۋجۇد بولسا ئۇ دەرىجە ياخشى كۆرۈشنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىر نەتىجە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بىر ئەگەشمە بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىزغىنلىق، ئۈلپەتچىلىك ۋە مەمنۇن بولۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاشتۇر. ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالدىدىكى دەرىجە بولسا ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ تەۋبە قىلىش، سەبر قىلىش، زاھىدلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارغا ئوخشاش.

شۇنى بىلگىنكى، ئۇممەت ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشنىڭ دەلىللىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بار: ﴿ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان... بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾5/«مائىدە»: 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ﴿بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى ياخشى كۆرگىنىدەك ياخشى كۆرىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ﴾2/«بەقەرە»: 165.

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشنى ئىسپاتلاشقا ۋە ياخشى كۆرۈشنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا دەلىلدۇر.

سەھىھ ھەدىستە بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت توغرۇلۇق سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

— قىيامەتكە نېمە تەييارلىدىڭ؟ — دېدى. ئۇ ئادەم:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قىيامەتكە كۆپ ناماز ئوقۇش ۋە كۆپ روزا تۇتۇش بىلەن تەييارلىق قىلمىدىم، لېكىن مەن ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ:

— سەن ياخشى كۆرگەن كىشىڭ بىلەن بىللە بولىسەن، — دېدى[1].
مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ ھەدىسكە خۇشال بولغىنىغا ئوخشاش خۇشال بولۇپ باقمىغان ئىدى.

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «ئۆلۈم پەرىشتىسى ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىگە: ‹سىز بىر دوستىنىڭ ئۆز دوستىنى ئۆلتۈرگىنىنى كۆرۈپ باققانمىدىڭىز؟› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ ھامان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ: ‹سەن بىر دوستىنىڭ ئۆز دوستى بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرگىنىنى كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟› دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇنداقتا، ئى ئۆلۈم پەرىشتىسى! جېنىمنى ئالغىن!› دەيدۇ»[2].

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ: «رەببىنى تونۇغان كىشى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن[3].

ئاللاھ تائالادىن باشقىنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئاللاھ تائالانى تونۇشتا كەمچىلىكى ۋە بىلىمسىزلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈشكە كەلسەك، رەسۇلى ئەكرەمنى ياخشى كۆرۈش ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرگەنلىكتىن پەيدا بولىدۇ. ئالىملارنى ۋە تەقۋالارنى ياخشى كۆرۈشمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، ياخشى كۆرۈلگۈچىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىمۇ ياخشى كۆرۈلىدۇ. بەلكى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ قىلغان ئىشىمۇ ياخشى كۆرۈلىدۇ. ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئەلچىسىمۇ ياخشى كۆرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى ياخشى كۆرۈشكە باغلىق. ھەقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھەقىقەتتە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى كۆرۈلگۈچى يوقتۇر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ياخشى كۆرۈلۈشكە لايىق زاتمۇ يوقتۇر.

## ياخشى كۆرۈشكە يېگانە ئاللاھنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

بۇنى بىرنەچچە سەۋەبلەر بىلەن ئىزاھلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى سەۋەب: ئىنسان ئۆزىنى، ھايات قېلىشىنى، مۇكەممەللىكىنى، مەۋجۇدلۇقىنىڭ داۋاملىشىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ھالاك بولۇش،

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6171)؛ مۇسلىم (2639). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.
[2] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 9/10. سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ.
[3] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (1590).

يوقۇلۇش ۋە نۇقسانلىق بولۇشىنى يامان كۆرىدۇ. بۇ بولسا ھەربىر جانلىقنىڭ تەبىئىتىدۇر. ھەربىر جانلىقنىڭ بۇ تەبىئەتتىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھالەت ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنى قاتتىق ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇسا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ، داۋاملىق ياشاش ۋە مۇكەممەل بولۇشىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى يارىتىپ مۇكەممەل قىلىشتىن ئىبارەت پەزلى بولمىسا، نۇقسانلىق ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ: «پەرۋەردىگارىنى تونۇغان كىشى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى تونۇغان كىشى ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ» دېگەن[1].

ئىنساننىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆزىنى ياراتقان پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرمەسلىكى قانداقمۇ ئەقىلگە سىغسۇن! بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى سەۋەب: ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان، كۆيۈنگەن، تەسەللى بەرگەن، ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە ۋە دۈشمىنىنى يوقىتىشقا ئاتلانغان ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەن كىشىنى تەبىئىي ھالدا ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشى ئۇنىڭ نەزەرىدە سۆيۈملۈكتۇر. ئىنسان بۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە بىلسە، ھەقىقىي ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقلىرىنى ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر. ئىنسان، شەك ــ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾14/«ئىبراھىم»: 34.

ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە «شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتتۇق. شۇنداقتىمۇ ئېيتىشىمىز كېرەككى: كىشىلەر تەرەپتىن قىلىنغان ياخشىلىق پەقەت مەجازىي (كۆچمە مەنىدىكى) ياخشىلىقتۇر. ھەقىقەتتە بولسا ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

بۇنىڭ بايانى: بىز بىر شەخسنى پەرەز قىلايلى، ئۇ شەخس ئۆز خەزىنىسىدىكى بار - يوقىنى ساڭا ئىنئام قىلىدۇ، خەزىنىسىدىكى نەرسىلەرنى خاھلىغانچە ئىشلىتىشىڭگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. سەن بۇنى شۇ شەخسنىڭ ياخشىلىقى، دەپ

[1] يۇقىرىقى مەنبە.

ئويلايسەن، هالبۇكى بۇنداق ئويلىشىڭ خاتادۇر.

چۈنكى، ئۇنىڭ شۇ ياخشىلىقىنىڭ سەۋەبى مال ۋە مالغا بولغان ئىگىدارچىلىقى ھەمدە ئۇ كىشىنى شۇ مالنى سەرپ قىلىشقا قوزغىغان تۈرتكە بولدى. بىلىش كېرەككى، ئۇ شەخسنى ياراتتىش، ئۇنىڭ مېلىنى ياراتتىش، ئۇنىڭدىكى خاھىش ۋە تۈرتكىلەرنى ياراتتىش بىلەن ئۇنىڭغا كىم ئىنئام قىلدى؟ كىم ئۇنىڭغا سېنى سۆيۈملۈك كۆرسەتتى؟ كىم ئۇنىڭ يۈزىنى سەن تەرەپكە قايتۇردى؟ ئۇنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىقىنىڭ ياخشى بولۇشى ساڭا ياخشىلىق قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىم تاشلىدى؟ بۇلار بولمىسا ئىدى، ئۇ شەخس ساڭا ھېچنەرسە بەرمىگەن بولاتتى. ئۇ شەخس شۇلارنى ساڭا تاپشۇرۇشقا ھېچ قارشىلىق قىلالمايدىغان، شۇنىڭغا مەجبۇرلانغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى. دېمەك، ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللاھ تائالا ئۇ شەخسنى مەجبۇر قىلدى ۋە ئۇنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇ شەخس بولسا خۇددى ئەمىرنىڭ خەزىنىچىسىدۇر. ئەمىر ئۇنىڭغا شۇ ئىنسانغا بۇيرۇغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. خەزىنىدار ئەمىر بېرىشكە بۇيرۇغان نەرسىنى بېرىشى بىلەن ياخشىلىق قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، خەزىنىدار ئەمىرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇردۇر. ئەگەر ئەمىر ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويسا، خەزىنىدار ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەيتتى. ھەرقانداق ياخشىلىق قىلغۇچى شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە، ئۇ تاكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بېشىغا تۈرلۈك سەۋەبلەرنى پەيدا قىلىپ، سەرپ قىلىش ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالمىغۇچە باشقىلارغا بىر تال دانمۇ بەرمىگەن بولاتتى. شۇڭا، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالانىلا ياخشى كۆرۈشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىدىن ئۆز مەيلىچە ياخشىلىق كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۈچىنچى سەۋەب: ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقى ساڭا يەتمىگەن تەقدىردىمۇ ياخشىلىق قىلغۇچى ئەسلىدىلا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتلىرىگە سۆيۈملۈكتۇر. چۈنكى، سەن «بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئالىم، ئادىل ۋە ئابىد ئىكەن، خەلقىگە مېھرىبان ئىكەن ۋە ئۇلارغا كۆيىنىدىكەن» دەپ ئاڭلىساڭ، ئۇ پادىشاھ بەك يىراقتا بولسىمۇ سەن ئۇنى ياخشى كۆرىسەن. قەلبىڭدە ئۇنىڭغا كۆپ مايىللىقنى سېزىسەن. بۇ بولسا ياخشىلىق قىلغۇچىنى — ساڭا ياخشىلىق قىلغۇچى بولمىسىمۇ — ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈشتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشنى، شۇنداقلا ھەقتائالادىن باشقىنى ياخشى كۆرمەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان سەۋەبتۇر.

ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى ياخشى كۆرسىمۇ، مەلۇم سەۋەب يۈزىدىن ياخشى

كۆرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارغا ئۇلارنىڭ زۆرۈر ھاجەتلىرى ۋە باياشات ياشاش سەۋەبلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنى مۇكەممەل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ساناقسىز نېئمەتلەرنى يارىتىش بىلەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، ئىنسان، شەك ــ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) كۇفۇرلۇق قىلغۇچىدۇر﴾«ئىبراھىم»/14: 34. شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسى قانداقمۇ ھەقىقىي ياخشىلىق قىلغۇچى بولسۇن! ئۇ ياخشىلىق قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قۇتلۇق ياخشىلىقلىرىدىن بىر ياخشىلىقتۇر. كىمكى بۇنى بىلسە، پەقەت ئاللاھ تائالانىلا ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

ھەممىدە دېيىمىزكى: بىر كىشى «ئىلىملىك ۋە قۇدرەتلىك» دەپ تەرىپلەنسە ياكى ئۇ كىشى ناچار خۇلقلاردىن پاك كىشى بولسا، بۇ ھەم ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

قەلبلەر تەبىئىي ھالدا ياخشى كۆرىدىغان سىددىقلارنىڭ سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى، پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ شەرىئەتلىرىنى بىلىشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ناچار، رەزىل خۇلقلاردىن پاك بولۇشقا قادىر بولۇشلىرىدۇر. ئۇشبۇ سۈپەتلەر سەۋەبلىك پەيغەمبەرلەر ياخشى كۆرۈلىدۇ. پەيغەمبەرلەردىكى بۇ سۈپەتلەرنى ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرساڭ، بۇ سۈپەتلەرنىڭ نەقەدەر ئاجىز سۈپەتلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

ئىلىمگە كەلسەك، ئاۋۋالقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمى بارلىق نەرسىلەرنى تولۇق بىلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدىن كېلىدۇ. ﴿ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ئاللاھتىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە) دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوقتۇر﴾«سەبەئ»/34: 3. ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارغا خىتاب قىلىپ: ﴿سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەندۇر﴾«ئىسرائ»/17: 85 دېگەن.

ئەگەر ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى ئاللاھ تائالانىڭ بىر چۈمۈلىنى يارىتىشتىكى ياكى بىر تال پاشىنى يارىتىشتىكى تەپسىلىي ھېكمىتىنى تولۇق بىلىش ئۈچۈن توپلانغان تەقدىردە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم ۋە ھېكمىتىنىڭ ئوننىڭ بىرىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچنەرسىنى بىلەلمەيدۇ﴾«بەقەرە»/2: 255.

بارلىق مەخلۇقاتلار ئۆزلىرى بىلگەن ئازغىنە ئىلىمنى ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن بىلگەندۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىلمىدىن ئارتۇقلۇقى چەكسىزدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ بىلىم ـ مەلۇماتلىرىنىڭ پايانى يوقتۇر.

قادىر بولۇش سۈپىتىگە كەلسەك، قادىر بولۇشمۇ ھەم مۇكەممەللىك سۈپىتىدۇر. بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ قۇدرىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە مەنسۇپ قىلغىن، چۈنكى كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە ئەڭ بۈيۈك، مۈلۈك جەھەتتە ئەڭ كەڭرى، جازالاش جەھەتتە ئەڭ قاتتىق، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى باشقۇرۇشقا كۈچى يېتەرلىك بىر كىشىنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئۆزىنىڭ بەزى سۈپەتلىرىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ بەزى ئىشلاردىكى سىنىقىغا ئىگە بولۇشتۇر. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ: ﴿ئۆزىدىن بىرەر زىياننى دەفئى قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ) جېنىنى ئېلىشقا، (باشقىلارغا) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ﴾25/«فۇرقان»: 3.

بەلكى ئۇ كۆزىنى قارىغۇ بولۇپ قېلىشتىن ياكى تىلىنى گاچىلىقتىن، ياكى قۇلىقىنى گاسلىقتىن ۋەياكى تېنىنى كېسەل بولۇشتىن ساقلىيالمايدۇ. مەخلۇقاتلاردىن زەررىنى پەيدا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇ شەخس ئۆزى ۋە باشقىلار توغرىسىدا قادىر بولغان ئىشلاردىكى قۇدرىتىمۇ ئۆزىدىن ئەمەس. بەلكى ئاللاھ ئۇنى، قۇدرىتىنى ۋە سەۋەبلىرىنى ياراتقۇچى، ئۇنىڭغا مۇمكىنچىلىك بەخش ئەتكۈچىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا زېمىندىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ بۈيۈك بىر پادىشاھقا بىر تال پاشىنى مۇسەللەت قىلىدىغان بولسا، ئۇ پاشا ئۇنى ھالاك قىلغان بولاتتى. دېمەك، بەندە پەرۋەردىگارى ئۆزىگە كۈچ ـ قۇدرەت بەرگەندىلا ئۇ كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا زېمىندىكى ئەڭ چوڭ پادىشاھلاردىن بىرى بولغان زۇلقەرنەيىن ھەققىدە: ﴿ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق﴾18/«كەھف»: 84 دېگەن.

دېمەك، ئۇنىڭ بارلىق مۈلكى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلغانلىقى بىلەن بارلىققا كەلگەن. بارلىق مەخلۇقاتلارنى باشقۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر ۋە كامالى قۇدرىتى ئىچىدىدۇر. ئەگەر ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ھالاك قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكى ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن زەررىچىلىك نەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ مىڭ ئوخشىشىنى ياراتسىمۇ، مەخلۇقاتلىرىغا پەرۋا قىلىپ قالمايدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا قادىر زات يوقتۇر. ھەقىقىي مۇكەممەللىك، بۈيۈكلۈك، گۈزەللىك، ئۇلۇغلۇق، (مۇتلەق)

بويسۇندۇرۇش ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. ئەگەر قۇدرەت ئىگىسى بىرنى قۇدرىتى، بۈيۈكلۈكى ۋە مۇكەممەل ئىلمى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش تەسەۋۋۇر قىلىنسا، بۇ ياخشى كۆرۈشكە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم لايىق بولمايدۇ. مۇكەممەل پاكلىق ۋە مۇقەددەسلىك پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. ئاللاھ تائالا تەڭدىشى يوق يېگانە زاتتۇر. رەقىبى يوق بىر زاتتۇر. ئۇنىڭدىن ئىلاھلىقنى تالاشقۇچى يوق، ھېچنېمىدىن بىھاجەت زاتتۇر. ئاللاھ تائالا خاھلىغىنىنى قىلىدۇ، خاھلىغان بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى رەت قىلىپ قايتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ قازاسىنى كېچىكتۈرگۈچى يوقتۇر. ئۇنىڭ ئىلمىدىن ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە چۈشۈپ قالمايدىغان، ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

دېمەك، ئارىفلارنىڭ ئىلمىنىڭ مۇكەممەللىكى ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىدۇر. ئۇ ئاللاھ ئەسلا ھېچبىر شېرىكى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل ياخشى كۆرۈشكە لايىق زاتتۇر.

### پەسىل: ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراشنىڭ ئەڭ چوڭ لەززەت ئىكەنلىكى ۋە بۇ نېئمەتتىن مەھرۇم قالغان كىشىنىڭلا باشقا لەززەتنى ئارتۇق بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، لەززەتلەر ئاڭ - ئىدراكلارغا ئەگەشكۈچىدۇر. ئىنسان ھەرخىل قۇۋۋەت ۋە تەبىئەتلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغاندۇر. ئىنساندىكى ھەربىر قۇۋۋەت ۋە تەبىئەتنىڭ لەززىتى بولىدۇ. ئىنساندىكى بۇ تەبىئەتلەر بىھۇدە يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى بىر مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. ئۇ مەقسەت تەبئىيكى، ئىنسان تەبئىتىنىڭ تەلىپىدۇر.

تائامغا قىزىقىش تەبئىتى ئىنساننىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش سەۋەبى بولمىش غىزانى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

كۆرمەك ۋە ئاڭلىماق كۆرۈش ۋە ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ لەززىتىدۇر.

شۇنىڭدەك قەلبتە «ئىلاھىي نۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەبىئەت بولىدۇ. بەزىدە بۇ تەبىئەت «ئەقىل، يوشۇرۇن كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئىمان ۋە جەزمىيەت نۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەبىئەت بارلىق ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ئۆز ئەينى بىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ تەقەززاسى ئىلىم - مەرىپەتتۇر. ئىلىم - مەرىپەت بولسا ئۇنىڭ لەززىتىدۇر.

كىچىككىنە نەرسە ھەققىدە ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ خۇشاللىنارلىق ئىش

ئىكەنلىكى، كىچىككىنە نەرسە بولسىمۇ ئۇنى بىلمەسلىكنىڭ كۆڭۈل يېرىم قىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس. بۇنداق بولۇشى ئىلىم لەززىتىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكى ۋە ئىلىم بولغاندىلا ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى سەزگەنلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئىلىم ئەڭ گۈزەل سۈپەتتۇر. مۇكەممەللىك غايىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان زېرەكلىكى، ئىلمىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكى بىلەن ماختالسا تەبىئىي ھالدا خۇشاللىنىدۇ. دېھقانچىلىق ۋە تىككۈچىلىكنى بىلىش لەززىتى مۈلكىي ئىدارە ۋە كىشىلەرنى باشقۇرۇشنى بىلىش لەززىتىگە ئوخشىمايدۇ. شېئىر ۋە گىراماتىكىنى بىلىش لەززىتى ئاللاھ تائالانى، پەرىشتىلىرىنى، ئاسمانلار ۋە زېمىنىنىڭ سەلتەنىتىنى تونۇش لەززىتىگە ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئىلمىنىڭ لەززىتى ئىلمىنىڭ ئۇلۇغ بولۇشىغا قاراپ ئۇلۇغ بولىدۇ. ئىلمىنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى مەلۇماتنىڭ ئۇلۇغ بولۇشىغا قاراپ ئۇلۇغ بولىدۇ.

بۇ سۆزلەردىن ئۇلۇغ ئىلمىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك ئىلىم ـ مەرىپەت ئىكەنلىكى، ئىلمىنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى مەلۇماتنىڭ ئۇلۇغ بولۇش مىقدارىچە بولىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ.

ئەگەر مەلۇماتلار ئىچىدە ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كاتتا بىرنەرسە بار بولسا، ئۇ نەرسىنى بىلىش ئەڭ لەززەتلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئىلمنى بىلگەنلىك ئىكەنلىكىدە ھېچ شۈبھە يوقتۇر.

كاشكى ھېس قىلسامچۇ! كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقۇچى، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى، بېزىگۈچى، ئەۋۋەلا بارلىققا كەلتۈرگۈچى، قايتا تىرىلدۈرگۈچى ۋە تەرتىپلىگۈچى ئاللاھ تائالادىنمۇ بۈيۈك، ئالىي، مۇكەممەل، ئۇلۇغ ۋە كاتتا بىر زات بارمۇ؟ پادىشاھلىق، مۇكەممەللىك، گۈزەللىك، كۆركەملىك، ئۇلۇغلۇقتا ۋە ئۇلۇغلۇقىنى، مۇكەممەللىكىنى، ئىشلىرىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى سۈپەتلىگۈچىلەرنىڭ سۈپەتلىشىمۇ تولۇق بايان قىلالمايدىغان جانابىي ئاللاھ تائالادىنمۇ ئالىيجاناب بىرى بارمۇ؟!

شۇڭا، ئىلىم ـ مەرىپەت لەززىتىنىڭ بەش سەزگۈ ئەزا بىلەن ھېس قىلىنىدىغان بارلىق لەززەتلەردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك. چۈنكى، ئىلمى مۇكەممەل كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە يوشۇرۇن سۈپەتلەر ئاشكارا لەززەتلەردىن غالىبتۇر. ئەگەر بىر ئادەم سېمىز توخۇ ۋە ھالۋا يېيىش لەززىتى بىلەن باشلىق بولۇش، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىستىلا قىلىش ھوزۇرى ئارىسىدا ئۆز ئىختىيارىغا قويۇلسا، ئەگەر كىشى ھىممىتى پەس، قەلبى ئۆلۈك ۋە ھايۋانىي شەھۋىتى كۈچلۈك كىشى بولسا، توخۇ ۋە ھالۋىنى تاللايدۇ. ئەگەر ئۇ ئالىي ھىممەت ۋە ئەقلى كامىل كىشى بولسا، ئەمەل ئىگىسى بولۇشنى تاللايدۇ ۋە ئۇنىڭ

ئۇچۇن ئاچ - سۇسىز، زۆرۈر ئوزۇقنى يېمەي بىرنەچچە كۈن سەبىر قىلىش تەس كەلمەيدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ باشلىق بولۇشنى تاللىغانلىقى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەمەل-مەنسەبنىڭ ياخشى تائاملاردىن لەززەتلىنىش ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئالىي ھىممەت ۋە ئەيىب - نۇقساندىن خالىي كىشىگە ئەمەل - مەرتىۋە لەززىتى ئەڭ غالىب لەززەت بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە ئىلاھىي ئىشلارنىڭ سىرلىرىغا قاراش لەززىتى كىشىلەرگە غالىب كەلگەن ئەڭ يۇقىرى لەززەت بولغان باشلىق بولۇش لەززىتىدىن بەكرەك لەززەتلىكتۇر. بۇنى پەقەت ھەر ئىككى لەززەتنى تېتىپ باققان كىشىلا بىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇشبۇ ئەڭ يۇقىرى لەززەتنى تېتىغان كىشى ئاياللارغا بېرىلمەسلىك، يالغۇزلۇق، پىكىر قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنى تاللايدۇ، ئىلىم - مەرىپەت دېڭىزلىرىغا شۇڭغۇيدۇ ۋە ئەمەل - مەنسەبنى تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلنىڭ يوقىلىدىغانلىقى، باشقۇرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ يوقىلىدىغانلىقى، باشلىقلىق قىيىنچىلىق بىلەن ئارىلاشقانلىقى ۋە كەسكىن ھالاكەت ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنى باشقۇرۇش ئىشىنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش، قىلىش - ئېتىشلىرىنى ۋە ئۇ زاتنىڭ مەملىكىتىنىڭ تۈزۈمىنى بىلىش ئىنتايىن چوڭ ئىش بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ زاتنىڭ مەملىكىتى تالاشقۇچىدىن ۋە بىئارام قىلغۇچىدىن خالىيدۇر. ئارقىمۇئارقا كەلگەنلەرنى سىغدۇرۇپ، ئۇلارغا تار كېلىپ قالمايدۇ. بۇلارنى بىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى تونۇغۇچى ﴿كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىنچە كېلىدىغان جەننەت﴾3/«ئال ئىمران»: 133 نى كۆرۈشى بىلەن جەننەت باغچىلىرىدا يايرايدۇ. جەننەت مېۋىلىرىنى ئۈزىدۇ. جەننەتنىڭ كۆللىرىدىن سۇ ئىچىدۇ. ئۇ كىشى بۇ نېمەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىدىن خاتىرجەمدۇر. چۈنكى، ئۇ نېمەتلەر ئەبەدى ۋە مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئۇنى ئۆلۈم ئۈزۈپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم ئاللاھ تائالانى تونۇش ئورنىنى يىقىتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالانى تونۇش ئورنى بولسا روھتۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆلۈم پەقەت روھنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتىدۇ، لېكىن روھنى يوقىتالمايدۇ.

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا پەرقلىق دەرىجىلەردە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ پەرقلىرىنى ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلار پەقەت زەۋق ئارقىلىق بىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ھېكايە قىلىشنىڭ پايدىسى بەك ئازدۇر. بۇ سۆزلەر ساڭا ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ئەڭ لەززەتلىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈپ بىر لەززەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەبۇ سۇلايمان ئەددارانىي رەھمەھۇللاھ ئېيتۇر: «ئاللاھ تائالانىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن دوزاخ قورقۇنچىسى

ۋە جەننەت ئۈمىدى مەشغۇل قىلالمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، دۇنيا ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن قانداقمۇ مەشغۇل قىلالىسۇن؟!»

مەئرۇف ئەلكەرخىينىڭ بىر ھەمراھى ئېيتىدۇ: مەن مەئرۇف ئەلكەرخىيگە:

— قايسى نەرسە سېنى ئىبادەتكە باشلىدى؟ — دېگەنىدىم، ئۇ لام - جىم دېمىدى. مەن:

— ئۆلۈمنى ئەسلەشمۇ؟ — دېدىم. ئۇ:

— ئۆلۈم قانداق نەرسە؟ — دېدى.

— ئەمىسە قەبرىنى ئەسلەشمۇ؟

— قەبرە دېگەن نېمە؟

— ئەمىسە دوزاختىن قورقۇش ۋە جەننەتنى ئۈمىد قىلىشمۇ؟

— ئۇ نېمە؟ بىر پادىشاھنىڭ قولىدا ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى بولسا ۋە سەن ئۇ پادىشاھنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ سۆيگۈسى سەندىن ئېيتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئەگەر سەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا تونۇشۇش بولسا، ئۇ پادىشاھ ساڭا شۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىغاندىمۇ بەكرەك كۇپايە قىلىدۇ.

ئەھمەد ئىبنى فەتىھ رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر:

— مەن بىشر ئىبنى ھارىسنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— مەئرۇف ئەلكەرخىينىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىغاندىم، ئۇ بېشىنى مىدىرلىتىپ:

— بىزنىڭ ئارىمىزنى پەردىلەر توسۇۋالدى. مەئرۇف ئەلكەرخىي ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ جەننىتىگە قىزىقىپ ياكى دوزىخىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلمىغان ئىدى، پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىنتىزار بولۇپ ئىبادەت قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى پەردىلەرنى كۆتۈرۈۋەتتى، — دېدى.

دېمەك، بىر كىشىدە ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ھاسىل بولسا، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشكە غەرق بولىدۇ ۋە جەننەتكە، دوزاخقا قارىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئەڭ يۇقىرى نېئمەتكە يەتكەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇنداق دېگەن:

ئاللاھنى ئۇنتۇش ئېغىردۇر ئۇنىڭ دوزىخىدىن،

ئاللاھقا يېتىش ياخشىدۇر ئۇنىڭ جەننىتىدىن.

بۇ سۆزنى دېگۈچى بۇ سۆزى بىلەن قەلبىنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشتىكى لەززىتىنى ئىرادە قىلغاندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانى تونۇش يېيىش، ئىچىش ۋە نىكاھلىنىش لەززىتىدىن ئارتۇقتۇر. چۈنكى، جەننەت سەزگۈ ئەزالارنىڭ مەنپەئەت ئېلىش كانىدۇر. قەلبنىڭ لەززىتى پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىششتىدۇر.

شۇنى بىلگىنكى، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالاغا قاراش لەززىتى دۇنيادىكى ئىلىم - مەرىپەت لەززىتىدىن زىيادە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلارغا قويغان يولى شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ئىنسان نەپسى بەدەن توسالغۇلىرى، شەھۋەت تەلەپلىرى ۋە ئىنسانىي سۈپەتلەردىن غالىب كېلىدىغان سۈپەتلەر بىلەن پەردىلەنسە، كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. بەلكى بۇ ھايات زۆرۈر ھالدا ئىنسان نەپسىدىن پەردىلىنىدۇ. بۇ بولسا كۆزلەرنىڭ كۆرۈشىنى كىرپىكلەرنىڭ توسقىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆرۈشكە توسالغۇ بولىدىغانلىقى سەۋەبى ھەققىدە سۆزلىسەك، گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. توسالغۇ ئۆلۈم بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە، ئىنسان نەپسى دۇنيا بىلەن بىر تۈرلۈك بۇلغىنىش بار ھالەتتە قالىدۇ. ئاندىن جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگۈزۈلۈپ بارلىق بۇلغىنىشلاردىن پاكلانغاندا، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دۇنيادا تونۇش مىقدارىچە ئاشكارا بولىدۇ.

دېمەك، دۇنيادا ئاللاھ تائالانى تونۇمىغان ھەرقانداق كىشى ئاللاھ تائالانى ئاخىرەتتە كۆرەلمەيدۇ. دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا دوست بولمىغان كىشى ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالاغا يېقىندىن دوست بولالمايدۇ. بىر كىشى نېمە تېرىسا، شۇنى ئورۇيدۇ. ئىنسان قانداق ياشىغان بولسا، شۇ بويىچە ئۆلىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۆزى بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. لېكىن، ئىلىم - مەرىپەت ئۆلۈم كېلىپ پەردىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتە لەززەت ھەسسىلەپ بولىدۇ. ھەقىقىي ھايات ئاخىرەتتىكى ھاياتتۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات ئىدى﴾29/«ئەنكەبۇت»: 64 دېگەن.

ئاخىرەتتىكى ھەقىقىي ھايات ئىلىم - مەرىپەت مىقدارىچە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە: «كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۆمرى ئۇزۇن ۋە ئەمەلى ياخشى بولغىنىدۇر» دېيىلگەن[1].

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىلىم - مەرىپەت داۋاملىق تەپەككۇر قىلىش، زىكىر

[1] ئەھمەد (17716). تىرمىزىي: (2330) «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلە-تۇسسەھىھە»، 1836) «سەھىھ» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئېيتىش، نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش، دۇنيا ئالاقىلىرىدىن ئۆزىنى تارتىش ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئاتلىنىش ئارقىلىق ئۇزۇن ۋاقىتتا ئاندىن تولۇقلىنىدۇ، كۆپىيىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ.

بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ مەزمۇنلار ئارقىلىق سەن ياخشى كۆرۈشنىڭ مەنىسىنى، ئىلىم - مەرىپەت لەززىتىنىڭ مەنىسىنى، قاراش ۋە ئۇنىڭ لەززىتىنىڭ مەنىسىنى، ئۇنىڭ كامالەت ئەھلىنىڭ قارىشىدا بارلىق لەززەتلەردىن لەززەتلىك بولۇشىنىڭ مەنىسىنى بىلدىڭ.

## پەسىل: ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنى كۈچلەندۈرىدىغان سەۋەبلەر، ياخشى كۆرۈشتە كىشىلەرنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانى تونۇشتا كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھ تائالانى بەك ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ئەڭ بەختلىك ۋە ھالى ئەڭ ياخشى بولىدىغان كىشىلەردۇر.

چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ مەنىسى «ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ۋە ئۇ زات بىلەن ئۇچرىشىپ بەخت - سائادەت تېپىش» دېمەكتۇر. ئۇزۇن ۋاقىت كۈتكەندىن كېيىن، ئاشىقنىڭ مەشۇقى يېنىغا كېلىشى ۋە ئۇنى ھېچقانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇسىز كۆرەلىشى نېمىدېگەن كاتتا نېئمەت - ھە!

لېكىن، بۇ نېئمەت ياخشى كۆرۈش مىقدارىچە بولىدۇ. ياخشى كۆرۈش قانچە زىيادە بولسا، لەززەتمۇ شۇنچە زىيادە بولىدۇ. مۇئمىن ياخشى كۆرۈشنىڭ يىلتىزىدىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى، مۇئمىن ئىلىم - مەرىپەت يىلتىزىدىن ئايرىلمايدۇ. قاتتىق ياخشى كۆرۈش ۋە ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىنى ئىگىلىشى بولسا كۆپ كىشىلەردە بولمايدۇ. شەكسىزكى، بۇ ھالەت ئىككى سەۋەبتىن ھاسىل بولىدۇ:

بىرىنچىدىن: دۇنيا ئالاقىلىرىدىن ئۆزىنى تارتىش ۋە ئاللاھ تائالادىن ئۆزگە نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبتىن چىقىرىپ تاشلاش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئاجىز بولۇپ قېلىشىنىڭ بىر سەۋەبى دۇنيا مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇپ قېلىشىدۇر. قەلب دۇنياغا قانچىكى بېرىلسە، ئاللاھ تائالادىن شۇنچىكى يىراقلىشىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىككى كۈندەش ئايالغا ئوخشايدۇ.

قەلبتىن دۇنيا سۆيگۈسىنى چىقىرىپ تاشلاش يولى بولسا زاھىدلىق يولىدا مېڭىش، سەبرچان بولۇش، بۇ ئىككىسىدە ھەم قورقۇش، ھەم ئۈمىدۋار بولۇش،

«تەۋبە قىلىش توغرىسىدا»، «سەبر قىلىش توغرىسىدا»، «شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا»، «زاھىدلىق توغرىسىدا»، «قورقۇش توغرىسىدا» دېگەن تېمىلاردا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ماقاملاردا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەزمۇنلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن: ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئۇ زاتنى ياخشى كۆرۈشنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىلىم - مەرىپەت ھاسىل بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياخشى كۆرۈش ھاسىل بولىدۇ. شۇ ئىلىم - مەرىپەتكە بولسا قەلب دۇنيا مەشغۇلاتلىرىدىن خالىي قالدۇرۇلغاندا، ساپ پىكىر قىلىش، دائىما زىكىر ئېيتىش، تىرىشىپ ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ قىلىم - ئېتىملىرىنى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرۈش قاتارلىقلار يەتكۈزىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قىلىم - ئېتىملىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مىسالى پەرىشتىلەر ۋە ئاسمانلارنىڭ سەلتەنىتى شۇنداقلا زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەردۇر.

قۇياش — ھەجمىنىڭ كىچىك كۆرۈنۈشىگە قارىماي — زېمىندىن يۈز ئاتمىش نەچچە ھەسسە چوڭدۇر. زېمىن ھەجمىنىڭ قۇياشقا سېلىشتۇرغاندا بەك كىچىك ئىكەنلىكىگە قارىغىن، ئاندىن قۇياشنىڭ ھەجمىنىڭ قۇياش مەركەزلەشكەن تۆتىنچى ئاسمانغا[1] قارىغاندا قانچىلىك كىچىكلىكىگە قارىغىن! تۆتىنچى ئاسمان ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمانلارغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ كىچىكتۇر. يەنە «يەتتە قات ئاسمان كۇرسىي ئالدىدا بەئەينى چۆلگە تاشلانغان بىر تال ھالقىغا ئوخشايدۇ، كۇرسىي بولسا ئەرش ئالدىدا قۇم دېڭىزىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر تال مونچاققا ئوخشايدۇ»[2].

ئاندىن زېمىندىن ئېلىنغان بىر ئوچۇم تۇپراقتىن يارىتىلغان ئادەملەر ۋە جىمى ھايۋاناتلارنىڭ زېمىنغا نىسبەتەن نەقەدەر كىچىك ئىكەنلىكىگە قارىغىن! شۇ جۈملىدىن پاشا سەن تونۇيدىغان كىچىك ھايۋانلاردىن — ھاشارەتلەردىن بىرىدۇر. نەق شۇ تاپتىكى ئەقلىڭ بىلەن قارىغىنكى، ئاللاھ تائالا كىچىككىنە پاشىنى ھايۋاناتلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان پىلنى ياراتقاندەك يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئىككى قاناتنى قانداق زىيادە قىلغان، شۇ پاشىغا ئاڭلاش، سېزىش ۋە يېيىش ئەزالىرىنى قانداق ئورناتقان، نىشانىنى ئىزدەپ تېپىش، قوغدىنىش ۋە ھەزىم قىلىشتەك قابىلىيەتلەرنى ۋە خاھلىسا ئۇچالايدىغان قانات، خاھلىسا قان

---

[1] قۇياش تۆتىنچى ئاسماندا دېيىش ئىجتىھادىي ھۆكۈمدۇر. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

[2] ئىبنى ھىببان (361). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 109) «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

شورىيالايدىغان ئۆتكۈر تۇمشۇقىنى قانداق ئاتا قىلغان - ھە!

ھەسەل ھەرىسىنىڭ گۈل - چېچەكلەرنى ئىستېمال قىلىشىغا، مەينەت نەرسىلەردىن ساقلىنىدىغانلىقىغا ۋە چوڭىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىغا قارىغىن! ھەتتا ھەسەل ھەرىسىنىڭ چوڭى مەينەت نەرسىلەرنى يەپ كەلگەن ھەرقانداق ھەسەل ھەرىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئالتە بۇلۇڭ شەكىللىك كۆنەك تاللىغانلىقىغا قارىغىن. ھەسەل ھەرىسى ھەرگىزمۇ تۆتبۇلۇڭلۇق، يۇمىلاق ياكى بەش بۇلۇڭلۇق كۆنەك بىنا قىلمايدۇ. بەلكى ئۆزىگىلا خاس بولغان ئالتە بۇلۇڭلۇق كۆنەك ياسايدۇ. شەكىللەر ئىچىدە ئەڭ كەڭ ۋە سىغىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى يۇمىلاق ياكى ئۇنىڭغا يېقىن شەكىلدۇر. تۆتبۇلۇڭلۇق شەكىلنىڭ بۇلۇڭلىرى بىكار قالىدۇ، ئەگەر ئۇۋىسىنى يۇمىلاق ھالەتتە بىنا قىلسا، ئۇۋىنىڭ سىرتىدا بوش يوچۇقلار قالاتتى. چۈنكى، يۇمىلاق شەكىللەر قاتلاپ بىر يەرگە كەلتۈرۈلسە، جىپسىلاشقان ھالەتتە بىر يەرگە كەلمەيدۇ. شۇڭا، ھېچقانداق شەكىل يۇمىلاق شەكىلدەك سىغىمچان ئەمەس. ئالتە بۇلۇڭلۇق كۆنەك بولغاندىلا، ھېچقانداق يوچۇق قالماستىن يېقىن كەلتۈرۈلسە جىپسىلىشىپ كېلەلەيدۇ. ھەسەل ھەرىسى شۇنچە كىچىك ۋە ئاجىز تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ بۇلارنى قانداق ئىلھام قىلغانلىقىغا قارىغىن! ھاشارەتلەر ھەققىدىكى بۇ ئازغىنە نۇردىن ئىبرەت ئالغىن! بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە قاراش بىلەن ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىلىم - مەرىپەت ئاشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش زىيادە بولىدۇ.

## كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتە پەرقلىق بولۇشىدىكى سەۋەبنىڭ بايانى توغرىسىدا

بىلگىنكى، ھەممە كىشى بىردەك ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، ھەركىمنىڭ ئىلىم - بىلىمى بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى كۆرۈشتىمۇ بىردەك بولمايدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەر ئاللاھ تائالانى تونۇشتا ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغان ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدىن ئۆزگىنى بىلمەيدۇ.

يېتىشكەن ئالىم كىشى ھەقتائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتا ئەقىللەرنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدىكى تەپسىلاتىغا قارايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئالىم قەلبەن ئاللاھ تائالانى تېخىمۇ ئۇلۇغلايدۇ ۋە تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىش ئاجايىباتلىرىنى بىلىشتىن ئىبارەت ئۇشبۇ ئىلىم ئالىمنى بىپايان بىر ئوكيانغا ئېلىپ بارىدۇ.

### كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن ئاجىز كېلىشىنىڭ سەۋەبى

شۇنى بىلگىنكى، بارلىققا كەلتۈرگۈچى كۆرۈنسۇن، كۆرۈنمىسۇن، بارلىققا كەلتۈرۈلگەن نەرسە ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا، بارلىققا كەلتۈرگۈچىنىڭ ئىلمى بارلىقىغا، هاياتىي كۈچكە ئىگە ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە — گەرچە بۇلار بەش سەزگۈ ئەزادىن بىرەرسى بىلەن هېس قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ — ناهايىتى ئۇچۇق دەلىلدۇر.

ئاللاھ سۇبهانەهۇ ۋەتائالانىڭ مەۋجۇدلۇقى، ئىلمى، قۇدرىتى ۋە باشقا سۈپەتلىرىگە بىزلەر كۆرۈپ تۇرغان تاغ ـ تاش، دەل ـ دەرەخ، سېغىز تۇپراق، ئۆسۈملۈك ـ هايۋانات، ئاسمان ـ زېمىن، ئاي ـ يۇلتۇز، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز قاتارلىق بارچە نەرسىلەر دەلىلدۇر. شۇنداقلا، هەقتائالانىڭ ئۇشبۇ سۈپەتلىرىگە بالا نەپسىمىز، تەن ـ جانىمىز، هال ـ ئەهۋالىمىز، قەلبىمىز، ئىش ـ هەرىكەت ياكى جىم تۇرۇشلىرىمىزدىكى بارلىق باسقۇچلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىرىنچى دەلىلدۇر.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئۆزىنىڭ بىر ياراتقۇچىسى، ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى، باشقۇرۇپ تۇرغۇچىسى ۋە هەرىكەتلەندۈرگۈچىسى بارلىقىغا گۇۋاه بولىدىغان تىرىك دەلىلدۇر. مانا ئۇلار هەقىقەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بار ۋە دائىما هايات ئىكەنلىكىگە، ئىلمى، قۇدرىتى، شەپقىتى، هېكمىتى، ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقىغا دەلىلدۇر. چۈنكى، هەرقانداق زەررە چاغلىق نەرسىمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى پەيدا قىلالمايدىغانلىقى، بەلكى ئۇنى پەيدا قىلغۇچىغا موهتاج ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. لېكىن، بىزنىڭ ئەقلىمىز جانابىي ئاللاھ تائالانى تولۇق بىلىشتە بەجايىكى كۈندۈزدىكى شەپەرەڭگە ئوخشاپ قالغان. شەپەرەڭ كۈندۈزدە كۆرەلمەيدۇ، كېچىدە كۆرىدۇ. شەپەرەڭنىڭ كۈندۈزدە كۆرەلمەسلىكى كۈندۈزنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كۈندۈزنىڭ قاتتىق يورۇق، ئاشكارا ۋە شەپەرەڭنىڭ بولسا كۆزىنىڭ ئاجىز بولغانلىقىدىندۇر. شۇنىڭغا ئوخشىغان، بىزنىڭ ئەقىللىرىمىز جانابىي ئاللاھ تائالانى تولۇق بىلىشتىن ئاجىزدۇر. ئۆز نۇرىنى يورۇتۇش بىلەن پەردىلىنىپ، شۇ نۇرى بىلەن كۆزلەردىن يوشۇرۇن بولغان ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇر.

بۇ بولسا چۈشەنچىلەرنىڭ ئاللاھ سۇبهانەهۇ ۋەتائالانى تونۇشتىن ئاجىز كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا ئىنسان چۈشەنگەن نەرسىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە

دەلىلدۇر. ئىنسان ئۇنى ئۆزىگە ئەقىل كىرمىگەن گۆدەك ۋاقتىدىلا ھېس قىلىدۇ. ئىنسان بىر غەمگە غەرق بولسا، شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ۋە ئۇ ئىنساندا چۈشىنىش تەبىئىتى ئاستا - ئاستا نامايان بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئۆزى چۈشەنگەن نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ نەرسىلەرگە ئادەتلىنىدۇ. ئاندىن شۇ ئادەتلەرنىڭ تەسىرى ئۇزۇن مۇددەت ئۆزلەشكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنى ھەيران قالدۇرماس ھالغا كېلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئىنسان ناتونۇش بىر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنى ۋەياكى ئاللاھ تائالانىڭ پەۋقۇلئاددە ئىشلىرىدىن بىر ئاجايىپ ئىشنى كۆرسە، ئەجەبلىنىپ: «سۇبھانەللاھ، سۇبھانەللاھ» دەيدۇ. ئىنسان كۈندۈزلىرى دائىما ئۆزىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە نۇرغۇن كۆندۈرۈلگەن ئۆي / مەھەللە ھايۋانلىرىنى كۆرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە كەسكىن دەلىلدۇر. ئىنسان ئۇ نەرسىلەرنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈپ كۆنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت كامالىنىڭ دەلىللىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ.

ئەگەر بىر قارىغۇ كىشى ئەقىل - ھوشى جايىدا بالاغەتكە يەتسە، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، نەزەرى كۆك ئاسمانغا، قارا زېمىنغا، دەل - دەرەخلەرگە، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارغا بىرلا چۈشسە، بۇ ئاجايىباتلارنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيرانۇھەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرىتىگە بولغان پولاتتەك شاھىدلىقى ئالدىدا شۇ كىشىنىڭ ئەقلىنىڭ ئادىشىپ قېلىشىدىن قورقىلىدۇ.

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش شەھۋەتلەرگە باش چۆكۈرۈشتىن ئىبارەت سەۋەبلەر كىشىلەرگە ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇقلۇق تەلەپ قىلىش يولىنى ۋە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ كەڭ كەتكەن دېڭىزىدا ئۈزۈش يولىنى توستى.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## پەسىل: ئاللاھقا ئىنتىزار بولۇشنىڭ مەنىسى

ياخشى كۆرۈش، ياخشى كۆرۈشنى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ھەققىدىكى بايانلار ۋە ئىنتىزار بولۇشنىڭ ياخشى كۆرۈشنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۆزلەندى. چۈنكى، بىرنەرسىنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولىدۇ.

بىر تەرەپتىن بىلىنگەن ۋە يەنە بىر تەرەپتىن بىلىنمىگەن نەرسە قىزىقىشنى قوزغايدىغانلىقىنى بىلگىن.

ئەسلا بىلىنمىگەن نەرسىگە بولسا زىنھار قىزىقىش بولمايدۇ. كۆرگەندىلا مۇكەممەل بىلىش ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگە مۇمكىن بولىدۇ.

شۇنى بىلگىنكى، ئىلاھىي ئىشلارنىڭ چېكى يوقتۇر. ھەر بەندىگە مەلۇم ئىلاھىي ئىشلار بىلدۈرۈلىدۇ. چەكسىز ئىشلار يەنە شۇ پېتى قېلىپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچى بارلىق ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەلۇم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزى ئۇنتۇغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇ بائىس، بەندە ئىلىم - مەرىپەت ئاساسىغا ئېرىشىشكە ئىشتىياق باغلايدۇ. تۇنجى تەشنا بولۇش «ئۇچرىشىش ۋە كۆز بىلەن كۆرۈش» دەپ ئاتىلىدىغان مەنە بىلەن ئاخىرەتتە ئاخىرلىشىدۇ. تەشنا قەلبنىڭ دۇنيادا تەشنالىقنى قېنىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم رەھىمەھۇللاھ ئاللاھ تائالاغا تەشنا بولغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر سېنى ياخشى كۆرگۈچى بىرەر كىشىگە سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قەلبى تەسكىن تاپىدىغان بىرنەرسە بەرگەن بولساڭ، ئۇنى ماڭىمۇ بەرگىن، بۇ ئىنتىزارلىق مېنى يەپ تۈگەتتى» دېگەنىكەن.

ئۇ ئېيتىدۇ: «مەن چۈشۈمدە ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنى كۆردۈم[1]، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ماڭا:

— ئى ئىبراھىم! مەندىن ھايا قىلمىدىڭمۇ؟ سەن مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا چىقىشتىن بۇرۇن قەلبىڭ تەسكىن تاپىدىغان نەرسە بېرىشىمنى سورىدىڭ، ئىنتىزار بولغۇچىنىڭ قەلبى ئۆزى ياخشى كۆرگەن زاتنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتىن ئالدىن تەسكىن تاپامدۇ؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭدە تۈگەشتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدىم».

بۇ تەشنالىق ئاخىرەتتە بېسىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھ تائالاغا مەلۇم ئىشلارغا كەلسەك، ئۇنىڭ چېكى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئىشلار بەندىگە ئوچۇق بولمايدۇ ۋە بەندە ئۇ ئىشلارنى تولۇق بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۆزىگە ئاشكارا

[1] ئالىملار بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى چۈشىدە كۆرۈشى مۇمكىن ئىش ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا. لېكىن، بەندە قانداقلا بىر سۈرەت كۆرسۇن، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇ سۈرەتتىن باشقىچە سۈرەتتە بولىدۇ. چۈنكى، ھېچ شەيئى ئاللاھ تائالاغا ئوخشاش ئەمەستۇر، قاراڭ: نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 457/7.

بولغان لەززەت بىلەن مەشغۇلدۇر. زىيادە نېئمەت ۋە لەززەت ئىنساننى ئۇنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەرگە تەشنالىق ھېس قىلىشتىن مەشغۇل قىلىدۇ.

بۇ قەدەر نۇرلار تەشنالىق ھەقىقەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

تەشنا بولۇشنىڭ ھەدىسلەردىكى دەلىللىرىدىن، رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىگە دۇئا ئۆگەتتى ۋە ئۇنىڭغا مەزكۇر دۇئانى ھەر كۈنى ئائىلىسى بىلەن بىرگە داۋاملىق ئوقۇشقا بۇيرۇدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ دۇئادا: «ئى ئاللاھ! سەندىن قازاغا رىزا بەندىچىلىك، ئۆلۈمدىن كېيىن راھەتلىك، جامالىڭغا قاراش لەززىتى ۋە سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا تەشنا بولۇشنى سورايمەن»[1].

تەۋراتتا كېلىشىچە: ئاللاھ تائالا: «ياخشىلار ئۇزۇندىن بېرى مەن بىلەن ئۇچرىشىشقا تەشنا بولدى، مەن ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشقا تېخىمۇ تەشنامەن» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە: «مېنىڭ بەندىلىرىم ئىچىدە شۇنداق بەندىلىرىم باركى، ئۇلار مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلار ماڭا تەشنا بولىدۇ، مەنمۇ ئۇلارغا تەشنا بولىمەن. ئۇلار مېنى ياد ئېتىدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى ياد ئېتىمەن. ئەگەر سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ماڭساڭ، مەن سېنى دوست تۇتىمەن. ئەگەر ئۇلاردىن يۈز ئۆرىسەڭ، سېنى يامان كۆرىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى. ئۇ بەندە:

— ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنىڭ ئالامىتى نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئاللاھ تائالا:

— ئۇلار كۆيۈمچان پادىچى قويلىرىغا رىئايە قىلغاندەك، كۈندۈزدە سايىغا (ناماز ۋاقتىغا) رىئايە قىلىدۇ. قۇشلار قۇياش پاتقاندا ئۇۋىلىرىنى سېغىنغاندەك، ئۇلار قۇياش پېتىشىنى كۈتىدۇ. كېچە كىرىپ، قاراڭغۇلۇق ئەتراپنى قاپلاپ، كۆرپىلەر يېيىلىپ، ھەركىم ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن يالغۇز قالغاندا، ئۇلار قەدلىرىنى رۇسلايدۇ، يۈزلىرىنى سەجدىگە قويىدۇ، مېنىڭ سۆزۈم بىلەن ماڭا پىچىرلايدۇ ۋە ئىنئامىمغا تەلپۈنۈپ ماڭا يېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى نىدا

[1] ئەھمەد (21710)؛ ھاكىم (1900). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 397) «زەئىف» دېگەن. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. لېكىن، فەزالە ئىبنى ئەبىد ۋە ئاممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ دۇئانى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سەھىھ رىۋايەت قىلغان. نەسائىي (1229)؛ ئىبنى ھىببان (1971)؛ ھاكىم (1923). ئالبانىي: («سەھىھۇننەسائىي»، 1306) «سەھىھ» دېگەن.

قىلىدۇ، بەزىسى يىغلايدۇ. بەزىسى ئاھ ئۇرىدۇ ۋە بەزىسى شىكايەت قىلىدۇ. بەزىسى قىيامدا تۇرسا، بەزىسى ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مېنى دەپ سەبر قىلغانلىقلىرىنى مەن كۆرۈپ تۇرىمەن، مېنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن، — دېدى[1].

## پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مەنىسى ۋە بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەر بىلەن قۇۋۋەتلەنگەندۇر.

ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾2/«بەقەرە»: 222 دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ﴾61/«ساف»: 4 دېگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىنى ئايرىيالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا «بىز ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى» دەپ دەۋا قىلغانلارغا بۇ سۆزى بىلەن رەددىيە بەردى:

﴿يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» ئەمەلىيەتتە سىلەرمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر. ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر﴾5/«مائىدە»: 18.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،

---

[1] بۇ رىۋايەتنىڭ سەنەدى نامەلۇم.

ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿3/«ئال ئىمران»: 31.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەت بىلەنمۇ مەن ئۇنى دوست تۇتقانغا قەدەر داۋاملىق يېقىنلىشىدۇ. قاچانكى مەن ئۇنى دوست تۇتسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن. ماڭا سىغىنسا، ئۇز پاناھىمدا ساقلايمەن. مەن مۇئمىننىڭ جېنىنى ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر ئىشتا تەرەددۇت قىلمايمەن. مۇئمىن بەندەم ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن بولسام، ئۇنىڭ خاپىلىقلىرىنى ياخشى كۆرمەيمەن› »[1]. بۇ مەشھۇر ھەدىستۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈش ئالامىتى بار بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى مۇسىبەت بىلەن سىنايدۇ» دېگەن[2].

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى بەندىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنى بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە تەربىيەلىشى، ئۇنىڭ قەلبىگە ئىماننى پۈتۈشى، ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇپ بېرىشى بولۇپ، بەندە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارغا ئەگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن نېرى تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇ بەندىنى مەخلۇقاتلارغا خار قىلماي، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى، ئۇنىڭ ئىچ - سىرتىنى دۇرۇست قىلىشى، پەقەت بىرلا نەرسىنىڭ غېمىنى يەيدىغان قىلىشىدۇر. سۆيگۈ ئاشقانسېرى ئاللاھ تائالا ئۇنى باشقىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۆزى بىلەنلا مەشغۇل قىلىدۇ.

بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشىگە كەلسەك، بىلگىنىڭدەك، ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. دەۋا قىلىش نېمىدېگەن ئاسان، ھەقىقىي مەنادا ياخشى كۆرۈش نېمىدېگەن تەس - ھە! شۇڭا، ئىنسان شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان نەپسىگە ئۇنى سىنىماي، ئىسپات تەلەپ قىلماي تۇرۇپ ئالدانماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، جەننەتتە ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرۈش بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، قەلب بىراۋنى ياخشى

[1] بۇخارىي (6502). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] تىرمىزىي (2396). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 146) «سەھىھ» دېگەن.

كۆرۈپ قالسا، ئۇنى كۆرۈشنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما، بۇ ياخشى كۆرۈش ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، مۇئمىن ئۆلۈمنى يامان كۆرىدۇ. ئاللاھقا ئۇچرىشىش ئۆلگەندىن كېيىن بولىدۇ.

سەلەف سالىھلەردىن بەزىلەر ئۆلۈمنى ياخشى كۆرەتتى ۋە بەزىلەر دېگەندەك ياخشى كۆرەلمىگەنلىكىدىن ياكى قەلبىگە دۇنيا مۇھەببىتىمۇ ئارىلاشقانلىقىدىن ۋەياكى ئۆز گۇناھلىرىنى كۆپ كۆرۈپ، تەۋبە قىلىشقا ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئۆلۈمنى يامان كۆرەتتى.

بەزى سەلەف سالىھلەر ئۆزىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنىڭ دەسلەپتىكى باسقۇچىدا دەپ قاراپ، ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىشقا تەييارلىق قىلىشىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. بۇنداق كىشى بەئەينى مەشۇقىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بىر ئاشىققا ئوخشايدۇ. ئاشىق مەشۇقى بىلەن دىدارلىشىشتىن بۇرۇن ئۆي - ماكانىنى، لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىۋېلىش ۋە قەلبىنى تۈرلۈك مەشغۇلاتلاردىن پارىغ، يۈكى يەڭگىل، ئۆزى ياقتۇرغان تەرىقىدە ئۇچرىشىش ئۈچۈن مەشۇقىنىڭ كېچىكىپ كېلىشىنى ئىستەيدۇ.

دېمەك، بۇ ۋەجدىن ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش مۇكەممەل ياخشى كۆرۈشكە زىت كەلمەيدۇ. بۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ ئۆلۈمنى يامان كۆرگۈچى كىشىنىڭ ئالامىتى داۋاملىق ياخشى ئەمەل قىلىش ۋە ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىشقا پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىشتۇر.

يەنە بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئەمەللەرنى ياخشى كۆرۈشى، شۇ ئارقىلىق ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىشتىن يىراق تۇرۇشى، ھۇزۇرلۇقتىن يۈز ئۆرۈشى ۋە ھەممىشە نەپلە ئەمەللەرنى قىلىپ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشقا داۋاملىشىشى بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرگەن كىشى ئاللاھ تائالا ئاسىيلىق قىلمايدۇ. لېكىن، ئاسىيلىق قىلىش ياخشى كۆرۈشكە زىت ئەمەستۇر. ئاسىيلىق پەقەت ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇكەممەللىكىگە قارشى كېلىدۇ. نۇرغۇن ئىنسانلار ساغلام تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ - يۇ، زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى يەيدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى، بەزىدە ئىلىم ئاجىزلايدۇ ۋە شەھۋەت غالىب كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسان ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشنى بەرپا قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بۇنىڭغا نۇئەيمان رىۋايەت قىلغان ھەدىس دەلىلدۇر. نۇئەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىنەتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بەلگىلەنگەن بويىچە تاياق بىلەن جازالايتتى، ئۇ بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلۈپدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بەلگىلەنگەن بويىچە تاياق بىلەن جازالىدى. شۇندا نۇئەيمانغا بىر ئادەم لەنەت قىلدى ۋە:

— بۇ نېمانچە كۆپ ئۇرۇلىدىغاندۇ! — دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ:

— ئۇنىڭغا لەنەت قىلمىغىن، چۈنكى ئۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى[1].

دېمەك، نۇئەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قىلغان گۇناھى ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈش دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتمىدى. شەكسىزكى، گۇناھ - مەئسىيەت ئىنساننى پەقەت مۇكەممەل ياخشى كۆرۈش دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.

يەنە ئاللاھ تائالانى داۋاملىق زىكىر قىلىش، زىكىردىن ھېرىپ قالماسلىق ۋە زىكىردىن قەلبى خالىي قالماسلىقمۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، بىرنەرسىنى ياخشى كۆرگۈچى ئۇ نەرسىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى كۆپ تىلغا ئالىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالانى داۋاملىق تىلغا ئېلىشنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئاننى ياخشى كۆرۈش ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش قاتارلىقلارمۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئېيتۇر: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھمۇ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾3/«ئال ئىمران»: 31.

سەلەف سالىھلەردىن بىرى ئېيتۇر: مەن مۇناجات قىلغاندا ھالاۋەت ھېس قىلالاتتىم، داۋاملىق قۇرئان ئوقۇيتتىم، كېيىن ماڭا ھاردۇق يېتىپ قۇرئان ئوقۇشتىن ئۈزۈلۈپ قالدىم ۋە بىرسىنىڭ مۇنداق دەۋەتقانلىقىنى چۈشۈمدە كۆردۈم:

[1] بۇخارىي (6780). ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇلغان كىشىنى «ھىمار» دەپ لەقەملەندۈرۈلگەن «ئابدۇللاھتۇر» دەپ رىۋايەت قىلغان. لېكىن، بەزىلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان، بۇخارىي (2316) دىكى يەنە بىر قىسسىگە ئاساسەن، ئۇ كىشىنى نۇئەيمان ياكى ئىبنى نۇئەيمان دېگەن.

*دەۋا قىلساڭ مېنى ياخشى كۆرۈشنى،*
*نېمشقا تاشلاپ قويىسەن كىتابىمنى.*
*ئويلانساڭ بولمامدۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى،*
*لاتاپەتلىك كايىش - ئەيىبلەشلىرىمنى.*

يەنە بەندىنىڭ خىلۋەتتە ماكان تۇتۇشى، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشى، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشى، تەھەججۇد نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇشى، توسالغۇلاردىن ئۆزىنى تارتىش بىلەن كېچىنىڭ تىنچلىقى ۋە كۈندۈزنىڭ ساپلىقىنى غەنىيمەت بىلىشىمۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ياخشى كۆرۈش دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى مەشۇقى بىلەن خىلۋەتتە قېلىش ئارقىلىق لەززەتلىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ھۇزۇرلىنىشتۇر.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئابىد قۇيۇق بىر ئورمانلىقتا بىر مۇددەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلدى. ئاندىن بىر دەرەخكە ئۇۋا سېلىپ، سايراۋاتقان بىر قۇشقا قاراپ، كۆڭلىدە: «ئەگەر مەسجىدىمنى شۇ دەرەخكە يۆتكىسەم، بۇ قۇشنىڭ ئاۋازىدىن ھۇزۇر ئالغۇدەكمەن» دېگەننى خىيال قىلىپ، ئويلىغىنىدەك قىلدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇنداق ۋەھيى قىلدى: «پالانى ئابىدقا ئاللاھ تائالا ساڭا مۇنداق دەيدۇ دەپ قويغىن: ‹سەن مەخلۇق بىلەن ھۇزۇر ئالدىڭ، سېنى ھېچقانداق ئەمەلىڭ بىلەن يېتەلمەيدىغان دەرىجىدە ماقامىڭدىن چۈشۈرىۋېتىمەن› ».

بۇنداق بولغان ئىكەن، ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالامىتى: ياخشى كۆرۈلگۈچى بىلەن مۇناجاتلىشىپ مۇكەممەل بەھىر ئېلىش، خىلۋەتتە قېلىش بىلەن مۇكەممەل ھۇزۇرلىنىش ۋە خىلۋەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن مۇكەممەل خالىي بولۇشتۇر.

ياخشى كۆرۈش ۋە بەھىر ئېلىش غالىب كەلگەندە، خىلۋەتتە قېلىش ۋە مۇناجات قىلىش بارلىق غەم - قايغۇلارنى دەفئ قىلىدىغان كۆزنىڭ خۇرسەنلىكىگە ئايلىنىدۇ. بەلكى ياخشى كۆرۈش ۋە بەھىر ئېلىش قەلبنى غەرق قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كىشى ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ئاشىققا ئوخشاش دۇنيا ئىشلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىمىسا چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

يەنە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىش، تائەت - ئىبادەتنى ئېغىر سانىماسلىق ۋە تائەت - ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق چارچاپ كېتىپ ھۇزۇرلىنىشمۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

سابىت ئەلبۇنانىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «يىگىرمە يىل نامازنىڭ قاتتىقچىلىقىنى تارتىپ ناماز ئوقۇدۇم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇش بىلەن يىگىرمە يىل ھۇزۇرلاندىم».

جۇنەيد رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «ئىبادەتكە داۋاملىق تېتىك تۇرۇش، بەدىنىنى چارچىتىدىغان، ئەمما قەلبىنى چارچاتمايدىغان بىر قىزىقىش بىلەن ئىبادەت قىلىشقا داۋاملىشىش ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئالامىتىدۇر».

كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇنىڭ مىسالى بار.

چۈنكى، ياخشى كۆرگۈچى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە تىرىشىشنى ئېغىر ھېسابلىمايدۇ. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشنى، ئەگەر ئۇ خىزمەت بەدەنگە ئېغىر كەلسىمۇ، قەلبىدە لەززەت ھېسابلايدۇ. ھەرقانداق ياخشى كۆرۈش شۈبھىسىز ئىنساننى بويسۇندۇرغۇچىدۇر. قانداق كىشىگە ياخشى كۆرگەن كىشىسى ھۇزۇرلۇقتىن سۆيۈملۈكراق بولسا، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتا ھۇزۇرلۇقنى تەرك ئېتىدۇ. ياخشى كۆرگەن كىشىسى ئۇنىڭغا مالدىن سۆيۈملۈكراق بولسا، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن مالنى تەرك ئېتىدۇ.

يەنە ئاللاھنىڭ بارلىق بەندىلىرىگە شەپقەت قىلىش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە بولسا ئاللاھ تائالا: ﴿مۆئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾48/«فەتىھ»: 29 دېگىنىدەك، كۇففارلارغا قاتتىق بولۇش، ئاللاھ يولىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىق، ئاللاھ ئۈچۈن غەزەپلىنىشتىن ئۇنى ھېچنەرسىنىڭ توسىيالماسلىقىمۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇلار بولسا بەندىنىڭ ئاللاھنى سۆيۈش ئالامەتلىرىدۇر. قانداق كىشىدە بۇ ئالامەتلەر جەملەنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاللاھنى سۆيۈشى مۇكەممەللىككە يېقىن بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئىچىملىكى ساپ بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. قايسىبىر كىشىنىڭ سۆيگۈسىگە ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىنى سۆيۈش ئارىلىشىپ قالسا، ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ سۆيگۈسى ھېسابىچە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىملىكىگە ئاللاھ تائالاغا يېقىن بەندىلەرنىڭ ئىچىملىكىدىن ئازراق ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشىلار نېئمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ. ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (ئاللاھنىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېئمەتلىرىگە) قارايدۇ. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېئمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونۇيسەن. ئۇلارغا ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب سۇنۇلىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى يۇتۇمىدىمۇ ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن! ئۇنىڭغا (يەنى ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۈيى) ئارىلاشتۇرۇلغان. تەسنىم جەننەتتىكى بىر

بولاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ﴾83/«مۇتەففىفىن»: 22 - 28. دېمەك، بۇ ئايەتلەردە ساپ سۆيگۈ ساپ شارابقا، ئارىلاشما سۆيگۈ ئارىلاشما شارابقا ئوخشىتىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾99/«زەلزەلە»: 7، 8.

بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشتە قورقۇش ۋە ئۈمىد ئارىسىدا بولۇشتۇر. چۈنكى، قورقۇش ياخشى كۆرۈشكە قارشى كەلمەيدۇ. ياخشى كۆرگۈچى خاس كىشىلەر ياخشى كۆرۈشتە باشقىلاردا بولمىغان قورقۇش ئىچىدە بولىدۇ. قورقۇشلارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن قاتتىق بولىدۇ. قورقۇشلارنىڭ بىرىنچىسى ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈشتىن قورقۇش، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق قورقۇش بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇش، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراقى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىشتىن قورقۇشتۇر.

بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە سۆيۈلگەن زاتنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداش يۈزىسىدىن سۆيگۈنى يوشۇرۇپ قورۇق دەۋادىن يىراق تۇرۇش، سۆيگۈ ۋە سۆيگۈدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشنى ئىزھار قىلىشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار بار. چۈنكى، سۆيگۈ سۆيگۈچىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىدىندۇر. گاھىدا سۆيگۈچى بىھوشلىنىپ مەستلىكتەك ھالەتتە بولۇپ قالغىنىدا ئۇنىڭ سۆيگۈسى مەقسەتسىز ھالدا ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇ ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ.

شۇنىڭدەك بىر شائىر ئېيتۇر:

*قانداق بولار ھالى قەلبى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن بولسا كىشىنىڭ،*
*سىرى كۆزىدە ئاشكارا بولغان كىشى قانداق يوشۇرار سىرىنى ئۆزىنىڭ.*

### پەسىل: ئاللاھ بىلەن ئۈنس - ئۈلپەت ۋە ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولۇش توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، بىر كىشى ئۈلپەتلەشمەكچى بولسا، ئۇ خىلۋەتتە يەككە - يېگانە قېلىش بىلەنلا ھوزۇر تاپىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىلەن ئۈلپەتچىلىك ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىدىن خالىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن

ئۈلپەتلەشكەندە، قەلبكە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە ئاللاھ تائالا بىلەن خىلۋەتتە قېلىشتىن توسۇلۇشتۇر.

ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر:

«مەن بىر ئابىدقا:

— سېنى خىلۋەتتە قېلىش ھۇزۇرلاندۇرۇپتۇ، — دېگەنىدىم، ئابىد:

— خىلۋەتتە قېلىش ھالاۋىتىنى تېتىساڭ، ئۆزۈڭچە خىلۋەتكە ھېرىس بولىسەن، — دېدى.

— بەندە قاچان ئاللاھ تائالا بىلەن ئۈلپەتلىشىش ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ؟

— دوستلۇق ساپ بولسا، مۇئامىلە قىلىش خالىس بولىدۇ.

— دوستلۇق قاچان ساپ بولىدۇ؟

— پۈتۈن غەملەر يىغىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت پەقەت بىر غەمگە ئايلانغاندا ساپ بولىدۇ».

ئەگەر «ئاللاھ تائالا بىلەن ئۈلپەتلىشىشنىڭ ئالامىتى نېمە؟» دەپ سورالسا، جاۋاب: «ئۇنىڭ خاس ئالامىتى: كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن كۆڭلى سىقىلىش، كىشىلەردىن زېرىكىش، كىشىلەرگە ئارىلاشقاندا يالغۇزسىراش، گەرچە بەدىنى بىلەن ئارىلاشقان بولسىمۇ، قەلبى بىلەن يالغۇز قالغان كىشىگە ئوخشاش بولۇشتۇر».

## ئۈلپەتلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەملىگە تايىنىۋېلىش ۋە خۇرسەنلىكنىڭ مەنىسى

بىلگىنكى، ئۈلپەتچىلىك كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم داۋاملاشسا، بەزىدە ئەملىگە تايىنىۋېلىش ۋە ئەركىلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭغا گەرچە ئۈلپەتلەشكەن دوست - يار كۆز يۇمالىسىمۇ، ئۇنىڭدا تەنتەكلىك ۋە بىھۆرمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن خۇش كۆرۈلمەيدۇ.

ئەگەر كىشى ئاگىسىز ھالدا بۇنى سادىر قىلغان بولسا، ئۇنداق كىشى كۇفۇرلىققا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

ئەلقىسسە، ئەبۇ ھەفسە بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، تېڭىرقاپ قالغان بىر كىشىگە يولۇقتى. ئەبۇ ھەفسە ئۇنىڭغا:

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دېگەندى، ئۇ:

— ئېشىكىم يوقاپ كەتتى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا نەرسەم يوق ئىدى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھەفسە توختاپ:

— ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن قەسەمكى! ئۇنىڭ ئېشىكىنى قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ، مەن بىر قەدەممۇ ئالمايمەن، — دېدى. ئاندىن شۇ ھامان ئۇنىڭ ئېشىكى پەيدا بولدى.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەرخ ئىسىملىك ئابىد سۇ تىلەپ چىقىپ، مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەن بېخىللىق بىلەن تۆھمەت قىلىنمايسەن، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن، بىزنى بۇ سائەتتە يامغۇر بىلەن سۇغارغىن».

بىر كىشى ئېيتسا ئەپۇ قىلىنىدىغان سۆزلەرنى يەنە بىر كىشى ئېيتقاندا، ئەپۇ قىلىنماسلىقى مۇمكىن.

## قازايىقەدەرگە رازى بولۇشنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدا

قازايىقەدەرگە رازى بولۇش مۇقەررەب (ئاللاھقا يېقىن قىلىنغان) كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ماقامى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇش ياخشى كۆرۈشنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنىڭ ھەقىقىتى مەخپىيدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنگەن كىشىگىلا قازايىقەدەر ھەققىدىكى ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

قازايىقەدەرگە رازى بولۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ بىر بەندىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا تەقسىم قىلغان نەرسە بىلەن ئۇنى مەمنۇن قىلىدۇ» دېگەن[1].

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيى قىلغان: «ئى داۋۇد! سەن مەن ئەۋەتكەن قازاغا رازى بولۇشتىنمۇ بەكرەك مېنى رازى قىلىدىغان ۋە گۇناھىڭنى تۆكۈۋېتىدىغان بىر ئەمەل بىلەن ماڭا مۇلاقەت بولالمايسەن»[2].

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆڭلى يېرىم ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— ئى ئەدىي! قارىسام كۆڭلۈڭ يېرىم، غەم - قايغۇغا پېتىپ قالغاندەك

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (127)؛ دەيلەمىي: «ئەلفىردەۋس بىمەئسۇرىل خىتاب (946). ئەبۇلئەلائ يەزىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىردىن مۇرسەلدۇر.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىزا ئەنىللاھى بىقازائىھى»، (9). سەنەدى زەئىپ.

كۆرۈنسەنغۇ؟ — دېگەنىدى، ئەدىي:

— مېنىڭ كۆڭلۈم نېمىشقا يېرىم بولمىغۇدەك؟ ئىككى ئوغلۇم ئۆلتۈرۈلدى، كۆزۈم قۇيۇۋېتىلدى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى:

— ئى ئەدىي! كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ قازاسى ئۇنىڭغا داۋام قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ قازاسى ئۇنىڭغا داۋام قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمىلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى[1].

ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كىردى، ئۇ ئادەم ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتاتتى. ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «توغرا قىلدىڭ. ئاللاھ تائالا بىر قازانى ھۆكۈم قىلسا، ئۇنىڭغا رازى بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئادىللىقى ۋە ئىلمى بىلەن، خۇشال - خۇراملىقنى قازايىقەدەرنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا رازى بولۇشتا، غەم - قايغۇنى قازايىقەدەرگە شەك قىلىش ۋە ئاچچىقلىنىشتا قىلدى» دېگەن[3].

ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ: ﴿ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەبرگە) يېتەكلەيدۇ﴾«تەغابۇن»: 11 /64 دېگەن سۆزى ھەققىدە: «بۇ ‹بىر ئادەمگە مۇسىبەت يەتسە، ئۇ مۇسىبەتنىڭ ئاللاھ تائالادىن بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ، رازى بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى (سەبرگە) يېتەكلەيدۇ› دېگەنلىكتۇر»[4] دېگەن.

ئەبۇ مۇئاۋىيە ئەلئەسۋەد رەھىمەھۇللاھ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿بىز ئۇنى ئەلبەتتە ئوبدان ياشىتىمىز﴾«نەھل»: 97 /16 [5] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: «قانائەتچانلىق ۋە قازاغا رىزا دېمەكتۇر» دېگەن[6].

---

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (15).

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد (124)؛ ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (47).

[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىزا ئەنىللاھى بىقازائىھى»، (91)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 121/4. سەنەدى زەئىپ.

[4] بۇخارىي («تەفسىر بۆلۈمى»، (4907 - ھەدىستىن كېيىن) مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان؛ ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىزا ئەنىللاھى بىقازائىھى»، (47)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (9503).

[5] 16/«نەھل»: 97 - ئايەتنىڭ تامامى: ﴿ئەر - ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلبەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز﴾.

[6] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىزا ئەنىللاھى بىقازائىھى»، (42).

ئېيتىلىشىچە: بىر پەيغەمبەر پەرۋەردىگارىغا ئاچ ۋە يوقسۇللۇقتىن ئۇن يىل شىكايەت قىلىدۇ. لېكىن، شىكايىتىگە جاۋاب بېرىلمەيدۇ. كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ: «قاچانغىچە شىكايەت قىلىسەن، مەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن ئاۋۋال لەۋھۇلمەھپۇزدا سېنىڭ پېشانەڭگە مۇشۇنداق يېزىلغان ئىدى، بۇ مېنىڭ ھۆكمىمدۇر، دۇنيانى يارىتىشىمدىن ئالدىنلا ساڭا شۇنداق ھۆكۈم قىلغان ئىدىم، سېنى دەپ دۇنيانى قايتا يارىتىشىمنى خاھلامسەن ياكى ساڭا پۈتكەن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىسەم، مېنىڭ ياخشى كۆرگىنىمدىن سېنىڭ ياخشى كۆرگىنىڭنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى، مېنىڭ ئىرادەمدىن سېنىڭ ئىرادەڭنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ياخشى كۆرەمسەن؟ قۇدرىتىم ۋە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى! ئەگەر ئۇشبۇ شىكايەت يەنە بىر قېتىم كۆڭلۈڭدىن كەچكۈدەك بولسا، سېنى پەيغەمبەرلەر كىتابىدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن» دېدى[1].

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ زەبۇرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئەڭ تېز ئۆتىدىغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار ھۆكمىمگە رازى بولغان ۋە مېنى زىكىر قىلىپ تىللىرى دائىم ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر»[2].

داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارا! سەن قايسى بەندىنى ئەڭ يامان كۆرىسەن؟» دېگەنىدى، ئاللاھ تائالا: «بىر ئىشتا ماڭا ئىستىخارە سېلىپ، مەن ئۆزىگە تاللاپ بەرسەم، ئۇنىڭغا رازى بولمىغان بەندىنى» دېدى[3].

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ: «مېنىڭ خۇشاللىقىم قازايىقەدەر ئورۇنلىرىدىلا قالدى» دېگەنىكەن. ئۇنىڭغا: «كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «كۆڭلۈم ئاللاھ تائالا ھۆكۈم قىلغاننى تارتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن[4].

ھەسەن بەسرىي: «كىمكى ئاللاھ ئۇنىڭغا تەقسىم قىلغانغا رازى بولسا، ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. كىمكى رازى بولمىسا، تەقسىم قىلىنغىنى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلمايدۇ» دېگەن[5].

[1] بۇ رىۋايەت «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»دا سەنەدسىز كەلتۈرۈلگەن.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىزا ئەنىللاھى بىقازائىھى»، (38)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 46/4. سەنەدى زەئىپ.

[3] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (70)؛ ئەبۇ نۇئەيم: يۇقىرىقى مەنبە، 55/4. سەنەدى زەئىپ.

[4] بۇ رىۋايەت «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»دا سەنەدسىز كەلتۈرۈلگەن.

[5] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (95).

ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد رەھىمەھۇللاھۇ: «قازاغا رىزا ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىشىكىدۇر، دۇنيانىڭ جەننىتىدۇر ۋە ئابىدلارنىڭ ئارامگاھىدۇر» دېگەن[1].

بىر زات: «ئاخىرەتتە ھەرقانداق ھالەتتە قازايىقەدەرگە رازى بولغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرى دەرىجە بولمايدۇ. كىمگەكى قازايىقەدەرگە رازى بولۇش سوۋغا قىلىنسا، ئەڭ ئەۋزەل دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ» دېگەن[2].

بىر ئەئرابىي تاڭ ئاتقۇزغاندا ئۇنىڭ نۇرغۇن تۆگىلىرى ئۆلۈپ قالغان ئىدى، بۇنى كۆرگەن ئەئرابىي دېدىكى:

*ياق! قەسەمكى، مەن ئاللاھنىڭ قۇلى بىر بەندە،*
*مۇسىبەتكە دۇشمەنلەر خۇشاللىقى بولمىسا مەندە.*
*تۆگىلىرىم ئېغىلدا بولسا قىلماس ئىدى مېنى خۇشال،*
*ئاللاھنىڭ قازاسى كەلمىسە قىلاتتى شۇ مېنى ئۇسال.*

## پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇشنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ نەپس - خاھىشقا يات ئىشلاردىمۇ مۇمكىنلىكى توغرىسىدا

نەپس - خاھىشقا قارشى ئىشلاردىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇش مۇمكىندۇر.

يەنى ئىنسان ئۆزىگە يەتكەن بەزى كېسەللەرنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئاغرىق تارتىدۇ. ئىنسان تەبىئەتەن ئاغرىقنى يامان كۆرىسىمۇ، لېكىن ئاغرىق سەۋەبلىك ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، دىلىدا ئاغرىققا رازى بولىدۇ ۋە ھەتتا ئاغرىقنىڭ زىيادە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

مىسال: بىر كىشى قان ئالغۇچىدىن بەدىنىگە لوڭقا قويۇپ قان ئېلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ كىشى بۇنداق داۋالىنىشنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ كىشى لوڭقا قويۇپ داۋالىنىشنى خاھلايدۇ ۋە لوڭقىنىڭ ئاغرىقى ھەمدە داۋالىغۇچىنىڭ جەبرىگە سەبر قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك بىرەر پايدىنى كۆزلەپ سەپەر قىلغۇچى سەپەردە مۇئەييەن قىيىنچىلىق تارتىدۇ. لېكىن، ئۇ كىشى سەپەر مۇشەققىتىدىن كېيىنكى نەپ

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (13)؛ ئەبۇ نۇئەيم: يۇقىرىقى مەنبە، 156/6.
[2] بۇ زاھىدلاردىن مۇھەممەد ئىبنى خالىد ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەلبەراسىينىڭ سۆزىدۇر. ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە، (24).

ھالاۋىتىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقانچە قىيىنچىلىقمۇ ھېچنېمە تۇيۇلمايدۇ. ئېرىشىلگۈسى پايدا ئۇنى قىيىنچىلىققا رازى بولىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ھەرقانداق كىشىگە ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بالا - قازا يەتسە، ئۇ كىشى سەبىر قىلسا جەزمەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنسە، ئۇنداق كىشى قولىدىن كەتكەن نەرسىدىن بەكرەك يۇقىرى ئەجىرگە ئېرىشىشنى كۈتىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە يەتكەن بالا - قازاغا رازى بولىدۇ ۋە يەتكەن ئۇششبۇ بالا - قازا ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. گاھىدا سۆيگۈ غالىب كېلىپ، سۆيگۈچىنىڭ دىققىتى ساۋاب كۆزلەشتىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە قىلغىنىغىلا مەركەزلىشىپ قالىدۇ - دە، سۆيگۈنىنىڭ زىيادىلىكىدىن ئەلەم ھېس قىلمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولىدۇ.

قاتتىق ياخشى كۆرگەندە، مالامەت تۇيغۇسى يوقىلىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاچچىق كەلگەندە ياكى قورققاندا ئۇرۇش قىلغان ئادەم جاراھەتلەنسىمۇ ھېس قىلمايدۇ. يارىلانغىنىنى سەزمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ قەلبى شۇ ئۇرۇشقا غەرق بولغاندۇر. قەلب بىر ئىشقا غەرق بولسا، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھېس قىلمايدۇ. بۇ كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈلگەن ئىشلاردۇر.

جۇنەيد رەھىمەھۇللاھ: «مەن سەررىيدىن: ‹ئاللاھ ئاشىقى بالا - قازا ئاغرىقىنى ھېس قىلامدۇ؟› دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: ‹ياق› دەپ جاۋاب بەردى» دېگەن.

بالا - قازا يەتكەن كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بىزگە رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەزالىرىمىز بىر - بىرلەپ كېسىلگەن تەقدىردىمۇ بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ زىيادە بولغان بولاتتى». مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشى دەرد - ئەلەمنى ھېس قىلدۇرمايدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغانلىقى ئىلگىرى سۆزلەندى.

بىر كىشى ھېكايە قىلىپ ئېيتىدۇ: «بىزنىڭ بىر قوشنىمىزنىڭ ياش بىر دېدەكى بار ئىدى. ئۇ ئادەم دېدەكىگە بەك ئامراق ئىدى. بۇ دېدەك قىز ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ كىشى دېدەكىگە بوغداي ئۇمىچى پىشۇرماقچى بولۇپ، قازاندىكى نەرسىلەرنى ئۇرۇپ - چۆرۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز دېدەك قىز ‹ئاھ!› دەپ نالە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم چۆچۈپ كېتىپ، قولىدىن چۆمۈچ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ كىشى قازاندىكى نەرسىلەرنى قولى بىلەن ئۇرۇپ - چۆرۈشكە باشلاپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ بارماقلىرى پىشىپ چۈشۈپ قاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم بۇنى سەزمەي قاپتۇ».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋالنى ئاياللارنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن

چاغدا قوللىرىنى كېسىۋېلىپمۇ ئاغرىقنى ھېس قىلمىغانلىق قىسسەسى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز تىلغا ئالغان بايانلاردىن نەپس ـ خاھىشقا قارشى ئىشلاردىمۇ رازى بولۇشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقى ئېنىق ئاشكارا بولىدۇ. بۇ خىل ياخشى كۆرۈش ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ نېسىۋىلىرى بارىدا مۇمكىن بولغان يەردە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بارىدىمۇ مۇمكىندۇر. ئاخىرەت نېسىۋىلىرىدە تېخىمۇ مۇمكىندۇر. بۇنىڭ مۇمكىن بولۇشىنىڭ ئۈچ يولى باردۇر:

بىرىنچى يول: مۇئمىننىڭ ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىشى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا مۇئمىنگە بىرنەرسە ئىرادە قىلغان بولسىلا، چوقۇم ئۇنىڭدا مۇئمىنگە ياخشىلىق باردۇر» دېگەن[1]. مەكھۇل رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ‹ھەقىقەتەن، بىر بەندە ئاللاھ تائالاغا ئىستىخارە سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن تاللاپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇ ئادەم ئاچچىقلىنىدۇ. لېكىن، دەرھال ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قارىسا، ئۆزىگە بىر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم».

مەسرۇق رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «سەھرادا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىتى، ئېشىكى ۋە بىر خورىزى بار ئىدى. خوراز ئۇنى نامازغا ئويغىتاتتى، ئېشەك ئۇنىڭ سۈيىنى توشۇيتتى، چېدىرىنى كۆتۈرەتتى. ئىت ئۇلارنى قوغدايتتى. مەلۇم بىر كۈنى بىر تۈلكە كېلىپ خورازنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا قايغۇردى. ئۇ ئادەم بولسا: ‹بۇنىڭدا بىر ياخشىلىق بولۇشى مۇمكىن› دېدى. ئاندىن بىر بۆرە كېلىپ ئېشەكنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتتى، ئېشەك ئۆلگەندىن كېيىن، ئائىلىسى ئۇنىڭغا قايغۇردى. ئۇ ئادەم بولسا: ‹بۇنىڭدا بىر ياخشىلىق بولۇشى مۇمكىن› دېدى. ئاندىن ئىتمۇ ئۆلدى. ئۇ ئادەم يەنىلا: ‹بۇنىڭدا بىر ياخشىلىق بولۇشى مۇمكىن› دېدى. مەلۇم بىر كۈنى تاڭ ئاتقاندا، ئۇلار ئەتراپقا قارىۋىدى، ئەتراپتىكىلەر ھەممىسى ئەسىرگە ئېلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى، پەقەت ئۇلار قېلىپ قالغان ئىدى. (ئەسلىدە) باشقىلارنىڭ قوي، ئېشەك، خورازلىرى ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن بىلىنىپ قېلىپ تۇتۇپ كېتىلگەن، بۇلارنىڭ قېشىدا ئاۋاز چىقارغۇدەك ئىت، ئېشەك ياكى خوراز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەسىرگە

[1] ئەھمەد (12929). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت، ئالبانىي («سەھىھۇلجامىئ»، 3985) لار «سەھىھ» دېگەن.

چۈشمەي قىلىپ قالغان ئىدى».

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھىمەھۇللاھ ئېيتۇر: «لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئوغلۇم! ساڭا سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىش بولسۇن ياكى سەن يامان كۆرىدىغان يامان ئىش بولسۇن، بىرەر ئىش يەتسە، قەلبىڭدە ‹شۇ ئىش ماڭا نىسبەتەن ياخشى› دېگەن ئېتىقادنى تۇرغۇزغىن، — دېگەنىدى، ئوغلى ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ سەن دېگەندەك بولمىغۇچە مەن ساڭا بۇ ھەقتە ‹شۇنداق قىلاي› دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن لوقمان ھەكىم ئوغلىغا:

— ئوغلۇم! ئاللاھ تائالا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ماڭغىن، شۇ پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا بارايلى! ئۇ پەيغەمبەر مەن ساڭا دېگەن بۇ سۆزنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، — دېدى. ئوغلى ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا بىزنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىن، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، لوقمان ھەكىم بىر ئېشەككە مىنىپ، ئوغلى بىر ئېشەككە مىنىپ، يارىغۇدەك ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپ، بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز يول ماڭدى ۋە ئۇلار بىر چۆلگە دۇچ كەلدى. ئۇلار لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ چۆلگە كىردى. ئۇلار ئاللاھ تائالا خاھلىغىنىچە ئۇزۇن يول يۈرۈدى. چۈش بىلەن قاتتىق ئىسسىقتا ئۇلارنىڭ سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ كەتتى. ئۇلار ئېشەكلىرىنى چۈشۈپ ئاستا ماڭدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە كېتىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت لوقمان ھەكىم ئالدىغا قارىدى ۋە ئالدىدا بىر قارا ۋە تۈتۈن كۆردى. شۇنىڭ بىلەن لوقمان ھەكىم كۆڭلىدە ‹بۇ قارىلىق دەرەخزارلىق، تۈتۈن بولسا ئۆي ۋە كىشىلەر بار يەر بولۇشى مۇمكىن› دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئىككىسى شۇ ھالەتتە كېتىۋاتقاندا، لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلى ئۇشتۇمتۇت يول ئۈستىدىكى بىر سۆڭەككە دەسسەپ سالدى ۋە سۆڭەك ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ ئۈستىدىن چىقىپ قالدى، لوقماننىڭ ئوغلى ئايلىنىپ يىقىلدى. لوقمان ئوغلىغا قارىسا، ئوغلى يىقىلىپ قالغانىدى. لوقمان ھەكىم ئۇنىڭ يېنىغا سەكرەپ بېرىپ، ئۇنى كۆكسىگە باستى. ئاندىن سۆڭەكنى چىشى بىلەن تارتىپ چىقىرىۋەتتى ۋە بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ يىرتىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى تېڭىپ، ئوغلىنىڭ يۈزىگە قاراپ، كۆزىدىن ياشلار ئاقتى. شۇ ئەسنادا بىر تامچە ياش بالىنىڭ مەڭزىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى، بالا دەرھال ھوشىغا كەلدى. بالا يىغلاۋاتقان دادىسىغا قاراپ:

— ئى ئاتا! سەن ھەرقانداق مۇسىبەتنىڭ ماڭا ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان

ئىدىڭغۇ؟ بۇ ئىش ماڭا ياخشى تۇرسىمۇ يەنە يىغلامسەن؟ تاماق ۋە سۇ تۈگىدى، مەن ۋە سەن بۇ ئورۇندا قالدۇق، — دېگەنىدى، لوقمان ھەكىم ئوغلىغا:

— ئوغلۇم! مېنىڭ يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن ساڭا دۇنيادىكى بارلىق نېسىۋەمنى فىدىيە قىلىشنى ئارزۇ قىلدىم. چۈنكى، مەن بىر ئاتا، مەندە ئاتىنىڭ مېھرىبانلىقى بار. سېنىڭ: «بۇ ئىش ماڭا قانداقمۇ ياخشى بولسۇن؟» دېگەن سۆزۈڭ، سەندىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن مۇسىبەت سەن سىنالغان بۇ مۇسىبەتتىن چوڭ، سەن سىنالغان بۇ مۇسىبەت سەندىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن مۇسىبەتتىن يەڭگىل بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

لوقمان ھەكىم ئوغلىغا بۇلارنى دېگەچ ئالدىغا قارىۋىدى، بايىقى تۈتۈن ۋە قارىلىقنى كۆرمىدى ۋە كۆڭلىدە: «ھېچنەرسە كۆرمىگەن ئوخشايمەن» دېدى. ئاندىن: «مەن ھەقىقەتەن كۆرگەن ئىدىم. لېكىن، رەببىم مەن كۆرگەن نەرسىگە بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندۇ» دېدى. ئۇ بۇلارنى ئويلاۋېتىپ شۇنداق قارىۋىدى، بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشى ئالىچىپار ئات ئۈستىگە مىنگەن ۋە ئاق كىيىم كىيگەن بولۇپ، ناھايىتى تېز كېلىۋاتاتتى. لوقمان ھەكىم ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ھەتتا ئۇ كىشى لوقمان ھەكىمگە يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى ۋە لوقمانغا:

— سەن لوقمانمۇ؟ — دەپ توۋلىدى. لوقمان:

— ھەئە، — دېدى. ئۇ كىشى:

— بۇ ئەخمەق ئوغلۇڭ ساڭا نېمە دېدى؟ —دېدى. لوقمان:

— ئى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى! سەن كىمسەن؟ ئاۋازىڭنى ئاڭلايمەنۇ، ئەمما يۈزۈڭنى كۆرەلمەيمەنغۇ! — دېدى. ئۇ كىشى:

— مەن جىبرىلمەن، مېنى پەقەت مۇقەررەب پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلا كۆرەلەيدۇ. بولمىسا، سەن ئەلبەتتە مېنى كۆرەلەيتتىڭ، — دېدى ۋە بۇ ئەخمەق ئوغلۇڭ ساڭا نېمە دېدى؟ — دېدى. لوقمان ھەكىم:

— نېمە دېگەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى. جىبرىل:

— مېنىڭ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ھەققىدە ھېچ ئىلمىم يوق. لېكىن، رەببىم مېنى بۇ شەھەرنى، ئۇنىڭدىكى كىشىلەرنى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشكە ئەمىر قىلغان ئىدى، سىلەرنى ساقلايدىغان پەرىشتىلەر يېنىمغا كېلىپ ئىككىڭلارنىڭ بۇ شەھەرگە كىرمەكچى بولۇۋاتقىنىڭلارنى ماڭا خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن رەببىمگە ئىككىڭلارنى ئۆزى خاھلىغان

ۋاقىتقىچە توختىتىپ تۇرۇشىغا دۇئا قىلغانىدىم، رەببىم سېنىڭ ئوغلۇڭنى سىنىغان ئۇ مۇسىبەت بىلەن ئىككىڭلارنى توسۇپ تۇردى، ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا، يەرگە يۇتقۇزۇلغان كىشىلەر بىلەن بىللە ئىككىڭلارمۇ يەرگە يۇتقۇزۇلغان بولاتتىڭلار، — دېدى. ئاندىن جىبرىل ئەلەيهىسسالام قولى بىلەن بالىنىڭ تاپىنىنى سىلاپ قويۇۋىدى، ئوغۇلنىڭ پۇتى ساقىيىپ ئۆرە تۇرالىدى، ئۇززۇق - تۈلۈك خالتىسىنىمۇ سىلاپ قويۇۋىدى، ئۇ خالتا يېمەكلىككە توشتى ۋە سۇدانىنىمۇ سىلاپ قويۇۋىدى، تۇلۇم سۇغا تولدى. ئاندىن ئىككىسىنى ئېشەكلىرىگە مىندۈرۈپ ئۇچار قۇش ئۇچقانىدەك ئېلىپ مېڭىپ، ئۇلارنى چىقىپ كەتكىلى نەچچە كېچە - كۈندۈز بولغان قورۇسىغا ئەكىلىپ قويدى[1].

ئىككىنچى يول: ئاخىرەتتە ساقلاپ قويۇلىدىغان ساۋاب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاغرىققا رازى بولۇش.

بىر كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ قان ئېلىش، لوڭقا قويۇپ داۋالاش ۋە دورىلارنى ئىچىشكە رازى بولۇش ھەققىدە ئىلگىرى سۆزلەندى.

ئۈچىنچى يول: مۇسىبەتتىن كېلىدىغان ساۋاب تۈپەيلىدىن ئەمەس، مۇسىبەتنىڭ ياخشى كۆرۈلگۈچىنىڭ مەقسىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسىبەتكە رازى بولۇش. شۇ ئارقىلىق مۇسىبەت يەتكەن كىشىنىڭ نەزەرىدە ئەڭ لەززەتلىك نەرسە ئۆزى ھالاك بولغان تەقدىردىمۇ ياخشى كۆرۈلگەن كىشىسىنىڭ مەمنۇن بولۇشى بولىدۇ. بىر كىشى: «سىلەرلا مەمنۇن بولساڭلار، يارامنىڭ كارايىتى چاغلىق» دېگەن.

ئىنسان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرگەنىدە، ئاغرىقنى ھېس قىلمايدىغانلىقى ئىلگىرى سۆزلەندى. بۇنى ئۆزىدە ھېس قىلالمىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشى ناتوغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشى ياخشى كۆرۈش سەۋەبىنى، يەنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈشنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تۇيغۇنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. ياخشى كۆرۈش تەمىنى تېتىمىغان كىشى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئاجايىباتلىرىنى بىلەلمەيدۇ. پېقىر ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! ئاڭلاش قۇۋۋىتىنى يوقاتقان كىشى ئاھاڭلارنىڭ ۋە كۈيلەرنىڭ لەززىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. قەلبى ئۆلگەن كىشى قەلبتىن باشقا مەۋجۇدلۇق ئورنى يوق بولغان بۇ لەززەتلەرنى ئەلبەتتە ئىنكار قىلىدۇ.

---

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەررىزا ئەنىللاھى بىقازائىھى»، (29).

## پەسىل: دۇئا قىلىشنىڭ رازى بولۇشقا زىت كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، دۇئا قىلىش رازى بولۇشقا زىت كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى يامان كۆرۈش، گۇناھ ـ مەئسىيەت ئەھلىنى ۋە سەۋەبلىرىنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشچانلىق قىلىش رازى بولۇشقا زىت كەلمەيدۇ.

دۇئا قىلىشقا كەلسەك، بىز ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىمىز. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بەزى بەندىلىرىنى: ﴿ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى﴾[21/«ئەنبىيائ»: 90] دېگەن سۆزى بىلەن ماختىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە سالىھلەرنىڭ قىلغان دۇئالىرى مەشھۇردۇر.

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا رازى بولماسلىققا كەلسەك، بىز ئاللاھ تائالاغا شۇنداق قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىمىز. گۇناھ ـ مەئسىيەتكە رازى بولغۇچىنى ئەيىبلەش بىلەن، شۇنىڭدەك كافىرلارنى، گۇناھكارلارنى دۈشمەن تۇتۇش ۋە ئۇلارغا ئىنكار قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىمىز. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

سوئال: «قازايىقەدەرگە رازى بولۇش ھەققىدە سۆزلەندى. دېمەك، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر قازايىقەدەر بىلەن بولىدىغان بولسا، ئۇنى يامان كۆرۈش ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىنى يامان كۆرگەنلىك بولىدۇ، ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن؟»

جاۋاب: بىلگىنكى، بۇ ئىلىم سىرلىرىنى بىلىشتە كەم ئىدراك كىشىلەرگە مۈجمەل بولۇپ قالىدىغان ئىشلاردىن بىرىدۇر. ھەتتا بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ھەققەت مۈجمەل بولۇپ قېلىپ، ئۇلار گۇناھ ـ مەئسىيەتنى ئىنكار قىلىشتىن سۈكۈت قىلىشنى رازى بولۇش ماقامىلىرىدىن بىر ماقام دەپ قارىدى ۋە ئۇنى (سۈكۈت قىلىشنى) گۈزەل ئەخلاق دەپ ئاتاشتى. بۇ بولسا ئېنىق نادانلىقتۇر. بەلكى بىز دەيمىزكى: «رازى بولۇش ۋە يامان كۆرۈش» بىرنەرسىدە، بىر تەرەپتىن، ئوخشاش يول ئۈستىدە كەلسە بىر ـ بىرىگە زىتتۇر.

بىرنەرسىگە بىر تەرەپتىن رازى بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى يامان كۆرۈش، بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس. مەسىلەن، ھەم سېنىڭ دۈشمىنىڭ، ھەم سېنىڭ باشقا بەزى دۈشمەنلىرىڭنىڭمۇ پېيىدە بولۇپ ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بىر دۈشمەن ئۆلۈپ كەتسە، سەن دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ

ئۆلۈمگە قايغۇرسەن. ئەمما، ئۇنىڭ سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن سۆيۈنىسەن. شۇنىڭغا ئوخشاش گۇناھ - مەئسىيەتنىڭمۇ ئىككى تەرىپى بولىدۇ:

بىرى، گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە تاللىشىدىن بولغان تەرەپ. مۇتلەق پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەسلىم بولغۇچى بۇ تەرەپكە رازى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپ، كىشى ئۇ گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ ئىنساننىڭ ئۆز قىلمىشى ئىكەنلىكى، ئۇ ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا نەزەرىدە يامان كۆرۈلگەنلىكىگە، ئۆچ كۆرۈلگەنلىكىگە ئالامەت ۋە سۈپەت بولغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىدىن يىراقلىشىش ۋە يامان كۆرۈلۈش سەۋەبلىرىنى ھۆكۈمران قىلغانلىقى تەرەپتىن ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ.

بۇ سۆزلەر بۇ مىسال بىلەن ئايدىڭلىشىدۇ:

كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىنى پەرەز قىلايلى! ئۇ كىشى ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئالدىدا: «مەن كىشىلەر ئىچىدىن مېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بىلەن مېنى يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنى ئايرىماقچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، راستگۇي بىر ئۆلچەم قويىمەن. يەنى، مەن پالانى كىشىنى قەستەن قاتتىق ئۇرىمەن، ئۇرۇشۇم ئۇنى مېنى تىللاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ مېنى تىللىغاندا، ئۇنى يامان كۆرىمەن ۋە ئۇنى دۈشمەن تۇتىمەن. شۇنداقلا، كىم ئۇنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ مېنىڭ دۈشمىنىم، كىم ئۇنى يامان كۆرسە، ئۇ مېنىڭ دوستۇم ۋە مېنى سۆيىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن» دەيدۇ. ئاندىن ئەينەن شۇنداق قىلىدۇ. نەتىجىدە مەقسەت ھاسىل بولۇپ ئۇرۇلغۇچى تىللايدۇ ۋە تەنقىد قىلغۇچىلار دۈشمەن قاتارىغا ئۆتىدۇ. راست ياخشى كۆرگۈچىلەر بولسا ئۇنىڭغا: ‹سېنىڭ بۇ شەخسنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىشىڭنى ياقتۇردۇم. چۈنكى، ئۇ سېنىڭ كۆز - قارىشىڭ، سېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ ۋە سېنىڭ ئىشىڭ، ئۇنىڭ سېنى تىللىشى بولسا ساڭا ھۇجۇم ۋە يامانلىق قىلغانلىقتۇر، مەن سېنى تىللىغان كىشىنى يامان كۆرىمەن، ئۇ ئەسلىدە سېنى تىللىماسلىقى ۋە سەبر قىلىشى كېرەك ئىدى› دەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ شەھۋەت ۋە گۇناھ - مەئسىيەت سەۋەبلىرىنى بەندىگە ھۆكۈمران قىلىشى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يامان كۆرۈشى شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

شۇڭا، ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن ھەربىر بەندىنىڭ ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئۆچ كۆرگەن كىشىنى ئۆچ كۆرۈشى ۋە ئاللاھ تائالا دۈشمەن تۇتقان ۋە ھۇزۇرىدىن

يىراق قىلغان كىشىنى — گەرچە ئاللاھ تائالا قۇدرىتى ۋە بىسمى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە دۈشمەنلىشىش ۋە قارشىلىشىشقا مەجبۇر قىلسىمۇ — دۈشمەن تۇتۇشى ۋاجىبتۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق ۋە قوغلاندىدۇر. جىمى سۆيگۈچىلەر سۆيگەن زاتنىڭ مۇرادىغا مۇۋاپىق ئىش تۇتۇپ، ئۇ يېقىنلىق مەرتىۋىلىرىدىن يىراقلاشتۇرغان ۋە غەزەپ قىلغانلارغا غەزەپ ئىزھار قىلىش بىلەن ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈشى كېرەكتۇر.

بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇچۇن يامان كۆرۈش ۋەيا ياخشى كۆرۈش، كافىرلارغا قاتتىق، قوپال بولۇش ۋە ئاللاھ تائالادىن كەلگەنلىكى ئۇچۇنلا قازايىقەدەرگە رازى بولۇپ، ئۇلارنى چىن دىلىدىن يامان كۆرۈش ھەققىدە كەلگەن بارلىق ھەدىسلەر مۇئەييەنلىشىدۇ.

بۇنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن تەقدىرنىڭ سىرى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ سىر بولسا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەرئىككىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە ۋە خاھىشىغا كىرىدىغانلىقى، لېكىن يامانلىقنىڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان مەقسەت ۋە ياخشىلىقنىڭ مەمنۇن بولۇنىدىغان مەقسەت ئىكەنلىكىدۇر.

شەرىئەت ئەدەبلىرى بىلەن قوراللىنىش، سۈكۈت قىلىش ۋە قازايىقەدەرگە رازى بولۇش بىلەن گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى يامان كۆرۈش قاتارلىقلارنى جەم قىلىشتىن ئىبارەت كىشىلەر قىلىدىغان ئىبادەت بىلەن تورۇش ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا ياخشى كۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەنپەئەتلىك سۆزلەر

ياخشى كۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە رىۋايەت

1. دەرلەركى: ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلغان ئىدى: ئەگەر مەندىن يۈز ئۆرۈگەنلەر مېنىڭ ئۇلارنى قانداق كۈتىدىغىنىمنى، ئۇلارغا قانداق مېھرىبانلىقىمنى، مېنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىشىگە قانداق تەشنا ئىكەنلىكىمنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ماڭا تەشنا بولۇپ ئۆلۈپ قالغان بولاتتى، مېنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ بوغۇملىرى پارچە - پارچە بولۇپ كېتەتتى.

ئى داۋۇد! مانا بۇ زاتىمنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر بارىدىكى ئىرادەمدۇر. ماڭا يۈزلەنگۈچىلەر بارىدا مېنىڭ ئىرادەم قانداق بولار؟! ئى داۋۇد! بەندە مەندىن ئۆزىنى بىھاجەت سانىسا، ماڭا ئەڭ موھتاج بولۇر، بەندە مەن تەرەپكە قايتسا،

مېنىڭ نەزەرىمدە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولۇر.

2. بىر ئىبادەتگۇي ئايال: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن ھاياتتىن زېرىكتىم، ئەگەر ئۆلۈم سېتىلىدىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشنالىقىم ۋە ئۇ زاتنىڭ دىدارىغا بولغان مۇشتاقلىقىم بىلەن ئۆلۈمنى سېتىۋالاتتىم» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالغا:

— سەن قىلغان ئەمىلىڭگە ئىشەنچ قىلامسەن؟ — دەپ سورىدىلەر، ئۇ ئايال:

— ياق، لېكىن مەن ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتىمەن. مەن ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسام، سەنچە ئاللاھ تائالا مېنى ئازابلارمۇ؟ — دېدى.

بىلگىنكى، ئىمان نۇرى ۋە قۇرئان زىيالىرى بىلەن قەلبى نۇرلانغان كىشىلەرگە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ پەقەت ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەنلا مۇمكىن بولىدىغانلىقى ئايدىڭدۇر.

ئالىملاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولغۇچىدۇر. ئالىملار ئىچىدە ئەمەل قىلغۇچى ئالىملاردىن باشقا ئالىملار ھالاك بولغۇچىدۇر. ئەمەل قىلىشتىمۇ ئىخلاس قىلغۇچىلاردىن باشقا ئەمەل قىلغۇچىلار ھالاك بولغۇچىدۇر، شۇ ئىخلاس قىلغۇچىلارمۇ ھەم چوڭ خەتەر ئۈستىدىدۇر.

نىيەت قىلماستىن قىلىنغان ئەمەل بىھۇدە جاپادۇر. ئىخلاس بولمىغان نىيەت رىيادۇر. ئەمەلنى كۆرسىتىلمىگەن ئىخلاس چاڭ - توزانغا ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتقۇر: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىرتەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[25/«فۇرقان»: 23].

كاشكى مەن بېس قىلسامچۇ! نىيەتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەن كىشىنىڭ نىيىتى قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟! ياكى ئىخلاس ھەقىقىتىنى بىلمىگەن كىشى قانداق نىيىتىنى توغرىلاپ ئىخلاس قىلالىسۇن؟!

ئىخلاس مەنىسى ئەمەلىيەتكە چىقمىسا، ئىخلاس قىلغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ نەپسىدىن راستچىللىقنى قانداق تەلەپ قىلار؟!

ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق بەندىنىڭ تۇنجى ۋەزىپىسى تونۇش ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئاۋۋال نىيەتنى بىلىشى كېرەك. بەندىنىڭ نىجات تېپىشىغا ۋاستە بولىدىغان ئىخلاس ۋە راستچىللىقنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئەمىلىنى توغرىلىشى كېرەك.

بىز بۇلارنى ئۈچ پەسىلگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

## بىرىنچى پەسىل: نىيەت قىلىش، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچنەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچنەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن﴾6/«ئەنئام»: 52. بۇ ئايەتتىكى كۆزلەش نىيەت قىلىش دېمەكتۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىمنىڭ ئەمەلى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە يارىشا بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى مال - دۇنيا تېپىش ياكى خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۆزى مەقسەت قىلغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولىدۇ»[1].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى! بىر ئادەم باتۇرلۇق قىلىپ ئۇرۇشىدۇ، بىر ئادەم غەزەپلىنىپ ئۇرۇش قىلىدۇ ۋە بىر ئادەم رىيا قىلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟ — دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىسى ئەڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇشسا، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ، — دېدى»[2].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1)؛ مۇسلىم (1907). ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7458)؛ مۇسلىم (1904). ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر مەدىنىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كەينىڭلاردا قالدۇرۇپ چىقتىڭلار، سىلەر بىرەر ۋادىدىن ئۆتسەڭلار ۋە بىرەر يولدىن ماڭساڭلار ئۇلار سىلەرگە ئەجىردە شېرىكتۇر. ئۇلارنى كېسەللىك سىلەر بىلەن بىللە چىقىشتىن توختىتىپ قويدى»[1]. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇخارىي ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

«سەھىھەين»دە رىۋايەت قىلىنغان ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلغانلىقنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ»[2].

ئەبۇ كەبشە ئەلئەنمارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈممەت مىسالى تۆت تۈرلۈك كىشىگە ئوخشايدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالا ھەم ئىلىم، ھەم مال بەرگەن كىشىدۇر، ئۇ كىشى ئىلمىگە ئەمەل قىلىپ، مېلىنى ھەق يولغا سەرپ قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا ئىلىم بەرگەن، لېكىن مال بەرمىگەن كىشىدۇر. ئۇ كىشى: ‹ئەگەر مېنىڭ بۇ (ياخشى) كىشىگە ئوخشاش مېلىم بولسا ئۇ كىشى قىلغانغا ئوخشاش ئەمەل قىلاتتىم› دەيدۇ. بۇ ئىككى كىشى ئەجىردە باراۋەردۇر. يەنە بىر كىشى ئاللاھ تائالا مال بېرىپ، ئىلىم بەرمىگەن كىشىدۇر. ئۇ ئادەم مېلىنى قارىغۇلارچە، باتىل يولغا سەرپ قىلىدۇ. يەنە بىرى ئاللاھ تائالا ئىلىممۇ ۋە مالمۇ بەرمىگەن كىشىدۇر. ئۇ ئادەم: ‹ئەگەر ئاللاھ ماڭا مال بەرگەن بولسا، بۇ باي مېلىنى قارىغۇلارچە خەجلىگەندەك، مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم› دەيدۇ. ئۇ ئىككىسى گۇناھتا باراۋەردۇر»[3].

ئەبۇ ئىمران ئەلجەۋنىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتىلەر ئەمەللەرنى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە:

— ئۇ ئەمەل دەپتىرىنى تاشلاڭلار! — دەپ نىدا قىلىدۇ. پەرىشتىلەر:

— رەببىمىز! ئۇ ئادەم ياخشىلىقنى سۆزلىگەنىدى، بىز ئۇنى يېزىپ ساقلىدۇق، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەبارەكە ۋەتائالا:

— ئۇ ئادەم ئۇ ياخشىلىق بىلەن مېنىڭ رازىلىقىمنى نىيەت قىلمىدى، —

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4423)؛ مۇسلىم (1911).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6491)؛ مۇسلىم (131).

[3] ئەھمەد (18053)؛ ئىبنى ماجە (4228). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇ سۈنەنى ئىبنى ماجە»، 3406) «سەھىھ» دېگەن.

دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا پەرىشتىگە:

— پالانىغا مۇنداق ساۋاب يازغىن، — دەيدۇ. پەرىشتە:

— رەببىم! ئۇ ئادەم ئۇ ياخشى ئەمەلنى تېخى قىلمىدى، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا:

— ئۇ شۇ ياخشى ئەمەلنى قىلىشنى نىيەت قىلدى، — دەيدۇ[1].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ئەمەللەرنى قىلىش، ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدىكى نەرسىگە نىيەتنىڭ توغرا بولۇشى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلدۇر»[2].

بىر كىشى: «داۋاملىق ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان بىر ئەمەلنى ماڭا كۆرسىتىپ قويۇڭلار» دېگەنىدى، ئۇنىڭغا: «ياخشىلىق قىلىشنى نىيەت قىلغىن. چۈنكى، سەن ياخشىلىق قىلىشنى نىيەت قىلساڭ، ئۇنى قىلمىساڭمۇ ياخشىلىق قىلىشقا نىيەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، داۋاملىق ئۇنى قىلغاندەك بولىسەن» دېيىلدى.

ئەمەل قىلالمىسىمۇ، نىيەت ئەمەلنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. چۈنكى، بىر كىشى كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، قىيامدا تۇرالماي ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىگە قىلىشنى نىيەت قىلغان ئىبادىتىنىڭ ساۋابى بولىدۇ.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ئادەمنىڭ كېچىدە قىيامدا تۇرىدىغان بىر ۋاقتى بولسا ۋە شۇ ۋاقىتتا قىيامدا تۇرالماي ئۇخلاپ قالسا ئۇنىڭغا شۇ سائەتتە نامىز ئوقۇغانلىقىنىڭ ئەجرى بولىدۇ. ئۇخلىغىنى ئۇنىڭغا قىلىنغان سەدىقە بولىدۇ»[3].

يەنە بىر ھەدىستە: «مۇئمىننىڭ نىيىتى ئۇنىڭ ئەمىلىدىن ياخشىدۇر» دېيىلگەن[4].

[1] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىليەتۇل ئەۋلىيائ»، 313/2.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەلۋەرەئۇ»، (175).

[3] مالىك (255)؛ ئەھمەد (24386)؛ ئەبۇ داۋۇد (1314). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 5691) «سەھىھ» دېگەن.

[4] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (5809)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (6445). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 5976) «زەئىف» دېگەن. سەھل ئىبنى سەئد ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار رىۋايىتى.

اَلنِّيـةُ: نىيـەت قىلـىش، اَلْإِرَاَدَةُ: ئىـرادە قىلـىش ۋە اَلْقَصْدُ: مەقسـەت قىلـىش دېگـەن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەردۇر.

## نىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەمەللەرنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، ئەمەللەر ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى قىسىم: گۇناھ - مەئسىيەتلەر

گۇنـاھ - مەئسـىيەتلەرنىڭ ماھىيىتـى نىيەتكـە قـاراپ ئۆزگەرمەيـدۇ. مەسـىلەن، بىر كىشـى ياخشـىلىقنى ئىـرادە قىلىـپ ھـارام مـال بىلـەن مەسـجىد بىنـا قىلغـان بولسـا، نىيـەت قىلىنغـان ياخشـىلىق ئۇنىڭغـا پايـدا بەرمەيـدۇ. چۈنكـى، ياخشـىلىقنى باشـقا بىـر يامانلىـق بىلـەن مەقسـەت قىلىـش بىـر يامانلىـق ھېسـابلىنىدۇ. ياخشـىلىقلار شـەرىئەتتە ياخشـىلىق بولغانلىقـى ئۈچـۈن، «خەيـر» دەپ بىلىنىـدۇ. شـۇنداق بولغان ئىكـەن، يامانلىقنىـڭ ياخشـىلىق بولۇشـى قانداقمـۇ مۇمكىـن بولسـۇن؟! يامانلىقنىـڭ ياخشىلىق بولۇشى ھەقتىن يىراقتۇر.

بىلگىنكـى، ھـارام مـال بىلـەن مەسـجىد - مەدرەسـەلەرنى بىنـا قىلىـپ، سـۇلتانلارغا يېقىنلىــق ئىزدىگــەن كىشــى ئەخمەقلەرگــە ئوخشــاش پاســىقلىق ئەمەللــىرى بىلــەن مەشغۇل بولىدىغـان يامـان كىشـىلەرگە ئىلىـم ئۆگىتىـپ ئۇلارغـا يېقىنلىشـىدىغان يامان ئالىملارغا ئوخشاشـتۇر. چۈنكـى، بـۇ يامـان ئادەملـەر ئىلىـم ئۆگەنسـە، ئـاللاھ تائالانىڭ يولىنـى توسـىدىغان بۇلاڭچـىلار بولىـدۇ. ئـۇلار دۇنيـا تېپىشـقا ھېرىسـمەن بولىـدۇ ۋە نەپسـى خاھىشـىغا ئەگىشـىدۇ. بۇنىـڭ يامـان ئاقىۋىتـى ئۇلارنىـڭ بـۇزۇق نىيەتلىرىنـى ۋە مەقسەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا ئىلىم ئۆگەتكۈچىگە بولىدۇ.

مەدداھلارنىـڭ قىسسـىلەرنى ئۆگىنىشـىمۇ شـۇ جۈملىدىنـدۇر. چۈنكـى، ئۇلارنىـڭ كۆپىنچىسـىنىڭ مەقسەتلىرى ھەممىگە تونۇشـلۇقتۇر. ئۇلارنىڭ مەقسـىتى دۇنيا تېپىش ۋە قانـداق يـول بىلـەن بولسـۇن باشـقىلارنىڭ مېلىنـى ئېلىۋېلىشـتىن ئىبـارەت. شـۇڭا، ئۇلارغا قىسسىلەرنى ئۆگىتىش بۇزۇقچىلىققا ياردەم بەرگەنلىكتۇر.

سـەن تائـەت - ئىبادەتنىـڭ نىيـەت سـەۋەبلىك گۇنـاھ - مەئسـىيەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنـى بىلىسـەن. گۇنـاھ - مەئسـىيەت بولسـا نىيـەت سـەۋەبلىك ئـەسلا تائـەت - ئىبادەتكـە ئايلانمايـدۇ. بەلكـى ئۇنىڭغـا ناچـار مەقسـەت قوشۇلسـا، ئۇنىـڭ گۇناھى ھەسسىلەپ بولىدۇ ۋە يامان ئاقىۋىتى چوڭ بولىدۇ.

ئىككىنچى قىسىم: تائەت - ئىبادەتلەر

تائــەت - ئىبادەتلەرنىــڭ توغــرا بولۇشــىنىڭ ئاساســى ۋە ئۇنىــڭ پەزىلىتىنىــڭ

ھەسسىلەپ ئېشىشى نىيەتكە باغلىقتۇر.

تائەت ـ ئىبادەتنىڭ ئاساسى باشقىنى ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى نىيەت قىلىشتۇر. ئەگەر نىيىتى رىيا قىلىش بولسا، تائەت ـ ئىبادەت گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

پەزىلەتنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى ياخشى نىيەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئىبادەتتە كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى نىيەت قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىنىڭ ھەربىر نىيىتىگە ساۋاب بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ھەربىرى بىر ياخشىلىق بولۇپ، بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىلىنىپ يېزىلىدۇ.

مىسال: مەسجىدتە ئولتۇرۇش ئىبادەتتۇر. بۇ ئىبادەتتە كۆپلىگەن ئىشلارنى نىيەت قىلىش مۇمكىن. جۈملىدىن، مەسجىدكە كىرىش بىلەن نامازنى كۈتۈشنى، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ۋە بەدەن ئەزالىرىنى گۇناھتىن توختىتىشنى نىيەت قىلىش قاتارلىقلاردۇر. چۈنكى، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بەدەن ئەزالىرىنى گۇناھتىن توختاتقانلىقتۇر. يەنە مەسجىدتە ئولتۇرۇش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېتىشتىن قايتۇرغۇچى ئامىللارنى يوق قىلغىلى ۋە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلغىلى بولىدۇ. بۇ بولسا بىر ئەمەلدە ياخشى نىيەتلەرنى كۆپ قىلىشنىڭ يولىدۇر. بۇنىڭغا باشقا ئىبادەتلەرنى قىياس قىلغىن! چۈنكى، ھەرقانداق ئىبادەت نۇرغۇن نىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى قىسىم: مۇباھلار

مۇباھ نەرسىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ياكى بىرنەچچە ياخشى نىيەتنى قىلغىلى بولىدۇ. مۇباھ نەرسىلەر شۇ نىيەتلەر بىلەن ئىبادەتلەرگە ئايلىنىدۇ ۋە ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى نىيەتلەردىن غاپىل قېلىپ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن ئىنسانلار ناھايىتى چوڭ زىيان تارتقۇچىدۇر.

بەندە ھەرقانداق خىيالىنى، ئالغان قەدەملىرىنى ۋە ھەربىر قاراشلىرىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، قىيامەت كۈنى بەندە بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن «نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ؟ نېمىنى مەقسەت قىلدىڭ؟» دەپ سورالغۇچىدۇر.

مۇباھ ئىشلاردىن ئىبادەتنى نىيەت قىلىشنىڭ مىسالى: خۇش پۇراق ئىشلىتىش، بۇنىڭ بىلەن سۈننەتكە ئەگىشىشنى، مەسجىدنى ھۆرمەتلەشنى ۋە ئۆزى ئارىلاشقان كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان پۇراقلارنى يوق قىلىشنى نىيەت قىلىش قاتارلىقلار.

شۇنىڭدەك خۇش پۇراق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەقلىنى ۋە زېرەكلىكىنى ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلىشى، پىكىر يۈرگۈزۈپ دىنىدىكى مۇھىم ئەھكاملارنى چۈشىنىۋېلىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. چۈنكى، ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ: «كىمنىڭ پۇرىقى ياخشى بولسا ئەقلى زىيادە بولىدۇ» دېگەن.

سەلەف سالىھلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مەن بارلىق ئىشلىرىمدا ھەتتا يېمەك، ئىچمەك، ئۇخلاش ۋە تاھارەت سۇندۇرۇش چاغلىق ئىشلاردىمۇ ياخشى نىيىتىم بولۇشىنى ياقتۇرىمەن»[1].

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى مەقسەت قىلىش مۇمكىندۇر. چۈنكى، بەدەننىڭ ساغلام تۇرۇشىغا ۋە قەلبنىڭ ساپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق نەرسە دىنىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدىندۇر. بىر كىشى يېمەك يەپ ئىبادەتتە بەردەم بولۇشنى، نىكاھلىنىپ دىنىنى ساقلاشنى ۋە ئايالىنىڭ قەلبىنى مەمنۇن قىلىشنى ھەمدە ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان بىر بالىغا ئېرىششنى مەقسەت قىلسا، بۇنىڭ ھەممىسىگە ساۋاب بېرىلىدۇ.

سەن ھېچبىر سۆز - ھەرىكىتىڭنى سەل چاغلىمىغىن! سەندىن ھېساب ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭدىن ھېساب ئالغىن! قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى قىلىشتىن ئاۋۋال نىيىتىڭنى توغرىلىغىن! ۋە تەرك ئەتكەن نەرسىلەردىمۇ نىيىتىڭگە قارىغىن!

## نىيەتنىڭ ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىقىنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، نەپس ئۆزىگە نەق شۇ دەمدە ياكى كېلەچەكتە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن نەرسىگە مايىل بولىدۇ ۋە شۇ نەرسىگە نەپسنىڭ قوزغىلىشى «نىيەت» دېيىلىدۇ.

بەلكىم، بەزى جاھىللار: «بىز نىيەتنى ياخشى قىلىش ھەققىدە تەۋسىيە قىلغان بەزى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يېمەك يېگەن چاغدا ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن يېيىشنى نىيەت قىلدىم ياكى ئوقۇغان چاغدا ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم» دېيىشى ۋە بۇنى نىيەت قىلغانلىق دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ نىيەت ئەمەستۇر. ھەقىقىي نىيەت بولسا قەلبنىڭ قوزغىلىشىدۇر. نىيەت ئاللاھ تائالاغا تامامەن تەسلىم بولۇشتۇر. نىيەت ئىختىيارلىق دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. نىيەت

---

[1] بۇ تابىئىنلاردىن زۇبەيد ئىبنى ھارىس ئەليامىينىڭ — ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — سۆزىدۇر. قاراڭ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (195).

قىلىش بەزىدە ئاسان، بەزىدە تەس بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا قەلبى دۇنياغا ئەمەس، دىنغا مايىل بولىدىغان كىشىگە نىيەت قىلىش ئاسان بولىدۇ.

كىشىلەر نىيەت قىلىشتا بىرنەچچە قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

بىر قىسمى، قورقۇش تۈرتكىسىدە تائەت - ئىبادەت قىلىدۇ.

بىر قىسمى، ئۈمىد قىلىش تۈرتكىسىدە ئەمەل قىلىدۇ.

يەنە بىر قىسمى يۇقىرىقى ئىككىسىدىنمۇ ئۈستۈندۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىبادەتكە ۋە قۇللۇق قىلىشقا لايىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش نىيىتىدە ئىبادەت قىلىش. بۇنداق ئىبادەت قىلىشقا دۇنياغا قىزىققۇچى مۇيەسسەر بولمايدۇ. بۇ بولسا نىيەتلەرنىڭ ئەڭ كەم ئۇچرايدىغىنى ۋە ئەڭ ئالىيسىدۇر. بۇ نىيەتتە بولۇش تولۇق، ئۇنى چۈشىنىدىغانلارمۇ بەك ئازدۇر. بۇ دەرىجە ئىگىسى ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە پىكىر قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشتىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

ھېكايە قىلىنىدۇكى، ئەھمەد ئىبنى خەزرەۋەيھ ئىززەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانى چۈشىدە كۆرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «بارلىق كىشىلەر مەندىن (بىرنەرسە) تىلەيدۇ، ئەمما ئەبۇ يەزىد (ئەلبىستامي) مېنى تىلەيدۇ» دەيدۇ.

بىزنىڭ بۇنى كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتىمىز نىيەتلەرنىڭ دەرىجە جەھەتتە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. بىر كىشىنىڭ قەلبىنى بۇ نىيەتلەردىن بىرى چۈلغىۋالسا، بەزىدە ئۇنىڭدىن باشقىغا مايىل بولالماسلىقى مۇمكىن. بىر كىشى مۇباھ نەرسىگە نىيەت باغلىسا، لېكىن پەزىلەتلىك ئەمەلگە نىيەت باغلىيالمىسا، مۇباھقا نىيەت باغلىيالىغىنى ئەۋزەل. پەزىلەت مۇباھقا يۆتكىلىدۇ.

مىسال: بىر كىشى ئىبادەتتە تېخىمۇ بەردەم بولۇش ۋە بەدىنىنى راھەتلەندۈرۈش ئۈچۈن يەپ - ئىچىشكە نىيەت باغلىغان بولۇپ، ئاشۇ ھالەتتە نامازنى ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشقا نىيەت قوزغالمىسا، ئۇنىڭ يېيىشى ۋە ئۇخلىشى ئەۋزەلدۇر. بەلكى ئىبادەتنى كۆپ قىلغانلىقتىن، ئىبادەت قىلىش مالال كەلسە ۋە مۇباھ نەرسە بىلەن بىر سائەت راھەتلەنسە ئۇنىڭ تېتىكلىكى قايتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا شۇنى قىلىش ئىبادەت قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قەلبلەرنى دەم ئالدۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا ئاجايىب ھېكمەتلەرنى ئىزدەڭلار، چۈنكى قەلبلەر بەدەن چارچىغاندەك چارچايدۇ».

بىر كىشى مۇنداق دېگەن: «قەلبلەرنى راھەتلەندۈرسەڭلار، قەلبلەر زىكىرنى

چۈشىنىدۇ».

بۇ نازۇك ئىلىملەرنى پەقەت ئالىملار بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق بىلەلەيسەن. چۈنكى، ئۇستا تېۋىپ بەزىدە قىزىپ قالغان كىشى قىزىپ تۇرسىمۇ، گۆش بىلەن داۋالىيالايدۇ. نائۇستا تېۋىپنىڭ بۇنداق قىلالىشى ناتايىن. نائۇستا تېۋىپ داۋالىماقچى بولغان ئادەمنىڭ داۋالاشنى كۆتۈرەلىشى ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك بولۇشى ئۈچۈنلا گۆش تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر كىشى دۈشمىنىنى تېخىمۇ تار يەرگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىپ دۈشمىنىدىن قېچىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا يولىدا مېڭىش شەيتانغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقتۇر. قەلبنى داۋالىغانلىقتۇر. ياخشىلىقتا مۇۋەپپەق قىلىنغان ۋە يىراقنى كۆرىدىغان كىشى شۇ يولدىكى ئاجىز كىشىلەر يىراق سانايدىغان نازۇك ھىيلىلەرنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلمىگەن نەرسىلەرنى يىراق سانىشى توغرا بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ سىرلىرى ئېچىلىپ بولغۇچە ياكى ئۆزلىرى شۇ ماقاملارغا يەتكۈچە بۇ ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى يۈكسەك ماقاملىق كىشىلەرگە تاپشۇرۇشى كېرەك.

## ئىككىنچى پەسىل: ئىخلاس قىلىش، ئۇنىڭ پەزىلىتى، ھەقىقىتى ۋە دەرىجىلىرى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر﴾«بەييىنە»: 5/98.

ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر﴾«زۇمەر»: 3/39 دېگەن.

بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ بار.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «دىنىڭنى (ئىبادىتىڭنى رىيا ۋە شېرىكتىن) ساپ قىلغىن، شۇندىلا ساڭا ئازغىنە ئەمەل كۇپايە قىلىدۇ»[1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (6443، 6444). بەيھەقىي: «مۇرسەل» دېگەن. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 240) «زەئىف» دېگەن.

كۆنى پەرىشتىلەر پىچەتلەنگەن دەپتەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە:

— بۇ دەپتەرنى تاشلاڭلار، بۇ دەپتەرنى قوبۇل قىلىڭلار! — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:

— سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى! بىز پەقەت بولغان ئىشلارنىلا يازدۇق، — دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:

— بۇ ئەمەل مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن بولمىغان ئىدى، بۈگۈن مەن پەقەت مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن بولغان ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىمەن، — دەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەرىشتىلەر بىر بەندىنىڭ ئەملىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى كۆپەيتىدۇ ۋە ئۈستۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ۋەھيى قىلىپ: ‹سىلەر مېنىڭ بەندەمنىڭ ئەملىنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرسىلەر. مەن ئۇ بەندىنىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىمەن. ئۇ بەندەم ئەملىنى رىيادىن ساپ قىلمىدى، ئۇنىڭ كىتابىنى سىججىن[2]دە قىلىڭلار› دەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يەنە بىر بەندىنىڭ ئەملىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىدۇ ۋە ئۇ ئەمەلنى ئاز سانايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ‹سىلەر مېنىڭ بەندەمنىڭ ئەملىنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرسىلەر. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىمەن، ئۇ بەندىنىڭ ئەملىنى كۆپەيتىڭلار ۋە ئۇنى ئىللىيىين[3]دە قىلىڭلار› دەيدۇ»[4].

ھەسەن ئەلبەسرىي ئېيتۇر: «ئاللاھ تائالانى تاشلاپ ئىبادەت قىلىنىدىغان بىر دەرەخ بار ئىدى. بىر ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆڭلىدە: ‹مەن بۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلايمەن› دېدى ۋە ئۆيىگە بېرىپ پالتا ئېلىپ، ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇ دەرەخنى كېسىش ئۈچۈن ماڭدى. يولدا شەيتان ئۇنىڭغا ئىنسان سۈرىتىدە ئۇچرىشىپ:

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (2603)؛ دارەقۇتنىي (132). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلە-تۇززەئىفە»، 5154) «زەئىپ» دېگەن.

[2] سىججىن (السِّجِّينُ): «تارچىلىق؛ جەھەننەمدىكى بىر ۋادىنىڭ ئىسمى؛ فاجىرلەرنىڭ روھلىرىنىڭ بارار جايى؛ يامانلارنىڭ نامەئى ئەئمالى ئورۇن ئالغان يەر» دېگەن مەنىدىكى «قۇرئان» ئاتالغۇسى. قاراڭ: شەۋكانىي: «فەتھۇلقەدىر»، 440/7. — ت.

[3] ئىللىيىين / ئىللىيىيۇن (عِلِّيُّون): «ئۈستۈن، يۇقىرى جاي؛ يەتتىنچى ئاسمان؛ مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرىنىڭ بارار جايى؛ ئىتائەتمەنلەرنىڭ نامەئى ئەئمالى ئورۇن ئالىدىغان يەر» دېگەن مەنىدىكى «قۇرئان» ئاتالغۇسى. قاراڭ: شەۋكانىي: «فەتھۇلقەدىر»، 444/7. — ت.

[4] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (452). تابىئىنلەردىن زەمرە ئىبنى ھەبىبتىن مۇرسەلدۇر.

— قەيەرگە، نېمە قىلىش ئۈچۈن ماڭدىڭ؟ — دېگەنىدى، ئۇ كىشى:

— ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان ھېلىقى دەرەخنى كېسىپ تاشلىغىلى ماڭدىم، — دېدى.

— سەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىغاندىكىن، باشقىلار ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟!

— مەن ئۇ دەرەخنى چوقۇم كېسىپ تاشلايمەن.

— دەرەخنى كېسىپ تاشلاشتىن ياخشىراق بىر ئىشنى كۆڭلۈڭ تارتامدۇ؟ كەل، سەن ئۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلىمىغىن، ھەر كۈنى تاڭ ئاتقاندا ياستۇقۇڭنىڭ ئاستىدا ئىككى تىللا پەيدا بولسۇن.

— بۇنىڭغا كىم كېپىل؟

— مانا مەن كېپىل.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دەرەخنى كەسمەي قايتىپ كەتتى ۋە تاڭ ئاتقاندا ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئىككى تىللا تاپتى. ئۇنىڭ ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ھېچنەرسە تاپالمىدى. ئاندىن ئۇ ئادەم قاتتىق غەزەپلىنىپ دەرەخنى كېسىش ئۈچۈن ماڭدى، (بۇ چاغدا) شەيتان ئۇنىڭغا ئۆز سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ:

— يول بولسۇن، قاياققا؟ — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان ئۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلىماقچىمەن، — دېدى. شەيتان ئۇنىڭغا:

— يالغان ئېيتما! سەن ئۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلىيالمايسەن، — دېدى. لېكىن، ئۇ كىشى دەرەخنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن مېڭىۋىدى، شەيتان ئۇنى يەرگە يىقىتتى ۋە ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئاندىن شەيتان ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ: — سەن ئاۋۋالقى قېتىمدا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن غەزەپلىنىپ كەلگەن ئىدىڭ، ئۇ چاغدا مېنىڭ سېنى بويسۇندۇرۇشقا ھېچقانداق كۈچۈم يوق ئىدى. مەن سېنى ئىككى تىللا بىلەن ئالدىسام، دەرەخنى كېسىشتىن ۋاز كەچتىڭ. ئىككى تىللانى ياستۇقۇڭنىڭ ئاستىدا تاپالمىۋىدىڭ، شۇ ئىككى تىللا ئۈچۈن

غەزەپلىنىپ كەلدىڭ، شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا ھۆكۈمران قىلىندىم، ــــ دېدى»[1].

مەئرۇف ئەلكەرخىي رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئى نەپسىم! ئىخلاس قىلغىن، دوزاختىن خالاس بولىسەن» دەيتتى.

ئەبۇ سۇلايمان رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر قەدەم ئالسا شۇ قەدىمىنى ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلەپ ئالغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن».

ھېكايە قىلىنىدۇكى، «بىر ئەر ئايالچە كىيىنىپ سىرتقا چىقاتتى ۋە توي، ماتەم دېگەندەك سورۇنلارغا ئاياللار بىلەن بىللە قاتنىشاتتى. بىر كۈنى ئاياللار توپلانغان بىر سورۇنغا كەلدى، ئۇ سورۇندا بىر تال گۆھەر ئوغۇرلاندى. ئاياللار: ‹ئىشىكنى ئېتىڭلار، بىز ئاختۇرۇش ئېلىپ بارىمىز› دەپ توۋلىدى. ئاياللار بىر-بىرلەپ ئاختۇرۇلۇپ نۆۋەت ئايالچە كىيىنىۋالغان ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئايالغا كەلدى، ئاندىن ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدى ۋە ‹ئەگەر مەن بۇ رەسۋالىقتىن قۇتۇلۇپ قالسام، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن› دېدى. ئاندىن ھېلىقى گۆھەر ئۇنىڭ يېنىدىكى ئايالنىڭ يېنىدىن تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاختۇرغۇچىلار: ‹بىگۇناھ ئايالنى قويۇۋېتىڭلار، گۆھەرنى تاپتۇق› دېدى».

## ئىخلاسنىڭ ھەقىقىتىنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق نەرسىگە باشقا نەرسىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. دېمەك، ئارىلاشمىسىز، سۈزۈك ۋە ساپ بولغاندا «ئىخلاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

شېرىك ئىخلاسنىڭ زىتىدۇر. ئىخلاسمەن بولمىغان كىشى مۇشرىك بولىدۇ. لېكىن، شېرىكنىڭ بىرنەچچە دەرىجىلىرى بولىدۇ.

تەۋھىدتىكى ئىخلاسنىڭ قارىمۇقارشىسى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

شېرىكنىڭ بەزىسى ئاشكارا، بەزىسى يوشۇرۇن بولىدۇ. ئىخلاسمۇ ھەم شۇنداقتۇر. بىز ئىلگىرى رىيانىڭ دەرىجىلىرىنى ئۆز بابىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. نۆۋەتتە ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە ھەرىكەتكە ئۆتكەن، لېكىن رىياكارلىق ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەپسانىيەت ئارىلىشىپ قالغان كىشى ھەققىدە سۆز قىلىمىز.

مەسىلەن، روزا تۇتۇپ ھاسىل بولغان چىدامچانلىقى بىلەن باشقا ئىشلاردىن

[1] ئىبنۇلجەۋزىي: «تەلبىسۇ ئىبلىس»، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.

پايدىلىنىش مەقسىتىدە روزا تۇتۇش ياكى بىر قۇلنى ئۇنىڭ چىقىمى ۋە يامان ئەخلاقىدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئازاد قىلىش؛ سەپەر قىلىپ كۆپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق مىزاج ساغلاملىقىنى كۆزلەپ ۋەيا ئۆزى گىرىپتار بولغۇسى يامانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەج قىلىش؛ ئۇرۇشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن چېنىقىش ۋە ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن غازات قىلىش، ياكى خوتۇن - بالا ۋە ئۆيۋاقىنى قوغداش ئۈچۈن ئويغاق بولۇش مەقسىتىدە كېچىدە ناماز ئوقۇش؛ تۇرمۇشىنى قولاي قامداش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىش ياكى ئاڭلاتقانسېرى سۆيۈنۈش ئۈچۈن ئەستايىدىل دەرس ئۆگىتىش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار.

بىر كىشىنىڭ مەقسىتى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بولسا، لېكىن ئۇ كىشىنى شۇ ئىبادەتنى قىلىشقا قوزغىغان تۈرتكىگە مۇشۇ ئويلاردىن بىرەرسى قوشۇلۇپ، نەتىجىدە ئۇ ئىبادەتنى قىلىش ئۇنىڭغا يەڭگىل بىلىنگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەملى ئىخلاس چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىنسانىنىڭ ھېچبىر ئىشى ۋە ھېچبىر ئىبادىتى بۇ ئىشلاردىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بىر كىشىنىڭ ئۆمرىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقتى خالىس ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن بولسا، ئازابتىن قۇتۇلىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇنداق بولۇشى چىن ئىخلاسنىڭ تولىمۇ كەم ئۇچرايدىغانلىقى، قەلبنى بۇ ئامىللاردىن پاكىزلەشنىڭ تەس بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا يېقىنلىق ئىزدەش تۈرتكە بولغان ئەمەل خالىس ئەمەلدۇر.

سەھل تۇستەرىيدىن: «قايسى نەرسە ئىنسان نەپسىگە ئەڭ قىيىن؟» دەپ سورالغانىدى، ئۇ: «ئىخلاس قىلىش. چۈنكى، نەپسىنىڭ ئىخلاس قىلىشتا نېسۋىسى يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

## ئىخلاسنى بۇزغۇچى ئامىللار

شۇنى بىلگىنكى، ئىخلاسنى بۇزغۇچى ئامىللار خىلمۇخىلدۇر. ئۇنىڭ بەزىسى ئاشكارا، بەزىسى يوشۇرۇندۇر. بىز رىياكارلىقنىڭ دەرىجىلىرىنى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

رىيالار ئىچىدە چوڭلىرىنىڭ مېڭىشىدىنمۇ يوشۇرۇن رىيالار بار. نۇۋەتتە ئۇنىڭ تەپسىلاتى سۆزلىنىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەمەل - ئىبادەت قىلغۇچى قىلىۋاتقان ئىبادىتىنى ئىنسانىنىڭ كۆرۈشى بىلەن ھايۋانىنىڭ كۆرۈشى باشقا - باشقا دەپ قارىسا، ئۇنداق كىشى چىن ئىخلاسمەنلىكتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىبادەتنىڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە قارىغان، ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھلاردىن

ساقلىشى ۋە ياخشى ئىشلارغا تەۋپىق بېرىشى بىلەن بەختلىك بولغان كىشىلا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئامان قالىدۇ.

«ئالىمنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزى جاھىلنىڭ يەتمىش رەكئەت نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر» دېيىلىدۇ. يەنى، ئۇ ئالىم ئەمەللەرنىڭ نازۇك ئاپەتلىرىگىچە قاراپ، ئەمەللەرنى بۇزغۇچى ئاپەتلەردىن قۇتۇلغان ئالىمدۇر. جاھىل بولسا ئىبادەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا قارايدۇ. باھالىغۇچى رازى بولىدىغان بىر قىيرات ئالتۇن ئاسان ئالدىنىپ قالىدىغان، دۆت ئادەم رازى بولىدىغان بىر تىللادىن ياخشىدۇر.

## پەسىل: ئىخلاسقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئارىلاشقان ئەمەلنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇ ئەمەلگە ساۋاب بېرىلىشنىڭ تەپسىلاتى

پەقەت رىيا ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىغا ئۇ ئەمەل پايدىلىق ئەمەس، بەلكى زىيانلىقتۇر. پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان ياخشى ئەمەل ساۋابقا ئېرىشتۈرگەندەك، رىيا ئۈچۈنلا قىلىنغان ئەمەل رىياكارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىدە ھېچقانداق مۈجمەللىك يوقتۇر. ئەمما، رىيا ۋە نەپس ئارىلىشىپ قالغان ئەمەل ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا: «بۇنداق ئەمەلگە ساۋاب بېرىلەمدۇ ياكى جازامۇ؟ ياكى ھېچنېمە بېرىلمەمدۇ؟» دېگەن خۇسۇستا بىرنەچچە خىل قاراشلار بار.

بۇ خۇسۇستا بىر - بىرىگە زىت، ئوخشىمىغان قاراشلار باردۇر.

بۇ خۇسۇستا بىزگە ئېنىق بولغان قاراش — ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر — ئەمەل - ئىبادەتكە تۈرتكە بولغان ئامىلغا قاراشتۇر. ئەگەر ئەمەل-ئىبادەتكە تۈرتكە بولغان دىنىي ئامىل نەپسانىي ئامىل بىلەن تەڭ بولسا، ئىككىسى بىر - بىرىگە قارشىلىشىدۇ ۋە ئىككىلىسى يىقىلىدۇ. بۇ ھالدا ئەمەل - ئىبادەت ئۇنى قىلغۇچىغا نە زىيانلىق، نە پايدىلىقتۇر. ئەگەر رىياكارلىق تۈرتكىسى كۈچلۈك بولسا، كىشىگە قىلغان ئەمىلى زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئازاب پەقەت رىيا ئۈچۈنلا قىلىنغان ئەمەلنىڭ جازاسىدىن تۆۋەندۇر. ئەگەر دىنىي تۈرتكە نەپسانىي تۈرتكىدىن كۈچلۈك بولسا، ساۋابمۇ شۇنىڭغا قارىتا كۆپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾4/«نىسائ»: 40.

بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ سۆزگە ئۈممەتنىڭ بىردەك ئىجمائىسى دەلىلدۇر.

يەنى بىر كىشى يېنىغا تىجارىي مال ئېلىپ ھەجگە چىققان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى توغرىدۇر، ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدۇ. ھالبۇكى، تىجارىي مال بىلەن ھەج سەپىرىگە چىققان كىشىنىڭ ھەجگە بىر نەپەس ئارىلاشقان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ كىشىنىڭ ھەجگە يول ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئەسلى ئامىل ھەج بولسا، قىلغان سەپىرى ساۋابتىن خالىي قالمايدۇ. شۇنىڭدەك غازى كىشى ئۇرۇش قىلىش ۋە غەنىيمەت ئېلىشنى نىيەت قىلسا، غەنىيمەت ئېلىشنى نىيەت قىلىش ئۇرۇش قىلىشقا قوشۇمچە ئەگىشىپ كەلگەن بولسا، ئۇ كىشىگە ساۋاب يېزىلىدۇ. لېكىن، ئۇ كىشىنىڭ ساۋابى ئەسلا غەنىيمەتكە قارىمىغان كىشىنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ئۈچىنچى پەسىل: راستچىللىق، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى

«سەھىھەين»دە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دائىما راستچىل بولۇڭلار. چۈنكى، راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم داۋاملىق راست سۆزلەپ، راستچىل بولۇشقا تىرىشسا، ئاخىرى ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ‹راستچىل› دەپ يېزىلىدۇ»[1] دېگەن.

بىشر ھافىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلسا، كىشىلەردىن ئۆزىنى يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ».

راستچىللىق كەلىمىسى بىرنەچچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ:

بىرىنچى: سۆزدە راستچىل بولۇش. ھەربىر بەندە سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشى، پەقەت راستچىللىق بىلەن گەپ قىلىشى لازىم. ئېغىزدا راستچىل بولۇش راستچىللىق تۈرلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋە ئەڭ ئاشكارىسىدۇر. ئىما - ئىشارە، كىنايە بىلەن گەپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى، ئۇ يالغانچىلىققا ئوخشايدۇ. لېكىن، ھاجەت چۈشسە، ئىما - ئىشارە، كىنايىلىك سۆزلەرگە يول باردۇر. چۈنكى، شارائىت بەزىدە بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازات قىلماقچى بولسا، دۈشمەن خەۋەر تېپىپ تەييارلىق قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ھۇجۇم قىلماقچى بولغان نىشاننىڭ نامىنى باشقا نىشان بىلەن يوشۇراتتى[2].

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6094)؛ مۇسلىم (2607).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2947، 2948)؛ مۇسلىم (2769). كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى سۆزلەرنى توشۇغان — ياكى ياخشى سۆزلەرنى قىلغان— ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ»[1].

ئىنسان ئۆزىنىڭ ﴿مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلەردىن ئەمەسمەن﴾«ئەنئام»: 6/79 دېگەن سۆزىگە ئوخشاش، پەرۋەردىگارىغا پىچىرلىغاندىمۇ گەپلىرىدە راستچىللىق مەنىسىگە رىئايە قىلىشى لازىم.

ئەگەر كىشىنىڭ قەلبى دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇنداق كىشى يالغانچى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى: نىيەت ۋە ئىرادىدە راستچىل بولۇش. يەنى ئىخلاسمەن بولۇش. ئەگەر قىلغان ئەمەلىگە كىچىككىنە نەپس ئارىلاشسا، نىيەتنىڭ راستچىللىقى يوقىلىدۇ. ئۇنداق ئەمەل قىلغۇچى رىياكار ئالىم، قارىي ۋە مۇجاھىد ھەققىدە كەلگەن ھەدىستىكىدەك[2] يالغانچى بولىدۇ. قارىي كىشى ئاللاھ تائالاغا «مەن سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئوقۇغان قۇرئانىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە نىيىتىنى يالغانغا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ مۇجاھىد ۋە ئالىم ئىككى ھەمراھىنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ئۈچىنچى: نىيەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشتا راستچىل بولۇش.

نىيەت قىلىشتا راستچىل بولۇشقا كەلسەك، مەسىلەن بىر كىشى «ئەگەر ئاللاھ ماڭا مال بەرسە، ھەممىسىنى سەدىقە قىلاتتىم» دەيدۇ. بۇ ئىرادە راست بولۇشىمۇ ۋە ئۇنىڭدا ئىككىلىنىش بولۇشىمۇ مۇمكىن.

نىيەتكە ۋاپا قىلىش بولسا ئىرادىسىدە راستچىل بولۇش ۋە قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ نەپسىگە سېخىيلىق قىلىش قاتارلىقلار دېگەندەك. چۈنكى، ھەقىقەت ۋە ئىرادىلەر ئەمەلىي بولسا ۋە نەپس شەھۋەتكە غالىب كەلسە بۇنى ھېچ قىيىنچىلىقسىز قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا: ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2692)؛ مۇسلىم (2605). ئۇقبەنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۈم رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى.

[2] مۇسلىم (1905) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ‹ئالىم› دېيىشىنى كۆزلەپ ‹قۇرئان› ئوقۇغان ۋە ئۆگەتكەن قارىي؛ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ‹پۇل سەرپ قىلىدىغان سېخىي› دېيىشىنى كۆزلەپ پۇل سەرپ قىلغان باي؛ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ‹ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان باتۇر› دېيىشىنى كۆزلەپ جىھاد قىلغان مۇجاھىد. ئەنە شۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى قىيامەت كۈنى جەھەننەم ئوتى ئەڭ بۇرۇن تۇتىشىدىغان كىشىلەردۇر».

(رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾33/«ئەھزاب»: 23 دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە باشقا ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: «ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلبەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلبەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق» دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (يەنى باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى (يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى). ئۇلار (سەدىقە قىلمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، (ئىمانىنى، ئىپسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى﴾9/«تەۋبە»: 77.

تۆتىنچى: ئەمەللەردە راستچىل بولۇش. يەنى كىشىنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرى بىلەن ئاشكارا ئىشلىرىنىڭ باراۋەر بولۇشىدۇر. شۇندىلا ئۇنىڭ خۇشۇئ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاشكارا ئەمەللىرى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئەمىلىگە دالالەت قىلمايدۇ ۋە يوشۇرۇن ئەمىلى ئاشكارا ئەمىلىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالمايدۇ.

مۇتەررىف رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر بەندىنىڭ يوشۇرۇن ئەمىلى بىلەن ئاشكارا ئەمىلى باراۋەر بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى بۇ مېنىڭ ھەقىقىي بەندەم دەيدۇ».

بەشىنچى: دىندا راستچىل بولۇش. بۇ بولسا راستچىللىق دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر. مەسىلەن، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئۈمىدۋارلىق، زاھىدلىق، رازى بولۇش، ياخشى كۆرۈش ۋە تەۋەككۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا راستچىل بولغانغا ئوخشاش. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ پرىنسىپلىرى بار بولۇپ، بۇلار نامايان بولغىنىدا ئۇنىڭغا ئىسمى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ غايە ۋە ھەقىقەتلىرى بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكۈچى ھەقىقىي راستچىل كىشى ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئىشنى مۇكەممەل قىلغان كىشى ‹راستچىل› دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش،

ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾«بەقەرە»/2: 177.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر﴾«ھۇجۇرات»/49: 15.

قورقۇشقا دائىر بىر مىسال: ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ھەرقانداق بەندە ھەقىقىي قورقۇش دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ «قورققۇچى» دەپ تەرىپلەنگۈدەك دەرىجىدە ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ. ئىنساننىڭ سۇلتان ئالدىدا قورقۇپ سارغىيىپ، بىرەر خاتالىق سادىر قىلماقتىن ئەنسىرەپ، تىترەپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟! ئىنسان دوزاختىن قورقىدىغان تۇرۇپ، گۇناھ قىلغاندا دوزاختىن قورقۇش ئالامىتى ئاشكارا بولمايدىغان ئىش بولامدۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامىر ئىبنى ئابدۇقەيس: «جەننەتنى تىلىگۈچىنىڭ ۋە دوزاختىن قاچقۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىدىن ھەيرانمەن» دېگەنىكەن.

بۇ ئىشلاردا ھەق ـ دادىغا يەتكۈزۈپ تەتقىق قىلىش بەكمۇ تەس. بۇ ماقاملارغا تولۇق يەتمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ چېكىنى بىلگىلى بولماس. لېكىن، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈك بولۇشىغا قارىتا بۇلاردىن نېسىۋە ئالىدۇ. كۈچلۈك بولسا، «راستچىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر بەندىنىڭ راستچىللىقىنى بىلسە، ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. بۇ دەرىجىلەرنىڭ ھەممىسىدە راستچىل بولغۇچى كەم ئۇچرايدۇ. بىر بەندە بۇ دەرىجىلەرنىڭ بەزىسىدە راستچىل بولۇشى مۇمكىن. ھەممىسىدە راستچىل بولۇش ئەڭ مۇكەممەل راستچىللىقتۇر.

تائەت ـ ئىبادەتلەر، دەرد ـ مۇسىبەتلەرنى يوشۇرۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى خاھلىماسلىقمۇ راستچىللىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

# باب: ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەركىمنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، ئۇلار (يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر﴾3/«ئال ئىمران»: 30.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾21/«ئەنبىيائ»: 47.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورقىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾18/«كەھف»: 49.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾98/«زەلزەلە»: 6 ـ 8.

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەر ئاخىرەتتىكى ھېساب ئېلىشنىڭ خەتىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى بۇ خەتەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنىڭ «نەپسىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئاللاھ تائالانى راستچىللىق بىلەن كۆز ئالدىدا تۇتۇش» ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

دۇنيادا نەپسىدىن ھېساب ئالغان كىشىنىڭ ئاخىرەتتىكى ھېسابى يەڭگىل بولىدۇ. قايتىدىغان ئورنى گۈزەل بولىدۇ. نەپسىدىن ھېساب ئېلىشقا سەل قارىغان

كىشىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتنى داۋام قىلىدۇ.

ئەقىل ئىگىلىرى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن پەقەت تائەت ـ ئىبادەتلا قۇتقۇزىدىغانلىقىنى بىلگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سەبىر قىلىش ۋە چېگرا ساقلاپ جىھادقا تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىناقلارغا چىداش بېرىشتە كاپىرلاردىن ئۈستۈن تۇرۇڭلار، دۈشمەنلەرگە قارشى زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)﴾[3/«ئال ئىمران»: 200].

ئىلگىرىكىلەر ئاۋۋال نەپسىلىرىگە شەرت قويۇش، ئاندىن ئۇنى كۆزىتىش، ئاندىن ھېساب ئېلىش، ئاندىن جازالاش بىلەن نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا تەييار تۇردى. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئالتە دەرىجىدە جىھادقا تەييار تۇردى. بۇ دەرىجىلەرنىڭ يىلتىزى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشتۇر. لېكىن، ھەرقانداق ھېساب ئېلىش نەپسكە شەرت قويۇش ۋە نەپسنى كۆزىتىشتىن كېيىن بولىدۇ. ئاندىن كېيىن زىيان تارتقاندا نەپسكە كايىش ۋە ئۇنى جازالاش كېلىدۇ. بۇ دەرىجىلەرنى چۈشەندۈرۈش بەك مۇھىمدۇر.

**بىرىنچى دەرىجە:** نەپسكە شەرت قويۇش

خۇددى سودىگەر پايدا ئېلىش ئۈچۈن تىجارەتتىكى شېرىكىدىن گاھ ياردەم تەلەپ قىلىپ، گاھ ئۇنىڭغا شەرت قويۇپ، پات ـ پات ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغىنىدەك، ئەقىلمۇ نەپس بىلەن شېرىكلىشىشكە، ئۇنىڭغا ۋەزىپىلەرنى يۈكلەشكە، شەرتلەرنى قويۇشقا، نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىشكە، نەپسىنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ۋە ئۆمۈرنى زايە قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەچكە ئۇنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇشقا، ئەمەل ئورۇندالغاندىن كېيىن، نەپستىن ھېساب ئېلىش ۋە شەرت قىلغان نەرسىلەرگە ۋاپا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. ئەقىلنىڭ نەپس بىلەن «شېرىكلىشىپ قىلغان تىجارىتىنىڭ پايدىسى» ئەڭ ئالىي فىردەۋس جەننىتىدۇر.

بۇ باردا نەپسىدىن ئىنچىكە ھېساب ئېلىش دۇنيا پايدىلىرىدا نەپسىدىن ئىنچىكە ھېساب ئالغاندىن بەكرەك مۇھىمدۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ھەربىر كەسكىن ئىرادىلىك كىشىنىڭ نەپسىدىن ھېساب ئېلىشتىن غاپىل قالماسلىقى، نەپسىنىڭ ھەرىكەتلىرى، جىم تۇرۇشلىرى ۋە

خىياللىرىغىچە ھەممىسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى ۋاجىبتۇر. چۈنكى، ئۆمۈر نەپەسلىرىدىن ھەربىر نەپەس قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك گۆھەردۇر.

بەندە بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، قەلبىنى بىر سائەت خىلۋەتتە قويۇپ، نەپسىگە شەرت قىلىپ: «مېنىڭ ئۆمۈردىن باشقا ھېچقانداق مېلىم يوق، مالنىڭ دەسمايىسى يوقاپ كەتسە، قىلغان تىجارەت بىھۇدە بولىدۇ. بۇ يېڭى بىر كۈندە ئاللاھ تائالا ماڭا مۆھلەت بەردى، مېنىڭ ئەجىلىمنى كېچىكتۈردى ۋە مېنى بۇ كۈن بىلەن تارتۇقلىدى. ئەگەر ئاللاھ مېنى قەبزى روھ قىلغان بولسا، ياخشى ئەمەل قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن مېنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولاتتىم! ئى نەپسىم! سىز ئۆلۈپ، دۇنياغا قايتا قايتۇرۇلدىڭىز. شۇڭا، بۇ كۈننى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭ! ئى نەپسىم! شۇنى بىلىڭكى! بىر كېچە - كۈندۈز 24 سائەتتۇر. بەندىگە 24 سائەت ئېچىدە سەپ - سەپ تىزىلغان ساندۇقلار يېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا شۇ ساندۇقلاردىن بىرى ئېچىلىدۇ. بەندە بىر ساندۇقنى ئۆزىنىڭ شۇ سائىتىدە قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن نۇرغا تولغان ھالەتتە كۆرىدۇ. ئۇ نۇر دوزاخ ئەھلىگە بېرىلسە، ئۇلار جەھەننەم ئازابىنىڭ ئەلىمىنى ئۇنتۇغۇدەك دەرىجىدە مەستخۇشلۇققا نائىل بولىدۇ. يەنە بىر بەندىگە بىر ساندۇق ئېچىلىدۇ. ئۇ ساندۇق قاپقاراڭغۇ بىر ساندۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىخسىغان سېسىق پۇراقلار ئەتراپقا تارايدۇ. ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەتراپىنى قاپلايدۇ. بۇ بولسا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىنغان سائەتتۇر. ئاندىن ئۇ جەننەت ئەھلىگە تەقسىم قىلىنسىمۇ ئۇلارنىڭ كەيپىنى بۇزىدىغان دەرىجىدە قورقۇنچ ۋە چۆچۈشكە گىرىپتار بولىدۇ.

يەنە بىرىگە بىر قۇرۇق ساندۇق ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇنى قايغۇغا تاشلىغۇدەك ياكى خۇشال قىلغۇدەك ھېچنەرسە يوق ساندۇقتۇر. ئۇ بولسا ئىنسان مۇباھ نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولغان ياكى غاپىللىقتا ئۆتكۈزگەن، ياكى ئۇخلاپ قالغان سائەتتۇر. ئىنسان ئۇ سائەتنى ئېزگۇ ئەمەلسىز ئۆتكۈزۈۋەتكىنىگە ھەسرەت چېكىدۇ ۋە ئۇ كۆپ پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتكەن ئىنسان پۇرسەت قولىدىن كەتسە قايغۇرغاندەك قايغۇغا پاتىدۇ.

كىشى مۇشۇنداق ۋاقىت خەزىنىلىرىگە يولۇقسا نەپسىگە: «سىز بۈگۈن ساقلاش ساندۇقىڭىزنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشچانلىق قىلىڭ. ئۇنى بوش قويماڭ. ھورۇنلۇق، راھەت - پاراغەتكە مايىل بولماڭ. ئەگەر بۇلارغا مايىل بولسىڭىز باشقىلار ئېرىشەلەيدىغان ئىللىيىن دەرىجىسى قولىڭىزدىن كېتىپ قالىدۇ» دېسۇن. سەلەف سالىھلەردىن بىرى: «ئى نەپسىم! يامان ئىش قىلغۇچىنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلىغىن. گەرچە ئۇ ئەپۇ قىلىنسىمۇ، ئەمما ئاللاھنى كۆز

ئالدىدا تۇتۇپ ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭ قولىدىن كەتتى ئەمەسمۇ؟» دېگەنىكەن. مانا بۇ ئۇ كىشىنىڭ ۋاقىت ھەققىدە ئۆزىگە قىلغان ۋەسىيىتىدۇر.

ئاندىن بەدەندىكى يەتتە ئەزاغا، يەنى كۆز، قۇلاق، تىل، قورساق، ئەۋرەت، قول ۋە پۇت قاتارلىقلارغا ۋەسىيەت قىلىنىدۇ. ئاندىن بۇ ۋەسىيەت نەپسكە تاپشۇرۇلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەزالار ئۇشبۇ مەڭگۈلۈك تىجارەتتە نەپسنىڭ خىزمەتچى پۇقرالىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەزالار ئارقىلىق نەپسنىڭ ئىشلىرى مۇكەممەل بولىدۇ. يەنە يەتتە ئەزاغا جەھەننەم ئىشىكلىرىنىڭ شۇ ئەزالارنىڭ سانىچە يەتتە ئىشىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. جەھەننەمنىڭ ئاشۇ ئىشىكلىرى بۇ ئەزالار بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەرگە تەيىن قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەزالارغا ئۆزىنى گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلاشنى نەسىھەت قىلىدۇ.

كۆزنى قاراش ھارام نەرسىلەردىن ياكى مۇسۇلمانغا تۆۋەن كۆرۈش نەزەرى بىلەن قاراشتىن ۋە بارلىق بىھۇدە نەرسىلەرگە قاراشتىن ساقلاش ۋە پايدىلىق نەرسىلەرگە قاراش بىلەن مەشغۇل قىلىش كېرەك. كۆزگە پايدىلىقى بولسا ئاللاھ تائالا ياراتقان ئاجايىپ نەرسىلەرگە ئىبرەت ئېلىش نەزەرى بىلەن قاراش، ئەگىشىش ئۈچۈن ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە قاراش، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە قاراش، پەند - نەسىھەت ئېلىش ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈن ھېكمەت كىتابلىرىنى كۆرۈش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل قىلىشتۇر.

ھەربىر ئەزاغا ئۆزىگە يارىشا نەسىھەتلەرنى قىلىش، بولۇپمۇ تىل ۋە قورساققا نەسىھەت قىلىش كېرەك. بىز ئىلگىرى تىلنىڭ ئاپەتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. تىلنى تىل يارىتىلغان زىكىر ئېيتىش، باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش، ئۆگەنگەن ئىلىملەرنى تەكرارلاش، بەندىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا يېتەكلەش، ئاداۋەتلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ياخشى ئىشلارغا مەشغۇل قىلىش كېرەك.

قورساقنى ئاچكۆزلۈكنى تاشلاش، شەك - شۈبھە ۋە كەيپ - لەززەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش، زۆرۈرىيەت مىقدارىدا تاماق يېيىش بىلەن كۇپايىلىنىش كېرەك. قورساق ئەگەر بۇلاردىن بىرەرسىگە قارشىلىق قىلسا، ئۇنى لەززەت بىلەن ئېرىشكەن نەرسىسىدىن كۆپرەك نەرسىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، لەززەتتىن چەكلەش بىلەن جازالاشنى نەپسكە شەرت قىلىش كېرەك.

بارلىق ئەزالارغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەسىھەتلەرنى قىلىشى كېرەك. تەپسىلىي سۆزلىسەك، گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئومۇمەن، ئەزالارغا تائەت - ئىبادەت

قىلىش ۋە يوشۇرۇن گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشنى نەسىھەت قىلىش كېرەك.

شۇنداقلا، قىلىشقا قادىر بولالايدىغان نەپلە ئەمەللەردىن ھەر كېچە ـ كۈندۈزدە تەكرارلىنىدىغان ئىبادەت ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش نەپسكە نەسىھەت قىلىنىدۇ.

بۇ شەرتلەر ئىنسان نەپسى ئادەتلىنىشى ئۈچۈن ھەركۈنى موھتاج بولىدىغان شەرتلەردۇر. لېكىن، ھەركۈنى يېڭى يېڭى ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھادىسىلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ھەق بولغان يېڭى بىر ھۆكمى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئېگىدارچىلىق قىلىش ياكى تىجارەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرگە كۆپ ئۇچرايدۇ.

چۈنكى، ھەربىر كۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىشىغا موھتاج بولىدىغان يېڭى بىر ۋەقەلىكتىن خالىي بولمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن ئىنسان ئۆزىگە توغرا يولدا بولۇش ۋە ھەقكە بويسۇنۇشنى شەرت قىلىشى كېرەك.

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەقىللىق كىشى — ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىدۇر؛ ئاجىز كىشى بولسا، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئاللاھتىن ئۈمىد كۈتۈپ ياتقۇچىدۇر»[1] دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھېساب ئېلىنىشىڭلاردىن ئىلگىرى ئۆزەڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار، ئۆلچىنىشىڭلاردىن بۇرۇن نەپسىڭلارنى ئۆلچەپ بېقىڭلار، ئەڭ چوڭ كۆرستىلىشكە تەييارلىق قىلىڭلار، ﴿بۇ كۈندە سىلەر (ئاللاھقا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) كۆرستىلىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر﴾69/«ھاققە»: 18 دېگەن[2].

## ئىككىنچى دەرىجە: ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش

ئىنسان ئۆزىگە ۋەسىيەت قىلسا ۋە بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىشلارنى نەپسىگە

[1] ئەھمەد (17123). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبى مەريەم دېگەن راۋىي جەھەتتىن سەنەدى زەئىپ، باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن. تىرمىزىي: (2459) «بۇ ھەسەن ھەدىس» دېگەن. ئىبنى ماجە (4260)؛ ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك» ، 280/4) «سەنەدى سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد» ، (306)؛ ئىبنى ئەبى شەيبە (35600). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە (1201) «زەئىپ» دېگەن.

شەرت قىلسا، نەپسىنى كۆزىتىش ۋە نەپسىگە قاراشتىن باشقا نەرسە قالمايدۇ. «ئېھسان» چۈشەندۈرۈلگەن سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئېھسان دېگەن نېمە؟» دەپ سورالغان سوئالغا: «ئېھسان سېنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، ئەگەر سەن ئاللاھ تائالانى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ تائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزى بىلەن ئىبادەت قىلغان ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكىنى قەلبىدە ھازىر قىلىشنى ئىرادە قىلغان.

رىۋايەت: «شىبلىي رەھىمەھۇللاھ ئەبۇلھۇسەين ئەننۇرىينىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئەبۇلھۇسەين جىمجىتقىنە ئولتۇرغان بولۇپ، مىدىر - سىدىر قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىبلىي ئۇنىڭغا:

— بۇ كۆز ئالدىدا تۇتۇش ۋە جىم ئولتۇرۇشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەننۇرىي:

— مۈشۈكتىن ئۆگەندىم، بىزنىڭ مۈشۈكىمىز چاشقان تۇتماقچى بولسا، چاشقان تۆشۈكىنىڭ بېشىدا جىممىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىر تال تۈكىمۇ مىدىرلىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن».

ئىنسان ئۆز نەپسىنى ئەمەل قىلىشتىن ئالدىن ۋە ئەمەل قىلىش جەريانىدا كۆزىتىشى، ئۇنى ئەمەل قىلىشقا نەپسىنىڭ خاھىشى ھەرىكەتلەندۈردىمۇ ياكى ئاللاھ تائالا ھەرىكەتلەندۈردىمۇ؟ بۇنى كۆزىتىشى كېرەك. ئەگەر ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئۇنى ئەمەل قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن بولسا، ئۇ ئەمەلنى قىلىۋېرىشى، ئەگەر كۆڭۈل خاھىشى ھەرىكەتلەندۈرگەن بولسا، ئۇنى تەرك ئېتىشى كېرەك. مانا بۇ «ئىخلاس» دېيىلىدۇ.

ھەسەن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۆز نىيىتى ئۈستىدە توختاپ، ئەگەر نىيىتى ئاللاھ تائالا رىزالىقى ئۈچۈن بولسا، نىيەت قىلغان نەرسىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان، ئەگەر باشقا غەرەز ئۈچۈن بولسا، نىيەت قىلغان نەرسىسىنى كېچىكتۈرىدىغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن».

بەندىنىڭ تائەت - ئىبادەتتە ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇشى بولسا تائەت - ئىبادەتنى خالىس ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىشتا بولىدۇ. گۇناھ - مەئسىيەتلەردە ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش بولسا گۇناھ - مەئسىيەتكە تەۋبە قىلىش، پۇشايمان قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىش بىلەن بولىدۇ. مۇباھ ئىشلاردا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (50)؛ مۇسلىم (9). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش بولسا ئەدەبلەرگە رىئايە قىلىش ۋە نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش بىلەن بولىدۇ. ھەرقانداق نېئمەتكە شۈكۈر قىلىش، ھەرقانداق بالا ـ مۇسىبەتكە سەبىر قىلىش لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتقانلىق بولىدۇ.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەتلىرى ئىچىدە شۇ ھېكمەتلەر بار ئىدى: ‹ئەقىللىق كىشى تۆت سائەتتىن غەپلەتتە قالماسلىقى كېرەك: بىرى پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىدىغان سائەت، بىرى نەپسىدىن ھېساب ئالىدىغان سائەت، يەنە بىرى ئەيىبلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بارىدىغان سائەت ۋەيەنە بىرى ھالال ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا پىنھان قالىدىغان بىر سائەت› »

بۇ ھەربىر سائەت باشقا سائەتلەرگە ياردەمچى بولىدۇ. ئىنسان نەپسىگە كۈچ توپلايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مەشغۇل بولىدىغان سائىتى زىكىر ئوقۇش ۋە پىكىر قىلىش قاتارلىق ئەۋزەل ئەمەللەردىن خالىي قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، يېگەن تامىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش بەدەن بىلەن قىلىنغان كۆپ ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر.

## ئۈچىنچى دەرىجە: ئەمەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾59/«ھەشر»: 18.

بۇ ئايەت ئەمەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەپسىدىن ھېساب ئېلىشقا ئىشارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھېساب ئېلىنىشىڭلاردىن ئىلگىرى ئۆزەڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار» دېگەن.

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ: «مۇئمىن كىشى نەپسىگە ھۆكۈمراندۇر، مۇئمىن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ» دېگەن ۋە يەنە: «مۇئمىننى ئۇشتۇمتۇت كەلگەن مۇسىبەت ئەجەبلەندۈرىدۇ. مۇئمىن ئۆزىگە مۇسىبەت يەتسە: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى مۇسىبەت! مەن سېنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم، مەن ساڭا موھتاج ئىدىم، لېكىن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ مېنىڭ بېشىمغا كېلىش ئۈچۈن ھېچ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭ يوق ئىدى، چۈنكى مەن بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا

تۇسالغۇ بار ئىدى› دەيدۇ» دېگەندۇر.

مۇئمىن ئۆزىدىن بىرەر خاتالىق سادىر بولسا، نەپسىگە قايتىپ: «مەن قەستەن خاتالىق ئۆتكۈزمەكچى ئەمەس ئىدىم، بۇ خاتالىقنىڭ مەندىن سادىر بولغىنى ياخشى بولمىدى، ئىنشائاللاھ بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى بۇ خاتالىقنى قىلمايمەن» دەيدۇ.

مۇئمىنلەر «قۇرئان كەرىم» ئۆزىگە ئارغامچا بولغان كىشىلەردۇر. قۇرئان ئۇلارنى ھالاكەتتىن تۇسۇپ قالىدۇ. مۇئمىن دۇنيادا ئەسىرگە ئوخشاشتۇر. مۇئمىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىشىپ بولغۇچە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئەمىن بولۇپ ياشىمايدۇ. مۇئمىن قىيامەت كۈنى قۇلىقى، كۆزى، تىلى ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىدىن سورىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىلگىنكى، بىر كىشىنىڭ تاڭنىڭ دەسلىپىدە نەپسى بىلەن شەرتلىشىدىغان ۋاقتى بولغىنىدەك، كەچقۇرۇنمۇ نەپسىدىن ھېساب ئالىدىغان بىر ۋاقتى بولۇشى مۇھىمدۇر. ئۇ كىشى خۇددى دۇنيادا سودىگەرلەر شېرىكلىرى بىلەن ھەر يىلى ياكى ھەر ئايدا ۋەيا ھەر كۈندە بىر قېتىم ھېسابلاشقاندەك، ئۆزى قىلغان بارلىق ئىشلاردىن ھېساب ئېلىشى لازىم.

ھېساب ئېلىشنىڭ مەنىسى «مال كۆپەيدىمۇ ياكى كېمەيدىمۇ؟» بۇنىڭغا قاراشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن «دەسمايىگە، پايدىغا ۋە زىيانغا» قاراش كېرەك.

ئىنساننىڭ دىنىي مېلىنىڭ دەسمايىسى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن پەرزلەردۇر. ئۇنىڭ پايدىسى نەپلە ۋە پەزىلەت ئەمەللەردۇر. ئۇنىڭ زىيىنى بولسا گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىدىن ئەڭ ئەۋۋالا پەرزلەرنى ئادا قىلدىمۇ، يوق؟ بۇنىڭدىن ھېساب ئالسۇن. ئەگەر گۇناھ قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنى يۇيۇش ئۈچۈن نەپسىنى جازالاش بىلەن مەشغۇل بولسۇن.

### رىۋايەت

تەۋبە ئىبنى سىممە رەققەدە ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆمرىنى ھېسابلاپ 60 ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلدى، كۈنلىرىنى ھېسابلىۋىدى، 21 مىڭ 500 كۈن چىقتى ـ دە، ۋارقىراپ كەتتى. «ئەتتەگەي! مەن ھەقىقىي پادىشاھ ئالدىغا 21 مىڭ 500 گۇناھ بىلەن بارارمەنمۇ؟! قانداقمۇ ئۇنداق بولمىسۇن، ھەركۈندە 10 مىڭ گۇناھ تۇرسا!» دەپ ئايلىنىپ ئۆلۈپ قالدى. ئاندىن كىشىلەر غائىبتىن: «نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! ئۇ فىردەۋس ئەئلا جەننىتىگە يۈگرەپ كەتتى» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى.

بەندە ھەرسائەتتە نەپەسلىرى، قەلب ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ گۇناھلىرىغا قارىتا نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ئىنسان ئۆزى قىلغان ھەربىر گۇناھ ئېۋەزىگە ھويلىسىغا بىر تاش ئاتسا ئىدى، ئازغىنە مۇددەتتە ھويلىسى توشۇپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، ئىنسان گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى ھېسابلاشقا سەل قارايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى خاتىرىلەپ قويۇلغاندۇر.

ئاللاھ تائالا دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا قىلغان) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نامە ــ ئەمالىغا) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾58/«مۇجادىلە»: 6.

### تۆتىنچى دەرىجە: نەپسنى ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرىگە بىنائەن جازالاش

شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھ رىزاسىنى ئىرادە قىلغۇچى نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ، نەپسىنىڭ كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ياكى گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلسە، نەپسىگە بىپەرۋالىق قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، نەپس گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭغا سەل قاراش كېيىنچە كۆپ گۇناھلارنى قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ قويىدۇ ۋە نەپسىنى گۇناھلاردىن تارتىش تەس بولىدۇ. بەلكى ئىنسان نەپسىنى خۇددى بالىسىنى ۋە ئايالىنى جازالىغاندەك مۇباھ بولغان جازا بىلەن جازالىشى كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ بىر بېغىغا چىقتى، ئۆيگە قايتقاندا كىشىلەر ئەسىر نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر كۆڭلىدە: ‹مەن باغقا چىقتىم، قايتقىنىمدا كىشىلەر ئەسىر نامىزىنى ئادا قىلىپ بوپتۇ، مېنىڭ بۇ بېغىم مىسكىنلەرگە سەدىقە بولسۇن› دېدى ۋە باغنى مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىۋەتتى».

لەيس رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بېغىنى مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىۋەتكەن».

ئىشىتتۇقكى: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ شام نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇيالماي، ئاسماندا ئىككى يۇلتۇز ئاشكارا كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام نامىزىنى ئادا قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ كەففارىتىگە ئىككى قۇل ئازاد قىلغان ئىدى».

ھېكايە قىلىنىدۇكى: «تەمىم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچىسى تەھەججۇد ئوقۇغىلى قىيامدا تۇرالماي تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاپ قالغان ئىدى،

نەتىجىدە قىلغان شۇ ئىشىغا ئۆزىنى جازالاپ ئۇخلىماي، بىر يىل قىيامدا تۇرغان ئىدى».

ھەسسان ئىبنى ئەبى سىنان بىر بالىخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ بالىخانا قاچان بىنا قىلىندى؟» دەپ سالىدۇ. ئاندىن نەپسىگە يۈزلىنىپ: «ئى نەپسىم! ساڭا پايدىسىز نەرسىنى سورامسەن؟! سېنى بىر يىل روزا تۇتۇش بىلەن ئازابلايمەن» دەپ بىر يىل روزا تۇتقان ئىدى.

نەپسىنى بۇنىڭدىن باشقا شەرىئەتتە ھالال بولمايدىغان ئىشلار بىلەن ئازابلاش ھارامدۇر.

مىسال: بەنى ئىسرائىلدا بىر ئادەم بولۇپ، قولىنى ئۆزىگە ھارام بىر ئايالنىڭ يوتىسىغا قويۇپ قېلىپ، ئېۋەزىگە قولىنى ئوتقا يېقىپ، پالەچ بولۇپ قالغان. يەنە بىرسى بىر ئايالنىڭ قېشىغا چۈشمەكچى بولۇپ ئىبادەتخانىسىدىن پۇتىنى ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن ئويلىنىپ، كۆڭلىدە: «مەن نېمە قىلماقچى بولدۇم» دېگەن ۋە پۇتىنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغاندا، «ھەيھات! ئاللاھ تائالانىڭ مەئسىيىتىگە چىققان بۇ پۇت مەن بىلەن ئىبادەتخانامغا قايتماسلىقى كېرەك» دەپ، پۇتىنى ئىبادەتخانا سىرتىدا ساڭگىلىغان ھالەتتە قويۇپ قويغان ۋە ئۇ پۇت يامغۇر بىلەن شامالدا تىتىلىپ كەتكەن[1]. يەنە بىر ئادەم بىر ئايالغا قاراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن. يۇقىرىقىدەك ئىشلار بىلەن گۇناھ قىلىپ قالسا، ئۆزىنى بۇنداق جازالاش ھارامدۇر. ئەلبەتتە بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە دۇرۇس بولغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ھارامدۇر.

ئۇلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يولىدا بىزنىڭ دىنداشلىرىمىزدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ماڭدى. بۇ تامامەن نادانلىقتىندۇر.

ھېكايە قىلىنىدۇكى، «غەزۋان دېگەن بىر زاھىد بىر ئايالغا قاراپ سالغان ۋە يۈزىگە كاچاتلاپ ئۇرۇپ كۆزى يارىلانغان».

ئاڭلىشىمىزچە، بىر كىشى ھاۋا قاتتىق سوغۇق ۋاقىتتا ئېھتىلام بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كىشى سوغۇق سەۋەبلىك غۇسۇل قىلىشى كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يامالغان يۇڭ كىيىمى بىلەنلا يۇيۇنۇشقا، ئۇ كىيىمنى سالماسلىققا ھەم سىقماسلىققا قەسەم قىلىدۇ. ئۇ يۇڭ كىيىم بەك قېلىن كىيىم بولۇپ، 20 رەتل[2]دىن ئېغىر

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش (محاسبة النفس)»، (49).

[2] رەتل / رىتل (الرَّطْلُ / الرِّطْلُ): ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، كەمچەن قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يۇرتلارغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئادەتتە فىقھ كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنسا، 406.25 (يەنە بىر قاراشتا 382.5) گرامغا تەڭ ئىراق ياكى باغداد رەتلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شام رەتلى 1875

كېلەتتى.

بۇ بولسا بىلىمسىزلىكتىن بولغان ئىشتۇر. ئىنسان ئۆز نەپسىگە بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. پېقىر «تەلبىسۇ ئىبلىس (ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشى)» ناملىق كىتابىمدا نادانلارچە ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر سادىر قىلىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ ئىشلارنى بايان قىلدىم.

**بەشىنچى دەرىجە: نەپسكە قارشى جىهاد قىلىش**

نەپسكە قارشى جىهاد قىلىش بولسا، ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنسان ئۆزىدىن هېساب ئېلىپ نەپسىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلسە، نەپسىنى جازالىشىدۇر. ئەگەر نەپسىنى پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بىرەرسىنى ياكى ۋىردلەردىن بىرەر ۋىردنى قىلىشتىن هۇرۇنلۇق قىلغان هالەتتە كۆرسە، نەپسىنى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان ۋىردلەر بىلەن ئەدەبلىشى كېرەك. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما بىر قېتىم جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كېچىنى تولۇق ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى.

ئەگەر نەپس ۋىردلەرنى قىلىشقا بويسۇنمىسا، نەپسكە قارشى جىهاد قىلىش ۋە قولىدىن كېلىشىچە، نەپسنى شۇ ۋىردلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلاش كېرەك.

ئىبنى مۇبارەك رەهىمەهۇللاھ: «سالىهلەر ئۆزىنى ياخشىلىق قىلىشقا هېچ مۇشەققەتسىز كۆندۈرەتتى. بىز بولساق ئۆزىمىزنى ياخشىلىق قىلىشقا مەجبۇرىي كۆندۈرىمىز» دېگەنىدى.

ئىبادەتگۇيلارنىڭ ئىش - هەرىكەت، پەزىلەتلىرى هەققىدە كەلگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلاش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇلاردىن هەمراھ بولۇشقا قادىر بولالىغان كىشىلەرگە هەمراھ بولۇش نەپسىنىڭ ئىبادەتلەرنى قىلىشىغا ياردىمى بولىدىغان ئىشلار قاتارىدىندۇر.

سەلەفى سالىهلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مەن ئىبادەت قىلىپ چارچىسام، مۇهەممەد ئىبنى ۋاسىئنىڭ يۈزىگە ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىشتىكى تىرىشچانلىقىغا قارايتتىم. ئەنە شۇ سەۋەبتىن يەنە بىر هەپتە چارچاپ قالماي ئىبادەت قىلاتتىم».

---

گىرامغا، مىسىر رەتلى 449.28 گىرامغا تەڭ. قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا: «مُعْجَمُ مُصطَلَحَاتِ العُلُومِ الشَّرعِيَّةِ (شەرئىي ئىلىملەر ئاتالغۇلىرى قامۇسى)»، 841 - بەت، «پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىلىم ۋە تېخنىكا شەھەرچىسى»، رىياد، م2017؛ دوكتور ئەلى جۇمۇئە: «المكاييل والموازين الشرعية (شەرئىي ئۆلچەملەر ۋە تارازىلار)»، 29 - بەت، «دارۇلقۇدۇس نەشرىياتى»، قاهىرە. م. 2021. - ت.

ئامىر ئىبنى ئابدۇلقەيس رەھىمەھۇللاھ ھەر كۈنى مىڭ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەھىمەھۇللاھ كۆكىرىپ، سارغىيىپ كەتكۈچە روزا تۇتاتتى.

مەسرۇق رەھىمەھۇللاھ ھەج قىلىش جەريانىدا پەقەت سەجدە قىلغان ھالەتتە ئۇخلىغان ئىدى.

داۋۇد ئەتتائىي رەھىمەھۇللاھ نان يېمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇۋۇقنى سۇغا چىلاپ ئىچەتتى ۋە شۇ ئارىلىقتا 50 ئايەت ئوقۇيتتى.

كۇرز ئىبنى ۋەبرە ھەركۈنى قۇرئاننى ئۈچ قېتىم خەتمە قىلاتتى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە فەتھ ئەلمەۋسىلىي ئىككىسى ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ قان يىغلايتتى.

ئىلگىرىكىلەردىن 40 كىشى بامدات نامىزىنى خۇپتەن نامىزىنىڭ تاھارىتى بىلەن ئوقۇغان ئىدى.

ئەبۇ مۇھەممەد ئەلھەرىرىي مەككىدە بىر يىل تۇردۇ. ئۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇخلىمايدۇ ۋە سۆزلىمەيدۇ. تامغا يۆلەنمەيدۇ ۋە پۇتىنى سوزمايدۇ. ئەبۇبەكرى ئەلكەتتانىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭدىن:

— بۇنىڭغا قانداق قادىر بولالىدىڭ، — دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ:

— ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئىچىمنىڭ راستچىللىقىنى بىلدى، شۇڭا تاشقى ئەزالىرىمدا ماڭا ياردەم بەردى، — دەپ جاۋاب بەردى.

كىشىلەر زەجلە دېگەن بىر ئابىدەنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۆزىگە يۇمشاقلىق قىلىشى ھەققىدە نەسىھەت قىلغانىدى. ئۇ ئابىدە: «كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇگۈن بىرەر ئىبادەت ئۆتۈپ كەتسە، ئەتە ئۇنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئەي قېرىنداشلىرىم! مېنى بەدىنىم كۆتۈرەلىسىلا، مەن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ناماز ئوقۇيمەن، ھايات كۈنلىرىمدە ئاللاھ تائالا ئۈچۈن روزا تۇتىمەن، كۆزۈم قۇرۇپلا كەتمىسە يىغلايمەن» دېدى.

كىمكى ئىبادەتگۈيلارنىڭ ئۆمۈر بايانلىرىغا قاراشنى، ئۇلارنىڭ نەپسكە قارشى جىھاد قىلىش بوستانلىقلىرىدا كۆڭۈل ئېچىشنى ئىستىسە، پېقىر يازغان «سىفەتۇسسەفۋە (سەرخىللارنىڭ سۈپەتلىرى)» ناملىق كىتابقا قارىسۇن. ئۇ كىتابتا ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆزىنى ئۇلۇكتەك ھېسابلايدىغان دەرىجىدىكى ئېسىل خەۋەرلەرنى كۆرىدۇ. ھەمدە ئىبادەتگۈي ئايالارنىڭ ئىبادىتىگە سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن كۆرۈشكە سەۋەب بولىدىغان خەۋەرلەرنى

كۆرىدۇ.

### ئالتىنچى دەرىجە: نەپسنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭغا كايىش

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ھەققىدە ئۆزىنى يامان كۆرسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ قەلبىنى ئەمىن قىلىدۇ»[1] دېگەنىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىككىمىز بىر باغقا كىرگەنىدۇق. مەن بىر تامنىڭ كەينىدە، ئۆمەر ئالدىدا ئىدى. شۇندا ئۆمەرنىڭ (ئۆز - ئۆزىگە): ‹ئى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب! ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ۋاھ، ۋاھ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! يا سەن ئاللاھ تائالادىن قورقىسەن، يا ئاللاھ تائالا سېنى ئازابلايدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دېگەن.

بەختەرىي ئىبنى ھارىس: «مەن بىر ئابىدنىڭ يېنىغا كىردىم، ئۇ ئالدىغا بىر ئوت يېقىپ، ئۆز نەپسىگە كايىۋاتقانىكەن، ئۇ توختىماي نەپسىگە كايىغان پېتى ئۆلۈپ كەتتى» دېگەنىدى.

بەزىلەر ياخشىلار تىلغا ئېلىنسا «ئۇف! ئېست ماڭا، تۇفى ماڭا!» دەيتتى.

بىلگىنكى، سېنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنىڭ نەپسىڭدۇر. نەپسىڭ بولسا يامانلىققا كۆپ بۇيرۇيدىغان ۋە يامانلىققا بەك مايىل بولىدىغان قىلىپ يارىتىلغاندۇر. سەن نەپسىڭنى توغرىلاشقا، پاكلاشقا، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن يىراق قىلىشقا ۋە زەنجىرلەپ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا يېتىلەشكە بۇيرۇلغانسەن. ئەگەر نەپسىڭگە سەل قارىساڭ، نەپسىڭ ھەددىدىن ئېشىپ تاپتىن چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى بويسۇندۇرمىقىڭ تەس بولىدۇ. ئەگەر نەپسىڭنى ئەيىبلەپ تۇرساڭ، ئۇ خەۋپسىز نەپسكە ئايلىنىشى مۇمكىندۇر. شۇڭا، نەپسىڭگە ياخشىلىقنى ئەسلىتىشتىن غاپىل قالمىغىن. يەنى، نەپسىڭگە يۈزلەنگىن، ئۇنىڭ نادانلىقى ۋە دۆتلۈكىنى ئۆزىگە ئىقرار قىلدۇرغىن. شۇنداقلا نەپسىڭگە دېگىنكى: «ئى نەپس! سەن نېمىدېگەن نادانسەن - ھە! سەن كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەخمەق ۋە ئەڭ دۆت تۇرۇپ ئەقىللىقلىق ۋە زېرەكلىكنى دەۋا قىلامسەن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ماڭغانلىقىڭنى بىلمەيسەن. ئىككىسىدىن قايسىسىغا كىرىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن كىشى قانداقمۇ ئويۇن - تاماشا بىلەن مەشغۇل بولسۇن؟! سەن بۈگۈن - ئەتە دۇنيادىن تېزلا ئېلىپ كېتىلىشىڭ مۇمكىن، كەلگۈلۈكلەرنىڭ تولىمۇ يېقىنلىقىنى، ئۆلۈمنىڭ تۇيدۇرماي، ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟!

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش (محاسبة النفس)»، (22).

ئۆلـۈم چـوڭ ـ كىچىـك دېمەيـدۇ، بەلكـى ھـەر تىنىقـنىڭ ئۆلـۈم بولۇشـى مۇمكىـن. ئەگـەر ئۇشـتۇمتۇت ئۆلـۈم كەلمىسـە، ئۇشـتۇمتۇت كېسـەل كېلىـدۇ. كېسـەل ئىنسـاننى ئۆلۈمگـە يەتكۈزىـدۇ. سـاڭا ئۆلـۈم شـۇنچە يېقىـن تۇرسـا، نېمىشـقا ئۆلـۈم ئۈچـۈن تەييارلىـق قىلمايسـەن؟! ئـى نەپسـىم! 〈سـەن ئـاللاھ تائـالا مېنـى كۆرمەيـدۇ〉 دەپ تۇرۇپ گۇناھ ـ مەئسـىيەت قىلغان بولسـاڭ، سـەن نېمىدېگەن ئەشـەددى كافىرسـەن ـ ھـە! ئەگـەر 〈ئـاللاھ تائـالا مېنىـڭ قىلمىشـلىرىمنى كـۆرۈپ تۇرىـدۇ〉 دەپ تـۇرۇپ گۇنـاھ قىلغـان بولسـاڭ، سـەن نېمىدېگـەن ھاماقـەت، نېمىدېگـەن ھاياسىزسـەن ـ ھـە! سـەن ئـاللاھ تائالانـىڭ ئازابىغا تاقـەت قىلالامسـەن؟ ئىسسـىق مۇنچىـدا بىر سائەت ئولتـۇرۇش بىلـەن بۇنـى سـىناپ بـاق! ياكـى بارمىقىڭنـى ئوتقا يېقىـپ سـىناپ بـاق! ئـى نەپسـىم! ھـۇزۇر ـ ھالاۋەتكە خۇشـتارلىق سېنى توغـرا يولدا مېڭىشـتىن چەكلىگەن بولسـا، قىينچىلىقتىـن خالىـي، سـاپ ۋە مەڭگـۈ قالىدىغـان ھۇزۇرنـى تەلـەپ قىـل! بەزىبىر يېمەكلىك ئىنساننى كۆپ يېمەكلىكلەردىن مەھرۇم قويىدۇ.

ساقىيىشـى ۋە ئۇزۇن ۋاقىـت نېئمـەت ئىچىـدە ياشىشـى ئۈچـۈن تېۋىـپ ئـۈچ كـۈن سـۇ ئىچمەسـلىككە بۇيرىغـان ئەقىللىـق كېسـەل كىشـىگە نېمـە دەيسـەن؟ شـەھۋەت ھەققىنـى ئـادا قىلىشـتا بـۇ كىشـىنىڭ ئەقلـى نېمىنـى تەلـەپ قىلىـدۇ؟ دەرھـال شـەھۋىتىنى ئـادا قىلىـپ، ئاندىـن كېيىـن مەڭگـۈ ئەلـەم چېكەمـدۇ؟! سـېنىڭ ئۆمـرۈڭ جەننـەت ئەھلىنىـڭ نېئمـەت مۇددىتـى ۋە دوزاخ ئەھلىنىـڭ ئـازاب مۇددىتىگـە بولغـان مەڭگۈلـۈك نېئمـەت ياكـى مەڭگۈلـۈك ئازابقـا سېلىشـتۇرغاندا، ئـۈچ كۈننـى بارلىـق ئۆمۈرگـە سېلىشـتۇرغانغا ئوخشـايدۇ. بەلكـى دۇنيـا ئۆمۈرگـە سېلىشـتۇرغاندا كۆزنـى يۇمـۇپ ئاچقاندىنمـۇ ئـاز ۋاقىتتـۇر. كاشـكى شـەھۋەتلەرگە سـەبىر قىلىـش ئەلمـى قاتتىقراقمـۇ ياكـى ئۇزۇنراقمـۇ، بىلسـەمچۇ؟! ياكـى دوزاخ قاتلاملىرىـدا جەھەننـەم ئوتىـدا ئازابلىنىـش ئەلمـى قاتتىقراقمـۇ؟! نەپسـىگە قارشـى جىھـاد قىلىـش ئەلىمگـە سـەبىر قىلالمايدىغـان كىشـى ئاخىرەتتىكـى ئازاب ئەلىمگـە قانداقمۇ تاقەت قىلالىسـۇن؟! ئـى نەپسـىم! سـېنى يـۈز ـ ئابرۇينـى ياخشـى كـۆرۈش مەشـغۇل قىلدىمـۇ؟ ئاتمىـش ياكـى يەتمىـش يىلدىـن كېيىـن سـەن ۋە سـېنىڭ نەزەرىڭـدە يـۈز ـ ئابرۇيلـۇق بولغـان كىشـىلەردىن ھېچكىـم قالمايدىغانلىقىنـى بىلمەمسـەن؟! دۇنيانىـڭ پـەس شـېرىكلىرى بولغانلىقـى، ئۇنىـڭ كۆپ مۇشـەققەتلىك بولغانلىقـى ۋە تېز سـۈرئەتتە يوقىلىدىغانلىقى ئۈچـۈن ئۇنـى تـەرك ئەتسـەڭ بولمامـدۇ؟! سـەن ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىگارىنىـڭ قوشـنىدارچىلىقىنى ئەخمەقلەرگـە ھەمـراھ بولـۇش سـېپىگە تېگىشـمەكچىمۇ ـ سـەن؟! كۆپلىگـەن مـاللار زايـە بولـدى، ئازغىنـە ئۆمـۈر قېلىـپ قالـدى. ئەگـەر سـەن ئۆزۈڭنـى بىلسـەڭ ئىدىـڭ، زايـە بولغـان نەرسـىلەرگە پۇشـايمان قىلاتتىـڭ. باشـتا زايە بولغان نەرسـىلەرنى ئاخىرىـدا زايـە بولغـان نەرسـىلەرگە قوشسـاڭ، قانداقمـۇ پۇشـايمان قىلمـاي قالىسـەن؟! قىسـقىغىنە بـۇ كۈنلـەردە ئـۇزۇن ئاخىـرەت كۈنلىـرى ئۈچـۈن ئەمەل

قىل! سوئال ـ سوراققا تەييارلىق قىلغىن! دۇنيادىن مەجبۇرىي چىقىشىڭ ئالدىدا ئەركىن ئادەملەردەك دۇنيادىن چىقىشقا سەۋەب بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغىن! كىمنىڭ مىنىدىغان ئۇلىغى كېچە ۋە كۈندۈز بولسا، ئۇ كىشى ماڭمىسىمۇ سەير قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ نەسىھەتلەرنى تەپەككۇر قىلغىن، ئەگەر بۇ نەسىھەتلەر ساڭا تەسىر قىلمىسا تەسىرنى يوقاتقىنىڭغا يىغلىغىن! چۈنكى، ياش رەھمەت دېڭىزىدىن ئېلىنىدۇ».

# باب: تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇدى ۋە تەپەككۇر قىلغۇچىلارنى بۇ سۆزى ئارقىلىق ماختىدى: ﴿ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾«ئال ئىمران»: 3/191.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيەنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار﴾«جاسىيە»: 45/13.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماڭلار»[1] دېگەن.

ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىر سائەت تەپەككۇر قىلىش بىر كېچە - كۈندۈز قىيامدا تۇرغاندىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن[2].

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ رەھىمەھۇللاھ: «بىر ئىنسان ئۇزۇن تەپەككۇر قىلسا چۈشىنىدۇ، چۈشەنسە بىلىدۇ، بىلسە ئەمەل قىلىدۇ» دەيدۇ.

بىشر ھافىي رەھىمەھۇللاھ: «ئەگەر كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالاغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمىغان بولاتتى» دېگەن.

فىريابىي رەھىمەھۇللاھ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، 313/11 ۋە «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت» (6319)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (119). باشقا بىرقانچە سەنەد بىلەنمۇ رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئىمام سەخاۋىي: («ئەلمەقاسىدۇل ھەسەنە»، 261 - بەت) «بۇ سەنەدلەرنىڭ ھەممىسى زەئىف، لېكىن ئۇلارنىڭ جۇغلانمىسى كۈچلىنىدۇ. مەناسى سەھىھ» دېگەن. ئالبانىيمۇ: («سەھىھۇلجامىئ»، 2975) «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (741).

قىلدىغانلارنى ئايەتلىرىمنى چۈشىنىشتىن يىراقلاشتۇرىمەن...﴾ [«ئەئراف»: 7/146] دېگەن سۆزىنى تەپسىر قىلىپ: «بۇ ‹ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى مېنىڭ بۇيرۇقىمنى تەپەككۇر قىلىشتىن توسىمەن› دېمەكتۇر» دېگەن.

داۋۇد ئەتتائىي رەھىمەھۇللاھ ئايدىڭ بىر كېچىدە ئۆگزىدە ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ سەلتەنىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋېتىپ، قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا يالىڭاچ سەكرەشكە باشلىدى. قوشنىسى ئۇنى كۆرگەندە:

— ئى داۋۇد! نېمە بولدۇڭ؟ — دېگەندى، ئۇ:

— ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

يۈسۈف ئىبنى ئەسبات: «شەك - شۈبھىسىزكى، دۇنيا ئۇنىڭغا قارىلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىلىق ئاخىرەتكە قاراش ئۈچۈن يارىتىلغان» دېگەن.

سۇفيان بەك تەپەككۇر قىلغانلىقتىن قان سىيگەن ئىدى.

ئەبۇبەكرى كەتتانىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «غەپلەتتىن ئويغانغاندا چۆچۈش، نەپسىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ تىترەش ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادىتىدىن ئەۋزەلدۇر».

## تەپەككۇر قىلىش ساھەلىرى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ بايانى

شۇنى بىلگىنكى، تەپەككۇر قىلىش بەزىدە دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، بەزىدە دىنغا مۇناسىۋەتسىز ئىشلاردا بولىدۇ. بىز دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۆزلىمەكچىمىز. بۇنىڭ ئىزاھى ئۇزۇندۇر. يەنى كىشى تائەت - ئىبادەتلەر، گۇناھ - مەئسىيەتلەر، ھالاك قىلغۇچى ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى سۈپەتلەردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە قارىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن نەپسىڭدىن، ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرغۇچى سۈپەتلەردىن غاپىل قالمىغىن!

كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىستىسە، بىر ۋاراقچىگە ھالاك قىلغۇچى ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى سۈپەتلەرنى، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى ۋە تائەت - ئىبادەتلەرنى يازغاي ۋە ئۇنىڭغا ھەركۈنى قاراپ ئۆزىدىن ھېساب ئالغاي.

ھالاك قىلغۇچى ئىشلاردىن ئون ئىشقا قاراش كۇپايىدۇر. ئەگەر بۇ ئون ئىشتىن ئامان قالسا، قالغان ھالاك قىلغۇچى ئىشلاردىن ئامان قالالايدۇ. ئۇلار بولسا: بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، رىياكارلىق، ھەسەتخورلۇق، قاتتىق

غەزەپلىنىش، ئاچپاقىلىق، جىنسى مۇناسىۋەتكە بېرىلىش، مال ـ دۇنياپەرەسلىك ۋە ئابرۇيپەرەسلىكتىن ئىبارەت.

ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئون ئىش بولسا: گۇناھلاردىن پۇشايمان قىلىش، بالا ـ مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىش، قازايىقەدەرگە رازى بولۇش، نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش، قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىشتا ئوتتۇراھال بولۇش، دۇنياغا قىزىقماسلىق، ئەمەللەردە ئىخلاس قىلىش، كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ۋە خۇشۇئ قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەيىبلىنىدىغان ۋە ماختىلىدىغان بۇ خىسلەتلەر جەمئىي يىگىرمىدۇر. (ۋاراق تۇتقۇچى) ئەيىبلىنىدىغان بىر خىسلەت ئۆزىدە بولمىسا، ئۇنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىپ قويىدۇ، ئۇ ھەقتە ئويلانمايدۇ ۋە ئۆزىدە شۇ خىسلەتنىڭ يوقلۇقى ئۈچۈن رەببىگە تەشەككۇر ئېيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىشى شۇ يامان خىسلەتنىڭ ئۆزىدە بولماسلىقى ئاللاھنىڭ تەۋپىقى ۋە ياردىمى بىلەن بولغانلىقىنى بىلسۇن، ئاندىن قالغان توققۇز خىسلەتكە قارىسۇن. مۇشۇ شەكىلدە بارلىق خىسلەتلەرگە سىزىق سىزسۇن. شۇنىڭدەك نەپسىدىن ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى سۈپەتلەر بىلەن قوراللىنىشنى تەلەپ قىلسۇن. نەپسىنى تەۋبە قىلىش ۋە پۇشايمان قىلىشقا ئوخشاش بىر سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن ھالەتتە كۆرسە، شۇ سۈپەتكە سىزىق سىزىپ قويۇپ، قالغان سۈپەتلەر بىلەن مەشغۇل بولسا بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلىگەن تىرىشچان كىشى موھتاج بولىدۇ.

سالىھلەر قاتارىدا سانىلىدىغان كۆپ كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ۋاراقچىلىرىگە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى يېيىش، غەيۋەت ۋە چېقىمچىلىقتىن تىلىنى تارتماسلىق، جېدەللىشىش، ماختانچاقلىق، ئەۋلىيالارنى دوست تۇتۇشتا ياكى رەقىبلەرنى دۈشمەن تۇتۇشتا ئاشۇرۇۋېتىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا تەخسىكەشلىك قىلىشقا ئوخشاش ئاشكارا گۇناھلارنى ۋاراقچىلەرگە يازسۇن. چۈنكى، ئۆزىنى ياخشىلاردىن سانىغان كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ بەدەن ئەزالىرى بۇ بىر قىسىم گۇناھلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بەدەن ـ ئەزالار گۇناھلاردىن پاك بولماي تۇرۇپ، قەلبنى گۈللەندۈرۈش ۋە پاكلاش بىلەن مەشغۇل بولغىلى بولمايدۇ.

تۈرلۈك كىشىلەر بۇ يامان خىسلەتلەردىن بىرىگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ خىسلەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئۇ يامان سۈپەتلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش كېرەك.

**مىسال**

تەقۋا ئالىم كىشى كۆپىنچە ھالدا دەرس ئۆگىتىش ياكى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش

بىلەن ئىلىملىك ئىكەنلىكىنى، شۆھرەت تەلەپ قىلىش ۋە يۈز - ئابرۇيىنى كۆز-كۆز قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ بىر پىتنىگە دۇچار قىلغان بولىدۇ. ئۇ پىتنىدىن پەقەت سىددىق كىشىلەرلا قۇتۇلالايدۇ. بەزىدە ئىلىم ئۆلىمالارنى كۆندەش ئايالLARدەك بىر - بىرىدىن كۆنلەشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىم كىشى ئالدانغان تۇرۇپ، قەلبىدە «نىجاتلىق» دەپ ئويلاپ قالغان، ئەمەلىيەتتە دەل «ھالاك قىلغۇچى» بولغان سۈپەتلەرنىڭ ئورۇنلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

كىمكى ئۆزىدە بۇ سۈپەتلەرنى سەزسە، دەرھال باشقىلاردىن ئايرىلىۋېلىشى ۋە يالغۇز تۇرۇشى، داڭقى چىقماسلىققا تىرىشىشى ۋە پەتىۋا بېرىشنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈشى لازىم. چۈنكى، ساھابىلەر پەتىۋا بېرىشنى بىر - بىرىگە ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەتىۋا بېرىش ئىشىدا باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ كىشىلەرگە كۇپايە قىلىشىنى ئىستەيتتى. بۇ چاغدا ئىنسانىي شەيتانلاردىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى، ئىنسانىي شەيتانلار «بۇنداق قىلىش ئىلىمنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ» دەيدۇ. ئالىم كىشى ئۇلارغا: «ئىسلام دىنى مەندىن بىھاجەت، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئىسلام دىنى يىقىلىپ چۈشمەيدۇ. مەن بولسام قەلبىمنى ئىسلاھ قىلىشتىن بىھاجەت ئەمەسمەن» دېسۇن. ئالىم كىشىنىڭ تەپەككۇرى قەلبىدىكى بۇ يوشۇرۇن سۈپەتلەرنى چۈشىنىش بولسۇن. ئاللاھ تائالادىن قەلبلىرىمىزنىڭ بۇزۇقلۇقىنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە بىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمىز.

## پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە قانداق تەپەككۇر قىلىشنىڭ بايانى

ئالدىنقى پەسىللەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماڭلار»[1] دېگەن سۆزى بايان قىلىندى.

ھەقىقەتەن، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش چەكلىنىدۇ. سەۋەبى شۇكى، ئەقىللەر ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى تەپەككۇر قىلىشتىن تېڭىرقاپ قالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا نە ئەقىللەر ۋە نە قەلبلەر بىلەن ئوخشىشىنى خىيال - تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بۈيۈك زاتتۇر. ﴿ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾42/«شۇرا»: 11. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر

[1] 2 بەت ئىلگىرى ئۆتتى.

قىلىشقا كەلسەك، قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە ئايەتلەر بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلبەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»﴾3/«ئال ئىمران»: 190، 191. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴾10/«يۇنۇس»: 101.

مەنىيدىن يارىتىلغان ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا، ئىنسان ئۆزى ھەققىدە تەپەككۇر قىلسۇن! چۈنكى، ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدا ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكىگە دالالەت قىلىدىغان ئاجايىباتلار بار[1]. بۇ ئاجايىباتلارنى بىلىش ئۈچۈن ئۆمۈرلەر سەرپ قىلىنسا، ئۇنىڭ بىرىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئىنسان ئۇنىڭدىن غاپىلدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئۆزىنىڭ نەپسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇپ: ﴿زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟﴾51/«زارىيات»: 21 دەيدۇ.

تاغلارغا يوشۇرۇلغان گۆھەرلەر، ئالتۇن، كۈمۈش، پىروزا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتلىك تاش، مېتاللار، شۇنىڭدەك نېفىت، گۈڭگۈرت ۋە قارىمايلارغا ئوخشاش بايلىقلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ئالامەتلىرىدىندۇر.

يەر يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى قورشاپ تۇرغان چوڭقۇر دېڭىز ۋە مۇئەززەم ئوكيانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر يەر يۈزىدىكى پۈتۈن قۇرۇقلۇق ۋە تاغلار كەبى ئوچۇق زېمىنلار بىر جايغا توپلانسا، پۈتۈن سۇلارغا قىياسەن ئوكيانۇستىكى كىچىك بىر ئارالچىلىك كېلەتتى. دېڭىز - ئوكيانلاردا بىز قۇرۇقلۇقتا كۆرگەندىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئاجايىباتلار بار.

ئاللاھ تائالانىڭ مەرۋايىتنى قانداق ياراتقانلىقىغا، ئۇنى سۇ ئاستىدىكى سەدەپ ئىچىدە قانداق يۇملاق قىلغانلىقىغا قارىغىن! ئاللاھ تائالانىڭ ئۈنچە - مارجاننى سۇ ئاستىدىكى قاتتىق تاشلار ئىچىدە قانداق ئۆستۈرگەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا دېڭىز قىرغاققا ئاتىدىغان ئەنبەرلەر ۋە ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ قانداق

[1] «شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە بەزى بايانلار ئۆتتى. شۇ يەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ياراتقانلىقىغا قارىغىن!

ئاللاھ تائالانىڭ كېملەرنى سۇ ئۈستىدە قانداق لەيلىتىپ، شاماللار ئارقىلىق قانداق ماڭدۇرىدىغانلىقىدەك ئاجايىباتلارغا قارىغىن!

بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقى سۇدۇر. سۇ زېمىن يۈزىدىكى ھايۋان بولسۇن، ئۆسۈملۈك بولسۇن ھەممىسىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. ئەگەر بىر كىشى سۇ ئىچىشكە موھتاج بولسا ۋە سۇ ئىچىشتىن چەكلەنسە، ئەگەر ئۇنىڭ قول ئىلكىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ خەزىنىلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى بىر يۇتۇم سۇغا پىدا قىلغان بولاتتى. سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىچكەن سۇنى سىرتقا چىقىرالمىسا، زېمىندىكى بارلىق خەزىنىلەرنى چىقىرىپ بولسىمۇ، شۇ سۇنى تېنىدىن چىقىرىشقا سەرپ قىلغان بولاتتى. شۇڭا، بەندە بۇ نېئمەتتىن غاپىل قالماسلىقى كېرەك.

ھاۋا ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىدىن بىرىدۇر. ھاۋا بولسا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نازۇك جىسىمدۇر. سەن ھاۋانىڭ قاتتىقلىقى ۋە كۈچىگە، ھاۋانىڭ ئاجايىباتلىرىغا، جۈملىدىن يامغۇر بۇلۇتلىرى، گۈلدۈرماما، چاقماق، يامغۇر، قار، مۆلدۈر، ئاقار يۇلتۇزلار، چاقماق ئاۋازى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاجايىباتلارغا قارىغىن!

دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ سۇدا ئۈزگەنلىكىگە، ئۇچار قۇشلارنىڭ قانات كېرىپ ھاۋادا پەرۋاز قىلىشلىرىغا قارىغىن! ئاندىن كۆككە، كائىناتنىڭ تېرەنلىكىگە، يۇلتۇزلارغا، قۇياش ۋە ئايغا قارىغىن! ھەربىر يۇلتۇزنىڭ رەڭگى، شەكلى ۋە ئورۇنلىشىشىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى بار. ئاللاھ تائالانىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىغا قارىغىن! قۇياشنىڭ سەيرىگە قارىغىن! قۇياش سەيرىنىڭ ياز، قىش، ئەتىياز ۋە كۈزدە قانداق ئۆزگۈرىدىغانلىقىغا قارىغىن! «قۇياش زېمىندىن بىر يۈز ئاتمىش نەچچە ھەسسە چوڭدۇر» دەرلەر. شەكسىزكى، ئاسماندىكى ئەڭ كىچىك يۇلتۇزمۇ زېمىندىن سەككىز ھەسسە چوڭدۇر. دېمەك، بىر يۇلتۇز مۇشۇنداق چوڭ بولغان يەردە سانسىز يۇلتۇزلار جايلاشقان كائىناتقا قارىغىن! كۆزۈڭ شۇنچە كىچىك تۇرۇپ ئۇلارنى كۆرەلىگەنلىكىنى ئويلىغىن! ئەگەر ئۆيى ئالتۇن ھەل بىلەن زىننەتلەنگەن بىر باينىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ، ئۇنىڭغا ھەيرەتلىنىسەن ۋە ئۇ ئۆينى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرىسەن. سەن ئاسماندىن ئىبارەت ئۇشبۇ بۈيۈك ئۆيگە، ئۇنىڭ زېمىنىغا، تورۇسىغا، ئاجايىباتلىرىغا، نەرسە - كېرەكلىرىگە، ئاجايىب نەقىشلىرىگە قارايسەنۇ، ئەمما ئۇنى سۆزلىمەيسەن، قەلبىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارىمايسەن ۋە ياراتقۇچىڭنىڭ بىنا قىلغىنىنى ئويلىمايسەن. بۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىشتۇر. سەن ئۆزۈڭنى ۋە پەرۋەردىگارىڭنى ئۇنتۇيسەن، قورسىقىڭ ۋە ھەۋەسلىرىڭ

بىلەن مەشغۇل بولىسەن. سەن غەپلەتتە بەئەينى بىر چۈمۈلىگە ئوخشايسەنكى، ئۇ چۈمۈلە پادىشاھ قەسرىنىڭ تېمىدىكى ئۆۋىسىدىن چىقىپ، بىر ھەمراھى بىلەن ئۆۋىسى ھەققىدە سۆزلىشىپ، ئۇنى قانداق بىنا قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىگە يىغقان نەرسىلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما، پادىشاھ قەسرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنى تىلغا ئالمايدۇ. دېمەك، سەن ئاسمان ھەققىدە شۇ چۈمۈلە سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ تورىسىدىن بىلگەنچىلىك نەرسە بىلىسەن.

مانا بۇلار تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ پىكرى ئايلىنىدىغان بىر قىسىم نەرسىلەرنىڭ بايانىدۇر. ئۆمۈر ھەقىقەتەن قىسقا. ئىلىملەر بەزى مەخلۇقاتلارنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. لېكىن، سەن مەخلۇقاتلارنىڭ ئاجايىباتلىرىنى قانچە كۆپ بىلىشنى خاھلىساڭ، سېنى ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىشىڭ شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ. بۇ يەردە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈلگەنلەرنى «شۈكۈر قىلىش» ھەققىدىكى تېمىدا سۆزلىگەنلىرىمىز بىلەن قوشۇپ تەپەككۇر قىلغىن! ئىنسان بۇ نەرسىلەرگە «بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى» دەپ قارىسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقىنى بىلىپ پايدا ئالىدۇ. كىمكى بۇ نەرسىلەرگە «سەۋەبلەرنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشلىق» دەپ ئەمەس، «بەزىسى بەزىسىگە تەسىر قىلىدۇ» دېگەن تەرەپتىنلا قارىسا، بەختسىز بولىدۇ. جاھىلانە قەدەملىرىمىزنىڭ ھەق يولدىن تېيىپ كېتىشىدىن، گۇمراھلىقلارغا مايىل بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. بىز كۆرمەيدىغان پەرىشتىلەر ۋە جىنلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشنىڭ يولى يوق. شۇڭا، بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرىدىغان نەرسىلەرنى سۆزلىدۇق.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# باب: ئۆلۈمنى ئەسلەش، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار ۋە ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا

## ئۆلۈمنى ئەسلەش ۋە ئۇنى كۆپ ئەسلەپ تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە

بىلگىنكى، ئالدامچى دۇنيا مەنقۇلاتلىرىغا دائىم چۈشۈپ دۇنياغا بېرىلگۈچىنىڭ قەلبى ئۆلۈمدىن غاپىل بولۇپ، ئۆلۈمنى ئەسلىمەيدۇ. ئەسلىگەن تەقدىردىمۇ ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

كىشىلەر «يا دۇنياغا بېرىلگۈچى، يا ياخشى ئەمەل قىلىشنى باشلىغان تەۋبەكار، ۋەياكى دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يامان ئەمەللەردىن قول ئۈزگۈچى» دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

دۇنياغا بېرىلگۈچى ئۆلۈمنى ئەسلىمەيدۇ، ئەسلىسىمۇ ئۆزىنىڭ دۇنياسىغا (دۇنيالىقتا قولىدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرگە) ئەپسۇسلىنىش ئۈچۈن ئەسلەيدۇ ۋە ئۆلۈمنى ئەيىبلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ ئۆلۈمنى ئەسلىشى ئۇنى ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

تەۋبەكارغا كەلسەك، تەۋبەكار ئۆز قەلبىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىشنىڭ قوزغىلىشى ئۈچۈن ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەيدۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق تەۋبىسىگە مۇكەممەل ۋاپا قىلىدۇ. تەۋبەكار بەزىدە مۇكەممەل تەۋبە قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن ياكى ئاخىرەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈم كېلىشىنى خاھلىماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ ھالەتتە ئۆلۈمنى خاھلىماسلىقى خاتا ئەمەستۇر. بۇ خاھلىماسلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىدۇ»[1] دېگەن سۆزىگە چۈشمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بەندە ئۆزىدىكى كەمچىلىك ۋە تائەت ـ ئىبادەتتە كەتكۈزۈپ قويۇشلار ئۈچۈنلا ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقىدۇ. بۇ كىشى خۇددى «ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۈتمەن» دەپ تەييارلىق قىلىپ يۈرۈپ، كۈتكەن كىشىسى بىلەن ئۇچرىشىشقا

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6507)؛ مۇسلىم (2683). ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

كېچىكىپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ كىشى بۇ ھالەتتە ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن ئۇچرىششنى يامان كۆرگەن كىشى ھېسابلانمايدۇ.

بۇنىڭ ئالامىتى دائىم ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەشغۇل بولىدىغان ئىشى بولماسلىقتۇر. ئەگەر بۇ ئالامەتلەر تېپىلمىسا، ئۇنداق كىشى دۇنياغا بېرىلگۈچى كىشىلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

دۇنيانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلگۈچىگە كەلسەك، ئۇ دائىم ئۆلۈمنى ئەسلەيدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم ياخشى كۆرگەن ھەبىبى بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى بولۇپ، ئۇ ئۆز ھەبىبى بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ئۇنۇتمايدۇ. بۇنداق كىشى كۆپىنچە ۋاقىتتا «ئۆلۈمنىڭ كېلىشىنى كېچىكتى» دەپ قارايدۇ. ئۆلۈمنى پاسىقلار يۇرتىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ قوشنىدارچىلىقىغا يۆتكىلىش ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. ھەقىقەتەن بەزىلەر ئېيتقاندەك: «ئۆلۈم بولسا موھتاجلىقتا يېتىپ كەلگەن مەھبۇبتۇر».

ئۇنداق بولغان ئىكەن، تەۋبەكار ئۆلۈمنى خاھلىماسلىقتا ئۆزرىلىكتۇر. دۇنيانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇغۇچى ئۆلۈمنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلىشتا ئۆزرىلىكتۇر. بۇ ئىككى كىشىدىن يۇقىرى مەرتىۋىدىكى كىشى بولسا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىگە نە ئۆلۈم ۋە نە ھاياتلىقنى تاللىمىغان، بەلكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىسى پەرۋەردىگارى ياخشى كۆرگەن نەرسە بولغان كىشىدۇر. بۇ كىشى ياخشى كۆرۈشى ۋە دوست تۇتۇشى تەسلىم بولۇش ۋە مەمنۇن بولۇش ماقامىغا بېرىپ توختىغان كىشىدۇر. مانا بۇ ئەڭ يۇقىرى چەك ۋە ئالىي مەقسەتتۇر.

قانداقلا بولمىسۇن، ئۆلۈمنى ئەسلەش ئارقىلىق ساۋابقا ۋە پەزىلەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. سەۋەبى، دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ئۆلۈمنى ئەسلەش ئارقىلىق دۇنيادىن يىراقلىششى مۇمكىن. چۈنكى، ئۆلۈمنى ئەسلەش ئۇنىڭ نېئمەتلىك تۇرمۇشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ ۋە دۇغلاشتۇرىدۇ.

# باب: ئۆلۈمنى ئەسلەشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «لەززەتلەرنى كېسىپ تاشلىغۇچى ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار»[1] دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا بىر ئادەم تىلغا ئېلىنغان ئىدى، كىشىلەر ئۇ كىشى ھەققىدە ياخشى گەپلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ دوستۇڭلار ئۆلۈمنى قانداقراق ئەسلەيتتى؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئۇنىڭ ئۆلۈمنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتۇق، — دېدى. رەسۇلۇللاھ:

— ئۇنداقتا، سىلەرنىڭ ئۇ ھەمراھىڭلار ئۇنچە ياخشى يەردە ئەمەس، — دېدى[2].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— قايسى مۇئمىن ئەڭ ئەقىللىق مۇئمىندۇر؟ — دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۆلۈمنى كۆپ تىلغا ئالىدىغان، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن بەك ياخشى تەييارلىق قىلىدىغانلار. ئەنە شۇلار ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەردۇر، — دەپ جاۋاب بەردى[3].

---

[1] ئەھمەد (7912)؛ نەسائىي (1720)؛ تىرمىزىي (2307). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1211) «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىراقىي: («تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھيائ»، 194/4) «ئىبنى ئەبىددۇنيا: ‹ئەلمەۋت› دېگەن كىتابىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ‹زەئىپ سەنەد› بىلەن رىۋايەت قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكمۇ: ‹ئەززۇھد› دېگەن كىتابىدا ‹زەئىپ سەنەد› بىلەن رىۋايەت قىلغان» دېگەن.

[3] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (13354)؛ ئىبنى ماجە (4259). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلە-تۇسسەھىھە»، 1384) «ھەسەن» دېگەن.

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ: «ئۆلۈم دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئۆلۈم دۇنيادا ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن خۇشاللىق قالدۇرمايدۇ. بىر بەندە قەلبىدە ئۆلۈمنى ئەسلىسە، دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئەرزىمەس تۇيۇلىدۇ» دېگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆلۈم ۋە قىيامەتنى ئەسلىسە، قۇش مىسالى تىترەيتتى. ئۇ ھەر كېچىسى فىقھشۇناسلارنى يىغىپ، خۇددى كۆز ئالدىدا بىر مېيىت ياتقاندەك ئۆلۈم ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشىپ، يىغلىشىپ كېتەتتى.

ھامىد ئەلقەيسەرىي رەھىمەھۇللاھ: «ھەممىمىز ئۆلۈمگە شەكسىز ئىشەنگەن كىشىلەرمىز، ئەمما ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلغۇچىنى كۆرمەيمىز. ھەممىمىز جەننەتكە شەكسىز ئىشەنگەن كىشىلەرمىز، ئەمما جەننەتلىك ئەمەل قىلغۇچىلارنى كۆرمەيمىز. ھەممىمىز دوزاخقا شەكسىز ئىشەنگەن كىشىلەرمىز. ئەمما، دوزاختىن قورققۇچىنى كۆرمەيمىز. نېمىگە خۇشال بولۇۋاتىسىلەر؟! نېمىنى كۈتۈۋاتىسىلەر؟! ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتامسىلەر؟ ئۆلۈم سىلەرگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىلەن كېلىدىغان تۇنجى سوۋغىدۇر. ئى قېرىنداشلىرىم! رەببىڭلار تامان گۈزەل رەۋىشتە مېڭىڭلار!» دەيدۇ.

شۇمەيت ئىبنى ئەجلان: «كىمكى ئۆلۈمنى كۆز ئۆڭىدە تۇتسا، دۇنيانىڭ تارچىلىقى ۋە كەڭرىچىلىكىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ» دېگەن.

## ئۆلۈمنى ئەسلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ يولى

بىلگىنكى، ئۆلۈمنىڭ خەتىرى چوڭدۇر. كىشىلەر ئۆلۈمنى ئاز تەپەككۇر قىلغانلىقى ۋە ئاز ئەسلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن غاپىل قالىدۇ. ئۆلۈمنى ئەسلىگەنلەرمۇ ئۇنى غاپىل قەلب بىلەن ئەسلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆلۈمنى ئەسلەش مەنپەئەت بەرمەيدۇ. بەندە قەلبىنى كۆز ئۆڭىدىكى ئۆلۈمنى ئەسلەشكە مەركەزلەشتۈرگەندىلا، ئۆلۈمنى ئەسلەش مەنپەئەت بېرىدۇ. بەندە ئۆلۈمنى ئەسلەشتە خەتەرگە توشقان بىر كەڭ دالاغا سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىلغان ياكى دېڭىزدا سەپەر قىلغان كىشىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك. بۇ يەرلەردە سەپەر قىلغانلار شۇ يەردىكى خېيىم - خەتەرلەر ھەققىدىلا تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ پايدىلىق يول ئۆزىدىن ئىلگىرى دۇنيادىن كەتكەن تەڭتۇشلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئۆلۈمنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇپراق ئاستىدىكى ھالەتلىرىنى ئەسلەشتۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «باشقىلاردىن پەند - نەسىھەت ئالغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر» دېگەن.

ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۆلۈكلەر تىلغا ئېلىنسا، ئۆزۈڭنى ئۆلاردىن بىرى ھېسابلىغىن» دېگەندۇر.

ئىنسان قەبرىستانلىقلارنى كۆپ زىيارەت قىلىشى، نەپسى دۇنيالىقتىن بىرەر نەرسىگە تەلپۈنۈپ قالسا، شۇ زامان ھامىنى ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئارزۇلىرىنى كەم قىلىشى كېرەك.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹سەن دۇنيادا غېرىب ياكى مۇساپىرغا ئوخشاش بولغىن› دېدى». ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە مۇنداق دەيتتى: «كەچ قىلساڭ تاڭنى كۈتمىگىن، تاڭ ئاتقۇزساڭ كەچنى كۈتمىگىن. كېسەللىكتىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى غەنىيمەت بىلگىن، ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى ھاياتلىقىڭنى غەنىيمەت بىلگىن»[1].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن ئۈممىتىم ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغان نەرسە نەپس خاھىش ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەنغۇ دېيىشتۇر. نەپس خاھىش ھەقىقەتتىن ئاداشتۇرىدۇ. ‹ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەنغۇ› دېيىش بولسا ئاخىرەتنى ئۇنۇتقۇزىدۇ»[2].

ھەسەن ئەلبەسرىي رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابەلەرگە:

— ھەممىڭلار جەننەتكە كىرىشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ — دېگەندە، ساھابەلەر:

— ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئارزۇنى ئاز قىلىڭلار، ئەجەللىرىڭلارنى كۆز ئالدىڭلاردا تۇتۇڭلار ۋە ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىڭلار، — دېدى[3].

ئەبۇ زەكەرىييا ئەتتەيمىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك مەسجىدى ھەرامدا تۇرۇۋاتقانىدا ئۇنىڭغا بىر نەقىش ئويۇلغان تاش ئېلىپ كېلىندى. سۇلايمان ئۇ تاشتىكى نەقىشنى ئوقۇيالايدىغان بىر كىشىنى

[1] بۇخارىي (6416).

[2] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (10129). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 2177) «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېگەن.

[3] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (317). تابىئىنلاردىن ھەسەن بەسرىيدىن مۇرسەلدۇر. سەنەدى زەئىپ.

ئـىزدەپ تېپىـپ ئەكەلـدۈرۈپ، تاشـتىكى نەقىشـلەرنى ئوقۇتتـى. ئۇنىڭـدا مۇنـداق دېيىلگـەن ئىـدى: ‹ئـى ئـادەم بالىسـى! ئەگـەر سـەن ئەجىلىڭنىـڭ يېقىنلىقىنـى بىلسـەڭ ئىدىـڭ، ئـۇزۇن ئـارزۇ قىلىشـنى تاشـلىغان، كـۆپ ئەمـەل - ئىبـادەت قىلىشـقا قىزىققـان بولاتتىـڭ. مـال - دۇنياغـا بولغـان ھېرىسـمەنلىكىڭنى ۋە ھىيلىلىرىڭنـى تاشـلىغان بولاتتىـڭ. سـەن ئۆلـۈپ ئەھـل - ئەۋلادىـڭ، خىزمەتچىلىرىـڭ سـېنى قەبرىگـە تاپشـۇرغاندا، بالىچاقـا ۋە ئـۇرۇق - نەسـەبىڭ تامامـەن قولدىـن كەتكەنـدە قىلغانلىرىڭغا پۇشايمان قىلىسـەن. سـەن ئـۇ ۋاقىتتا دۇنياغا ئـەسلا قايتالمايسـەن. ياخشـىلىقلىرىڭنى كۆپەيتەلمەيسـەن. شـۇڭا، قىيامەت كۈنـى ئۈچـۈن ئەمـەل قىلغىـن، ھەسـرەت ۋە نادامـەت كۈنـى ئۈچـۈن ئەمـەل قىلغىن!› »

## ئۇزۇن ئارزۇ قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئىلاجى توغرىسىدا

بىلگىنكـى، «ئـۇزۇن ئۈمـۈر كۆرىمەنغـۇ» دېيىشـكە سـەۋەب بولىدىغـان نەرسـە ئىككىدۇر. بىرى، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش. يەنە بىرى، بىلىمسىزلىك.

دۇنيانى ياخشـى كۆرۈشـكە كەلسـەك، ئىنسـان دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ شـەھۋەتلىرى، لەززەتلـىرى ۋە ئالاقىلىرىدىـن بەھر ئالسـا، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ دۇنيادىن يىراقلىشىشـى تەسـتۇر. ئـۇ چاغـدا قەلـب دۇنيادىـن يىراقلاشـتۇرغۇچى بولمـىش ئۆلۈمنـى ئەسلەشـتىن بـاش تارتىـدۇ. ھەركىمكـى بىرنەرسـىنى يامان كۆرسـە، ئۇنـى قەلبىدىن چىقىرىۋېتىـدۇ. ئىنسـان باتىـل ئـارزۇلار بىلـەن مەشـغۇل بولسـا، نەپسـى دۇنيـادا قېلىـپ قېلىـش، دۇنيـادا موھتـاج بولىدىغـان مـال - مۈلـك، خاتـۇن - بـالا، ئۆيـۋاق، دوسـت - يـارەن ۋە دۇنيانىـڭ باشـقا لازىمەتلىكلىرىدىـن ئىبـارەت ئـۆز مەقسـتىگە مۇۋاپىـق كېلىدىغـان نەرسـىلەرنى ئـارزۇ قىلىدۇرىـدۇ. شـۇ ئارقىلىـق ئۇنىـڭ قەلبـى بـۇ پىكىـردە توختـاپ قېلىـپ، ئۆلۈمنـى ئەسلەشـتىن يىـراق بولىـدۇ ۋە ئۆلۈمنىـڭ يېقىنلىقىنـى مۆلچەرلىمەيـدۇ. بـەزى ھـاللاردا كىشى ئۈچـۈن ئۆلۈمنـى خىيـال قىلىـش ۋە ئۇنىڭغـا تەييارلىـق قىلىـش زۆرۈرىيىتـى تۇغۇلسـىمۇ، ئۇنـى كېچىكتۈرىـدۇ ۋە ئـۆز - ئۆزىگـە تەسـەللى بېرىـپ: «سـەن چـوڭ بولغۇچـە ئالدىڭـدا كۈنلـەر ئـۇزۇن، چـوڭ بولغانـدا تەۋبـە قىلىۋالارسـەن» دەيـدۇ. يېشى چوڭايغانـدا بولسـا: «قېرىغانـدا تەۋبـە قىلىۋالارسـەن» دەيـدۇ. قېرىغانـدا بولسـا: «بـۇ ئۆيىنـى سـېلىپ بولغاندىـن كېيىـن، بـۇ ئېتىزنـى تېرىـپ بولغاندىـن كېيىـن ياكـى بـۇ سـەپەردىن قايتىـپ بولغاندىـن كېيىـن تەۋبـە قىلارسـەن» دەيـدۇ. شـۇنداق قىلىـپ تەۋبـە قىلىشـنى كېيىنگـە قالـدۇرۇپ، كېچىكتـۈرۈپ، بىـر ئىشـنى تاماملاپ بولغۇچە ئۇنىڭغـا ئـون ئىـش قوشـۇلۇپ ماڭىـدۇ. مۇشـۇنداق قىلىـپ تەدرىجىي ھـەر كـۈن

تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ. بىر ئىشنى قىلىپ بولۇپ، يەنە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئويلاپ باقمىغان ۋاقىتتا ئۆلۈم كېلىپ، ھەسرەت-نادامەتتە زىيادە بولىدۇ.

دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچە ۋارقىراشلىرىمۇ تەۋبە قىلىشنى كەينىگە سوزغانلىقتىن بولىدۇ. ئۇلار: «ياخشى ئەمەل قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن مىڭ ھەسرەت!» دەيدۇ. بۇ ئارزۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن بەھر ئېلىش ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «نېمىنى خاھلىساڭ، شۇنى ياخشى كۆرگىن، بەربىر ئۇنىڭدىن جۇدا بولغۇچىسەن»[1] دېگەن سۆزى غەپلەتتە قالغانلىقتىن كېلىپ چىققاندۇر.

ئىككىنچى سەۋەب: بىلىمسىزلىك

بىلىمسىزلىك بولسا ئىنساننىڭ ئۆز ياشلىقىغا ئىشىنىشى ۋە ياشلىق مەزگىلىدە ئۆلۈمنى ئۆزىدىن يىراق سانىشىدۇر. بۇ بىچارە ئۆز شەھرىدىكى ياشلارنى سانىسا، ئۇلارنىڭ خالايىقنىڭ ئوندىن بىرىچىلىكمۇ ئەمەسلىكىنى تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ياشلارنىڭ ئاز بولۇشى ياشلارغا ئۆلۈمنىڭ كۆپ كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بەزىدە بىر قېرى كىشى ئۆلۈپ بولغۇچە مىڭ نارەسىدە بالا ۋە ياش يىگىت ئۆلۈپ بولىدۇ. كىشى بەزىدە ساقلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ. ئۆلۈمنىڭ ئۆزىگە ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. كىشى ئەگەر ئۆلۈمنى يىراق سانىسا، ئۇنىڭغا كېسەللىك ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ. ئىنسان كېسەل بولسا ئۆلۈم ئۇنىڭدىن يىراق ئەمەس. ئەگەر ئىنسان تەپەككۇر قىلسا ۋە ئۆلۈمنىڭ كېلىدىغان ياز، قىش، ئەتىياز، كۈز، كېچە ۋە كۈندۈز دەيدىغان مۇئەييەن بىر ۋاقتى يوقلۇقىنى ۋە ياش، قېرى، ياكى ئوتتۇرا ياش بولۇشنىڭ مەخسۇس بىر ياشقا باغلىنىشلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ ئۆلۈمنى ناھايىتى چوڭ بىلەتتى ۋە ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلغان بولاتتى.

## پەسىل: ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ زىيادە ياكى كەم دەرىجىلىرى

«ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەنغۇ» دېيىش بارىسىدا كىشىلەر تولىمۇ پەرقلىقتۇر. بەزىلەر ئۇزۇن ئۆمۈرنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزىلەر بولسا قانداق ئەھۋالدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئارزۇ - ئارمانسىز قالمايدۇ. بەزىلەر بولسا بەك كەم ئارزۇ قىلىدۇ.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (4278)؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (10057). ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك»، 7921) «سەنەدى سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. ئالبانىيمۇ: («سىلسىلەتۇلئەھادىيسسەھىھە»، 831) «ھەسەن» دېگەن. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

ئەبۇ ئوسمان ئەننەھدىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن 130 يىل ياشىدىم. ھەممە نەرسىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىمىيۇ، لېكىن ئارزۇيۇم شۇ پېتىچە ئۆزگەرمەي تۇردى».

كەم ئارزۇ قىلىش ھەققىدە شۇ رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ مۇھەممەد ھەبىبنىڭ ئايالى مۇنداق دېگەن: «ئېرىم ئەبۇ مۇھەممەد ماڭا: ‹ئەگەر مەن بۈگۈن ئۆلۈپ كەتسەم، مېنى يۇيۇپ، مۇنداق، مۇنداق قىلىشى ئۈچۈن پالانىغا ئەلچى ئەۋەتىڭ. سىز مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلىڭ› دېگەنىدى». ئۇ ئايالغا:

— ئېرىڭىز شۇ كۈنى بىرەر چۈش كۆرۈپتىكەنمۇ؟ — دېيىلگەنىدى، ئۇ ئايال:

— ئېرىم ماڭا ھەركۈنى شۇنداق دەيتتى، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبراھىم ئىبنى شۇمەيت مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ زۇرئە ماڭا: ‹مەن ساڭا ھېچكىمگە دەپ باقمىغان بىر سۆزنى قىلاي. مەن يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۆلۈمنى كۈتۈپ مەسجىدتىن چىقىپ باقمىدىم. نەپسىم ماڭا يەنىلا مەسجىدكە قايتقىن دەۋاتىدۇ› دېگەنىدى».

بىر كىشىگە: «كۆيىنىكىڭنى يۇيامسەن؟» دېيىلگەنىدى، ئۇ: «ئۆلۈم ئۇنىڭدىنمۇ تېز كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھەممەد ئىبنى ئەبى تەۋبە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەئرۇف دېگەن كىشى نامازغا تەكبىر ئېيتىپ بولۇپ، ماڭا:

— ئالدىغا چىقىپ ئىمام بولغىن، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— ئەگەر مەن سىلەرگە بۇ نامازنى ئوقۇپ بەرسەم، سىلەر بىلەن ئۇنىڭدىن باشقا ناماز ئوقۇيالمايمەن، — دېدىم. مەئرۇف:

— ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ئۇزۇن ئارزۇ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز، چۈنكى ئارزۇنى ئۇزۇن قىلىش ياخشى ئەمەل قىلىشتىن توسىدۇ، — دېدى».

بۇلار بولسا زاھىدلارنىڭ ئارزۇنى ئاز قىلىش ھەققىدىكى ئەھۋاللىرىدۇر. ئارزۇ قانچە ئاز بولسا، ئەمەل قىلىش شۇنچە كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئارزۇنى ئاز قىلغۇچى بۈگۈن ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلايدۇ. ھازىر ئۆلۈپ قالىدىغان ئادەمدەك ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىدۇ. كەچ بولغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ سالامەت قىلغىنىغا شۈكۈر قىلىدۇ ۋە «بۈگۈن كېچە ئۆلۈپ كېتىمەن» دەپ ئويلاپ، ئەمەل قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

## ئەمەل قىلىشقا ئالدىراشنىڭ بايانى ۋە ئەمەل قىلىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ئاپىتى توغرىسىدا

يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق كۈتكەن ھالەتتە ئۆلۈڭلار»[1].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتتىكى بىر كىشىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئۆزۈڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟ — دەيدۇ، ئۇ كىشى:

— ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىۋاتىمەن ۋە گۇناھلىرىمدىن قورقۇۋاتىمەن، — دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بۇ ئىككىسى بىر بەندىنىڭ قەلبىدە تەڭ توپلانسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۈمىد قىلغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ۋە ئۇنى قورققان نەرسىسىدىن ئەمىن قىلىدۇ، — دەيدۇ»[2].

سەكراتتىكى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، قورقۇنچ بولسا ھەيدىلىدىغان بىر قامچىدۇر. ئۆلۈم كەلگەندە، كۆز توختاپ قالىدۇ. شۇڭا، كۆزىگە مېھرىبانلىق قىلىشى كېرەك. شەيتان شۇ چاغدا بەندىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولۇۋاتقان ئىشلار ھەققىدە بەندىنى ئاللاھ تائالاغا نارازى قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن ئۇنى قورقۇتىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئورۇندا ئاللاھ تائالادىن ئۈمىدۋارلىق دۈشمەننى دەفئى قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورال ھېسابلىنىدۇ.

سۇلايمان ئەتتەيمىي ئۆلۈمنى سەزگەندە، ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم! ئاللاھ تائالا بىلەن ئۈمىدۋار ھالەتتە ئۇچرىشىشىم ئۈچۈن، ماڭا رۇخسەتلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن» دېگەن ئىدى.

[1] مۇسلىم (2877). جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] تىرمىزىي (983)؛ ئىبنى ماجە (4261). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1051) «ھەسەن» دېگەن.

## باب: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە توغرا يولدا بولغان خەلىپىلەرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

شۇنى بىلگىنكى، بارچە ئەھۋاللاردا ﴿رەسۇلۇللاھ ئەلبەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر﴾ 33/«ئەھزاب»: 21. ھەممىگە مەئلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۇچۇن مەخلۇقاتلار ئىچىدە رەسۇلۇللاھتىنمۇ سۆيۈملۈك ھېچكىم يوقتۇر.

شۇنداق تۇرۇپ ئاللاھ تائالا رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەجىلى توشقاندا كىچىكتۈرمەي ئېلىپ كەتتى. ئۇ زات ئۆلۈم ئاغرىقىنى تارتتى. ئىمام بۇخارىي ئۆز «جامىئۇسسەھىھ»دە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ياغاچتىن ياكى تېرىدىن ياسالغان، ئىچىدە سۇ بار بىر قاچا بار ئىدى. ئۇ زات قولىنى قاچىغا تىقىپ، قولى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ: ‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۆلۈمنىڭ ھەقىقەتەن سەكرات ئاغرىقلىرى باردۇر› دېدى»[1].

«بۇخارىي»دىكى يەنە بىر ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا ئاغرىق رەسۇلۇللاھنى ئارىلاپ - ئارىلاپ قاتتىق بىئارام قىلغىلى تۇردى، قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹ۋاي ئاتامنىڭ بىئاراملىقى!› دېگىلى تۇرغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئەمدى بۈگۈندىن كېيىن ئاتىڭىزغا بىئاراملىق يوق› دېدى»[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز ئانىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە توپلاندۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ ياش تۆكتى. ئاندىن بىزگە ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ:

— خۇش كەپسىلەر! ئاللاھ تائالا سىلەرنى سالامەت قىلسۇن، سىلەرنى ئۆز

[1] بۇخارىي (6510).

[2] بۇخارىي (4462).

پاناھىدا ساقلىسۇن. سىلەرنى جەم قىلسۇن، سىلەرگە ياردەم بەرسۇن. سىلەرنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن ۋە سىلەرگە مەنپەئەت بەرسۇن. ماقاملىرىڭلارنى كۆتۈرسۇن. سىلەرنى ساغلام قىلسۇن. سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئاللاھ تائالاغا سىلەرنى تاپىلايمەن ۋە تاپشۇرىمەن، — دېگەنىدى، بىز:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئەجەل خەۋىرىمۇ؟ — دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەجەل يېقىنلاشتى. ئاللاھ تائالا تەرەپكە، سىدرەتۇل مۇنتەھاغا، جەننەتۇل مەئۋاغا، ئالىي فىردەۋس جەننىتىگە قايتىش ۋاقتى يېقىنلاشتى، — دېدى. بىز:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! جانابىلىرىنى نېمىدە كېپەنلەيمىز؟ — دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— خاھلىساڭلار مېنىڭ بۇ كىيىمىمدە ياكى يەمەندىن كەلتۈرۈلگەن يوللۇق توندا، ياكى ئاق رەختتە كېپەنلەڭلار، — دېدى. بىز:

— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! نامازلىرىنى كىم چۈشۈرسۇن؟ — دېدۇق ۋە يىغلىدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئالدىرىماڭلار! ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! سىلەرگە پەيغەمبىرىڭلاردىن ياخشى مۇكاپات بەرسۇن! مېنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ بولغاندىن كېيىن، قەبرەمنىڭ يېنىدىكى ئۇشبۇ تەختىراۋانغا قويۇڭلار! ئاندىن يېنىمدىن بىر مۇددەت چىقىپ تۇرۇڭلار! چۈنكى، مېنىڭ نامىزىمنى ئەۋۋەلا دوستۇم ۋە يارەنىم جىبرىل ئەلەيھىسسالام، ئاندىن مىكائىل ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ئەزرائىل ۋە ئاندىن باشقا كۆپ پەرىشتىلەر چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەر مېنىڭ يېنىمغا توپ - توپ بولۇپ كىرىڭلار! ئاندىن نامىزىمنى چۈشۈرۈڭلار ۋە سالام يوللاڭلار! مېنى مەدھىيەلەش ياكى داد - پەرياد چېكىش، ياكى ئۈن سېلىپ يىغلاش بىلەن ماڭا ئەزىيەت بەرمەڭلار! ماڭا ئاۋۋال ئەھلى بەيتىمدىن ئەرلەر ناماز ئوقۇسۇن! ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، ئاندىن سىلەر ناماز ئوقۇڭلار. ساھابەلىرىمدىن بۇ يەردە يوقلارغا ۋە مېنىڭ دىنىمغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەنلەرگە سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار! بىلىڭلاركى! مەن ئىسلامغا كىرگەن ھەربىر كىشىگە سالام يوللىغىنىمغا سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەن»[1].

[1] تەبەرانىي: «ئەددۇئائ»، (1220)؛ بەززار (2028)؛ ھاكىم (4399). بۇسايرىي: («ئەلئىتھاف»، 159/2) «بەززارنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 6445) «سەنەدى ئىنتايىن زەئىف» دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ يېنىغا جىبرىل ئەلەيھىسسالام كىرىپ مۇنداق دېگەن:

— ئى ئەھمەد! ئاللاھ تائالا ئەھۋالىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، مېنى يېنىڭغا: ‹ئۆزۈڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟› دەپ سوراپ بېقىشىم ئۈچۈن ئەۋەتتى، — دېگەندى، رەسۇلۇللاھ:

— ئى جىبرىل! ئۆزۈمنى قايغۇلۇق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئى جىبرىل! ئۆزۈمنى دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان ھالەتتە ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى كۈنى كېلىپ يەنە شۇنداق دېگەندى، رەسۇلۇللاھمۇ ئوخشاش جاۋابنى بەردى. جىبرىل ئۈچىنچى كۈنى يەنە كېلىپ سۆزىنى قايتىلىدى. رەسۇلى ئەكرەممۇ يەنە ئوخشاش جاۋابنى بەردى. شۇ ۋاقىتتا ئۆلۈم پەرىشتىسى كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئەھمەد! ھازىر ئۆلۈم پەرىشتىسى يېنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت سوراۋاتىدۇ، سەندىن ئىلگىرى بىرەر ئادەمنىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سوراپ باقمىغان ۋە سەندىن كېيىن بىرەر ئادەمنىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىمايدۇ، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كىرسۇن، — دېدى. ئۆلۈم پەرىشتىسى كىرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:

— مېنى يېنىڭغا ئاللاھ تائالا ئەۋەتتى ۋە مېنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەگەر جېنىڭنى ئېلىشىمغا بۇيرۇساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن. ئەگەر جېنىڭنى ئالماسلىققا بۇيرۇساڭ ئالمايمەن، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى ئۆلۈم پەرىشتىسى! شۇنداق قىلامسەن؟ — دېگەندى، ئۆلۈم پەرىشتىسى:

— مەن ساڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، — دېدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئەھمەد! ئاللاھ تائالا سېنى سېغىندى، — دېدى. رەسۇلۇللاھ:

— ئى ئۆلۈم پەرىشتىسى! بۇيرۇلغان ئىشنى ئىجرا قىلغىن، — دېدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام:

— ساڭا سالام! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مېنىڭ زېمىندىكى ئەڭ ئاخىرقى قەدىمىمدۇر. مەن دۇنياغا سېنى دەپ چۈشەتتىم، — دېدى»[1].

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (2821). ھەيسەمىي: («مەجمەئۇززەۋائىد»، 14261) «راۋىيلىرى ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن ئەلقەدداھ بەكلا زەئىپ» دېگەن. بۇسايرىي:

ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆكسىگە يۆلەنگەن ھالىتىدە ۋاپات بولدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈستىدە ياماق سېلىنغان بىر ئۈست كىيىم ۋە قېلىن بىر تامبال بار ئىدى[1].

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاتىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا مۇنداق مەرسىيە ئوقۇغانىدى:

*چاقىرغان رەببىگە ئىجابەت قىلغان دادام!*
*ئورنى فىردەۋس جەننەتى بولغان دادام!*
*جىبرىلغا ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزىمىز،*
*رەببىگە بەك يېقىن بولغان دادام!*

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپنە قىلىنغاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ئەنەس! ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىگە توپا چېچىشقا قانداق كۆڭلۈڭلار ئۇنىدى!» دېگەن[2].

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەرسىيە ئوقۇپ مۇنداق دېگەن:

*نەبىيىمنى كۆرگەنىمدە ياتار ئەردى،*
*ئەمدى كەڭرى زېمىن ماڭا تار بولدى،*
*ھەق رەسۇلغە شەيدا ئىدىم، بەك چۆچۈدۈم،*
*دەرمانىم يوق، بەش ئەزايىم سۇندى قالدى.*

*قېرىندىڭمۇ قارا تۇپراق ئالار دوستۇڭ،*
*چېكىپ ھەسرەت يالغۇزلۇق ئەجەب باستى،*
*ۋادەرىخا! ھەبىبىم ئۆلمەي تۇرۇپ،*
*ئىز قالدۇرۇپ قەبرەمدە تاش ياتسا ئىدى[3].*

(«ئەلئىتھاف»، 158/2) «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە» 5384) «توقۇلما» دېگەن.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3108)؛ مۇسلىم (2080).

[2] بۇخارىي (4462). پەقەت «رەببىگە بەك يېقىن بولغان دادام!» دېگەن جۈملىلا «سەھىھۇل بۇخارىي»دا كەلمىگەن بولۇپ، ئۇنى باشقىلار رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ماجە (1629). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 1321) «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى سەئد: «ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا»، 320/2.

## ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

ئەبۇلمەلىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ‹مەن ساڭا ۋەسىيەت قىلماقچىمەن، ئۇنى قوبۇل قىلغىن! كېچىدە ئاللاھ تائالانىڭ كۈندۈزى قوبۇل قىلمايدىغان ھەققى بولىدۇ. كۈندۈزدە ئاللاھ تائالانىڭ كېچىسى قوبۇل قىلمايدىغان ھەققى بولىدۇ. پەرزنى ئادا قىلمىغۇچە ئاللاھ تائالا نەپلە ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاخىرەتتە ﴿تارازىسى ئېغىر كەلگەن كىشى﴾101/«قارىئە»: 6 لەر ئۇلار دۇنيادا ھەققە ئەگەشكەنلىكى ۋە ھەق ئۇلارغا ئېغىر باسقانلىقى ئۈچۈنلا تارازىسى ئېغىر كېلىدۇ. ھەقىقەت قويۇلغان تارازىنىڭ ئېغىر كېلىشى ھەقتۇر. ﴿تارازىسى يەڭگىل كەلگەن كىشى﴾101/«قارىئە»: 8؛ 7/«ئەئراف»: 9؛ 23/«مۇئمىنۇن»: 104 لەرنىڭ تارازىسى ئۇلارنىڭ دۇنيادا باتىلغا ئەگەشكەنلىكى، باتىلنىڭ ئۇلارغا يەڭگىل بولغانلىقى ئۈچۈن يەڭگىل كېلىدۇ. باتىل قويۇلغان تارازىنىڭ يەڭگىل كېلىشى ھەقتۇر.

بەندە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە قىزىققۇچى، ئازابىدىن قورققۇچى بولۇشى، نەپسىنى ھالاكەتكە تاشلىماسلىقى ۋە ئاللاھ تائالادىن خاتا ئۈمىدلەرنى قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈمىد ئايىتىنى قاتتىق تەھدىت ئايىتىنىڭ قېشىدا، قاتتىق تەھدىت ئايىتىنى ئۈمىد ئايىتىنىڭ قېشىدا چۈشۈرگەنلىكىگە قارىغىنا؟! سەن مېنىڭ بۇ ۋەسىيىتىم بويىچە ئىش قىلىدىغان بولساڭ، كۆزۈڭ كۆرمىگەن نەرسىلەر ئىچىدىن ساڭا ئۆلۈمدىنمۇ سۆيۈملۈكى بولمايدۇ. چۈنكى، سەن ئۇنى ھامان تېتىماي قالمايسەن. ئەگەر سەن بۇ ۋەسىيىتىمنى زايە قىلىدىغان بولساڭ، كۆزۈڭ كۆرمىگەن نەرسىلەر ئىچىدىن ساڭا ئۆلۈمدىن يامان كۆرۈلىدىغىنى بولمايدۇ. سەن ئۇنى ھامان تېتىماي قالمايسەن. سەن ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن› »[1].

دەرلەركى: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆلۈم كەلگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ بېيىتنى ئوقۇغانىكەن:

*قەسەم قىلىمەن! ياش يىگىتكە ھېچ ئەسقاتماس بايلىق،*
*جان چىقىپ ھەلقۇمغا كېلىپ، كۆكسى سىقىلغاندا قاتتىق.*

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ يۈزىنى ئېچىپ، ئۇنداق ئەمەس،

[1] سەئىد ئىبنى مەنسۇر (942)؛ ئىبنى ئەبى شەيبە (35574).

مۇنداق دەڭ دېدى: ﴿ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى (يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاخىرەتنىڭ دەھشەتلىرىنى ئېنىق كۆرىدۇ)، سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ﴾[«قاف»: 19/50]. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە: «مېنىڭ بۇ ئىككى كىيىمىمگە قاراڭلار! ئىككىسىنى يۇيۇپ، مېنى شۇنىڭدا كېپەنلەڭلار. چۈنكى، تىرىك كىشى ئۆلۈككە قارىغاندا، يېڭى كىيىمگە بەكرەك موھتاجدۇر» دېدى[1].

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «(ئاتام) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەنجەر ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆيگە ئېلىپ كېلىندى. ئۇ شۇ خەنجەر زەربىسى بىلەن ۋاپات بولغان ئىدى. بىر كۈنى (ئاتام) بېشى مېنىڭ كۆكسۈمگە يۆلەنگەن ھالدا ماڭا:

— مەڭزىمنى يەرگە قويغىن، — دېدى. مەن:

— بېشىڭ مېنىڭ كۆكسۈمدە بولسۇن ياكى يەردە بولسۇن، ئوخشاش ئەمەسمۇ؟! — دېدىم. مەن ئۇنى مېنى مالال قىلماسلىق ئۈچۈن دېدى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلمىغان ئىدىم. ئۆمەر:

— ھەي يېتىم! مەڭزىمنى يەرگە قويغىن! رەببىم ماڭا رەھىم قىلمىسا، ۋاي مېنىڭ ھالىمغا! ۋاي ئانامنىڭ ھالىغا! (يەنى ئانامنىڭ مېنى تۇغقانلىقى ئۈچۈن) — دېدى»[2].

يەنە رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەنجەر ئۇرۇلۇپ، ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن كىشىلەر كېلىپ ئۇنى ماختىدى. كەلگەنلەر ئىچىدە بىر ياش يىگىت بار ئىدى. ئۇ ياش يىگىت:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ تائالا تەرەپتىن كەلگەن بېشارەتكە خۇشال بولغىن. سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ بولدۇڭ. مەن سېنىڭ ئىسلامغا باشتىلا كىرگەنلىكىڭنى بىلىمەن. ئاندىن سەن خەلىپە قىلىنىدىڭ ۋە ئادىل بولدۇڭ، مانا ئەمدى شەھىدلىككە نائىل بولىسەن، — دېدى. ئۆمەر:

— مەن بۇ ئىشلارنىڭ مېنىڭ نە زىيىنىمغا ۋە نە پايدامغا بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايمەن، — دېدى. ئاندىن:

---

[1] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (560).

[2] ئىبنى ئەبى شەيبە (35622).

— ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بارغىن ۋە ئۇنىڭغا: 《ئۆمەر سىزگە سالام دەيدۇ》 دېگىن. 《مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى سالام دەيدۇ》 دېمىگىن. چۈنكى، مەن بۈگۈن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەمەسمەن. ئائىشەگە يەنە: 《ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆزىنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشقا رۇخسەت سورايدۇ》 دېگىن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر يۈرۈپ كەتتى ۋە سالام قىلىپ ئائىشەنىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. ئاندىن ئائىشەنىڭ يېنىغا كىردى. ئائىشە ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئائىشەگە:

— ئۆمەر سىزگە سالام دەيدۇ ۋە ئىككى ھەمراھىنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىنىشىغا سىزدىن رۇخسەت سورايدۇ، — دېگەنىدى، ئائىشە:

— ئۇ ئورۇننى مەن ئۆزۈمگە قالدۇرغان ئىدىم. بۈگۈن ئۇ ئورۇننى ئۆمەرگە ئۆتۈنىمەن، — دېدى. ئابدۇللاھ ئائىشەنىڭ يېنىدىن كەلگەندە، ئۆمەرگە:

— ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كەلدى، — دېيىلگەنىدى، ئۆمەر:

— مېنى كۆتۈرۈڭلار، — دېدى. ئاندىن ئۇنى بىر ئادەم ئۆزىگە يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۆمەر:

— قانداق بولدى؟ — دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

— مۇرادىڭ ھاسىل بولدى، ئائىشە سېنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشىڭغا رۇخسەت قىلدى، — دېدى. ئۆمەر:

— ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن. ماڭا بۇنىڭدىن سۆيۈملۈك ھېچنەرسە يوقتۇر. مەن ئۆلگەندىن كېيىن جىنازەمنى كۆتۈرۈڭلار، ئاندىن ئائىشەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئائىشەگە سالام قىلىڭلار ۋە 《ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كىرىشكە رۇخسەت سورايدۇ》 دەڭلار. ئەگەر ئائىشە رۇخسەت قىلسا، مېنى ئۆيىگە كىرگۈزۈڭلار، ئەگەر رەت قىلسا مېنى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىڭلار، — دېدى»[1].

«مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! ئەگەر مېنىڭ زېمىنغا لىق كەلگۈدەك ئالتۇنۇم بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كېلىشتىن بۇرۇن (قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتكەن بولاتتىم»

[1] بۇخارىي (1392).

دېگەن[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! ئەگەر چىققان قۇياشقا ياكى پاتقان قۇياشقا شاھىد بولغان نەرسىلەر (يەنى ھەممە نەرسە) مېنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئەلبەتتە ئۇنى ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچىسىغا فىدىيە قىلغان بولاتتىم»[2] دېگەندۇر.

## ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى نائىلە بىنتى فەرافىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى روزا تۇتقان ئىدى. ئىپتار ۋاقتى كەلگەندە، ئۇيىنى قورشىۋالغانلاردىن تاتلىق سۇ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ئەمما ئۇلار بەرمىدى. ئوسمان شۇ سەۋەبتىن ئىپتار قىلماي ئۇخلىدى. سەھەر ۋاقتى بولغاندا، مەن ئۆگزىمىز تۇتاش ئايال قوشنىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ تاتلىق سۇ سورىدىم. ئۇلار ماڭا كىچىك بىر ساپال قاچىدا سۇ بەردى. مەن سۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، ئوسماننى مىدىرلاتقان ئىدىم، ئۇ ئويغاندى. مەن ‹مانا تاتلىق سۇ› دېدىم. ئوسمان بېشىنى كۆتۈرۈپ تاڭغا قارىدى ۋە: ‹مەن روزا تۇتتۇم، ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ تورۇستىن كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدا تاتلىق سۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ”ئىچكىن“ دېدى. مەن سۇ ئىچىپ قاندىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ”يەنە ئىچكىن“ دېدى. مەن يەنە ئىچىپ ئىككىنچى قېتىم سۇغا قاندىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ”بۇ كىشىلەر سېنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشساڭ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسەن. ئەگەر ئۇرۇشمىساڭ، بىزنىڭ قېشىمىزدا ئىپتار قىلىسەن“ دېدى› ». ئوسماننىڭ ئايالى دەيدۇ: «ئۇلار شۇ كۈنى كىرىپ ئوسماننى ئۆلتۈرۈۋەتتى»[3].

ئەلائ ئىبنى فۇزەيل دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭ ئاشلىق سېڭنى ئاختۇردى. ئۇلار ساڭدىن قۇلۇپ سېلىنغان بىر ساندۇقنى تاپتى ۋە

[1] بۇنى مۇسلىم ئەمەس، بۇخارىي (3692) رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ يەئلا (2731)؛ ئىبنى ھىببان (6891). ھەيسەمىي: («مەجمەئۇززەۋائىد»، 14464)، شۇئەيب ئەلئەرنائۇت ۋە ھۇسەين سەلىم ئەسەدلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ئەبى ئاسىم: «سۈننەت»، (1302)؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلمەتالىبۇل ئالىيە»، (4378). ئالبانىي: «زىلالۇلجەننە»، (1302).

ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقتا بىر كىچىك قاچىدا بىر ۋاراقچە بار بولۇپ، ۋاراقچىدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

‹بۇ ئوسماننىڭ ۋەسىيەتنامىسىدۇر، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)، ئوسمان ئىبنى ئەففان گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، جەننەت ھەقتۇر، جەھەننەم ھەقتۇر. بولۇشى شەكسىز بىر كۈندە ئاللاھ تائالا قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. بىز بۇ گۇۋاھلىق ئۈزرە ياشايمىز، شۇ گۇۋاھلىق ئۈزرە ئۆلىمىز ۋە شۇ گۇۋاھلىق ئۈزرە تىرىلىمىز، ئىنشائاللاھ› »[1].

## ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى

شەئبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىچ ئۇرۇلغاندىن كېيىن:

— ماڭا قىلىچ ئۇرغۇچىغا نېمە بولدى؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— بىز ئۇنى تۇتتۇق، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئۇنى مېنىڭ تاماقىم بىلەن تاماقلاندۇرۇڭلار، ئىچىملىكىمدىن ئىچكۈزۈڭلار. ئەگەر مەن ياشاپ قالسام، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزۈم قارار قىلىمەن. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇنى پەقەت قىلىچ بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇڭلار، ئۇنىڭدىن زىيادە ئۇرماڭلار، — دېدى. ئاندىن ئوغلى ھەسەنگە ئۆزىنى يۇيۇشنى ۋەسىيەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— كېپەننى بەك قىممەت قىلمىغىن! چۈنكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹كېپەننى بەك قىممەت قىلماڭلار. چۈنكى، كېپەن ناھايىتى تېز تارتىلىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مېنى ئېلىپ ماڭغاندا بەك تېز ياكى بەك ئاستا ئېلىپ ماڭماڭلار. ئەگەر ياخشىلىق بولسا، مېنى ياخشىلىققا ئالدىراپ ئاپارغان بولىسىلەر. ئەگەر يامانلىق بولسا، مېنى مۈرەڭلاردىن تاشلىغان بولىسىلەر»[2].

[1] ئىبنى زىبر رىبئىي: «ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيەتلىرى (وصايا العلماء عند حضور الموت)»، 40 ـ بەت.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «مەقتەلى ئەلى»، (77)؛ ئىبنى زىبر رىبئىي: «ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيەتلىرى»، 41 ـ بەت. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 6247) «زەئىف» دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىچ ئۇرۇلغان كېچىسى تاڭ ئاتقاندا، ئىبنى تەيياھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى نامازغا ئويغاتتى، ئەلى ئېغىر ياتقان ئىدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە كەلدى، ئەلى ئىلگىرىكى ھالىتىدە ئىدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە كەلگەندە، ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاچ مۇنداق دېدى:

*كەرگىن ئۆلۈمگە كۆكسىڭنى،*
*ئۆلۈم ئۇچراشقۇچىدۇر ساڭا*
*تاشلا ئۆلۈمدىن زارلىنىشىڭنى،*
*چۈشكەن بولسا ئۆزەڭگە ئاڭا.*

ئەلى مەسجىدنىڭ كىچىك ئىشىكىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئابدۇررالھمان ئىبنى مۇلجەم دېگەن خەۋارىج ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا قىلىچ زەربىسىنى ئۇردى[1].

## ساھابىلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرگە ئۆلۈم كەلگەندە ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى ۋە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئۆلۈم كەلگەندە: «مېنىڭ كۆرپەمنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ چىقىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۆرپە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلدى. ئاندىن ھەسەن: «ئى ئاللاھ! مەن ئۆزۈم سەۋەبلىك سەندىن ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، مەن بۇنىڭدەك ئېغىر بىر مۇسىبەتكە ئۇچراپ باقمىدىم» دېدى[2].

بىز يۇقىرىدا تۆت خەلىپىنىڭ — ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن — سۆزلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆلۈم كەلگەندە، يېنىدىكىلەرگە:

— قاراڭلارچۇ! تاڭ ئاتتىمۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇنىڭغا:

— تاڭ ئاتماپتۇ، — دېدىلەر. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— تاڭ ئېتىپتۇ، — دېيىلدى. ئاندىن مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «مەقتەلى ئەلى»، (14).

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش (محاسبة النفس)»، (124).

— ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ئەتىگەنلىكى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان كېچىدىن پاناھ تىلەيمەن، — دېدى. ئاندىن: «خۇش كەپسىز ئۆلۈم! ئى ئۇشتۇمتۇت زىيارەت قىلغۇچى! ئى دەل ۋاقتىدا كەلگەن مەھبۇب! ئى ئاللاھ تائالا! مەن سەندىن قورقاتتىم، بۈگۈن سەندىن ئۈمىدۋارمەن. ئى ئاللاھ تائالا! سەن مېنىڭ ئۆستەڭ چېپىشىم، دەرەخ تىكىشىم ئۈچۈن ئەمەس، قاتتىق ئىسسىقلاردا ئۇزۇن ۋاقىت ئۇسسۇز قېلىشىم، قىشنىڭ كېچىلىرىدە قىيامدا تۇرۇشۇم، ھەر سائەتتە ئىبادەت قىلىشىم ۋە زىكىر سورۇنلىرىدا تىزلىنىپ ئالىملارغا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشۇم ئۈچۈن دۇنيادا قېلىپ قېلىشنى ۋە دۇنيانى ياخشى كۆرگەنلىكىمنى بىلىسەن» دېدى[1].

ئەبۇ مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەبۇددەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ جان تەسلىم قىلىۋاتقان ئىدى. ئەبۇددەردائ: ‹مەن غۇلاپ چۈشۈۋاتقان ئورۇن ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ئادەم بارمۇ؟ مېنىڭ بۇ كۈنۈم ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ئادەم بارمۇ؟ مېنىڭ بۇ سائىتىم ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ئادەم بارمۇ؟ › دەيتتى ۋە شۇ ھالىتىدە قەبزى روھ قىلىندى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن»([2]).

سالمان ئەلفارسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈم كەلگەندە يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دېيىلگەندى، ئۇ:

— رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىزنىڭ ئوزۇقىمىزنىڭ يولۇچىنىڭ ئوزۇقىغا ئوخشاش ئوزۇق بولۇشىنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، ھالبۇكى مېنىڭ ئەتراپىمدا نۇرغۇن ئوزۇقلار بار، شۇڭا يىغلىدىم، — دېدى[3].

ئۇنىڭ قېشىدا پەقەت بىر داس، بىر قاچا ۋە تاھارەت ئالىدىغان بىر ئۇشرىق بار ئىدى، دېيىلىدۇ[4].

مۇزەنىي رەھىمەھۇللاھ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن شافىئىي رەھىمەھۇللاھ سەكراتتىكى چېغىدا يېنىغا كىرىپ:

— قانداقراق قوپۇپلا؟ — دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ:

— دۇنيادىن سەپەر قىلغۇچى، قېرىنداشلاردىن ئايرىلغۇچى، يامان ئەملىمگە

[1] ئىمام ئەھمەد: «ئەززۇھد»، (1003).

[2] ئىبنى زىبر رىبئىي: «ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيەتلىرى»، 56 ـ بەت.

[3] ئەھمەد (23762)؛ ئىبنى ماجە (4104)؛ ئىبنى ھىببان (706). ئەلئەرنائۇت، ئالبانىيلار: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1716) «سەھىھ» دېگەن.

[4] ھاكىم (7891). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3224) «ھەسەن» دېگەن.

ئۇچراشقۇچى، ئۆلۈم شارابىنى تېتىغۇچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بارغۇچى بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. جانىم جەننەت تامان ماڭامدۇ، بىلمەيمەن؟! بىلسەم ئىدىم، جانىمنى تەبرىكلەيتتىم. ياكى جەھەننەم تامان ماڭامدۇ بىلمەيمەن؟! جەھەننەمسىرى ماڭسا، جانىمنى سەبر قىلىشقا ئۈندەيتتىم، — دېدى.

ئاندىن مۇنداق دېدى:

*ئىلاھا، قەلبىم قاتتى، يولۇم بولدى تار،*
*ئەۋۇ ئەيلە، ئۈمىدىمنى قىلدىم ۋاستا،*
*گۇناھىم تاغ مىسال، قەلبىم قاپقارا،*
*ئەۋفىڭنىڭ ئالدىدا گۇناھىم زەررە،*
*ھەمىشە ئەۋۇ سېنىڭ، ئىكرام ھەم سېنىڭ،*
*ئېھسان قىل يارەب ئۇمۇمىي سېخىيلىقىڭدە*[1].

## قەبرە ئەھۋالى ۋە سەلەف سالىھلەرنىڭ قەبرە بېشىدا ئېيتقان سۆزلىرى توغرىسىدا

ئەبۇددەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىلەر يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن نېمىشقا قەبرە بېشىدا ئولتۇرغانلىقى سورالغانىدى، ئەبۇددەردائ: «ماڭا ئاخىرىتىمنى ئەسلىتىدىغان، مەن كەتكەندىن كېيىن غەيۋىتىمنى قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن» دېدى.

مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىلەن قەبرىستانلىققا چىقتىم. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قەبرىلەرگە قاراپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن ماڭا قاراپ: ‹ئى مەيمۇن! مانا بۇلار بەنى ئۇمەييە جەمەتىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن راھەت - پاراغەتتە ھەمشېرىك دۇنيا ئەھلى تەرىپىدىن ئۇنتۇلدى. ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە قارىمامدىغان؟! ئۇلارغا ئازابلار چۈشتى. بالا - مۇسىبەتلىرى قاتتىق بولدى. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى ھاشاراتلار يەپ ئارام ئالدى› دېدى. ئاندىن يىغلاپ تۇرۇپ: ‹بۇ قەبرىگە كىرىپ بولغان ۋە نېئمەت بېرىلگەن كىشىلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئەمىن بولغانلىقىنى بىلمەيمەن› دېدى».

---

[1] ئىمام شافىئىي: «ئەلئۇم»، 14/1؛ بەيھەقىي: «ئەززۇھدۇلكەبىر»، (581).

## قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش، ئۆلگەنلەرگە دۇئا قىلىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەبتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، چۈنكى، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ»[1].

كىشى قەبرەنى زىيارەت قىلسا، مەرھۇمنىڭ يۈزىگە يۈزلەنسۇن. قۇرئاندىن بەزى ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ ساۋابىنى ھەدىيە قىلسۇن ۋە قەبرىستانلىقنى جۈمە كۈنىدە زىيارەت قىلسۇن.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاسىم جەھدەرىي ئۆلۈپ كېتىپ بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن، بىر يېقىنى ئۇنى چۈشىدە كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— سەن ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ، ئۇ:

— شۇنداق، — دەپتۇ. يېقىنى:

— قەيەردىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاسىم:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدا تۇرۇۋاتىمەن. مەن ۋە بىرنەچچە نەپەر ھەمراھىم ھەر پەيشەنبە كېچىسى ۋە جۈمە ئەتىگىنى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلمۇزەنىي رەھىمەھۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى سورىشىمىز، — دېدى. ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: مەن ئۇنىڭغا:

— سىلەرنىڭ بەدەنلىرىڭلار ئۇچرىشامدۇ ياكى جانلىرىڭلارمۇ؟ — دېگەنىدىم، ئۇ:

— ياق! بەدەنلەر چىرىپ كېتىپ بولدى. پەقەت جانلار ئۇچرىشىدۇ، — دېدى. مەن:

— بىزنىڭ سىلەرنى زىيارەت قىلغىنىمىزنى بىلەمسىلەر؟ — دېدىم. ئۇ:

— زىيارەت قىلغىنىڭلارنى پەيشەنبە كېچىسى ۋە جۈمە پۈتۈن كۈن ۋە شەنبە كۈنى قۇياش چىقىپ بولغۇچە بولغان ۋاقىتتا بىلىمىز، — دېدى. مەن:

— نېمىشقا باشقا كۈنلەردە ئەمەس، مۇشۇ كۈنلەردىلا بىلەلەيسىلەر؟ — دېدىم.

[1] ئىبنى ماجە (1569). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. ئالبانىي: («ئەلئىرۋائ»، 772) «سەھىھ» دېگەن. ئىمام مۇسلىممۇ (976) ئوخشاش مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان.

ئۇ:

— جۈمە كۈنىنىڭ شەرىپى ۋە ھۆرمىتى يۈزىدىن شۇنداقتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى[1].

ئوسمان ئىبنى سەۋدە ئەتتۇفاۋىي رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئانام ئىبادەتگۈي ئاياللاردىن ئىدى. ئۇنىڭغا ‹ئابىدە› دېيىلەتتى. ئانامغا ئۆلۈم كەلگەندە، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ:

‹ئى بايلىقلىرىم! ئى ساقلاپ قويغان ئىبادەتلىرىم! ئى ھاياتىمدا ۋە ئۆلۈمۈمدە تايىنىدىغان زات! مېنى ئۆلەر ۋاقتىمدا خار قىلمىغىن! قەبرەمدە مېنى يالغۇز قويمىغىن!› دېدى ۋە ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئانامنىڭ قەبرىسىگە ھەر جۈمە كۈنى كېلىپ، ئانامغا دۇئا قىلاتتىم. ئانامغا ۋە قەبرە ئەھلىگە مەغپىرەت تىلەيتتىم. بىر كېچىسى چۈشۈمدە ئانامنى كۆردۈم ۋە ئانامغا:

— ئى ئانا! قانداقراقسىز؟ — دېدىم. ئانام:

— ئى ئوغلۇم! ئۆلۈم ھەقىقەتەن قاتتىق ئىكەن. ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، مەن مەدھىيەلىنىدىغان بەرزەخ دېگەن ئورۇندىمەن. ئۇنىڭغا رەيھانلار چېچىلىدۇ. ئۇنىڭدا قىيامەت كۈنىگىچە يۈمشاق، قېلىن يىپەكلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇلىدۇ، — دېدى. مەن:

— سىزنىڭ بىرەر ھاجىتىڭىز بارمۇ؟ — دېگەنىدىم، ئانام:

— ھەئە، بىزنى زىيارەت قىلىشنى تاشلىمىغىن! سەن ئۆيۈڭدىن جۈمە كۈنىدە مېنى يوقلىغىلى كەلسەڭ، كەلگەنلىكىڭگە خۇشال بولىمەن. ماڭا: ‹ئى ئابىدە! سىزنىڭ بۇ ئوغلىڭىز كەلدى› دېيىلىدۇ. ئاندىن مەن سۆيۈنىمەن ۋە ئەتراپىمدىكى ئۆلۈكلەرمۇ سۆيۈنىدۇ، — دېدى»[2].

بىشر ئىبنى مەنسۇر مۇنداق دېگەن: «جىنازا نامازلىرىدىن قالمايدىغان بىر كىشى بار ئىدى. كەچقۇرۇنلۇقى قەبرىستاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ: ‹ئاللاھ تائالا يالغۇزلۇقۇڭلارغا ئۈلپەت ئاتا قىلسۇن! غېرىبلىكىڭلەرگە رەھمەت قىلسۇن! خاتالىقىڭلارنى ئەپۇ قىلسۇن! ياخشىلىقلىرىڭلارنى قوبۇل قىلسۇن!› دەيتتى. بۇلاردىن باشقا سۆزلەرنى قىلمايتتى. ئۇ كىشى: ‹مەن مەلۇم بىر كېچە قەبرىستانغا

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «چۈشلەر (المنامات)»، (58)؛ ئىمام بىقائىي: «روھنىڭ سىرى (سر الروح)»، 124 - بەت. سەنەدى زەئىپ.

[2] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (7528)؛ ئىبنۇلجەۋزىي: «قەبرىلەرنىڭ دەھشەتلىرى (أهوال القبور)»، 145 - بەت.

كەلمەي، ئىلگىرىكىدەك دۇئا قىلمىدىم. شۇ كېچىسى چۈشۈمدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يېنىمغا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم ۋە ئۇلارغا:

— سىلەر كىمسىلەر؟ نېمە ھاجىتىڭلار بار؟ — دېدىم. ئۇلار:

— بىز قەبرىستان ئەھلىمىز، سەن بىزگە ھەدىيە ئەۋەتىشكە ئادەتلەنگەن ئىدىڭ، لېكىن بۇ كېچە ئەۋەتمىدىڭ، — دېدى. مەن:

— نېمە ھەدىيە؟ — دېدىم. ئۇلار:

— سەن قىلغان دۇئالار ھەدىيەلەردۇر، — دېدى. مەن ئۇلارغا:

— بۇندىن كېيىن ھەر كېچە دۇئا قىلىمەن، — دېدىم ۋە دۇئا قىلىشنى تاشلاپ قويمىدىم› دېگەنىكەن»[1].

بەششار ئىبنى غالىب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن رابىئە ئەلئەدەۋىييەنى چۈشۈمدە كۆردۈم، ئۇنىڭغا كۆپ دۇئا قىلاتتىم. رابىئە ماڭا:

— ئى بەششار! سېنىڭ ھەدىيەلىرىڭ بىزگە نۇردىن بولغان تاۋاقلاردا يىپەك لۆڭگىلەر بىلەن يېپىلغان ھالەتتە كېلىدۇ، — دېدى. مەن:

— بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ — دېدىم. ئۇ:

— تىرىكلەر ئۆلۈكلەرگە دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنسا، ئۇ دۇئالار نۇردىن بولغان تاۋاقلار ئۈزرە قىلىنىدۇ ۋە يىپەك لۆڭگىلەر بىلەن يۆگىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دۇئا ئۆلۈكلەردىن كىمگە قىلىنغان بولسا، شۇنىڭغا ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ‹بۇ بولسا پالانىنىڭ سىزگە قىلغان ھەدىيەسى› دېيىلىدۇ، ـ دېدى»[2].

## پەسىل: ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتى، مېيىت قىيامەت قايىم بولغۇچە قەبرىدە ئۇچرايدىغان ئىشلار توغرىسىدا

ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر ئۆلۈم ھەقىقىتىنىڭ روھنىڭ بەدەندىن ئايرىلىشى ئىكەنلىكىگە، روھ بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن روھنىڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىغا، روھنىڭ يا ئازابلىنىدىغانلىقى، يا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى، روھ بەزىدە تۈرلۈك غەم ـ قايغۇلار بىلەن ئۆزىچە ئەلەم

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (8859)؛ ئىبنۇلجەۋزىي: «قەبرىلەرنىڭ دەھشەتلىرى»، 218 ـ بەت.

[2] بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىمان»، (8860)؛ ئىبنۇلجەۋزىي: «قەبرىلەرنىڭ دەھشەتلىرى»، 218 ـ بەت.

تارتىدۇ ۋەيا ئەزالارغا مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، تۆرلۈك خۇشال - خۇراملىقلار بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. روھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى روھ بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ روھ بىلەن بىللە قالىدۇ. روھنىڭ ئەزالار ۋاستىسى بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق سۈپىتى بەدەنىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن روھ بەدەنگە قايتىپ بولغۇچە يوقىلىپ كېتىدۇ. قەبرىدە روھنىڭ بەدەنگە قايتۇرۇلۇشى يىراق ئەمەس. روھنىڭ بەدەنىدە قىيامەت كۈنىگىچە قالدۇرۇلۇشى ھەم يىراق ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىسى ئۈچۈن بەرگەن ھۆكمىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئۆلۈمنىڭ مەنىسى «روھنىڭ بەدەننى باشقۇرۇشتىن توختاش، بەدەنىنىڭ روھقا ۋاستە بولۇشتىن چىقىپ كېتىش ۋە ئىنساننى بىئارام قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ماللىرىدىن ۋە ئەھلىدىن ئايرىپ، بۇ ئالەمدىن باشقا بىر ئالەمگە ئېلىپ بېرىش» دېمەكتۇر.

ئەگەر ئىنساننىڭ دۇنيادا خۇشال بولىدىغان ۋە راھەتلىنىدىغان بىر نەرسىسى بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ نەرسە ئۈچۈن بۈيۈك نادامەت چېكىدۇ. ئەگەر ئىنسان پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەنلا خۇشال بولىدىغان ۋە رەببى بىلەنلا ئۈلپەتلىشىدىغان ئىنسان بولسا، ئۇنىڭ نېئمىتى چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەھبۇبىنىڭ ئارىسى خالىي قويۇلسا، بەخت - سائادىتى مۇكەممەل بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ توسالغۇلار ۋە مەشغۇل قىلغۇچى ئامىللاردىن قۇتۇلىدۇ. چۈنكى، دۇنيا مەشغۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىدىن مەشغۇل قىلغۇچىدۇر.

ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەم ئۇيقۇسىدا بىخەۋەر نەرسىلەردىن خەۋەردار بولغىنىدەك، كىشى ئۆلۈمدىن كېيىن ھايات ۋاقتىدا بىلمىگەن ئىشلار ئايان بولىدۇ. ھەقىقەتەن، كىشىلەر بەجايىكى ئۇيقۇدىدۇر، ئۇلار ئۆلگەندە ئويغىنىدۇ. ئىنسانغا تۇنجى ئايان بولىدىغىنى ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىدىن ئۆزگە مەنپەئەت بېرىدىغان ۋە زىيان يەتكۈزىدىغان ئەمەللەردۇر. بۇ ئەمەللەر ئۇنىڭ قەلبىنىڭ يوشۇرۇن بىر يېرىگە يېزىلغان بولۇپ، دۇنيا مەشغۇلاتلىرى ئۇنى كۆرۈشتىن ئۇ كىشىنى مەشغۇل قىلغان ئىدى. دۇنيا مەشغۇلاتلىرى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بارلىق ئەمەللىرى ئايان بولدى. ئۇ ئىنسان بىرەر يامان ئەمىلىگە قارىسا ھەسرەت چېكىپ، ھەتتا شۇ ھەسرەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوتقا چۈشۈشنى تاللىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق نادامەت چېكىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆلگەن چاغدا ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ئەلەملەر ئاسىي كىشىگە دەپنە قىلىنىشىنىڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالادىن سالامەت قىلىشىنى سورايمىز.

روھنىڭ ئۆلۈش بىلەن يوقالمايدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىدۇر: ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان

قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىدۇ)﴾3/«ئال ئىمران»: 169.

مەسرۇق رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ئايەت ھەققىدە سورىغانىدۇق، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹شەھىدلەرنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكىنىدا بولىدۇ. قۇشلارنىڭ ئەرشنىڭ ئاستىغا ئېسىپ قويۇلغان قونداقلىرى باردۇر. ئۇلار جەننەتتە خاھلىغان يەرگە ئۇچۇپ بارىدۇ. ئاندىن ھېلىقى قونداقلارغا قايتىپ كېلىدۇ› دېدى»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴾40/«غافىر»: 46 دېگەن سۆزىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئازابلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

«سەھىھەين»دە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇندا ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولسا، جەننەت ئەھلى قاتارىدىن ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. ئەگەر دوزاخ ئەھلىدىن بولسا دوزاخ ئەھلى قاتارىدىن ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ‹ئاللاھ تائالا سېنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈپ چاقىرغۇچە بۇ سېنىڭ ئورنۇڭدۇر› دېيىلىدۇ»[2].

يامان ئەمەللەر ئايان بولغاندا كىشىنىڭ نادامەت چېكىپ، قاتتىق ئەلەم تارتىدىغانلىقى ئىلگىرى سۆزلەندى. مۇئمىنگە كەلسەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىننىڭ روھى تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بەجايىكى تۈرمىدىن چىقىرىلغان بىر كىشىگە ئوخشايدۇ. تۈرمىدىن چىققان كىشى زېمىننى كەڭ ھېسابلايدۇ. زېمىندا ساغلام ھالدا خاھلىغانچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنلا مۇئمىنگە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە ھۆرمەتلىرى ئېچىلىدۇ. بۇ پەزل ـ ھۆرمەتلەر بىلەن دۇنيانى سېلىشتۇرغاندا دۇنيا زىندانغا ئوخشايدۇ. مىسالى مۇئمىن قاراڭغۇ بىر ئۆيگە سولىنىپ، كېيىن ھەممە تەرەپلىرى كەڭ كەتكەن بوستانلىققا ئىشىكى ئېچىلغان بىر كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ بوستانلىقتا تۈرلۈك دەرەخلەر بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق مۇئمىننى ئانىسىنىڭ قورسىقىغا قايتىش خۇشال قىلمىغىنىدەك، دۇنياغا قايتىش خۇشال قىلمايدىغان

[1] مۇسلىم (1887).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1380)؛ مۇسلىم (2866).

بىر ھالەت پەيدا بولىدۇ.

مۇجاھىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇشال بولۇشى ئۈچۈن بالىسىنىڭ ياخشى ئادەم بولغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىنىدۇ».

## قەبرىنى ئەسلەش توغرىسىدا

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قەبرە جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا ياكى جەھەننەم ئورەكلىرىدىن بىر ئورەكتۇر»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندا، قەبرە ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا! سېنى نېمە ئالدىدى؟! مېنىڭ قاراڭغۇلۇقىنىڭ، يالغۇزلۇقىنىڭ ۋە قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىمنى بىلمىدىڭمۇ؟!› دەيدۇ»[2].

تىرمىزىي ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازگاھىغا كىردى، ئاندىن كۈلۈپ چىشلىرى چىقىپ قالغان كىشىلەرنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: بىلىڭلاركى! ئەگەر سىلەر لەززەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلىغۇچى ئۆلۈمنىڭ زىكرىنى كۆپ قىلغان بولساڭلار، ئۇ سىلەرنى مەن كۆرۈۋاتقان بۇ كۈلكىدىن مەشغۇل قىلغان بولاتتى. شۇڭا، سىلەر لەززەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلىغۇچى ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار. قەبرە ھەركۈنى ‹مەن غېرىبلىقنىڭ ئۆيىمەن، يالغۇزلۇقنىڭ ئۆيىمەن، تۇپراقنىڭ ئۆيىمەن، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئۆيىمەن› دەيدۇ. مۇئمىن بەندە قەبرىگە دەپنە قىلىنغاندا، قەبرە ئۇنىڭغا: ‹خۇش كەپسىز، ياخشىمۇسىز؟ بىلىڭكى! سىز ئۈستۈمدە ماڭغان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ئىدىڭىز، بۈگۈن مەن سىزگە ئىگە قىلىندىم، سىز ماڭا قايتتىڭىز، ئەمدى مېنىڭ سىزگە نېمە قىلىدىغىنىمنى كۆرگەيسىز› دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆزى يەتكەن يەرگىچە قەبرە كېڭىيىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. گۇناھكار ياكى كافىر بەندە دەپنە قىلىنسا، قەبرە ئۇنىڭغا: ‹سېنى قارشى ئالمايمەن. بىلگىنكى، سەن ئۈستۈمدە ماڭغانلاردىن ئەڭ يامان كۆرىدىغان

---

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، 1205. ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1231) «زەئىف» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ئەبىددۇنيا: «ئەتتەۋازۇئۇ ۋەلخۇمۇل»، 281 - بەت؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (18377). ئىراقىي: («تەخرىجۇ ئەھادىيسى ئىھيائ»، 221/4) «زەئىف» دېگەن. ئەبۇلھەجاج ئەسسەمالىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ئادىمىم ئىدىڭ، بۈگۈن مەن ساڭا ئىگە قىلىندىم، سەن مەن تەرەپكە قايتتىڭ، مېنىڭ ساڭا نېمە قىلىدىغىنىمنى كۆرىسەن!» دەيدۇ. ئاندىن قەبرە ئۇنى قىستايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا 70 زەھەرلىك يىلان مۇسەللەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى زېمىنغا زەھىرىنى پۈۋلىسە ئىدى، زېمىندا ھېچنەرسە ئۆسمىگەن ۋە دۇنيا يوقالغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىپ بولغۇچە، يىلان ئۇنى چىشلەپ چاقىدۇ». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «قەبرە جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىر باغچا ياكى جەھەننەمنىڭ ئورەكلىرىدىن بىر ئورەك بولىدۇ»[1].

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سالىھ بەندە قەبرىسىگە قويۇلسا، ئۇنىڭ ناماز، روزا، ھەج، جىھاد ۋە سەدىقە قاتارلىق ياخشى ئەمەللىرى ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تەرىپىدىن كەلسە، ناماز ئۇلارغا: ‹ئۇنىڭدىن يىراق كېتىڭلار، سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىڭلارغا يول يوق، بۇ بەندە ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن نامازدا ئۇزۇن قىيامدا تۇرغان بەندە› دەيدۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا بېشى تەرىپىدىن كەلسە، روزا ئۇلارغا: ‹سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىڭلارغا يول يوق، ئۇ كۆپ روزا تۇتقان بەندە› دەيدۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ بەدىنى تەرىپىدىن كەلسە، ھەج ۋە جىھاد ئۇلارغا: ‹ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار، بۇ كىشى نەپسىنى جاپا تارتقۇزغان، بەدىنىنى چارچىتىپ ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن ھەج ۋە جىھاد قىلغان كىشىدۇر، سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىڭلارغا يول يوق› دەيدۇ. ئاندىن ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا ئىككى قولى تەرىپىدىن كەلسە، سەدىقە: ‹بۇ ئىككى قولدىن نۇرغۇن سەدىقىلەر ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى تىلەپ نەپىقە قىلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىگە قويۇلدى، سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىڭلارغا يول يوق› دەيدۇ. ئاندىن ئۇ سالىھ بەندىگە: ‹خۇشاللىق ساڭا يار بولسۇن. سەن ھاياتىڭدا ۋە ئۆلۈمۈڭدە پاك بولدۇڭ› دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا رەھمەت پەرىشتىلىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ كۆرپە ۋە يېپىنچىلىرىنى سېلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا قەبرىسى كۆزى يەتكەن يەرگىچە كېڭەيتىلىدۇ ۋە جەننەتتىن بىر چىراغ كەلتۈرۈلىدۇ، سالىھ بەندە ئۇنىڭ نۇرىدا ئاللاھ تائالا ئۇنى قەبرىسىدىن چىقىرىپ بولغۇچە يورۇق تۇرىدۇ»[2].

«سەھىھەين»دە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى،

[1] تىرمىزىي (2460)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (1205). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 1231) «زەئىف» دېگەن. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] ئىبنۇلجەۋزىي: «قەبرىلەرنىڭ دەھشەتلىرى»، 58 - بەت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەندە قەبرىسىگە قويۇلۇپ، ھەمراھلىرى قەبرىدىن قايتسا، قەبرىدىكى مېيىت ئەلبەتتە ئۇلارنىڭ كەشلىرىنىڭ تىۋىشلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا: ‹بۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن كىشى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟› دەيدۇ. مۇئمىن بەندە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن› دەيدۇ. ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹سېنىڭ دوزاختىكى ئورنۇڭغا قارىغىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا جەننەتتە بىر ئورۇننى ئالماشتۇرۇپ بەردى› دەيدۇ. مۇئمىن بەندە ئىككىلا ئورۇننى ئېنىق كۆرىدۇ. قەبرىدىكى كىشى فاجىر ياكى كافىر بولسا، ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹بۇ ئادەم (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەققىدە نېمە دەيسەن؟› دەيدۇ. ئۇ: ‹بىلمەيمەن، كىشىلەر دېگەننى دېگەن ئىدىم› دەيدۇ. ئۇنىڭغا: ‹(ھەقنى) بىلمەپسەن ۋە (ھەق ئەلچىگە) ئەگەشمەپسەن› دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۆيۈن بازغانلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇلىدۇ. ئۇ فاجىر ياكى كافىر ئاغرىقتىن شۇنداق توۋلايدۇكى، ئۇنىڭ توۋلىغىنىنى ئىنسان ۋە جىنلاردىن باشقا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىلەر ئاڭلايدۇ»[1].

ئەسمائ بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ماڭا ‹سىلەر قەبرىلىرىڭلاردا مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىگە يېقىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سىنىلىسىلەر› دەپ ۋەھيى قىلىندى. قەبرىدىكى كىشىگە: ‹سەن بۇ ئادەمنى (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى) قانداقراق بىلىسەن؟› دېيىلىدۇ. مۇئمىن ‹مەن ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن› دەيدۇ»[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ جىنازىسى چۈشۈرۈلۈپ، بىز قەبرىنى تۈزلەپ بولغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرگە قاراپ: ‹ھەرقانداق كىشىنى قەبرە بىر قېتىم قىستايدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم قەبرىنىڭ قىستىشىدىن قۇتۇلالايدىغان بولسا ئىدى، ئەلبەتتە ئۇنىڭدىن سەئد ئىبنى مۇئاز قۇتۇلغان بولاتتى› دېدى»[3].

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1338)؛ مۇسلىم (2870).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (86)؛ مۇسلىم (905).

[3] ئەھمەد (24707)؛ ئىبنى ھىببان (3112). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2180) «سەھىھ» دېگەن.

ئابدۇللاھ سەنئانىي مۇنداق دېگەن: «يەزىد ئىبنى ھارۇن ئۆلۈپ كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن، مەن ئۇنى چۈشۈمدە كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا:

— ئاللاھ تائالا ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ — دېگەنىدىم، ئۇ:

— ئاللاھ تائالا مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى قوبۇل قىلدى، خاتالىقلىرىمنى ئەپۇ قىلدى، — دېدى. مەن:

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — دېدىم. ئۇ:

— سېخىي زاتتىن پەقەت ھۆرمەت كەلدى. ئاللاھ تائالا مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ، مېنى جەننەتكە كىرگۈزدى، — دېدى. مەن:

— سەن ئېرىشكەن بۇ جەننەتكە نېمە بىلەن يەتتىڭ؟ — دېدىم. ئۇ:

— ئاللاھنىڭ پەزل - مەرھەمەتى بىلەن زىكىر سورۇنلىرىدا تۇرغانلىقىم، ھەقنى دېگەنلىكىم، راستچىل بولغانلىقىم، نامازدا ئۇزۇن قىيامدا تۇرغانلىقىم، يوقسۇللۇققا سەبر قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئېرىشتىم، — دېدى. مەن:

— مۇنكەر ۋە نەكىر ھەقمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ھەئە، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئىككى پەرىشتە مېنى ئولتۇرغۇزۇپ رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دەپ سورىدى. مەن ئاق ساقىلىمنى تويپىدىن قېقىشقا باشلىدىم ۋە ‹ماڭا ئوخشاش كىشىدىن سوئال سورىلامدۇ؟ مەن يەزىد ئىبنى ھارۇن ۋاستى بولىمەن، مەن دۇنيادا 60 يىل كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكەنمەن› دېدىم. ئىككى پەرىشتىنىڭ بىرى: ‹ئۇ راست سۆزلىدى، ئۇ يەزىد ئىبنى ھارۇن. سەن يېڭى توي قىلغان كىشىدەك راھەتلىك ئۇخلىغىن. بۈگۈندىن كېيىن ساڭا ھېچ قورقۇنچ يوق› دېدى»[1].

(ئىبراھىم ئىبنى جەئفەر) ئەلمەرۋەزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن چۈشۈمدە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنى بىر باغچىدا كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۈستىدە يېشىل ئىككى تون، بېشىدا بولسا نۇردىن بىر تاج بار ئىدى. ئۇ ماڭسا مەن بىلگەن مېڭىش ھالىتىدە ماڭمايتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئى ئەھمەد! بۇ مېڭىش قانداق مېڭىش، ھېچ بىلمەيدىكەنمەن؟! — دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

[1] خەتىب ئەلباغدادىي: «مۇھەددىسلەرنىڭ شەرەفى (شرف أصحاب الحديث)»، 276 - بەت.

— بۇ بولسا جەننەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مېڭىشىدۇر، — دېدى.

— مەن سېنىڭ بېشىڭدا كۆرۈۋاتقان بۇ تاج قانداق تاج؟

— رەببىم مېنى تونۇتتى، مەندىن ئاسان ھېساب ئالدى. ماڭا تون كىيگۈزۈپ، ماڭا ھەدىيە بېرىپ، مېنى ئۆزىگە يېقىن قىلدى. رەببىم مېنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرغان ھالەتتە ماڭا بۇ تاجنى كىيدۈردى ۋە ماڭا: ‹ئى ئەھمەد! بۇ كەمتەرلىك تاجىدۇر، سەن قۇرئاننى مەخلۇق ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ كالامى دېگەنلىكىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى ساڭا كىيدۈردۇم› دېدى»[1].

## پەسىل: مىيتنىڭ سۇ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، چېلىنغاندىن باشلاپ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئورۇنلىشىپ بولغۇچە بولغان ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

بىز قەبرىدىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق قورقۇنچلۇق بولغىنى سۇرنىڭ چېلىنىشى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب ئېلىنىش، تارازىنىڭ تىكلىنىشى ۋە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئىشلارغا ئىشىنىش ۋاجىبتۇر. بۇلار ھەققىدە كۆپ ئويلىنىش كېرەك. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئاخىرەتكە ئىشىنىش قارار ئالمىغاندۇر. ئەگەر كىشى ھايۋاناتلارنىڭ تۇغۇپ كۆپىيىشىنى كۆزى بىلەن كۆرمىسە ئىدى، ئۇنىڭغا: ‹بىر ياراتقۇچى بۇ سېسىق مەنىيدىن سۆزلەيدىغان، ئەقىللىق ۋە گۈزەل بىر ئادەمنى يارىتىدۇ› دېيىلسە، ئۇنىڭ تەبىئىتى بۇنى تەستىقلاشتىن بەدەر قاچقان بولاتتى. ئىنساننى شۇنچە ئاجايىباتلار ئۇزرە يارىتىش ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن، قايتا يارىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىر ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى باشتا يوقلۇقتىن ياراتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى قايتا يارىتىدىغانلىقىنى قانداقمۇ ئىنكار قىلسۇن؟! ئەگەر سېنىڭ ئىمانىڭدا ئاجىزلىق بولسا، دەسلەپتىكى يارىتىلىشىڭغا قاراپ ئىمانىڭنى كۈچلەندۈرگىن! ئۆلگەندىن كېيىن قايتا يارىتىلىش دەسلەپتە ياراتقانغا ئوخشايدۇ، بەلكى دەسلەپتە ياراتقاندىن ئاسانراق بولىدۇ. ئەگەر سەن تىرىلىشكە ئىمانى كۈچلۈك كىشى بولساڭ، قەلبىڭگە شۇ قورقۇنچلارنى ۋە خەتەرلەرنى ھېس قىلدۇرغىن! شۇ قورقۇنچلۇق ھاللار ھەققىدە كۆپ تەپەككۇر قىلغىن ۋە كۆپ ئىبرەت ئالغىن! بۇ سېنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشتا تىرىشچانلىق قىلىشىڭغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇر چالغاندا، سۇر تۇنجى قېتىم ئۆلۈكلەرنىڭ

---

[1] ئەبۇ نۇئەيم: «ھىلىيەتۇل ئەۋلىيائ»، 189/9.

قۇلاقلىرىغا ئۇرۇلىدۇ. ئىندا تەرەپكە كۆزۈڭ چەكچەيگەن، خۇدۇڭنى يوقاتقان، گاللۇۋاڭ ھالەتتە ماڭىدىغانلىقىڭنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىن. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿(ئىككىنچى قېتىملىق) سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴾36/«ياسىن»: 51.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مەن قانداقمۇ نېئمەتكە چۆمەيكى، سۇر ساھىبى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام پېشانىسىنى مايىل قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىپ، سۇر چېلىشنى كۈتۈۋاتقان، سۇر چېلىشقا بۇيرۇلسا ﴿سۇر چالىدىغان تۈرسا!﴾6/«ئەنئام»: 73› دېگەندى، مۇسۇلمانلار:

— ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! نېمە دەيمىز؟ — دېدى. رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ﴿ئاللاھ تائالا بىزگە يېتەر، ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ياخشى ھامىي - ھە! ﴾ 3/«ئال ئىمران»: 173 بىز ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلدۇق، دەڭلار، - دېدى»[1].

ئاندىن كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى قانداق توپلىنىدىغانلىقىغا قارىغىن! ئۇلار قەبرىدىن چىققاندىن كېيىن، مەھشەرگاھقا يالىڭاچ ۋە يالاڭ ئاياغ ھالەتتە ھەيدىلىدۇ. مەھشەرگاھ ئىنسان يوشۇرۇنۇۋالالمايدىغان، دۆڭلۈك يوق تۈپتۈز بىر زېمىندۇر.

«سەھىھەين»دىكى بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى كىشىلەر بىر تال ئاق توقاچ ناندەك قىزغۇچ ئاق بىر زېمىن ئۈستىگە توپلىنىدۇ»[2].

ئاندىن سەن مەھشەر قىستاڭچىلىقىنى، قۇياشنىڭ خالايىقنىڭ بېشىغا يېقىنلىششىنى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە شۇنچە قورقۇنچلار بىلەن تەرلەپ كېتىشلىرىنى ئويلىغىن!

ھەدىستە: «كىشىلەر ئەمەللىرىنىڭ مىقدارىچە تەرگە چۆمىدۇ» دەپ كەلگەن[3].

ئەي بىچارە ئىنسان! پەرۋەردىگارىڭنىڭ سەندىن قىلغان ئەمەللىرىڭنى بىۋاستە

[1] ئەھمەد (11714)؛ تىرمىزىي (2431، 2585، 3243). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 2079) «سەھىھ» دېگەن.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6521)؛ مۇسلىم (2790). سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنھۇما رىۋايىتى.

[3] مۇسلىم (2864). مىقداد ئىبنى ئەلئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

سورايدىغانلىقىنى ئويلانغىن!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئۈچ قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈلىدۇ، ئىككى قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈلۈشتە جېدەل ـ ماجىرا ۋە ئۆزۈر ئېيتىشلار بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈلۈشتە بولسا نامە ـ ئەمەللەر ئۇچىدۇ، بەزىلەر نامە ـ ئەمەللىرىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتىدۇ، بەزىلەر بولسا سول قولى بىلەن تۇتىدۇ»[1].

ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئىككى پۇتى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلغىنىدىن، ئىلمىنى قانداق قىلغىنىدىن، مېلىنى نەدىن تاپقىنى ۋە نېمىگە خىراجەت قىلغىنىدىن ۋە تېنىنى نېمىدە تۈگەشتۈرگىنىدىن سورالغۇچە جايىدىن مىدىرلىمايدۇ»[2].

«سەھىھەين»دە سەفۋان ئىبنى مۇھرىز مۇنداق دېگەن: «مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتىم، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىگە قىلىدىغان خىتابى ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭ؟— دەپ سورىغانىدى، ئىبنى ئۆمەر:

— مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ‹ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇئمىن بەندىسىنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، ئۇنى ئۆز پەردىسى بىلەن يېپىپ كىشىلەردىن ئايرىيدۇ. ئۇنىڭغا گۇناھلىرىنى ساناپ، مۇنداق گۇناھلارنى قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ مۇنداق گۇناھلارنى قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ دەپ قىلغان گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ. مۇئمىن كۆڭلىدە ئۆزىنى ھالاك بولدۇم دەپ ئويلىغاندا، ئاللاھ: "مەن ئۇ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادا ياپتىم، مانا بۈگۈن مەغپىرەت قىلىمەن" دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەللىرى يېزىلغان كىتابى بېرىلىدۇ. كافىر ۋە مۇناپىقلارغا كەلسەك ﴿ئۇلار (قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىغا كۆرسىتىلىدۇ. گۇۋاھچىلار: «بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر» دەيدۇ. راستلا ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (يەنى ئاللاھ زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)﴾11/«ھۇد»: 18 [3]› ».

«سەھىھەين»دە كەلگەن ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە،

[1] ئەھمەد (19730)؛ تىرمىزىي (2425). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 6432) «زەئىف» دېگەن.
[2] تىرمىزىي (2417)؛ دارىمىي (537). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 7300) «سەھىھ» دېگەن.
[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2441)؛ مۇسلىم (2768).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەھەننەم ئۈستىگە بىر كۆۋرۈك تارتىلىدۇ، مەن ئۈنىڭدىن تۇنجى ئۆتىدىغان كىشىمەن»[1].

«سەھىھەين»دە يەنە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بىر كۆۋرۈك كەلتۈرۈلۈپ، جەھەننەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلىنىدۇ، — دېگەنىدى، ساھابەلەر:

— نېمە كۆۋرۈك؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ كۆۋرۈك تېيىلغاق ۋە مۇستەھكەم تۇرغىلى بولمايدىغان بىر جايدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدە قارماقلار، ئىلمەكلەر، تىكەنلىك سىملار باردۇر. بەزى مۇئمىنلەر ئۇ كۆۋرۈكتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر چاقماقتەك، قۇيۇندەك، يۈگۈرۈك ئات ۋە چاپقۇر تۆگىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلەر ئامان قېلىپ قۇتۇلىدۇ، بەزىلەر بولسا يارىلىنىپ قۇتۇلىدۇ، ھەتتا ئاخىرىدا ئۆتىدىغانلار قاتتىق سۆرۈلۈپ ئۆتىدۇ»[2].

## جەھەننەم ھەققىدە

(ئاللاھ بىزنى جەھەننەمدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مەلۇم بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدىكى چاغدا قاتتىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دېگەنىدى، بىز:

— ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، — دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:

— بۇ بولسا جەھەننەمگە تاشلانغىلى 70 يىل بولغان تاشتۇر. ئۇ تاش ھازىر جەھەننەمنىڭ تېگىگە يەتتى، — دېدى»[3]. مۇسلىم رىۋايىتى.

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (806)؛ مۇسلىم (182).

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7439)؛ مۇسلىم (183). ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[3] مۇسلىم (2844).

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سىلەركىم ئادەم باللىرى يېقىۋاتقان بۇ ئوت جەھەننەم ئوتىنىڭ 70 دىن بىر پارچىسىدۇر، — دېگەنىدى، ساھابەلەر:

— ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! بۇ ئوتمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا يېتەرلىكقۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— جەھەننەمنىڭ ئوتى دۇنيادىكى ئوتتىن 69 پارچە ئارتۇق قىلىندى. ھەربىر پارچىنىڭ تەپتى دۇنيادىكى ئوتنىڭ تەپتىگە باراۋەردۇر، — دېدى»[1].

ئىمام مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ 70 مىڭ يۈگىنى بولىدۇ، ھەربىر يۈگەننى 70 مىڭ پەرىشتە سۆرەيدۇ»[2].

ئەبۇددەرداﺉ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دوزاخ ئەھلىگە ئاچلىق تاشلىنىدۇ، ئاچلىق ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇلار تارتىۋاتقان ئازابقا باراۋەر كېلىدۇ. ئاندىن ئۇلار تاماق تىلەيدۇ، ئۇلارغا ﴿ئادەمنى سەمرىتمەيدىغان، ئاچلىقنى باسمايدىغان زەرىدىن (بەتبۇي ئاچچىق تىكەندىن)﴾«غاشىيە»/88: 6، 7 تاماق بېرىلىدۇ. ئۇلار يەنە تاماق تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا ﴿گالغا تۇرۇپ قالىدىغان تاماق﴾«مۇززەممىل»/73: 13 بېرىلىدۇ. ئۇلار گالغا تۇرۇپ قالغان نەرسىنى دۇنيادا سۇ بىلەن گالدىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئىچىملىك تىلەيدۇ. ئۇلارغا قايناپ چېكىگە يەتكەن قىزىق سۇ بېرىلىدۇ. قايناقسۇ ئۇلارغا تۆمۈر قارماقلارغا ئېسىلىپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. قايناقسۇ ئۇلارغا يېقىن كەلتۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرىنى پىشۇرۇۋېتىدۇ، قايناقسۇ ئۇلارنىڭ قورساقلىرىغا كىرسە، ئۇلارنىڭ ئىچ باغرىنى پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار جەھەننەمگە مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: ﴿رەببىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، بىر كۈن بولسىمۇ بىزدىن ئازابنى يەڭگىللەتسۇن﴾«غافىر»/40: 49 دەپ كېتىدۇ.

جەھەننەمگە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ﴿پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كۇففارلار): «ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «سىلەر دۇئا قىلىڭلار، (لېكىن) كافىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىزدۇر» دەيدۇ﴾«غافىر»/40: 50. ئاندىن ئۇلار مالىكتىن سوراڭلار دەيدۇ. ئۇلار: ﴿ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن﴾«زۇخرۇف»/43: 77 دەپ توۋلايدۇ. مالىك: ﴿سىلەر ئازابتا چوقۇم

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3265)؛ مۇسلىم (2843).

[2] مۇسلىم (2842).

قالسىلەر﴾43/«زۇخرۇف»: 77 دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز﴾23/«مۇئمىنۇن»: 107 دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە: ﴿جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار﴾23/«مۇئمىن»: 108 دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار بارلىق ياخشىلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، داد ـ پەرياد ۋە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن جەھەننەمدە ئازاب تارتىدۇ»[1].

جەھەننەمنىڭ يىلانلىرى ۋە چايانلىرى ھەققىدە ئويلانغىن!

بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەھەننەمنىڭ يىلانلىرى بوينى ئۇزۇن تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا ئوخشايدۇ، چايانلىرى بولسا ئۈستىگە توقۇم قويۇلغان قېچىرلارغا ئوخشايدۇ»[2].

ھەسەن ئەلبەسرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دوزاخ ئۇلارنى 70 مىڭ قېتىم يەيدۇ، ئاندىن ئۇلار ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىدۇ».

شۇنى بىلگىنكى، جەھەننەمنىڭ سۈپىتى بەك كۆپتۇر. جەھەننەم ھەققىدىكى ئەڭ ئاز سۈپەتمۇ ئىنساننى قورقۇتۇشقا يېتەرلىكتۇر. ئەگەر سەن بۇنىڭغا ئىشەنسەڭ، ئۆزۈڭگە دىققەت قىلغىن! ئالدىڭدىكى ئىشلاردىن قورققىن! چۈنكى، ئاللاھ بىر بەندىگە ئىككى قورقۇنچنى تەڭ بەرمەيدۇ. بىز قورقۇشتىن يۇمشاق قەلب ئاياللاردەك بىر مەھەل يىغلاپ قويۇپ، ئاندىن ئەمەل قىلىشنى تاشلاپ قويىدىغان قورقۇشنى كۆزدە تۇتمايمىز. بەلكى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن توسىدىغان، تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان قورقۇشنى كۆزدە تۇتىمىز. قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى ئاڭلاش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم سورايمىز، ئاللاھ تائالاغا سىغىنىمىز، «رەببىم سالامەت قىلغىن» دەپ قويۇپ، قەبىھ ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان كىشىلەر بولسا ئەخمەقلەرنىڭ قورقۇشىدا قورقىدىغان كىشىلەردۇر. بىر قورغاننىڭ يېنىدا تۇرسا، يېنىغا يىرتقۇچ ھايۋان كەلسە: «ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ بۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالماي ۋە قورغانغا كىرىۋالماي تۇرۇۋېرىدىغان كىشىنى ھەممە كىشى مەسخىرە قىلغاندەك، شەيتانمۇ ئۇنداق ئەخمەقلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ.

---

[1] تىرمىزىي (2586). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 6444) «زەئىف» دېگەن.

[2] ئەھمەد (17749). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 3429) «ھەسەن» دېگەن.

## پەسىل

دۇنيادا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرگۈچى بولغىن! ئۇنىڭ سۈننىتىنى ئۇلۇغلاشقا ھېرىسمەن بولغىن! شۇنداق قىلساڭ، رەسۇلۇللاھ ساڭا ئاخىرەتتە شاپائەت قىلىدۇ. ئۇ زات بارلىق پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن شاپائەت قىلىدۇ. چوڭ گۇناھلارنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇ شاپائەت قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ. سالىھ دوستلارنى كۆپ تۇتقىن! چۈنكى، قىيامەت كۈنى ھەرقانداق مۇئمىننىڭ شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. سېنىڭ غۇرۇرۇڭ سېنى ياخشى دوستلارنى كۆپ تۇتۇشتىن چەكلىمىسۇن! بۇنىڭغا «ئۈمىد» دېيىلىدۇ. شەكسىزكى، بىر ئادەم بىرنەرسىنى ئۈمىد قىلسا، ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

زۇلۇم قىلىشتىن ساقلانغىن. چۈنكى، بىر كىشى زۇلۇم قىلسا ۋە مەزلۇمدىن رازىلىق تىلەشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۇ زالىمنى قورشىۋالىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغانلاردىن بىرى: «بۇ زالىم ماڭا زۇلۇم قىلغان ئىدى» دەيدۇ. يەنە بىرى: «ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغان ئىدى» دەيدۇ. يەنە بىرى: «بۇ زالىم يامان قوشنا ئىدى» دەيدۇ. يەنە بىرى: «بۇ مېنى ئالدىغان ئىدى» دەيدۇ. سەن ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلالمايسەن.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەر جەھەننەمدىن قۇتۇلىدۇ. ئاندىن ئۇلار جەننەت ۋە جەھەننەم ئارىسىدىكى بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە توختىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان زۇلۇملارغا بەزىسىگە بەزىسىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار تازىلىنىپ، پاكلانغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سىلەر كىمنىڭ ۋەيران بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىغاندا، ساھابەلەر:

— ۋەيران بولغۇچى دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇلى يوق ۋە مېلى يوق ئادەمدۇر، — دېدى. رەسۇلۇللاھ:

— ھەقىقەتەن ۋەيران بولغۇچى دېگەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكات قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن ھازىر بولغان، لېكىن بىرسىنى

[1] بۇخارىي (6535).

تىللىغان، يەنە بىرسىگە بوھتان چاپلىغان، بۇنىڭ مېلىنى يەۋالغان، ئۇنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەن، يەنە بىراۋنى ئۇرغان بولۇپ (قىساسى ياكى تۆلەم ئۈچۈن) ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا بېرىپ، بۇنىڭغا بېرىپ، ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر، — دېدى»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى ھەقلەر ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ، ھەتتاكى مۈڭگۈزسىز قويغىمۇ مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېگەن[2]. بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى «سەھىھ»لەردە كەلگەندۇر. ئاللاھ تائالا سىزنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

قارىغىنكى، رىياكارلىق ۋە غەيۋەتخورلۇقتەك ئەمەلنى يوققا چىقارغۇچى يامان ئەمەللەر ياخشى ئەمەللەر ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساقلىنىپ قېلىشى ناتايىندۇر. ئەگەر ياخشى ئەمەللەر ساقلانغان تەقدىردىمۇ ئۇ بوزەك قىلىنغۇچىلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، نەپسىڭگە بەك سەگەك بولغىن! ۋاقىتلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىگىن! چۈنكى، ۋاقىتلىق لەززەتنى ئارتۇق بىلىپ، دائىملىق ئازابنى سېتىۋالغان كىشى ئەڭ بىچارە كىشىدۇر.

ئاللاھتىن يامان ئەمەللەردىن ساقلاپ قېلىشىنى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

## جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى

(ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۇ زاتنىڭ جەننىتىگە كىرگۈزۈشىنى سورايمىز)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە جەننەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىلە! ئۇنىڭ بىناسى قانداق؟ — دېگەنىدۇق، رەسۇلۇللاھ:

— جەننەت بىناسىنىڭ بىر كېسەكى ئالتۇندىن ۋە بىر كېسەكى كۈمۈشتىندۇر. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىغا مىسك ـ ئەنبەردىنمۇ پۇراقلىق لاي قويۇلغاندۇر. جەننەتنىڭ شېغىل تاشلىرى مەرۋايىت ۋە ياقۇتتۇر. تۇپرىقى زەپىراندۇر. ئۇنىڭغا كىرگەن كىشى نېئمەتكە چۆمىدۇ، يوقسۇل بولۇپ قالمايدۇ، مەڭگۈ تىرىك تۇرىدۇ،

[1] مۇسلىم (2581).
[2] مۇسلىم (2582).

ئۆلمەيدۇ، كىيمى كونىرىمايدۇ ۋە ياشلىقى يوقالمايدۇ، ــــ دېدى[1].

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى جەننەتنى تىلغا ئېلىپ:

ــــ جەننەتكە تىرىشچانلىق قىلغۇچى بارمۇ؟ كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى! جەننەتتە تەۋرىنىپ تۇرىدىغان لالە - رەيھانلار، كۆز قاماشتۇرغۇچى نۇرلار، توختاۋسىز ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭلەر ۋە ئۈلۈپ قالمايدىغان ئاياللار بار. جەننەت ئەھلى خۇشاللىق ۋە نېئمەت ئىچىدە بولىدۇ، جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، ــــ دېگەنىدى، ساھابەلەر:

ــــ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز جەننەتكە تىرىشچانلىق قىلغۇچىلارمىز، ــــ دېدى. رەسۇلۇللاھ:

ــــ ‹ئاللاھ خاھلىسا› دەڭلار! ــــ دېدى»[2].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا: ‹مەن سالىھ بەندىلىرىم ئۈچۈن ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھېچبىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ ساقلاپ قويدۇم› دەيدۇ»[3].

«سەھىھەين»دىكى يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەتنىڭ سۈرىتى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرانە يۇلتۇزدەك گۈزەل بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشمايدۇ، تۈكۈرۈشمەيدۇ، بۇرنىنى تاشلاشمايدۇ. تارغاقلىرى ئالتۇندىن، تەرلىرى مىشكى - ئەنبەر، ئىسرىقدانلىرىدا يېقىلىدىغان ئىسرىق خۇشبۇي ئۇد ھىندى بولىدۇ. خوتۇنلىرى گۈزەل ھۆرلەردىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشى ئاتىلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە بىرخىل قىياپەتتە، قامىتى ئاتمىش گەز بولىدۇ»[4]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلارنىڭ

[1] ئەھمەد (8030)؛ تىرمىزىي (2526). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3116) «سەھىھ» دېگەن.

[2] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (391)؛ ئىبنى ماجە (4332). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلە - تۇززەئىفە»، 3358) «زەئىف» دېگەن.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3244)؛ مۇسلىم (2824).

[4] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3327)؛ مۇسلىم (2834). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

ھەربىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككىدىن ئايالى بولىدۇ. ئەھلى جەننەت ئارىسىدا ئىختىلاپ، ئۆچ- ئاداۋەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولىدۇ. ئۇلار ئەتىگەن - ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇشىدۇ» دېيىلگەن[1].

«سەھىھەين»دە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىككى جەننەت باردۇر، ئۇلارنىڭ قاچا - قۇچا ۋە پۈتۈن بىساتلىرى كۈمۈشتىندۇر. يەنە ئىككى جەننەت بار بولۇپ، قاچا - قۇچا ۋە پۈتۈن بىساتلىرى ئالتۇندىندۇر. جەننەت ئەھلى بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىدا ئەدن جەننىتىدە ئاللاھ تائالانىڭ يۈزىدىكى بۈيۈكلۈك تونى بولىدۇ»[2].

يەنە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن جەننەتتە ئىچى كاۋاك گۆھەردىن بولغان بىر چېدىر بار. ئۇنىڭ كەڭلىكى 60 مىل، ئۇنىڭ ھەر بۇلۇڭىدا بىر - بىرىنى كۆرمەيدىغان ئەھلى بولۇپ، مۇئمىن ئۇلارنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ»[3].

بىلگىنكى، جەننەتنىڭ نېئمەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە خېلى كۆپ ئورۇندا ناھايىتى كەڭ بايان قىلىنغاندۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ نېئمەتلەرنى بىرنەچچە ئايەتلەردە جەملىگەندۇر. شۇ ئايەتلەر قاتارىدىن ئاللاھ تائالا: ﴿جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر باردۇر، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر﴾43/«زۇخرۇف»: 71، ﴿ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خاھلىمايدۇ﴾18/«كەھف»: 108 دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قوشۇپ: ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾32/«سەجدە»: 17 دەيدۇ.

جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. بىز يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

جەننەتتە ئېرىشىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل نېئمەت ئاللاھ تائالانى كۆرۈشتۇر.

«سەھىھەين»دە رىۋايەت قىلىنغان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3245، 3246)؛ مۇسلىم (2834). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7444)؛ مۇسلىم (180).

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4879)؛ مۇسلىم (2838).

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق؟ — دېيىلگەندى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:

— بۇلۇتسىز ئايدىڭ كېچىدە تولغان ئاينى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار:

— ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بۇلۇتسىز بىر كۈندە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ — دېگەندى، ئۇلار يەنە:

— ياق، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— خۇددى شۇنىڭدەك، ئەلبەتتە ئۇ زاتنى كۆرىسىلەر، — دېدى[1].

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (806)؛ مۇسلىم (182).

# باب: ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بىز ئۇشبۇ كىتابنى ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمىزكى، بۇ ئارقىلىق بىز ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋفىنى ئۈمىد قىلغۇدەك ئەمەللىرىمىز يوقتۇر. بىز ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە كەرەمى يۈزىدىن بىزنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھ تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خاھلىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾«زۇمەر»: 53/39 دەيدۇ.

«سەھىھەين»دە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى يارىتىپ بولۇپ، ئۆز ھۇزۇرىدا ئەرشىنىڭ ئۈستىگە: ‹ھەقىقەتەن مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى› دەپ يازغاندۇر»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ 100 رەھمىتى باردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بىر رەھمەتنى ئىنسانلار، جىنلار، ھاشاراتلار ۋە ھايۋاناتلار ئارىسىغا چۈشۈردى. شۇ بىر رەھمەت بىلەن ئۇلار ئۆزئارا شەپقەت قىلىشىدۇ، ئۆزئارا رەھىم قىلىشىدۇ. شۇ بىر رەھمەت بىلەن ياۋايى ھايۋانلار ئۆز باللىرىغا شەپقەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا 99 رەھمەتنى كېچىكتۈرگەن بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ رەھمەتلەر بىلەن بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ»[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ رەببىڭلار تەبارەكە ۋەتائالا شەپقەتلىكتۇر. كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا،

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (7422)؛ مۇسلىم (2751).
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (6469)؛ مۇسلىم (2752).

ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى قىلسا، ئۇنىڭغا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ياخشىلىق يېزىلىدۇ. كىمكى يامانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى قىلسا، ئۇنىڭغا بىر يامانلىق يېزىلىدۇ ياكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆچۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا پەقەت شەقى كىشى ھالاك بولىدۇ»[1].

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دەيدۇ: ‹كىمكى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا 10 باراۋىرى ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە ئەجىر بېرىلىدۇ. كىمكى بىر يامان ئىش قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى پەقەت بىر يامانلىقتۇر ياكى ئۇنى كەچۈرىمەن. كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. كىمكى ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرەپ بارىمەن› »[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ‹ئى رەببىم! مەن گۇناھ قىلىپ سالدىم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەبارەكە ۋەتائالا: ‹بەندەم گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان، ئۇنى گۇناھ سەۋەبلىك جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، مەن بەندەمگە مەغپىرەت قىلدىم› دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە ئاللاھ تائالا خاھلىغان مۇددەتكىچە تۇرۇپ، يەنە بىر گۇناھ قىلىپ سېلىپ: ‹ئى رەببىم! مەن گۇناھ قىلدىم، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە: ‹بەندەم گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان، ئۇنى گۇناھ سەۋەبلىك جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، مەن بەندەمگە مەغپىرەت قىلدىم› دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە ئاللاھ تائالا خاھلىغان مۇددەتكىچە تۇرۇپ، كېيىن بىر گۇناھ قىلىپ سېلىپ: ‹ئى رەببىم! مەن يەنە گۇناھ قىلدىم، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە: ‹بەندەم گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان پەرۋەردىگارى بارلىقىنى بىلدى. مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدىم، ئۇ خاھلىغىنىنى قىلسۇن› دەيدۇ»[3]. بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىسلەردۇر.

«سەھىھەين»دە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئەسىرگە چۈشكەنلەر كەلتۈرۈلدى، ئەسىرلەر

[1] ئەھمەد (2519). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم (2687).

[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7507)؛ مۇسلىم (2758).

ئىچىدىكى بىر ئايال ئەسىرلەر ئىچىدە ئايلىنىپ بىر كىچىك بالىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئېمىتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سىلەرچە بۇ ئايال بالىسىنى ئوتقا تاشلارمۇ؟ — دېگەنىدى، بىز:

— ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! ياق، — دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىغا شەپقەت قىلغىنىدىنمۇ بەكرەك شەپقەت قىلىدۇ، — دېدى»[1].

«سەھىھەيىن»دە يەنە ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بىر بەندە 'ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق' دەپ، شۇ گۇۋاھلىق ئۈزرە ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ، — دېگەنىدى، مەن:

— ئەگەر زىنا قىلغان بولسىمۇ، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ جەننەتكە كىرەمدۇ؟ — دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغرىلىق قىلسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغرىلىق قىلسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغرىلىق قىلسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، — دېدى ۋە تۆتىنچى قېتىمدا: — ئەبۇ زەرنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي جەننەتكە كىرىدۇ، — دېدى[2].

ئىتبان ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزلەپ، 'ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق' دېگەن كىشىگە ئاللاھ تائالا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ»[3].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: « 'ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق' دېگەن ۋە قەلبىدە ئارپىچىلىك ياخشىلىق بولغان ئادەم دوزاختىن چىقىدۇ. ئاندىن 'ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق' دېگەن ۋە قەلبىدە بۇغدايچىلىك ياخشىلىق بولغان ئادەم دوزاختىن چىقىدۇ. ئاندىن 'ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق' دېگەن ۋە قەلبىدە قۇناقچىلىك ياخشىلىق بولغان

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5999)؛ مۇسلىم (2754).
[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5827)؛ مۇسلىم (94).
[3] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5401)؛ مۇسلىم (33).

ئادەم دوزاختىن چىقىدۇ[1].

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى يەھۇدىي ياكى ناسارا كەلتۈرۈلۈپ، مۇئمىنگە فىدىيە قىلىپ بېرىلىدۇ ۋە: ‹بۇ سېنىڭ دوزاختىكى ئورنۇڭغا كىرىدىغان فىدىيەدۇر› دېيىلىدۇ»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنى تاللايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا 99 دانە نامە ـ ئەمەل يېزىلغان دەپتەرنى يايىدۇ. ھەربىر دەپتەر ئۇ كىشىنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگىچە ئۇزۇن بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلامسەن؟ يازغۇچى پەرىشتىلىرىم ساڭا زۇلۇم قىپتىمۇ؟ — دەيدۇ. ئۇ كىشى:

— ياق، ئى رەببىم! — دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:

— سېنىڭ ئۆزرەڭ ياكى بىرەر ياخشىلىقىڭ بارمۇ؟ — دەيدۇ. ئۇ بەندە ھەيرەتتە قالدۇرۇلىدۇ. ئاندىن:

— ياق، ئى رەببىم! — دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: ‹ئۇنداق ئەمەس، سېنىڭ بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا ياخشىلىقىڭ بار، بۈگۈن ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ› دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ‹ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن› دېگەن خەت يېزىلغان بىر گۇۋاھنامە چىقىرىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا:

— نامە ـ ئەمالىڭ تارتىلىدىغان يەرگە ھازىر بول، — دەيدۇ. ئۇ بەندە:

— پەرۋەردىگارىم! بۇ دەپتەرلەر بىلەن بۇ گۇۋاھنامە تەڭمۇ؟ — دەيدۇ. ئاللاھ تائالا:

— ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، — دەيدۇ. ئاندىن دەپتەرلەر تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ۋە گۇۋاھنامە تارازىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلىدۇ ۋە دەپتەرلەر يەڭگىل كېلىپ، گۇۋاھنامە ئېغىر كېلىدۇ. ھېچنەرسە ئېغىرلىقتا ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7410)؛ مۇسلىم (193).

[2] ئەھمەد (19615)؛ تەبەرانىي («ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (1596). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي («سەھىھۇلجامىئ»، 778) «سەھىھ» دېگەن. ئىمام مۇسلىممۇ (2767) ئوخشاش مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان.

ئىسمىنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ»[1].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ ئەرەفات كۈنىدە كىشىلەرنىڭ يىغلاشلىرىغا ۋە تەسبىھ ئېيتىشلىرىغا قارىدى ۋە:

— ئېيتىڭلارچۇ؟ بۇ كىشىلەر بىر ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر دانىق (⅙ تەڭگە) پۇل سورىسا، ئۇ ئادەم ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرامدۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇنىڭغا:

— ياق، — دېدىلەر. ئۇ:

— ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدىكى مەغپىرەت بىر ئادەمنىڭ ئۇلارغا بىر دانىقنى بېرىشكە رازى بولۇشىدىنمۇ بەكرەك ئاساندۇر، — دېدى.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن قاتتىق يامغۇر ياغقان، قاراڭغۇ بىر كېچىدە كەئبىنى يالغۇز تاۋاپ قىلدىم. تاكى سەھەر ۋاقتىغىچە تاۋاپ قىلدىم، ئاندىن قولۇمنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى ئاللاھ تائالا! مېنى سەن يامان كۆرىدىغان بارلىق ئىشلاردىن ساقلىشىڭنى سورايمەن› دېدىم. ئاندىن ئاسمان بوشلۇقىدىن مۇنداق بىر نىدانى ئاڭلىدىم: ‹سەن مەندىن گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلاپ قېلىشىمنى سورايسەن، بارلىق مەخلۇقاتلىرىم مەندىن گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلاپ قېلىشىمنى سورايدۇ، مەن سېنى گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلاپ قالسام، كىمگە ئېھسان قىلىمەن؟› »

بۇ ھەدىسلەر بىز «ئۈمىد قىلىش توغرىسىدا» دېگەن بابتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تېمىلار بىلەن بىرگە بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ سېخىيلىقى، رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەرتىلىكى بىلەن بېشارەت بېرىدۇ. ئەھۋال بۇ ئىكەن، بىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بىزگە ئۆزىمىزگە لايىق رەۋىشتە مۇئامىلە قىلماستىن، بىزگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئېھسان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاللاھ تائالادىن ئەمەللىرىمىزگە مۇخالىپ سۆزلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى، بىزنىڭ كىشىلەرگە ئۆزىمىزنى زىننەتلەپ كۆرسەتكەن ياسالمىلىقلىرىمىزنى، بىز مەقسەت قىلغان ھەرقانداق ئىلىم ۋە ئەمىلىمىزگە ئارىلىشىپ قالغان ئەمەللەرنى بۇزغۇچى ئىشلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى سورايمىز. ئاللاھ تائالادىن سېخىيلىقىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سېخىيلىق قىلىشىنى، مەرتلىكىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن مەرتلىك قىلىشىنى سورايمىز. ئاللاھ ﴿ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر﴾[11/«ھۇد»: 61] ۋە

[1] ئەھمەد (6994)؛ ھاكىم (9) «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ بۇنى ماقۇللىغان. ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 1533) «سەھىھ» دېگەن.

﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر﴾6/«ئەنئام»: 45؛ 37/«ساففات»: 182. ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ، ياخشى، بەرىكەت بېرىلگەن، رەببىمىز ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇسانالار بولسۇن. ئاللاھ تائالا رەھبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابەلىرىگە رەھمەت قىلسۇن، تا قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارغا كۆپلەپ سالام يەتكۈزسۇن، ئامىن!!!